ماقالە، نەسر يېزىقچىلىقى ۋە ئۈلگىلەر (1)

مەھمۇت سىدىق

# ماقالە يېزىقچىلىقى ۋە ئۈلگىلەر

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مەھمۇت سدىق

ماقالە، نەسىر يېزىقچىلىقى ۋە ئۈرنەكلەر ( 1 )

# ماقال يېزىقچىلىقى ۋە ئۆرنەكلەر

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

散文写作知识与实例:维吾尔文/马合木提编著。—
乌鲁木齐:新疆人民出版社,2000.10
ISBN7—228—06025—3
1.散... Ⅱ.马... Ⅲ.散文—创作方法—维吾尔语(中国少数民族语言)Ⅳ.1056
中国版本图书馆CIP数据核字(2000)第69861号

散文写作知识与实例(1) (维吾尔文)
马合木提 著

新疆人民出版社出版
(乌鲁木齐市解放南路348号 邮政编码830001)
新疆新华书店发行
新疆人民出版社微机室排版
新疆铁四中印刷厂印刷
850×1168毫米 1/32开本 13.75印张2 插页
2000年9月第1版 2000年9月第1次印刷
印数:1—3,700

ISBN7—228—06025—3/I·2205
总定价:30.00元 单价:15.00元

# مۇندەرىجە


تۈزگۈچىدىن ........................................ 1

**بىرىنچى باب** يېزىقچىلىق مەشقى ئېلىپ بېرىشتىكى مەقسەت ۋە
قەدەم ـ باسقۇچلار ........................................ 1

1 . يېزىقچىلىق مەشقى ئېلىپ بېرىشنىڭ مەقسىتى ۋە ئەھمىيىتى 1

2 . ئىمتىھان ۋاقتىدا ماقالە ـ ئەسەر يازدۇرۇشنىڭ زۆرۈرىيىتى ... 1

3 . ماقالە ۋە ئۇنىڭ تەۋەلىك مەسىلىسى ھەققىدە .............. 6

4 . ماقالە ـ ئەسەر يېزىشنىڭ قەدەم ـ باسقۇچلىرى .............. 15

5 . ئىمتىھان ۋاقتىدا ماقالە ـ ئەسەر يېزىشنىڭ قەدەم باسقۇچ ـ
لىرى ........................................ 36

**ئىككىنچى باب** بايان خاراكتېرلىك ماقالە يېزىقچىلىقى ھەققىدە 41

1 . بايان خاراكتېرلىك ئەسەرلەرنىڭ ھەجىم دائىرىسى ........ 41

2 . بايان خاراكتېرلىك ماقالىلەر بىلەن ھېكايىنىڭ ئوخشاشلىقى
ۋە پەرقى ........................................ 44

ئۆرنەكلەر ........................................ 48

3 . بايان خاراكتېرلىك ماقالىلەرنىڭ يېزىش ئوبيېكتى ............ 55

1 ) نۇقتىلىق ھالدا ئادەملەر ئوبرازى سۈرەتلەنگەن باياد ماقا
لىلىرىنى يېزىش ........................................ 56

ئۆرنەكلەر ........................................ 59

2 ) ۋەقەنى يېزىش نۇقتا قىلىنغان باياد ماقالىلىرىنى يېزىش ... 96

ئۆرنەكلەر ........................................ 99

3 ) نۇقتىلىق ھالدا مەنزىرە ( تەبىئەت ) سۈرەتلەنگەن باياد
ماقالىلىرىنى يېزىش ........................................ 119

ئۆرنەكلەر ............ 124
4 . بايان خاراكتېرلىك ماقالىلەرنىڭ يېزىش قائىدىلىرىگە زورۇر
ئىزاھات ............ 141

**ئۈچىنچى باب** چۈشەندۈرۈش خاراكتېرلىك ماقالە يېزىقچىلىقى
ھەققىدە ............ 155
1 . چۈشەندۈرۈش خاراكتېرلىك ماقالە ـ ئەسەرلەرنىڭ ھەجىم
دائىرىسى ............ 157
2 . چۈشەندۈرۈش ماقالىلىرىدە كۆپ قوللىنىلىدىغان
چۈشەندۈرۈش شەكىللىرى ............ 160
3 . چۈشەندۈرۈش ماقالىلىرىدە كۆپ قوللىنىدىغان ئىپادىلەش
ۋاستىلىرى ............ 171
4 . چۈشەندۈرۈش ماقالىلىرىنىڭ مەزمۇن جەھەتتىن تۈرلەرگە
بۆلۈنۈشى ............ 176
5 . چۈشەندۈرۈش ماقالىلىرىدىكى چۈشەندۈرۈش تەرتىپلىرى 179
ماكان تەرتىپى بويىچە چۈشەندۈرۈلگەن ماقالىلەردىن
ئۆرنەكلەر ............ 184
ۋاقىت تەرتىپى بويىچە چۈشەندۈرۈلگەن ماقالىلەردىن
ئۆرنەكلەر ............ 193
خىزمەت ( ئىش ) تەرتىپى بويىچە چۈشەندۈرۈلگەن ماقالىلەر
دىن ئۆرنەكلەر ............ 212
ئالاھىدىلىك تەرتىپى بويىچە چۈشەندۈرۈلگەن ماقالىلەردىن
ئۆرنەكلەر ............ 223
پىكىر تەرتىپى بويىچە چۈشەندۈرۈلگەن ماقالىلەردىن
ئۆرنەكلەر ............ 252
6 . چۈشەندۈرۈش خاراكتېرلىك ماقالىلارنىڭ قائىدىلىرىگە زورۇر
ئىزاھات ............ 281
ئۆرنەكلەر ............ 284

## تۆتىنچى باب مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ماقالە يېزىقچىلىقى


هەققىدە ........................................ 300

1. مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ھەجىم دائىرىسى ۋە تەركىبلىرى ........................................ 300

2. مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ماقالە ـ ئەسەرلەردىكى دەلىللەش ئۇسۇللىرى ........................................ 307

1) تىپىك مىساللار ئارقىلىق دەلىللەش ئۇسۇلى .............. 307

2) پاكىت كۆرسىتىپ دەلىللەش ئۇسۇلى .................... 317

3) نەقىل كەلتۈرۈپ دەلىللەش ئۇسۇلى .................... 324

4) سەۋەب ـ نەتىجە مۇناسىۋىتى ئارقىلىق دەلىللەش ئۇسۇلى 333

5) سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق دەلىللەش ئۇسۇلى ................ 340

6) « تەمسىل كەلتۈرۈپ » دەلىللەش ئۇسۇلى ................ 349

7) بۆلەكلەرگە بۆلۈپ دەلىللەش ئۇسۇلى .................... 354

8) بايان قىلىش ، تەسۋىرلەش ،چۈشەندۈرۈش ئارقىلىق دەلىللەش ئۇسۇلى ........................................ 367

9) كۆچمە ( تەتۈر ) دەلىللەش ئۇسۇلى .................... 383

3. مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ماقالە ـ ئەسەرلەرنىڭ پىكىر تەرتىپلىرى ........................................ 387

4. مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ماقالە ـ ئەسەرلەردىكى ئىسپاتلاش ئۇسۇللىرى ........................................ 390

5. مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ماقالە ـ ئەسەرلەردە كۆپ قوللىنىدىغان ئىپادىلەش ۋاستىلىرى ........................ 416

# تۈزگۈچىدىن

داۋالغۇش ۋە زىددىيەتلەرگە تولغان ، تەرەققىيات ۋە پىكىر ئىنقىلابى بىلەن خاراكتېرلەنگەن ، تراگېدىيە ۋە ئاچچىق كۆز يېشى ئىچىدىن ئىنسان ئۆز قىممىتىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن قايناق 20 ـ ئەسىر ئاخىرلىشىپ ، رىقابەت ، سىناق ۋە پۇرسەتكە تولغان ، ئىنسان ئۆزىنىڭ ياشاش مەسىلىسى ئۈستىدە يەنىمۇ ئەستايىدىل ئويلىنىشقا دۇچ كېلىۋاتقان ، دۇنياۋى تەپەككۇر ، ئۇچۇر ، كومپيۇتېر دەۋرى بولغان 21 ـ ئەسىر يېتىپ كەلدى .

بۇ يېڭى ئەسىردە مۇقەررەر ھالدا ئالدىنقى ئەسىردە ھەل بولمىغان نۇرغۇن مەسىلىلەر ھەل بولىدۇ ، ئالدىنقى ئەسىرنىڭ تۈرلۈك ئىللەتلىرى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئەجەللىك جاراھەتلەرگە شىپالىق رېتسىپ تېپىلىدۇ . شۇنىڭدەك بۇ يېڭى ئەسىر ، ئالدىنقى ئەسىرنىڭ ۋە ئۇنىڭ ئالدىدىكى ئەسىرلەرنىڭ ئېسىل مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلىدۇ ، شۇ ئاساستا يېڭىلىق يارىتىدۇ . سانائەت تەرەققىياتىدىن ئەمەس ، بەلكى بۈگۈنكى ئىنسانلارنىڭ ئۆزى ئۈستىدە ئويلىنىش تەپەككۇر تەرەققىياتىدىن قارىغاندا بۇ يېڭى ئەسىردىكى ئىنسانلار ئىدېئولوگىيە جەھەتتىن چېكىنىش ، ئىبرەتلىك تارىخنى تەكرارلاش پاجىئەسىنى قايتىلىماي يەنىمۇ مۇكەممەللىشىدىغانلىقىدىن ئۈمىد كۈتكىلى بولىدۇ .

مائارىپنى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا ، كەلگۈسىگە ، دۇنياغا يۈزلەندۈرۈشتىن ئىبارەت « ئۈچكە يۈزلەندۈرۈش » نىشانى دەل مانا بۇ يېڭى ئەسىرنىڭ تەرەققىيات تەلىپى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن . بىز ئىزدىنىۋاتقان ساپا مائارىپى ئىدىيىسى ئاساسىدىكى ئوقۇتۇش ئەندىزىسى بولسا ئەنە شۇ نىشاننىڭ دەسلەپكى نەتىجىسىدۇر . كۆپ تەرەپلىمە مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇ ئىدىيە ۋە ئەندىزە بىز مائارىپچىلارغا نىسبەتەن يېڭىچە

سىناق ، ئىزدىنىش ، يۇرسەتلەرنى ئېلىپ كېلىۋاتىدۇ ۋە ئېلىپ كەل-
گۈسى .

ھەر بىر تەپەككۇر ئىگىسىنىڭ ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىش — بۇ-
گۈنكى مائارىپ ئىدىيىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى . بۇ « ئېچىش »
تىن ئىبارەت ئابستراكتنى ئاتالغۇ ھەربىر ئىلىم ئىگىسىنىڭ جۈملىدىن
ھەربىر مائارىپچىنىڭ كونكرېتنى ھەرىكىتى ، ئىزدىنىشى ئارقىلىق ئاندىن
ئەمەلگە ئاشىدۇ ۋە مۇكەممەللىشىدۇ .

مەنمۇ ، تەكلىماكاننىڭ جەنۇبىي گىرۋىكىدىكى قۇم - بوران پە-
سىل تالللىماي ئۇيناقشىپ تۇرىدىغان قۇرغاق ، قاغجىراپ ياتقان سەھرادا
ياشاپ كېلىۋاتقان ، « ئەدەبىيات » تىن ئىبارەت بۇ ئادەمشۇناسلىق ئوك-
يانىدا ئۈزۈپ كېلىۋاتقىنىغا يىگىرمە يىلغا يېقىنلاشقان ، ئەدەبىي ئىجادى-
يەت ، ئوقۇتۇش ۋە تارىخ - تەزكىرە تەتقىقاتى ، ئېغىز ئەدەبىياتى ئە-
سەرلىرىنى توپلاش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ بۇ تۈرلەردە ئانچە -
مۇنچە يازمىلارنى روياپقا چىقارغان بىر تەپەككۇر ئىگىسى .

بۇنىڭدىن ئىككى يىل ئىلگىرى ئاشۇ تەپەككۇر چەمبىرىكىم دائى-
رىسىگە مۇشۇنداق بىر كىتاب تۈزۈش خىيالى كىرىپ قالدى . بۇ خىيالغا
كېلىشىمدىكى سەۋەبلەرنىڭ بىرى — ئوقۇتقۇچىلىق ھاياتىمدا ئىزچىل
دېگۈدەك مەكتەپ يېزىقچىلىق كۇرۇژۇكىنىڭ يېتەكچىلىكىنى ئىشلەپ ،
مەخسۇس كۇرىسلارنى ئېچىپ ھەم ئانچە - مۇنچە يېزىپ يۈرۈپ خېلى
بىر قىسىم ماتېرىيال ، تەجرىبىلەرنى توپلىغان بولغاچقا بۇلارنى « پەش-
قۇن » غا ئاتقۇم كەلدى . يەنە بىر سەۋەب — ئۆزىنى تۈزەشتۈرۈۋاتقان ،
ئىزدىنىۋاتقان بۈگۈنكى ئەدەبىياتىمىزنىڭ نەزەرىيىۋى سىستېمىسىدىكى
خېلى بىر قىسىم چۈشەنچىلەرگە ئوخشاش ،ماقالە ، نەسىر يېزىقچىلىقى
ھەققىدىكى بەزى چۈشەنچىلەرنىڭ مۇجمەل ئىكەنلىكىنى ، بىر كىتاب بى-
لەن يەنە بىر كىتابتىكى ئوخشاش بىر چۈشەنچىنىڭ پەرقلىق ئىكەنلى-
كى ، ئۇنىڭ ئۈستىگە خېلى بىر قىسىم چۈشەنچىلەرنى بۈگۈنكى ئىجادى-
يەت ئەمەلىيىتىگە ماسلاشتۇرۇش ، يېڭىلاش ، تولۇقلاش ۋە سىستې-
مىلاشتۇرۇشنىڭ زۆرۈرلىكىنى ھېس قىلدىم . ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر

ئۈچ يىلدا بىر كەسىپ ئىگىسىنىڭ ئۆز كەسپى ھەققىدە ئىگىلىگەن بىر پۈتۈن بىلىمىنىڭ بىر ئۆلۈشى كونىرايدىغانلىقى ، ئۇنىڭ ئورنىغا يېڭى بىلىم تولۇقلاشنىڭ زۆرۈرلىكىدىن ئىبارەت قانۇنىيەت تۈپەيلىدىن ، مەن-دە ، 80 ـ يىللارنىڭ بېشىدا ئالىي مەكتەپتىكى چېغىمدا ئۆگەنگەن يې-زىقچىلىق ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرىمنى يېڭىلاش ، تولۇقلاش ئويى پەيدا بولدى .

مانا مۇشۇ سەۋەبلەر بىلەن رايونىمىز تەۋەسىدە ئۇيغۇر تىلىدا قا-نۇنلۇق نەشر قىلىنغان « ئەدەبىيات نەزىرىيىسى » ، « يېزىقچىلىق » قا تائىت كىتاب ـ ماتېرىياللارنى توپلىدىم . ھەربىر چۈشەنچە ھەققىدىكى مەزمۇنلارنى قايتا ـ قايتا سېلىشتۇرۇپ ئۆگەندىم ، تولۇقلىدىم . بەزى مۇجمەل مەزمۇنلار ھەققىدىكى چۈشەنچىلەرنى ئون قېتىملاپ يازدىم ، تولۇقلىدىم ، سىستېمىلاشتۇردۇم . كونكرېتنى تۈرلەر ھەققىدە چەك ـ چېگرىسى ئېنىق ھەم ئەقىلگە ، ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىگە مۇۋاپىق ئۆلچەم-لەرنى بېكىتىشكە تىرىشچانلىق كۆرسەتتىم . ھەربىر تۈردىكى نەزەرىيىۋى چۈشەنچىنى ھەر خىل مەدەنىيەت سەۋىيىسىدىكى كىشىلەر چۈشىنەلەي-دىغان قىلىپ يېزىشقا ، خۇددى سىز بىلەن مەن ئىختىيارىي ئاساستا پاراڭلىشىپ ئولتۇرغاندا سۆزلەشكەن پاراڭدەك بىر خىل يېقىشلىق ، چۈشىنىشلىك سۆزلەشكە تىرىشتىم . قانداق كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنى-دىغان ئادەم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئومۇمەن ئۆز كەسپى ھەققىدە ماقالە يېزىشنى ، ئۆز قەلبىنى ئىپادىلەپ نەسر يېزىشنى خالايدىغان ، ساۋاتلىق ئادەم بولسىلا بۇ كىتابنى بىرلا قېتىم ئوقۇسا بىرقەدەر سىستېمىلىق ئەمە-لىي چۈشەنچە ھاسىل قىلالايدىغان بولسۇن دېگەننى نىيەت قىلدىم . مۇ-ھىم ، مۇجمەل مەسىلىلەر ھەققىدە تەپسىلىي ئىزاھات ۋە ئۆرنەك بەردىم .

ئۆرنەك ئۈچۈن بېرىلگەن ماقالە ـ ئەسەرلەرنى تاللاشتا ئۆزۈم يىگىرمە نەچچە يىلدىن بېرى يىغقان گېزىت ـ ژۇرناللارنى ، كىتابلارنى ئاساس قىلغاندىن باشقا كۇتۇپخانا ئامبىرىدىكى تېگىق ـ تېگىق ماتېرى-ياللارنى بىر ـ بىرلەپ كۆرۈپ ئىزدەندىم . بۈگۈنكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا كۆزگە كۆرۈنگەن ئەدىبلەرنىڭ ئەسەرلىرىدىن باشلاپ ئوتتۇرا ـ

باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىگە قەدەر بۇ سەھىپىگە ماس كەلگەن قىسقا، مېغىزلىق، قىممىتى بار ئەسەرلەرنى تاللاشقا ئەھمىيەت بەردىم. ھەربىر تۈردىكى ئەسەرلەر ئىچىدە ئاددىيراق ئەسەرلەرمۇ بولۇش، مۇرەككەپلىرىمۇ بولۇش، نوبىل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىمۇ بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا، چوڭلارغا ئاددىيلىق، كىچىكلەرگە مۇرەككەپلىك قىلمايدىغان بولۇشقا تىرىشچانلىق كۆرسەتتىم. «قەدىمكىنى بۈگۈن ئۈچۈن، چەت ئەلنىڭكىنى جۇڭگو ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش» پرىنسىپى بويىچە مەزمۇنى ساغلام، ئۆگەنگۈچىلەرگە يېزىقچىلىق بىلىمىدىن باشقىمۇ يەنە ھەر تەرەپلىمە بىلىم يەتكۈزەلەيدىغان، قىممىتى بار، يېڭى ئەسەر بولسىلا تەۋەللىك مەسىلىسىگە چەكلىمە قويمىدىم.

ئەپسۇسكى، مەن ئۆرنەك ئۈچۈن پايدىلانغان بەزى مەنبەلەردە، بىرقىسىم ئەسەر ئاپتورلىرىنىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنمىغاچقا مەنمۇ ئىسمىنى ئاتىيالمىدىم. تەرجىمە ئەسەرلەرنىڭ تەرجىمە مۇئەللىپلىرىنى ۋە ھەربىر پارچە ئەسەرنى روياپقا چىقىرىشتا قان - تەر ئاققۇزغان مۇھەررىرلەرنىڭ ئىسمىنى شۇ ئەسەرئاستىغا ئىزاھلاپ قويالمىدىم. پەقەت ئاشۇ ئەسەرنى ئۆرنەك قىلىپ ئالغان مەنبەنىلا ئەسەرنىڭ ئاخىرىغا ئەسكەرتىپ قويالىدىم.

شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۆز ئىلمىي ئەمگەكلىرى ئارقىلىق ماڭا بىلىم يەتكۈزگەن ئۇستازلارغا، ئۆرنەك ئۈچۈن ئېلىنغان ئەسەر ئاپتورلىرىغا، مۇھەررىرلەرگە، تەرجىمە مۇئەللىپلىرىگە ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرىمەن. ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىگەن، ئىلھام، تەكلىپ پىكىرلەرنى بەرگەن قەلەمكەش دوستلىرىمغا، سابىق ئوقۇغۇچىلىرىمغا رەھمەت ئېيتىمەن.

مەزكۇر كىتاب ھەممە كەسىپتىكىلەرگە باب كېلىدىغان ماقالە، نەسر يېزىقچىلىقى بولۇپ، ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكوم، ئوتتۇرا — باشلانغۇچ مەكتەپلەردىكى ھەرخىل بىلىم قۇرۇلمىسىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ، ئىجتىمائىي، تەبىئىي پەن ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ، يېزىقچىلىق كۆرۈ-

ژۇكى يېتەكچىلىرىنىڭ، ھەۋەسكارلارنىڭ، ئۆزلىكىدىن ئۆگەنگۈچىلەرنىڭ پايدىلىنىشىغا ماس كېلىدۇ. شۇنىڭدەك، مەزكۇر كىتاب ھەر دەرىجىلىك مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ، تىل ــ ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ دەرسلىك كىتابىدىن باشقا نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈلگەن پايدىلىنىش قوللانمىسى كەم بولۇشتەك بوشلۇقنى مەلۇم دەرىجىدە تولدۇرىدۇ.

بۇ كىتاب، مېنىڭ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ‹تىل ــ ئەدەبىيات› دەرسلىكىدىن ئومۇمىي تەكرار» ناملىق كىتابىمدىن كېيىنكى ئوقۇتۇش تەتقىقاتى ھەققىدە تۈزگەن ئىككىنچى كىتابىم. مەن بۇ كىتابنى مۇشۇ تۈردىكى كىتابلار ئىچىدە ئەڭ ياخشى كىتاب قىلىپ تۈزۈشكە، ئىلىم تەشنالىرىنىڭ تەشنالىقىنى قاندۇرىدىغان بىر دېڭىز ھازىرلىيالمىسام ھېچبولمىغاندا بىر دەريا ياكى تاتلىق كۆل ھازىرلاشقا، بۈگۈن دەبدەبىسى قىلىنىپ ئەتىسىلا تاشلىنىپ قالمايدىغان كىتاب قىلىشقا تىرىشچانلىق كۆرسەتتىم. ئىككى يىلدىن بىرى ئۆز ــ ئۆزۈمگە ئىگە بولىدىغان بوش ۋاقىت تاپساملا كۈندۈزى ماتېرىيال توپلاش، كۆرۈش، تاللاش، ئۆگىنىش، تىزىس تۈزۈش ئىشلىرىنى ئېلىپ باردىم، كېچىسى يازدىم.

ماڭا ئوخشاش چەت سەھرادا ياشاۋاتقان بىر ئاددىي ئوقۇتقۇچى ئۈچۈن نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەت ماسلاشقان بۇ كىتابنى تۈزۈش زور چىدام ـ جاسارەتنى، ئەستايىدىل ئىزدىنىشنى تەلەپ قىلدى. نەزەرىيىنى سۆزلەش ئاسان بولغىنى بىلەن شۇنىڭغا ماسلاشقان يېڭى ئۆرنەكلەرنى تاللاشتا خېلى قىينالدىم. شۇڭلاشقا، مەزكۇر كىتابتا بەزىبىر سەۋەنلىكلەر سادىر بولغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇستازلارنىڭ، كەسپداشلارنىڭ كۆرسىتىپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن ھەم بۇ خىل سەۋەنلىكلەرنى كىتابخانلار ئۆز ئەمەلىيىتى جەريانىدا تولۇقلاپ، تۈزىتىپ كېتەلەيدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

1999 ــ يىلى ئۆكتەبىر، چىرا.

## بىرىنچى باب

# يېزىقچىلىق مەشىقى ئېلىپ بېرىشتىكى مەقسەت ۋە قەدەم - باسقۇچلار

### 1. يېزىقچىلىق مەشىقى ئېلىپ بېرىشنىڭ مەقسىتى ۋە ئەھمىيىتى

يېزىقچىلىق — ئادەمنىڭ يەنى شۇ ئەسەر ئاپتورىنىڭ دۇنيا قارىشى، نەزەر دائىرىسى، مەدەنىيەت ۋە ئىجتىمائىي بىلىمى، بەدىئىي ماھارىتى، ئەقىل - پاراسىتى، قىزىقىشى، ئىندىۋىدۇئاللىق ئالاھىدىلىكى ... قاتارلىقلارنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان ھەم بۇلارنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە ئىمكانىيەت ھازىرلاپ بېرىدىغان بىرخىل ئىجادىي، ئىلمىي پائالىيەت. شۇڭلاشقا، قانچىلىك ھەجىمدە، قانداق ژانىردا ئاپىرىدە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر شۇ ئاپتورنىڭ قەلبى بىلەن سۇغۇرۇلغان بىر پارچە ئەسەردىن، مۇئەللىپىنىڭ جۇملىدىن شۇ ساۋاقداشنىڭ ئوبرازىنى، روھىي دۇنياسىنى كۆرگىلى، شۇنىڭدەك ئىملاسى، تىلى، يېزىقچىلىق، لوگىكا بىلىمى، دەرسخانىدا ۋە دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلاردا ئوقۇغان ھەرخىل ژانىردىكى ئەسەرلەردىن قانچىلىك ئەمەلىي ئۈنۈم ئالالىغانلىقى، ھەر قايسى پەننى كىتابلىرىدىكى پەننى - نەزەرىيىۋى بىلىملەردىن ھاسىل قىلغان ئەمەلىي بىلىم جۇغلانمىسىنى زۆرۈرىيىتى كەلگەندە بىرلەشتۈرۈپ قانچىلىك دەرىجىدە ئىشلىتەلەيدىغانلىقى قاتارلىقلارنى بىلگىلى بولىدۇ.

پېداگوگلارنىڭ يەكۈنى بويىچە قارىغاندا، دەرسخانا ئوقۇتۇشىنىڭ ئەڭ زور ئارتۇقچىلىقى — بىر ئوقۇتقۇچى بىرلا ۋاقىتتا بىر توپ

ئوقۇغۇچىلارغا بىلىم يەتكۈزەلەيدۇ ، ئۇلارنى تەڭ يېتەكلىيەلەيدۇ . يېتەرسىزلىكى — شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە شۇ بىر توپ ئوقۇغۇچىنىڭ ھەربىرىنىڭ ئىندىۋىدۇئالنى ئالاھىدىلىكى ، قىزىقىشى ، تاللىشى بويىچە ئايرىم - ئايرىم يېتەكلەپ ئۇلارنىڭ سۇبيېكتىپچانلىقى ، ئىجادچانلىقىنى جارى قىلدۇرۇشىغا شارائىت يارىتىپ بېرىش مۇمكىنچىلىكى بولمايدۇ . ساپا مائارىپىنىڭ تەدرىجىي ئەمەلىيلىشىشىگە ئەگىشىپ ئوقۇتۇش ئۇسۇلىدا ئوقۇتقۇچى سۆزلەش ، ئوقۇغۇچى ئاڭلاش ئاساس قىلىنغان لېكسىيە سۆزلەشتىن ئىبارەت ئۇسۇلنى قىسمەن سۆھبەتلىشىش ئاساسىدىكى ئوقۇتۇش ئۇسۇلى ئىگىلەشكە يۈزلىنىپ ، بۇ بوشلۇق مەلۇم دەرىجىدە تولدۇرۇلۇۋاتقان بولسىمۇ ، لېكىن مەيلى قانداق ئوقۇتۇش ئۇسۇلى قوللىنىلمىسۇن ، ھازىرقى بارلىق دەرسلىكلەردىكى نەزەرىيىۋى ، پەننى بىلىملەرنىڭ ، مەشىق ۋە كۆنۈكمىلەرنىڭ ئۆلچەملىك جاۋابى بولۇپ ، بۇلاردىن سورالغان ھەرقانداق سوئالغا ئوقۇغۇچىلار شۇ ئۆلچەملىك جاۋابنى سۆزلىشى ۋە يېزىشى شەرت بولغاچقا ھەربىر ئوقۇغۇچىنىڭ ئىندىۋىدۇئاللىقى ، ئىجادچانلىقىنى جارى قىلدۇرۇش ئىمكانىيىتى ئاز بولىدۇ . يېزىقچىلىق مەشىقى دەل بۇ بوشلۇقنى تولدۇرىدۇ . بىر سىنىپ ھەتتا مەلۇم بىر پاراللېل يىللىق ئوقۇغۇچىلىرى ئورتاق ھالدا مەلۇم بىر ماۋزۇ ، مەلۇم بىر تەلەپ ، مەلۇم بىر ژانىر تۈرى ئاستىدا يېزىقچىلىق مەشىقىگە ئۇيۇشتۇرۇلغان تەقدىردىمۇ ئوقۇغۇچىلار مۇستەقىل قەلەم تەۋرىتىش جەريانىدا ئۆزىنىڭ سۇبيېكتىپچانلىقىنى ، ئىجادچانلىقىنى يېتەرلىك ئىپادىلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولىدۇ . ھەربىر ئوقۇغۇچى ئۆز ئىنشاسىنى مۇستەقىل ئىشلىگەنلا بولسا شۇ بىر خىل تەلەپ ، بىر خىل ماۋزۇ ئاستىدىكى يۈز ئەسەر ئىچىدىنمۇ كونكرېتنى ماتېرىيالى ، سۆز - جۈملىلىرى پۈتۈنلەي ئوخشاش ئىككى پارچە ئەسەر تاپقىلى بولمايدۇ . ئوقۇتقۇچى ھەربىر ئوقۇغۇچىنىڭ خاسلىقى ، ئىجادچانلىقى ، ئەقىل - پاراسىتى ئەكس ئەتكەن بۇ ئىنشالاردىن شۇ ئوقۇغۇچىنىڭ قەلبىنى كۆرەلەيدۇ . بۇ مەشىقلەرنى ، ھەربىر پارچە يازمىنىڭ ئارتۇقچىلىقى ، يېتەرسىزلىكى ھەققىدە شۇ مەشىقنىڭ ئاستىغا پىكىر يېزىپ ئۇلارنى ئايرىم

يېتەكلىيەلەيدۇ .

شۇنىڭ ئۈچۈن بۈگۈنكى كۈندىكى ئەدەبىيات ئوقۇتۇشىدا كىتابى بىلىملەرنى ئوقۇتۇشنى تارازىنىڭ بىر تەرىپىگە ، يېزىقچىلىق ئوقۇتۇشنى بىر تەرىپىگە قويۇپ بۇ ئىككىسىنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلىغاندىلا ، تاپ- شۇرۇقنىڭ قىممىتى سانىنى كۆپەيتىپ ، ئوقۇغۇچىلار ۋەزىپىنى ئورۇنداش ئۈچۈنلا ئىنشا ئىشلەشنى ، ئوقۇتقۇچىلار نومۇر قويۇشنىلا مەقسەت قىل- ماي ، بەلكى يېزىقچىلىق ئوقۇتۇشنىڭ سۈپىتىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلغاندىلا ئاندىن ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەلۇم يېزىقچىلىق ماھارىتىنى يې- تىلدۈرگىلى ، پەقەت كىتابى بىلىمنىلا ئەمەس ، بەلكى مەلۇم ئەمەلىي ماھارەتنىمۇ ئىگىلىگەن ئوقۇغۇچىلارنى جەمئىيەتكە يۈزلەندۈرگىلى بولىدۇ .

## 2 . ئىمتىھان ۋاقتىدا ماقالە ـ ئەسەر يازدۇرۇشنىڭ زۆرۈرىيىتى

گەرچە بەزى نۇتۇق سۆزلەش مۇسابىقىلىرىدا ، گېزىت ـ ژۇر- ناللاردا ناھايىتى ئاز بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلارنىڭ باشقىلارنىڭ ھەر تەرەپ- لىمە ياردىمى ئاساسىدا ۋۇجۇدقا چىققان يۇقىرى سۈپەتلىك ئەسەرلىرى ئوقۇلۇپ ، ئېلان قىلىنىپ تۇرسىمۇ ، لېكىن ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا يېزىقچىلىق مەشىقىنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىنماسلىق ، ئەدەبىيات دەرسلىك كىتابىدىكى نەزەرىيىۋى بىلىملەر، تېكىستلەر بىلەن يېزىقچىلىق مەشىقىنىڭ ماسلاشتۇرۇلۇشى تەلەپكە لايىق بولماسلىق تۈپەيلىدىن ئالىي ـ ئوتتۇرا تېخنىكوم ئىمتىھانىغا بىر نەچچە كۈن قالغاندا ، نەچچە ئون كىتابنى ئوقۇپمۇ ھېچقانداق يېزىقچىلىق ماھارىتى ئىگىلىمىگەن بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلار پۇتى كۆيگەن توخۇدەك تېپىرلاپ : « پالانى ماۋزۇ ، پالانى ژانىردا ئەسەر چۈشەرمىش » دېگەن گەپلەرنى كۆتۈرۈپ كېلى- شىپ ، ئاز ـ تولا بىر نەرسە يازالايدىغان ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىلىرىغا شۇ ماۋزۇ ئاستىدا بىر ـ ئىككى بەتلىك ماقالە ياكى نەسىر يازدۇرۇپ ، ئىمتى-

ھانغا ئېلىپ كىرىش ؛ ئۇلگىلىك ماقالىلەر توپلاملىرىدىكى ، گېزىت ــ ژۇرنـاللاردىكى ئەسەرلەرنى ئەينەن ياكى ئانچە ــ مۇنچە ئۆزگەرتىپ كۆچۈرۈپ قويۇش ئەھۋاللىرى مەۋجۇت .

ئەگەر بىر ئوقۇغۇچى شۇنچە يىل ئوقۇپ ، ئىمتىھان ۋاقتىدا بىرەر بەتلىك يازمىنى قاملاشتۇرۇپ يازالمىسا ، ئۆزلىرىنىڭ سۇبيېكتىپچانلىقى ، ئىجادچانلىقىنى جارى قىلدۇرالمىسا بۇ ئوقۇغۇچىنىڭ مەنىۋى دۇنياسى ، ئەمـەلىي بىلىمى ، ئىستىقبالى ، ئىجادچانلىقىدىن قانداقمۇ سۆز ئاچقىلى بولسۇن ؟

ئەدەبىـيات ئىمتىھانى ۋاقتىدا مەلۇم تەلەپ ، مەلۇم ماۋزۇ ياكى مەلۇم بىر ژانىر تۈرىدە ئەسەر يازدۇرۇش بىر خىل شەكىل ، ۋەزىپە ئەمەس ، بەلكى شۇ يازما ئارقىلىق تۆۋەندىكىلەرنى بىلىشتىن ئىبارەت .

1 . ئىمتىھان ۋاقتىدا يازغان ئەسەردىن شۇ ئوقۇغۇچىنىڭ پىكىر قىـلىش ، تەسەۋۋۇر قىلىش ئىقتىدارىنى بولۇپمۇ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارىنى سىناپ كۆرۈش .

2 . ئوقۇغۇچىنىڭ ئىجتىمائىي بىلىمىنىڭ دائىرىسى ، چوڭقۇرلۇقى ، نەزەر دائىرىسىنىڭ ، تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارىنىڭ كەڭ ــ تارلىقىنى ؛ لوگىكىلىق ، ئوبرازلىق تەپەككۇر قىلىش ، تەپەككۇرنى تەشكىللەش ، سىستېمىلىق رەتكە تۇرغۇزۇش ئىقتىدارىنى بىلىش .

3 . شۇ ئوقۇغۇچىنىڭ تىل ئىشلىتىش ، جۈملە تۈزۈش ، ئۇقۇم ، ھۆكۈم ، ئەقلىي خۇلاسىلەرنى مۇۋاپىق ، ئىلمىي ئىشلىتىش ، لىرىك ھېسسىياتنى مۇناسىپ ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى ۋە ئىپادىلەش ۋاستىلىرى ئارقىلىق ئوبرازلىق ، جانلىق ئىپادىلەش ماھارىتىنى بىلىش .

4 . ئەسـەر كومپوزىتسىيىسىنى ئورۇنلاشتۇرۇش جۈملىدىن ئابزاسلارغا بۆلۈش ، باش ــ ئاخىرىنى ماسلاشتۇرۇش ، مۇناسىپ ماتېرىياللارنى قۇراشتۇرۇپ تەشكىللەش ئاساسىدا باش تېمىنى قايىل قىلارلىق ئېچىپ بېرىش ئىقتىدارىنى بىلىش .

5 . شۇ ئوقۇغۇچىنىڭ ماقالە ــ ئەسەر يازغاندا تىنىش بەلگىلىرىنى ، دىئالوگ بەلگىسىنى قوللىنىلىش ئەھۋالى ۋە ئىملاسىنى سىناپ

كۆرۈش.

مانا مۇشۇ سەۋەبتىن ئەدەبىيات ئىمتىھانى ۋاقتىدا ئەسەر يازدۇرۇلىدۇ.

بۇنداق دېسەك بەزىلەر: «قىسقا ۋاقىت ئىچىدە بىر تالاي سوئاللارغا جاۋاب بېرىپ، يەنە يۇقىرىدىكى مەقسەتكە لايىق ئەسەر يېزىپ بولغىلى بولامدۇ؟» دېيىشى مۇمكىن. بۇ ھەرگىزمۇ ئارتۇقچە تەلەپ ئەمەس. بەلكى ئوقۇغۇچىلار كۆپ يىللىق ئوقۇش ھاياتىدا ئۆگەنگەن بىر تالاي نەزەرىيىۋى بىلىملەرگە لايىق مەلۇم يېزىقچىلىق ماھارىتىنىمۇ ھازىرلىشى، ھېچبولمىغاندا بىر-ئىككى بەتلىك يازمىنى قاملاشتۇرۇپ يازالىشى كېرەك دېگەنلىكتىن ئىبارەت.

ھەرقانداق كەسىپ، ھۈنەردىكى ماھارەت — شۇ كەسىپ ۋە ھۈنەرگە ئائىت نەزەرىيىۋى بىلىملەرنى ئوقۇشتىن، يادلاشتىن، شۇ كەسىپ ئىگىلىرىنىڭ ياراتقانلىرىنى كۆرۈپ ئولتۇرۇشتىنلا ئەمەس، ئەڭ مۇھىمى ئەمەلىي قول سېلىپ ئىشلەش، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىپ تەكرار-تەكرار مەشىق قىلىشتىن يېتىلىدۇ. ماھارەتنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئاساسىي قىزىقىش ۋە ھەۋەس بولۇپ، قىزىقىش ۋە ھەۋەسنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇشتىن مەلۇم قابىلىيەت ۋە ئىقتىدار، ئىقتىدارنى داۋاملىق تاۋلاشتىن ماھارەت، ماھارەتتىن تالانت يېتىلىدۇ.

مانا مۇشۇ ماھارەتنىڭ يېتىلىشىگە ئاساس سېلىش ئۈچۈن ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ھەرقايسى يىللىقلىرىدا خەت-چەكلەر، چۈشەندۈرۈش، بايان، مۇھاكىمە ماقالىلىرىنىڭ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ماس كەلگەن كونكرېتنى تۈرلىرى ھەققىدىكى نەزەرىيىۋى بىلىملەر سۆزلىنىدۇ، ئۇلگە كۆرسىتىلىدۇ ۋە مۇشۇ تۈرلەر بويىچە مەشىققە ئۇيۇشتۇرۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە لىرىك نەسىر، كىچىك ھېكايە قاتارلىق قىسقا، ئوتتۇراھال ھەجىمدىكى بەدىئىي ئەسەرلەرنى يېزىش مەشىقلىرىمۇ ئېلىپ بېرىلىدۇ. ھەرتۈرلۈك ئىمتىھانلاردا جۈملىدىن ئالىي-تېخنىكوم ئىمتىھانلىرىدىمۇ مۇشۇ تۈرلەردىن مەلۇم ئەسەرلەر يازدۇرۇلۇپ يۇقىرىدىكى مەقسەت ۋە زۆرۈرىيەتلەر ئورۇندىلىدۇ. ئۇنداق بولماي، يې-

زىنقـچىلىق مەشىقلىرىدە ۋە ئىمتىھانلاردا يازدۇرۇلىدىغان ئەسەرلەرنىڭ ھەجمى گېزىت ـ ژۇرناللاردا بىز كۆرۈپ تۇرغان ، بىر ـ ئىككى جۈملە بىلەنلا تاماملىنىدىغان ئەسەرلەردەك تولىمۇ كىچىك ياكى بەك چوڭ بولسا ، تېما دائىرىسىمۇ بەك كەڭرى بولسا ئۆگىنىش باسقۇچىدا تۇ-رۇۋاتـقانلارنىڭ ماھارىـتىنى ئۈستۈرۈش ۋە سىناپ كۆرۈش مەقسىتىگە يەتكىلى بولمايدۇ .

تۆۋەندە مانا مۇشۇ سەۋەبىكە ئاساسەن بايان ، چۈشەندۈرۈش ، مۇھاكىمە ماقالىلىرى ۋە نەسرىي ئەسەرلەرنىڭ بىر تارمىقى بولغان نەسىر ھەققىدىكى چۈشەنچىلەر سۆزلىنىدۇ ۋە ئۈلگە كۆرسىتىلىدۇ .

## 3 . ماقالە ۋە ئۇنىڭ تەۋەلىك مەسىلىسى ھەققىدە

ماقالىلەر ــ پەن ـ تېخنىكا ساھەسىدە ۋە باشقا ھەرقايسى كە-سىپلەردە ئىشلەۋاتقان كەسىپ ئىگىلىرىنىڭ شۇ كەسىپ ھەققىدىكى تەتقىقاتلىرى ، نەتىجىلىرى ، بىلىمىنى يېزىق ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان ئاممىباب قورال . ئالايلۇق ، مەلۇم بىر دېھقان ، مەلۇم بىر زا-سۇيچى ، مەلۇم بىر موزدوز ، مەلۇم بىر تىككۈچى ( سەيپۇڭ ) . . . دىن باشلاپ مەلۇم بىر ئاتوم ئېنېرگىيىسى تەتقىقاتچىسىغا قەدەر ئۆز كەسپى ھـەققىدە بىر نەرسە يازماقچى بولسا مانا مۇشۇ ماقالىلەرنىڭ كونكرېتنى تـۈرلىرىگە مۇراجىئەت قىلىدۇ . بۈگۈنكى ئېلېكترون ـ ئۇچۇر ، يېڭىچە تەپەككۇر دەۋرىدە ئىزدىنىش روھىغا ئىگە بىر ئىلىم ئەھلىنىڭ مەتبۇ-ئاتلاردا ئېلان قىلىنغان ھەرخىل شەكىل ، ھەرخىل تەپەككۇر ، ھەرخىل يېڭىلىق ۋە تەتقىقات نەتىجىلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ماقالىلەر ئارقىلىق ئېرىشكەن ھەر تەرەپلىمە بىلىمى زەنجىر سىمانلىقتا ئىگە قىلىنغان مۇنتىزىم ئوقـۇش ھـاياتىدا ئېرىشكەن بىلىمىدىن نەچچە ھەسسە ئېشىپ چۈشىدۇ .

ئۇنداق بولسا ئۇنىۋېرسال گېزىت ـ ژۇرناللارنىڭ ، ھازىر نەشر قىلىنىۋاتقان كىتابلارنىڭ 70 ــ 80 پىرسەنت قىسمىنى ئىگىلەپ كېلىۋات-

قان ھەر خىل تۈردىكى ماقالىلەرنى يازما ئەدەبىياتنىڭ قايسى ژانىرىغا
تەۋە قىلىش كېرەك ؟ ئالدى بىلەن بۇ مەسىلىنى ئېنىقلىۋالغاندىن كېيىن
ئاندىن ماقالە ھەققىدىكى چۈشەنچىلەرگە ئۆتىمىز .

« ئەدەبىيات نەزەرىيىسى » ،« يېزىقچىلىق » ئىلمى توغرىسىدا
تۈزۈلگەن كىتاب ـ ماتېرىياللاردا يازما ئەدەبىياتنى ژانىر ۋە تۈرلەرگە
بۆلۈشتە ئوخشىماسلىقلار كۆپ . بۇلارنى بىر ـ بىرلەپ مىسال ئېلىپ سې-
لىشتۇرساق سەھىپىمىز ئۇزىراپ ، مەقسەتتىن يىراقلاپ كېتىمىز . تولۇق-
سىز ئوتتۇرا مەكتەپ 1 ـ قىسىم « ئەدەبىيات » دەرسلىك كىتابىنى ئال-
ساق ، يازما ئەدەبىياتنى ئەدىبنىڭ رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈشتىكى پو-
زىتسىيىسى ، مۇناسىۋىتى ، ئىپادىلەش ئۇسۇلى ، ئوبراز يارىتىش ئالاھى-
دىلىكى ، تىل جەھەتتىكى خاسلىقى بىلەن : شېئىر ( پوئېزىيە ) ، ئېپىك
ئەسەرلەر ( پروزا ) ، دراماتورگىيە ( سەھنە ئەسەرلىرى ) ، نەسىر ، كىنو
سىنارىيىسى قاتارلىق بەش چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ دېيىلگەن . 6 ـ قىسىم
« ئەدەبىيات » دەرسلىك كىتابىدا بولسا « نەسىر » دېگەن بۇ ئۇقۇمنىڭ
ھەجىم دائىرىسىگە ئېپىك نەسىر ، لىرىك نەسىر ، مۇھاكىمىلىك نەسىر-
دىن ئىبارەت ئۈچ تۈرنىڭ تەۋە بولىدىغانلىقى ، ئېپىك نەسىرگە بولسا
ئەدەبىي ئاخبارات ، تەزكىرە ئەدەبىياتى ، ساياھەت خاتىرىسى قاتارلىقلار-
نىڭ كىرىدىغانلىقى ؛ مۇھاكىمىلىك نەسىرگە بولسا نەسرىي ئەدەبىيات (
زاۋىن ) ، فېلىيەتون قاتارلىقلارنىڭ كىرىدىغانلىقى سۆزلەنگەن . بۇنداق
ژانىر ۋە تۈرگە ئايرىش ئارقىلىق يازما ئەدەبىياتىمىزنىڭ ژانىر ۋە تۈرلە-
رىنى ئوقۇغۇچىلارغا يەتكۈزۈش ئىشى خېلى ئىلمىيلىككە ، سىستېمىلىققا
ئىگە قىلىنغان . نەچچە ئون يىللاردىن بىرى ئوتتۇرا مەكتەپ « ئە-
دەبىيات » دەرسلىك كىتابلىرىدا تىلغا ئېلىنغان يازما ئەدەبىياتنىڭ ژانىر
تەۋەلىكىنىڭ سىرتىدا قالدۇرۇلغان كىنو سىنارىيىسىدىن ئىبارەت بىر ژا-
نىر ئېتىراپ قىلىنىپ ئەسلىدە « تۆت چوڭ ژانىرغا بۆلۈنىدۇ » دېگەن
ئاتالغۇ « بەش چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ » دېيىلگەن . ئەمما ، يازما ئەدەبى-
ياتنى ھەم « نەسىر » ئۇقۇمىنى بۇنداق ژانىر ۋە تۈرلەرگە بۆلۈش ئارقى-
لىق « ژانىر » ئۇقۇمى بىلەن « تۈر » ئۇقۇمى ، « نەسرىي ئەسەرلەر »

ئۇقۇمى بىلەن « نەسر » ئۇقۇمى ، « دراماتورگىيە » ئۇقۇمى بىلەن « سەھنە ئەسەرلىرى » ئۇقۇمى ئوخشاش ئۇقۇملارمۇ ؟ يازما ئەدەبىياتتا « سەھنە ئەسەرلىرى » تەۋە بولامدۇ ياكى « دراماتورگىيە » تەۋە بولامدۇ ؟ ماقالىلەرنى يازما ئەدەبىياتنىڭ قايسى ژانىرىغا تەۋە قىلىش كېرەك ياكى يازما ئەدەبىياتنىڭ تەۋەلىكىگە كىرمەمدۇ ؟ « تېلېۋىزىيە سىنارىيىسى » بۇ بەش چوڭ « تۈر » نىڭ قايسىسىغا تەۋە بولىدۇ ؟ ئېپىك نەسرنىڭ تۈرىگە ئەدەبىي ئاخبارات ، تەزكىرە ئەدەبىياتى ، ساياھەت خاتىرىسى تەۋە بولسا ، ئەدەبىي ئوچېرك ، زىيارەت خاتىرىسى ، سەپەر خاتىرىسى ، ئېكسكۇرسىيە خاتىرىسى ، تەزكىرە ، تەرجىمەھاللار قەيەرگە كىرىدۇ ؟ مۇھاكىمىلىك نەسرگە نەسرىي ئەدەبىيات ( زاۋېن ) ، فېلىيەتونلار تەۋە بولسا ( يەنى مۇھاكىمىلىك نەسر مۇشۇ ئىككى تۈرگە بۆلۈنسە ) فېلىيەتونغىمۇ ، زاۋېنغىمۇ تەۋە بولمىغان مۇھاكىمىلىك نەسرلەر قەيەرگە بارىدۇ ؟ ... دېگەنگە ئوخشاش بىر قاتار مۇجمەل مەسىلىلەر ، سوئاللار كېلىپ چىقىدۇ .

مەن « ئەدەبىيات » كەسپى بىلەن رەسمىي تونۇشقان يىگىرمە يىلغا يېقىن ھاياتىمدا بۇ كەسپ ئۈچۈن ئاز ـ تولا ئەجىر سىڭدۈرۈپ ، ئۇنىڭ نېنىنى يەپ كەلگەن بولغاچقا ، بۇ ھەقتىكى چۈشەنچەمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ كەسپداشلىرىم بىلەن ئورتاقلاشماقچىمەن .

يازما ئەدەبىيات ئىلمى ھەققىدىكى نەزەرىيە ھەم يېزىقچىلىق بىلىملىرىدە « بەدىئىي ئەسەرلەر » ، « ئەدەبىي ئەسەرلەر » دېگەن ئاتالغۇلار تولا ئۇچرايدۇ ھەمدە بىرىنىڭ ئورنىدا بىرى ئارىلاش ھەم ئوخشاش مەنادا قوللىنىۋېرىلىدۇ . بۈگۈنكى يازما ئەدەبىياتىمىزدىكى ئەسەرلەرنى تۈرگە ئايرىشتىكى بىرىنچى قەدەملىك ئۆلچەمنى مانا مۇشۇ ئىككى ئۇقۇمنىڭ ھەجىم دائىرىسىنى ئېنىق ئايرىۋېلىشتىن باشلىساق ، كېيىنكى قەدەملىك ئۆلچەملەرنىمۇ توغرا بېكىتەلەيمىز . مېنىڭچە ، مەيلى بىئوگرافىك ئەسەر بولسۇن ، مەيلى بۈگۈنكى رېئاللىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئەسەرلەر بولسۇن قانداق شەكىل ، ئۇسلۇب ، قۇرۇلمىدىكى ئەسەر بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، ماتېرىيال تاللاش ۋە ئوبراز يارىتىشتا ئومۇميۈزلۈك

ياكى مەلۇم دەرىجىدە بەدىئىي توقۇلما قىلىنغان ، تىپىكلەشتۈرۈلگەن ئەسەرلەرنى يەنى بەدىئىي ئەدەبىياتقا تەۋە ئەسەرلەرنى « بەدىئىي ئەسەر- لەر » دەپ ئاتاش ؛ ماتېرىيال تاللاش ياكى ئوبراز يارىتىشتا باشتىن - ئاخىر ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەت ئاساس قىلىنغان ، بەدىئىي توقۇلما قىلىنمى- غان ئەسەرلەرنى « ئەدەبىي ئەسەرلەر » دەپ ئاتاش كېرەك . مۇشۇ ئۆل- چەم بويىچە بولغاندا شېئىرىيەت ( پوئېزىيە ) ، ئېپىك ئەسەرلەر ( پروزا ) ، سەھنە ئەسەرلىرى ( پيەسىسە ) ، كىنو ۋە تېلېۋىزىيە سىنا- رىيىسى ۋە بۆگۈنكى كۆندىكى تار مەنىدىكى نەسىر « بەدىئىي ئەسەر- لەر » كاتېگورىيىسىگە كىرىدۇ . بايان ، چۈشەندۈرۈش ، مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ئەدەبىي ئەسەرلەر ، خەت - چەكلەر بولسا « ئەدەبىي ئە- سەرلەر » كاتېگورىيىسىگە تەۋە بولىدۇ .

شۇنى ئۆز نۆۋىتىدە ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى ، « بەدىئىي ئەسەرلەر » كاتېگورىيىسىگە تەۋە ئەسەرلەر ئىچىدىمۇ بەدىئىي قىممىتى ئىجتىمائىي ئۈنۈمى تۆۋەن ، پىشمىغان ، قىممىتى يوق ئەسەرلەر بولى- دۇ . « ئەدەبىي ئەسەرلەر » كاتېگورىيىسىگە كىرىدىغان ئەسەرلەر ئىچى- دىمۇ قايناق ھېسسىيات ، بەدىئىي تىل ، يۈكسەك ماھارەت بىلەن يېزىل- غان ، زور ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ، بەدىئىي ۋە ئىج- تىمائىي قىممىتى يۇقىرى ، ئۆلمەس ئەسەرلەر بولىدۇ . بۇ ئىككى خىل ئۆلچەمنى بېكىتىشتىكى مەقسەت ھەر قايسى ژانىرلارنىڭ كونكرېتنى تۈر- لىرىنى ئۆز تەۋەلىكىدە توغرا ئايرىش ، بولۇپمۇ بۆگۈنكى كۆندىكى « نەسرىي ئەسەرلەر » ئاتالغۇسىنىڭ قانداق كونكرېتنى تۈرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى سىستېمىلىق ئايرىپ چىقىش ۋە شەرھلەشتىن ئىبارەت .

بىز يازما ئەدەبىياتىمىزدىكى بارلىق ئەسەرلەرنى بىرىنچى قەدەمدە ( بىرىنچى ئۆلچەمدە ) « بەدىئىي ئەسەرلەر » ۋە « ئەدەبىي ئەسەرلەر » دەپ ئىككى چوڭ گۇرۇپپىغا ئايرىۋالدۇق . ئەمدى بۇ ئىككى گۇرۇپپىدىكى بارلىق ئەسەرلەرنى ژانىرلارغا ئايرىغاندا ، بۆگۈنكى ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىنى — شېئىرىي ئەسەرلەر ( پوئېزىيە ) ،

ئېپىك ئەسەرلەر ( پروزا ) ، سەھنە ئەسەرلىرى ،[1] نەسرىي ئەسەرلەر ، كىنو سىنارىيىسى ، تېلېۋىزىيە سىنارىيىسىدىن ئىبارەت ئالتە چوڭ ژانىرغا بۆلۈش مۇۋاپىق .

ئەمدى « ماقالە » دېگەن ئۇقۇمنىڭ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئالتە ژانىرنىڭ قايسىسىغا تەۋە ئىكەنلىكىنى ھۆكۈم قىلىش ئۈچۈن « ژانىر » ۋە « نەسرىي ئەسەرلەر » دېگەن ئىككى ئۇقۇم ئۈستىدە توختىلايلى :

« ژانىر » — دېگەن بۇ ئۇقۇم فرانسۇزچە سۆز بولۇپ ، بىزچە « خىل ، تۈر » دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ . بۇ ئۇقۇمنى بۈگۈنكى يازما ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا تەدبىقلىساق « ژانىر » ئۇقۇمى پەقەت « خىل » دېگەن مەنىدىلا قوللىنىلىشى ، ھەجىم جەھەتتىن « تۈر » دېگەن ئۇقۇمدىن چوڭ بولۇشى ۋە ئۇنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كېرەك . مۇشۇنداق بىر ئۆلچەم بولغاندا ئاندىن يازما ئەدەبىياتتىكى ھەربىر ژانىرنىڭ كونكرېتنى تۈرلىرىنى سىستېمىلىق چۈشەندۈرگىلى بولىدۇ ،

« نەسر » — دېگەن بۇ ئۇقۇم ئەرەبچە سۆز بولۇپ بىزچە سۆز مەنىسى « چېچىش » دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ . كۆپ يىللاردىن بىرى بۇ ئۇقۇم بەزىدە « نەسرىي ئەسەرلەر » بەزىدە « نەسر » دەپ ئارىلاش ئاتىلىش بىلەن بىرگە ، بۇ ھەقتىكى چۈشەنچىلەرنىڭ بەزىلىرى يۇنان كلاسسىك ئەدەبىياتى ، بەزىلىرى ئەرەب كلاسسىك ئەدەبىياتى يەنە بەزىلىرى رۇس ئەدەبىياتى ھەققىدىكى نەزەرىيىۋى چۈشەنچىلەرنى مەنبە قىلغان ئاساستا ئوتتۇرىغا قويۇلغاچقا بۇ ھەقتىكى قاراش بىردەك بولماي

---

① يازما ئەدەبىياتنى ژانىرلارغا ئايرىغاندا چوقۇم « سەھنە ئەسىرى » دەپلا ئاتاشقا بولىدۇكى ، دراماتورگىيە بىلەن سەھنە ئەسىرىنى بىرىنىڭ ئورنىدا بىرىنى خالىغانچە ئالماشتۇرۇپ ، ئارىلاشتۇرۇپ ئاتىماسلىق كېرەك . چۈنكى ، سەھنە ئەسىرى بولسا دراماتورگىيىنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشىدىكى بىرىنچى قەدەملىك مۇھىم بىرلا ئامىل . دراماتورگىيە سەنئەتكە تەۋە . سەھنە ئەسىرى بولسا ئەدەبىياتقا تەۋە . ئەدەبىيات بولسا سەنئەتنىڭ پەقەت بىرلا تۈرى . بۇ خۇددى كىنو سىنارىيىسى دېگەن ئۇقۇم بىلەن كىنو سەنئىتى دېگەن ئۇقۇمنى ئوخشاش دېگىلى ، بىرىنىڭ ئورنىدا بىرىنى ئاتىغىلى بولمىغاندەك بىر ئىش .

كەلدى . بەزىدە بۇ ئۇقۇمنىڭ ھەجىم دائىرىسى تولىمۇ كېڭەيتىۋېتىلدى ، بەزىدە تارايتىۋېتىلدى . بۇ مەسىلىنى قويۇپ تۇرۇپ ، ئۇنى بۇگۈنكى يازما ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا تەدبىقلىساق « نەسىر » دېگەن ئۇ- قۇمدىن تۈرلەنگەن ھەم بۇ ئۇقۇمنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان « نەسرىي ئەسەرلەر » ئۇقۇمى كەڭ مەنىدىن ئالغاندا يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان « بە- دىئىي ئەسەرلەر » دائىرىسىگە كىرمەيدىغان بارلىق « ئەدەبىي ئەسەرلەر » نى يەنى بايان ، چۈشەندۈرۈش ، مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ئەدەبىي ئە- سەرلەرنى ، خەت ـ چەكلەرنى ؛ تار مەنىدىن ئالغاندا ئىپادىلەش ئۇسۇل- لىرى خىلمۇخىل ، تىلى ئوبرازلىق ۋە كۈچلۈك لىرىكىلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغان ، يازما بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ باشقا ژانىرلىرىغا تەۋە قىلىشقا بولمايدىغان بەدىئىي ئەسەرلەرنى يەنى لىرىك نەسىر ، ئېپىك نەسىر، مۇ- ھاكىمىلىك نەسىر ، فېلىيەتون ، ئەبجەش خاتىرە قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كېرەك . ئەدەبىي ئاخبارات ، تەزكىرە ئەدەبىياتى ، ساياھەت خا- تىرىسى ، ئوچېرك ، ئەدەبىي خەۋەر ، ئاددىي خاتىرە ... دېگەنگە ئوخشاش ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ تۈرلىرى ، بەدىئىي ئەسەرلەرنىڭ تۈرلىرىدىن بول- غان ئېپىك نەسىر ، مۇھاكىمىلىك نەسىرنىڭ تۈرلىرى ئەمەس ، بەلكى بايان خاراكتېرلىك ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ تۈرلىرىدۇر . شۇنىڭدەك ھا- زىرقى ۋە بۇگۈنكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا « فېلىيەتون » ۋە « ئەبجەش خاتىرە » دېگەن بەدىئىي ئەسەر تۈرلىرىدە ئەسەرلەر يېزىلغان ۋە يېزى- لىۋاتقان بولسىمۇ ، ئەمما بۇ ئىككى تۈر بىلەن ئوخشاشلىقىغا ھەم پەرققە ئىگە بولغان « نەسرىي ئەدەبىيات » ( زاۋېن ) دېگەن تۈر تەرجىمە ئە- سەرلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىمىزدە مەۋجۇت ئەمەس .

خۇلاسە قىلغاندا ـــ « نەسرىي ئەسەرلەر » ژانىرى ھەم ئەدەبىي ، ھەم بەدىئىي ئەسەرلەر ژانىرىدۇر . « ئەدەبىي ئەسەرلەر » دېگەندە بايان خاراكتېرلىك ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ، چۈشەندۈرۈش خاراكتېرلىك ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ، مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ۋە خەت ـ چەكلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . بۇ يەردە تىلغا ئېلىنىۋاتقان « بەدىئىي ئەسەرلەر » ئاتالغۇسى بولسا تار مەنىدىكى نەسىرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ .

( تار مەنىدىكى نەسىر ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى ھەققىدە مەزكۇر كىتابنىڭ 2 ـ قىسمى 1 ـ بابىدا تەپسىلىي توختىلىپ ئۆلگە كۆرسىتىش ئېلىپ بېرىلىدۇ ) .

بايان خاراكتېرلىك ئەدەبىي ئەسەرلەر بولسا ـ چوڭ جەھەتتىن : ئاخبارات خەۋەرلىرى ، ئوچېرك ، ئەدەبىي ئاخبارات ( دوكلات ئەدەبىياتى ) ۋە بىئوگرافىيە ئەدەبىياتى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . كىچىك جەھەتتىن تېخىمۇ تەپسىلىي تۈرگە ئايرىغاندا : ئاخبارات خەۋەرلىرى ـــ ھالەت يۈزلىنىش خەۋەرلىرى ( ۋاقىت خاراكتېرلىك خەۋەر ) ، تىپىك خەۋەر ( يەنى تەجرىبە تونۇشتۇرۇلغان خەۋەر ) ، ئۇنىۋېرسال خەۋەر ( يەنى ، ئومۇملاشتۇرۇلغان خەۋەر ) ، مۇخبىر مۇلاھىزىسى ، قىسقا خەۋەر قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . ئوچېرك بولسا ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن : خەۋەر ئوچېركى ۋە ئەدەبىي ئوچېركنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . ئەكس ئەتتۈرۈش ئوبيېكتىغا ئاساسەن : ئادەملەر ھەققىدىكى ئوچېرك ، ھۆججەتلىك ئوچېرك ، تەرەققىيات ئوچېركى ، خىزمەت ئوچېركى ، ۋەقەلىك ئوچېركى ، سەپەر ئوچېركى ( سەپەر خاتىرىسى ) ، ساياھەت ئوچېركى ( ساياھەت خاتىرىسى ) ، ئېكسكۇرسىيە ئوچېركى ( ئېكسكۇرسىيە خاتىرىسى ) ، زىيارەت ئوچېركى ( زىيارەت خاتىرىسى ) قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ .بىئوگرافىيە ئەدەبىياتى بولسا ئەسلىمە ، تەزكىرە ، ئەدەبىي تەرجىمىھال قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . ( ئەسكەرتىش : تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئەدەبىيات دەرسلىك كىتابىدا بايان خاراكتېرلىك ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان تۈرلىرىنىڭ بەزىلىرى ئېپىك نەسىرنىڭ ، بەزىللىرى لىرىك ۋە مۇھاكىمىلىق نەسىرنىڭ تۈرلىرىگە تەۋە دەپ ئاتالغاچقا بۇ يەردە ئۆزىنىڭ تەۋەلىكىدە تەپسىلىي ئاتاپ ئىزاھلاشقا توغرا كەلدى ) .

چۈشەندۈرۈش خاراكتېرىدىكى ئەدەبىي ئەسەرلەر بولسا ـــ مەزمۇن جەھەتتىن : شەرھلەش خاراكتېرىدىكى ، تونۇشتۇرۇش خاراكتېرىدىكى ، بايان ئۇستىكى ، بەدىئىي ئۇستىكى ماقالە ـ ئەسەرلەر دېگەن تۈرلەرگە بۆلىنىدۇ . چۈشەندۈرۈش تەرتىپى جەھەتتىن : ماكان تەرتىپى

بويىچە ، ۋاقىت تەرتىپى بويىچە ئىش تەرتىپى بويىچە ، ئالاھىدىلىك تەرتىپى بويىچە ، پىكىر تەرتىپى بويىچە چۈشەندۈرۈلگەن چۈشەندۈرۈش خاراكتېرىدىكى ماقالە ـ ئەسەرلەر دېگەن تۈرلەرگە بۆلىنىدۇ .

مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ئەدەبىي ئەسەرلەر بولسا ـــ مەزمۇن جەھەتتىن : ئوبزور ( ئەدىبىي ئوبزور ، گېزىت ئوبزورلىرى ، ئەدەبىي ئوبزور ) ، ئىلمىي ، نەزەرىيىۋى ماقالە ـ ئەسەرلەر ( تەكشۈرۈش دوكلاتى ، ئىلمىي دىسسېرتاتسىيىلەر ، ئوقۇش پۈتتۈرۈش دىسسېرتاتسىيىلىرى ) ۋە باشقا تۈردىكى سىياسىي ، نەزەرىيىۋى ، ئىلمىي مەسىلىلەر مۇھاكىمە قىلىنغان ئىلمىي تەتقىقات دوكلاتلىرى ، پەن ـ تېخنىكا ماقالىلىرى ۋە مۇھاكىمە خاراكتېرىنى ئالغان نۇتۇق قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلىنىدۇ .

دېمەك : « ئەدەبىي ئەسەرلەر » ئاتالغۇسىنىڭ ھەجىم دائىرىسى كەڭ ، تۈرلىرى كۆپ بولۇپ مانا مۇشۇ بىر قاتار تۈرلەرنى ، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە خەت ـ چەكلەر ۋە ئۇنىڭ بىرمۇنچە تۈرلىرىنى ئۆزئىچىگە ئالىدۇ . ( خەت ـ چەكلەر ھەققىدە « كاتىبات يېزىقچىلىقى » ، « خەت ـ چەكلەر قوللانمىسى » ... دېگەنگە ئوخشاش مەخسۇس قوللانمىلار بولغاچقا بۇ ھەقتە ئايرىم ئىزاھات بەرمەيمىز . )

« ماقالە » ئۇقۇمى ئادەتتە سەھىپە جەھەتتىن بەك ئۇزۇن بولمىغان « ئەدەبىي ئەسەرلەر» نىڭ ئاممىباب تىلدا ئاتىلىشى بولۇپ ، مەزكۇر كىتابىتىمۇ مۇشۇ نۇقتىنى ( خەت ـ چەكلەردىن باشقا ) كۆزدە تۇتقان ئاساستا سۆزلەش ، ئۇلگە كۆرسىتىش ئېلىپ بارىمىز .

ۋەقە ـ ھادىسىلەر ، ئادەملەر ، شەيئىلەر ، تەبىئەت ۋە جەمئىيەت ھەققىدىكى تۇرلۇك چۈشەنچىلەر ھەمدە سىياسىي ، ئىلمىي ، نەزەرىيىۋى مەسىلىلەر چىنلىق بىلەن ئىپادىلىنىدىغان سەھىپىسى قىسقىراق بولغان ئەدەبىي ئەسەرلەر ماقالە دەپ ئاتىلىدۇ .

ماقالىلەر ئەكس ئەتتۈرۈش ئوبيېكتى ، ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن بايان خاراكتېرلىك ، مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ، چۈشەندۈرۈش خاراكتېرلىك ماقالىلەر ۋە خەت ـ چەكلەردىن ئىبارەت

تۆت چوڭ تۈرگە بۆلىنىدۇ .

ماقالە ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ كىشىلەر مېڭىسىدىكى ئىنكاسىنىڭ مەھسۇلىدۇر . ماقالىدە يېزىلغان ئادەم ، ۋەقەلەر ، ئوتتۇرىغا قويۇلغان پاكىت ، دەلىللەر ، چۈشەندۈرۈلگەن شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى ھەقىقىي بولىدۇ .

ماقالە يېزىش پەقەت ئىدىيىدە ئويلىغان پىكىرلەرنى قەغەز يۈزىگە ئاددىيلا چۈشۈرۈپ قويۇش بولماستىن ، بەلكى ئۇنى پىششىقلايدىغان پەيدىنپەي مۇكەممەللەشتۈرىدىغان جەرياندۇر . ئوبيېكتىپ شەيئىلەر ھەققىدىكى مەلۇم بىر پىكىر كىشى مېڭىسىدە تۇرغاندا تېخى يېتەرلىك دەرىجىدە ئېنىق بولمايدۇ . ئۇنى سۆزلەپ باشقىلارغا ئۇقتۇرغاندا بىرقەدەر ئېنىق بولىدۇ . ماقالە قىلىپ يازغاندا تېخىمۇ ئېنىق ، روشەن بولىدۇ . ھەربىر سۆز ، ھەربىر جۈملە ھەم تىنىش بەلگىلىرىنى قەغەز يۈزىگە چۈشۈرگىنىمىزدە بۇ پىكىرلەرنىڭ روشەن ياكى تۇتۇقلۇقى ، چوڭقۇر ياكى تېيىزلىقى ، سىستېمىلىقلىقى ياكى قالايمىقانلىقى ئاشكارا بولىدۇ .

ھەر دەرىجىلىك مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچىلار ، ھەرقايسى كەسىپتىكى كەسىپ ئىگىلىرىنىڭ ئۆزىنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسى ، ئۆز كەسپى دائىرىسىدە بىرقەدەر تەلەپكە يەتكەن ماقالىلەرنى يېزىشنى ئۆگىنىۋېلىشى ، بىلىم ۋە نەزەر دائىرىسىنىڭ كېڭىيىشى ، ئۆز كەسپىنىڭ روناق تېپىشى ، باشقىلارغا ئۆز نەتىجىلىرى ، بىلىمنى يەتكۈزۈشىنىڭ ياخشى قورالى ۋە بۈگۈنكى دۇنيانىڭ ئەقەللىي تەلىپى ھېسابلىنىدۇ .

ماقالە ، ئۇنىڭ تەۋەلىك مەسىلىسى ، تۈرلىرى ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بولغان چۈشەنچىلەر يۇقىرىقىلاردىن ئىبارەت . ئەمدى بايان ، چۈشەندۈرۈش ، مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ماقالىلەر ۋە تار مەنىدىكى نەسىر يېزىشنىڭ قەدەم ـ باسقۇچلىرى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمىز . كېيىنكى مەزمۇنلاردا ئۇچرايدىغان « ماقالە ـ ئەسەرلەر » دېگەن ئاتالغۇ مانا مۇشۇ تۈرلەرنى كۆرسىتىدۇ . ( تۆۋەندە سۆزلىنىدىغان نەزەرىيىۋى چۈشەنچىلەر ماقالە ـ نەسىر يېزىشقىلا ئەمەس ، باشقا تۈرلەردىكى ئەدەبىي ، بەدىئىي

ئەسەرلەرنى يېزىشقىمۇ باب كېلىدۇ . )

## 4 . ماقالە ـ ئەسەر يېزىشنىڭ قەدەم ـ باسقۇچلىرى

تولۇقسىز ، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئەدەبىيات ئىمتىھانىدا يازغان ماقالە ـ ئەسەرلىرىنىڭ سەھىپىسى بىر ـ ئىككى بەت ئەتراپىدا بولىدۇ . يېزىقچىلىق مەشىقى ۋاقتىدا يازغانلىرىنىڭ سەھىپىسى كۆپ بولغاندىمۇ تۆت ـ بەش بەتتىن ئاشمايدۇ . مۇشۇ سەھىپىلەر ئىچىدە مەلۇم ئىنشا يېزىش ، ماھارەت يېتىلدۈرۈش ۋە سىناش تەلىپى ئورۇنلىنىدۇ . تۆۋەندە ئادەتتىكى يېزىقچىلىق مەشىقىدە ۋە ئىمتىھان ۋاقتىدا ماقالە ـ ئەسەر يېزىشتىن ئىبارەت ئىككى نۇقتا بويىچە ئايرىم ـ ئايرىم توختىلىپ ئۆتىمىز .

يېزىقچىلىق مەشىقىدە يازىدىغان ماقالە ـ ئەسەرلەرنىڭ قەدەم ـ باسقۇچلىرى ماتېرىيال تاللاش ، مەشىق دەپتىرىگە يېزىش ، تۈزىتىش ، ئاققا ( تاپشۇرۇق دەپتەرگە ) كۆچۈرۈشتىن ئىبارەت تۆت باسقۇچ ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ .

### ماتېرىيال تاللاش

يېزىقچىلىق مەشىقىدە مەيلى قانداق ژانىر ۋە تۈردە ئەسەر يېزىش تەلەپ قىلىنمىسۇن شۇ مەشىقنى ياخشى ئېلىپ بېرىش ، شۇ ئەسەرنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يېزىش ، باش تېمىنى ياخشى يورۇتۇپ بېرىش ئۈچۈن ماتېرىيال ( تېما ) تاللاشقا ئەھمىيەت بېرىش زۆرۈر . ماتېرىيال تاللاش ــ كۆزىتىش ۋە ئويلىنىش ، تىزىس تۈزۈش ( ئوي ـ پىكىرنى يەنى تاللانغان ماتېرىيالنى رەتكە تۇرغۇزۇۋېلىش ) تىن ئىبارەت ئىككى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ .

1 ) كۆزىتىش ۋە ئويلىنىش :

يېزىقچىلىق مەشىقلىرىدە يازدۇرۇلىدىغان ماقالە ــ ئەسەرلەرنىڭ ئەكس ئەتتۈرۈش ئوبيېكتى ئوقۇغۇچىلار كۈندىلىك تۇرمۇشىدا كۆرۈپ ،

ئۇچرىشىپ تۇرىدىغان شەيئى ـ ھادىسىلەر بولسىمۇ مەلۇم بىر ماۋزۇ ،
مەقسەت ـ تەلەپ ئاستىدا ماقالە ـ ئەسەر يازماقچى بولغاندا گاڭگىراپ قا-
لىدۇ . شۇ شەيئى ھادىسىلەرنىڭ ئىچىدىن شۇ ماۋزۇ ، مەقسەت ـ تەلەپكە
دەل كېلىدىغانلىرىنى ، ئوتتۇرىغا قويۇلماقچى بولغان باش تېمىنى ئەڭ
ياخشى يورۇتۇپ بېرەلەيدىغانلىرىنى سۈزۈپ ئالالماسلىق ئەھۋالى كۆرۈ-
لىدۇ . بىر تالاي سىستېمىسىز پىكىرلەر ، ئىش ـ ۋەقەلەر ، شەيئىلەرنىڭ
سىيماسى گەۋدىلىنىپ دەرھاللا سىستېمىلىق ھالدا يېزىشقا كىرىشەلمەي-
دۇ . مانا مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا كۆزىتىش ۋە ئويلىنىش جەريانى ئې-
لىپ بېرىلىپ بۇ بىرىنچى قول خام ماتېرىياللار ئارىسىدىن قايسىلىرىنى
يېزىش ، قايسىلىرىنى تاشلىۋېتىش ، ئەكس ئەتتۈرمەكچى بولغان شەيئى-
لەرنىڭ قايسى تەرەپلىرىنى گەۋدىلەندۈرۈش ئۈستىدە ئويلىنىپ مەلۇم
بىر پىكىرگە كېلىدۇ . مانا بۇ كۆزىتىش ۋە ئويلىنىش جەريانىدۇر .

كۆزىتىش ۋە ئويلىنىش — ئاپتورنىڭ ئوبيېكتىپ دۇنياغا بولغان
پىلانلىق ۋە پىلانسىز ( مەقسەتسىز ، سىستېمىسىز ) ئاساستىكى ، ھېس-
سىي ، ئەقلىي بىلىشى بولۇپ ، ئۇ سەزگۈ ئەزالىرى ئارقىلىق كۆزىتىش ،
بىلىشتىن باشقا يەنە ھېسسىيات ، تەپەككۇر ، تەسەۋۋۇر ئارقىلىق كۆزى-
تىش ۋە بىلىشلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . كۆزىتىش ئادەتتە مەخسۇس
تېما تەلىپى بويىچە كۆزىتىش ۋە ئادەتتىكى كۆزىتىش ( مەقسەتسىز ،
سىستېمىسىز ) دىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ .

يېزىش تەلەپ قىلىنغان ماۋزۇ ، باش تېما ، تېما ، كونكرېتنى تە-
لەپ ، مەقسەت بويىچە كۆزىتىپ ، ئاخىرىدا ئاشۇ كۆزەتكەن مەزمۇن ئا-
ساسىدا ئەسەر يېزىش مەخسۇس تېما بويىچە كۆزىتىش بولىدۇ . بۇ
خىل كۆزىتىشتە ئوقۇغۇچىلارنى مەلۇم ئورۇننى ، شەخسنى زىيارەت ،
ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا تەشكىللەپ ئاندىن يېزىشقا ئويۇشتۇرۇشمۇ مۇم-
كىن . ئۇنىڭ ئەكسىچە تەسەۋۋۇر ، تەپەككۇر ئارقىلىق كۆزىتىشنى ئا-
ساس قىلىدىغان ئەسەرلەردە ئوقۇغۇچىلارنى ئويلىنىش ، پىكىر قىلىشقا
يېتەكلەپ ئاندىن پىكىرنى سىستېمىلاشتۇرۇشمۇ مۇمكىن . ئادەتتىكى
كۆزىتىشتە بولسا كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئەتراپىمىزدىكى شەيئىلەر ، تەبى-

ئەت ھادىسىلىرى قاتارلىقلارنى كۆزىتىپ ، ئۇنىڭ ماھىيىتى ، ئالاھىدىلىكىنى چۈشىنىش ، تەبىئەت ، جەمئىيەت ھەققىدە سىستېمىسىز ئاساستىكى بىلىم ، ماتېرىيال جۇغلاش جەريانى بولۇپ ، ئادەتتىكى كۆزىتىشكە ماھىر بولغاندىلا ئاندىن مەخسۇس تېما بويىچە كۆزىتىشنى چوڭقۇر ئېلىپ بارغىلى ، ئىلگىرىكى ئاشۇ سىستېمىسىز كۆزىتىشلەر ئىچىدىن يازماقچى بولغان ئەسەرگە زۆرۈر ماتېرىياللارنى ، تەپسىلاتلارنى ، مۇھىم ، ئىنچىكە ھالقىلارنى تاللىۋالغىلى بولىدۇ . ئادەتتە ساۋاقداشلار گۈل - گىياھ ، مەكتەپ ، ئانا ، باھار ، قار ، پۇل ،قۇرت - قوڭغۇز ... دېگەنگە ئوخشاش شەيئىلەرنى دائىم كۆرۈپ تۇرسىمۇ ئادەتتىكى كۆزىتىشكە ، يەنى شۇ شەيئىلەرنىڭ ماھىيەتلىك ، ئىنچىكە ، مۇھىم ھالقىلىرىنى ئىگىلەشكە ئەھمىيەت بەرمىگەچكە بۇلار ھەققىدە بىر پارچە ئەسەر يېزىشقا كىرىشكەندە ھەمىشە بىر ئاز گاڭگىراپ قالىدۇ ياكى ياخشى يازالمايدۇ . مانا بۇ ئادەتتىكى كۆزىتىشنىڭ يېتەرلىك بولمىغانلىقىدىن بولسا يەنە بىر تەرەپتىن مەخسۇس تېما بويىچە كۆزىتىشتە كونكرېتنى يېتەكلەشنىڭ ئەتراپلىق ، كونكرېتنى بولمىغانلىقىدىن بولىدۇ .

خۇلاسە قىلغاندا كۆزىتىش ۋە ئويلىنىش جەريانى تۇرمۇشتىكى خام ماتېرىياللار ئارىسىدىن يازماقچى بولغان ئەسەرگە زۆرۈر ماتېرىياللارنى تاللاش جەريانى بولۇپ ، ماتېرىيال تاللاشقا تۆۋەندىكىدەك تەلەپلەر قويۇلىدۇ .

① ماتېرىيال چوقۇم مەركىزىي ئىدىيىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن تاللىنىشى كېرەك . بىر پارچە ماقالە - ئەسەردە پەقەت بىرلا مەركىزىي ئىدىيە ( باش تېما ياكى مەركىزىي نۇقتىئىنەزەر ) بولىدۇ . شۇ مەركىزىي ئىدىيىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن بىر ياكى بىر نەچچە تېما ( ماتېرىيال ) تاللىنىپ ئەنە شۇ باش تېما يورۇتۇپ بېرىلىدۇ . مەسىلەن ، سىز « مېنىڭ ئانام » ، « پۇل ھەممىگە قادىرمۇ ؟ » دېگەنگە ئوخشاش ماۋزۇ ئاستىدا بايان ياكى مۇھاكىمە ماقالىسى يازماقچى بولسىڭىز شۇ ماقالىدە ئالغا سۈرمەكچى بولغان پىكىر مەركىزىي ئىدىيە بولىدۇ . سىز بۇ ماقالىلەردە ئالغا سۈرمەكچى بولغان پىكىرنى بىۋاستە ئوتتۇرىغا قويماي ، بەلكى ئا-

نىڭىزنىڭ ھاياتىدىكى تۈرلۈك ـ تۈمەن ئىشلىرىدىن سىزگە ئەڭ تەسىر
قىلغان . ئانىڭىزنىڭ ئەخلاقىي ـ پەزىلىتى ، ئىقتىسادچانلىقى ، تەلەپچان-
لىقى ، كۆيۈمچانلىقى جاپاكەشلىكىگە ئائىت ئىش ـ ۋەقەلەردىن ئۇنىڭ بۇ
خىل خاراكتېرىنى ئەڭ ياخشى جانلىق ، تەسىرلىك يورۇتۇپ بېرەلەيدى-
غان بىر ياكى بىرنەچچە ئىش ـ ۋەقەنى تاللىۋالىسىز . سىز كۈندە كۆرۈپ
تۇرغان پۇل ھەققىدە مەلۇم بىر ئىدىيىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن ، بۇ
ئىدىيىنى قايىل قىلارلىق داۋلى ، ئەتراپلىق پاكىتلار بىلەن يورۇتۇپ بې-
رىشكە توغرا كېلىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن سىز پۇلنىڭ بارلىققا كېلىش
مەقسىتى ، جەمئىيەت تەرەققىيات تارىخىدىكى ، بۈگۈنكى كۈندىكى رو-
لى ، پۇل بىلەن ئەخلاق ـ پەزىلەت ، تۆھپە قوشۇش ، پىداكارلىقنىڭ
مۇناسىۋىتى ، جەمئىيەتتىكى ئوخشاش بولمىغان كىشىلەرنىڭ پۇلغا تۇت-
قان پوزىتسىيىسى ... قاتارلىقلار ھەققىدە ئويلىنىپ بۇ ماتېرىياللاردىن
قايسىنى نۇقتىلىق يېزىش ، قايسىنى قالدۇرۇۋېتىش ياكى ئىككىنچى ئو-
رۇنغا قويۇپ يېزىش مەسىلىسى ئۈستىدە باش قاتۇرىسىز ، تاللاش ئېلىپ
بارىسىز . مانا بۇ باش تېمىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن ماتېرىيال تاللاش
بولىدۇ .

② ماتېرىيال تاللاشتا چوقۇم شۇ شەيئىنىڭ ئۆزىگە خاس
خاراكتېرى ، باشقا شەيئىلەردىن پەرقلىنىدىغان بەلگىلىرىنى چىڭ تۇ-
تۇش كېرەك . مەسىلەن ، سىز يازماقچى بولغان ئانىنىڭ ، ئۇ پائالىيەت
ئېلىپ بارغان ئورۇننىڭ ، ئۇ باشتىن كەچۈرگەن ۋەقە ـ ھادىسىنىڭ
باشقا نۇرغۇن ئانىلاردىن پەرقلىنىدىغان ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بو-
لىدۇ . بۇلارنى كۆڭۈل قويۇپ كۆزىتىپ ئۆزىگە خاس تەرەپلىرىنى ئەكس
ئەتتۈرۈشكە ئەھمىيەت بەرگەندىلا ئاندىن تاللىغان ماتېرىيالنىڭ ئۆزىگە
خاس ئالاھىدىلىكى چىڭ تۇتۇلغان بولىدۇ .

③ تاللىغان ماتېرىيال گەۋدىلىك ۋە ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە
بولۇشى ، يەنى « تامچە سۇدىن قۇياشنىڭ ئەكسىنى كۆرگىلى بولىدى-
غان » بولۇش لازىم . شۇنداق بولغاندىلا قىسمەنلىكنى ئومۇملۇقنىڭ ئور-
نىغا دەسسىتىشتىن ، بىتەرەپلىمە پىكىر قىلىشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ .

مەسىلەن ، يەنە يۇقىرىدىكى ئىككى پارچە ماقالىنى تىلغا ئالساق ــ ئانا-
ڭىزنىڭ گۈزەل ئەخلاقى ـ پەزىلىتى ، ئىقتىسادچانلىقى ، تەلەپچانلىقى ،
كۆيۈمچانلىقى ۋە جاپاكەشلىكى ئومۇملۇق ؛ ئۇنىڭ ئەكسىچە سىزنى بە-
زىدە ئورۇنسىز ئەيىبلەيدىغانلىقى ، چىچىلغاقلىقى ۋە باشقا تەرەپلىرى
قىسمەنلىك . كۆپ سانلىق ئادەملەرنىڭ هالال مېهنەت بىلەن پۇل تېپى-
شى ، ئىنسانپەرۋەرلىك ، ۋەتەنپەۋەرلىك ئېتىقادى بويىچە ياشىشى ئومۇم-
لۇق ؛ ئاز بىر قىسىم ئادەملەرنىڭ پۇلغا چوقۇنۇشى ، بارلىق ئىنسانىي پە-
زىلەتلەرنى پۇل ئۈچۈن قۇربان قىلىۋېتىشى قىسمەنلىك . سىز ماتېرىيال
تاللاشتا مانا مۇشۇ قىسمەنلىك بىلەن ئومۇملۇقنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى
بىر تەرەپ قىلسىڭىز تاللىغان ماتېرىيالىڭىز گەۋدىلىك بولىدۇ . ئانىڭىز-
نىڭ ئىقتىسادچانلىقىغا ئائىت ۋەقەدىن ئۇننى بىلسىڭىز شۇ ئون ۋەقەنىڭ
هەممىسىنى ئەمەس ، بەلكى ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ تەسىرلىك بىرىنى تال-
لىۋالسىڭىز بۇ تاللىغان ماتېرىيالىڭىز ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بولى-
دۇ .

خۇلاسە قىلغاندا ، ماتېرىيال تاللاشقا قويۇلىدىغان ئاساسلىق تە-
لەپلەر ــ ماتېرىيال باش تېمىنىڭ ئېهتىياجىغا ئاساسەن تاللانغان بو-
لۇش ، شەيئىلەرنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاهىدىلىكى چىڭ تۇتۇلغان بو-
لۇش ، گەۋدىلىك ۋە ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بولۇشتىن ئىبارەت .

2 ) تىزىس تۈزۈش ( يەنى تاللانغان ماتېرىيالنى رەتكە تۇرغۇ-
زۇۋېلىش ) :

تىزىس تۈزۈش ــ ماقالە ئەسەرلەرنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسىنى ئو-
رۇنلاشتۇرۇش مەسىلىسى بولۇپ ، كۆزىتىش ۋە ئويلىنىش ئارقىلىق باش
تېمىنىڭ ئېهتىياجىغا ئاساسەن تاللانغان ماتېرىياللارنىڭ قايسىنى ئالدىغا
ئېلىش ، قايسىنى ئوتتۇرىغا ، قايسىنى ئاخىرىغا ئېلىش ئارقىلىق ئوي -
پىكرنى سىستېمىلىق ئىپادىلەشكە شەرت هازىرلاش ئۈچۈن تىزىس ،
يەنى لايىهە تۈزۈش زۆرۈر . ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغاندا رەسمىي يې-
زىشقا كىرىشىشتىن ئىلگىرى كۆزىتىش ۋە ئويلىنىش ئارقىلىق كاللىدا
مۇقىملانغان پىكىر ـ ماتېرىياللارنى رەتكە تۇرغۇزۇپ ، تىزىس تۈزۈش

بىرلا ۋاقىتتا ئېلىپ بېرىلىدۇ. يەنى بىر تەرەپتىن كۆزىتىش ۋە ئويلىنىش ئارقىلىق يازماقچى بولغان ئەسەر ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈپ، مۇلاھىزە قىلىپ ماتېرىيال تاللىساق، يەنە بىر تەرەپتىن تېزىس تۈزىمىز. بۇ ئارقىلىق ماتېرىياللارنى ئۆزئارا قۇراشتۇرىمىز، رەتكە تۇرغۇزىمىز.

يېزىقچىلىق مەشىقىدە ئوقۇغۇچىلار يازغان ماقالە ـ ئەسەرلەرنىڭ سەھىپىسى بىر نەچچە بەتتىن ئاشمىغاچقا بۇ مەشىقلەرنىڭ ئابزاسلىرىمۇ كۆپ بولمايدۇ. شۇنداقتىمۇ رەسمىي يېزىشقا كىرىشىشتىن بۇرۇن تېزىس ياخشى تۈزۈلگەندىلا ئاندىن ئالدىنقى ئابزاس بىلەن كېيىنكى ئابزاسنىڭ مەنتىقىلىق باغلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرگىلى، بىر ئابزاستا بىر پىكىرنى تولۇق تۈگەتمەي تۇرۇپ، تېزىسنىڭ يەنە بىر ئابزاسىدا ئوتتۇرىغا قويۇلماقچى بولغان پىكىرنى سۆرەپ كىرىش ياكى ئالدىنقى ئابزاستا ئوتتۇرىغا قويۇلغان پىكىرنى تەكرارلاش، شۇنىڭدەك بىر قانچە ئابزاستا ئۆز تەرتىپىدە ئوتتۇرىغا قويۇلماقچى بولغان پىكىرنى بىر ئابزاسقا يىغىپ قويۇشتەك ئەھۋاللاردىن ساقلانغىلى بولىدۇ. مەسىلەن، «تىرىشچانلىق ۋە نەتىجە»، «سىركۆل»، «ئانا» دېگەن ماۋزۇلارنىڭ بىرىنچىسىدە مۇھاكىمە، ئىككىنچىسىدە چۈشەندۈرۈش، ئۈچىنچىسىدە بايان ماقالىسى ياكى لىرىك نەسىر يازماقچى بولسىڭىز، تېزىس ياخشى تۈزۈلمىسە، ماتېرىياللارنى قۇراشتۇرۇش، تەپەككۇرنى تەشكىللەش، رەتكە تۇرغۇزۇش ئىشى ياخشى بىر تەرەپ قىلىنمايلا ئالدىراپ يېزىشقا كىرىشىپ كېتىلسە، بۇ ماقالە ـ ئەسەرلەرنىڭ مەلۇم بىر ئابزاسىدا دائىم تۆۋەندىكىدەك پىكىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ.

① بەزىلەر ئىنسان ھاياتىنىڭ چەكلىك ئىكەنلىكىنى، ياشلىق دەۋرىنى قەدىرلەشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تونۇپ يېتىپ تىرىشىپ ئۆگىنىدۇ. بەزىلەر تىرىشمايدۇ. تارىختا نەزەر سالساق ئۇلۇغ ئالىملىرىمىز بىر كۈندىلا ئالىم بولغان ئەمەس، ئىزچىل ھالدا تىرىشىپ ئۆگەنگەن، ئىلىم تەھسىل قىلغان.

( بۇ ئابزاستا تىرىشىپ ئۆگىنىدىغانلار، تىرىشىپ ئۆگەنمەيدىغانلار، ئالىملارنىڭ تىرىشىپ ئۆگەنگەنلىكىدىن ئىبارەت ئۈچ پىكىر ئوت-

تۇرىغا قويۇلغان . لېكىن ، ھېچقايسى ئوي ــ پىكىر تولۇق ، قايىل قىلار-لىق يېزىلمىغان . ئىككى ياكى ئۈچ ئابزاستا ھەقدادىغا يەتكۈزۈپ ئوتتۇ-رىغا قويۇشقا تېگىشلىك ئۈچ پىكىر بىر ئابزاسقىلا يىغىپ قويۇلغان . )

② سىركۆل ـــ ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ، پەن ـ تەتقىقات ئىشلىرىدا كۆپ قوللىنىلىدىغان ئۆلچەش ـ سىزىش ئەسۋابى بولۇپ ئۇنىڭ ياغاچ سىركۆل ، شتانكىلىق سىركۆل ، تۆمۈر سىركۆل دېگەندەك تۈرلىرى بار .

( بۇ ئابزاستا « سىركۆل » دېگەن ئوقۇمنىڭ مېغىزى ۋە ھەجىمىگە ماس كېلىدىغان تەبىر تولۇق ئوتتۇرىغا قويۇلماي تۇرۇپلا سىركول-نىڭ تۈرلىرىگە ئۆتۈپ كېتىلگەن . )

③ ئېيە ئانا ! سەن مېنى قاتارغا قوشقىچە قانچىلىك جاپالارنى چەكتىڭ ــ ھە ! مەن سېنىڭ ئۈمىدىڭنى چوقۇم ئاقلايمەن ، تىرىشىپ ئۆگىنىمەن .

بىزنىڭ ئائىلىمىز نامرات بولسىمۇ سەن ھەردائىم تىرىشىپ ــ تىرمىشىپ ، قولۇڭنى كۆسەي ، چېچىڭنى سۈپۈرگە قىلىپ جاپالىق ئىش-لەپ مېنى قاتارغا قوشتۇڭ . ھاياتنىڭ خوشلۇقىنى ، تۇرمۇشنىڭ راھىتىنى كۆرمىدىڭ ، ئېيە سۆيۈملۈك ، قەدىردان ئانا ، مەن ھازىر ئىلىم ـ پەن بى-لىملىرىنى قېتىرقىنىپ ئۆگىنىۋاتىمەن ، سېنىڭ ئۈمىدىڭنى ئاقلاۋاتىمەن .

( بۇ ئىككى ئابزاسنىڭ بىرىنچىسىدە ئانىنىڭ جاپاكەش ، پىداكار روھى مەدھىيىلەنمەكچى بولغانۇ ئالدىراپلا « مەن » گە ئۆتۈپ كېتىلگەن . كېيىنكى ئابزاستا ئالدىنقى ئابزاستا چالا قالغان پىكىر ئوتتۇرىغا قويۇل-غان . )

ئەمدى ماقالىنىڭ باش تېمىسى ئېنىق بولماي ھەمدە تىزىس تۇ-زۇش باسقۇچىدىن ئۆتمەي تۇرۇپ ، خىيالىغا نېمە كەلسە شۇنى قارا ـ قويۇق يازىۋەرگەن « پۇل ھەممىگە قادىر ئەمەس » دېگەن ماۋزۇ ئاستى-دىكى مۇنۇ « ماقالە » نى كۆرۈپ باقايلى :

پۇل كىشىلىك تۇرمۇشتا بولسىمۇ بولىدىغان ، بولمىسىمۇ بولىدى-غان نەرسىدۇر . ئەمما ، پۇلسىز تۇرمۇش مەنىلىك بولمايدۇ . لېكىن ، بۇ-نىڭلىق بىلەن پۇلنى ھەممىدىن ئۈستۈن كۆرۈپ ئۇنىڭغا چوقۇنۇپ پۇل

ھەممە ئىشنى ھەل قىلىدۇ . پۇلى بارنىڭ گېپى ئوڭ ، پۇلى يوقنىڭ گېپى تولۇق دېگەندەك خاتا قاراشلارنى قوللايدىغان كىشىلەرمۇ ئارىمىزدا يوق ئەمەس .

توغرا كۆندىلىك تۇرمۇشتا پۇل بولمىسا بولمايدۇ . ئەمما ، نۇرغۇن كىشىلەر پۇلنى دەپ ئۆزىنى ئۆزى خار قىلىۋاتىدۇ ۋە جىنايەت يولىغا مېڭىۋاتىدۇ . چوڭقۇر ھاڭغا سەكرەۋاتىدۇ .

ئەقەللىيسى ھازىرقى جەمئىيىتىمىزدىكى نۇرغۇن ياشلار پۇلنى دەپ زەھەرلىك چېكىملىك ، ئەتكەسچىلىك قاتارلىق جىنايەت ـ قىلمىشلارنى سادىر قىلماقتا . يەنە بەزىلىرى ، ئوغرىلىق ، ئالدامچىلىق ، ساختىپەزلىك ۋە بۇلاڭچىلىق ھەتتا پاھىشىۋازلىق قىلىپ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى ئۆرپ ـ ئادەتلىرىگە ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ نام ـ شۆھرىتىگە داغ يەتكۈزۈۋاتىدۇ . ئويلاپ بېقىڭلارچۇ ، مۇشۇنداق قىلمىشلار بىلەن مىللىتىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى ئۆرپ ـ ئادىتى ، مەدەنىيىتىگە داغ چۈشۈرسە بۇنىڭغا قانداقمۇ چىدىغىلى بولسۇن . ئادەمنىڭ ۋىجدانى چىدامدۇ بۇنىڭغا زادى ؟

يەنە نۇرغۇن ئادەملەر بالىلار يېمەكلىكى ، ئىچىملىك ۋە باشقا ئىستېمال بۇيۇملىرىنى ساختا ئىشلەپ چىقىرىپ ، سوپىتىگە تەسىر يەتكۈزۈپ ، ياش ـ ئۆسمۈرلەر ۋە بالىلارنىڭ خەلقنىڭ ساغلام ئۆسۈپ ـ يېتىلىشىگە تەسىر كۆرسىتىۋاتىدۇ .

بۇنداق ئادەملەر پەقەت پۇلنىلا ئويلايدۇ . خەلقنىڭ نېمە بولۇشى ۋە ئۇلارنىڭ سالامەتلىكى بىلەن كارى بولمايدۇ .

توغرا ـ ئادەمدە پۇل بولمىسا ئۆزىنىڭ ماددىي تۇرمۇشىنى قامدىيالمايدۇ . لېكىن ، پۇلنىڭ ئادەمنى مەنىۋى ، روھىي جەھەتتىن ھەرقانداق خاتا يولغا باشلايدىغانلىقى ، پۇلنىڭ ئاخىرىدا ئۆزلىرىنى ھالاك قىلىدىغانلىقىنى ھەممىلا ئادەم تونۇپ يەتكەن بولسا جەمئىيەتتە بۇنداق قالايمىقانچىلىق ، ئوغرىلىق ۋە قاتىللىق قاتارلىق جىنايەتلەر سادىر بولمىغان بولاتتى . ھەممىلا ئادەمنىڭ ئىدىيىسى ئوخشاش بولمىغاندەك ، ئادەملەرنىڭ پۇلغا بولغان تونۇشى ۋە كۆز قارىشى ئوخشاش بولمايدۇ . ئۇنداقتا

خەلقلەردىكى بۇنداق خاتا قاراشلارنى تۈگىتىپ جەمئىيەتنى مۇقىم قىلىش ئۈچۈن قانداق قىلىش كېرەك ، بۇ پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ئورتاق كۆڭۈل بۆلىدىغان مۇھىم مەسىلە .

مەن ئويلايمەنكى ، پۇلى بار ئادەمنى ماددىي جەھەتتىن باي دېگىلى بولىدۇ ، ئەمما مەنىۋى جەھەتتىكى بايلىقتا ، بىلىملىككە سىلىشتۇرغاندا ئۇنداق ماددىي جەھەتتىكى بايلىقلار بىر پۇڭغا ئەرزىمەيدۇ .

مەن بىلىملىك ، ئىقتىدارلىق كىشىلەرنى ھەرۋاقىت ئەڭ باي ئادەم دەپ بىلىمەن ھەم ئۆزۈممۇ شۇنداقلاردىن بولۇشقا ، مەنىۋى جەھەتتىن ، ئىلىم ـ پەن جەھەتتىن مەدەنىيەتلىك بايلاردىن بولۇشقا تىرىشىمەن .

پۇل ھەممىگە قادىر ئەمەس ، بىلىمنى پۇل بىلەن سېتىۋالغىلى بولمايدۇ . ئەمما ، بەزى كىشىلەر پۇلنى دەپ بىلىمنى ، ھوقۇقنى پۇلغا ساتماقتا ، نۇرغۇن ئىختىساس ئىگىلىرىنى پۇل ۋەيران قىلىۋەتتى . ھەتتا ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانلىرىدىمۇ چاقىرىقنى پۇلغا سېتىۋالىدىغان ئىشلار تېخىمۇ كۆپىيىپ كەتتى . مەن شۇنداقلارنىڭ يوقىلىپ ھەممىلا ئىشنى پۇل بىلەن ئەمەس ، بەلكى بىلىملىكلىكى ۋە ئىقتىدارلىقلىقى بىلەن ھەل قىلالايدىغان بولۇشىنى نەقەدەر ئارزۇ قىلىمەن ـ ھە .

1998 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى .

بۇ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ئوقۇش ھاياتىنى تاماملاش ئالدىدا تۇرغان بىر ئوقۇغۇچىنىڭ يازمىسى . بۇ « ماقالە » نىڭ ماۋزۇسى بولساتولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئەدەبىيات خۇلاسە ئىمتىھانىدا يازدۇرۇلغان ماقالىلەرنىڭ ماۋزۇسى ئىچىدىن تاللانغان .

بۇنداق يازمىلارنىڭ تاپشۇرۇق دەپتەرلەردە تولا ئۇچراپ تۇرۇشىدىكى كۆپ تەرەپلىمە سەۋەبلەر ئۈستىدە توختالساق پىكىر تولىمۇ ئۇزىراپ كېتىدۇ . ئۆز گېپىمىزگە كەلسەك ، يۇقىرىقى مىساللاردىن شۇنى كۆرۈشكە بولىدۇكى ، ماقالە يېزىشتىن ئىلگىرى شۇ ماقالىغا كېرەكلىك ماتېرىياللارنى ئەستايىدىل تاللاش ، ماقالىنىڭ لايىھىسىنى ، يەنى تىزىسنى ياخشى تۈزۈش ، ماقالىنىڭ مەنتىقىلىق قۇرۇلمىسى ، پىكىر تەرتىپى ئۈستىدە چوڭقۇر ئويلىنىش تولىمۇ زۆرۈر . ئۆز نۆۋىتىدە تەكىتلەپ ئۆتۈش

كېرەككى ماقالىنىڭ ئومۇمىي لايىھىسى، يەنى تېزىسى تۈزۈلۈشتىن ئىلگىرى شۇ ماقالىدە ئىلگىرى سۈرۈلمەكچى بولغان تۈپكى ئىدىيە چوقۇم ئېنىق بولۇشى كېرەك. تېزىس مانا مۇشۇ قوماندان ئاساسىدا تۈزۈلىدۇ. تېزىس تۈزۈلۈپ بولۇنغاندىن كېيىن ئۇنىڭ مۇۋاپىق بولغان - بولمىغانلىقى ھەققىدە ئەستايىدىل ئويلىنىپ، تېزىسنى يەنە ئۆزگەرتىشكە تېگىشلىك جايلىرى بولسا ئۆزگەرتىپ، ئوبدان كۆڭۈل توختىتىپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن يېزىشقا كىرىشىش كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندىلا ماقالىنى يېزىپ يېرىم يولغا كەلگەندە تېزىستىن چەتلەپ كېتىدىغان ياكى تېزىسنى ئۆزگەرتىش زۆرۈر ئىكەنلىكىنى كېچىكىپ ھېس قىلىدىغان ئىشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ.

تېزىسنى ئوخشاش بولمىغان ئەھۋالغا ئاساسەن تەپسىلىي ياكى ئىخچام قىلىپ تۈزۈشكە بولىدۇ. تۆۋەندە ئالتە پارچە ماقالە ئۈستىدە ئىخچام قىلىپ تۈزۈلگەن تېزىسنى كۆرۈپ باقايلى:

## تىرىشچانلىق ۋە نەتىجە

### (مۇھاكىمە ماقالىسى)

بىرىنچى ئابزاس: ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىكى بارلىق كەشپىيات ۋە ئىجادىيەتلەرقانداق بارلىققا كەلگەن؟

ئىككىنچى ئابزاس: تىرىشچانلىقنىڭ نەتىجىنىڭ ئاساسى ئىكەنلىكى توغرىسىدا مەشھۇر ئالىملار، كەشپىياتچىلار نېمە دېگەن؟ بۇ ھەقتىكى مۇلاھىزە.

ئۈچىنچى ئابزاس: ھايات مۇساپىسىدە تىرىشىدىغانلار، بۇنىڭ سەۋەبى، نەتىجىسى. تىرىشمايدىغانلار، بۇنىڭ سەۋەبى ۋە نەتىجىسى.

تۆتىنچى ئابزاس: ئىنساننىڭ ھەقىقىي قىممىتى نېمە؟

بەشىنچى ئابزاس: ئاخىرقى خۇلاسە.

## پۇل ھەممىگە قادىرمۇ

( مۇھاكىمە ماقالىسى )

بىرىنچى ئابزاس : پۇل نېمە مەقسەتتە ۋۇجۇدقا كەلگەن ؟ ئۇنىڭ جەمئىيەت تەرەققىيات تارىخىدا قانداق رولى بار ؟

ئىككىنچى ئابزاس : بۇگۈنكى كۈندە ئادەمدە پۇل بولمىسا بولامدۇ ؟ نېمە ئۈچۈن ؟

ئۈچىنچى ئابزاس : پۇل ئىنسانىنىڭ ھاياتىدىكى مەقسەتمۇ ياكى ۋاستىمۇ ؟ نېمە ئۈچۈن ؟

تۆتىنچى ئابزاس : پۇلنى بىردىنبىر مەقسەت قىلىپ ياشاش يولىنى تۇتقانلار ، پۇلنى ئۆزىنىڭ ئىنسانىيلىق بۇرچىنى ئادا قىلىش ، تۆھپە قوشۇش يولىدا ئىشلەتكەنلەر .

بۇ ئىككى خىل ئادەملەرنىڭ قىممىتى .

بەشىنچى ئابزاس : پۇلغا نېمىلەرنى سېتىۋالغىلى بولىدۇ ؟ نېمىلەرنى سېتىۋالغىلى بولمايدۇ ؟

ئالتىنچى ئابزاس : ئاخىرقى خۇلاسە ( يەكۈن ) .

## سىركۇل

چۈشەندۈرۈش ماقالىسى

بىرىنچى ئابزاس : سىركۇل قانداق نەرسە ؟ نېمە مەقسەتتە كەشىپ قىلىنغان ؟

ئىككىنچى ئابزاس : سىركۇل تۈزۈلۈشىنىڭ ، ئىشلىتىش ئورنىنىڭ ، ماتېرىيالىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن قانداق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ ؟

ئۈچىنچى ئابزاس : بۇ سەھىپىدە چۈشەندۈرۈلمەكچى بولغان

سىر كۆلنىڭ تۈزۈلۈشى . بۇ سىر كۆلنى ئىشلىتىش ئۇسۇلى ، دائىرىسى .
تۆتىنچى ئابزاس : خۇلاسە .

## مېنىڭ مەكتىپىم

(چۈشەندۈرۈش ماقالىسى )

بىرىنچى ئابزاس : مەكتەپ جايلاشقان ئورۇن . قىسقىچە تارىخى ، خاراكتېرى .
ئىككىنچى ئابزاس : مەكتەپنىڭ ئىچكى جايلىشىش سىستېمىسى ، ئوقۇتۇش سىستېمىسى .
ئۈچىنچى ئابزاس : ئوقۇغۇچىلارنىڭ بۇ مەكتەپتە ئۆتكەن مەنىلىك ھاياتى .

## مېنىڭ ئانام

( بايان ماقالىسى )

بىرىنچى : ئانىنىڭ چىرايى ، تۇرقى ، يېشى ، كەسپى .
ئىككىنچى : ئانىنىڭ ئائىلىدىكى ئەڭ تەسىرلىك بىر ئىشى .
ئۈچىنچى : ئانىنىڭ ئۆز كەسپىدىكى بىر ئىشى .
تۆتىنچى : « مەن » نىڭ ئانىسىغا بولغان ھۆرمىتى .

## ئالتۇن كۈز

( لىرىك نەسىر)

بىرىنچى : ئالتۇن كۈزنىڭ ئالاھىدىلىكى تەسۋىرلىنىدىغان ئورۇن ياكى دائىرىدىكى دەل ـ دەرەخ ، ئۇچار قۇش قاتارلىقلاردا بولىدىغان ئۆزگىرىشلەر .
ئىككىنچى : ئالتۇن كۈزدە تەبىئەت دۇنياسى ئادەملەرگە ئاتا قى-

لىدىغان نىمەتلەر .
ئۈچىنچى : ئالتۇن كۆزدە ئادەملەرنىڭ جۇملىدىن دېھقانلارنىڭ ئىش پائالىيەتلىرى .
تۆتىنچى : ئالتۇن كۆز پەسلىدە قايناق يېزا بازىرىدا بولىدىغان ئۆزگىرىشلەر .
بەشىنچى : « مەن » نىڭ بۇ ئۆزگىرىشلەرنى كۆرۈپ كۆزدىن ئالغان ئىلھامى ، لىرىك ھېسسىياتى نۇقتىلىق يېزىلىدۇ .
ئەمدى تەپسىلىيرەك قىلىپ تۈزۈلگەن تۆۋەندىكى تىزىسنى كۆ- رۈپ باقايلى :

## تىرىشچانلىق ۋە نەتىجە

### ( مۇھاكىمە ماقالىسى )

بۇ ماقالىنىڭ مەركىزىي نۇقتىئىنەزىرى : ئىنسانىيەت جەمئىيىتى- دىكى چوڭ ـ كىچىك ھەر قانداق نەتىجە ، كەشپىياتنىڭ جاپالىق ئەمـ گەك قىلىش ، ئىزدىنىش ، تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق ۋۇجۇدتقا كېلىدىغانلىقى ، ياشلار يېڭى ـ يېڭى نەتىجىلەرنى ، كەشپىياتلارنى يارـ تىش ، ۋەتەنگە تۆھپە قوشۇش ئۈچۈن بارلىقىنى جاپالىق ئىزدىنىشكە ، ئۆگىنىشكە ، تەتقىق قىلىشقا بېغىشلاشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تەكىتلەشتىن ئىبارەت .
ماقالىنىڭ ئومۇمىي قۇرۇلمىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى :
بىرىنچى ئابزاس : ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىكى بارلىق كەشپى- ياتلار ، ئىجادىيەتلەرنىڭ جاپالىق ئىزدىنىش ، تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق بارلىققا كەلگەنلىكى . مەسىلەن ، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىكى ئەڭ دەسلەپكى كەشپىيات تاش قوراللار ، دەسلەپكى يېزىقلار ، تۆت چوڭ كەشپىيات . دۇنيا « كەشپىيات پادىشاھى » دەپ نام ئالغان ئېدىسوننىڭ مىڭ خىلدىن ئاتۇق كەشپىياتى جاپالىق ئىزدىنىش ئارقىلىق بارلىققا كەلگەنلىكى . ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد قەشقەرى « تۈركىي تىللار دىۋانى »

نامىلىق بۈيۈك قامۇسنى يېزىش ئۈچۈن ئون بەش يىل جاپالىق ئىزدە-
نىش ، تەكشۈرۈش ، ماتېرىيال توپلاش ئېلىپ بارغانلىقى ...قاتارلىقلار
سۆزلىنىش ئارقىلىق بۇ ئابزاسنىڭ بېشىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان تارماق
نۇقتىئىنەزەر ئىسپاتلىنىپ كىچىك يەكۈن ( خۇلاسە ) چىقىرىلىدۇ .
ئىككىنچى ئابزاس : تىرىشچانلىقنىڭ نەتىجىنىڭ ئاساسى ئىكەن-
لىكى توغرىسىدا مەشھۇر ئالىملار ، كەشپىياتچىلارنىڭ ئېيتقان ئەقلىيە
سۆزلىرىدىن بىرنەچچىسى ئېلىنىپ مۇلاھىزە قىلىنىدۇ .
قىلغۇاتقان ئىشىڭنى سۆيۈشۈڭ كېرەك . ئەنە شۇ چاغدا
ئەمگەك — ھەتتا ئەڭ ئېغىر ئەمگەكمۇ — ئىجادقا ئايلىنىدۇ ( م . گور-
كىي )
ئىش بىزنى ئۈچ خىل ئىللەتتىن — زېرىكىشتىن ، قۇسۇر ، موھ-
تاجلىقتىن خالاس قىلىدۇ . ( ۋولتېر ) .
مەجبۇرىيىتىڭنى ئورۇنداشقا ھەرىكەت قىل ، شۇ چاغدا ئۆزۈڭ-
نىڭ كىملىكىنى بىلىسەن . ( ل . تولستوي ) .
تىرىشچانلىق دۆتلۈكنىڭ ئورنىنى تولدۇرىدۇ ، قانچىلىك تىرىش-
ساڭ شۇنچىلىك ئەقىل - پاراسەتكە ئېرىشىسەن . ( خۇالوگېڭ )
بۇ ئەقلىيە سۆزلەر مۇلاھىزە قىلىنىش ئاساسىدا بۇ ئابزاستىن
كىچىك يەكۈن چىقىرىلىدۇ .
ئۈچىنچى ئابزاس : ھايات مۇساپىسىدە تىرىشىدىغانلار ، بۇلارنىڭ
ئىدىيىۋى روھى كەيپىياتلىرى ، نەتىجىسى ، تىرىشمايدىغانلار . ئۇلارنىڭ
ئىدىيىۋى روھى ھالەتلىرى ، نەتىجىسى بۇ ئابزاستا رېئال تۇرمۇشتىكى بۇ
ئىككى خىل ئەھۋال ، ئىككى خىل ئادەملەر پاكىت قىلىنىپ مۇلاھىزە ئې-
لىپ بېرىلىدۇ .
تۆتىنچى ئابزاس : ئىنسان چەكلىك ھاياتىنى چەكسىز قىممەتكە
ئىگە قىلىش ئۈچۈن تۇرمۇشنى سۆيۈش ، بۇ ھاياتلىق ئالىمى ئۈچۈن
قۇدرىتىنىڭ يېتىشچە تۆھپە قوشۇشنىڭ زۆرۈرىيىتى سۆزلىنىدۇ .
بەشىنچى ئابزاس : يۇقىرىقى بەش ئابزاستىكى تارماق نۇقتئىنە-
زەرلەرنى بىرلەشتۈرگەن ئاساستا ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئۆز كەسپىدە نە-

نىجە يارىتىش ـ يارىتالماسلىقى، ئىنسانلىق قىممىتى، تەقدىرى ئۆز قولىدا ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت يەكۈن ئارقىلىق خۇلاسە چىقىرىلىدۇ.

ماقالىنىڭ تېزىسى بۇ خىل شەكىلدە تەپسىلىيرەك تۈزۈلسە، يېزىش باسقۇچىدا قىينالماي، راۋان يېزىشقا زور پايدىسى بار.

يۇقىرىقىلار يېزىقچىلىق مەشقى ۋاقتىدا، ئوقۇغۇچىلار رەسمىي يېزىشنى باشلاشتىن بۇرۇن تاللىغان ماتېرىيالى ئاساسىدا تۈزۈۋالىدىغان تېزىس شەكىللىرى بولۇپ، بۇ ھەرگىزمۇ ھەرقانداق ماقالە ـ ئەسەرنىڭ تېزىسى مۇشۇ شەكىلدىكى رامكا بويىچىلا تۈزۈلۈشى كېرەك، دېگەنلىك ئەمەس. ئوخشاش بىر باش تېما ئەكس ئەتتۈرۈلىدىغان بىر پارچە ماقالىنى ئەللىك ئوقۇغۇچى يازسا ئەللىك خىل شەكىلدە تېزىس تۈزۈشى مۇمكىن. شۇنىڭدەك بۇ خىل ئۇسۇل مەلۇم ماھارەت يېتىلدۈرگەنلەرگە ئارتۇقچە بىلىنىشى، ئۇلارنىڭ تەپەككۇرىنى، ئەركىن قەلەم تەۋرىتىشىنى مەلۇم دەرىجىدە چەكلەپ قويۇشىمۇ مۇمكىن. لېكىن، ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا ماقالە يېزىشتىن ئىلگىرى تېزىسنى كۆڭۈل قويۇپ تۈزۈۋېلىش خۇددى بىر بىنا سېلىشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭ خەرىتىسىنى سىزىپ چىققانغا ئوخشاش مۇھىم بىر باسقۇچتۇر.

يېزىقچىلىق ماھارىتى تۆۋەن ئوقۇغۇچىلار تېزىسنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە سەل تەپسىلىيرەك قىلىپ تۈزۈۋېلىشى، ماقالىنىڭ ھەربىر ئابزاستىكى ھالقىلىق سۆز ـ جۈملىلەرگە قەدەر تەپسىلىي يېزىۋېلىپ ئاندىن شۇ ئاساستا يېزىشقا كىرىشسە ھېلىقى « پۇل ھەممىگە قادىر ئەمەس » دېگەنگە ئوخشاش پەلىپەتىش يازمىلارنى يېزىشتىن ساقلىنالايدۇ. بىر قەدەر سىستېمىلىق ھەم مەنتىقىلىق پىكىر قىلالايدۇ.

### يېزىش

يېزىقچىلىق مەشقلىرىدە ماتېرىيال گەۋدىلىك ۋە ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە قىلىپ تاللىنىپ، تېزىس تۈزۈلۈپ بولۇنغاندىن كېيىنكى ئىككىنچى باسقۇچ يېزىش باسقۇچىدىن ئىبارەت.

يېزىش تىلنىڭ مەنتىقىلىقىغا، ئوبرازلىقلىقىغا ئىشلەش ۋە تەپەككۇرنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت ئىككى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

يېزىش جەريانىدا بۇ ئىككى تەرەپ بىرلا ۋاقىتتا ئېلىپ بېرىلىدۇ . تەپسى-لىي چۈشەندۇرۇش زۆرۈرىيىتىدىن بۇ ئىككى تەرەپ توغرىسىدا ئايرىم - ئايرىم توختىلىپ ئۆتىمىز .

1 ) تىلغا ئىشلەش

ھەممىمىزگە مەلۇمكى ئەدەبىيات ــ تىل سەنئىتى . مەيلى ئەدەبىي ئەسەرلەر بولسۇن ، مەيلى بەدىئىي ئەسەرلەر بولسۇن تىلنىڭ ئوبرازلىق ، جانلىق ، قىزىقارلىق ، مەنتىقلىق بولۇشىغا چەكلىمە قويۇلمايدۇ . بۇ يەر-دىكى تەلەپ ھەر قانداق ئەسەرگە ئوخشاش . ماقالە ـ ئەسەرلەرنىڭ تى-لىنىڭ توغرا بولۇشى ۋە ئوبرازلىق بولۇشى سەنئەتنىڭ بىر تۈرى بولغان ئەدەبىياتنىڭ ئەقەللىي تەلىپى . گەرچە بىرىنچى باسقۇچتا ماتېرىيال ياخشى تاللىنىپ تىزىس تۈزۈلسىمۇ ، لېكىن بۇ باسقۇچتا ھەربىر ئابزاستا ئوتتۇرىغا قويۇلىدىغان سۆز ـ جۈملىلەرنى تەپسىلىي ۋە تولۇق ئويلىنىپ بولالمىغاچقا ، يېزىشقا كىرىشكەندە بۇ كونكرېت مەسىلىلەرنى ئوبدان ھەل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ . يەنى ھەربىر ئوي ـ پىكىر ، ھەر بىر ئوب-يېكتنى ئىپادىلەيدىغان ھەربىر سۆز ، ھەربىر جۈملىنى توغرا ئىپادى-لەش ، بىر ئۇقۇمنى ئىپادىلەيدىغان ئۇن سۆز ، بىر ئىش ـ ھەرىكەتنى ئىپادىلەيدىغان يۈز جۈملە ئىچىدىن ئەڭ مۇۋاپىق ، دەل كېلىدىغانلىرىنى تاللاشقا ئەھمىيەت بەرگەندىلا ئاندىن سۆز جۈملىلەرنىڭ توغرىلىقى ۋە مەنتىقلىق باغلىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ . بايان ياكى مۇھاكىمە قىلىنماقچى ، تەسۋىرلەنمەكچى ياكى چۈشەندۈرۈلمەكچى بولغان ھەربىر ئوي ـ پىكىر ، ھەربىر ئوبيېكت شۇ شارائىتتا ئۆزىگە كېرەكلىك بولغان زۆرۈر ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى ، ئىپادىلەش ۋاستىلىرى ئارقىلىق ئوبرازلاشتۇرۇلغاندا ئاندىن شۇ ماقالە ئەسەرنىڭ ئېستېتىك قىممىتى ۋە بەدىئىي قىممىتى بولىدۇ . مانا بۇ جەريان تىلغا ئىشلەش جەريانىدۇر .

ئوقۇغۇچىلارنىڭ تاپشۇرۇقىدىن تۆۋەندىكى مىساللارنى كۆرۈپ باقايلى :

① « ھۆكەر قىبلىگە ئېگىلسە يازغا تەۋە ، مۇدۇر قۇلاققا يەتسە تازغا تەۋە » دېگەندەك ، ھۆكەر يۇلتۇز نەچچە كۈندىن بېرى قىشتا تۇر-

غان ئورنىدىن قوزغىلىپ غەرب تەرەپكە سەل سۈرۈلۈۋىدى، يەر - زېمىن بىردىنلا ئىسسىپ كەتتى. قۇرت - قوڭغۇزلار ئۆچەكتىن چىقىشقا، ئېرىق - ئۆستەڭلەردىكى مۇزلار ئېرىپ ئەگىز سۈيى ئېقىشقا، كۆزگى بۇغداي مايسىلىرى قۇياشقا بېقىپ كۈلۈشكە باشلىدى. (« باھار » ناملىق لىرىك نەسىردىن).

②ئەنە يېڭى تاڭ، قەلبلەرگە يېڭى ئىستەكلەرنى بېغىشلىغۇچى نۇرانە سەھەر. سېنىڭ جامالىڭ سەبىي، ئوماق ۋە گۈزەل.

ئەنە، زېمىننى ئەڭ يېڭى ئەڭ گۈزەل تۇيغۇلارغا بۆلۈپ تاڭ يورۇدى. جىمجىت مەھەللە بىردىنلا جانلىنىپ كەتتى. ئانىلار ھويلا - ئاراملارنى سۈپۈرۈشكە، ئاتىلار كەتمىنىنى دولىسىغا سالغىنىچە يېڭى ئارمانىنى دىلىغا پۈكۈپ، ئېتىزغا يول ئېلىشقا باشلىدى. دېمەك، ھاياتلىقنىڭ يەنە بىر گۈزەل كۈنى باشلاندى.

(« سالام سەھەر » ناملىق لىرىك نەسىردىن)

③يەكشەنبىلىك ئۇيقۇنىڭ مېھرىدىن كېچىپ، سەھەردىلا مەكتەپكە يول ئالدىم. بىزنىڭ ئۆي مەكتەپكە خېلىلا يىراق بولسىمۇ، ئەتىگەننىڭ ساپ ھاۋاسىدىن ئەركىن نەپەس ئېلىپ، شېرىن خىياللار ئىلكىدە مۇساپەمنى بىردەمدىلا بېسىپ مەكتەپكە يېتىپ كەلدىم - دە، تەنتەربىيە مەيدانىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىكى تورنىك ئويناش مەيدانىغا كېلىپ، قوش تورنىك ھەرىكىتى ئىشلەشكە باشلىدىم. دەسلىپىدىلا ئۆزۈمنى ئوڭشىۋالماي تۇرۇپ خەتەرلىك ھەرىكەتتىن بىرنى ئىشلىدىم. تۇساتتىن قولۇم تورنىكتىن ئاجراپ قاتتىق يىقىلدىم.

(« مېنىڭ ساۋاقدىشىم » ناملىق بايان ماقالىسىدىن)

④پۇل - تاۋاردىن ئايرىلىپ، مۇقىم ھالدا بويۇم ئورنىنى ئىگىلىگەن ئومۇمىي تەڭ قىممەتلىك تاۋاردىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنى بارلىق تاۋارلار بىلەن بىۋاسىتە ئالماشتۇرغىلى بولىدۇ. ئۇ بايلىقنىڭ سىمۋولى بولۇپ، ئۆزىگە خاس بىر خىل سېھرىي كۈچكە ئىگە.

(« پۇل ھەممىگە قادىر ئەمەس » ناملىق مۇھاكىمە ماقالىسىنىڭ بىرىنچى ئابزاسىدىن)

مانا بۇ ئابزاسلاردا ئالاھىدە بەدىئىي ۋاستىلەر، قويۇق، زورمۇ-زور يېزىلغان تەسۋىرلەر بولمىسىمۇ تىل توغرا بولۇش، ئوبرازلىق بولۇش دېگەن تەلەپ يەنىلا ئورۇندالغان.

2) تەپەككۇرنى (ئوي ـ پىكىرنى) چوڭقۇرلاشتۇرۇش:

باش تېمىنى ئېچىپ بېرىشكە بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بىر ئوي ـ پىكىرنى ئىپادىلەش جەريانىدا بۇ ئوي ـ پىكىر ئۆزىنىڭ يۆنىلىشى بويىچە كىتابخانلارنى قايىل قىلغۇدەك دەرىجىدە تولۇق ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ بولۇپ ئاندىن يەنە بىر ئابزاسقا ئۆتۈش، كېيىنكى ئابزاستا ئوتتۇرىغا قويۇلغان پىكىر ئارقىلىق، ئالدىنقى ئابزاستا ئوتتۇرىغا قويۇلغان پىكىرنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈش، شۇ ئارقىلىق ھەربىر ئابزاستىكى جۈملە بىلەن جۈملىنىڭ، شۇنىڭدەك ئابزاسلار بىلەن ئابزاسلارنىڭ ئىچكى ئىنرتسىيىلىك كۈچىنى ئىشقا ئاشۇرۇش جەريانى تەپەككۇرنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش مەسىلىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

مىسال ئۈچۈن ئوقۇغۇچىلار تاپشۇرۇقىدىن تۆۋەندىكى ئابزاسلارنى كۆرۈپ باقايلى:

كۆپ سانلىق ساۋاقداشلار ئىنسان ھاياتىنىڭ چەكلىك ئىكەنلىكىنى، ياشلىق باھارىنى قەدىرلەشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تونۇپ يېتىپ تىرىشىپ ئۆگىنىدۇ. ئۇلاردا ئېتىقاد ۋە غايە بار. ئۇلاردا بوگۈن جاپاغا چىداپ ئۆگىنىش، ئەتە ئەجداد مېھنەتلىرى ئارقىلىق ۋەتەنگە تۆھپە قوشۇش روھى بار. ئۇلار بوگۈن بىر كىشىلىك جانىنى بېقىپ، ئەتە بىر ئائىلىنىڭ تۇرمۇشىنى قامداپ، بىر ئاز بايلىق توپلاپ، ئەلگە ھېچقانداق نەپ يەتكۈزمەي بۇ دۇنيادىن ئۆتۈشنىڭ ھەقىقىي ئىنساننىڭ ياشاش مەنتىقىسى ئەمەسلىكىنى، ئىلىم ـ پەن ئۈچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان بوگۈنكى دۇنيادا قانداق ياشاش لازىملىقىنى بىلىدۇ. گەرچە ئۇلار ئۇلۇغ شوئارلارنى توۋلاپ، ئۆز غايىسىنى جاكارلاپ يۈرمىسىمۇ، كۈندىلىك ئىش ھەرىكىتىدە نامايان قىلىدۇ، ھەربىر قەدىمىدە ئۇنى نىشان قىلىدۇ. شۇ ئارقىلىق كەلگۈسىدىكى پارلاق ھاياتى ئۈچۈن بوگۈن ئۇل سالىدۇ. مانا مۇشۇنداق ئوتلۇق ئارزۇ ـ تىلەكلەر ۋۇجۇدىغا سىڭگەن ساۋاقداشلار

كەلگۈسى [illegible]ـوجايىنلىرىدىن بولالايدۇ. ئۆز نەتىجىلىرى، كەشپىيات، ئىجادىيەتلىرى ئارقىلىق چەكلىك ھاياتىنى چەكسىز قىممەتكە ئىگە قىلالايدۇ.

دېمەك، ئەتىكى نەتىجىنىڭ ئاساسى بۈگۈنكى تىرىشچانلىقتا، شۇ نەتىجە ئۈچۈن مېھنەت سىڭدۈرۈشتە.

(«تىرىشچانلىق ۋە نەتىجە» ناملىق مۇھاكىمە ماقالىسىنىڭ بۇ بىر ئابزاسىدا تىرىشىپ ئۆگىنىدىغان كۆپ سانلىق ئوقۇغۇچىلار توغرىسىدا توختىلىپ، بۇ كۆپ سانلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ روھىي دۇنياسى خېلى ئەتراپلىق ئوپېراتسىيە قىلىنغان، ئەگەر ئۇنداق بولماي بۇ ئاساسىي ئېقىم ھەققىدە چالا - بۇلا توختىلىپ، قوشۇمچە ئېقىم بولغان تىرىشىپ ئۆگەنمەيدىغانلار ھەققىدىكى پىكىرگە ئۆتۈپ كېتىلگەن بولسا، بۇ ئابزاستىكى تەپەككۇر چوڭقۇرلاشمىغان بولاتتى.)

② مەن ھېيتلىق پۇللىرىمنى قايتا سانىغاچ خىيال سۈرۈشكە باشلىدىم: «جەمئىي بىر يۈز ئون يۈەن بوپتۇ. ئۇرۇق - تۇغقانلارنىڭ كۆپ بولۇشى، دادامنىڭ مەرتىۋىسى مۇشۇنداق ھېيتتا ماڭا تازا ئەسقاتىدۇ - دە، ئەتە دەم ئېلىش كۈنى بولغاندىكىن ھېلىقى ئېلېكترونلۇق ئويۇنچۇقخانىغا بېرىپ پۇخادىن چىققۇچە بىر ئوينىۋالاي ... ئۆگۈنلۈككە ... ھە راست ئۆگۈنلۈككە ئالگېبرا دەرسىدىن چارەكلىك ئىمتىھان ئالىدۇ ... ئالسا ئالمامدۇ، ئىمتىھان دېگەن ئۆلگۈچە تۈگىمەيدۇ، قولغا پۇل كىرگەندە تازا بىر ئوينىۋالمىساڭ قانداق بولىدۇ ...» شۇ ئارىدا ئانام كىرىپ كەلدى ۋە قولۇمدىكى پۇلغا قاراپ سورىدى:

— بۇ پۇلنى نېمىگە ئىشلەتمەكچى بولۇۋاتىسەن بالام؟

— كىتاب، ماتېرىيال سېتىۋالىمەن، — دېدىم مەن.

— ياخشى ئويلاپسەن بالام، پۇلنى ھەرگىز بۇزۇپ چاچما، پوجاڭزا ئالىدىغان، ئېلېكترونلۇق ئويۇنچۇقخانىلارغا كىرىدىغان ئىشنى ئەمدى قىلما. سېتىۋالغان ماتېرىياللىرىڭنى مەن كۆرىمەن جۇمۇ.

«ئىمتىھان ئالدىدا» دېگەن بايان ماقالىسىدىن ئېلىنغان بۇ بىر ئابزاستا «مەن» نىڭ ھېيتلىق پۇللىرىنى ساناپ ئولتۇرۇپ قىلغان خى-

ياللىرى يېزىلماي تۇرۇپ، ئانىسى ئىشكتىن كىرگەن ۋە ئاشۇ گەپلەرنى قىلمىغان بولسا تەپەككۇر چوڭقۇرلاشمىغان بولاتتى.

تەپەككۇرنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش مەسىلىسى ماقالە ــ ئەسەرلەرنىڭ يالغۇز بىر ئابزاسىغىلا قارىتىلغان ئەمەس، ئۇ پۈتۈن بىر يازمىنىڭ ئابزاسلىرى ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشقىمۇ قارىتىلغان. شۇڭا، بۇ ماھارەتنى ئىگىلىگەندىلا ئاندىن ئابزاس، قاتلام، ئۆتۈش، ماسلىشىش، باشلاش، ئاخىرلاشتۇرۇش قاتارلىقلار ھەققىدىكى نەزەرىيىۋى بىلىملەرنى تەدرىجىي ھالدا ئەمەلىي بىلىمگە ئايلاندۇرۇۋالغىلى بولىدۇ.

## تۈزىتىش

ماقالە ــ ئەسەرلەرنى تۈزىتىش ئادەتتە يېزىۋېتىپ تۈزىتىش ۋە يېزىپ بولغاندىن كېيىن تۈزىتىشتىن ئىبارەت ئىككى خىل ئۇسۇلدا ئېلىپ بېرىلىدۇ.

1) يېزىۋېتىپ تۈزىتىش

يېزىۋېتىپ تۈزىتىش ــ تىلغا ئىشلەش، تەپەككۇرنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش جەريانىغا قارىتىلغان. يەنى ئوي ــ پىكىرنى مەنتىقلىق، ئوبرازلىق ئىپادىلەش، تەپەككۇرنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش جەريانىدا يېزىۋېتىپ مۇۋاپىق بولمىغان مەلۇم سۆز، مەلۇم جۈملىنى ئۆچۈرۈپ تاشلاپ قايتا يېزىش، بەزىلىرىنى چىقىرىۋېتىش، يەنە بەزىلىرىنى كىرگۈزۈش ئىشلىرى ئېلىپ بېرىلىدۇ. مانا بۇ يېزىۋېتىپ تۈزىتىش جەريانىدۇر. يېزىۋېتىپ تۈزىتىش ئەستايىدىل ئېلىپ بېرىلسا، يېزىپ بولغاندىن كېيىن تۈزىتىشكە تازا ھاجەت قالمايدۇ. ئەگەر يېزىشقا ئالدىراپ، سۆز ــ جۈملىلەر ھەققىدە ئويلانماي يېزىۋېتىلسە، يېزىپ بولغاندىن كېيىن تۈزىتىشكە كۆپ كۈچ سەرپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

2) يېزىپ بولغاندىن كېيىن تۈزىتىش

ماقالە ــ ئەسەرلەر يېزىلىپ بولغاندىن كېيىن ئەسەرنىڭ ئومۇمىي قۇرۇلمىسى، ئىدىيىۋى مەزمۇنى، بەدىئىي قىممىتى ھەققىدە ئومۇميۈزلۈك يەنە بىر قېتىم ئويلىنىپ، شۇ يازمىمىزغا قايتا قاراپ چىقىپ كەم ــ كوتا، ناباب سۆز ــ جۈملىلەر بارمۇ، يوق؟ ئابزاسلارنىڭ ئىلگىرى ــ

كېيىنلىك ئەرنىپى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلغانمۇ، يوق؟ كىرگۈزۈشكە، چىقىرىۋېتىشكە تېگىشلىك ماتېرىياللار، سۆز ـ جۈملىلەر، ئابزاسلار بارمۇ، يوق؟... دېگەندەك كونكرېتنى مەسىلىلەر بىر تەرەپ قىلىنىدۇ. مانا بۇ يېزىپ بولغاندىن كېيىن تۈزىتىش جەريانىدۇر.

ماقالە ــ ئەسەرلەرنى يېزىۋېتىپ تۈزىتىش ۋە يېزىپ بولغاندىن كېيىن تۈزىتىشنىڭ دائىرىسى ئاساسلىقى باش تېمىنىڭ يەنى مەركىزىي نوقتىئىنەزىرىنىڭ چوڭقۇرلاشماسلىقىنى تۈزىتىش، ماتېرىيال قوشۇش، ئېلىۋېتىش، قۇرۇلمىنى تەرتىپكە سېلىش، سۆز ـ جۈملىلەرنى پىششىقلاش، ماۋزۇنى ئۆزگەرتىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەگەر شۇنداق ئەھۋالدىمۇ باش تېما يەنى مەركىزىي نوقتىئىنەزەر چوڭقۇرلاشمىسا، پېرسوناژلار ئوبرازى ياخشى يارىتىلمىسا، ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋى ۋە بەدىئىي قىممىتى كۆڭۈلدىكىدەك بولمىسا، بۇنداق ئەھۋالدا قايتا يېزىشقا توغرا كېلىدۇ.

پەقەت بىر قېتىم قەلەم تەۋرىتىش بىلەن نۇقسانسىز ئەسەر يازالايدىغان قەلەم ئىگىلىرى، پەقەت بىر قېتىملا يېزىلىپ قىلچىمۇ تۈزىتىلمىگەن نادىر ئەسەرلەر ناھايىتى ئاز. جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردىكى نۇرغۇن قەلەم ئىگىلىرىنىڭ ئىجادىيەت تەجرىبىلىرىدىن دۇنياۋى نادىر ئەسەرلەرنىڭ ۋوجۇدقا چىقىش جەريانىدىن قارىغاندا، ئىجادىيەت جەريانىدا ماتېرىيال تاللاش، يېزىش قانداق مۇھىم بولسا ئەستايىدىللىق بىلەن تۈزىتىشمۇ ئوخشاشلا مۇھىم. شۇڭا، ئوقۇغۇچىلار يېزىقچىلىق مەشىقىدە يېزىش باسقۇچىنى بىۋاسىتە تاپشۇرۇق دەپتەرگە ئېلىپ بارماي، ئالدى بىلەن مەشىق دەپتەرگە يېزىشى، چىقىرىۋېتىدىغانىنى چىقىرىۋېتىپ، كىرگۈزىدىغانىنى كىرگۈزۈپ، رەتلەپ، راۋۇرۇس تۈزىتىپ شۇ يازمىسى كۆڭۈلگە ياقىغاندىن كېيىن ئاندىن ئاققا (تاپشۇرۇق دەپتەرگە) كۆچۈرۈپ يېزىشى كېرەك.

ئاققا كۆچۈرۈش:

ماقالە ـ ئەسەرلەر كۆڭۈلدىكىدەك پۈتۈپ بولغاندىن كېيىن ئۇنى ئىملا ۋە بوغۇم كۆچۈرۈش قائىدىسىگە، تىنىش بەلگىلىرى ۋە دىئالوگ

بەلگىسىگە ، ئابزاس ، بۆلەكلەرنى ئايرىش پرىنسىپىغا ئەمەل قىلغان ئا-ساستا تاپشۇرۇق دەپتەرگە كۆچۈرۈش كېرەك . بۇ شۇ ئوقۇغۇچىنىڭ ئەستايىدىللىق ، سەۋرچانلىقىدىن ئىبارەت خاراكتېرنى يېتىلدۈرگەن-لىكى ، ئۆز ئىجادىيىتىنى ھەم ئوقۇتقۇچىنىڭ ئەمگىكىنى ھۆرمەت قىلغان-لىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ .

ماقالە ـ ئەسەرلەر كۆچۈرۈلىدىغان تاپشۇرۇق دەپتەر ئىمكان بار شۇ ئوقۇغۇچىنىڭ تولۇقسىز ياكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ئوقۇش ھاياتىدىكى بارلىق مەشىق ئەسەرلىرىنى ئاقا كۆچۈرۈپ يىغقۇدەك ھە-جىمدە بولۇشى ، بەتلەرنىڭ قۇر ئارىلىقى كەڭرەك بولۇشى كېرەك .

ئەمەلىيەتتە يېزىقچىلىق مەشقلىرىدە ئاقا كۆچۈرۈش باسقۇچى، ياخشى ئورۇنلانمىغاچقا ، بىر قىسىم مەسئۇلىيەتچان ئەدەبىيات ئوقۇتقۇ-چىلىرى ، كۈرۈزۈك يېتەكچىلىرى ياخشى يېزىلغان ئىنشالارنى تاللاپ مەتبۇئاتقا ئەۋەتمەكچى بولغاندا ، ئوقۇغۇچىلار ئۆز يازمىسىنى تەلەپ بو-يىچە ئاقا ( ئىش قەغىزىگە ) كۆچۈرەلمەيدۇ . بۇ خۇددى تازا ياخشى تىكىلگەن كىيىمنى ئاخىرقى قېتىم سۇپەتلەپ ، دەزمال سالالمىغاندەك ئەپسۇسلۇق بىر ئىش .

## 5 . ئىمتىھان ۋاقتىدا ماقالە ـ ئەسەر يېزىشنىڭ قەدەم ـ باسقۇچلىرى

يۇقىرىدا دەرسخانىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان يېزىقچىلىق مەشقلىرىدە ماقالە ـ ئەسەر يېزىشنىڭ تۆت قەدەم باسقۇچى يەنى ماتېرىيال تاللاش ، يېزىش ، تۈزىتىش ، ئاقا كۆچۈرۈشنىڭ كونكرېتنى ئۇسۇل ـ تەلەپلىرى سۆزلەپ ئۆتتۇلدى . ئىمتىھان ۋاقتىدا تەلەپكە لايىق ماقالە ـ ئەسەر يېزىش ئۈچۈن ، ئادەتتىكى يېزىقچىلىق مەشقلىرىگە ئەھمىيەت بېرىش ئارقىلىق مەلۇم ماھارەت يېتىلدۈرۈش شەرت . مەلۇم يېزىقچىلىق ماھارىتى يېتىل-دۈرمەي تۇرۇپ ئىمتىھان ۋاقتىدا بىر يولىلا تەلەپكە لايىق بىر نەرسە يې-زىش مۇمكىن ئەمەس .

ئىمتىھان ۋاقتىدا ماقالە ـ ئەسەر يېزىش ماتېرىيال تاللاش ۋە يې-

ـزىشتىن ئىبارەت ئىككىلا باسقۇچ بىسىپ ئۆتۈلىدۇ.

ماتېرىيال تاللاش

ئىمتىھان ۋاقتىدا يېزىش تەلەپ قىلىنغان ماقالە ـ ئەسەرلەرنىڭ باش تېمىسىغا ئاساسەن مۇۋاپىق ماتېرىيال تاللىماي تۇرۇپ يېزىشقا كىـ رىشىش مۇمكىن ئەمەس. بۇ باسقۇچمۇ كۆزىتىش ۋە ئويلىنىش، تىزىس تۈزۈش (مۇقىمدالغان ئوي ـ پىكىرنى رەتكە تۇرغۇزۇۋېلىش) تىن ئىـ بارەت ئىككى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

باشتا سۆزلەپ ئۆتكەندەك كۆزىتىش ۋە ئويلىنىش — يازماقچى بولغان ئوبيېكىت، ھادىسىنىڭ ئۈستىدە قاراپ تۇرۇپ كۆزىتىش ۋە ئويـ لىنىش ئەمەس، بەلكى ئاپتورنىڭ ئوبيېكتىپ دۇنياغا بولغان پىلانلىق ھېسسىي، ئەقلىي بىلىشى بولۇپ، ئۇ سەزگۈ ئەزالىرى ئارقىلىق كۆزىـ تىش ۋە بىلىشتىن باشقا يەنە ھېسسىيات، تەسەۋۋۇر، تەپەككۇر ئارقىلىق كۆزىتىش ۋە بىلىشلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇڭا، ئىمتىھان ۋاقتىدا يازماقچى بولغان ماقالە ـ ئەسىرىمىزنىڭ ماتېرىيالى ئۈستىدە ئويلىنىمىز. تەسەۋۋۇر ۋە تەپەككۇرنى قانات يايدۇرۇپ، شۇ ماقالە ـ ئەسەرنىڭ باش تېمىنى ئەڭ ياخشى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرەلەيدىغان ماتېرىيالنى تاللىۋالىـ مىز. ئەمما، كاللىمىزدا ئويلىغان ماتېرىيالنىڭ رەت تەرتىپىنى ئادەتتىكى يېزىقچىلىق مەشىقى دەرسى ۋاقتىدىكىدەك، ئالدىرىماي ئولتۇرۇپ مەشىق دەپتەرگە تىزىپ يېزىش ئىمكانىيىتى بولمايدۇ. لېكىن، ئىمتىھان ۋاقتىدا يازدۇرۇلىدىغان ماقالە ـ ئەسەرنىڭ ھەجىمى ئادەتتىكى ئىش قەغىـ زىدە بىر ـ ئىككى بەتتىن ئاشمىغاچقا، بۇ ماقالە ـ ئەسەرنىڭ ئابزاسلىـ رىمۇ كۆپ بولغاندا تۆت ـ بەشتىن ئاشمايدۇ. شۇڭا، تىزىسنى ئۈستەل يۈزىگە ①، ② دېگەندەك تۈرلەرگە بۆلۈپ، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە كونكرېتراق قىلىپ يېزىۋېلىش ياكى كاللىغا سىستېمىلىق ھالدا تۈزۈۋېـ لىش، ھەتتا قايسى ئابزاستا مەلۇم ئوبرازلىق سۆز (بەدىئىي ۋاستە)، مەلۇم تەسۋىرنى ئىشلىتىدىغانلىقىمىز، قايسى ئابزاستا مەلۇم نەـ قىل، ماقال — تەمسىللەردىن پايدىلىنىدىغانلىقىمىز قاتارلىقلارنى ئۈستەلگە ياكى كاللىغا تىزىۋېلىش باسقۇچىنى ئورۇنداپ بولغاندىن كېيىن،

ئاندىن يېزىشقا كىرىشىش كېرەك .
ئەگەر بۇ باسقۇچنى ئەستايىدىل ئېلىپ بارماي ، شۇ ماقالە ـ ئە-سەردە دېمەكچى بولغان ئومۇمىي پىكىرنى مەلۇم ئابزاسلارغا تەقسىم قىلىش ھەمدە ھەربىر ئابزاستىكى كونكرېتنى پىكىرنى ئوبرازلىق ، تەسىرلىك ئىپادىلەپ بېرىدىغان مەلۇم سۆز ـ جۈملىلەرنى ئويلىنىۋېلىش باسقۇچىدىن ئۆتكۈزمەي ، پىلانسىز ھالدا ئېسىمىزگە كەلگەننى يېزىۋېرىپ ، ماقالە ـ ئەسەر يېزىشقا بېرىلگەن سەھىپىنى توشقۇزۇۋەتسەك ، شۇ ماقالە ـ ئەسەرنىڭ تىلى ئوبرازلىق بولمىغانلىقى ئۈستىگە ، قۇرۇلما جەھەتتىن تۆۋەندىكىدەك يوچۇق ۋە خاتالىققا يول قويىمىز :
①ماقالە ـ ئەسەرنىڭ بېشىدا ئوتتۇرىغا قويغان پىكىرنى ئاخىرىدا يەنە تەكرارلاش ياكى ئۇنىڭغا زىت پىكىر قىلىش ئەھۋالى كۆرۈلىدۇ .
② ماقالە ـ ئەسەرنىڭ بېشىدىكى بىر ئابزاسقا بىرقانچە تارماق پىكىرنى يۈزەكىلا يىغىپ سۆزلىۋېتىپ ، كېيىنكى ئابزاسلاردا دەيدىغان گەپ تاپالماسلىق ئەھۋالى كۆرىلىدۇ . ③ شۇ ماقالە ـ ئەسەرنى يېزىۋېتىپ دەسلەپكى ئابزاسلاردا ئوتتۇرىغا قويۇلغان پىكىرنىڭ ئاخىرىغا ئۇلاپلا تولۇقلايدىغان مەلۇم پىكىر ياكى ئوبرازلىق سۆز ـ جۈملە ئېسىمىزگە كەلسە ئۇنى شۇ يەرگە سىغدۇرالماي ئارماندا قالىمىز . ئۇنى باشقا يەرگە يېزىپ قويايلى دېسەك ، تۇز تائامغا لاي چاپلىغاندەك بىر ئىش بولىدۇ ـ دە ، شۇ ماقالە ـ ئەسىرىمىزنىڭ سىستېمىسى تېخىمۇ بۇزۇلىدۇ . ④ يېزىپ كېلىپ باش تېمىدىن يىراقلاپ كېتىش ، ماۋزۇ ۋە باش تېما ئىدىيىدە بۇياققا مېڭىش تەلەپ قىلىنسا ، يېزىۋېتىپ ئۇياققا مېڭىپ كېتىش خاتالىقى يۈز بېرىدۇ . ⑤ چەكلىك سەھىپە ئىچىدە پىكىرنى يىغالماي ماقالە ـ ئەسەرنىڭ ئاخىرى تۈگمەيلا يېزىشنى توختىتىشقا مەجبۇر بولىمىز .
شۇڭا ، بۇ خىل ئەھۋالنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئىمتىھان ۋاقتىدا يازماقچى بولغان ماقالە ـ ئەسەرنىڭ ماتېرىيالى ئۈستىدە ئويلىنىش ، قۇرۇلمىنى تېزىسقا چۈشۈرۈۋېلىشتىن ئىبارەت بۇ باسقۇچقا ئەھمىيەت بېرىش ۋە بۇنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە تېز پۈتتۈرۈپ ، بىر قارارغا كېلىپ يېزىشقا كىرىشىش كېرەك . ئۇنداق قىلماي خىيال سۈرۈپ ، بىرىنچى قې-

تىم مۇقىمدالغان پىكىرنى ، قۇرۇلمىنى ئىككىنچى قېتىم ئىنكار قىلىپ ، قايتا ئويلىنىپ ، ئۇنى ئۈچىنچى قېتىم ئىنكار قىلىپ ، ئەڭ ئېسىل پىكىر ۋە قۇرۇلمىنى تاپىمەن دەپ ئولتۇرىۋەرسەك ۋاقىت ئۆتۈپ كېتىدۇ .

يېزىش

ئىمتىهان ۋاقتىدا ماقالە ـ ئەسەر يېزىش باسقۇچى — ئادەتتىكى ۋاقىتتىكىدەك تىلغا ئىشلەش ۋە تەپەككۇرنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت ئىككى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ .

تىلغا ئىشلەش ماھارەت مەسىلىسى بولۇپ ، ئەگەر بىز ئادەتتىكى يېزىقچىلىق مەشىقى ۋاقىتلىرىدا ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرىمىز ئارقىلىق ، بۇ جەھەتتە مەلۇم ماھارەت يېتىلدۈرگەن بولساق ، ئىمتىهان ۋاقتىدا يازغان ماقالە ـ ئەسىرىمىزنىڭ تىلىنى راۋان ، ئوبرازلىق قىلىشتا قىينالمايمىز .

ئۇنىڭدىن باشقا يەنە دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلاردا ، دەرسخانىدا ئوقۇغان ئەسەرلەر ، كۆرگەن كىنو ـ تېلېۋىزىيە فىلىملىرى ۋە ئەتراپىمىزدىكى كىشىلەر ئىشلەتكەن ئوبرازلىق سۆزلەر ، جانلىق تەسۋىرلەر ، ئەقلىيە سۆزلەر ، ماقال ـ تەمسىللەر ۋە كۆڭۈلگە ياققان تەرمىلەرنى بىر خاتىرىگە توپلاپ مېڭىشىمىز ، ئادەتتىكى يېزىقچىلىق مەشىقى ۋاقتىدا ئىشلىتىشكە ماھىر بولۇشىمىز كېرەك . شۇنداق قىلغاندا ئىمتىهان ۋاقتىدا ماقالە ـ ئەسەر يازغاندا ، ئاشۇنداق سۆز ـ جۈملىلەر ئېسىمىزگە كېلىدۇ ـ دە ، شۇ يازمىمىزغا دەل مۇناسىپ كەلگەنلىرىنى ئىشلىتەلەيمىز . بۇنداق قىلىش ، باشقىلارنىڭ ئەسەرلىرىنى باشتىن ـ ئاخىر كۆچۈرگەندىن مىڭ ھەسسە ياخشى بولۇپ ، كېيىنكى مۇستەقىل ئىجادىيەتنىڭ ، خەلق تىلىدىن پايدىلىنىشنىڭ ئاساسىنى ھازىرلايدۇ .

يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك ، ئادەتتىكى يېزىقچىلىق مەشىقى ۋاقتىدا ماقالە ـ ئەسەر يېزىش ـ ماتېرىيال تاللاش ، يېزىش ، تۈزىتىش ، ئاققا كۆچۈرۈشتىن ئىبارەت تۆت باسقۇچ ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ . ئىمتىهان ۋاقتىدا ماقالە ـ ئەسەر يېزىش بولسا ماتېرىيال تاللاش ، يېزىشتىن ئىبارەت ئىككى باسقۇچ ئاساسىدىلا ئېلىپ بېرىلغاچقا ، تۈزىتىش ۋە

ئاققا كۆچۈرۈش باسقۇچىنى ئايرىم ئورۇنلىغىنى بولمايدۇ . شۇڭا ، بۇ ئىككى باسقۇچنى يېزىۋېتىپ ئورۇنداشقا توغرا كېلىدۇ . يەنى بۇ ۋاقىتتا يازغان يازمىمىزنىڭ سەھىپىسى قىسقا بولغاچقا ، يېزىۋېتىپ تىنىش بەلگىلىرىگە ، دىئالوگ بەلگىسىگە قاتتىق دىققەت قىلىش ، ھاياجانلىنىپ ياكى ئالدىراپ كېتىپ ئابزاسلارنى ئايرىماي يېزىشتىن ساقلىنىش كېرەك .

قىسقىسى : ئەگەر سىز ئادەتتىكى ۋاقىتلاردا كۆپ ئوقۇش ، كۆپ مۇلاھىزە قىلىش ، كۆپ ۋە ئەستايىدىل يېزىش مەشىقى ئېلىپ بېرىپ مەلۇم يېزىقچىلىق ماھارىتى يېتىلدۈرگەن بولسىڭىز ، ئەمەلىي بىلىمىڭىز ، نەزەر دائىرىڭىز كەڭ ، تەپەككۇرىڭىز ئەركىن ۋە چوڭقۇر بولسا ، ئىمتىھان ۋاقتىدا مەيلى قانداق ئەسەر يېزىش تەلەپ قىلىنمىسۇن ، يېزىش جەريانىدا ئوبرازلىق ، تەسىرلىك تىل ئىشلىتىش ، ئوي ـ پىكىرنى تەرتىپلىك ، قايىل قىلارلىق ، جەلپ قىلارلىق ئىپادىلەشتە قىينالمايسىز . شۇنىڭدەك مەلۇم يېزىقچىلىق ماھارىتى سىزگە ئۆمۈرلۈك ھەمراھ بولۇپ مەنىۋى ھاياتىڭىزنى گۈزەللەشتۈرۈۋېتىدۇ .

ئېسىڭىزدە بولسۇنكى ، ھەرقانداق ئادەم پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلگەن ، ئەستايىدىللىق بىلەن ئېلىپ بارغان ئىشىدىن ماھارەت يېتىلدۈرەلەيدۇ ، لەززەت ئالالايدۇ ۋە مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايدۇ .

ئىككىنچى باب

# بايان خاراكتېرلىك ماقالە يېزىقچىلىقى ھەققىدە

## 1. بايان خاراكتېرلىك ئەسەرلەرنىڭ ھەجىم دائىرىسى

ئەدەبىيات نەزەرىيىسى ۋە يېزىقچىلىق ھەققىدىكى نەزەرىيىۋى بىلىملەردە «بايان خاراكتېرلىك ئەسەرلەر»، «بايان خاراكتېرلىك ماقالە ـ ئەسەرلەر»،«بايان خاراكتېرلىك ماقالىلەر»، «بايان ماقالىسى» دېگەنگە ئوخشاش ئۇقۇملار ئارىلاش قوللىنىلىۋاتىدۇ. شۇنىڭدەك بۇ ھەقتىكى كونكرېتنى نەزەرىيىۋى بىلىملەر بىر ـ بىرىگە ماس كەلمەيدىغان ئۈستىگە، ئېلىنغان مىساللارنىڭ بەزىلىرى ھەققى ئىش ـ ئادەملەرنى چىنلىق ئاساسىدا يېزىش ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغان ئەدەبىي ئەسەرلەردىن، يەنە بەزىلىرى بەدىئىي ئومۇملاشتۇرۇش ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغان بەدىئىي ئەسەرلەردىن ئېلىنغاچقا، كەڭ ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار بىلەن بۇ ھەقتىكى چۈشەنچىدە بىرلىككە كېلىش يۈزىسىدىن بۇ ئۇقۇملارنىڭ ھەجىم دائىرىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش زۆرۈر دەپ قارايمەن.

ئالدى بىلەن يۇقىرىدىكى ئۇقۇملاردا تىلغا ئېلىنغان «بايان»، «ئەسەر»، «خاراكتېر» دېگەن ئۇقۇملار ھەققىدىكى تەبىرنى كۆرۈپ ئۆتەيلى:

① شەيئىلەرنىڭ تەرەققىيات ئۆزگىرىشىنى ئىپادىلەپ بېرىش

جۇملىدىن ئادەملەرنىڭ ئىش ـ ھەرىكىتى ، پائالىيىتى ، ۋەقە ـ سەرگۈ-
زەشتىسى ، شەيئىلەرگە بولغان تونۇشىنىڭ ئۆزگىرىش جەريانى قاتار-
لىقلارنى كونكرېتنى ئىپادىلەپ بېرىش بايان بولىدۇ .

② شەيئىلەرنىڭ تاشقى شەكلى ، مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ھا-
لىتى ، ئىچكى ئامىللىرى ، شەكىل ۋە ماھىيەت جەھەتتىن ئۆزگىرىش
جەريانىنىڭ تىل ياكى يېزىق ئارقىلىق مەلۇم ژانىر ۋە شەكىلدە ئەكس
ئەتتۈرۈلۈشى ئەدەبىياتتىكى ئەسەرنى كۆرسىتىدۇ .

③ شۇ شەيئىنىڭ ، شۇ ۋەقە ـ ھادىسىنىڭ ئۆزلىرىنى شەكىللەن-
دۈرگۈچى ئىچكى ئامىللىرىنىڭ يىغىندىسى ـ مەزمۇن يەنى خاراكتېر بو-
لىدۇ . ئەدەبىي ئەسەرنىڭ خاراكتېرىنى بەلگىلەيدىغان ئامىللار تېما ، باش
تېما ، سۇژېت ، پېرسوناژلاردىن ئىبارەت .

بۇ ئۈچ تەبىرنى خۇلاسىلىغاندا ــ « بايان خاراكتېرلىك ئەسەر-
لەر» دېگەن بۇ ئۇقۇمنىڭ ھەجىمى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە يازما ئەدە-
بىياتتىكى بايان ئارقىلىق پېرسوناژلار ئوبرازى سۈرەتلەنگەن بارلىق ئە-
سەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . يازما ئەدەبىيات نۇقتىسىدىن قارىغاندا بۇ
ئۇقۇم بايان ئارقىلىق ئوبراز يارىتىلغان ئەدەبىي ، بەدىئىي ئەسەرلەرنى ،
يەنى ئەدەبىي ئەسەرلەردىن ــ ئاخبارات خەۋەرلىرى ، ئەدەبىي ئاخبارات
( دوكلات ئەدەبىياتى ) ، ئوچېرك ۋە بىئوگرافىيە ئەدەبىياتى قاتار-
لىقلارنى ؛ بەدىئىي ئەسەرلەردىن ــ سۇژېتلىق شېئىرلار ، ئېپىك ئەسەر-
لەر ، سەھنە ئەسەرلىرى ، تېلېۋىزىيە ، كىنو سىنارىيىلىرىنى ئۆز ئىچىگە
ئالىدۇ .

« بايان خاراكتېرلىك ماقالە ـ ئەسەرلەر » دېگەن بۇ ئۇقۇم يەنىلا
« بايان ئامىلىغا ئىگە ماقالىلەر » ، « بايان ئامىلىغا ئىگە ئەسەرلەر » نى
ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . بۇ يەردە « ماقالە » دېگەن تۈر ئۇقۇم بىلەن « ئە-
سەر » دېگەن جىنس ئۇقۇم جۈپ شەكىلدە قوللىنىلغان بولسىمۇ يەنىلا
« بايان خاراكتېرلىك ئەسەرلەر » دېگەن ئۇقۇمنىڭ ھەجىمىدىن ھالقىپ
كېتەلمەيدۇ . شۇڭا ، بۇ ئۇقۇم ئالدىنقى ئۇقۇمنىڭ يەنە بىر خىل شەكىلدە
ئىپادىلىنىشىدۇر . ئەمما ، « ئەدەبىيات نەزەرىيىسى » ، « يېزىقچىلىق »

ھەقىقىدىكى نەزەرىيىۋى بىلىملەردە بۇ ئۇقۇم ئەدەبىي ئەسەرلەردىن بايان خاراكتېرلىك ماقالىلەرنى ؛ بەدىئىي ئەسەرلەردىن ئېپىك ئەسەرلەرنى كۆزدە تۇتۇپ سۆزلەش ، ئارىلاش مىسال كەلتۈرۈش ئېلىپ بارغاچقا بۇ چۈشەنچىلەرنى ئوقۇغان ئادەم بايان خاراكتېرلىك ئەسەرلەر بىلەن ئېپىك ئەسەرلەر بىر بولغىيمىدى ؟ دېگەن چۈشەنچىگە كېلىپ قالىدۇ. مەن مۇشۇ زۆرۈرىيەت تۈپەيلىدىن ئۆز نۆۋىتىدە بايان ماقالىلىرى بىلەن ئېپىك ئەسەرلەرنىڭ جۈملىدىن ئېپىك ئەسەرلەرنىڭ بىر تۈرى بولغان ھېكايىنىڭ ئوخشاشلىقى ۋە پەرقى ھەققىدە سۆزلەپ ئۆتىمەن. نۆۋەتتىكى گېپىمىزگە كەلسەك ، « بايان خاراكتېرلىك ماقالىلەر » دېگەن بۇ ئۇقۇمنىڭ ھەجىمى بولسا يۇقىرىدا تىلغا ئالغىنىمىزدەك مەلۇم بايان ئامىلىغا ئىگە ئەدەبىي ئەسەرلەرنىلا ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ يېزىقچىلىق مەشىقىدە كۆزدە تۇتقان بۇ ئۇقۇم ئومۇمەن ھەققى ئادەم ، ئىش - ۋەقە ، مەنزىرىلەر مەلۇم بەدىئىي ماھارەت بىلەن بايان قىلىنغان ، تەسۋىرلەنگەن ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسى ، پسىخىكىلىق ئالاھىدىلىكىگە ماس كېلىدىغان كىچىك ھەجىمدىكى ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ يىغىندىسىغا قارىتىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار يازغان بايان خاراكتېرلىك ماقالىلەرنىڭ ماھىيىتى ئاز بىر قىسمى ئەدەبىي ئاخبارات تىپىدا ، يەنە بىر قىسمى تەسۋىرىي خەۋەر يەنى ئوچېركنىڭ ئىككى چوڭ تۈرىدىن بىرى بولغان ئەدەبىي ئوچېرك تىپىدا ، كۆپ قىسمى ئىككىنچى چوڭ تۈر بولغان خەۋەر ئوچېركنىڭ تۈرلىرىدىن ئادەملەر ھەققىدىكى ئوچېرك ، ھۆججەتلىك ئوچېرك ، تەرەققىيات ئوچېركى ، خىزمەت ئوچېركى ، ۋەقەلىك ئوچېركى ، سەپەر ئوچېركى ( سەپەر خاتىرىسى ) ، ساياھەت ئوچېركى ( ساياھەت خاتىرىسى ) ، ئېكسكۇرسىيە ئوچېركى ( ئېكسكۇرسىيە خاتىرىسى ) ، زىيارەت ئوچېركى ( زىيارەت خاتىرىسى ) تىپىدا ؛ يەنە بەزىلىرى بىئوگرافىيە ئەدەبىياتىنىڭ تۈرلىرىدىن بولغان ئەسلىمە ، تەزكىرە ، ئەدەبىي تەرجىمەھال تىپىدا يېزىلىدۇ. لېكىن ، بۇ ماقالىلەر يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان تۈرلەرنى يېزىشتىكى ئىنچىكە ئۇسۇل - تەلەپلەرنى تولۇق ۋە مۇكەممەل نامايان قىلغان چوڭ ھەجىم-

دىكى ئەسەرلەردىن بولمىغاچقا ، شۇنىڭدەك تېما تاللاش دائىرىسىدىن ئالغاندا ، جەمئىيەتتىكى زور ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ، ئىش ـ ۋەقەلەر، ئادەملەرنى تېما قىلماي ، بەلكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئوبيېكتلارنى ئەكس ئەتتۈرۈش تەلەپ قىلىنغاچقا ، ئۇلار يازغان ھەربىر پارچە ماقالىنىڭ تۈرى يۇقىرىدىكى كونكرېتنى تۈرلەر بويىچە ئاتالماي ، بەلكى « بايان ماقالىسى » دەپلا ئاتىلىدۇ .

## 2 . بايان خاراكتېرلىك ماقالىلەر بىلەن ھېكايىنىڭ ئوخشاشلىقى ۋە پەرقى

**1 ) ئوخشاشلىقى**

① بايان خاراكتېرلىك ماقالىلەر ياكى ئېپىك ئەسەرلەر بولسۇن ۋە ياكى ئېپىك ئەسەرلەرنىڭ تۈرى بولغان ھېكايە بولسۇن ، يېزىش ئوبيېكتى ئوخشاش يەنى ئادەم ، ئىش ـ ۋەقە ، مۇھىت ـ مەنزىرىدىن ئىبارەت .

② مەيلى بايان خاراكتېرلىك ماقالىلەر بولسۇن ياكى ئېپىك ئەسەرلەر جۈملىدىن ئۇنىڭ بىر تۈرى بولغان ھېكايە بولسۇن ، بايان ، تەسۋىردىن ئىبارەت ئاساسلىق ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى ، لىرىكا ، مۇھاكىمە ، چۈشەندۈرۈشتىن ئىبارەت قوشۇمچە ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى ئوخشاش .

③ ئاساسلىق قۇرۇلما تەلەپلىرى ۋە يېزىش ئۇسۇللىرى ئوخشاش ، يەنى بايان ماقالىلىرى ۋە ئېپىك ئەسەرلەر جۈملىدىن ھېكايىنىڭ قاتلام ، ئابزاس ، بۆلەكلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ، باشلاش ۋە ئاخىرلاشتۇرۇش ، ئۆتۈش ۋە ماسلىشىش جەھەتتىكى قۇرۇلما تەلەپلىرى ؛ تەپسىلىي ۋە ئىخچام يېزىش ، باياندىكى ئۈچ شەخس تىلىنى قوللىنىش ، بايان قىلىش ئۇسۇللىرى قاتارلىق يېزىش ئۇسۇللىرى ئوخشاش .

④ بايان ماقالىلىرى ۋە ئېپىك ئەسەرلەر جۈملىدىن ئۇنىڭ بىر

تۇرى بولغان ھېكايىنىڭ تىلغا ئېلىنىش ، بەدىئىي ۋاستىلەردىن پايدىلىنىش ھەققىدىكى تەلەپلىرى ئوخشاش .

2 ) پەرقى

① ئېپىك ئەسەرلەر جۇملىدىن ئۇنىڭ بىر تۇرى بولغان ھېكايە بەدىئىي ئەسەرلەر تۇرىگە ، بايان ماقالىلىرى ئەدەبىي ئەسەرلەر تۇرىگە تەۋە ، يەنى بۇگۈنكى ئاممىباب ھېكايىلەرنىڭ ھەجىمى مەيلى كىچىك بولسۇن ، مەيلى چوڭ بولسۇن بايان قىلىنغان ، تەسۋىرلەنگەن ئىش ــ ۋەقەلەر ، مۇھىت ، مەنزىرىلەر يۇكسەك دەرىجىدە ئومۇملاشتۇرۇلىدۇ . خالىغان ئىجادىيەت ئۇسۇللىرىدىن ، بەدىئىي ئوبراز ھازىرلاشقا تېگىشلىك شەرتلەر ۋە تىپ يارىتىش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ مۇكەممەل خاسلىققا ( ئىندىۋىدۇئاللىققا ) ، يۇكسەك دەرىجىدىكى ئورتاقلىققا ( ئومۇملۇققا ) ئىگە قىلىنغان مۇكەممەل خاراكتېرلار ، يەنى بەدىئىي ئوبراز ياكى تىپلار يارىتىلىدۇ . بايان خاراكتېرلىك ماقالىلەردە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئادەم ، ئىش ـ ۋەقە ، مۇھىت ، مەنزىرىلەر ھەقىقىيلىق ، چىنلىق ئاساسىدا تاللىنىشى شەرت بولۇپ ، ئېپىك ئەسەرلەر ، جۇملىدىن ئۇنىڭ بىر تۇرى بولغان ھېكايىلەردىكىدەك بەدىئىي ئومۇملاشتۇرۇش ، تىپىكلەشتۇرۇش شەرت قىلىنمايدۇ . شۇ سەۋەبتىن ھېكايىدە يارىتىلغان بەدىئىي ئوبرازلار ، تىپلار ، بايان ماقالىلىرىدە يارىتىلغان ھەقىقىي ئادەملەر ئوبرازىغا قارىغاندا ئېستېتىك قىممىتى ، ئىجتىمائىي قىممىتى تېخىمۇ يۇقىرى بولىدۇ . گەرچە يېزىقچىلىق مەشىقلىرىدە ئوقۇغۇچىلارغا بايان خاراكتېرلىك ماقالىلەر يازدۇرغاندا مەلۇم ئادەم ، ئىش ــ ۋەقەلەر ، مۇھىت ، مەنزىرىلەر توغرىسىدا كۆزىتىپ ، تۇرمۇشتىن ماتېرىيال تاللاپ ھەتتا ئويدۇرما ، توقۇلما قىلىپ يازغان تەقدىردىمۇ بۇ خىلدىكى ماقالىلەردە يارىتىلغان ئوبرازلار ھېكايىدە يارىتىلغان بەدىئىي ئوبرازلاردەك مۇكەممەل ، ۋەكىللىك خاراكتېرگە ، يۇقىرى ئېستېتىك ۋە ئىجتىمائىي قىممەتكە ئىگە بولمايدۇ .

② ھەجىمى مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، بۇگۈنكى ئاممىباب ھېكايىلەردە تۇرمۇشنىڭ مەلۇم بۆلىكىنى يېزىش جەريانىدا شۇ « بۆلەك » كە مۇناسىۋەتلىك باشقا ماھىيەتلىك تەرەپلەرنى يۇكسەك دە-

رىجىدە ئومۇملاشتۇرۇپ ، شۇ « بۆلەك » ئىچىگە سىڭدۇرۇپ ، ئومۇملاشتۇرۇپ مەلۇم خىلدىكى « بىر تامچە سۇ » نى يېزىش ئارقىلىق شۇ خىلدىكى بىر دەريانىڭ ھەتتا بىر دېڭىزنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ بېرىش يەنى پەقەت بىرلا ۋەقەنى يېزىپ سۈژىت بۆلەكلىرىنى گەۋدىلەندۇرۇش تەلەپ قىلىنىدۇ . بايان خاراكتېرلىك ماقالىلەردە بولسا باياننىڭ ئالتە ئامىلىنى گەۋدىلەندۇرۇش تەلەپ قىلىنىدۇ . شۇڭا ، بايان خاراكتېرلىك ماقالىلەرنىڭ ماتېرىياللىرى بىرقەدەر تارقاق بولسىمۇ ، مۇكەممەل سۈژىت ئۈستىگە قۇرۇلمىسىمۇ ئالتە ئامىل ھەرھالدا گەۋدىلەنسىلا بولىدۇ .

③ بايان ماقالىلىرى ۋە ھېكايىدە ئادەمنى يېزىش ، ئادەمگە مۇناسىۋەتلىك ئىش ــ ۋەقەنى ، مۇھىت ، مەنزىرىنى يېزىش بىر ــ بىرىدىن ئايرىلمىسىمۇ ئەمما ئوقۇغۇچىلار يازغان كىچىك ھەجىمدىكى بۇ بايان ماقالىلىرىنىڭ بەزىلىرى تەسۋىرىي خەۋەر ، بەزىلىرى ئەدەبىي ئاخبارات ، يەنە بەزىلىرى ساياھەت خاتىرىسى ... دېگەندەك تىپلارغا تەۋە بولغاچقا ، بەزى بايان ماقالىلىرىدە ئادەم ، بەزىلىرىدە ئىش ــ ۋەقە يەنە بەزىلىرىدە مەنزىرە نۇقتىلىق يېزىلىدۇ . ئاپتورنىڭ تەسىرات ــ چۈشەنچىلىرى ، مۇلاھىزىلىرىگىمۇ خېلى كەڭ ئىمكانىيەت بېرىلىدۇ . ھېكايىدە بولسا ئىش ــ ۋەقە ، مۇھىت قاتارلىقلار قانچىكى يۈكسەك ماھارەت بىلەن يېزىلمىسۇن ، ئۇ پەقەت پېرسوناژلار ئوبرازىنى يادرو قىلىشى ، يەنە بەدىئىي ئوبرازنى ياكى بەدىئىي تىپنى تېخىمۇ نۇرلاندۇرۇشنى ، خاراكتېرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنى مەقسەت قىلىشى شەرت .

④ قىسقا ھېكايىلەر ، مىكرو ھېكايىلەر بىلەن بايان ماقالىلىرىنى سېلىشتۇرغاندا بەزى قىسقا ھېكايىلەردە يەنىلا مۇكەممەل سۈژىت بولىدۇ . يەنە بەزىلىرىدە مەلۇم ۋەقەلىك بۆلىكى بولۇپ ، بۇ خىلدىكى ھېكايىلەردىن مۇكەممەل بولغان سۈژىت بۆلەكلىرىنىمۇ ياكى باياننىڭ ئامىللىرىنىمۇ تېپىپ چىققىلى بولمايدۇ . مەيلى قايسىسى بولمىسۇن ، قىسقا ھېكايىلەرنىڭ ھەجمى كىچىك ، سەھىپىسى قىسقا بولۇش بىلەن بىللە ، بەدىئىي ئوبرازلارنىڭ خاراكتېرى بىرقەدەر ئاددىي ، ئەسەرنىڭ تېمىسى ، باش تېمىسى ئوچۇق بولۇپ ، بۇ جەھەتتە بايان ماقالىلىرىغا ئوخشى-

سىمۇ ئەمما بۇ خىلدىكى ھېكايىلەردىمۇ يەنىلا يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ھېكايىلىك خۇسۇسىيەت بولىدۇ. ئەمدى مىكرو ھېكايىگە كەلسەك: «يەر شارىدىكى ئەڭ ئاخىرقى ئادەم ئولتۇراتتى. تۇيۇقسىز ئىشىك چېكىلدى» دېگەنگە ئوخشاش ھەجىمى مىكرو، باش تېمىسى ماكرو بولۇش تەلىپى ئورۇندىلىدۇ.

ھېكايە بىلەن بايان ماقالىلىرىنى پەرقلەندۈرۈشتىكى بىر قەدەر ئومۇملۇققا ئىگە بولغان ئۇسۇللار يۇقىرىقىلاردىن ئىبارەت. ئەمما، ھازىر بەزى مەتبۇئاتلاردا، نەزەرىيىۋى چۈشەنچىلەردە رۇبائىي بىلەن پارچە ئايرىلمىغانغا ئوخشاش، ئاممىباب ھېكايىلەر بىلەن بايان ماقالىلىرى، قىسقا ھېكايە بىلەن مىكرو ھېكايىلەر ئايرىلمايدىغان ھەم ئايرىۋالغىلى بولمايدىغان ئەھۋاللارمۇ مەۋجۇت. بۇنىڭ سەۋەبى بىر تەرەپتىن بۈگۈنكى ھېكايىلەرنىڭ، بايان ماقالىلىرىنىڭ تۈرلىرى كۆپ خىللاشقانلىقتىن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن بىر قىسىم ئاپتورلار ئۆز يازمىلىرىنىڭ ژانىر تۈرىنى دەل ئاتىمىغانلىقتىن بولغان.

# ئۆرنەكلەر

تـۆۋەنـدە تۆت پارچە ئەسەر بېرىلدى . ئوقۇپ كۆرۈپ قايسىلىرىنىڭ بايان ماقالىسى ، قايسىلىرىنىڭ ھېكايە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىۋېلىڭ .

## ئاپىسىنىڭ شېرىكى

ھېنرىك لاۋسون ( ئاۋستىرالىيە)

ئېلېكتر چىرىغىنىڭ ئاستىدا ، ئانسامبىلنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدىكى پەلەمپەيدە رەڭگىرويى سولغۇن بىر ئايال ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ قۇچىقىدا بـوۋىقى ، يېنىدا ئىككى بالىسى بار ئىدى . ئىچىگە سەرەڭگە ، ئاياغ شويىنىسى ۋە تۈگمىلەر سېلىنغان بىر سىگارت قۇتىسى ئۇنىڭ پۇتىغا يېقىن يەردىلا تۇراتتى .

ئېـسىلـزادە قىياپـىتـىدىكى بىر ئادەم كوچىنىڭ قارشىـسىدىكى « مـەرمەر رېستوران » دىن چىقىپ كەلدى . ئۇ پىيادىلەر يولىدا سەل تۇرۇۋېلىپ سائىتىگە قاراپ قويدى ـ دە ، ئاندىن ئۇدۇل ئانسامبىل تەرەپكە قاراپ ماڭدى . ئۇ كوچىنى كېسىپ ئۆتۈپ پىيادىلەر يولىغا يېقىنلاشقاندا قولىنى يانچۇقىغا سالدى .

— گـېزىت ئالامسىز ئەپەندىم ؟ — گېزىت ساتقۇچى بالا سورىدى ، — كېلىڭ ئەپەندىم ، « ئاخبارات گېزىتى » بار ، « يۇلتۇز گېزىتى » مۇ بار .

لېكىن ، ھېلىقى « ئەپەندى » نىڭ دىققىتى پەلەمپەيدە ئولتۇرغان ئايالغا چۈشۈپ قالدى ـ دە ، دەرھال شۇ ياققا ماڭدى .

— گېزىت سېتىۋېلىڭ ئەپەندىم ، مەندە « يۇلتۇز » بار ، — بالا تـوۋلـىغـىنىچە ھايت ـ ھۇيت دېـگۈچە ئۇنىڭ ئالدىـغا يېتـىپ كەلدى

ۋە نـەزىرى « ئەپەندى » نىڭ چىرايىدىن گېزىت سېتىۋاتقان ئايالغا يۆتكەلدى ـ دە :

— ھېچقىسى يوق ئەپەندىم ! ھەممىمىز ئوخشاش ، ئۇ مېنىڭ ئاپام بولىدۇ ... رەھمەت سىزگە ! — دېدى .

( دۇنيا ئەدەبىياتى » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى )

## تەربىيە بېرىشنىڭ پەيتى

ئا . ساباكيوك ( سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى )

مـەن تراللىبۇس ئىچىدە ئۆرە تۇرىمەن . يېنىمدىكى ياشانغان بىر مومايمۇ ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىنى تۇتقان پېتى ئۆرە تۇرىدۇ . ئورۇندۇقتا بولسا ئون بەش ياشلار چامىسىدىكى بىر يىگىت خۇددى قاتۇرۇپ قـويغان ھەيكەلدەك ئولتۇراتتى . ئۇ تراللىبۇس بويلاپ كېتىۋاتقان بۇ كوچىنى خۇددى ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك دېرىزىدىن سىرتقا چەكچىيىپ قارايتتى .

« قىزىم ساڭا ئېيتاي ، كېلىنىم سەن ئاڭلا » دېگەندەك ، پەرۋايى پەلەك ئولتۇرغان بۇ يىگىتنى گەپ بىلەن بابلاش ئۈچۈن ، مەن ئالدى بىلەن يېنىمدىكى مومايغا گەپ قىلدىم :

— ھەي ، ھازىرقى زاماننىڭ ياشلىرىدا تەربىيە ھەقىقەتەن كەم جۇمۇ !

— راست دەيسىز ، راست دەيسىز ، — دېدى موماي بېشىنى لىڭشىتىپ ، — تەربىيە كۆرمىگەن ـ دە !

— مەكتەپتە بۇلارنى قانداق تەربىيىلەۋاتىدىكىنتاڭ ؟! — دېدىم مەن يەنە .

— شۇنى دەڭا ، مەكتەپ قانداق تەرەبىيىلەۋاتىدىكىنتاڭ ؟ — موماي مېنىڭ پىكرىمگە قوشۇلدى .

— ئېھتىمال ، ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرىمۇ شۇنداق تەربىيە كۆر-

مىگەن بىر نېمىلەردۇ ، ــــ دېدىم مەن ئۇ يىگىتكە ئالىيىپ قاراپ . لې-
كىن ، ئۇنىڭ قاپتىلىغىمۇ كىرىپ چىقمايتتى .

ــــ بالا ئاتىغا قاراپ بولىدۇ ، ــــ موماي ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ قويدى .

ــــ قانداق قاملاشمىغان ئىش بۇ ! زەبەردەس يىگىتلەر ئولتۇر-
سۇنىيۇ ، قېرى مومايلار ئۆرە تۇرسۇن ، ــــ مېنىڭ ئاۋازىم ئۆرلەپ كەت-
كەنىدى .

موماي بىر ماڭا ، بىر يىگىتكە قارايتتى .

ــــ ھەي ياش يىگىت ، ــــ مەن ئاخىر چىدىماي ئۇنىڭ يەلكىسىگە
قاقتىم ، ــــ سىزنى دەۋاتىمەن . بۇ ياشانغان كىشىگە ئورنىڭىزنى بەر-
مەمسىز !

ــــ سەن بۇ بالىنى سۆرەپ نېمە قىلماقچى ؟ ــــ ئۇشتۇمتۇت مو-
ماي ماڭا ھۆرپەيدى ، ــ مېنىڭ نەۋرەمگە ئەقىل ئۆگەتكۈچە ئۆيۈڭگە
بېرىپ بالاڭنى ئوبدانراق تەربىيىلىۋال !

« دۇنيا ئەدەبىياتى » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى . )

## بالىلىق چاغلىرىم

قۇربانجان ئىسمائىل

ئەقلىمگە كەلسەم ، ئائىلىمىزدە ئاتا ـ ئانام ، بىر ئاكام ، ئىككى
ئاچام بار ئىكەن . كېيىن يەنە بىر ئوغۇل دۇنياغا كەلدى ، بىزنىڭ مە-
ھەللىمىز ئاۋات ناھىيىسىنىڭ چەت بىر يېزىسىغا جايلاشقان بولۇپ ، كەڭ
كەتكەن بىر ئورمانزارلىقنا تۇتىشاتتى . ئۆيىمىزنىڭ ئالدى ۋە يان تەرەپ-
لىرىدە ئانامنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ئولتۇراقلاشقانىدى . ئاتا ـ بوۋىلى-
رىم بەك نامرات ئۆتكەنىكەن . دادام چېۋەر ، ئىشچان ، ھەممە ئىش قولى-
دىن كېلىدىغان مۆمىن ئادەم بولغانلىقى ئۈچۈن مەھەللىمىزدىكى ھەممە
كىشى ئۇنى بەك ھۆرمەتلەيتتى ، ئاناممۇ خۇشخۇي ، ئاق كۆڭۈل ، چى-

قىشقاق ئايال ئىدى . كۆپ ھاللاردا مەھەللىمىزدىكى ئاياللار بىزنىڭ ئۆيگە كېلىپ ، ئانام بىلەن سىردىشىپ كۈنىنىڭ كەچ بولۇپ كەتكىنىنى تۇيماي قېلىشاتتى .

مەن ئاچام بىلەن سىرتتا ۋاللەي ـ ۋاللەي ئوينايتتىم . بەزىدە ئاداشلىرىم بىلەن دوستۇم ئايشەمگۈلنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئوينايتتىم . ئاي- شەمگۈلنىڭ جەننەتتەك بىر كۆركەم بېغى بار ئىدى . بىز بۇ باغنى سەيلە قىلغاچ ئانىمىز ئېيتىپ بەرگەن ھېكايىلەرنى ئېيتىشاتتۇق ۋە كېپىنەك بالد- لىرىدەك يۈگۈرۈشۈپ مۆكۈشمەك ئوينايتتۇق . مېنىڭ قىزىقىدىغان نەر- سىلىرىم ناھايىتى كۆپ ئىدى ، ھەممە نەرسىنى بىلىشكە ئالدىرايتتىم ، لېكىن ۋاقىت ناھايىتى ئاستا ئۆتەتتى .

1960 ـ يىلى كۈزدە ئاكام بىلەن چوڭ ئاچامنىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن تويى بولدى ، شۇنىڭدىن كېيىن ئىككىنچى ئاچام بىلەن ئىككىمىز كى- چىك بولساقمۇ ئۆي ئىشلىرىنى قىلىشقا باشلىدۇق .

ئىككىنچى يىلى كۈزدە ئاچامنى مەكتەپكە بەردى . مەن ئۆيدە ئۇكامنى باقتىم . ئاچام ئىككىنچى سىنىپقا كۆچكەن يىلى يېشىمنىڭ كى- چىكلىكىگە قارىماي ئاچىسى بىلەن بىللە ئوقۇسۇن دەپ مېنىمۇ ئالتە يې- شىمدا مەكتەپكە بەردى ، مەكتەپتە بەك ياخشى ئوقۇيتتىم . لېكىن ، ئائى- لىمىز نامرات بولغاچقا كىتاب سېتىۋالىماي داۋاملىق ساۋاقداشلىرىمنىڭ كىتابلىرىنى ئارىيەت ئېلىپ ئۆگىنەتتىم ، ئۇچامغا يېڭى رەختتىن بىرەر كىيىم كىيىپ باقمىغانىدىم . تولىسى ئاچام ئۇزۇن ۋاقىت كىيىپ ئاخىر پاتماي قالغان كىيىملەرنى كىيەتتىم . يالاڭ ئاياغ مەكتەپكە باراتتىم . ئا- چام بىلەن ئىككىمىز مەكتەپتىن كەلگەندىن كېيىن يۈگۈرۈشۈپ يۇرۇپ ئوتـۇن تېرىپ ئەكېلىپ ، ئاتا ـ ئانىمىز ئىشتىن كەلگۈچە تاماق ئېتىپ تۇراتتۇق . ئالەم قاراڭغۇلۇققا پاتقاندا ھېرىپ ـ ئېچىپ كەلگەن ئاتا ـ ئا- نىمىز بۇ ئىشىمىزدىن بەك خۇش بولۇپ ، بىزنى باغرىغا بېسىپ ئەركىلى- تىپ ، سۆيۈپ كېتەتتى .

شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئاچام كېسەل بولۇپ ، ئورۇن تۇتۇپ ئۇ- زۇن ياتـمايلا ئۆلۈپ كەتتى ، ئانام ئاچامنىڭ دەردىدە ئورۇن تۇتۇپ يې-

تىپ قالدى . دادام ئاشۇ يىللاردا كۈن ـ تۈن ئېلىپ بېرىلىدىغان داغ-
دۇغۇلۇق ھەرىكەت ، سىرتقى ئەمگەكلەردىن باش ئالالمىغاچقا ئۆينىڭ
ئىغىر ـ يېنىك ھەممە ئىشى مېنىڭ ئۈستۈمگە يۈكلەندى ، بىر تەرەپتىن
ئۆيىنىڭ پارچە ـ پۇرات ئىشلىرىنى قىلىش ، ئانامنىڭ چېيىنى قاينىتىش ،
تامىقىنى ئېتىش ئىشلىرىنى قىلسام ، يەنە بىر تەرەپتىن قارا چىراغ يورۇ-
قىدا دەرس تەكرارلايتتىم . بەزى دەم ئېلىش كۈنلىرى ئىنىم بىلەن
جاڭگالدىن ئوتۇن ئەكېلىپ سېتىپ ئۆينىڭ تۇرمۇشىنى قامدايتتۇق .
مېنىڭ بالىلىق تۇرمۇشۇم ئەنە شۇنداق ئۆتتى ، كېيىن ئاناممۇ ساقايدى ،
شۇنىڭ بىلەن بەزى ۋاقىتلىرى دوستلىرىم بىلەن ئوينايدىغان بولدۇم .

باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ناھىيىلىك ئوتتۇرا
مەكتەپتە ئوقۇدۇم . مەكتەپ بىلەن ئۆيىمىزنىڭ ئارىلىقى ئون يەتتە كى-
لومېتىر كېلەتتى ، ھەر شەنبە كۈنى ئۆيگە پىيادە قايتىپ كېلەتتىم . ماڭا
ئوخشاش بىر ئۆسمۈر ئۈچۈن بۇ يولنى پىيادە بېسىش ناھايىتى ئازابلىق
ئىش ئىدى . شۇنداق بولسىمۇ ئاتا ـ ئانامنىڭ تارتىۋاتقان جاپاسىنى
ئويلىغىنىمدا بۇ يول ئانچە يىراق بىلىنمەيتتى . ھەر قېتىم بىچارە ئانام مې-
نىڭ پىيادە كەلگەنلىكىمنى كۆرۈپ مېنى باغرىغا بېسىپ يىغلاپ
كېتەتتى .

مەن ئۆيگە كېلىپ ھاردۇقۇمنى چىقارغاندىن كېيىن ئانامغا يار-
دەملىشىپ تاماق ئېتەتتىم ، تاماقتىن كېيىن ئاتا ـ ئانام ، ئىنىم بىلەن
تۈن تەڭ بولغۇچە مۇڭدىشاتتىم . دادام مەندىن :

— قىزىم ، قانداقراق ئوقۇدىڭىز ؟ — دەپ سورايتتى .

مەن دادامغا :

— ئائىلىمىزنىڭ قىيىنچىلىق ئەھۋالىنى كۆزدە تۇتۇپ بولسىمۇ
چوقۇم ياخشى ئوقۇيمەن ، — دەپ جاۋاب بېرەتتىم .

دادام بۇ جاۋابىمنى ئاڭلاپ كۈلۈمسىرىگەن ھالدا :

— ئەقلىڭىزگە بارىكاللا قىزىم ، سىزگە ياخشى قارىيالمىدۇق ، —
دەپ كۆزىگە ئىسسىق ياش ئالاتتى .

دادامنىڭ بۇ ھالىغا قاراپ يۈرىكىم سىيرىلاتتى . يەكشەنبە كۈنى

مەكتەپكە ماڭغاندا ئاتا ـ ئانام بىر ھەپتىلىك خىراجىتىم ئۈچۈن بىر يۈەن پـۇل بېرەلىسە خۇشال مەكتەپكە ماڭاتتىم ، ئەگەر ئىككى يۈەن بېرەلىسە بـېشىم كۆككە يېتەتتى ، چۈنكى بۇ پۇلغا يېڭى چىققان كىتابلاردىن ئې- لىپ ئوقۇيالايتتىم ياكى دەپتەر سېتىۋالاتــتىم . لېـكىن ، كۆپ چاغـلاردا ئاتا ـ ئانام بىر يۈەنمۇ بېرەلمەيتتى .

ئـىقتىسادىي قىيىنچىلىق تۈپەيلىدىن ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ئوقۇش ھاياتىمدىمۇ ئەدەبىيات ، ماتېماتىكا دەرسلىك كىتابلىرىدىن باشقا كى- تابلارنى ، ئوقۇش قوراللىرىنى سېتىۋېلىشقا قۇربىم يەتمەيتتى . باشقا ئو- قۇغۇچىلار كىيگەن كىيىملەرنى مەن ھەرگىزمۇ كىيەلمەيتتىم . پۈتۈمغا بىر چىپەرقۇت خەي كىيىشمۇ نېسىپ بولمىغانىدى .

بېشىمغا ئەنە شۇنداق قىسمەتلەر كەلگەن بولسىمۇ ، لېكىن مەندە : « ياخشى ئۆگىنەي ، مول بىلىم ئېلىپ مۇشۇنداق شارائىتنى ئۆزگەرتىد- غان ، ۋەتەن ، مىللەتكە تۆھپە قوشالايدىغان ئادەم بولاي ، بىلىم ئارقىلىق ئۆز بەختىمنى تاپاي » دېگەن قەيسەر ئىرادە ۋە ئارزۇ بار ئىدى . شۇڭا ، دەرس ۋاقـتىدا ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سۆزلىگەنلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلايتتىم . دەرستىن كېيىن ساۋاقداشلىرىم دەم ئېلىۋاتقان ، ئويناۋاتقان ۋاقىتلاردا ئۇلارنىڭ كىتاب ـ كونسپېكتلىرىنى ئارىيەت ئېلىپ ئۆگىنەتتىم . چۈشەنمىگەن جايلىرىمنى خىجىل بولۇپ ئولتۇرماستىن ، ئوقۇتقۇچىلى- رىمدىن ۋە ساۋاقداشلىرىمدىن سورايتتىم . ئوقۇتقۇچىلىرىمغىمۇ ، ئۆزۈمـ- گىمۇ « نېمە ئۈچۈن » دېگەن سوئالنى كۆپ قوياتتىم . ئۆتۈلگەن دەرس- لـەر بىلەنلا قانائەتلىنىپ قالماي ، مەكتەپ قىرائەتخانىسىغا كىرىپ دەرس- لىككە ئائىت كىتابلارنى ئوقۇيتتىم .

ئۇ چاغلاردا ھازىرقىدەك ياخشى مۇھىت ، ياخشى ئىقتىسادىي شـارائىت يوق ئىدى . دەرسلىكتىن باشقا قوشۇمچە پايدىلىنىش ماتېرىيال- لىرىمۇ يوق ئىدى . شۇڭا ، ھازىر مەن ئىگىلىگەن بىلىمىمنىڭ بەكمۇ ئاز ، بەكمۇ چولتا ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمەن . كونىلار : « بىلىم ئىشقىدا كۆيسەڭ ئالتۇن شوتىدا ئۆرلەيسەن » دەپ توغرا ئېيتقان . دوستلار ، ۋا- قىتنى بوشقا ئۆتكۈزمەي تىرىشىپ ئۆگىنىپ ، مول بىلىم ئېلىشقا تىرى-

شىڭلار ، ماڭا ئوخشاش :« ھەي ئىست ، ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىم قايتا كەلسە ئىدى » دەپ پۇشايمان قىلىش سىلەرگە يېقىن كەلمىگەي .

( « شىنجاڭ ياشلىرى » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى )

## كىتابخانىدا

### گۈلبانۇم پەرھات

ياز ئايلىرىنىڭ مەلۇم بىر كۈنى ئىدى . مەن دادام بىلەن كىتابخانىغا باردىم . كىتابخانا ئىچى ئاجايىپ جانلىنىپ كەتكەن بولۇپ ، ئەسلىدە شەھىرىمىزدە كىتاب يەرمەنكىسى ئېچىلغانىكەن . ئۆسمۈرلەرگە ئائىت كىتابلارنىڭ كۆپلۈكىدىن خۇشاللىقتا قىن - قىنىمغا پاتماي قالدىم .

بىر نەچچە پارچە كىتابنى تاللاپ ، دادامنىڭ يېنىغا كەلسەم دادام بىر مويسىپىت كىشى بىلەن قىزغىن سۆزلىشىۋېتىپتۇ . دادام مېنى ئۇ كىشىگە تونۇشتۇردى . مەن ئەدەپ بىلەن سالام بەردىم . مەن دادامدىن ئۇ كىشىنىڭ لۇتپۇللا مۇتەللىپ ھەققىدە يېزىلغان « قاينام ئۆركىشى » رومانىنىڭ ئاپتورى ئابدۇللا تالىپ بوۋا ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ ، بۇ پېشقەدەم بوۋايغا ھەۋەس بىلەن قاراپ قالدىم . ئابدۇللا تالىپ بوۋا بىزنىڭ گېزىت - ژۇرناللىرىمىزنىڭمۇ ياخشى دوستى ئىكەن . بوۋاي مەن سېتىۋالغان كىتابقا « قىزىم ، تىرىشىپ ئۆگىنىپ ، ئەجدادلارنىڭ يارامىلىق ئىز باسارى بولۇڭ ! » دەپ چىرايلىق قىلىپ ئىمزا قويۇپ بەردى ھەمدە مەرھۇم بوۋام ئابدۇرېھىم ئەيسا توغرىسىدا نۇرغۇن يېڭىلىقلارنى سۆزلەپ بەردى .

بوۋامنىڭ پۈتۈن ھاياتى ئوقۇتقۇچىلىق بىلەن ئۆتكەنىكەن . ئۆتمۈشتە گومىنداڭ تۈرمىسىگە تاشلىنىپ ، نۇرغۇن ئازابلارنى تارتىپتۇ . ئازادلىقتىن كېيىن ئۈرۈمچى ، كورلا ، قارا شەھەرلەردە مائارىپ ئىشلىرىغا يۈرەك قېنىنى سەرپ قىپتۇ . ھازىر سان - ساناقسىز ئوقۇغۇچىلىرى ھەرقايسى جايلاردا ئالاھىدە تۆھپە قوشۇۋېتىپتۇ .

بىز سۆھبىتىمىزنى ئاخىرلاشتۇرۇپ ئابدۇللا تالىپ بوۋا بىلەن خوشلاشتۇق . بوۋاينىڭ ئەقىل نۇرى چاقناپ تۇرغان كۆزلىرى ، ئاپئاق ئاقارغان چاچلىرى ۋە يېقىملىق كۈلۈمسىرەشلىرى ئۇزاققىچە كۆز ئالدىمىدىن كەتمىدى .

بىزنىڭ بوۋىلىرىمىز نېمىدېگەن ياخشى ـ ھە ! بىز ئەنە شۇنداق ئېسىل خىسلەتلىك بوۋىلىرىمىزدىن چەكسىز پەخىرلىنىمىز . ئۇلارنىڭ ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ ، ۋەتىنىمىزنى ، مىللىتىمىزنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئۈچۈن يارامىلىق ئەۋلاد بولۇپ يېتىشىپ چىقىمىز . سۆيۈملۈك بوۋىلار ! سىلەرنىڭ روھىڭلار قەلبىمىزنى مەڭگۈ نۇرلاندۇرىدۇ .

( « ئۈمىد چېچەكلىرى » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى )

### 3 . بايان خاراكتېرلىك ماقالىلەرنىڭ يېزىش ئوبيېكتى

بايان بىلەن تەسۋىرنى ئاساسىي ئىپادىلەش ئۇسۇلى ، ئادەم بىلەن ئىش ـ ۋەقەنى ئەكس ئەتتۈرۈش ئوبيېكتى قىلىدىغان ماقالىلەر بايان خاراكتېرلىك ماقالىلەر دەپ ئاتىلىدۇ .

بۇ تەبىردىن ( ئېنىقلىمىدىن ) مەلۇمكى ، بايان ماقالىلىرىنىڭ يېزىش ئوبيېكتى ھەرقانداق ئەسەرنىڭ يېزىش يەنى ئەكس ئەتتۈرۈش ئوبيېكتى بىلەن ئوخشاشلا ئادەم ۋە ئادەمگە مۇناسىۋەتلىك ئىش ـ ۋەقەدىن ئىبارەت . بايان خاراكتېرلىك ماقالىلەردە ئادەملەر ، ئىش ـ ۋەقەلەر ۋە ئادەملەرنىڭ ئەتراپىدىكى مەنزىرىلەر كونكرېت ، جانلىق بايان قىلىنىش ۋە تەسۋىرلىنىش ئارقىلىق رېئال تۇرمۇش جانلىق ئەكس ئەتتۈرۈلۈپ ، مۇئەييەن بىر ئىدىيە ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ . بايان خاراكتېرلىك ماقالىلەردە ئادەملەرنى يېزىش بىلەن ئىش ـ ۋەقەلەرنى يېزىش ، مەنزىرىنى سۈرەتلەش بىر ـ بىرىدىن ئايرىلالمايدۇ . تەبىئەت دۇنياسىدىكى بارلىق شەيئىلەرنىڭ مەركىزى ئادەم بولغىنىدەك ئىش ـ ۋەقە ، مەنزىرە قاتارلىقلارنى يېزىش ( بايان قىلىش ، تەسۋىرلەش ) نىڭ مەركىزىدە ئادەم تۇرىدۇ . ئەمما ، ھەربىر پارچە بايان خاراكتېرىدىكى ماقالىدە يېزىلىدىغان

مۇھىم نۇقتىلار ئوخشاش بولمايدۇ . يەنى بەزىلىرىدە ئادەملەرنىڭ سالا-ھىيىتى ، تاشقى قىياپىتى ، خاراكتېرىنى يارىتىش ، سۈرەتلەش ئاساس قىلىنسا ، يەنە بەزىلىرىدە ئادەملەرگە مۇناسىۋەتلىك ئىش - ۋەقە نۇقتىلىق يېزىلىدۇ . يەنە بەزىلىرىدە ئادەملەرنىڭ ئەتراپىدىكى مۇھىت ، مەنزىرە ئاساس قىلىپ نۇقتىلىق يېزىلىدۇ .

**1 ) نۇقتىلىق ھالدا ئادەملەر ئوبرازى سۈرەتلەنگەن بايان ماقالىلىرىنى يېزىش .**

نۇقتىلىق ھالدا ئادەملەر ئوبرازى سۈرەتلەنگەن بايان ماقالىلىرى-نىڭ ئالاھىدىلىكى :

ئادەملەر ئوبرازى نۇقتىلىق سۈرەتلەنگەن ماقالىلەرنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى ئاساسەن پېرسوناژلارنىڭ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولغان سىرتقى قىياپىتى ، ھەرىكىتى ، تىلى ۋە پسىخىك ھالىتى قاتارلىقلارنى نۇقتىلىق بايان قىلىش ۋە تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ . گەرچە ئادەملەرنى سۈرەتلەش نۇقتا قىلىنغان بايان ماقالىلىرىنىڭ پېرسوناژلى-رى ، ئىپىك ئەسەرلەردىكى جۇملىدىن ھېكايىلەردىكى پېرسوناژلاردەك ئومۇملاشتۇرۇلغان . تىپىكلەشتۈرۈلگەن ، تىپىك خاراكتېرگە ئىگە قىلىن-غان ( يەنى ئىندىۋىدۇئاللىقى ۋە ئورتاقلىقى مۇكەممەل يېزىلغان ) بەدى-ئىي ئوبراز بولمىسىمۇ ، ئەمما شۇ پېرسوناژنىڭ تاشقى قىياپىتى ، ھەرى-كىتى ، تىلى ، روھىي ھالىتى قاتارلىقلارنى ئەكس ئەتتۈرۈش ۋە بۇنىڭغا ئائىت تۇرمۇش تەپسىلاتلىرىنى تەپسىلىي ، چىن يېزىشقا ئەھمىيەت بەر-گەندىلا كۆز ئالدىمىزدىكى ئاشۇ چىن ، ھەقىقىي ئادەمنىڭ ئوبرازى ناما-يان بولىدۇ .

ئادەملەرنى يېزىش نۇقتا قىلىنغان بايان ماقالىلىرىنىڭ ماۋزۇسى كۆپ ھاللاردا : « مېنىڭ ئانام » ، « مېنىڭ دادام » ، « مېنىڭ ئىنىم »، « ئۇ ئۆزگەردى » ،« مېنىڭ مۇئەللىمىم » ، « ئاددىي ھەم پەزىلەتلىك ئادەم » ، « ئىمتىھان ئالدىدا » ،« دادام ، ئاپام ۋە مەن » ، « ھېرىپ چارچاشنى بىلمەيدىغان كىشى » ،« مەن چوقۇنىدىغان ئادەم » ، « ياخشى دوست » دېگەنگە ئوخشاش قويۇلىدۇ .

ئادەملەرنى يېزىش نۇقتا قىلىنغان بايان خاراكتېرلىك ماقالىلەر دائىم تۆۋەندىكىدەك شەكىللەردە باشلىنىدۇ .

① ئالدى بىلەن شۇ شەخس ياكى شەخسلەرنىڭ ئىدىيىۋى پەزىلىتى قىسقىچە تونۇشتۇرۇلۇپ ، ئاندىن كونكرېتنى ئىش - پائالىيەتلىرىگە ئۆتىلىدۇ .

② شۇ شەخسنىڭ ياكى شەخسلەرنىڭ ئىلگىرىكى ئىش - ئىزلىرى ئومۇملاشتۇرۇلۇپ تونۇشتۇرۇلۇپ ئاندىن بىرەر تىپىك ئىش - ئىزلىرنى يېزىشقا ئۆتىلىدۇ .

③ ۋاقىت ، ئورۇن ، مۇھىت يېزىلىپ ئاشۇ كۆرۈنۈش ئىچىدە شەخس ياكى شەخسلەر مەيدانغا چىقىدۇ .

④ مەلۇم تەپسىلاتلار تونۇشتۇرۇلۇپ ۋە تەسۋىرلىنىپ ئاندىن شەخس ياكى شەخسلەر مەيدانغا چىقىدۇ .

ئادەملەرنى يېزىش نۇقتا قىلىنغان بايان ماقالىلىرىنىڭ ماتېرىيالى ئادەتتە پەقەت بىرلا ئىش - ۋەقە يېزىلىش ئارقىلىق ئادەم گەۋدىلەندۈرۈلۈشىمۇ مۇمكىن ، بىر قانچە ئىش - ۋەقەنى يېزىش ئارقىلىق گەۋدىلەندۈرۈلۈشىمۇ مۇمكىن . ئادەملەر سانى جەھەتتە بىرلا ئادەمنى يېزىشىمۇ ياكى ئىككى ، ئۈچ ھەتتا ئۈنىڭدىن كۆپ ئادەمنى يېزىشىمۇ مۇمكىن . لېكىن ، ئادەملەرنى يېزىش نۇقتا قىلىنغان بايان ماقالىلىرىدە ئادەملەر بەك كۆپ بولۇپ كەتسە ، ئۇلارنىڭ خاراكتېرىنى ئېچىپ بېرىش ئوقۇغۇچىلارغا بىرقەدەر قىيىن بولۇپ قالىدۇ .

ئادەملەرنى يېزىش نۇقتا قىلىنغان بايان ماقالىلىرىدىمۇ مەلۇم ئىش - ۋەقە بولىدۇ . لېكىن ، بۇ ئىش - ۋەقە يەنى ماتېرىيال بىۋاسىتە ھالدا باش تېمىنى يورۇتۇپ بېرىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ ، يەنى بۇ ئىش - ۋەقەلەر شۇ ئادەم ۋە ئادەملەرنىڭ چىراي شەكلى ، تەقى - تۇرقى ، سالاھىيىتى ، پسىخىكىسى ( روھىي ھالىتى ، روھىي دۇنياسى ) ، قانداق خاراكتېردىكى ئادەم ياكى ئادەملەر ئىكەنلىكىنى ئېچىپ بېرىش ئارقىلىق ئاندىن باش تېما يورۇتىلىدۇ .

بۇ خىلدىكى بايان ماقالىلىرىنىڭ بەزىلىرى ئەدەبىي ئوچېرك تۈ-

رىدە يەنە بەزىلىرى خەۋەر ئۇچېركى تۈرىدە يېزىلىدۇ . يېزىش ئوبيېكتى جەھەتتىن پېرسوناژ ئوچېركى ، ھۆججەتلىك ئوچېرك ، شەخسلەر ھەققىدىكى زىيارەت خاتىرىسى تىپىدا يەنە بەزىلىرى بىئوگرافىيە ئەدەبىياتىنىڭ تۈرلىرىدىن بولغان ئەسلىمە ، تەزكىرە ، تەرجىمىھال تىپىدا يېزىلىدۇ .

## ئۆرنەكلەر

# مېنىڭ بالىلىقىم

غازى ئەھمەد

( ھۆججەتلىك ئوچېرك تۈرىدىكى ، ئەسلىمە تىپىدىكى
ئەدەبىي تەرجىمىھال )

مەن دىنىي زات ئائىلىسىدە تۇغۇلدۇم . مېنىڭ ئاتا ـ ئانام ياكى تۇرۇق ـ تۇغقانلىرىمنىڭ بىرەرسى رەسسامۇ ئەمەس . دادام ئۆلىما كىشى بولۇپ ،يۇرت قازىسى ئىدى . مەن دادامنىڭ ئاتمىشلەرگە كىرگەندە تۇغۇلغان يالغۇز ئوغلى بولغاچقا دادام ماڭا تولىمۇ كۆيۈنەتتى . ئىككى ياش ۋاقتىمدا ئانام تۈگەپ كەتكەچكە مەن ئۆگەي ئانىنىڭ قولىدا چوڭ بولدۇم .

ئۆيىمىزدە بىرقانچە ئەۋلاد ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزدىن مىراس قالغان ئىككى يۈز پارچىدىن ئارتۇق كىتاب بار ئىدى ، بۇ كىتابلار ئۆي تاملىرىدىكى گەج بىلەن ئىشلەنگەن تەكچىلەرگە تىزىقلىق ئىدى . بەش ـ ئالتە ياش ۋاقتلىرىم بولسا كېرەك . مەن كىتابلاردىكى رەسىملەرنى كۆرۈشكە بەكمۇ ئامراق ئىدىم . دادام بۇ كىتابلارنى كۆرۈشۈمگە يول قوياتتى ، لېكىن كىتاب ۋاراقلىرىنىڭ يىرتىلىپ كېتىشىدىن ئەندىشە قىلىپ ، ئۆزى ۋاراقلاپ ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى رەسىملەرنى ماڭا چۈشەندۈرۈپ قوياتتى . بۇ كىتابلار ئىچىدە « ئاجايىبۇلمەخلۇقات ، غارايىبۇلمەۋجۇدات » ، « قىيافەتۇلئىنسان » ،« مەنتىقۇتتەھىر » ( قۇشلار سۆھبىتى )

دېگەنگە ئوخشاش ، ئىچكە مىنىياتيۇرا [1] سىزىلغان كىتابلارمۇ بار ئىدى . مەن بۇ رەسىملەرنى ھەۋەس بىلەن كۆرۈپ ، ئۇلارنى دوراپ سىزاتتىم . ئوچاق ئالدىغا كەلسەم تارىشا گۇگۇتنىڭ [2] ئۇستىگە ئوتۇن كۆمۈرى بىلەن رەسىم سىزاتتىم . ھويلىمىزنىڭ گەجلەنگەن تاملىرىغا ئادەملەر ، ھايۋانلار ۋە ئۇچار قاناتلارنىڭ رەسىملىرىنى سىزىپ تولدۇرۇۋەتكەنىدىم .

ئۆگەي ئانامنىڭ ھېچقانچە دىنى ساۋاتى بولمىسىمۇ ، ناھايىتى مۇتەئەسسىپ ، تەقۋادار ئايال ئىدى . ئۇ : « ئادەم رەسىملىرىنى سىزساڭ ، ئۇلار قىيامەتتە سەندىن جان دەۋاسى قىلىدۇ . سەن رەسىم سىزىپ يەتمىش پۇشتىمىزنى دوزاخقا تارتىدىغان بولدۇڭ ... » دەپ ، قۇلاقلىرىمنى سوزاتتى . ئەكسىچە ، دادام ھەۋەس بىلەن قاراپ : « تووا ، ماۋۇ رەسىملەرگە قاراڭلار ، چېپىپ كېتىۋاتقان ئاتلار ئۆز ئەينى سىزىلغان ، ئاۋۇ شىر بىزگە قاراپ كېلىۋاتىدۇ ، مانا بۇ سوقۇشۇۋاتقان خورازلارنىڭ قايسىسى ياماندەك تۇرىدۇ ... » دەپ مەندىن پەخىرلىنىپ ، ماڭا ئىلھام بېرەتتى . ئۆيىمىزگە كەلگەن يۇرت ئاقساقاللىرى ، دادامنىڭ يارۇ بۇرادەرلىرى : « ئەھمەد قازى ئاخۇنۇم ، بۇ ئىش زادى بولماپتۇ . يالغۇز ئوغۇللىرىنى ئوبدان تەربىيىلەپ ، ئۆزلىرىگە ئىز باسار قىلماي ، ئۇنىڭ مۇشتەك تۇرۇپلا بۇتپەرەس بولۇپ كېتىشىگە يول قويغانلىرى قانداق گەپ ؟ ئادەم رەسىملىرىنى سىزىش چەكلەنگەنلىكى توغرىسىدا ھەدىس [3] بار ئەمەسمۇ ؟ ... » دېيىشىپ ، دادامنى ئەيىبلەيتتى . دادام بولسا : « ھەربىرلىرى كۆرگەن ھەدىسلەرنى مەنمۇ ئوبدان بىلىمەن . ئىسلام دىنى بۇتپەرەسلىكنى يوقىتىش ئۈچۈن ئادەم رەسىملىرىنى سى-

---

① مىنىياتيۇرا — قولىيازما كىتابلارنىڭ ئىچكە بېۋاستە سىزىلغان رەڭلىك قىستۇرما رەسىم .

② تارىشا گۇگۇت — تېرەك ياغىچىدىن خۇددى پەنەركىنىڭ ئۇستىدىكى بىر قەۋىتىگە ئوخشاش نېپىز شىلىپ ياسالغان تارىشا .

③ ھەدىس — مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ سۆز - ھەرىكىتى ، پائالىيىتى ۋە كۆرسەتمىلىرى توپلىمى .

زىشنى مەنئى قىلغان. ھازىرقى ئەھۋال ئۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ. نارەسىدە
بالىنى 〈 بۇتپەرەس 〉 دىسەك، بالىغا ئۇۋۋال قىلىمىز. بۇ بالا بۇتنىڭ نېمە
ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ. شۇنىڭدەك ھېچبىر كىشى بۇ بالا سىزغان رە-
سىملەرنى بۇت دەپ بىلىپ ئۇنىڭغا چوقۇنغىنى يوق. خۇدا بالامنىڭ دى-
لىغا شۇ ئىشقنى سالغانىكەن، مەن ئۇنى توسسام بولمايدۇ. تارىختا
ئەجدادلىرىمىز ئىچىدە كۆپلىگەن مەشھۇر رەسساملار ئۆتكەن. ئاللا بالام-
نىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى زىيادە قىلىپ، چوڭ رەسسام بولۇپ قالسا ئە-
جەب ئەمەس ... » دەپ جاۋاب بېرەتتى.

باشلانغۇچ مەكتەپ بىلەن ئۆيىمىزنىڭ ئارىلىقى يىراق بولۇپ،
نەچچە مەھەللىنى بېسىپ ئۆتۈشۈمگە توغرا كېلەتتى. مەن مەكتەپكە
بارغۇچە ۋە مەكتەپتىن يانغۇچە دەرس تەييارلايتتىم. ئۆيگە قايتقاندىن
كېيىن كىتاب كۆرۈش، دەرس تەييارلاش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئاچى-
لىرىم تۇرمۇشلۇق بولۇپ چىقىپ كەتكەن، دادام ياشىنىپ قالغان، ئۆ-
گەي ئانام بولسا ھەم سېمىز ھەم ئاغرىقچان بولغاچقا، ئولتۇرۇپ - قو-
پۇشى ئاسان ئەمەس ئىدى. شۇڭا، مەن ئوتۇن يېرىپ، سۇ توشۇيدى-
غان، باغ ۋە ئېتىزلارغا سۇ تۇتىدىغان، قوي - كالا، ئات - ئېشەككە
يەم بېرىدىغان ئىشلارنى قىلاتتىم. ئۆگەي ئانام يەنە ئۆي تازىلاپ، كىر
يۇيىدىغان، تاماق ئېتىپ، قاچا يۇيىدىغان ئىشلارغىمۇ مېنى سالاتتى. بۇ
ئىشلارنى قىلىپ بولغۇچە ھېرىپ جۇلۇقۇم چىقىپ كېتەتتى. ئەتىگىنى
تاڭ سۈزۈلمەيلا، مېنى ئويغىتاتتى. مەن قويلارنى بېقىپ تويغۇزۇپ،
يەنە بىر تاغارغا ئوت ئېلىپ، ئۆيگە ئەكىرىپ قويغاندىن كېيىن مەكتەپكە
ماڭاتتىم.

بەزى چاغلاردا مەكتەپكە بېرىپ قايتقۇچە يول ئۈستىدىكى يامان
باللار ئالدىمنى توسۇپ، بوزەك قىلىپ ئۇرۇپ كېتەتتى. مەن ھەم ئو-
رۇق، ھەم ئاجىز ئىدىم. ئۇلار بىلەن تەڭ تۇرۇپ ئۇرۇشالمىغاچقا،
ئۇلارغا يالۋۇرۇپ ياكى قېچىپ قۇتۇلاتتىم. شۇنچىلىك جاپا تارتساممۇ
مەن يەنىلا باشلانغۇچ مەكتەپنى ئەلا نەتىجە بىلەن تۈگەتتىم. مەن ئو-
قۇۋاتقان كۈنلەردە تام گېزىتلەرگە رەسىم سىزىش، ھۆسنخەت يېزىش

جەھەتتە كىچىككىنە بولسىمۇ نامىم بار ئىدى . مەن ياپون جاھانگىرلى-كىگە قارشى تۇرغان سىياسىي ھەجۋى رەسىملەرنى چوڭايتىپ ، رەڭلىك قىلىپ سىزاتتىم . سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى تەرىپىدىن كىرگۈزۈلگەن « بوكۋار » ، « ۋەتەن ئەدەبىياتى » دېگەنگە ئوخشاش كىتابلارنىڭ ئى-چىدىكى قىستۇرما رەسىملەر مېنىڭ كۆچۈرۈپ سىزىشىمدىكى ياخشى ما-تېرىيال ئىدى .

مەن 1946 ـ يىلدىن 1950 ـ يىلغىچە قارىيخانا ( دىنىي مەكتەپ ) دا ئوقۇدۇم . مەن قۇرئان يادلاشتىن باشقا ، باشقىلارنىڭ ۋاراقلىرى يىر-تىلىپ يوقاپ كەتكەن ، بىرقانچە ۋارىقى كەم بولغان قۇرئانلىرىغا سەھىپە سەپلەپ ، يېڭى قۇرئانلارنىڭ ۋارىقىغا ئوپمۇ ئوخشاش يېزىپ بېرەتتىم . بەتنىڭ كانارىسىنى ① نەقىشلەر بىلەن زىننەتلەيتتىم . دېمەك ، مەن بۇ جايدا يەنىلا سەنئەت بىلەن شۇغۇللاندىم .

1950 ـ يىلى ئۆگەي ئانامنىڭ ھەددىدىن ئاشقان خورلاشلىرى ماڭا ئېغىر كەلدى . مەن يۇرتنى تاشلاپ چىقىپ كەتتىم . يېنىمدا تىيىن چاغلىق نەرسە يوق ئىدى . پەيزاۋات ، مارالبېشى ، ئونسۇلاردا پىيادە يۈ-رۈپ ، بىر يىلغا يېقىن سەرگەردان بولدۇم . بۇ جەرياندا مەن كۆرمىگەن جەبىر ـ جاپا ، تارتمىغان زۇلۇم ـ خاپىلىق قالمىدى . دادام مېنىڭ ئاق-سۇدا ئىكەنلىكىمدىن خەۋەر تېپىپ ، ئادەم ئەۋەتىپ مېنى قايتۇرۇپ كەلدى . مەن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن قەشقەر دارىلمۇئەللىمىنگە ئىمتى-ھان بېرىپ ، ياخشى نەتىجە بىلەن مەكتەپكە ئۆتتۈم . مانا بۇ مېنىڭ بالى-لىق سەرگۈزەشتىلىرىم .

مەن ناھايىتى كىچىك چېغىمدىلا قەلبىمدە رەسساملىقنىڭ ئوتى لاۋۇلداپ يانغانلىقتىن ، ھەرقانچە جاپا ـ مۇشەققەتتە چوڭ بولسامۇ ، رەسىم سىزىشنى توختاتماي قەتئىي داۋاملاشتۇردۇم . ئۇ ۋاقىتلاردا قەغەز ناھايىتى كەمچىل ئىدى . خوتەندە ئىشلەنگەن قەغەز ئۈجمە قوۋزىقىدىن ياسىلىدىغان سامان قەغەز بولۇپ ، بۇ قەغەزنىڭ يۈزى مودۇر ـ چوقۇر بولغاچقا ، قەلەم ئوبدان يۈرمەيتتى . ئۆچۈرگۈچ بىلەن ئۆچۈرسە ئاسان

① بەت كانارىسى ـــ بەتنىڭ گىرۋەكلىرى .

يىرتىلىپ كېتەتتى . مەيلى قەغەز ـ قەلەم ، مەيلى بوياق ماتېرىياللار بولسۇن ، بۇ كۈنلەرگە ئوخشاش ياخشى شارائىت يوق ئىدى .

مەن پەرزەنتلىرىمنىڭ ھەممىسىنىڭ رەسسام بولۇپ چىقىشىنى ئۈ-مىد قىلمايمەن . بىراق ، بۇ ئەسلىمىنى ئوقۇغان كىچىك دوستلار ئىچى-دىن چوقۇم ياراملىق رەسساملارنىڭ چىقىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن . مەيلى رەسسام بولۇش ئۈچۈن ياكى باشقا كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىپ ، نەتىجە يارىتىش ئۈچۈن بولسۇن ، ئالدى بىلەن شۇ كەسىپكە چوڭقۇر مۇھەببەت باغلاش لازىم . بۇ مۇھەببەت زور ئىشەنچ ۋە غايەت زور كۈچ ـ قۇدرەتكە ئايلىنىپ ، دۇچ كەلگەن ھەرقانداق مۇشكۈلاتلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشقا ئېلىپ بارىدۇ .

## دادىسىز ئۆتكەن كۈنلەر ...

—— ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئاتاقلىق يازغۇچىسى مەرھۇم
زوردۇن سابىرغا بېغىشلايمەن

نۇر يۇنۇس

( پېرسوناژ ئوچېركى تۈرىدىكى ئەدەبىي ئوچېرك )

1998 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ، مەن ھاياتىمدىكى ئەڭ قە-دىرلىك شەپقەتچىمدىن ئايرىلدىم . ئۇيغۇر خەلقى ئۆزىنىڭ ئەڭ تالانتلىق بىر يازغۇچىسىدىن ئايرىلدى .

ئۇ ئەمدىلا ئاتمىش بىر ياشقا كىرگەنىدى . مېنىڭ بالىلىق چاغ-لىرىمدىكى دادىسىز ئۆتكەن ئازابلىق كۈنلىرىم يەنە باشلاندى . بىراق ، ئۇ ماڭا دادىسىزمۇ ياشىغىلى بولىدىغانلىقىنى ، قايغۇلۇق چاغلارنى قانداق يېڭىشنى ھەم تىرىشچانلىقنى ئۆگىتىپ قويغان ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ماڭا بەرگەن يېڭى ھاياتلىق سەپىرىمگە بىلىمنىڭ داغدام يوللىرىنى ئېچىپ بەرگەن .

بۇنىڭدىن ئون بىر يىل ئىلگىرى مەن تېخى ئون تۆت ياشلىق گۆدەك ئىدىم . ئەينى چاغدا ئائىلەم ئۈچۈن ، جەمئىيەت ئۈچۈن قورقۇنچلۇق بىر يۈك بولۇپ قېلىش ئېھتىمالىم بار ئىدى . چۈنكى ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈشكە ئاز قالغاندا ئائىلىمىزنىڭ بېسىمى تۈپەيلىدىن ئوقۇشتىن توختاپ قالدىم . بىر مەزگىل ئائىلە ئىشلىرىنى قىلىپ ، جاڭگالدا پادا بېقىپ يۈرگەن بولساممۇ ، كېچە - كۈندۈز مەكتەپنى ، ساۋاقداشلىرىمنى سېغىناتتىم . قوي بېقىۋېتىپ يىراقتىن ئاڭلانغان داڭ ( مەكتەپ قوڭغۇرىقى ) ئاۋازىنى ئاڭلىغىنىمدا ، كىملەرنىدۇ تىللىغۇم ، تاغلارنى تىترەتكۈدەك ۋارقىراپ يىغلىغۇم كېلەتتى . سازلىقنى كېسىپ ئېقىۋاتقان دەرياغا قاراپ ئۈمىدسىز خىياللارنى سۈرەتتىم . گاھىدا دەريا شاۋقۇنلىرىغا قوشۇلۇپ ، ھەممە باللار تەكشى ئوقۇيالايدىغان ، ئاتا - ئانا مېھرىبان بولغان خىيالىي بىر دۇنياغا كېتىشنى ئارزۇ قىلاتتىم . بىراق ، بۇ مۇمكىن بولمايدىغان ئىشلاردەك تۇيۇلاتتى . راست گەپنى قىلسام مەكتەپتە ئوقۇيالمىغاندىن كېيىن ئەتراپىم قاراڭغۇلىشىپ كەتكەندەك تۇيۇلۇپ ، ئۆيدە ، مەھەللىدە بىر مىنۇتمۇ تۇرغۇم كەلمىدى . تو-ساتتىن خىيالىمدا ئۆيدىن قېچىپ كېتىپ پاراۋانلىق ئورۇنلىرىغا يېلىنىپ يۈرۈپ ئوقۇش خىيالىغا كېلىپ قالدىم . ئاخىر غايەت زور جىدام بىلەن ئۆيدىن قاچتىم . ئەينى چاغدا قىلىۋاتقىنىمنىڭ خاتا ياكى توغرا ئىكەنلىكى ماڭا ئېنىق بولمىسىمۇ ئوقۇش ئۈچۈنلا شۇنداق قىلغىنىم ئۈچۈن خېلى ئۈمىدۋار ئىدىم ...

سەرگەردانلىق ھاياتىم 1988 - يىلى 4 - ئاينىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ رەسمىي باشلاندى . ئۆيدىن چىقساملا ئوقۇيالايدىغاندەك ، ھېكايىلەردىكى ياخشى ئادەملەر ماڭا ئۇچراپ مېھرى بىلەن قارايدىغاندەك تۇيۇلغان ناتونۇش قەشقەر كوچىلىرى مېنىڭ تەسەۋۋۇرۇمدىكىدەك ئەمەس ئىكەن . ئاشخانىلاردا قاچا يۇيۇپ ، يۇندا توكۇپ ، قورۇلۇشلاردا لاي توشۇپ ، چۆللەردە شېغىل تاسقاپ ، كۆرمىگە جاپالارنى كۆردۈم . كىيىملىرىم كىر دەستىدىن تۆمۈر كىيىمدەك بولۇپ كەتتى . تىل - ئاھانەت ۋە دەرد - ئەلەم ماڭا ئاچچىقى يامان ئانامنى سېغىندۇردى . ئەمما ، ئانام-

نىڭ ئاچچىقىنى ، تاياقلىرىنى ئويلاپ ئۆيگە قايتىپ كېتىشكە پېتىنالمى-
دىم . مۇشۇ پېتى يۈرۈيدىغان بولسام ، ئەتراپىمدىكى مەن دېمەتلىك با-
لىلارغا ئوخشاش يانچۇقچى ياكى بولمىسا ئەسكى ئىشنىڭ ھەممىسىنى قى-
لىدىغان ۋەھىمىلىك ئادەمگە ئايلىنىپ قېلىشىم تۇرغانلا گەپ . شۇڭا ، «
تاياق يېسەممۇ يەپ ، ساۋاقداشلىرىمنىڭ كىتابلىرىنى ئارىيەت ئېلىپ
ئۆزلۈكۈمدىن ئۆگىنىپ باقاي ، ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ ئالىم بولغانلارمۇ
كۆپقۇ ... » دەپ ئويلاپ ئاخىر ئۆيگە قايتىپ كەلدىم . پىتنە - پاساتلار
دەستىدىن يۈزىنى كۆتۈرەلمەي قالغان ئانام ئىشىكتىن كىرىشىمگىلا قولىغا
چىققانلا نەرسىنى بېشىمغا ئېتىپ ، ئۆيدىن قوغلاپ چىقاردى . تەڭ كېچە
بولاي دېگەندە باغنىڭ تاملىرىدىن ماراپ يۈرۈپ ئۆيگە كىردىم ، ئانام
ئۇخلاپ قالغانىكەن . ئەتىسى ئانامنىڭ ئاچچىقى بىر ئاز يانغان بولسىمۇ
مېنى قارشى ئالمايدىغانلىقىنى ، ئوقۇش ئارزۇيۇمنىڭ ئەمەلگە ئاشمايدى-
غانلىقىنى ئىپادىلەپ قويدى . « دادام بولغان بولسا مېنى جەزمەن ئوقۇ-
تاتتى » دەپ ئويلاپ دادامنىڭ قەبرە بېشىغا بېرىپ ھارغۇچە يىغلىدىم .
ئەمدىلا ئون تۆت ياشقا كىرگەن بىر گۆدەكنىڭ قولىدىن يىغلاشتىن
باشقا يەنە نېمە كېلەتتى ؟! چۈشكۈنلۈك ئىچىدە بىر نەچچە كۈنى
ئۆتكۈزدۈم . ئانامنىڭ ، ئۇرۇق - تۇغقانلارنىڭ تاپا - تەنىسى جېنىمغا
تەگدى . تەڭتۇشلىرىممۇ مېنى « قاچقۇن » دەپ كۆزىگە ئىلىشمىدى .
شور پېشانىلىكىمدىن ئۆزۈمگە ئۆزۈم ئېچىندىم . « نېمە بولسام بولاي ،
ئەمدى بۇ يۇرتقا ، بۇ ئۆيگە دەسسىمەسمەن » دېگەن ئاچچىق ئوي بىلەن
ئىككىنچى قېتىم يەنە قاچتىم . بىراق ، بۇ نۆۋەت قاچقاندا ئەتراپلىق
پىلان بىلەن قاچتىم . 1980 - يىللاردا ئەڭ ياخشى پوۋېست - ھېكايىلىرى
بىلەن تونۇلۇۋاتقان يازغۇچى ئەختەم ئۆمەر ئاكىنى ئىلگىرى يېزىشقان
خەتكە ئاساسلىنىپ قەشقەردىن ئىزدەپ تاپتىم . ئائىلە ئەھۋالىمنى ، ئو-
قۇش ئارزۇيۇمنىڭ بارلىقىنى ئەختەم ئاكىغا سۆزلەپ بەردىم . قىسقىسى ،
ئۇنىڭدىن ياردەم تەلەپ قىلدىم ، ئەختەم ئۆمەر ئاكىنىڭ ۋاستىسى بىلەن
تالانتلىق يازغۇچى ، يەنى زوردۇن سابىر مېنىڭ دادام بولۇپ قالدى .
ئەينى چاغدا زوردۇن سابىر غەربىي ياۋروپانى زىيارەت قىلىپ قايتقان

مەزگىلى ئىكەن . ئەختەم ئاكىنىڭ تەپسىلىي تونۇشتۇرۇشى بىلەن زور-دۇن سابىر مېنى بالا قىلىپ بېقىۋالىدىغان بولدى . ئانام ئىلگىرى بىرەر پالاكەتكە يولۇقسام « نىيىتىڭ يامان بالا بولدۇڭ ، خۇدايىم نىيىتى يامان ئادەملەرگە پالاكەت بېرىدۇ ... » دەپ تىللايدىغان . بۇ تاسادىپىي ئۇچ-رىشىش ھەم بىر يازغۇچىنىڭ بالىسى بولۇش ماڭا نىسبەتەن ئىلگىرى ئۇچرىغان پالاكەتلەرنىڭ ئاخىرلىششى بولدى . كۆڭلۈمدە ئۆزۈمنىڭ ئەسلى ياخشى نىيەتلىك بالا ئىكەنلىكىم ئېنىق بولغاندىن كېيىن تۇنجى قېتىم ئۆزۈمگە ئىشىنىشكە باشلىدىم . بىز 1988 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى قەشقەردىن ئۈرۈمچىگە قاراپ يولغا چىقتۇق . يولدا كەلگۈچە مەن ئىشلىگەن ئاشخانىلار ، شېغىل تاسقىغان چۆللەر ، كاۋاكلىرىغا كىرىپ ياتىدىغان پاكار تاغلار كۆزۈمگە غىل ـ پال كۆرۈنۈپ بارا ـ بارا يىراقلاردا قالدى ...

يولدا كەلگۈچە كىتابلار توغرۇلۇق ، چەت ئەل يازغۇچىلىرىنىڭ ھاياتى توغرۇلۇق پاراڭلارنى قىلىشتۇق . زوردۇن سابىر دادام « سەن خېلى كۆپ كىتابلارنى ئوقۇپسەن ـ ھە ! راۋۇرۇس تەربىيىلىسەم يارام-لىق يازغۇچى بولۇپ چىقالىغۇدەكسەن » دېدى . ئۈرۈمچىگە كېلىپ ئۇ-زۇن ئۆتمەي مېنى مەكتەپكە بەردى . ئوقۇش باشلىغان كۈندىن باشلاپ ، تىرىشىپ ئوقۇسام ئۇنىڭ كۈتكەن يېرىدىن چىقالماي قېلىشىمدىن ئەن-سىرىدىم ، دەسلەپتە دەرسلەردە باللارغا يېتىشىپ ماڭدىم . كېيىن « 3 تە ياخشى » ئوقۇغۇچى بولغان چاغلىرىمدا ، سىنىپ ھەيئىتى بولغان چاغ-لىرىمدا ئۇ ئۆزىنىڭ ئەجرىنىڭ بىكارغا كەتمىگەنلىكىدىن خېلىلا خۇشال بولدى . بارا ـ بارا مەشىق ئەسەرلىرىمنى كۆرۈپ پىكىر بېرىپ ، مەتبۇ-ئاتلارغا بەردى . ئۇنىڭ زېرىكمەي ـ تېرىكمەي تەكرار قىلىپ بېرىدىغان چاغلىرىدا تەلەيلىكلىكىمدىن پەخىرلىنەتتىم ، تۇرمۇشتىكى ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلاردىكى ئەستايىدىللىقىنى يوشۇرۇنچە ئۆلگە قىلاتتىم . بىللە ئاشتا قىلغان چاغلاردا نانىنىڭ يۇمشاقلىرىنى بىز باللارنىڭ ( ئۇنىڭ مەندىن كىچىك شۆھرەت ، نۇسرەت ئىسىملىك ئىككى ئوغلى بار ) ئالدىغا ئىتتىرىپ قويۇپ ئازراق قېتىپ قالغانلىرىنى ئۆزى ئالدىغا تارتىپ يېگەن

چاغلىرىدا ئۆزۈم تۇغۇلۇپ ، كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن ئائىلىدە كۆرمەگەن مېھرىنى ھېس قىلاتتىم . ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ ، ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىدىغان چاغدا زوردۇن سابىر دادامنىڭ خەنزۇ تىلى دەرسىدىن تەكرار قىلىپ بەرگەن ۋاقىتلىرىنى ئويلىسام ، ھازىرقى ۋاقىتتا تولىمۇ خىجىلچىلىق ئىچىدە قالىمەن ، چۈنكى ئۇ كۈتكەندەك يۇقىرى سەۋىيىگە يېتەلمىدىم دەپ ئويلايمەن . ئىراق ، ئالىي مەكتەپكە چىققان چاغلاردا ئۇنى خۇشال قىلغان چاغلىرىمۇ بولغان . بەزى چاغلاردا بىز قىزىق مۇنازىرىلەرنى قىلىشاتتۇق . يېزىلىۋاتقان بەزى ئەسەرلەر ئۈستىدە گەپ تالىشىپمۇ قالاتتۇق . ئۇ شۇنداق چاغلاردا « ۋۇي ! چوڭ بوپسەن - ھە ! مەن بىلەن ئەدەبىيات ئۈستىدە گەپ تالاشقۇدەك بولغاندىكىن ... ياخشى بالام ... » دەپ مەمنۇنلۇق بىلەن كۈلۈپ كېتەتتى . بىلىم كېيىمگە قونغان چاڭغا ئوخشايدۇ . ئۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىرىشىغا ئەگىشىپ قېلىنلايدۇ ، ئۇنىڭ ماڭا بەرگەن بىلىمى يىللار ئۆتكەنسېرى تېخىمۇ كۆپ سىڭىشكە باشلىغانىدى . كېيىن بىز بىر ئىدارىدە ئىشلەيدىغان ئاتا - بالا خىزمەتداشلارغا ئايلانغان چاغلاردىمۇ ئۇنىڭ داۋاملىق بىلىم بېرىشىگە ، تەربىيىلىشىگە موھتاج ئىدىم . چۈنكى ، ئۇنىڭدا ئۆگىنىشكە تېگىشلىك بىلىم ۋە ياخشى پەزىلەت كۆپ ئىدى . ئەپسۇس ئۇ مەندىن ، ئۆزىگە موھتاج نۇرغۇن ئادەملەردىن ، قىسقىسى ، خەلقىدىن ۋاقىتسىز خوشلىشىپ كېتىپ قالدى . ھاياتنىڭ گۈزەل چاغلىرىمۇ ، رەھىمسىز چاغلىرىمۇ بولىدىكەن . شۇڭا ، ئادەم ئۆز ئۆمرىنى ئەھمىيەتلىك ئىشلارغا بېغىشلاپ ياخشى پەزىلەت ، ياخشى نام بىلەن ئۆتتۈشى كېرەك ئىكەن . مەنمۇ چوڭ ئادەمگە ئايلاندىم . خۇددى رىۋايەتلەردىكى خىزىرغا يولۇققاندەك يولۇققان شەپقەتچىم ماڭا ئۆزىنىڭ ئىشەنچىنى قالدۇرۇپ سەپەر قىلدى .

( « تارىم غۇنچىلىرى » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى )

# مەنمۇ مۇئەللىم بولدۇم

## ئۆمەر رەجەپ

( ۋەقەلىك ئەدەبىي ئوچېرك تۈردىكى بايان ماقالىسى )

باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدا بىر يىلى سىنتەبىردە ئوقۇتقۇچىلار بايرىمى بولىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ بەكمۇ خۇش بولدۇم. چۈنكى، بۇ ۋاقىت مۇئەللىمگە سوۋغا تەقدىم قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى پۇرسىتى ئىدى. مەن ئوقۇشقا كىرگەندىن باشلاپ قەلبىمدە ئوقۇتقۇچىغا نىسبەتەن بىر يۈكسەك ھۆرمەت پەيدا بولغانىدى. ئۇنىڭغا كۆڭلۈمنى ئىزھار قىلىشنى قانچە ئويلىساممۇ، قانداق قىلىپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشنى بىلمەي يۈرەتتىم. بۇ يىل ئوقۇتقۇچىلار بايرىمى يولغا قويۇلۇپتۇ، مۇشۇ ئەڭ ياخشى پۇرسەت ئەمەسمۇ؟ ئەمدى ئويلايدىغىنىم مۇئەللىمگە نېمە سوۋغا قىلىشتا قالغانىدى. مەن جىق نەرسىلەرنى كۆڭلۈمدىن ئۆتكۈزدۈم، بىراق مۇۋاپىقراق بىرەر نەرسىگە جەزم قىلالمىدىم. ئاخىر گۈل سوۋغا قىلسام مۇۋاپىقراق بولىدىغاندەك تۇيۇلدى. بولىشىغۇ بولدۇ، ئەمما گۈلنى نەدىن تېپىش كېرەك. پەسىللىك گۈللەر ئېچىلىپ توزۇپ بولدى. ھويلىمىزغا تېرىغان كىچىككىنە گۈللۈكىمىزدە ئۈزۈپ سوۋغا قىلغۇدەك گۈل كۆرۈنمەيتتى. مەن ئاخىر تىت ـ تىت بولۇپ دادامدىن پۇل سوراپ ماگىزىندىن گۈل سېتىۋالماقچى بولدۇم. قېرىشقاندەك ئۇ كۈنى دادام خېلى كەچتىمۇ ئۆيگە قايتمىدى. مەن ئالدىنقى يىلى ئاپامنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى سوۋغا قىلغان گۈللەردىن بىر تال ئايرىپ ئېلىپ مەكتەپكە ماڭدىم. مەكتەپ دەرۋازىسىدىن كىرىشىمگىلا ساۋاقداشلىرىمنىڭ سىنىپ ئالدىدا توپلىشىپ تۇرغانلىقىنى كۆردۈم. ئۇلارنىڭ چىرايىدا كۈلكە، ھەممىسىنىڭ قولىدا بىر تالدىن گۈل،

خۇددى دېيىشىۋالغاندەكلا ئۇلار مېنى كۆرۈپ ئورۇۋېلىشتى :

— سەنمۇ گۈل ئەكەپسەندە ؟

— قارا ، مېنىڭ ئەكەلگەن گۈلۈمگە ئوخشايدىكەن .

— ھەممىسى قىزىل ! ھەممىمىزنىڭ ئەكەلگىنى قىپقىزىل گۈللەر ئىكەن .

ئۇلار چۇۋۇرلىشىپ گۈللەرنى يىغىپ تىزىشقا باشلىدى ھەممە يوغان بىر دەستە گۈل ياساپ چىقىشتى . بىز بۇ گۈللەرنى نېمىگە قاچىلاش ئىشىنى بىردەمدىلا ئويلىشىۋالدۇق . يېنىمىزدىكى پارچە - پۇرات پۇللىرىمىزنى يىغىپ بىر لوڭقا سېتىۋالدۇق ، گۈللەرنى چوڭ لوڭقىغا سېلىپ دەرس مۇنبىرى ئۈستىدە قويۇپ قويدۇق . بۇ بىزنىڭ سەبىي قەلبىمىز ئىدى . ھەربىر تال گۈل بىر كىچىك قەلبكە ۋەكىللىك قىلاتتى . بۇ بىر دەستە گۈل سىنىپىمىزدىكى قىرىق نەپەر قەلبنىڭ ئۆز ئۇستازىغا بولغان سەمىمىي سوۋغىسى — بايراملىق سوۋغىسى ئىدى .

مۇئەللىم سىنىپقا كىرگەندە ھەممىمىز ئادەت بويىچە ئورنىمىزدىن تۇرۇپ ئۇنىڭغا سالام بەردۇق . ئۇ سىنىپقا كىرىپلا كۆرگىنى مۇنبەر ئۈستىدە تۇرغان بىر دەستە گۈلمۇ ياكى بىزنىڭ گۈلدەك ئېچىلىپ تۇرغان چىرايىمىزمۇ ؟ دەماللىقتا داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى ھەم تېزلا ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىپ ، بىزنى ئولتۇرۇشقا ئىشارەت قىلدى ۋە پەس ئاۋازدا : « رەھمەت سىلەرگە ! » دېگەن سۆزنى قوشۇپ قويدى . بۇ سائەتلىك دەرستە مۇئەللىم ئادەتتىن تاشقىرى قىزغىنلىق بىلەن ئېچىلىپ - يېيىلىپ دەرس ئۆتتى . ئۇ ئۆزىنىڭ قەلبىدىكى بارلىق ھارارىتىنى بىزگە بېرىۋاتقاندەك قىلاتتى . ئۇنىڭ نۇرلانغان چىرايى پارقىراپ تۇراتتى .

دەرس ئاخىرلاشقاندا مەن ساۋاقداشلىرىمغا ۋاكالىتەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ :

— مۇئەللىم ، بۈگۈن بايرىمىڭىز ! كۆپچىلىك سىزنى تەبرىكلەيمىز ، سىزگە ئاددىي بولسىمۇ ئازراق سوۋغا تەييارلىغاندۇق ، سىزمۇ كۆرۈپ تۇرۇپسىز ، بۇ بىر دەستە گۈل ھەممىمىزنىڭ سىزگە بولغان ھۆرمىتىمىز ، بىز مەسلىھەتلىشىۋالمىغان ئەھۋال ئاستىدا بۇ گۈللەرنى بىر

تـال ـ بـىر تالدىن ئېلىپ كېلىپ گۈلدەستە قىلدۇق . قوبۇل قىلغايسىز !
— سىلەر بىزنىڭ گۈللىرىمىز ، ھەر بىرىڭلار بىر تال گۈل ، سىـلەر بۇ دەستە گۈلگە ئوخشايسىلەر ، بۇ گۈل بولمىغاندىمۇ سىلەر مې- نىڭ نەزىرىمدە دەل بىر دەستە گۈل ، رەھمەت سىلەرگە !
ئۇ لـوڭقىنى ئېگىز كۆتۈرگىنىچە سىنىپتىن چىقىپ كەتتى . كې- يىن مەن مەكتەپ يۈتتۈرگىچە مۇئەللىمنىڭ شىرەسى ئۈستىدە بىز تەقدىم قىلغان بۇ بىر دەستە گۈلنى كۆرۈپ تۇردۇم .
دەرۋەقـە باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ ئوتتۇرا مەكتەپكە ، ئان- دىـن سىغەن مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇدۇم . بۇ جەرياندا نۇرغۇن ئوقۇتقۇ- چىلارنىڭ تەربىيىسىنى ئالدىم . نۇرغۇن ئوقۇتقۇچىلارغا گۈلدەستە تەق- دىم قىلدىم . بىراق ، تۇنجى قېتىم مۇئەللىمگە گۈل تەقدىم قىلغىنىم ـ مۇئەللىمنىڭ نۇرانە چىرايى ھېلىمۇ كۆز ئالدىمدىن كەتمەيدۇ .
مانا ، مەنمۇ مۇئەللىم بولۇپ ، بىرىنچى قەدەمنى باستىم . ھەپتى- سىگە ئون نەچچە سائەت دەرس ئۆتسەممۇ قىلچە ھارغىنلىق ھېس قىل- مىدىم . سەبىي كۆزلەر ماڭا تىكىلىپ مەندىن بىلىم تەلەپ قىلىۋاتقاندەك تۇيۇلدى .
بۈگۈن بايرام كۈنى بولمىسىمۇ ئەمما مەن سىنىپقا كىرىپ ھەيران قالدىم . مۇنبەر ئۈستىدە بىر دەستە قىزىل گۈل تۇراتتى . دەقىقە ئىچى- دىكى گاڭگىراشتىن كېيىن ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىپ :
— بۇ ... بۇ گۈلنى ... — دېدىم .
— بۈگۈن تۇغۇلغان كۈنىڭىز مۇئەللىم ھەم سىزنىڭ ...
ھـەئە ، چۈشەندىم . ئۇلار مېنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈمنى نەدىن سوراپ بىلىۋالدىكىنە ! مۇھىمى ئۇلار بۇ گۈل دەستىنى مېنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈمنى تەبرىكلەشتىن كۆرە ئوقۇتقۇچى بولغىنىمنى تەبرىكلەپ سوۋغا قىلغاندەك قىلاتتى .
دۇرۇس مـەن مۇئەللىم بولدۇم ، مەن ئەجدادلار ، ئاتا ـ ئانام ، ئۇستازلىرىم باسقان يولنى بويلاپ ئالغا قەدەم تاشلىدىم . شاگىرتلىرىم مېنى چۈشىنىپتۇ ، خۇددى مەنمۇ ئۆز ۋاقتىدا ئۇستازىمنى چۈشەنگەندەك .

مەن مۇئەللىم بولدۇم . مەن بۇ كەسىپنى قىزغىن سۆيىمەن . بۇ كەسىپ بىلەن ئۆمۈرۋايەت شۇغۇللانماقچىمەن . ئاخىرىدا كۆڭلۈمنى مۇنۇ شېئىر ئارقىلىق بىلدۈرمەكچىمەن .

مۇئەللىملىك پەخىرلىك بىر نام ،
ماڭغان شۇڭا ئاتام ھەم ئانام .
مەنمۇ ماڭدىم مۇشۇ يول بىلەن ،
ئەقىدەمنى قىلىمەن تامام .

مۇئەللىمگە گۈلدەستە تۇتقان ،
چىن قەلبىمدىن سەبىي چاغلىرىم .
ئەمدى ماڭا تۇتتى شاگىرتلار ،
بەك سۆيۈندى يۈرەك جانلىرىم .

گۈلدەستىنى دىمەڭلار ئاددىي ،
ئۇ قەلبىمنىڭ سوۋغىسى ھامان .
گۈلدەستىنىڭ ھېكايىسىنى ،
شۇ مەقسەتتە قىلدىم مەن بايان .

( « شىنجاڭ ياشلىرى » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى )

## ئەما قىزنىڭ بالىلىق چاغلىرى

جاڭ خۇرۇڭ

( لەنجۇ شەھەرلىك گاس ـ گاچا ، ئەمالار مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى )
پېرسوناژ ئوچېركى تۈرىدە ، ئەدەبىي ئوچېرك تىپىدا ،
ئەسلىمە شەكلىدە يېزىلغان ئەدەبىي تەرجىمھال )

مەن خەقلەردىن « بالىلىق دېگەن بىر چۈش » دەپ ئاڭلىغىنىم

ئېسىمدە . بۇ چۈش كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ قەلبىدە قىزىقارلىق ، تەسىرلىك ، ئۇنتۇلماس ئەسلىمىلەرنى قالدۇرغان .

بالىلىق چاغلىرىمدا يېشىل ياپراقلارنى ، ئۇ ياپراقلارنى يەنىمۇ يېشىل جۇلالاندۇرىدىغان قۇياش نۇرىنى ، يازنىڭ ئايدىڭ كېچىلىرىدىكى تولۇن ئاينى ، رەڭمۇرەڭ گۈل - چېچەكلىرى بىلەن كىشىنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىدىغان رەڭدار ، گۈزەل زېمىننى كۆرگەن ، ئەپسۇس ، مەن بۇ گۈزەللىك ئالىمىنى ناھايىتى ، ناھايىتىمۇ قىسقا بىر مەزگىل كۆرۈپ ، ئۇنى بىلىپ - بىلمەيلا تەقدىرنىڭ قىسمىتى بىلەن قاراڭغۇ زۇلمەت ئالەمىگە مەھكۇم بولدۇم .

مەن دەل - دەرەخلىرى تۆت پەسىلدە ياپيېشىل تۇرىدىغان ، ئېتىز - ئېرىقلىرىدىن زىرائەت ئۆسۈپ ئۆكسىمەيدىغان ، يىل بويى گۈللەر ئېچىلىپ تۇرىدىغان جاي — جەنۇبىي جۇڭگونىڭ كۆركەم بىر يېزىسىدا تۇغۇلغانىدىم . بالىلىق چاغلىرىم يېشىل چىمەنزار ، گۈل - چېچەكلەرگە تولغان مەھەللىدە ئۆتتى . ئۈچ ياش ، ھېچقانداق غەم - قايغۇنى بىلمەيدىغان چېغىمدا داۋالىغىلى بولمايدىغان بىر كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ ئىككى كۆزۈمدىن ئايرىلدىم . چەكسىز قاراڭغۇلۇق دەھشىتىدە جېنىمنىڭ بارىچە يىغلىدىم . ئۈنۈم يەتكۈچە ۋارقىرىدىم . ئەپسۇس ، يىغلاش ، چىرقىراشلار ماڭا زەررىچە يورۇقلۇق ئاتا قىلمىدى .

بالىلىق قايغۇ بىردەملىكلا بولىدىكەن . مەن تەڭ دېمەتلىك دوستلىرىمنىڭ ئويۇن - كۈلكىسى بىلەن ئۆز قايغۇمنى تېزلا ئۇنتۇپ كەتتىم . دوستلىرىم بىلەن قولۇلە ، پاقا تۇتۇپ ئوينايتتىم ، ئۇلار بىلەن ئېتىز - ئېرىقلارغا باراتتىم ، ئېتىز قىرلىرىدا كېتىۋېتىپ يىقىلىپ چۈشسەم دوستلىرىم يۆگۈرۈپ كېلىپ يۆلەپ قوياتتى . بىراق ، بۇ ئىش شۇ ھامانلا سەبىي قەلبىمنى چىدىغۇسىز دەرىجىدە ئېچىشتۇراتتى . مەن چىدىغۇسىز ئەلەم ئىچىدە يىغلىغان پېتىم ئۆيگە قايتىپ كېلەتتىم . بوۋام - مومامنىڭ بەزلەشلىرى ، دوستلىرىمنىڭ كىچىككىنە قوللىرى بىلەن سىيلاشلىرىمۇ تۆككەن ياشلىرىم ، ئاھۇ پەريادىمغا قىلچە دال بولالمايتتى ...

شۇنداق يىغا - زارە بىلەن نەچچە يىلنى ئۆتكۈزدۈم . تەڭتۇشلە-

رىمنىڭ ھەممىسى مەكتەپكە كىرىشتى. ئۇلارنىڭ ئۈنلۈك كىتاب ئوقۇغىنىنى ئاڭلاپ مەكتەپكە كىرگۈم، ئاشۇ دوستلىرىمدەك كىتاب ئوقۇغۇم كەلدى. بۇ ئارزۇ ـ ئىستەك مېنى شۇنداق تەلپۈندۈردىكى، ئۇنى مەن ھېلىمۇ تىل بىلەن تەرىپلەپ بېرەلمەيمەن. مەن دائىم: «مەن ئوقۇيمەن، مەن كىتاب ئوقۇيمەن! ...» دەپ ئوقۇش ئىشتىياقىدا ئۇيقۇم كەلمەيدىغان، ئاغزىمغا تاماق يېتىمايدىغان ھالەتكە چۈشۈپ قالغانىدىم. دەل شۇ كۈنلەردە مېنىڭ بىر دوستۇم:

— سەن نېمىشقا مەكتەپكە بارمايسەن؟ مۇئەللىم بۈگۈن بىزگە «بۆرە كەلدى» دېگەن چۆچەكنى سۆزلەپ بەردى. بۇ چۆچەك ئاجايىپ قىزىق ئىكەن، — دېدى.

دوستۇمنىڭ سەممىي سۆزلىرى مېنىڭ دەردلىك يۈرىكىمگە ئوت ياققاندەك پۈچىلىنىپ كەتتىم ۋە يىغلىغان پېتىم ئۆيگە ماڭدىم. مەن ئۆيگە كىرىپلا مومامنىڭ قولىغا ئېسىلىپ:

— مەن مەكتەپكە بارىمەن! موما، مەن مەكتەپكە بارىمەن، مېنى مەكتەپكە ئاپىرىپ بەر! — دەپ يىغلىدىم.

مومام ئۈن ـ تىنسىز يېشىمنى سۈرتۈپ بېشىمنى سىيلايتتى، ئازاب ئىچىدە مەڭزىنى مەڭزىمگە ياقاتتى. مومامنىڭ كۆزىدىن سىرغىپ چۈشكەن ياش مەڭزىمگە، لېۋىمگە تەگكەندە، مومامنىڭ مەندىنمۇ ئېغىر ئازابلىنىۋاتقانلىقىنى چۈشەنگەندەك بولدۇم ۋە «موما!» دېدىم ـ دە، مومامنىڭ قوينىغا ئۆزۈمنى ئېتىپ ھۆكرەپ يىغلاپ كەتتىم. مومام يۈزىنى يۈزۈمگە يېقىپ مېنى چىڭ قۇچاقلىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئېقىۋاتقان ئىسسىق ياش مېنىڭ كۆز يېشىم بىلەن قوشۇلۇپ مەڭزىمنى بويلاپ ئاقماقتا ئىدى... شۇنىڭدىن باشلاپ مەن ئۆزۈمنى چۈشەنگەندەك، مەندەك بىر ئەما قىز ئۈچۈن مەكتەپتە ئوقۇش دېگەننىڭ زادى مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئۇققاندەك بولدۇم. مەن ئىچىمدە ئازابلانساممۇ مومامغا قايتا ئېسىلىپ يىغلىمىدىم، مەكتەپ غەلۋىسىنىمۇ قىلمىدىم. چىرايىمدا بۇرۇنقى شاد كۈلكىلەر، چىرايلىق تەبەسسۇملار جىلۋىلەنمەيدىغان بولدى، ئۇنىڭ ئورنىنى غەم ـ قايغۇ تۇمانلىرى قاپلىۋالدى.

مېنىڭ كۆز ياشلىرىم تەڭرىنى تەسىرلەندۈردى بولغاي ، ئارىدىن ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي دادام مېنى ئۆزى ئىشلەيدىغان گەنسۇغا ئەكېلىۋالدى ۋە لەنجۇ شەھەرلىك گاس ـ گاچا ، ئەمالار مەكتىپىگە ئوقۇشقا بەردى . بۇ ئىش مېنىڭ بالىلىق ھاياتىمدىكى ئەڭ چوڭ خۇشاللىق بولدى ، كۆز-لىرىمدىن شادلىق ياشلىرى كەلكۈندەك ئاقتى ...

( « يۈز كۈنلۈك تەكرار »ناملىق كىتابتىن ئېلىندى )

## ئەمەت دولان

ئۆمەرجان ھاپىز

( پېرسوناژ ئوچېركى تۈرىدىكى ، ئەدەبىي ئوچېرك تىپىدىكى
بايان ماقالىسى )

— بالىلار ، ئەمەت دولان كەپتۇ .

— ئەمەت دولان ...

ئېرىز بىلەن ئەكرەمنىڭ ۋارقىراشقىنىچە يۈگۈرۈپ كېلىشى بىز-نىڭ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭلىرىمىزنى بېسىپ چۈشتى . ھەممەيلەن گوياكى قايناۋاتقان قازانغا سوغۇق سۇ قۇيۇۋەتكەندەك جىمىپ ، ئۇلارنى « دۇر-رىدە » ئورىۋالدۇق .

— نەدە ؟

— نەگە كەپتۇ ؟

— ئىشخانىغا كىرىپ كەتتى ، — دېدى ئەكرەم ھاسىرىغان ھالدا ، — راستتىنلا بىزنى چېقىشتۇرغىلى كەلگەن ئوخشايدۇ .

— ھە ؟! — بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھەممەيلەن ساراسىمىگە چۈش-تۇق . چۈنكى ، ئەمەت دولان ھەممەيلەنگە تونۇشلۇق مىجەزى چۈس ، ئىچى كۈچلۈك ، ھەقىقىي دولانلىقلارغا خاس گەۋدىلىك ، تەمبەل كىشى ئىدى . ئۇ مەھەللىدە يەر تېرىمايتتى ، تېرىقچىلىق قىلمايتتى ، قوي ـ

كالا ، توخۇ ـ ئۆردەكمۇ باقمايتتى . بالا ـ چاقىلىرىمۇ يوق ، ئايالىمۇ
خېلى بۇرۇنلا ئۆلۈپ كەتكەنىدى . ئۆزى ئېگىز ، ماڭسا گوياكى نا ئۇستا
سازەندىنىڭ سازلىرىدەك يېقىمسىز غىچىرلاپ ماڭىدىغان ، ئۆزى ياسىۋال-
غان ياغاچ چاقلىق يارىيار هارۋىسىغا قېرى تۆگىنى قېتىپ جاڭگالدىن
ئوتۇن توشۇپ ساتاتتى . شۇڭا ، بىز ئۇنى ئەمەت ئوتۇنچى دەپمۇ قو-
ياتتۇق .

ئەمەت دولان كىچىكىدىنلا ئىسسىقنى ئىسسىق دېمەي ، سوغۇقنى
سوغۇق دېمەي بەلبېغىغا نانىنى تۈگۈپ ، ئىككى كۈندە ئاران كىرىپ چى-
قىپ بولىدىغان جاڭگالدىن ئوتۇن توشۇپ كۆنگەچكىمىكىن ، چىرايى
ئاپتاپتا كۆيۈپ قارىداپ كەتكەنىدى . مەڭىز سۆڭەكلىرى چىقىپ ئۇنى
تېخىمۇ سۈرلۈك ، سۆرۈن تەلەت كۆرسىتەتتى . جاڭگالدا يالغۇز يۈرۈپ
چوڭ بولغاچقىمىكىن كىشىلەرگە ئانچە ئارىلاشمايتتى . مىجەزى چۇس
بولۇپ ئاسان تېرىكەتتى . شۇڭا ، بىز ئۇنى ئانچە ياقتۇرۇپ كەتمەيتتۇق .
ئۇنىڭ بىلەن چېقىشىپلا تۇراتتۇق . ئۇنى مازاق قىلىپ بىر مەھەللىلىك
بىر قانچىمىز بىرلىشىپ ئوتۇنلىرىنى ئېلىپ قاچاتتۇق . لېكىن ، ئۇ بۇنىڭغا
ئانچە ئېرەنگىشمەيتتى . شۇڭا ، بىز ئۇنىڭ ئوتۇنىنى ئېلىپ قېچىش بىلەن
بولدى قىلمايتتۇق .

دولان ، دولان ، دولانچاق ،
ئوتۇن تەردىم بىر قۇچاق .
ئوتۇنۇڭنى كىم ئالدى ،
پاقا بىلەن قۇمۇچاق .

دەپ قوشاق قېتىپ قېچىپ كېتەتتۇق . ئۇ بۇ قوشىقىمىزنى ئاڭلىسىلا
قۇيقا چېچى تىك بولاتتى . بىزنى تىللىغىنىچە قوغلايتتى . تېخى تۈنۈ-
گۈن كەچتىلا ئۇنىڭ بىر هارۋا ئوتۇنىنىڭ يېرىمىنى چېچىۋېتىپ ، تۆ-
گىسىنى هەيدىۋېتىپ ئۇنى بەكلا قاقشاتقان ، يۈگۈرتۈپ هالىدىن كەت-
كۈزۈۋەتكەنىدۇق . ئۇ ئاچچىقىدا يېرىلغۇدەك بولغان ، « مەكتىپىڭلارغا
بېرىپ مۇئەللىمىڭلارغا دېمەيدىغان بولسام » دېگەنىدى . مانا ئەمدى

بىزنى مۇئەللىمگە چىقىشتۇرسا قانداق قىلارمىز ؟

بىز ئەنە شۇنداق تەشۋىش ئىلكىدە تۇراتتۇق . تەنەپپۇس ۋاقتى توشۇپ قوڭغۇراق چېلىندى . چۈشلۈك گىمناستىكا بولغاچقا ھەممەيلەن مەيدانغا يىغىلدۇق . گىمناستىكا ئوينىلىپ بولۇشىغىلا ئىشخانا تەرەپتىن مەكتەپ مۇدىرى بىلەن ئەمەت دولان چىقىپ كەلدى . بىز ئۇنى كۆرۈپ تېخىمۇ بەكرەك قورقۇپ كەتتۇق . چۈنكى ، ئەمەت دولان مەكتەپ مۇ-دىرىغا چىقىشتۇرغان بولسا ، مۇدىرنىڭ بىزنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ قو-يۇشى ، بىرنەچچە يۈز ئوقۇغۇچىنىڭ ئوتتۇرىسىدىلا تەنقىد قىلىشى تۇر-غانلا گەپ ئىدى . بۇلارنى ئەمەت دولان مەكتەپ مۇدىرىغا چىقىش-تۇرغان بولسا ، مەكتەپ مۇدىرى ئىسمىمىزنى ئاتاپ بولغۇچە قېچىپ كېتەيلى دەپ تۇراتتۇق . ئويلىمىغان يەردىن مەكتەپ مۇدىرى مۇنداق دېدى :

— ساۋاقداشلار ، ئەمەتكامنىڭ ئوتتۇن توشۇپ سېتىپ تۇرمۇ-شىنى قامدايدىغانلىقى ھەممىڭلارغا مەلۇملۇق . ئۇ شۇنداق نامرات تۇر-مۇش كەچۈرسىمۇ قىشنى سوغۇق ، يازنى ئىسسىق دېمەي جاپاغا چىداپ ، جاڭگالدىن ئوتتۇن توشۇپ سېتىپ تاپقان ئۈچ مىڭ يۈەن پۇلىنى مەكتەپنىڭ مەبلىغى كەمچىل بولۇپ توختاپ قالغان قۇرۇلۇشىنى پۈتكۈزۈش ئۈچۈن ئىئانە قىلغىلى كەپتۇ . ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتايلى !

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھەممەيلەن داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدۇق . گۈل-دۈراس ئالقىش سادالىرى ئىچىدە خىجىللىقتىن يۈزلىرىمىز ئوت بولۇپ يېنىشقا ، يۈرىكىمىز پۇشايمان ئىلكىدە ئۆرتىنىشكە باشلىدى . ئەمەت دولانغا چوڭقۇر ھۆرمەت بىلەن قاراپ قالدۇق .

( « شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى » گېزىتىدىن ئېلىندى )

# مېنىڭ ئاپام

شەمسىيە ئۆركەش

( پېرسوناژ ئوچېركى تۈرىدىكى ، ئەدەبىي ئوچېرك تىپىدىكى
بايان ماقالىسى )

مېنىڭ ئاپام ئېگىز بوي ، ئاق يۈزلۈك ، قارا كۆز ، چىرايىدىن ئاق كۆڭۈللۈكى ، سەمىمىيلىكى ، ئىشچانلىقى چىقىپ تۇرىدىغان ئاددىي بىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى .

ئاپام ناھايىتى ئاددىي ـ ساددا ئايال ، ئۇ سىڭلىم ئىككىمىزنى ئۆزىنىڭ كۆز قارىچۇقىدەك ئاسراپ ئۆزى ئاددىي كىيىنسىمۇ ، بىزنى ياخشى كىيگۈزۈپ ، يېگۈزۈپ بېقىپ چوڭ قىلىۋاتىدۇ . ئاپام بىزگە بەك ئامراق ، بىزمۇ ئاپامغا ئامراق . ئۇ بىزنى ياخشى ئوقۇسۇن دەپ بىزنىڭ ئۆگىنىشىمىزگە دائىم يېقىندىن ياردەمدە بولىدۇ ھەم بىزگە قاتتىق تەلەپ قويىدۇ . مەن ئاپامنى ناھايىتى ھۆرمەتلەيمەن ، ئۇ مېنىڭ ئۈلگەم .

مۇنداق بىر ئىش مېنىڭ ئاپامغا بولغان ھۆرمىتىمنى تېخىمۇ ئا- شۇردى . بۇ يىل باھاردا ئاپام مەسئۇل بولغان سىنىپتىكى بىر ئوقۇغۇچى ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ ، ئوپېراتسىيە قىلىنمىسا بولمايدىكەن . بۇ ئەھۋالدىن ئاپام خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن يېقىندىن ياردەمدە بولدى . ئۇنى داۋالاتتى ، ئىسسىق تاماق بىلەن كۆڭلىدە يوقلاپ تۇردى . كۆيۈمچان ئاپامنىڭ ياردىمىدە ئۇ ئوقۇغۇچى چوڭ ئو- پېراتسىيە قىلىنىپ ، رەھىمسىز ئۆلۈم گىرداۋىدىن ياندۇرۇپ كېلىندى ۋە چەكسىز بەخت ـ سائادەت ئىچىدە ئۆزىنىڭ يېڭى تۇرمۇشىنى باشلى- ۋەتتى .

ئېھ ، كۆيۈمچان ئاپا ، سىز نېمىدېگەن ئالىيجاناب ـ ھە ! مەن سىزدەك مېھرىبان ، ئېسىل پەزىلەتلىك ئاپام بولغانلىقىدىن پەخىر-

لىنىمەن .

ئاپا ، مەن سىزنى ئۆزۈمگە ئۈلگە قىلىپ ، چوقۇم تىرىشىپ ئو-قۇپ ، ئۆزۈمدىن سىزگە ئوخشاش ئېسىل روھنى يېتىلدۈرىمەن .

( « ئۈمىد چېچەكلىرى » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى )

## سۆيۈملۈك بوۋام قەلبىمدە

گۈلجەننەت بەختىيار

( پېرسوناژ ئوچېرکى تۈرىدىكى ، ئەسلىمە تىپىدىكى بايان ماقالىسى )

مېنىڭ بوۋام ناھايىتى قامەتلىك ، چېھرىدىن ئاق كۆكۈللىكى ، سەممىيلىكى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان كۆيۈمچان ، ئوچۇق - يورۇق ، كۆڭلى - كۆكسى كەڭ ئادەم ئىدى .

1995 - يىلى 5 - ئاينىڭ 25 - كۈنى مەن ئۆچۈن ئۇنتۇلغۇسىز ھەم ئېچىنىشلىق بىر كۈن بولدى .

شۇ كۈنى مەن مەكتەپتە 2 - سائەتلىك رەسىم دەرسىدە رەسىم سىزىۋاتاتتىم ، تۇيۇقسىز ئىشىك ئېچىلدى - دە ، سىنىپ مەسئۇلىمىز سىنىپقا بېشىنى تىقىپ ھەممىمىزگە تەكشى قاراپ چىقتى ۋە جىددىي قىياپەتتە ماڭا قاراپ قول ئىشارىتى بىلەن مېنى سىرتقا چاقىردى . مەن تېزدىن مۇئەللىمنىڭ قېشىغا چىقتىم .

مۇئەللىم بىر ئاز جىم تۇرغاندىن كېيىن ماڭا قاراپ :

— گۈلجەننەت ، بوۋىڭىز تۈگەپ كېتىپتۇ ، — دېدى . مەن نېمە قىلىشىمنى بىلمەي مۇئەللىمنى چىڭ قۇچاقلاپ ھۆڭرەپ يىغلاپ كەتتىم . « ئۆلۈم » دېگەن بۇ سۆزنىڭ ئادەمنىڭ يۈرەك باغرىنى ئېچىشتۇرىدىغان دەھشەتلىك سۆز ئىكەنلىكىنى شۇندىلا ھېس قىلدىم .

مەن يۈگۈرۈپ ئۆيگە باردىم . قارىسام ، چوڭ ئاپام ۋە بارلىق ئۇ-رۇق - تۇغقانلىرىمىز ھازا ئېچىۋېتىپتۇ . مەن چوڭ ئاپامنىڭ قۇچىقىغا ئۆزۈمنى ئاتتىم . چوڭ ئاپام « بالام ، سېنى شۇنچىلىك ياخشى كۆرىدى-

غان بوۋاڭ تۇگەپ كەتتى » دەپ مېنى باغرىغا مەھكەم باستى . مەن ئىچ - ئىچىمدىن ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتىم .
بوۋام قان بېسىمى ئۆرلەپ كەتكەنلىكتىن قۇتقۇزۇش ئۈنۈم بەرمەي تۇگەپ كەتكەنىدى .
بوۋام هايات چېغىدا شىنجاڭ ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ بىر ئىلغار ئەزاسى ئىدى . ئۇ خىزمىتىنى ناهايىتى ياخشى كۆرەتتى ۋە دائىم قىزغىن هالدا خىزمەت ئىشلەيتتى . ئۇ خىزمىتىنىڭ ئالدىراش بولۇشىغا قارىماي مەكتىپىمىزگە بىرىپ هەر قېتىملىق ئاتا - ئانىلار يىغىنىغا قاتنىشاتتى ۋە سىنىپ مۇدىرىم بىلەن ئايرىم سۆهبەتلىشىپ ئۆگىنىش ئەھۋالىمنى سوراپ تۇراتتى . ئەتىلدە ھەم دەم ئېلىش كۈنلىرىدە مېنىڭ ئۆگىنىش قىلىشىمغا ياردەملىشەتتى . ئۇ ماڭا چۆچەكلەرنى سۆزلەپ بېرەتتى ۋە ھېكايە كىتابلارنى سېتىۋېلىپ ئەكېلىپ بېرەتتى .
مەن بوۋامنىڭ غەمخورلۇق قىلغانلىقىدىن تىرىشىپ ئەلا نەتىجە بىلەن ئوقۇپ « ئۈچتە ياخشى ئوقۇغۇچى » ، « مۇنەۋۋەر سىنىپ كادىرى » بولۇپ باھالىنىپ مۇكاپاتلىنىپ كەلدىم . بوۋا ، يەرلىكىڭىزدە خاتىرجەم يېتىڭ . مەن خۇددى سىز ھايات چېغىڭىزدا ئۈمىد قىلغاندەك ياخشى بىر تالانت ئىگىسى بولۇپ چىقىمەن .

( « ئۈمىد چېچەكلىرى » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى )

## مېنىڭ دادام

لاله گۈل تۇرسۇنجان
( پېرسوناژ ئوچېركى تۆرتىنچى يىللىق ماقالىسى )

مېنىڭ دادام ئېگىز بوي ، قاڭشارلىق كەلگەن ئاق كۆكۈل ئادەم . ئۇ ئىنتايىن جاپاكەش بولۇپ ، ھەتتا كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ ، بىز ياش - ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن ناخشا ئىجاد قىلاتتى .
بۈگۈن 9 - ئاينىڭ 10 - كۈنى بولۇپ ، ئوقۇتقۇچىلار بايرىمى

ئىدى. مېنىڭ دادام دراما ئوقۇتقۇچىسى. ئۇ بۈگۈنمۇ ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ، ناخشا ئىجاد قىلىۋاتاتتى. ئۇ بىر تەرەپتىن دۇتار چالسا، يەنە بىر تەرەپتىن پىئانىنو چالاتتى. ھەربىر قېتىم چېلىپ بولغاندىن كېيىن ئۇنى قەغەزگە يازاتتى. ئەگەر خاتا بولۇپ قالسا، تۈزىتىپ يەنە قايتا چالاتتى ۋە يازاتتى. مەن:

— دادا سىز تېخى چۈشلۈك تاماق يېمىدىڭىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۈگۈن ئوقۇتقۇچىلار بايرىمى تۇرسا، سىز ئارام ئېلىشىڭىز كېرەك، — دېدىم.

— قىزىم، مەن «گېزىت ئامراق دوستىمىز» دېگەن ناخشىنىڭ نوتىسىنى يېزىۋاتىمەن. سىلەر ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ گېزىتكە بولغان قىزىقىشىڭلارنى ئاشۇرۇشۇم كېرەك، — دېدى دادام ماڭا كۈلۈمسىرەپ قاراپ. ئۇ داۋاملىق يېزىشقا كىرىشىپ كەتتى. مەنمۇ ئىشىكنى ئاستا يېپىپ چىقىپ كەتتىم.

دادامنىڭ كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ جاپالىق ئىشلىشى بىلەن ئاخىر بۇ ناخشا پۈتتى ۋە 97 - يىللىق «تارىم غۇنچىلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 7 — 8 - سانىغا بېسىلدى. مەن ئىنتايىن خۇشال بولۇپ كەتتىم ۋە دادامنىڭ يېنىغا كىرىپ ناخشا بېسىلغان ساننى كۆرسەتتىم. دادام:

— ئەمگىكىم بىكارغا كەتمەپتۇ، — دەپ مەمنۇن بولغان ھالدا كۈلۈمسىرەپ قويدى ۋە ماڭا قاراپ:

— قىزىم، مەن بۇ ناخشىنى «تارىم غۇنچىلىرى» غا چىقىرىش ئۈچۈنلا يازمىدىم. بەلكى سىلەرنىڭ بۇ ناخشىنى ئوقۇپ، ئۇنىڭدىن ئىلھام ئېلىشىڭلار ۋە سىلەرنىڭ گېزىتكە بولغان تەشنالىقىڭلارنى قاندۇرۇش ئۈچۈن يازدىم، — دېدى.

مەن دادامنىڭ بىز ياش - ئۆسمۈرلەرگە ئۆزىنى بېغىشلاشتەك ئالىيجاناب روھىدىن ئۆگىنىمەن ھەمدە بىز ياش - ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن يېڭى - يېڭى ئىجادىيەتلەرنى يارىتىدىغان ئاق كۆڭۈل، جاپاكەش، كۆيۇمچان دادامنىڭ بولغانلىقىدىن چەكسىز پەخىرلىنىمەن.

(«ئۈمىد چېچەكلىرى» ژۇرنىلىدىن ئېلىندى)

## مېنىڭ پارتىيىدىشىم

( پېرسوناژ ئۇچېرىكى تۈرىدىكى بايان ماقالىسى )

لـى نانىڭ گېپىدە تۈرىدىغان ئىشلارنى ئەستايىدىل قىلىدىغان روھى مەندە چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى .

لى نانىڭ بويى ئانچە ئېگىز ئەمەس ، ئورۇق ، قاپقارا قاشلىرى ئاستىدا بىر جۈپ كۆزى چاقناپ تۇرىدۇ . ئاغزى چوڭ ، كۈلگەن هامان رەتلىك ئاپئاق كىچىك چىشلىرى كۆرۈنىدۇ .

لى نا سىنىپىمىزدىكى ئۆگىنىشتە ئاكتىپلاردىن بىرسى . لېكىن ، هەر قېتىملىق ماتېماتىكا ئىمتىهانىدا ئىككىمىز مۇسابىقىلەشسەك ، ئۇ داۋاملىق ئۇتتۇرۇپ قويىدۇ . مەن لى ناغا چاقچاق قىلىپ : « سەن ئۆگىنىشتە هەممىدە ئۈستۈن تۇرساڭمۇ ، ماتېماتىكىدا ماڭا تەڭ كېلەلمەيسەن » دەيمەن . لى نا قايىل بولمىغان هالدا : « سەن ئالدىراپ خۇشال بولما ، ئالدىمىزدا كۆرىمىز تېخى » دەيدۇ .

شـۇنىڭدىن كېيىن لى نا مېنىڭ ئالدىمغا ئۆتۈپ كېتىشكە بەل باغلاپ ، ئالاھىدە تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ ، ئاخىر كۆرۈنەرلىك نەتىجىگە ئېرىشتى .

شـۇ قـېتىملىق ماتېماتىكا ئىمتىهانىدا ، لى نا تەشەببۇسكارلىق بىلەن ماڭا مۇسابىقە ئېلان قىلغان ، مەن هەيران قالغانىدىم . « بەسلىششكە پېتىنالامسەن ؟ » دېگەنىدى . ئۇ ئۆزىگە ئىشەنگەن هالدا خىرس تەلەپپۇزى بىلەن ، مەن كۆڭلۈمدە « نېمىشقا پېتىنالمىغۇدەكمەن ، بۇرۇنمۇ هەر قېتىم سېنى يېڭىۋالاتتىم . بۇ نۆۋەتتىمۇ پايدا ئالالمايسەن » دەپ ئويلاپ خۇشاللىق بىلەن قوشۇلغانىدىم .

ئـىمتىهان ۋاقتىدا ئىككىمىز هەر بىر مەسىلىنى ئىنتايىن ئەستايىدىللىق بىلەن ئىشلىدۇق . بىر كۈندىن كېيىن مۇئەللىم ئىمتىهان قەغەزلىرىمىزنى تارقىتىپ بەردى ئويلىمىغان يەردىن مەن ئۇتتۇرۇپ قويدۇم .

مەن 94 نومۇر ، ئۇ 96 نومۇر ئالغانىدى . لى نا خۇشال هالدا كۈلۈپ قويدى .

دەرستىن چۈشكەندە مەن لى ناغا :

— سېنىڭ ماتېماتىكا دەرسىدىكى ئۆلگىرىلىشىڭ نېمانچە زور ؟ — دەپ سورىدىم . ئۇ ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن :

— ساڭا مۇسابىقە ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن مەن ئائىلىدە ماتېماتىكا مەشىقلىرىنى كۆپلەپ ئىشلىدىم . سېنى يېڭىش چىقىش ئۈچۈن ، ئاتامغا « ئۆلچەمگە يېتىش مەشىقلىرى » دېگەن بىر يۈرۈش كىتابنى ئالغۇزدۇم . دەسلەپتە نۇرغۇن مەسىلىلەرنى بىلمىگەنىدە ئۆزۈم كۆپىرەك مېڭە ئىشلەتتىم . پەقەت بولمىغاندا ساۋاقداشلاردىن سورىدىم . ئاخىر ھەممىنى ئىشلىيەلەيدىغان بولدۇم ، — دېدى .

مەن بۇنىڭدىن ھەقىقەتەن تەسىرلەندىم . لى نانىڭ گېپىدە تۇرۇش ، ئۆگىنىشتىكى ئالاھىدە تىرىشىش روھى تا ھازىرغىچە مېنىڭ ئالغا بېسىشىمغا تۈرتكە بولماقتا .

( « ئۇمىد چېچەكلىرى » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى )

## مەن

ۋۇ يۆ

( پېرسوناژ ئوچېركى تۈرىدىكى بايان ماقالىسى )

مېنىڭ ئىسمىم ۋۇ يۆ ، بۇ يىل توققۇز ياشقا كىردىم . تەجرىبە باشلانغۇچ مەكتەپ 4 - يىللىق 3 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى . مېنىڭ قىزىقىدىغانلىرىم ناھايىتى كۆپ : ئۇسسۇل ئويناش ، رەسىم سىزىش ، ناخشا ئېيتىش ، قول مەشغۇلاتى قاتارلىقلار . يەنە ئەينەك ئالدىدا تۇرۇپ ئويۇن ئويناشنىمۇ ياخشى كۆرىمەن . ئاپام « نېرۋىسى قوزغالدى » دەيدۇ ، باشقىلار « ياسانچۇق » دېيىشىدۇ . مېنىڭچە بۇ گۈزەللىكنى سۆيۈش ھېساب-

لىنىدۇ .

كىچىك ۋاقتىمدا مەن ھەمىشە ئاغرىپ قالاتتىم . ئاپام مېنى ئۆيگە سولاپ قوياتتى ، مەن بولسام ئەينەك ئالدىغا كېلىپ ، ياسىنىشقا باشلايتتىم ، ئاندىن ئۆزۈم ھېكايە توقۇپ ئۆزۈم ئاڭلايتتىم ، مەن ھېكايىدە « باش رول » ئېلىپ چىقاتتىم .

بىر قېتىم ، ئاپام خۇددى ئادەتتىكىگە ئوخشاش نەچچە قېتىم تاپىلاپ قويۇپ چىقىپ كەتتى . مەن قۇلىقىمنى دىڭ تۇتۇپ ، ئاپامنىڭ ئاياغ تىۋىشى يوقالغاندىن كېيىن دەرھال ياتاق ئۆيگە كىرىپ ، ئاپامنىڭ بىر كۆينىكىنى كىيدىم . ئارقىدىنلا چېچىمنى يېشىپ ، ياخشى تارىغاندىن كېيىن چاچ مېيى سۈرۈپ ، چازا تاقىدىم . كېيىن ئەڭلىك ، لەۋ سۈرۈغ سۈرۈپ ، قېشىمنى بويىدىم . ھەممە تەييارلىق پۈتكەندىن كېيىن مەن دەرھال كىيىم جازىسىنىڭ ئەينىكى ئالدىغا كېلىپ ، ئۆزۈمنىڭ گۈزەل سىيماسىغا قاراپ تۇرۇپ ، ھېكايە توقۇشقا باشلىدىم .

دېڭىزنىڭ چوڭقۇر يېرىدە بىر تىلسىملىق ئارال بولۇپ ، ئارالنىڭ بۇلۇتقا تاقاشقان بىر چوققىسى بار ئىكەن . شۇ تاغنىڭ چوققىسىدا ئادەمنى ھەر قانداق تىلىكىگە يەتكۈزىدىغان بىر گۆھەر بار ئىكەن . بۇ گۆھەرگە ئېرىشىش ئۈچۈن ، قاتمۇقات يوللارنى بېسىش ۋە جاپا - مۇشەققەتلەرنى باشتىن كەچۈرۈشكە توغرا كېلىدىكەن . مەن رول ئالغان قۇش پادىشاھى ئەيلىس گۆھەرگە ئېرىشىشكە بەل باغلاپتۇ . مەن قولۇم بىلەن كۆينىكىمنىڭ ئىككى يېڭىنى كۆتۈرۈپ ، قاناتقا ئوخشاش پۇلاڭلاتتىم . پۇتۇم بىلەن ئۇششاق يېنىك قەدەملەرنى ئېلىپ ، لەرزان شەكىللەرنى چىقاردىم . مەن گۈزەل تەڭرىتاغنى كېسىپ ئۆتۈپ ، قەدىمىي شەھەر شىئەندىن ھالقىپ ئۆتتۈم . قۇش بېيجىڭ شەھىرىگە ئېگىزدىن نەزەر سېلىپ ، قۇشى تېغىنىڭ نورۇز گۈللىرىدىن ھۇزۇرلىنىپتۇ . دېڭىزنىڭ چوڭقۇر يېرىگە قاراپ ، بىردەم ئاسماندىكى بۇلۇتلارنى يېرىپ ئۆتۈپ قۇياش نۇرىنى كۆرۈشكە تىرىشسا ، بىردەم دېڭىزغا باغرىنى يېقىپ ئۇچۇپ ، دولقۇنلار بىلەن ئېلىشىپتۇ . ئەڭ ئاخىرىدا ، مەن تىلسىملىق ئارالغا ئۇچۇپ باردىم . بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىسام ، چوقچىيىپ تۇرغان

تاغ چوققۇسىدا ئاجايىپ بىر نۇر كۆزنى قاماشتۇرۇپ نۇر چېچىۋاتاتتى ...

سۆزلەۋېرىپ ، ھېكايىنىڭ ئىچىگە پۈتۈنلەي كىرىپ كېتىمەن . قانچىلىك ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتىكىن ، تۇيۇقسىز « دۈك ، دۈك » قىلغان ئاۋاز مېنى خىيالدىن رېئاللىققا قايتۇرۇپ كەلدى . مەن ئاپامنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى بىلىپ ، چاچلىرىمنى يېشىشكە باشلىدىم . يۈزۈمدىكى گىرىملەرنى سۈرتتۈم ، كىيىۋالغان كۆينىكىمنىمۇ سېلىۋەتتىم ... پۈتۈمغا كېش سېپىپ ، ئۆيدىن چىققىنىمچە :

— ھى ، ھى ... ئاپا ، قايتىپ كەپسىز - دە ، — دېدىم مەن كۆڭلۈم يايرىغان ھالدا .

مانا بۇ سەبىي ، خىيالپەرەس ، « ياسانچۇق » لىقنى ياخشى كۆرىدىغان قىز — مەن .

( « ئۈمىد چېچەكلىرى » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى »

## دادا ، مەن سىزنىڭ ماڭا بۇنداق مۇئامىلە قىلماسلىقىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن

( پېرسوناژ ئوچېركى تۈرىدىكى بايان ماقالىسى )

قەدىرلىك دادا ، قىزىڭىزنىڭ قەلبىدە سىزگە ئېيتماقچى بولغان قانچىلىك گېپى بارلىقىنى بىلەمسىز ؟

لېكىن ، مەن ھەر قېتىم سىزنىڭ ئاشۇ سوغۇق چىرايىڭىزغا قارىغىنىمدا ، مېنى قاتتىق قورقۇنچ بېسىپ ، ئاغزىمغا كېلىپ قالغان گەپنىمۇ ئىچىمگە يۇتۇۋېتىمەن .

دادا ، سىز بىلەمسىز ؟ بىز بالىلارنىڭ قەلبىدە دادا دېگەن نەقەدەر مېھرىبانلىقنىڭ سىمۋولى - ھە ! لېكىن مېنىڭ قەلبىمدە ھامان ئاچچىقلىنىپ ئەيىبلەش ، تىللاشنىلا بىلىدىغان دادا .

مەن سىزنىڭ « شۇنچە جىق ئادەم ئۆلدى ، سەن نېمىشقا ئۆل-

مەيدىغانسەن ؟ » دەپ تىللىغىنىڭىزنى ھەر قېتىم ئاڭلىغىنىمدا ، كۆز ياشلىرىم ئىختىيارسىز قۇيۇلىدۇ . مېنىڭچە ئىنىم بىلەن ئىككىمىز ئانا مېھرىدىن ئوخشاش بەھرىمەن بولۇشقا تېگىشلىك بولساقمۇ ، لېكىن مەن بەھرىمەن بولالمىدىم .

ھېلىمۇ ئېسىمدە ، بىر كۈنى كەچتە ئۆيدىكىلەر ناھايىتى قىزىقىپ تېلېۋىزور كۆرۈۋاتقان بولسىمۇ ، لېكىن مەن كىچىك ئۆيىمىزدە تاپشۇرۇق ئىشلىدىم . تاپشۇرۇق ئىشلەۋېتىپ ، بىر مەسىلىنى قايتا ـ قايتا ئىشلەپمۇ ، يەنىلا جاۋابىنى چىقىرالمىدىم . ئۇيان ئويلاپ ، بۇيان ئويلاپ ، ئاخىر بەلكىم دادام چۈشەندۈرۈپ قويار ، دەپ ئىشىك تۈۋىگە كېلىشىمگە ، سىز:

— تاپشۇرۇقىڭنى ئىشلەپ بولدۇڭمۇ ؟ ئىشلەپ بولالمىساڭ بېرىپ ئىشلىمەي ئوغرىلىقچە تېلېۋىزور كۆرمەكچىمىدىڭ ؟ — دەپ ۋارقىراپ كەتتىڭىز .

— ياق ، ئىشلەپ بولالمىدىم . بىر مەسىلىنى ئىشلىيەلمىدىم ، — دېدىم مەن ھودۇقۇپ .

— ئىشلەپ بولالمىغان بولساڭ بېرىپ ئىشلە ، بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىسەن ، — دېدىڭىز ئاچچىقلىنىپ .

— بىر مەسىلىنى بىلەلمەي ، مەن ...

— ئوقۇتقۇچىڭ سۆزلەپ بەرگەن بولغىيتتى ؟ مېڭەڭنى ئىشلەت ، تاپشۇرۇقنى تۈگەتمەي ئۇخلايمەن دەپ ئويلىما ، — دېدىڭىز قوپال ئاۋازدا گېپىمنى ئۈزۈپ .

دادا سىز بىلەمسىز ؟ سىزنىڭ شۇ چاغدىكى سۆزىڭىز كۆڭلۈمنى بەك يېرىم قىلدى . مەن كۆز ياشلىرىمنى زورىغا بېسىپ ، ئۆينىسىز كىرىپ كەتتىم . بۇ ۋاقىتتا مەن ئازابلانغان ھالدا : « مېنىڭ ئەگەر قوشنىمىز ياڭ يىنىڭكىگە ئوخشاش مېھرىبان ۋە ئۆگىنىشكە كۆڭۈل بۆلىدىغان دادام بولسا ، نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى ـ ھە ! » دەپ ئويلىدىم .

بىر كۈنى چۈشتە ، ئۇكام ئۆيدە ئەينەك توپنى ئويناۋېتىپ ، ئېھتىياتسىزلىقتىن ئۈستەلدىكى ئەينەكنى چۈشۈرۈۋەتتى ، « جاراڭ » قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ئەينەك يەرگە چۈشۈپ كەتتى . سىز ئۇكامنى قىل-

چىمۇ ئەيىبلىمەي ، بەلكى ماڭا :

— سەن ھەدىسى تۇرۇپ ، ئۇكاڭغا ئوبدان قارىماپسەن ، ئەيـنەكنى سۇندۇرۇشتا سېنىڭمۇ جارابكارلىقىڭ بار ، — دېدىڭىز .

— مەن چاقمىسام ، مېنىڭ نېمە جاۋابكارلىقىم بولسۇن ، — دېدىم مەن . مېنىڭ جاۋاب ياندۇرغانلىقىمنى كۆرۈپ ، غەزەپىڭىز ئۆرلەپ ، مېنى تىزلاندۇردىڭىز . سىز مېنى تاياق بىلەن ئۇرۇپ تۇرۇپ :

— شۇنچە ئادەم ئۆلدى ، سەن نېمىشقا ئۆلمەيدىغانسەن ؟ — دېدىڭىز كونا گەپنى تەكرارلاپ . مەن بۇ گەپنى ئاڭلاپ ، راستىنلا ئۆلۈۋالماقچى بولغان بولسامۇ ، لېكىن مەن بۇنىڭغا جۈرئەت قىلالمىدىم .

ھەر قېتىم تاماق ئۈستىدە ئۇكام مېنى چېقىشتۇرىدۇ . سىز ئاق ـ قارىنى ئايرىماي ھە دېسە مېنى ئەيىبلەيسىز . نېمىشقا مېنىڭ گېپىمگە داـئىم ئىشەنمەيسىز ؟ سىز ھامان ئۇكامنى بىر تەرەپلىمە ياخشى كۆرىسىز . ئۇكام خاتا ئىش قىلسىلا ، مېنى ئەيىبلەيسىز . مەن سىزنىڭ ئاچچىقىڭىزنى چىقىرىدىغان ئادەم بولۇپ قالدىم .

دادا ، مەن سىزنىڭ مۇلايىمراق بولۇشىڭىز ۋە ماڭا مېھرىبانلىق بىلەن قارىشىڭىزنى نەقەدەر ئارزۇ قىلىمەن ـ ھە ! مەن خۇددى ئۇكامغا ئوخشاش ئاتا مېھرىدىن بەھرىمەن بولۇشنى ئۈمىد قىلىمەن .

دادا ، مەن سىزنىڭ ماڭا بۇنداق مۇئامىلە قىلماسلىقىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن .

( « ئۈمىد چېچەكلىرى » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى )

## نادانلىق

نۇرگۈل جېلىل
( ۋەقەلىك ئوچېرك تۈرىدىكى بايان ماقالىسى )

باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئىككىنچى يىللىقىغا تۇنجى قەدەم قويۇپ

ئۇزاق ئۆتمەيلا مۇنداق بىر ئىش يۈز بەردى .
ئوقۇش باشلىنىپ خېلى ئۇزۇن بولغان بولسىمۇ ، ئوقۇش پۇلىنى
تاپشۇرالمىدىم . مۇئەللىم ئوقۇش پۇلىنى ئەكېلىپ بېرىشىمنى قايتا ـ قايتا
بىر نەچچە قېتىم تاپىلىغان بولسىمۇ ، بۇ گەپنى دادامغا قانداق دېسەم
بولار دېگەن ئوي كاللامغا كىرىۋالدى . دادام يا بىرەر ئورگاننىڭ كا-
دىرى ، ھېچبولمىغاندا بىرەر كارخانىنىڭ ئىشچىسى بولسىچۇ كاشكى .
ئوقۇش پۇلۇمنى « شارتتىدە » قىلىپ يانچۇقىدىن ئېلىپلا بېرىۋېتەتتى .
بىراق ، مېنىڭ دادام نادانلىق جۇۋىسىنىڭ ئىچىگە چۆمكىلىپ قالغان بىر
ئاددىي ناۋاي . دادامنىڭ ئۈچ يۈز يۈەننى دەرھال بېرىۋېتىشىمۇ ناتايىن .
بىز بىر ئىقتىسادىي ئەھۋالى يۇقىرىراق ئائىلىدە بولساقكەن كاشكى . ئو-
قۇشقا بولغان قىزغىنلىقىم ئوتتەك بولسىمۇ ، ئەمما مۇشۇ ئائىلە ئىقتىسادى-
مىزنىڭ كاشىلىسى تۈپەيلىدىن بەزىدە كۆڭلۈم غەش بولۇپ قالىدۇ .
دادام مېنى مەكتەپتىن چىقىرىۋالسا قانداقمۇ قىلارمەن ، دېگەن ئوي مېنى
ھەمىشە ئەندىشىگە سېلىپ تۇراتتى .
مۇئەللىم بىر كۈنى ماڭا خېلىلا قوپال تەگدى . مۇئەللىمنىڭ
بۇنداق قوپال تېگىشىمۇ ئورۇنسىز ئەمەس ئىدى . يەنىلا شۇ ئوقۇش پۇ-
لى . مۇئەللىم ئائىلىمىزنىڭ ئەھۋالىنى تولۇق بىلمەيتتى . تولۇق بىلگەن
تەقدىردىمۇ ماڭا قانچىلىق ياردەم قىلالايدۇ ؟ مېنىڭ ئوقۇش پۇلۇمنى تۆ-
لىۋېتەتتىمۇ يا ! ياق ، مۇئەللىمنىڭ ماڭا ئوخشاش ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئو-
قۇش پۇلىنى تۆلەپ بولالىشى مۇمكىن ئەمەس .
مەن مۇشۇ خىياللار بىلەن ئۆيگە قاراپ مېڭىۋاتىمەن . ئەگەر مەن
چوڭ بولۇپ شەھەر باشلىقى بولالىسام چوقۇم ئوقۇش پۇلىنى تۆۋەنلىتىپلا
قالماستىن ، بەلكى ماڭا ئوخشاش ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش پۇلىنى كە-
چۈرۈم قىلاتتىم ، دېگەنلەرنى ئويلىدىم .
ئۆيگىمۇ يېتىپ كەلدىم . دادام ئۆيدە تاماكا چېكىپ ئولتۇرغان بو-
لۇپ ، ئۇنىڭ يېنىدا قوشنىمىزمۇ دادام بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپتۇ .
مەن :
— دادا ، مۇئەللىم ئوقۇش پۇلىنى تېزدىن بېرىۋەتسۇن دەي-

ىدۇ ، ــــ دېدىم .
ــــ قانچە پۇل ئىكەن ؟ ــــ دېدى دادام .
ــــ ئۈچ يۈز يۈەن ، ــــ دېدىم .
ــــ ئۈچ يۈز يۈەن ؟! ــــ دادام جىمىپ كەتتى . ئۇ تاماكىسىنى چوڭقۇر تارتىپ خېلى ئۇزۇن ئولتۇرغاندىن كېيىن :
ــــ بولدى . مەن ئەتە بېرىپ سېنى مەكتەپتىن چىقىرىۋالاي ، قانداق گەپ بۇ ، ئۈچ يۈز يۈەن تېپىشنى شۇنداق ئاسان دەمسەن ؟ ئوقۇماق نېمىدېگەن تەس . سەن ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى بولمساڭ بۇنچىلىك جىق پۇل تۆلەيدىغان ، سەن دېگەن بىر قىز بالا ، ئوقۇپ نەگىمۇ باراتتىڭ ، ــــ دېدى ــ دە ، بىر پەس ئولتۇرۇپ كەتتى .
ــــ بۇنداق دېگىنىڭىز توغرا بولمىدى ، ــــ دېدى قوشنىمىز .
قوشنىمىز خېلى بىلىملىك كىشى بولۇپ ، دادامغا قارىغاندا خېلى كۆپ ئوقۇغاچقا ، بىلىم سەۋىيىسىمۇ دادامدىن ئۈستۈن ئىدى . دادامچۇ ؟ ئۇ ئارانلا باشلانغۇچنىڭ ئىككىنچى يىللىقىنى پۈتتۈرۈپ ئوقۇش توختاتقاندى .
قوشنىمىز دادامغا قاراپ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇشقا باشلىدى :
ــــ قىزىڭىزنى مەكتەپتىن چىقىرىۋېلىپ ، ئۇنى ئەما قىلىپ ئالدىدىكى نانىنىمۇ يېيەلمىسۇن دەپ ئويلاپسىز ــ دە ، قىزىڭىز كەلگۈسىنى كۆزلەپ ئىلىم ــ پەنگە چوڭقۇر ئىشتىياق باغلاپتۇ . سىز ئۇنى ئوقۇتماي دۆت قىلماقچىمۇ ؟ ھازىر ۋەتىنىنىڭ سىياسىتى كەڭرى ، قىزىڭىزنى ئوقۇتقىنىڭىز ياخشى ، ئۇمۇ ھەدىلىرى قالدۇرغان ئىزدىن ماڭسۇن . ئوقۇغانلارنىڭ ھەممىسى ياخشى كۈنلەرگە ئېرىشتى ، سىزچۇ ؟ يەنىلا شۇ كونا جۇۋىنىڭ ئىچىدە يۆگىنىپ يۈرىسىز . قىزىڭىزنى ئوقۇتۇڭ . نادانلىق سىز بىلەنلا كەتسۇن . شۇ نادانلىقنى سۆرەپ يۈرىۋەرمەيلى . سىزگە شۇنى يەنە بىر قېتىم تاپىلاي ، قىزىڭىزنى ئوقۇتۇڭ . قانغۇچە ئوقۇۋالسۇن ، ئۇنى مەيلىگە قويۇۋېتىڭ ...
مەن بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ بەكمۇ تەسىرلەندىم . قەلبىمدە قوشنىمىزغا بولغان مىننەتدارلىقىم كۆپچەيدى . ئەگەر دادامنۇ قوشنىمىزغا

ئوخشاش مۇشۇنداق قاراشتا بولسا نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى ـ ھە !

( « ئۈمىد چېچەكلىرى » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى )

## مېنىڭ ئىنىم

كىلارە نۇرتاي ھاجىم

( پېرسوناژ ئوچېركى تۈرىدىكى بايان ماقالىسى )

مېنىڭ ئىنىم يۇزلىرى دۇگىلەك ، قارا قاشلىق ، قاڭشارلىق ، كۆزلىرى يوغان ئوماققىنا بالا .

ئىنىم ئىنتايىن شوخ ۋە تېتىك . ئۇنىڭ چىرايىدىن كىچىك بالىلارغا خاس خۇشال ـ خۇراملىق چىقىپ تۇرىدۇ . ئىنىم تولا سوئال سوراشقا ۋە كاللا ئىشلىتىشكە ئامراق . مەكتەپتىمۇ ئوقۇتقۇچىلىرى ئۇنى « ئەقىللىق بالا » دەپ ماختىشىدۇ . ئىنىم ئۆيگە كەلگەندىن كېيىن ئالدى بىلەن تاپشۇرۇقلىرىنى ئەستايىدىل ئىشلەيدۇ ، ئاندىن كاللا ئىشلىتىپ بىر نەرسىلەرنى ياسايدۇ . مەن ئۇ ياسىغان نەرسىلەرنىڭ بىرىنىمۇ ياسىيالمايمەن . دادام دائىم بىزگە :

ـــ سىلەر ئىنىڭلاردىن چوڭ تۇرۇپ بۇنداق نەرسىلەرنى ياسىيالمايسىلەر ، تېخى ئىنىڭلارنى « قۇم قازى » دەيسىلەر ، ـــ دەيدۇ .

دادام ئىنىمنىڭ قىزغىنلىقى بىلەن ئۇنى بوكس مەكتىپىگە بەردى . ئۇ كام بۇ مەكتەپكە بارغىنىغا ئەمدىلا تۆت ئاي بولغانىدى . لېكىن مۇشۇ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى مۇسابىقە بولدى . مەن تەقەززالىق بىلەن كۈتكەن بىر كۈن ئاخىر يېتىپ كەلدى . مەن ئائىلەمدىكىلەر بىلەن كونسۇل كۇلۇبىغا باردىم . كۇلۇب ئىچى قاينام ـ تاشقىنلىققا چۆمگەنىدى . بىرىنچى مەيدان مۇسابىقە باشلاندى . بۇ مەيداندا ئون بىر ياشلىق ئىككى بالا چۈشتى ، تاماشىبىنلار قىزغىن ئالقىش ياڭراتتى . ئىككىنچى مەيداندا مېنىڭ ئىنىم ۋە ئۇنىڭ بىلەن تەڭ دېمەتلىك بىر بالا چۈشتى .

ئىككىسى رىقابەت ئىچىدە مۇشتلاشتى ، ئاخىر ئىنىم يەڭدى . مەن ئىنىتا-
يىن جىددىيلىشىپ كەتكەنىدىم . بىر سائەتتىن كېيىن مۇسابىقە ئا-
ياغلاشتى . نەتىجە ئېلان قىلىندى ھەم بىرىنچى دەرىجىلىكلەر ئارىسىدىن
مېنىڭ ئىنىمنىڭ ئىسمى چىقتى . مەن ئىنتايىن ھاياجانلىنىپ ئۆز - ئۆ-
زۈمنى باسالماي كەتتىم . ئىنىمنىڭ تەنتەربىيە جەھەتتىمۇ يېتىشىپ چىق-
قانلىقىنى كۆرۈپ خۇشال بولدۇم .

( « ئۈمىد چېچەكلىرى » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى )

## پوچتىكەشنىڭ بىر كۈنى

جاۋ شۇاڭ

( پېرسوناژ ئوچېركى تۈرىدىكى ئەدەبىي ئوچېرك تىپىدىكى
بايان ماقالىسى

مەن ئاۋۇلدىكىلەرنىڭ خېتىنى ئاپىرىۋېتىپ كېلىشىمگىلا ، سىز-
نىڭ خېتىڭىزنى تاپشۇرۇۋالدىم . ھازىر سىلەرنىڭ ئۇ يەرگە گۇگۇم
چۈشۈپ قالغاندۇ . سىزگە نېمىلەرنى دېسەم بولار ؟ ياخشىسى ، ئۆزۈمە-
نىڭ بىر كۈنلۈك خىزمەت ئەھۋالىمنى دېگىنىم تۈزۈكتەك قىلىدۇ .
ئاۋۇل پوچتىخانىمىزغا ئون چاقىرىم كېلىدىغان چەت يەرگە
جايلاشقان . مەن سەھەردىلا سومكامنى ئېسىپ تاغقا قاراپ ماڭدىم . بۇ
تاغلاردا كۆك بىلەن بوي تالىشىپ ئۆسكەن ئېگىز قارىغايلىقلار بار . مەن
قويۇق قارىغايلىقلار ئارىسىدىكى چىغىر يولدا كېتىۋېتىپ ، يالغۇز بولغان-
لىقىمدىن يۈرىكىم سىقىلىشقا باشلىدى . مەن ئۆزۈمدە پەيدا بولغان قور-
قۇنچنى بېسىش ئۈچۈن ، يېقىندىلا ئۆگىنىۋالغان قازاقچە ناخشىنى ئېيتقاچ
ماڭدىم . ئورمانلىقتىن چىقىپ ، يەنە بىر تاغدىن ئېشىشىمغا ئاۋۇلنىڭ
قوي پادىلىرى كۆرۈندى .
پېشقەدەم پادىچى تاغا يىراقتىنلا مېنى كۆرۈپ : « ئوھوي ، تۇر-

نىمىز كېلىپ قاپتىغۇ » دەپ ۋارقىرىدى . جامبۇل تاغام يۈز ـ كۆزلىرى-
دىكى تەرنى كۆرۈپ : « قىزىم ، چارچاپسىز ـ دە ؟ بۈر كۈتنىڭ قانتى
ئۈچقانسېرى كۆچىيدۇ ، شەھەر قىزى دېگەنمۇ سىناققا بەرداشلىق بېرە-
لەيدىغان بولۇشى كېرەك ـ دە ! هە راست ، بۈگۈن يەڭگىڭىزنىڭ تۇ-
غۇلغان كۈنى ، ئىشىڭىزنى تۈگىتىپ بولۇپ تاماق يەپ كېتەرسىز »
دېدى .

مەن بوۋاي بىلەن خوشلىشىپ ئاۋۇل يولىدا كېتىۋاتقىنىمدا ، بىر
توپ باللار ئالدىمغا يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ چاي ـ پاي ئىچىپ كېتىشكە
تەكلىپ قىلدى . مەن پاشاخان ئاچىنىڭ خېتىنى ئەكىرىپ بەرگىلى
كىردىم . ئۇ ماڭا خەتنى ئوقۇتۇپ ئاڭلىدى ، مەن ئۇنىڭغا بىر پارچە
سالام خەت يېزىپ بېرىپ بولغۇچە ، ئۇ ماڭا ئەتكەنچايمۇ ئەكىرىپ
بولدى ۋە « ياخشى قىزىم » دەپ ماختىدى . مەن پاشاخان ئاچىنىڭ ئۆ-
يىدىن چىقىپ ، يەنە بىر نەچچە ئائىلىنىڭ خېتىنى ئەكىرىپ بېرىپ
سومكامنى سىلىسام ، كىمدۇر بىرسى سېلىپ قويغان بىر نەچچە باش
پىشۇرۇلغان كوكباش قوناق تۇرۇپتۇ ...

سائىتىمگە قارىسام ، ئاۋۇلدىكى بالىلارنىڭ 4 ـ سائەتلىك دەرسكە
كىرىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالغانىكەن . ئەسلىدە ئوقۇغۇچىلارغا خەنزۇ
تىلى دەرسى بېرىدىغان ئوقۇتقۇچى بولمىغاچقا ، مەن ئۇلارغا دەرس بې-
رىپ تۇرىدىغان بولغانىدىم . مەن مەكتەپكە كىرىپ دەرسنى ئۆتۈپ بو-
لۇپ ، ساۋاقداشلار بىلەن بىر ئاز پاراڭلاشتىم ـ دە ، سومكامنى ئېلىپ
مېڭىشقا تەمشەلدىم ، سومكامدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ تاپشۇرۇق دەپتەرلىرىدىن
باشقا قۇرۇت ، گۆلە ، ئالما قاتارلىق يېمەكلىكلەرمۇ بار ئىدى . ئاجايىپ
ئىش ـ دە ، بۇ ...

مەن كەنتتىن چىقىشىمغىلا جامبۇل تاغامغا ئۇچراپ قالدىم ۋە :
« تاغا ، يەڭگەمنى ئەتە يوقلىسام قانداق ؟ » دېدىم . ئۇ : « هە ، ئەتە ؟
يەڭگىڭىزنىڭ تۇغۇلغان كۈنى ئەتە ئەمەس ـ دە ! » دېدى ۋە ئۇنىمىغى-
نىغا قويماي مېنى ئۆيىگە باشلاپ باردى . مەن ئوخشىغان پولۇدىن يېگەچ
سائىتىمگە قاراپ قوياتتىم . بۇنى چۈشەنگەن يەڭگەم : « قىزىم ، ئالدىرى-

ماي يەك ، ھېلى تاغىسىنىز ئاپىرىپ قويىدۇ » دېسىدى . تاغاممۇ قولىقىمغا:
« ماقۇل دەڭ ، بولمىسا بالاغا قالىمەن » دەپ پىچىرلىدى . يەڭگەم تاغام-
نىڭ بۇ تۇرقىغا قاراپ ، قەستەن قاپىقىنى تۈرۈپ : « نېمە غەيۋىتىمنى
قىلىۋاتىدىلا ؟ » دېدى . تاغام چىرايىنى ئۆزگەرتمەي ، مۈرىسىنى قىقىپ
تۇرۇپ : « بۈگۈن تۇغۇلغان كۈنۈڭ تۇرسا ، قانداقمۇ غەيۋىتىڭنى
قىلاي ! » دېدى . يەڭگەم بۇ گەپنى ئاڭلاپ پىخىلداپ كۈلۈۋەتتى ،
مەنمۇ كۈلۈپ كەتتىم ...

تاغام مېنى ياتىقىمغا ئەكېلىپ قويغاندىن كېيىن سىزگە بۇ
خەتنى يېزىۋاتىمەن . مېنىڭ ئاۋۇلدىن ئايرىلغۇم كەلمەيدۇ . سىزنىڭچە
شۇنداق قىلسام بولارمۇ ؟ خەت يېزىڭ .

سىزگە خۇشاللىق تىلەپ ، بىر نەۋرە ئاچىڭىز جاۋ شۇاڭ

1981 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى

( بۇماقالىنى غۇلجىلىق قىز جاۋ شۇاڭ 1981 ـ يىلى دۇنيا پوچ-
تىسى بىرلەشمىسى چاقىرغان « خەلقئارا ئۆسمۈرلەر ئىنشا مۇسابىقىسى »
ئۈچۈن يازغان . ماقالە تىلىنىڭ ئاددىي ، ھېسسىياتىنىڭ تەبىئىي ۋە چىن
بولۇش ئالاھىدىلىكى بىلەن بىرىنچى بولۇپ باھالانغان . )

( « تارىم غۇنچىلىرى » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى )

نۇقتىلىق ھالدا ئادەملەر ئوبرازى سۈرەتلەنگەن بايان ماقالىلىرىنى
يېزىشتا دىققەت قىلىدىغان نۇقتىلار .

① ئادەملەرنى جانلىق تەسۋىرلەشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك .
تەسۋىرنىڭ ۋەزىپىسى ۋە رولى — پېرسوناژ ، ۋەقە ۋە مۇھىتنى ھەقىـ
قىي ، ئوبرازلىق ، جانلىق ، تەسىرلىك قىلىپ كىتابخانلارنىڭ كۆز ئالدىدا
گەۋدىلەندۈرۈشتىن ئىبارەت . ئۇ مۇھىت تەسۋىرى ، پېرسوناژ تەسۋىرى
دەپ چوڭ ئىككى تۈرگە بۆلىنىدۇ . مۇھىت تەسۋىرى بولسا تەبىئىي مۇ-
ھىت تەسۋىرى ۋە ئىجتىمائىي مۇھىت تەسۋىرى دەپ ئىككى تۈرگە ؛
پېرسوناژ تەسۋىرى بولسا روھىي ھالەت ( پىسخىك ) تەسۋىر ، تىل

تەسۋىرى ، ھەرىكەت تەسۋىرى ، پورترېت ( تاشقى قىياپەت ) تەسۋىرى ، دېتال ( پېرسوناژلارغا ئائىت نەرسە كېرەك ) تەسۋىرى ، يان تەرەپتىن ( ۋاسىتىلىك ) تەسۋىرلەش ، ئومۇملاشتۇرۇپ تەسۋىرلەش دېگەن تۈرلەرگە بۆلىنىدۇ .

ئادەملەر ئوبرازى نۇقتىلىق سۈرەتلەنگەن ماقالىلەردىكى ئادەم ـ ئۆزىڭىز ، ئاتا ـ ئانىڭىز ، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىڭىز ، ئوقۇتقۇچىڭىز ، ساۋاقداشلىڭىز ... قاتارلىق سىزگە تونۇشلۇق كىشىلەر بولۇپ ، بۇ ئادەملەرنىڭ چىراي شەكلى ، بوي تۇرقى ، كىيىم ـ كېچەكلى ، گەپ ـ سۆزلىرى ، ھەرىكىتى ، ئوي ـ خىيالى ، مىجەز ـ خۇلقى ، ئۇلار ئىشلەتكەن نەرسە ـ كېرەكلەر قاتارلىقلارنى ، ئاشۇ ماقالىدە نۇقتىلىق يېزىلماقچى بولغان ئادەمنىڭ ياش قۇرامى ، كەسپى سەرگۈزەشتىسى قاتارلىقلارنى كۆچ چىقىرىپ تەسۋىرلەشكە ئەھمىيەت بەرگەندىلا ، شۇ ماقالىدىكى ئادەم ئەمەلىيەتتىكى ئادەمگە ھەقىقىي ئوخشايدۇ . جانلىق گەۋدىلىنىدۇ .

مىسال ئۈچۈن « ئەمەت دولان » ناملىق بايان ماقالىسىدىكى مۇشۇنداق تەسۋىرلەرنى كۆرۈپ باقايلى :

ئەمەت دولان ــ گەۋدىلىك ، تەمبەل ، چىرايى ئاپتاپتا كۆيۈپ قارىداپ كەتكەن ، مەڭىز سۆڭەكلىرى چىقىپ قالغان ، سۆرۈن ، سۈرلۈك كۆرۈنىدىغان ( تاشقى قىياپەت تەسۋىرى ) ، ئىچى كۆچلۈك ، مىجەزى چۇس ئادەم . ( پسىخىك تەسۋىر ) . كەسپى ــ ئوتۇنچى . ماڭسا گويا كى نا ئۇستا سازەندىنىڭ سازلىرىدەك يېقىمسىز غىچىرلاپ ماڭىدىغان ، ئۆزى ياسىۋالغان ياغاچ چاقلىق ئېگىز يار ـ يار ھارۋىسىغا قېرى تۆگىنى قېتىپ جاڭگالدىن ئوتۇن توشۇپ ساتىدۇ . ( دېتال تەسۋىرى ) . ئۇ يەرمۇ تېرىمايدۇ . قوي ، كالا ، توخۇ ، ئۆردەكمۇ باقمايدۇ ، بالا ـ چاقىلىرىمۇ يوق ، ئايالىمۇ بۇرۇنلا ئۆلۈپ كەتكەن . كىچىكىدىنلا ئىسسىقنى ئىسسىق دېمەي ، سوغۇقنى سوغۇق دېمەي بەلۋېغىغا ناننى تۈگۈپ ، ئىككى كۈندە ، ئاران كىرىپ چىقىپ بولىدىغان جاڭگالدىن ئوتۇن توشۇپ سېتىشقا ئادەتلەنگەن ( مانا بۇ ئەمەت دولاننىڭ سەرگۈزەشتىسى ) . ئۇ باللارنىڭ مازاق قىلىشلىرى ، ئوتۇننى ئېلىپ قېچىشىغا ئانچە ئېرەڭ-

شمەيدۇ . ھېلىقى قوشاقنى ئاڭلىغاندا بولسا قۇيقا چېچى تىك بولىدۇ . بـالىلارنى تىللىغىنىچە قوغلايدۇ . ( ھەرىكەت روھىي ھالەت تەسۋىرى ) .
بۇ ماقالىدە پېرسوناژ تەسۋىرى ھازىرلاشقا تېگىشلىك زۇرۇر تە-لەپلەر ناھايىتى جايىدا ئورۇنلاشتۇرۇلغاچقا ، بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق جانلىق بىر ئادەم گەۋدىلەنگەن .

② ئادەملەرنى بەلگىلىك مۇھىت ئىچىدە قويۇپ جانلىق گەۋدى-لـەنـدۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك . مۇھىت تەسۋىرى تەبىئىي مۇ-ھىت تەسۋىرى ۋە ئىجتىمائىي مۇھىت تەسۋىرى دەپ ئىككى تۈرگە بۆ-لىنىدۇ . ساۋاقداشلار يازغان بايان خاراكتېرلىك ماقالىلەردىكى مۇھىت تەسۋىرىدە ، چوڭ ھەجىملىك ئېپىك ئەسەرلەردىكىدەك ئالاھىدە ئىجتىما-ئىي دەۋىر ئارقا كۆرۈنۈشلەر سۈرەتلەنمىگەچكە ، بۇ ماقالىلەردىكى تىپىك مۇھىت ئاساسەن مەنزىرە تەسۋىرى بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ .

مەسىلەن :

« باللىق چاغلىرىمدا يېشىل ياپراقلارنى ، ئۇ ياپراقلارنى يەنىمۇ يېشىل جۇلالاندۇرىدىغان قۇياش نۇرىنى ، يازنىڭ ئايدىڭ كېچىلىرىدىكى تـولۇن ئاينى ، رەڭمۇ رەڭ گۈل ـ چېچەكلىرى بىلەن كىشىنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىدىغان رەڭدار ، گۈزەل زېمىننى كۆرگەن » .

« مەن دەل ـ دەرەخلىرى تۆت پەسىلدە ياپيېشىل تۇرىدىغان ، ئېـتىز ـ ئېرىقلىرىدىن زىرائەتلەر ئۆسۈپ ئۆكسمەيدىغان ، يىل بويى گـۈللەر ئېچىلىپ تۇرىدىغان ، قىش ـ ياز بولمايدىغان جاي ـ جەنۇبىي جۇڭگونىڭ كۆركەم بىر يېزىسىدا تۇغۇلغانىدىم . »

( « ئەما قىزنىڭ باللىق چاغلىرى » ناملىق ماقالىدىن )

« ئاۋۋال پوچتىخانىمىزغا ئون چاقىرىم كېلىدىغان چەت يەرگە جايلاشقان . مەن تاڭ سەھەردىلا سومكامنى ئېسىپ تاغقا قاراپ ماڭدىم . بـۇ تاغلاردا كۆك بىلەن بويى تالىشىپ ئۆسكەن ئېگىز قارىغايلىقلار بار . مەن قويۇق قارىغايلىقلار ئارىسىدىكى چىغىر يولدا كېتىۋېتىپ ، يالغۇز بولغانلىقىمدىن يۈرىكىم سىقىلىشقا باشلىدى . مەن ئۆزۈمدە پەيدا بولغان

قورقۇنچنى بېسىش ئۈچۈن ، يېقىندىلا ئۆگىنىۋالغان قازاقچە ناخشىنى ئېيتقاچ ماڭدىم . ئورمانلىقتىن چىقىپ ، يەنە بىر تاغدىن ئېشىشىمغا ئاۋۇلنىڭ قوي پادىلىرى كۆرۈندى . »

( « پوچتىكەشنىڭ بىر كۈنى » ناملىق ماقالىدىن )

مانا مۇشۇنداق مۇھىت تەسۋىرى ئىچىدە پېرسوناژلار مەيدانغا چىقىپ ماقالىنىڭ جانلىقلىقى ، ئوبرازلىقلىقى قولغا كەلتۈرۈلگەن .

ئەمدى ئەمەلىي يېزىشتىن بىر مىسال كۆرۈپ باقايلى :

سىز « تىرىشچانلىق ۋە نەتىجە » دېگەن ماۋزۇ ئاستىدا مەلۇم بىر ساۋاقدىشىڭىزنىڭ تىرىشىپ ئۆگىنىپ ئالاھىدە نەتىجە قولغا كەلتۈرگەنلىكىنى يازماقچى بولسىڭىز ، ماقالىڭىزدا شۇ ساۋاقدىشىڭىزنىڭ چىراي شەكلى ، بوي - تۇرقى ، كىيىم - كېچىكى ، مىجەز - خۇلقى ، گەپ - سۆزى ، سەرگۈزەشتىسى ، ھەرىكىتى قاتارلىقلارنى كۈچ چىقىرىپ يازسىڭىز بۇ ماقالىڭىز خېلى ياخشى چىقىشى مۇمكىن . ئەمدى بۇ ماقالىدا زۆرۈر يېزىلىدىغان يەنە بىر نۇقتا بار . ئۇ بولسىمۇ ئاشۇ ساۋاقدىشىڭىزنىڭ مەلۇم بىر ۋاقىتتىكى قېتىرقىنىپ دەرس ئۆگىنىۋاتقان ئىش - پائالىيىتى . ئۇنى قىش كۈنلىرىنىڭ مەلۇم بىر ئەتىگىنىدە دەرس ئۆگىنىۋاتقان ھالىتىنى مۇنداق ئىككى خىل مەنزىرە ئىچىگە قويۇپ سۈرەتلەپ باقايلى :

بىرىنچى خىل مەنزىرە تەسۋىرى — بىرىنچى سائەتلىك دەرسكە قوڭغۇراق چېلىنىش ئالدىدا تۇرغان ۋاقىت . سىنىپ ئىچى باھاردەك ئىللىق ، مەشتە گۈرۈلدەپ ئوت كۆيمەكتە . بىر توپ ئوقۇغۇچى مەشنىڭ ئەتراپىغا يىغىلىپ تۈنۈگۈن كەچتە قويۇلغان مەلۇم بىر كونسېرت ياكى كىنو فىلىمى ھەققىدە تالاش - تارتىش قىلىشماقتا . سىز يازماقچى بولغان ھېلىقى ساۋاقدىشىڭىز ئاشۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئارىسىدا ياكى ئۆز پارتىسىدا ئولتۇرۇپ دەرس تەكرارلىماقتا . ئىككىنچى خىل مەنزىرە تەسۋىرى — سىنىپ ئىچى تەسۋىرى بىرىنچى قېتىمدىكىسى بىلەن ئوخشاش . سىنىپ سىرتى بولسا ئاپئاق ئۇپا بىلەن پەدازلانغان بىر دۇنيا . دەل - دەرەخ ، بىنا ، يوللارنى قېلىن قار باسقان . ھېلىقى ساۋاقداش سىنىپ بىناسىنىڭ

يان تەرپىدىكى يولدا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن دەرس تەكرارلىماقتا . ئا-يىغى ئاستىدىكى قار خۇددى كالا كۆۋشىگەندەك غىرىسلىماقتا . ئۇنىڭ قاش ـ كىرپىكلىرىنى ، چاچلىرىنى قىرو باسقان ...

بۇ ئىككى خىل تەسۋىر ئىچىدە ھېلىقى ساۋاقدىشىڭىزنىڭ ئوبرازى قايسىسىدا جانلىق گەۋدىلىنىشى مۇمكىن ؟ بەلكىم سىز : « بۇ ئويدۇرما ئەمەسمۇ ؟ بايان ماقالىلىرىدە ھەقىقىي ئادەم ، ھەقىقىي ئىش ـ ۋەقە يېزىلاتتىغۇ » دەپ سورىشىڭىز مۇمكىن . ئۇنداق ئەمەس . سىز بى-لىدىغان ئاشۇ ساۋاقدىشىڭىز نەچچە يىللىق ئوقۇش ھاياتىدىكى تالاي قېتىملىق ئۆگىنىشلىرىنىڭ بىرىدە ، مۇشۇنداق بىر مەنزىرە ئىچىدە دەرس تەكرارلىمىغان دېيەلەمسىز ؟ شۇڭا ئىككىنچى خىل كۆرۈنۈشنى يېزىش ئويدۇرما ئەمەس ، بەلكى بۇ ساۋاقدىشىڭىزنىڭ تالاي ـ تالاي قېتىملىق دەرس ئۆگىنىشلىرى ئىچىدىن ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بىر قېتىم-لىقىنى تاللىغانلىقىڭىزنى يەنى ماتېرىيالنى ياخشى تاللاپ يازغانلىقىڭىز بولىدۇ .

مۇھىت جۈملىدىن مەنزىرە تەسۋىرى مەيلى ئەدەبىي ئەسەرلەردە بولسۇن ياكى بەدىئىي ئەسەرلەردە بولسۇن پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرىنى يارىتىش بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك . شۇڭلاشقا ئادەملەر نۇقتىلىق يېزىلغان بايان ماقالىلىرىدە نوقۇل ھالدا ئادەمنى يېزىشقىلا بېرىلىپ كەت-مەي ، شۇ ئادەملەر ھەرىكەت قىلىۋاتقان دائىرە ، ھەرىكەت قىلىۋاتقان شۇ ۋاقىتتىكى شارائىتنى سۈرەتلەشكىمۇ ئالاھىدە كۈچ چىقىرىش زۆرۈر .

## 2 ) ۋەقەنى يېزىش نۇقتا قىلىنغان بايان ماقالىلىرىنى يېزىش

ۋەقەلىكنى يېزىش نۇقتا قىلىنغان بايان ماقالىلىرىنىڭ ئالاھىدى-لىكى :

ۋەقەلىكنى يېزىش ئاساس قىلىنغان بايان خاراكتېرلىك ماقالى-لەردە ئادەم ئوبرازىنى سۈرەتلەش قوشۇمچە ، ئادەملەرگە مۇناسىۋەتلىك ئىش ـ ۋەقەلەرنى يېزىش ئاساس قىلىنىدۇ . بايان قىلىنغان بۇ ئىش ـ ۋەقەلەر ھەقىقىي بولۇش ، توقۇلما قىلىنماسلىق ، راست بىلەن يالغاننى

ئارىلاشتۇرماسلىق تەلەپ قىلىنىدۇ. بۇ خىلدىكى ماقالىلەردە بىرەر ئىش - ۋەقەنىڭ پۈتۈن جەريانى يېزىلىشمۇ ياكى شۇ ئىش - ۋەقەنىڭ بىر ياكى بىر نەچچە بۆلىكى يېزىلىشمۇ مۇمكىن، پەقەت بىرلا ئىش - ۋەقە يېزىلىشمۇ ياكى بىر نەچچە ئىش - ۋەقە يېزىلىشمۇ مۇمكىن. لېكىن، ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى بارلىق ئىش - ۋەقەلەرنىڭ ھەممىسىلا بۇ خىلدىكى ماقالىلەرنىڭ ماتېرىيالى بولىۋەرمەيدۇ. بەلكى ئاپتورنىڭ كۆزىتىش ۋە ئويلىنىش ئارقىلىق تاللىۋالغان، تىپىك ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان، سىستېمىلاشتۇرۇلغان ۋەقەلىك بولىدۇ. شۇنىڭدەك بىر پارچە ماقالىغا تاللانغان بىر ياكى بىر نەچچە ئىش - ۋەقەنىڭ ئاساسلىق يازىدىغان ۋە ئىككىنچى ئورۇندا يازىدىغان تەرەپلىرى بولىدۇ.

نۇقتىلىق ھالدا ۋەقەلىكنى يېزىش ئاساس قىلىنغان بايان خاراكتېرلىك ماقالىلەردە بايانىنىڭ ئالتە ئاملى ئېنىق تاپشۇرۇلۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. بۇ خىلدىكى ماقالىلەردە ئوخشاشلا ئادەملەرمۇ يېزىلىدۇ. بىراق، مۇھىم نۇقتا ۋەقەلىكنى بايان قىلىشقا قارىتىلىدۇ. بايان قىلىنغان ئىش - ۋەقەلەر بولسا ئادەملەرنى يېزىش ئاساس قىلىنغان بايان خاراكتېرلىك ماقالىلەردىكىدەك، پېرسوناژلارنىڭ سەرگۈزەشتىسى، روھىي دۇنياسى، خاراكتېرى، ئىدىيىۋى - پەزىلىتى، سالاھىيىتى قاتارلىقلارنى گەۋدىلەندۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلماستىن، بەلكى بىۋاسىتە باش تېمىنى ئېچىپ بېرىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. يېزىش جەريانىدا ۋەقەلىكنى بايان قىلىشنى ئاساس قىلىش، ئادەملەرنىڭ خاراكتېرىنى يارىتىش، تەسۋىرلەشنى قوشۇمچە قىلىش پرىنسىپى چىڭ تۇتۇلىدۇ.

نۇقتىلىق ھالدا ئىش - ۋەقەلەرنى يېزىش ئاساس قىلىنغان بايان ماقالىلىرىنىڭ ماۋزۇسى كۆپ ھاللاردا: «بىر قېتىملىق ئەھمىيەتلىك پائالىيەت»، «جىددىي پەيتتە»، «دوستلۇق بۇرچى»، «ئەھمىيەتلىك بىر كۈن»، «قىشلىق تەتىلدە» ... دېگەنگە ئوخشاش قويۇلىدۇ.

بۇ خىلدىكى بايان ماقالىلىرىنىڭ بەزىلىرى ئىش - ۋەقەلەر ھەققىدىكى، ئەدەبىي ئۇچېرك تىپىدا كۆپ قىسمى خەۋەر ئۇچېركىنىڭ تۈرلىرىدىن ۋەقەلىك ئۇچېرك، خىزمەت (ئوقۇش پائالىيەتلىرى » ئو-

چېركى ، سەپەر ئوچېركى ، مەلۇم ئورۇن ، رايونلار ھەققىدىكى زىيارەت ، ئېكسكۇرسىيە ئوچېركى تىپىدا ، قىسمەنلىرى تەرەققىيات خاراكتېرلىك ئوچېرك تىپىدا يېزىلىدۇ .

ئۇقتىلىق ھالدا ئىش ـ ۋەقەلەرنى يېزىش ئاساس قىلىنغان بايان ماقالىلىرىنىڭ ئەڭ تۈپكى ئالاھىدىلىكى شۇكى — ئۇنىڭدا بايان ئاساس ئورۇندا تۇرىدۇ . شۇنىڭدەك بۇ يەردىكى بايان پېرسوناژلار خاراكتېرىنى سۇرەتلەشنى مەقسەت قىلماستىن ، بەلكى بىۋاستە باش تېمىنى يورۇتۇپ بېرىشنى مەقسەت قىلىدۇ . شۇڭا ، بۇ خىلدىكى ماقالىلەردە ئادەملەرنى يېزىش ئاساس قىلىنغان ماقالىلەردەك بىرەر مۇكەممەل سۇرەتلەنگەن پېرسوناژلار ئوبرازى بولمايدۇ .

ئىش ـ ۋەقە ئاساس قىلىنغان سەپەر ئوچېركى ، زىيارەت ئو-چېركى ، ئېكسكۇرسىيە ئوچېركلىرىدا تەسۋىر ئەمەس ، بەلكى بايان ئا-ساس ئورۇندا تۇرىدۇ .

# ئۆرنەكلەر

## بىر قېتىملىق ئېكسكۇرسىيە

ئادىلە قاسىم

( ئېكسكۇرسىيە ئۇچېركى تۈردىكى بايان ماقالىسى )

كۆز ئايلىرىنىڭ بىر كۈنى ئىدى . مەكتەپ ئىچى خۇشاللىق ئىلكىگە چۆمدى . چۈنكى ، بۈگۈن مەكتەپ رەھبەرلىكى يۇقىرى يىللىقتىكى ئوقۇغۇچىلارنى شىنجاڭ پەن - تېخنىكا سارىيىغا بىر قېتىملىق ئېكسكۇرسىيىگە ئۇيۇشتۇرماقچىدى .

بىز ئاخىر مۇئەللىمنىڭ يېتەكچىلىكىدە رەتلىك تىزىلىپ ، شىنجاڭ پەن - تېخنىكا سارىيىغا يېتىپ كەلدۇق . بىز پەن - تېخنىكا سارىيىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىش جەريانىدا ، ئۇنىڭ ئىچىدە مۇتەخەسسىسلەر كەشىپ قىلغان چاۋاك چېلىش ئارقىلىق ھەرىكەتلىنىدىغان ئاپتاپپەرەس ، شامال كۈچى ئارقىلىق لەيلەيدىغان شارچە ، كۈلكىلىك ئەينەك قاتارلىق نۇرغۇن ئاجايىپ نەرسىلەرنى كۆردۇق . مەن ئۇلارنى كۆرگەندىن كېيىن دۆلىتىمىز پەن - تېخنىكىسىنىڭ بارغانسېرى تەرەققىي قىلىۋاتقانلىقىنى ، ئىلىم - پەننىڭ تەبىئەتنى بويسۇندۇرالايدىغانلىقىنى ، بىلىمنىڭ غايەت زور كۈچ ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ ھېس قىلدىم . مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئىلىم - پەن ئارقىلىق ۋەتىنىمىزنىڭ گۈللىنىشى ۋە زامانىۋىلىشىشى ئۈچۈن يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلغان ئەمگەك مېۋىلىرىنى كۆرۈپ ، ئىنتايىن پەخىرلەندىم .

مەن ئۇستازلىرىمنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ، تىرىشىپ ئۆگىنىش ئارقىلىق پەن - تېخنىكا بىلىملىرى ۋە باشقا بىلىملەرنى تىرىشىپ ئۆگە-

نىپ ، چوڭ بولغاندا ۋەتەن ، خەلققە يارامل‍ىق ئەۋلاد بولۇشقا بەل باغلايـ
مەن . ئۇستازلىرىمنىڭ ۋە ئاتا ـ ئانامنىڭ كۈتكەن ئۈمىدىنى ئاقلاش
ئۈچۈن ، مۇتەخەسسىس تاغىلارغا ئوخشاش ئىلىم ـ پەن ئارقىلىق ئەلگە
مېۋە بېرىمەن .

( « ئۈمىد چېچەكلىرى » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى )

## سىنىپىمىزدىكى « لېي فىڭ روھى »

مېھرىگۈل ئىبراھىم
( ۋەقەلىك ئوچېرك تۈرىدىكى بايان ماقالىسى )

لېي فىڭ تاغىمىز بۇنىڭدىن ئوتتۇز تۆت يىل بۇرۇن ئالەمدىن ئۆتكەن بولسىمۇ ، ئەمما ئۇنىڭ ئاددىي ـ ساددا ئۇلۇغ كوممۇنىستىك روھى بىز ئەۋلادلارنىڭ قەلبىدىن ئورۇن ئېلىپ ، بىز ئۆسمۈرلەرگە ھەر ۋاقىت ئۈلگە بولماقتا .

لېي فىڭ تاغىمىزنىڭ تۇرمۇشتىكى ئاددىي ـ ساددا روھى ، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتا ئورۇن ، ۋاقىت تاللىمايدىغان ، چوڭ ـ كىچىك دەپ ئايرىمايدىغان ، خەلققە پايدىلىق بولسىلا ئىشلەيدىغان روھى مەكتىـ پىمىزدە ھەمدە سىنىپىمىزدا بىز ئۆسمۈرلەرگە ئۈلگە بولۇپ ، بىزنىڭ ئەخلاقىي ، ئەقلىي ، جىسمانىي جەھەتلەردىن تەربىيىلىنىپ چىقىشىمىزغا ئۈلگە بولماقتا .

ھەر يىلى 3 ـ ئاي كېلىشى بىلەنلا لېي فىڭدىن ئۆگىنىش پائالـ ىيىتى سىنىپىمىزدا قىزغىن باشلىنىپ كېتىدۇ .

بىز ساۋاقداشلار خەلققە پايدىلىق بولسىلا مەيلى قانداق ئىش بولسۇن ئۆزلۈكىمىزدىن تەشكىللىنىپ ، ئىقتىدارىمىزنىڭ يېتىشىچە ئىشـ لەيمىز . بۇ يىلمۇ 3 ـ ئاي كېلىشى بىلەن سىنىپىمىزدىكى ساۋاقداشلار ئۆزلۈكىمىزدىن تەشكىللىنىپ ، بۇ پائالىيەتنى قانات يايدۇردۇق . بۇ قېتىم

بىز شەنبە ، يەكشەنبە كۈنىدىن پايدىلىنىپ سىنىپىمىزدىكى ئەللىك نەپەردىن ئارتۇق ساۋاقداش تۆت گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ ، ئون نەچچىدىن ئارتۇق ئىدارە ۋە كەسپى ئورۇنلارغا بېرىپ ، ياخشى ئىش قىلىش پائالىيىتىنى ئېلىپ باردۇق . بىز بۇ كۈنلىرىمىزنى ئەڭ بەختلىك ئۆتكەن كۈنلەر دەپ ھېس قىلدۇق .

بىزمۇ لېي فىڭ تاغىمىزدەك ، خەلق ئۈچۈن ئازراق ياخشى ئىش قىلساق ئۆزىمىزنى بەختلىك ھېس قىلىمىز . بىز بۇ ئەنئەنىۋى روھنى مەڭگۈ جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن ، لېي فىڭ تاغىمىزغا ئوخشاش ئاددىي ساددا تۇرمۇش ئىستىلىنى يېتىلدۈرۈپ ، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتا ئورۇن ، ۋاقىت تاللىماي ، خەلق ئۈچۈن ئىشلەيدىغان ئەنئەنىۋى روھنى مەڭگۈ جارى قىلدۇرىمىز . ئەينى ۋاقىتتا لېي فىڭ تاغىمىز كونا جەمئىيەتتىن يېڭى جەمئىيەتكە ئۆتكەن . بىز بولساق سوتسىيالىزم دەۋرىدىكى ئەسىر ھالقىيدىغان ئۆسمۈرلەر . شۇڭا ، لېي فىڭ روھىنى ئۆزىمىزگە قىبلىنامە قىلىپ ، لېي فىڭ تاغىمىزدەك ۋەتەنگە ، خەلققە يارامىلىق ئەۋلادلاردىن بولۇپ چىقىشقا تىرىشىمىز .

( « ئۈمىد چېچەكلىرى » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى )

## ئەھمىيەتلىك پائالىيەت

تاھىرجان ئابلەت

( ۋەقەلىك ، ئوچېرك تۈرىدىكى بايان ماقالىسى )

1997 ـ يىلى 29 ـ سىنتەبىر كۈنى بىزنىڭ مەكتەپتە چوڭ تىپتىكى پىئونېرلار ئەترەت پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى . پائالىيەتكە مىللىي ، خەنزۇ بولۇپ ، ئىككى يۈز ئاتمىش سەككىزدىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى قاتناشتى .

بىز قۇياش شەرقتىن كۆتۈرۈلۈشىگىلا مەكتەپكە يىغىلدۇق . زالنىڭ ئالدىغا قاتار بولۇپ تىزىلىپ رەت بويىچە چوڭ زال ئىچىگە كىر-

دۇق . ئوقۇغۇچىلار رەت بويىچە تىزىلىپ كىرىپ سىنىپلار ئارا ئۇلتۇ-
رۇشتى . رىياسەتچى پائالىيەتنىڭ رەسمىي باشلانغانلىقىنى ئېلان قىلدى .

ئەترەت بايرىقى ئالدىدا ماڭدى . بارابانچىلار ھەيۋەتلىك باراباڭ ،
سۇنايچىلار ياڭراق سۇناي چېلىپ ھەيۋەت بىلەن كىرىپ كەلدى . ھەي-
ۋەتلىك سادالار ئىچىدە ئەترەت مارشىنى بىرلىكتە ئېيتتۇق .

ئارقىدىنلا ئوقۇغۇچىلار يىللىقلار بويىچە ئۆزلىرى تەييارلىغان
شېئىر ، قوشاق ، نەسىر ھەم ناخشا ئۇسسۇللار ئارقىلىق ۋەتەنگە بولغان
مېھىر - مۇھەببىتىنى بىلدۈردى . ئۇسسۇلچى قىزلار خۇددى رەڭدار
تىوزلاردەك ياسىنىپ ، لەرزان ئۇسسۇللىرى بىلەن ياڭراق ناخشىلىرىنى
ياڭرىتىپ ، ۋەتەنگە بولغان چەكسىز قىزغىنلىقىنى ئىپادىلىدى . ھەربىر
نومۇر ئارىلىقىدا قىزغىن ئالقىش سادالىرى ياڭراپ پائالىيەت كەيپىياتىنى
يۇقىرى كۆتۈردى . ھەممىدىن تەسىرلىك بولغىنى شۇكى 3 - يىللىق 2 -
سىنىپتىكى بارلىق ساۋاقداشلار ئايرىم - ئايرىم ھالدا بىر كۇپلېتتىن شې-
ئىر ، قوشاقلارنى ئوقۇپ ، ۋەتەننىڭ نەقەدەر ئۇلۇغ ، نەقەدەر قۇدرەتلىك
ئىكەنلىكىنى ھەممىمىزگە يەنىمۇ چوڭقۇر تونۇتتى . ئۇلارنىڭ شېئىرىغا
ئەگىشىپ ھەممىمىز « ئانا ۋەتەننى قوغداش ۋە گۈللەندۈرۈش بىزنىڭ
پىدا » دەپ يۇقىرى ئاۋازدا توۋلىدۇق . بۇنىڭدىن بارلىق ئوقۇغۇچىلار-
نىڭ ۋەتەننى سۆيۈش ئارزۇسىنىڭ تېخىمۇ كۈچەيگەنلىكىنى كۆرۈۋال-
دۇق .

ئارقىدىنلا رىياسەتچى « بۈگۈنكى پائالىيىتىمىز ۋاقىت مۇناسىۋىتى
بىلەن مۇشۇ يەردە ئاياغلاشتى » دېدى .

بىز ھەممىمىز شۇنى ھېس قىلدۇقكى ، بۇ قېتىمقى چوڭ تېپتىكى
پائالىيەت بىز ئۈچۈن ناھايىتى ئەھمىيەتلىك بىر پائالىيەت بولدى . ھەم-
مىمىزنىڭ ۋەتەننى سۆيۈش قىزغىنلىقىمىزنى تېخىمۇ ئۇرغۇتتى .

( « ئۈمىد چېچەكلىرى » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى )

# ئەھمىيەتلىك بىر كۈن

نىجات نىياز

( ساياھەت ئۇچېركى تۈرىدىكى بايان ماقالىسى )

بىز 1997 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ، مەكتەپ رەھبەرلىكىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن مەكتەپ پىئونىرلار چوڭ ئەترىتىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى تەبىئەتنى كۆزىتىش ئۈچۈن ، نەنسەن تېغىغا قاراپ يول ئالدۇق .

ئىككى سائەت ئۆتە ـ ئۆتمەيلا نەنسەن تېغىغا يېتىپ كەلدۇق . نەنسەن تېغى شۇنداق چىرايلىقكى ، يىراقتىن قارىغاندا تاغ ئۈستىدە قاتار ئۆسكەن قارىغايلار قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان گىگانت ئادەمگە ، تاغ باغرىدىكى يېشىل ئوتلاقلار خۇددى يۇمشاق گىلەمگە ، رەڭگا رەڭ گۈللەر بوشلۇقتىكى ھەسەن ـ ھۈسەنگە ئوخشايتتى .

بىز تاغقا چىقىپ ياخشى جاينى تېپىپ ئەدىيال سېلىپ ئەترەت يىغىنى ئېچىشقا باشلىدۇق . ئەترەت باشلىقىمىز ئىبادەت ئورنىدىن تۇرۇپ پىئونىرلارنىڭ ياخشى ئىش ـ ھەرىكەتلىرىدىن خۇلاسە چىقاردى ۋە ساۋاقدىشىمىز ئالىيەنى تۇرغۇزۇپ ، « ساۋاقدىشىمىز ئالىيە بىر يىلدىن بۇيان لېي فېڭ روھىنى جارى قىلدۇرۇپ ، ياشانغانلارغا ئىزچىل تۈردە ياردەم بېرىپ كېلىۋاتقان ئوقۇغۇچى » دەپ تونۇشتۇردى ۋە بىزنى ئالىيەدىن ئۆگىنىشكە چاقىردى .

يىغىن ئېچىلىپ بولغاندىن كېيىن ئىختىيارى پائالىيەت قىلدۇق . ئادىل بىلەن رىزۋان چوڭ ـ چوڭ تاشلاردىن ئوچاق ياساپ تاماق ئېتىشكە باشلىدى . گۈلزار بىلەن ئەزىمەت تاغنىڭ ئېگىز تەرەپلىرىگە چىقىۋېلىپ تاغ مەنزىرىسىنى كۆزەتتى . ئايگۈل بىلەن نىجات تاغ مەنزىرىسىنى سىزدى . ئەكرەم ئۆزى يالغۇز خىيال سۈرۈشكە باشلىدى . دىلنار ھاشارەتلار ئەۋرىشكىسى يىغدى . ھەر قايسىمىز ئوخشىمىغان پائالىيەت

بىلەن شۇغۇللىنىپ تەبىئەتنىڭ قوينىغا كىرىپ كەتكەچكە ۋاقتىنىڭ ئۆ-تۈپ كەتكەنلىكىنى تۇيماي قالدۇق . بىز كەچلىك تاماقنىمۇ يەپ بول-غاندىن كېيىن نەرسىلىرىمىزنى يىغىشتۇرۇپ ئاپتوبۇسقا چىقتۇق .

بۇ ئەترەت پائالىيىتى ناھايىتى ئەھمىيەتلىك بولدى . قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە بىز نۇرغۇن تەبىئەت بىلىملىرىگە ئىگە بولدۇق .

( « ئۈمىد چېچەكلىرى » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى )

## « 119 » مېنىڭ قەلبىمدە

راھىلە ئابدۇرۇسۇل

( ۋەقەلىك ئوچېرك تۈرىدىكى بايان ماقالىسى )

1997 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ، يەنى چاغان بايرىمىغا يېقىن-لىشىپ قالغان كۈن ئىدى .

مەن تەتىل بولغاچقا ئۆيدە زېرىكىپ ئاپامنىڭ ئىش ئورنىغا بار-دىم . دەرۋازا ئالدىغا كېلىشىم بىلەن توپ ـ توپ بولۇپ تۇرغان كىشى-لەرنىڭ پاراڭلىرىغا قىزىقىپ قۇلاق سالدىم . ئەسلىدە ئۇلار چاغان باي-رىمىنى قانداق ئۆتكۈزۈش توغرىسىدا پاراڭلىشىۋاتقانىكەن .

دەل شۇ چاغدا تۇيۇقسىز بىرىنىڭ « ئوت كەتتى ! ۋاي ئوت كەتتى ! تېز بېرىپ ئوتنى ئۆچۈرەيلى ! » دېگەن كۈچلۈك ئاۋازىدىن ھەممە كىشى تەمتىرەپ داڭ قېتىپ قالدى .

ئوت كېتىشنىڭ سەۋەبى ئەسلىدە بىر ياش ئىشچىنىڭ ئاسان ئوت ئالىدىغان جىسىم يېنىدا ، كەپشەرلەش مەشغۇلاتى ئېلىپ بارغانلىقىدىن بولغانىكەن . ئوت ياۋۇزلارچە ئۇلغايماقتا ئىدى . بەزى كىشىلەر تۇيۇقسىز كەتكەن بۇ ئوت ئاپىتىدىن ھاڭۋېقىپ قالغانىدى . بەزىلەر كىچىك ئوت ئۆچۈرۈش ئەسۋابلىرىنى كۆتۈرۈپ ، ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا ئوت ئۆچۈ-رۈش ئۈچۈن ، ئالغا قاراپ يۈگۈرسە ، يەنە بەزىلەر ئۈنلۈك ئاۋازدا : «

ئىشخانىغا تۇتىشارمۇ ، تارتمىدا پۇل بار ئىدى » دېيىشىپ ، چىپىشىپ يۈرەتتى .

مەن تۇرغان جايىمدا قاققان قوزۇقتەك قېتىپلا قالدىم . مېڭىشقا قۇربىمۇ يەتمىدى . « ئاپام نەدىدۇ ؟ » دېگەن خىيال كاللامدا ئەكس ئەتمەكتە ئىدى . بىر ۋاقىتتا كىشىلەر توپى ئارىسىدىكى ئاپامغا كۆزۈم چۈشتى . « ئاپا ! » دەپ توۋلىدىم مەن جېنىمنىڭ بارىچە . لېكىن ، ئاپام مېنى تونۇمايدىغاندەك ، ئىككى قولىدا ئوت ئۆچۈرۈش ئەسۋابىنى كۆتۈرۈپ ، ئوت كەتكەن جايغا يۈگۈرۈپ كېتىپ باراتتى . ئوت خۇددى ئەجدىهادەك يوپۇرۇلۇپ ، سېخنى قورشىماقتا ئىدى . مەن « بۇنچىۋالا كۈچلۈك ئوتنى بۇ كىچىك ئەسۋابلار بىلەن قاچانمۇ ئۆچۈرۈپ بولار ، بۇ ئوت ئۇلغىيىپ قايسى دەرىجىگە يېتەر » دەپ ئەندىشە قىلىشقا باشلىدىم .

كىشىلەر توپى ئارىسىدىكى ياشانغان بىر كىشى تۇيۇقسىز ئەقىل تېپىپ ، « 119 غا تېلېفون ئۇرايلى ! » دېدى ـ دە ، ئالدىراپ يۈرۈپ كەتتى . ئون مىنۇت ئۆتە ـ ئۆتمەيلا ئوت ئۆچۈرۈش خادىملىرى قىپقىزىل ماشىنىغا ئولتۇرۇپ يېتىپ كەلدى . ئۇلار چەبدەسلىك بىلەن ماشىنىدىن چۈشۈپ ، ھەرىكەتكە كەلدى . ئاسمانپەلەك كۆتۈرۈلگەن ئوت بىردەمدىلا ئۆچۈرۈلدى . كىشىلەرنىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى .

مەن ھەربىر ئوت ئۆچۈرۈش خادىمىنىڭ چىرايىغا قاراپ ، ئۇلارنىڭ پېشانىسىدىكى تەر ياكى سۇ تامچىلىرى ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدىم .

بۇ ئىشتىن كېيىن مەن « 119 » نىڭ خىزمىتىنىڭ ھەقىقەتەن جاپالىق ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتىم . ھەقىقىي ماھارەت مەشىقتىن كېلىدۇ ، بۇ خادىملارنىڭ ئادەتتىكى مەشىقلىرىنىڭ ئىنتايىن جاپالىق ئىكەنلىكىنى چۈشەندىم . شۇنىڭدىن بۇيان « 119 » مېنىڭ قەلبىمدىن ئورۇن ئالدى .

( « ئۈمىد چېچەكلىرى » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى )

# دوستلۇق بۇرچى

ئىلھام ئاتاۋۇللا

( ۋەقەلىك ئوچېرك تۈرىدىكى ، خەۋەر ئوچېركى تىپىدىكى بايان ماقالىسى )

ئۆتكەن يىل 12 ـ ئاينىڭ بىر كۈنى ئۈرۈمچى تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ تولۇقسىز 3 ـ يىللىق 4 ـ سىنىپى دەرستىن كېيىن ئالاھىدە قىزغىن كەيپىياتقا چۆمگەنىدى . سىنىپ تەشۋىقات ھەيئىتى ئەخمەتجان ساۋاقداشلىرى تاپشۇرغان پۇللارنى تىزىملىماقتا ئىدى ...

— مەن بەش موچەن .

— مەن ئىككى موچەن .

...

ھەش ـ پەش دېگۈچىلا ئون بەش يۈەن پۇل يىغىلدى . ئەخمەتجان بۇ پۇلنى ھاياجاندىن نېمە قىلارىنى بىلمەي قالغان ساۋاقدىشى فىردەۋسنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى ...

بۇ قانداق ئىش ؟ ئەسلى بۇ سىنىپتىكى فىردەۋسنىڭ ئانىسى كىچىك ۋاقتىدا ئۆلۈپ كەتكەن بولۇپ ، دادىسى ئېغىر كېسەل ئىدى . شۇڭا ، فىردەۋس مەكتەپكە ۋاقتىدا كېلەلمەيتتى ، روھىمۇ تۆۋەن ئىدى . بىرىنچى ئوقۇش مەۋسۇمىنىڭ باشلىرىدا بۇ ئەھۋال ئۇنىڭ ساۋاقداشلىرىنىڭ دىققىتىنى تارتتى . ئۇلار سىنىپ مەسئۇلى ئابلەت بىلەن فىردەۋسنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ، ئۇنىڭ قىيىنچىلىقىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ئۆزئارا پۇل يىغىش قىلىشىپ فىردەۋسقا ئون بەش يۈەن ياردەم قىلدى ۋە سىنىپ يىغىنىدا فىردەۋسقا ياردەم بېرىشنى داۋاملاشتۇرۇشنى قارار قىلدى . شۇنىڭدىن كېيىن بۇ سىنىپتىكى ساۋاقداشلار فىردەۋس ۋە ئۇنىڭ دادىسىغا ياردەم بېرىشنى داۋاملاشتۇردى . بىر قانچە ساۋاقداش بوش ۋاقىتلىرىدا فىردەۋسنىڭ دەرسلىرىنى تولۇقلىۋېلىشىغا ياردەم بەردى . بىر يەكشەنبە كۈنى بىر قانچە ساۋاقداش فىردەۋسنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئۆي ئىشلىرىغا يار-

دەملەشتى . قىزلار ئۆيلەرنى پاك ـ پاكىز تازىلىدى ، يىغىلىپ قالغان كىرلەرنى يۇيۇپ بەردى . ئۇ قوللار ئىككى توننا كۆمۈرنى توشۇپ رەتلىك ئورۇنلاشتۇرۇپ بەردى ھەمدە كۆكتات ئورىسى كولاپ سىرتتىكى كۆكتاتلارنى ئورىغا ئەكىرىپ بەردى . ئۇلارنىڭ بۇ ئىشىدىن تەسىرلەنگەن فېردۇننىڭ دادىسى كۆزىگە ياش ئېلىپ تۇرۇپ : « باللىرىم ، سىڭلەرگە ، سىلەرنى تەربىيىلىگەن ئۇستازلارغا ، ئاتا ـ ئانىلارغا رەھمەت » دېگەندە ساۋاقداشلار بىردەك « بىزنىڭ بۇرچىمىز » دەپ جاۋاب بېرىشتى .

ساۋاقداشلارنىڭ ھەر تەرەپلىمە ياردىمى ئارقىسىدا فېردۇن ئۆگىنىش ۋە ھەممە جەھەتلەردە تېز ئالغا باستى . مەۋسۇملۇق ئىمتىھاندا ھەممە پەنلەردىن توقساندىن يۇقىرى نومۇر ئالدى .

( « شىنجاڭ گېزىتى » دىن ئېلىندى . )

## يازلىق تەتىلدە

مەخمۇت خۇدۇيۇم

( ۋەقەلىك ئوچېرك تۈرىدىكى ، ئەدەبىي ئوچېرك
بايان ماقالىسى )

بىز تەتىل قىلىپ ھەپتە ئۆتمەي دادام ، ئاپامنى داۋالىتىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە ئېلىپ بارماقچى بولدى . ئۇكىلىرىمنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش ۋە ئائىلىنىڭ ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلىرى ماڭا قالدى .

قانداق قىلىش كېرەك ؟ ئاتا ـ ئانامنىڭ سەۋەنلىكىمۇ ياكى ئۆزۈمنىڭمۇ ؟ بۇرۇن ئۆگىنىش بىلەنلا بولۇپ كېتىپ ، ئائىلە ئىشلىرىغا ئانچە كۆپ ياردەملەشمەيتتىم . مانا ئاپامنىڭ كېسىلى جىددىي بولغاچ ، دادام بىرمۇنچە ئىشەنچلىك نەسىھەتلىرى بىلەن ئۆينى ماڭا تاپشۇردى . كۆزىمىز ياشلانغان ھالدا ئايرىلىشتۇق ، ئاتا ـ ئانامنى ئۇزىتىپ قويدۇم ، بېشىمنىڭ ئىچىمۇ ، تېشىمۇ قاتتى . لېكىن ، شۇ قاتقانچە قېتىپلا قالمىدى ،

ئاۋۋال ئۇنى ـ بۇنى قىلىپ سىڭلىمنىڭ قاغشىلىكىنى توگەتتىم ، ئاندىن ئائىلە ھەربىي تۇزۇم ئورناتتىم .

ھەممىمىز سەھەر سائەت يەتتىدە ئورنىمىزدىن تۇراتتۇق ، ئۆز ئورنىمىزنى ئۆزىمىز يىغاتتۇق . ئىشلىرىمىز شۇنداق تەرتىپلىك ئىدىكى ، يۇزىمىزنى يۇيغاندىن كېيىن بىرلىكتە مەھەللىنى ئايلىنىپ يۇگۇرۇپ كىرەتتۇق ، ھويلىدا گىمناستىكا ئوينايتتۇق . چېنىقىشتىن كېيىن چوڭ ئىنىم قوي كاللارغا يەم بېرەتتى ، ئوچاققا ئوتۇن تەييارلايتتى . كىچىك ئىنىم ھويلىنى تازىلايتتى ، سىڭلىم پىلتىڭلاپ يۇرۇپ توخۇلارغا دان چاچاتتى . مەن ئۆيلەرنى تازىلاپ ، گۇللەرگە سۇ قۇياتتىم ، تاماقتا تۇتۇش قىلاتتىم . سائەت سەككىزگە ئۇلگۇرۇپ تاماق تەييار بولاتتى . تامىقىمىزنى يەپ بولۇپ مەن قاچا ـ قۇچىلارنى يىغىشتۇراتتىم . سىڭلىم ئۇششاق ـ چۇشەكلەرنى توشۇپ ماڭا ياردەملىشەتتى ، ئىككى ئىنىم تەتىللىك تاپشۇرۇقلىرىنى ئىشلەيتتى . سائەت ئون ئەتراپىدا بۇ ئىشلىرىمىز ئاخىرلىشاتتى . مەن رويال چالاتتىم ، ئىنىلىرىم ئۇسسۇل ئوينىغاچ سىڭلىمغا ئۆگىتەتتى . بەزىدە مەن چوڭ ئىنىم بىلەن شاھمات ئوينايتتىم ، كىچىك ئىنىم سىڭلىم بىلەن ئويۇنچۇق ئۆي ياساپ ، رەسىم سىزىپ ئوينايتتى ، بىز خۇشاللىقتىن كۇلۇپ يايرايتتۇق ، ۋارقىراپ ـ جارقىراپ ئۆيىنى بېشىمىزغا كىيەتتۇق ... سائەت ئون بىر بولاتتى ، قولمۇقول چۇشلۇك تاماققا تۇتۇش قىلاتتۇق . تامىقىمىزنى يەپ بولۇپ ئۆيىنى پاكىز ، رەتلىك سەرەمجانلاشتۇراتتۇق ـ دە ، مەن دەرس تەكرارلاشقا ئولتۇراتتىم . ئىككى ئىنىم سىڭلىمغا بىردىن يۇزگىچە ساناشنى ، ئېلىپبەدىكى رەسىملەرنى تونۇشنى ، ھەرپلەرنى ھەجىلەشنى ۋە ئاددىي قوشاقلارنى ئۆگىتەتتى . كەچلىك تامىقىمىزنى يەپ بولۇپ ھەممە ئىشنى بېسىقتۇرغاندىن كېيىن ئۆيىنى « ئالا بويناق » ۋە يوغان قولۇپقا تاپشۇرۇپ ، شەھەرنىڭ مەنزىرىلىك جايلىرىنى ئايلىنىپ كىرەتتۇق ۋە تېلېۋىزور كۆرەتتۇق . كېچە سائەت ئون بولاتتى . سىڭلىم تاتلىق كۇلۇپ ، شېرىن ئۇيقۇغا يول ئالاتتى . ئۇچىمىز بىر سائەت كىتاب ئوقۇيتتۇق ، سائەت ئون بىردە تۇزۇم بويىچە توك ئۆچۇرۇلەتتى . ھەممىمىز قەتئىي

ھالدا ئۇخلاشقا ياتاتتۇق. چۈشلىرىمدە مەن ئاتا - ئانامنى كۆرەتتىم. ئاتا - ئانام مېنىڭ بېشىمنى سىلايتتى. مېنى باغرىغا باساتتى.

كۈنلەر ئەنە شۇنداق تەرتىپلىك، خۇشال ئۆتۈۋاتتى. ئاتا - ئانىمىزنى سېغىنىشتىن باشقا غېمىمىز يوق ئىدى. ئۇن بەش كۈن قالغاندا پۇل تۈگەپ كەتتى. پۇل شۇنچىلىك تۇتىيا بولدىكى... ئاتا - ئانام ئاز بەردىمۇ ياكى بىز بەتخەجلىك قىلدۇقمۇ، ھېچ بىلەلمەي قالدىم. ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ ئويلا - ئويلا ئامالمۇ تېپىلدى، شۇنىڭدىن كېيىن مەن ھەر كۈنى بىر تەرەپتىن دەرس تەكرارلاپ، يەنە بىر تەرەپتىن سوغۇق يېمەكلىكلەر شىركىتىنىڭ بىڭگورىنى ساتتىم. چوڭ ئىنىم يىغىپ قويغان بوتۇلكىلارنى، كېرەكسىز ئاياغ ۋە تۆمۈر - تەسەكلەرنى ساتتى، ئەتىسىدىن باشلاپ ئۆيىمىزنىڭ يېنىدىكى خۇرۇم زاۋۇتىدا كۈنلۈك ئىشلەشكە باشلىدى، كىچىك ئىنىم بىز سىرتتىكى ۋاقىتتا ھويلىنىڭ ئىشىكىنى ئىچىدىن چىڭ تاقاپ، سىڭلىم ۋە ئۆيدىن، ماللاردىن خەۋەر ئالدى. جاپا تارتساقمۇ تۇرمۇشىمىز يەنە رەتكە چۈشتى. قىلچە ۋايسىمىدۇق. ئاپام، دادامنىڭ كۆز ياشلىرى بىلەن مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ سېغىنىپ يازغان خەتلىرىگە ئىلگىرىكىدەك خاتىرجەملىك جاۋابلىرىنى قايتۇرۇپ تۇردۇق.

تەتىل توشاي دېگەندە دادام ئاپامنى ئېلىپ سالامەت قايتىپ كەلدى. ئۇلار رەتلىك كىيىنگەن پەرزەنتلىرىنى، پورەكلەپ ئېچىلغان گۈللەرنى، پاكىز تۇتۇلغان ئۆيلەرنى، سەمرىپ قالغان ماللارنى كۆرۈپ، قاتتىق ھاياجانلاندى، ئۇلارنىڭ لەۋلىرى تىترىدى، كۆزلىرى نەملەشتى، بىز تۆتەيلەن ئۇلارغا ئۆزىمىزنى ئېتىپ «پاڭگىدە» يىغلىۋەتتۇق.

شۇنداق، بىر قېتىملىق يازلىق تەتىل بىزگە ئاتا - ئانىمىزنىڭ قەدرىنى يەتكۈزدى؛ بىزگە چىدام، غەيرەت، سەۋر - تاقەت ئاتا قىلدى ۋە مۇستەقىل ياشاشنى ئۆگەتتى. شۇنىڭدىن بۇيان بىز ئاتا - ئانىمىزنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، ئۇلارنى كۆز قارىچۇقىمىزنى ئاسرىغاندەك ئاسراپ، خۇشال - خۇرام ئۆتمەكتىمىز.

مانا خاتىرجەم ئوقۇماقتىمىز، ئۇكىلىرىم بىلەن ئاشۇ بىر قېتىملىق

يازلىق تەتىل ھەققىدە ، سۆزلىشىپ قالسام ، ئۇلار بەس ـ بەستە « بۇ-نىڭدىن كېيىن تەتىلنى تېخىمۇ مەنىلىك ئۆتكۈزىمىز » دەپ چۇرۇقلى-شىدۇ . بۇنداق چاغلاردا مەن ئۆزۈمنى ئاشۇ يازلىق تەتىلدە ياشاۋاتقاندەك سېزىمەن ، دىلىم چەكسىز شادلىققا چۆمىدۇ .

( قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى گېزىت ـ ژۇرنال تەھرىر بۆلۈمى تۈز-گەن « ئۈلگىلىك ماقالىلەر توپلىمى » دىن ئېلىندى . )

## ئەھمىيەتلىك بىر كۈن

رەمزىيە ئابلا

( زىيارەت خاتىرىسى تۈرىدىكى ، خەۋەر ئۇچېرىكى تىپىدىكى بايان ماقالىسى )

1997 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ، چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچتە مۇئەللىمنىڭ يېتەكچىلىكىدە « پولات ـ تۆمۈر شىركىتى كەسپىي ئوتتۇرا مەكتىپى » دە تۇرۇۋاتقان قوراللىق ساقچى قىسمىدىكى تاغلار-دىن ھال سورىغىلى باردۇق .

بىز پائالىيەت زالىغا كىرگىنىمىزدە ، قوراللىق قىسمىدىكى تاغىلار ئاللىبۇرۇن رەتلىك تىزىلىپ ئولتۇرۇپ بولغانىكەن . بىز ئۆز ئورۇنلىرى-مىزغا بېرىپ ئولتۇردۇق .

رىياسەتچى پائالىيەتنىڭ باشلانغانلىقىنى ئېلان قىلدى . ئوقۇغۇ-چىلىرىمىز بەس ـ بەس بىلەن سەھنىگە چىقىپ شېئىر دېكلاماتسىيە ئو-قۇپ ، ناخشا ئېيتىپ ، ئۆزلىرىنىڭ قوراللىق ساقچى تاغىلارغا بولغان ھۆرمىتىنى بىلدۈرۈشتى . ئۇلارنىڭ ئورۇنلىغان نومۇرلىرى جەڭچى تا-غىلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى . بىزنى ھاياجانلاندۇردى . مەكتىپى-مىزدىكى خەنزۇ ساۋاقداشلارنىڭ جانلىق ، شوخ ، ئېتىك ئويۇنلىرى ،

بىزنىڭ جۇشقۇن ، نەپىس ناخشا ـ ئۇسسۇللىرىمىز ، قورالىلىق ساقچى تاغىلار ئورۇنلىغان جەڭگىۋار نومۇرلار زالنىڭ كەيپىياتىنى تېخىمۇ جانلاندۇرۇۋەتتى . مېنى ھەممىدىن بەك تەسىرلەندۇرگىنى ئۇلارنىڭ ھەربىي مەشىق ماھارىتى بولدى . ئۇلار شۇنچە قىيىن ھەرىكەتلەرنى جانلىق ، رەتلىك ، قەيسەرلىك بىلەن ئورۇنلىدى . ئۇلار يەرنىڭ پاسكىنا ، قاتتىق بولۇشىغا قارىماي يەرگە ئارقىچىلاپ چۈشۈش ، سەكرەش ، موللاق ئېتىپ ئورنىدىن دەس تۇرۇشتەك قىيىن ھەرىكەتلەرنى ئورۇنلاپ ، قورالىلىق ساقچى قىسىمىنىڭ جاپادىن قورقماس روھىنى نامايان قىلدى . ئەگەر ئۇلارنىڭ ئورنىدا بىز بولساق بىرەر يېرىمىز ئاغرىپ كېتەرمىكىن ، كىيىم ـ كېچەكلىرىمىز پاسكىنا بولۇپ كېتەرمىكىن دەپ ئىككىلەنگەن بولاتتۇق . ئۇلارنىڭ غەيرىتى نېمىدېگەن ئۇستۇن ـ ھە !

بىز ئۇلارنىڭ ئاشۇنداق جاپالىق مەشىقلىرىنىڭ روھىدىن ئۇلارنىڭ ۋەتەننى قوغداش ۋە گۇللەندۇرۇش ئىرادىسىنىڭ نەقەدەر كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇق .

ئىككى سائەت داۋاملاشقان پائالىيەت بىزگە ناھايىتى تېز ئۆتۈپ كەتكەندەك تۇيۇلدى . رىياسەتچى پائالىيەتنىڭ ئاياغلاشقانلىقىنى ئېلان قىلغاندا ، مەن كۆڭلۈمدە : « ۋاقتى يەنە بىر ئاز ئۇزاقراق بولسىكەن ، جەڭچى تاغىلىرىم بىلەن ئۇزۇنراق بىللە بولغان بولسام بوپتىكەن » دەپ ئويلىدىم . بىز جەڭچى تاغىلىرىمىز بىلەن ئايرىلىشقا زادى كۆڭلىمىز قىيمىغان ھالدا خوشلاشتۇق . بۇ مەن ئۇچۇن ئەڭ ئەھمىيەتلىك بىر كۈن بولدى .

( « ئۈمىد چېچەكلىرى » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى .

## ياپونىيە مەكتەپلىرىدە

سەيى رۇگزىلىڭ
( زىيارەت ئوچېركى تۈرىدىكى بايان ماقالىسى )

ياپونىيە — بىزنىڭ يېقىن قوشنىمىز ، ئۇ يەرگە شاگخەيدىن ئايروپىلان بىلەن بىر نەچچە سائەتتىلا يېتىپ بارغىلى بولىدۇ . 1984 ـ يىلى كۈزدە مەن ئوساكا جۇگگو — ياپونىيە دوستلۇق جەمئىيىتىنىڭ تەركىبى بىلەن ياپونىيىنىڭ بىگگۇ ناھىيىسىدە زىيارەتتە بولدۇم . ئوقۇتقۇچى بولغانلىقىم ئۈچۈن مەكتىپىمىزدىن ماڭا ياپونىيە مەكتەپلىرىنىڭ ئەھۋالىنى كۆپرەك ئىگىلەشنى تاپىلىدى . شۇڭا ، مەن بىر ئاي ئىچىدە نەچچە يەرنى زىيارەت قىلىشنىڭ مېھرىدىن كىچىك باشلانغۇچ ئوتتۇرا مەكتەپتىن سەككىزىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدىم . مەن ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا نېمىلەرنى كۆردۇم ؟ نېمىلەرنى ئاڭلىدىم ؟ نېمىلەرنى ھېس قىلدىم ؟ ئاھ ! سۆزلەپ كەلسەم گەپ تولا . مەن تۆۋەندە سىلەرگە بۇلاردىن بىر نەچچىنىلا سۆزلەپ بېرەلەيمەن ، خالاس .

### ھەر مەكتەپنىڭ ئۆز ناخشىسى بار ئىكەن

يېشىل تاغلار قوينىدا
مەكتەپ ناخشىمىز ياڭرار .
كۆچەتلەر بولۇپ دەرەخ ،
گۈل ـ غۇنچىلار ئېچىلار .
ئانا مەكتەپ تەربىيىلەپ
بىزنى قاتارغا قوشار ...

ياپونىيىدىكى ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ھەر كۈنى ئەت-
تىگەندە پۈتۈن ئوقۇتقۇچى ، ئوقۇغۇچىلار زالغا يىغىلىپ ، ئەتىگەنلىك
يىغىلىش مۇراسىمىغا قاتنىشىدىكەن . ھەر قايسى سىنىپلار رەتلىك تىزى-
لىپ ئاكاردىئۇننىڭ تەڭكەش قىلىشى بىلەن يۇقىرىقى مەكتەپ ناخشى-
سىنى ئېيتىپ ، بىر كۈنلۈك ئۆگىنىش ، تۇرمۇشنىڭ بىرىنچى پەردىسىنى
ئاچىدىكەن .

ناخشىدا مەكتەپنىڭ مەنزىرىسى تەسۋىرلىنىدىكەن ، ئۆگىنىش ،
تۇرمۇش ۋە دوستلۇق مەدھىيىلىنىپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىشەنچ ۋە مەس-
ئۇلىيەتچانلىق كۆز قارىشى ئۆستۈرۈلىدىكەن ... قىسقىسى مەكتەپلەرنىڭ
ئۆزىگە خاس مەزمۇنغا باي مەكتەپ ناخشىسى بولىدىكەن . چوڭراق با-
لىلار بۇ ناخشىلارنى ھېسسىياتلىق ئېيتسا ، كىچىك بالىلار مەيدىسىنى
كېرىپ ، بېشىنى تىك تۇتۇپ ئېنىق قىلىپ رىتىملىق ئېيتىدىكەن .

## رەڭگا رەڭ بېزەلگەن مەكتەپ ھويلىسى ۋە سىنىپلار

قايىسىلا مەكتەپكە بارسام ، مەكتەپ مۇھىتىغا ئىنچىكىلىك بىلەن
سەپسالدىم .

يېزا ئىگىلىكىنىڭ زامانىۋىلىشىشىغا ئەگىشىپ ، ياپونىيە ئېتىزلى-
رىدا كالا دىدارىنى كۆرگىلى بولمايدىكەن . ئەمما ، كالىنىڭ ئوبرازى
80 ـ يىللاردىكى ياپونلۇقلارنىڭ ھېلىمۇ قەلبىدە ئىكەن . كالىنىڭ ھەي-
كىلى مەكتەپ دەرۋازىسى ياكى ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ ئالدىغا قويۇلۇپ ،
كۆپچىلىكنىڭ كالىغا ئوخشاش بىر ئۆمۈر جاپاغا چىداپ تىرىشىپ ئۆگى-
نىشىگە ئىلھام بېرىلىدىكەن . مەكتەپنىڭ كارىدورىغا قويۇلغان ئالتۇن
بېلىق قاچىدا ، ھەر خىل رەڭدىكى بېلىجانلار ياپپېشىل ئوت ـ چۆپلەر
ئارىسىدا لەرزان ئۈزۈپ يۈرىدىكەن . كارىدورنىڭ يەنە بىر تەرىپىگە
ئىككى ـ ئۈچ پارتا ، پارتىنىڭ ئۈستىگە رەسىملىك كىتابلار ، بالىلار ژۇر-
ناللىرى ، ناخشا توپلاملىرى قويۇپ قويۇلىدىكەن . بالىلار دەرس ئارىلى-

قىدىكى دەم ئېلىش ۋە چۈشلۈك ئارام ۋاقتىدا بۇ كىتابچىلارنى خالىغانچە ئوقۇپ پايدىلىنىدىكەن . كارىدورنىڭ تاملىرىغا غەرب كلاسسىك رەسسامىلىرىنىڭ رەسىملىرى ۋە ياپونىيىنىڭ رەڭلىرى ئوچۇق ، شەكلى يارقىن ھازىرقى زامان رەسىملىرىمۇ ئېسىپ قويۇلىدىكەن . مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ئىشخانىسىغىمۇ ھەر خىل رەسىملەرنى ئېسىپ ، ھەر خىل ھەيكەللەر ۋە گۈللەرنى ، شۇنداقلا مەكتەپنىڭ شان ـ شەرىپىنى بىلدۈرىدىغان تەقدىرنامە ، مۇكاپات لوڭقىلىرىنى تىزىپ قويىدىكەن . مەكتەپ دەرۋازىسىدىن كىرىشىڭىزگىلا بىرخىل يۇكسەك مەدەنىيەت يۇقىرى تەربىيە ، ئالغا ئىنتىلىش كەيپىياتى سېزىلىدىكەن .

ھەرقايسى سىنىپلاردا تېلېۋىزور بولىدىكەن . باللارغا ئوقۇتۇش مەزمۇنىغا ماسلاشقان سىنئالغۇ فىلىملىرى قويۇپ بېرىلىدىكەن . تامغا ۋە دوسكىغا ئېلېكترونلۇق سائەتلەر ئېسىپ قويۇلىدىكەن . ئۇلار خۇددى ئوقۇغۇچىلارنى « ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇڭلار ! كۈن ئۆتۈپ كېتىۋاتىدۇ ! » دەپ ئاگاھلاندۇرۇۋاتقاندەك توختىماي مېڭىپ تۇرىدىكەن . ئېلېكترونلۇق سائەتنىڭ يېنىغا « كاللا ئىشلىتىشكە ماھىر بولۇڭلار ! » ، « ھەممە ئىشنى تېز پۈكمەي چوقۇم ئاخىرىغا ئېلىپ چىقىش كېرەك ! » دېگەن ۋەرەقىلەر چاپلاقلىق ئىكەن . سىنىپلارنىڭ تۆت تېمىغا دەرس جەدۋىلى ، كالېندار ، خەرىتىگە ئوخشاش نەرسىلەر ئېسىلغاندىن باشقا ، يەنە باللار يازغان ھۆسنخەت ، سىزغان رەسىملەر چاپلاپ قويۇلىدىكەن ، بۇ باللارنىڭ يېڭى ئەسەرلىرىنى نامايەندە قىلىدىغان مەيدان ئىكەن .

چوڭ زالنىڭ تاملىرىغا شۇ يەرنىڭ يەر شارائىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ۋە مەكتەپ جايلاشقان جاينىڭ ئورنىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان خەرىتىلەر ئېسىپ قويۇلىدىكەن . بۇ جۇغراپىيىلىك ھەر خىل ھەر ياڭزا خەرىتىلەرنى كۆرۈپ ، مەن ياپونىيىلىكلەر ئارىسىدا يۇرتىنى مەدھىيىلەيدىغان ، يۇرتىنى سېغىنىدىغان ناخشىلارنىڭ نېمە ئۈچۈن شۇنچە كەڭ تارقىلىپ يۈرىدىغانلىقىنىڭ ، ئۇلار يۇرتىنىڭ تاغ ـ دەريالىرىنى نېمە ئۈچۈن بەش قولدەك بىلىدىغانلىقىنىڭ ۋەتەن دېسە نېمە ئۈچۈن جېنىنى بېرىدىغانلىقىنىڭ تېگىگە يەتتىم .

# ھەممەيلەن بىللە تۇرۇپ يۇلۇش

مەن چىيەنشەن باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 1 ـ يىللىق سىنىپىدا تىل ـ ئەدەبىيات دەرسىنى ئاڭلاپ باقتىم.

مۇئەللىم ماگنىتلىق سۈرەتنى دوسكىغا چاپلىدى.

بوۋاي بىلەن موماي يوغان بىر قىزىل تۇرۇپنى يۇلماقتا. ئۇلارنىڭ كۈچى يەتمەي نەۋرىسىنى چاقىردى، ئاندىن كېيىن مۈشۈكنى، چاشقاننى ياردەمگە چاقىردى.

— تۇرۇپنى يۇلىمىز! تۇرۇپنى يۇلىمىز! تازا كۈچەپ يۇلىمىز!

پۈتۈن سىنىپتىكى ساۋاقداشلار توۋلىغاچ، ئۆزىنىڭ خىيالىدىكى تۇرۇپنى يۇلۇش ئۈچۈن ئۇستەللىرىنىڭ پۇتىنى تۇتۇپ ياكى تىزىنى، قۇچاقلاپ ھېلى ئوڭغا، ھېلى سولغا ئىرغاڭلاپ كۈچىگەنلىكتىن قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ كېتىشتى.

دەرس مەزمۇنىنى ئۇقماي تۇرۇپ سىنىپقا شۇنداقلا قارىغان ئادەم بۇنى بىر توپ كەپسىز بالا كەپسىزلىك قىلىۋېتىپتۇ، دەپ ئويلاپ قېلىشى چوقۇم.

مۇئەللىم بالىلاردىن سورىدى:

— تۇرۇپ يۇلۇۋېلىندى. بوۋاي بىلەن موماي نېمە دەيدۇ؟

پۈتۈن سىنىپ جىمجىتلىققا چۆمدى. ھەربىر ئوقۇغۇچى تۈز ئولتۇرۇپ بۇدرۇق قوللىرىنى كۆتۈرۈشۈپ، مۇئەللىمنىڭ ئۆزىنى چاقىرىشىنى كۈتۈپ ئولتۇردى.

مۇئەللىم ئارقىدىن بالىلارنى مۇزاكىرىگە سالدى ۋە «ئاران دېگەندە» دېگەن سۆز بىرىكمىسى بىلەن جۈملە تۈزۈشكە ئۈيۈشتۇردى. ئۇ بىر جۈملە، بۇ بىر جۈملە تۈزۈپ، سىنىپنىڭ ئىچى بىردەمدىلا قايناپ كەتتى. مۇئەللىم سوئال سوراش بىلەنلا بالىلار قايتىدىن تۈپتۈز ئولتۇرۇپ مۇئەللىمنىڭ سوئالىغا جىمجىت قۇلاق سېلىشتى.

بۇ شوخ ، ئوماق باللارنىڭ پۈتۈن دىققىتىنى يىغىپ ئۆگىنىشى كىشىنىڭ تولىمۇ مەسىلىكىنى كەلتۈرىدۇ .

## ئۇ نېمىشقا ماڭا گەپ قىلمايدۇ ؟

مەن ياپونىيىدە ياپونىيە مەدەنىيەت ـ مائارىپ ساھەسىدىكى داڭ-لىق زات شىشەن چيەنسەن ئەپەندىنىڭ ئۆيىدە تۇردۇم . بىر كۈنى كەچلىك تاماق ۋاقتىدا ئۇلارنىڭ تاماق يېيىش ئۆيىگە كىرسەم ، نەۋرە قىزى ياندىكى ئۆيدە ئۈستەلگە ئېگىشىپ تاپشۇرۇق ئىشلەۋېتىپتۇ .

— تاماق يەۋېلىڭ ، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا .

ئۇنىڭدىن جاۋاب بولمىدى ، ئاڭلىمىغانمىدۇ ؟

مەن ئۇنىڭ دولىسىغا ئۇرۇپ تۇرۇپ :

— تاماق يەپ بولۇپ ئاندىن ئىشلەڭ ، — دېدىم .

ئۇ يەنىلا بېشىنى كۆتۈرمەستىن تاپشۇرۇقنى ئىشلەۋەردى . مەن ئۇنىڭ دولىسىغا قويغان قولۇمنى ئوڭايسىزلانغان هالدا تارتىۋالدىم .

ياپونىيە خەلقى قائىدە ـ يوسۇنلۇق كېلىدۇ . مەيلى چوڭ ئادەم ياكى كىچىك بالا بولسۇن ، كىشلەرگە ناهايىتى ئەدەپ بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ . ئۇلار ھەتتا ئانچە تونۇشمايدىغان ئادەملەر بىلەنمۇ ئېگىلىپ تە-زىم قىلىپ ، تىنچلىق سورىشىدۇ . توۋا ، مېي زوزى بۈگۈن نېمە بول-غاندۇ ؟ مەندىن رەنجىپ قالغانمىدۇ ؟ مەنغۇ ئۇنى خاپا قىلغۇدەك ھېچ ئىش قىلمىدىم . ئادەتتە مېنى كۆرسە تولىمۇ يېقىنچىلىق قىلىپ ئۇنى ـ بۇنى سوراپ ئاق قۇشقاچتەك ۋىچىرلاپلا كېتەتتى . بۈگۈن باشقىلا بىر ئادەم بولۇپ قاپتۇ يا ؟ مېنىڭ ئىچىم پۇشقىلى تۇردى .

ئۇنىڭ تاماق راستلاۋاتقان ئاپىسى مېنىڭ ئوڭايسىزلىنىپ قالغى-نىمنى كۆرۈپ مەندىن كەچۈرۈم سورىدى :

— بۇ بالا ، دەرس تەييارلاۋاتقاندا هېچقانداق ئادەمگە گەپ قىل-ماسلىقنى كىچىكىدىن ئادەتلەنگەن ، — دېدى ئۇ .

ھە ، ئەسلى ئىش مۇنداق ئىكەن ـ دە ! مەن ئۇنىڭ كىچىككىنە تۇرۇپ شۇنچە سەۋر ـ تاقەتلىك ئىكەنلىكىگە چىن كۆڭلۈمدىن قايىل بولدۇم . ياپونىيىدە مائارىپ ئورگانلىرى ۋە ئائىلىدىكىلەرنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى نەتىجىسىدە نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلار : « پۈتۈن ئەس ـ يادى بىلەن ئەستايىدىل كىتاب ئوقۇش ، ئەستايىدىل خىزمەت ئىشلەش » ئادىتىنى يېتىلدۈرۈشنى دۆلەتنى ، مىللەتنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى چوڭ ئىش دەپ قارايدىكەن .

( « تارىم غۇنچىلىرى » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى )

ۋەقەلىكنى يېزىش نۇقتا قىلىنغان بايان ماقالىلىرىنى يېزىشتا دىققەت قىلىدىغان نۇقتىلار :

① ۋەقەلىكنى يېزىش ئاساس قىلىنغان بايان خاراكتېرلىك ماقالىلەردە ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە بايانىنىڭ ئالتە ئامىلىنى تولۇق تاپشۇرۇش لازىم . يەنى بۇ ئىش ـ ۋەقە قاچان ( مەلۇم بىر سائەتتە ، مەلۇم بىر كۈندە ، مەلۇم بىر ھەپتىدە ، مەلۇم بىر ئاي ئىچىدە ھەتتا مەلۇم بىر يىل جەريانىدا ... ) قەيەردە ( بىر ئورۇندا ياكى بىر قانچە ئورۇندا . ) بۇ ئىش ـ ۋەقەگە قانداق ئادەملەر ئىشتىراك قىلغان ( بىر ياكى بىر نەچچە ھەتتا بىر توپ ئادەم ) . بۇ ئىش ـ ۋەقە نېمە سەۋەبتىن يۈز بەرگەن ( ياكى بۇ ئىش ـ ۋەقە نېمە مەقسەتتە بولغان ) . ئاخىرقى نەتىجىسى قانداق بولدى دېگەنلەر ئېنىق يېزىلىشى كېرەك .

② بايان قىلىنغان ئىش ـ ۋەقەلەرنى ئابستراكتنى يېزىش بىلەن كونكرېتنى يېزىشنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىش كېرەك . مەسىلەن ، « ئەھمىيەتلىك بىر كۈن » ناملىق ماقالىنى ئالساق : « بىز 1997 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ، مەكتەپ رەھبەرلىكىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن مەكتەپ پىئونېرلار چوڭ ئەترىتىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى تەبىئەتنى كۆزىتىش ئۈچۈن نەنسەن تېغىغا قاراپ يول ئالدۇق » . « ئىككى سائەت ئۆتە ـ ئۆتمەيلا نەنسەن تېغىغا يېتىپ كەلدۇق . » ، « بىر تاغقا چىقىپ ياخشى جاينى تېپىپ ئەدىيال سېلىپ ئەترەت يىغىنى ئې-

چىشقا باشلىدۇق » . « بىزنى ئالىيەدىن ئۆگىنىشكە چاقىردى » . « ھەر قايسىمىز ئوخشىمىغان پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ تەبىئەتنىڭ قوينىغا كىرىپ كەتكەچكە ۋاقىتنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى تۇيماي قالدۇق . بىز كەچلىك تامىقىمىزنى يەپ بولغاندىن كېيىن نەرسىلىرىمىزنى يىغىشتۇرۇپ ئاپتوبۇسقا چىقتۇق » ، « بۇ ئەترەت پائالىيىتى ناھايىتى ئەھمىيەتلىك بولدى . قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە بىز نۇرغۇن تەبىئەت بىلىملىرىگە ئىگە بولدۇق » دېگەن ئىش ـ ۋەقە ( بايان ) لەر ئابستراكتنى يېزىلغان .

« ئەترەت باشلىقىمىز ئىبادەت ئورنىدىن تۇرۇپ پىيونېرلارنىڭ ياخشى ئىش ـ ھەرىكەتلىرىدىن خۇلاسە چىقاردى ۋە ساۋاقدىشىمىز ئالىيەنى تۇرغۇزۇپ ، ‹ ساۋاقدىشىمىز ئالىيە بىر يىلدىن بۇيان لېي فېڭ روھىنى جارى قىلدۇرۇپ ، ياشانغانلارغا ئىزچىل تۇردە ياردەم بېرىپ كېلىۋاتقان ئوقۇغۇچى › دەپ تونۇشتۇردى » . « ئادىل بىلەن رىزۋان چوڭ ـ چوڭ تاشلاردىن ئوچاق ياساپ تاماق ئېتىشكە باشلىدى . گۈلزار بىلەن ئەزىمەت تاغنىڭ ئېگىز تەرەپلىرىگە چىقىۋېلىپ تاغ مەنزىرىسىنى كۆزەتتى . ئايگۈل بىلەن نىجات تاغ مەنزىرىسىنى سىزدى . ئەكرەم ئۆزى يالغۇز خىيال سۈرۈشكە باشلىدى . دىلنار ھاشاراتلار ئەۋرىشكىسى يىغدى » دېگەن ئىش ـ ۋەقە ( بايان ) لەر كونكرېتنى يېزىلغان .

ماقالىدە مانا مۇشۇنداق ئىككى خىل يېزىش ئۇسۇلى ياخشى بىرلەشتۈرۈلگەچكە جانلىق ، تەسىرلىك چىققان .

بۇنىڭدىن باشقا « بىر قېتىملىق ئېكسكۇرسىيە » ، « سىنىپىمىزدىكى ‹ لېي فېڭ روھى › » ، « ئەھمىيەتلىك پائالىيەت » ، [ « 119 » مېنىڭ قەلبىمدە ] ، « دوستلۇق بۇرچى » ، « يازلىق تەتىلدە » ، « ئەھمىيەتلىك بىر كۈن » ، « ياپونىيە مەكتەپلىرىدە » ناملىق ماقالىلەرنىڭ ھەممىسىدە ئابستراكتنى يېزىش بىلەن كونكرېتنى يېزىش ئۇسۇلى ياخشى بىرلەشتۈرۈلگەن .

③ۋەقەلىك تاللانغان بولۇشى ، تىپىك ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇشى كېرەك . مەسىلەن ، « ياپونىيە مەكتەپلىرىدە » ناملىق ماقالىنى ئالساق ،

ئاپتور بىر ئاي ئىچىدە كۆرگەن ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئەمەس ، بەلكى ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە تۆت ئىش ـ ۋەقەنىلا يازغان . « يازلىق تەتىلدە » دېگەن ماقالىنى ئالساق ، ئاپتور بۇ ماقالىسىدە يازلىق تەتىلنىڭ ھەربىر كۈنىدە يۈز بەرگەن ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى سۈۋارىسىغا يازغان بولسا ماقالە بۇنداق جانلىق ، تەسىرلىك بولمىغان بولاتتى .

④ مەنزىرە تەسۋىرىنى مۇۋاپىق سۈرەتلەشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك . ئىش ـ ۋەقەنى يېزىش ئاساس قىلىنغان بايان ماقالىسىنىڭ ھەممىسىدە ئېلىپ بېرىلغان ئىش ـ ۋەقە مەلۇم بىر يەردە بولىدۇ . مانا مۇشۇ يەرنىڭ ، ئورۇننىڭ مەنزىرىسى ياكى ئومۇمىي كۆرۈنۈشىنى تەسۋىرلەشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك .

**3 ) نۇقتىلىق ھالدا مەنزىرە ( تەبىئەت ) سۈرەتلەنگەن بايان ماقالىلىرىنى يېزىش .**

بۇ خىلدىكى بايان ماقالىلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى :

نۇقتىلىق ھالدا مەنزىرىنى يېزىش ئاساس قىلىنغان بايان ماقالىلىرىدە ئادەملەرنىڭ خاراكتېر ـ ئالاھىدىلىكى ۋە ئادەملەرگە مۇناسىۋەتلىك ئىش ـ ۋەقەلەرنى بايان قىلىش قوشۇمچە ، ئادەملەرنىڭ تەبىئەتتىن ئالغان تەسىراتى ۋە تەبىئەت ( سۈرەتلەش ) ئاساس قىلىنىدۇ . مەنزىرىلەرنى يېزىشتا ــ شۇ مەنزىرىلەرنىڭ ئەسلىدە بار بولغان ھالىتى ۋە ھادىسىلىرىنى تەسۋىرنىڭ تۈرلىرىدىن بولغان مۇھىت تەسۋىرى ( ئىجتىمائىي ۋە تەبىئىي مۇھىت ) ۋە بايان ئۇسۇلىدىن شۇنىڭدەك ئىپادىلەش ۋاسىتىلىرىدىن پايدىلىنىپ ئەتراپتىكى مۇھىت توغرا ، ئوبرازلىق ، جانلىق ، كونكرېتنى سۈرەتلەپ بېرىلىدۇ .

تەبىئەت بارلىق جانلىقلارنىڭ ھاياتلىق مەنبەسى بولۇپ ، جانلىقلار پەقەت تەبىئەتتىن ئىبارەت بۇ پايانسىز مەۋجۇدىيەت ئىچىدە ئۆزىنىڭ پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇپ نەتىجىگە ئېرىشىدۇ . تەبىئەت ئادەتتە تەبىئەت مەنزىرىلىرى ، تەبىئەت ھادىسىلىرى ، تەبىئەت ھالىتى ، تەبىئەت پەسلى ۋە ۋاقتى ، تەبىئەتتىكى مەۋجۇداتلار قاتارلىقلارنى ئۆز

ئىچىگە ئالىدۇ . بۇلارنى كونكرېتلاشتۇرغاندا تەبىئەت مەنزىرىسى — ئوخشاش بولمىغان پەسىل ، شۇنىڭدەك ئوخشاش بولمىغان ئورۇنلاردىكى مەنزىرىلەرنى يەنى ئوت - چۆپلەر ، گۈل - گىياھلار ، قار - مۇزلار ، زىرائەتلەر ، دەل - دەرەخ ... قاتارلىقلارنى ؛ تەبىئەت ھادىسىلىرى — شامال . بوران ، يامغۇر ، چاقماق ، گۈلدۈرماما ، تۇمان ، قار — مۇز ، قىراۋ .. قاتارلىقلارنى ؛ تەبىئەت ھالىتى — كۈن ، ئاي ، يۇلتۇز ، ئەتىياز ، ياز ، كۈز ، قىش ... قاتارلىقلارنى ؛ پەسىل ۋە ۋاقىت — ياز ، كۈز ، قىش ، ئەتىياز . ئەتىگەن ، چۈش ، كەچ ، كېچە ... قاتارلىقلارنى ؛ تەبىئەتتىكى مەۋجۇداتلار — دەريا ، دېڭىز - ئوكيان ، شارقىراتما ، ئېقىن ، تاغ ، دالا ، ئارال ، چۆل - جەزىرە ، قۇملۇق ، ئادەملەر ، ھايۋانات ، ئۇچار قۇشلار ، ھاشاراتلار ... قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ .

مانا بۇلارنى ياخشى تەسۋىرلەش ۋە بايان قىلىش نۇقتىلىق ھالدا مەنزىرىنى سۈرەتلەشنى ئاساس قىلغان ماقالىلەرنىڭ ئوبيېكتلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ .

ئادەتتە بىز تېلېۋىزوردا كۆرۈپ تۇرغان قۇتۇپنى تەكشۈرۈش دوكلاتلىرى ، « ئادەم ۋە تەبىئەت » ، « ھايۋانات دۇنياسى » پروگراممىلىرىدىكى جانلىق تەسۋىر ، بايان ۋە لىرىكا بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن ماقالىلەر دەل مەنزىرە ( تەبىئەت ) نى يېزىش ئاساس قىلىنغان بايان ماقالىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . نۇقتىلىق ھالدا مەنزىرىنى يېزىش ئاساس قىلىنغان بايان خاراكتېرلىك ماقالىلەرنىڭ كۆپ قىسمى سەپەر خاتىرىسى ، ساياھەت خاتىرىسى ياكى ئېكسپېدىتسىيە خاتىرىسى تىپىدا يېزىلىدۇ .

بۇ خىلدىكى ماقالىلەرنىڭ ئەڭ تۇپ ئالاھىدىلىكى — ئۇنىڭدا ئادەملەر ، ۋەقەلەر ماقالىنىڭ پۈتۈن قىسمىغا سىڭىپ كەتكەن بولىدۇ . لېكىن كىشىنىڭ كۆز ئالدىدا گۈزەل تەبىئەت مەنزىرىلىرىنى نامايان قىلىپ بېرىش ۋە شۇنى نۇقتا قىلىپ يېزىش ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ . بۇ خىلدىكى ماقالىلەردە ئاساسەن بىرلىك ۋە كۆپلۈك شەكىلدىكى بىرىنچى شەخس تىلى قوللىنىلىدۇ . بەزى ھاللاردا ئىككىنچى شەخس تىلى بويىـ

چىمۇ يېزىلىدۇ . بۇ خىل ئەھۋالدا « ئەگەر سىز xx يەرگە بارماقچى بولسىڭىز » ، « سىز xx نى كۆرمەكچى بولسىڭىز » ، « يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ماڭسىڭىز » دېگەنگە ئوخشاش جۈملىلەر بىلەن بايان راۋاجلاندۇرۇلىدۇ .

## نۇقتىلىق ھالدا مەنزىرە ـ مۇھىت سۈرەتلەنگەن ماقالىلەرنى يېزىشتىكى ئۇسۇل ، تەلەپلەر :

نۇقتىلىق ھالدا مەنزىرىنى سۈرەتلەشنى ئاساس قىلىنغان ماقالىلارنى ياخشى يېزىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى ئۇسۇل ، تەلەپلەرنى ياخشى ئىگىلىۋېلىش كېرەك .

① تەبىئەتنى كۆزىتىشكە ماھىر بولۇش كېرەك . يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك كۆزىتىش ئادەتتە ئىككى خىل بولىدۇ . بۇ خىلدىكى ماقالىلەرنى ياخشى يېزىش ئۈچۈن ئەتراپىڭىزدىكى تەبىئي ۋە ئىجتىمائىي مۇھىتنى ، ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى ئادەتتىكى ئىختىيارىي ئاساستىكى كۆزىتىشكە ئەھمىيەت بەرسىڭىز ، ئاندىن مەخسۇس تېما بويىچە كۆزىتىشنى ئەتراپلىق ۋە چوڭقۇر ئېلىپ بارالايسىز . مەسىلەن ، سىز مەكتەپكە بېرىش ـ كېلىشتە يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى دەل ـ دەرەخلەر ، ئۆي ـ ئىمارەتلەر ، ئىدارىلەر ، دۇكان ـ بوتكىلار دېگەندەكلەرنى كۆرۈپ تۇرىسىز . ئۇنىڭدىن باشقا ھەر خىل تەبىئەت ھادىسىلىرى بىلەن يەنى قار ، يامغۇر ، شامال ، بوران ، ئىسسىق ـ سوغۇق قاتارلىقلارنى كۆرىسىز ، ھېس قىلىسىز . بۇلارنى ئادەتتىكى ۋاقىتلاردا كۆزىتىشكە ماھىر بولسىڭىز ، مەخسۇس تېما بويىچە كۆزەتكەندە تېزلا ئۆزىڭىزگە كېرەكلىك ماتېرىياللارنى سۈزۈپ ئالالايسىز .

②قۇرۇلمىنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا ماھىر بولۇش كېرەك .

ساۋاقداشلار ئادەتتە ئادەملەر ئاساس قىلىنغان ياكى ۋەقە ئاساس قىلىنغان بايان ماقالىلىرىنى يېزىشتا بىرقەدەر قىينالمايدۇ . چۈنكى ، بىر ئادەمنى مەيدانغا چىقىرىۋالسا ياكى بىر ۋەقەنىڭ باشلىنىشىنى يېزىۋالسا نېمىلا بولمىسۇن ئۇنىڭ داۋامىنى يازالايدۇ . مەنزىرە ئاساس قىلىنغان ما-

قالىلەردە ساۋاقداشلارنىڭ كۆز ئالدىدا ھەر خىل تەبىئەت مەنزىرىلىرى ، تەبىئەت ھادىسىلىرى ، تەبىئەتتىكى مەۋجۇداتلار بىر خىل ھادىسە سۈپە- تىدە ھېسسىي ھالەتتە نامايان بولۇپ تۇرغاچقا ئۇنى قايسى تەرىپىدىن يېزىشتا ، نېمىدىن باشلاش مەسىلىسىدە بىرقەدەر قىيىنىلىدۇ . مۇشۇنداق ئەھۋالدا تۆۋەندىكىدەك ئۇسۇللارنى قوللىنىشقا بولىدۇ .

بىرىنچى ، ئورۇن ئۆزگىرىشىگە ( تەرتىپكە ) ئاساسەن ماتېرىيال ئورۇنلاشتۇرۇش يەنى تەبىئەت مەنزىرىسى ، تەبىئەت ھادىسىلىرىنى ئو- رۇن تەرتىپى بويىچە يېزىش . مەسىلەن ، سىز « قارا قۇرۇم تېغىغا سا- ياھەت » دېگەن ماۋزۇ ئاستىدا بىر پارچە بايان ماقالىسى يازماقچى . مۇ- شۇنداق ئەھۋالدا سىز ئالدى بىلەن قارا قۇرۇم تېغىغا ساياھەتكە ئاتلانغان ۋاقىت ۋە پەسىل ، يىراقتىن قارىغاندا بۇ تاغنىڭ ئاشۇ ۋاقىت ، ئاشۇ پە- سىلدە كۆز ئالدىڭىزدا نامايان بولۇپ تۇرغان ئومۇمىي ھالىتى ، كۆرۈ- نۈشى ( مەنزىرىسى ) ، ئاستا ـ ئاستا يېقىنلاپ ، ئىچكىرىلەپ كىرگەندىن كېيىنكى ھاۋاسى يەنى قار ياغدىمۇ ، يامغۇر ياغدىمۇ ۋە ياكى ھاۋا ئو- چۇقمۇ ، مۇشۇ ھالەتنىڭ مەلۇم بىرىدە كۆز ئالدىڭىزدا قانداق كۆرۈنۈش- لەر زاھىر بولدى ، بۇلارنى يازىسىز . بۇ پۈتۈنلۈكتىن قىسمەنلىككە ، تۆ- ۋەندىن يۇقىرىغا ، تاشقىرىسىدىن ئىچكىرىسىگە ، يىراقتىن ـ يېقىنغا قاراپ يېزىش بولىدۇ . ئەگەر سىز تاغنىڭ ئىچكىرىسىدىكى مەلۇم بىر نۇقتىدىن باشلاپ تاشقىرىغا قاراپ بۆلەك بويىچە يازسىڭىز بۇ خىل يېزىش ئىچكى- رىسىدىن تاشقىرىسىغا ، يۇقىرىدىن تۆۋەنگە ، يېقىندىن يىراققا قاراپ يې- زىش بولىدۇ . ئەگەر سىز مەلۇم بىر باغنى ، مەلۇم بىر سەھرانى ياكى مەلۇم بىر شەھەر مەنزىرىسىنى يازماقچى بولسىڭىز . ئالدى بىلەن بۇ ئو- رۇنغا قەدەم قويغان ۋاقتىڭىزدىكى مەنزىرىدىن باشلاپ بارا ـ بارا ئىچكى- رىلەپ مەنزىرە تەرتىپى بويىچە يازسىڭىز يەنىلا تاشقىرىسىدىن ئىچكىرى- سىگە قاراپ يېزىش بولىدۇ .

مەسىلەن ، تۆۋەندە ئۆرنەك ئۈچۈن بېرىلگەن « توققۇز بۇلاق باغچىسىغا ساياھەت » ناملىق ماقالە مۇشۇنداق ئۇسۇلدا يېزىلغان :

ئىككىنچى : ۋاقىتنىڭ ئىلگىرى ـ كېيىنلىك تەرتىپى بويىچە مەن-

زىرنى يېزىش . مەسىلەن ، سىز « قارا قۇرۇم تېغىغا ساياھەت » دېگەن ماقالىڭىزنى يازغاندا قايسى كۈن ، قايسى سائەتتە ساياھەتكە ئاتلاندىڭىز ، چۈشتە قەيەردە ئارام ئالدىڭىز ، كەچتە بۇ تاغنىڭ قەيىرىدە تۈنىدىڭىز ، بۇ جەرياندا قانداق مەنزىرىلەرنى كۆردىڭىز دېگەندەك تەرتىپ بويىچە بىر نەچچە كۈنلۈك ساياھەتنى ۋاقىت تەرتىپى بويىچە بايان قىلىپ ، مەنزىرىلەرنى يورۇتۇپ بەرسىڭىز مانا مۇشۇ خىل ئۇسۇل بويىچە يازغان بولىسىز . مەسىلەن ، تۆۋەندە ئۆرنەك ئۈچۈن بېرىلگەن « ھايۋانات باغچىسىغا باردىم » دېگەن ماقالە ۋاقىت ۋە ئورۇن تەرتىپى بويىچە يېزىلغان .

ئۈچىنچى : تەسۋىرلىمەكچى ، بايان قىلماقچى بولغان مەنزىرىلەرنى ئومۇمىي كۆرۈنۈشى بويىچە پۈتۈن يېزىش ، ئارقىدىن بۆلەكلەرگە بۆلۈپ يېزىش ياكى ئالدى بىلەن بۆلۈپ يېزىش ، ئاخىرىدا پۈتۈن يېزىشتىن ئىبارەت . مەسىلەن ، تۆۋەندىكىدەك ئۆرنەك ئۈچۈن بېرىلگەن « خىلۋەت قاناس كۆلى » دېگەن ماقالە يۇقىرىدىكى ئۇسۇلدا يېزىلغان .

③ توغرا ، جانلىق يېزىشقا ، ئومۇملاشتۇرۇپ ( ئابستراكتنى ) تەسۋىرلەش بىلەن كونكرېتنى تەسۋىرلەشكە ماھىر بولۇش كېرەك .

توغرا يېزىش دېگىنىمىز — تەبىئەت مەنزىرىسىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ، تەسۋىرلىمەكچى ، بايان قىلماقچى بولغان ھەربىر شەيئىنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئورۇن ، ئوخشاش بولمىغان ۋاقىتتىكى ئۆزىگە خاس شەكلى ، تۈسى ، نۇر ۋە رەڭلەرگە ئىگە بولۇشى ، ئۆزىگە خاس قانۇنىيىتى قاتارلىقلارنى توغرا ئەكس ئەتتۈرۈش ، سۆز - جۈملىلەرنىڭ مەنتىقىلىق باغلىنىشقا ئەھمىيەت بېرىش دېگەنلىكتۇر .

جانلىق يېزىش دېگىنىمىز — تەبىئەت مەنزىرىسىنى ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى ، ئىپادىلەش ۋاستىلىرىدىن مۇۋاپىق پايدىلىنىپ جەلپ قىلارلىق يېزىش دېگەنلىكتۇر .

ئومۇملاشتۇرۇپ ( ئابستراكتنى ) تەسۋىرلەش بىلەن كونكرېتنى تەسۋىرلەشنى بىرلەشتۈرۈش دېگىنىمىز — يازماقچى بولغان مەنزىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن مەلۇم كۆرۈنۈش ، دائىرە ، ئورۇننىڭ ئومۇمىي

مەنزىرىسىنى بىرلەشتۈرۈپ يېزىشقىمۇ ماھىر بولۇش ، زۆرۈرىيىتى كەلگەندە شۇ دائىرە ، شۇ شەيئىلەر ئىچىدىكى ھەربىر ئايرىم كونكرېتنى شەيئى ، مەنزىرىنى ئىنچىكە ، نەپىس ھالدا تەسۋىرلەش ، بايان قىلىشقىمۇ ماھىر بولۇش دېگەنلىكتۇر .

# ئۆرنەكلەر

## بىزنىڭ مەھەللە

مەمتىمىن ھوشۇر
( ئەدەبىي تەزكىرە تۈرىدىكى، ئەسلىمە تىپىدىكى بايان ماقالىسى )

غۇلجىنىڭ ئايدىڭ كوچىسى بىلەن ناغرىچى مەھەللىسىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان بىر خىلۋەت مەھەللە بار. كىشىلەر ئۇنى «ۋەخپە مەھەللىسى» دېيىشىدۇ. مېنىڭ باللىق دەۋرىمنىڭ مەلۇم مەزگىلى ئەنە شۇ مەھەللىدە ئۆتكەن. مەھەللە ئىچىنى گۈلدۈرلەپ ئېقىپ تۇرغان ئىككى ئۆستەڭ سۇ كېسىپ ئۆتەتتى. ئۆستەڭنىڭ بىر تەرىپى ئۆستەڭ ياقىلاپ كەتكەن باغلار بولۇپ، كىشىلەر بۇ باغلارنى تامۇ سوقماي، شاخ – شۇمبىلار بىلەنلا قاشالاپ قويۇشقانىدى. يوپۇرماقلار ئارىسىدىن مارىشىپ تۇرغان ئالمىلار، قىپقىزىل ئالۇچا، ئالگىراتلار شاخلىرىنى ئۆستەڭ تەرەپكە ئېگىشىپ تۇراتتى. ئۆستەڭنىڭ يەنە بىر تەرىپىدە بولسا كوچا، كوچىلارنى ياقىلاپ كەتكەن ھويلىلار بار ئىدى. ھەربىر ھويلا ئىچىدە ئۆگزىلىرىنىڭ گىرۋەكلىرىنى يامغۇر يالاپ كەتكەن ئاددىي توپا تام ئۆيلەر، باللار تولا ئۆتۈۋېرىپ شور قىلىۋەتكەن پاكار – پاكار تاملار، تام تۈۋلىرىدە ئېگىز ئۆسكەن لويلا كوكاتلار كۆزگە چېلىقاتتى.

مەھەللە ئىچىدە سۇ مول بولغاچقىمىكىن، بىر – بىرىدىن ئانچە يىراق بولمىغان يەردە ئىككى تۈگمەنمۇ بار ئىدى. تۈگمەن ئالدىدا دائىم كىملەرنىڭدۇر ئۇگۈت ئەكەلگەن ھارۋىلىرى، ئالدىغا تاشلاپ بەرگەن

خۇشپۇراق چۆپنى بېشىنى سىلكىپ ـ سىلكىپ ھەۋەس بىلەن كارتىل-
دىتىپ يەۋاتقان ئات دېگەندەك نەرسىلەر تۇرغان بولاتتى. ئەتراپقا چې-
چىلغان دانلارنى تېرىپ يېيىش ئۈچۈن يەنە توپ ـ توپ قۇشقاچ، كەپ-
تەرلەر ئۇچۇپ چۈشۈشەتتى. بۇ مەھەللىدىن قويۇق بىر يېزا پۇرىقى كې-
لىپ تۇراتتى.

قىش كۈنلىرى بىز كوچا دوقمۇشلىرىغا دۆۋىلەپ قويغان قارلار
ئۈستىدىن دومىلىشاتتۇق ياكى بولمىسا، تۈگمەن نولىرى ئاستىدا قېتىپ
قالغان ئۇزۇن چوكا مۇزلارنى سۇندۇرۇپ ئېلىپ، ھۇزۇرلىنىپ يەپ،
تۈگمەن ئالدىدىكى توڭ تېزەكلەرنى تېپىشىپ ئوينايتتۇق. ياز كۈنلىرى
مەھەللە ئىچى تېخىمۇ كۆكلۈك بولۇپ كېتەتتى. قىپيالىڭاچ بولۇپ
ئۆستەڭدە چۆمۈلەتتۇق. پاكار تاملاردىن ھويلىمۇ ھويلا سەكرەپ چۈ-
شۈپ، ئېگىز ئۆسكەن كوكاتلارنىڭ ئارىسىدا مۆكۈ ـ مۆكۈلەڭ ئوينايت-
تۇق.

مەھەللىدە ئەكبەرجان ئاكا دەيدىغان بىر كىشى بولىدىغان. ئۇ-
نىڭ ھويلىسى ئالدىدا خېلىلا كەڭرى ئوچۇقچىلىق بار ئىدى. ئەكبەر-
جان ئاكا ياز كۈنلىرى ئۆستەڭ تەرەپلەرگە گۈللەرنى تېرىۋېتەتتى.
ھەركۈنى ئەتىگەن تۇرۇپ دەرۋازىسى ئالدىدىكى يولنى سىرىپ سۈپۈ-
رۈپ، سۇ چېچىپ چىرايلىق قىلىۋېتەتتى. ئاندىن ئۇ پىلەكچى يۆگىگەن
تاماكىسىنى چېكىپ، قىلغان ئىشىغا زوقلىنىپ قاراپ ئولتۇرۇپ كېتەتتى.
كۈن چىقىشى بىلەن گۈللەر ئەتراپىدا گۈل ھەرىلىرى پەيدا بولۇپ كۆ-
ڭۈللۈك غوڭۇلدىشاتتى ... نېمە ئىشكىن بىلمەيمەن، ئەكبەرجان ئاكا ئى-
شىك ئالدىدا بىردەم كۆرۈنمەي قالسىلا، مەھەللىنىڭ باللىرى ھېلىقى
يېڭىلا سۇ چېچىپ، سۈپۈرۈپ قويغان يەرنى پېتىقداپ ئۇياق ـ بۇياققا
يۈگۈرۈپ، گۈللەرنى ئۈزۈپ قاچاتتۇق. ئاندىن دەرەخلەرنىڭ دالدىسىغا
مۆكۈنۈۋېلىپ ئەكبەرجان ئاكىنىڭ چىقىپ بۇ ۋەيرانچىلىقنى كۆرۈپ،
تېرىكىپ ۋارقىراپ كەتكىنىگە قاراپ خۇشال بولۇشۇپ كېتەتتۇق.

كېيىن مەن مەكتەپكە بارغۇدەك بولدۇم. ھەر كۈنى ئەتىگەندە
جىلتامنى مۈرەمگە سېلىپ، ھېلىقى ئۆستەڭلەرنى ياقىلاپ مېڭىپ مەك-

تەپكە باراتتىم . سەھەرنىڭ شامىلىدا ئۆستەڭ بويىدىكى دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى نېمىلەرنىدۇر پىچىرلاۋاتقاندەك ، كۆپكۆك مايسىلار ، گۈللەر ماڭا قاراپ كۈلۈۋاتقاندەك بىلىنەتتى . بالىلىق خىياللىرىم ئۆستەڭ سۈيىنىڭ بىر ـ بىرىنى قوغلىشىپ كېتىپ بارغان ئېقىنى بىلەن بىللە يىراق ـ يىراقلارغا ئۇچاتتى . جىلتامنى ئۆشنەمگە ئاسقىنىمچە ، كېيىن ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققىنىم ، ئاندىن ئالىي مەكتەپكە باردىم ، بارغانسېرى سۆيۈملۈك مەھەللەمدىن يىراق كەتتىم ...

ئۇزۇن يىللار مەھەللىدىن ئايرىلىپ ، يېقىندا بىر پۇرسەت بىلەن ئۇنى كۆرگىلى بارسام ، كۆزۈمگە مەھەللە ناھايىتىمۇ كىچىكلەپ قالغاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى . ئەينى يىللاردىكى ھېلىقى ئۆستەڭلەر سۈيى تارتىلىپ كىچىككىنە ئېرىق بولۇپ قاپتۇ . ئۆستەڭ ياقىلاپ كەتكەن باغلار ، ئەكىبەرجان ئاكىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدىكى ھېلىقى ئوچۇقچىلىقتا قىستىلىشىپ ئۆيلەر چۈشۈپ كېتىپتۇ . مەھەللىگە ھۆسن قوشۇپ تۇرىدىغان گۈللەر ، ئۇنىڭغا يېزا پۇرىقىنى بېرىپ تۇرىدىغان تۇگمەنلەرمۇ كۆزدىن غايىب بوپتۇ .نېمىشقىدۇر قىممەتلىك بىر نەرسەمنى يىتتۈرۈپ قويغاندەك بولۇپ قالدىم . شۇ تاپتا ، بالىلىقىمغا قايتقۇم ، مەھەللەمنىڭ گۆدەكلىك چاغلىرىمغا گۇۋاھ بولغان ، بالىلىق خىياللىرىمنى بېيىتقان ، جەننەتتەك گۈزەل ۋە تىنچ مەنزىرىسىنى قايتا كۆرگۈم كېلىپ كەتتى . ئەگەر ھەقىقەتەنمۇ بالىلىق دەۋرىمگە قايتالىغان بولسام ، ھېلىقى سەھەردە تۇرۇپ ھويلىسىنىڭ ئالدىنى سۈپۈرۈۋاتقان ئەكبەرجان ئاكىنىڭ قولىدىن سۈپۈرگىنى ئېلىپ ، مەھەللەمنىڭ كوچىلىرىنى ئوتلۇق بىر مۇھەببەت بىلەن سۈپۈرۈپ چىققان بولاتتىم .

1998 ـ يىل 23 ـ نويابىر
( « تارىم غۇنچىلىرى » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى )

# خىلۋەت قاناس كۆلى

( ساياھەت ئۇچېركى تۈرىدىكى بايان ماقالىسى )

قانـاس ـــ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى ئالتاي تېغىدا جايلاشقان . ئۇ تەبىئىي مەنزىرىلىك گۈزەل جاي بولۇپ ، تاغنىڭ ئوتتۇرىسىدا دېڭىز يۈزىدىن بىر مىڭ ئۈچ يۈز مېتىر ئېگىزلىكتە قاناس كۆلى بار . ئېيتىشلارغا قارىغاندا ، قاناس كۆلىدە ناھايىتى يوغان سۇ مەخلۇقى بارمىش . كۆل ناھايىتى گۈزەل ۋە سىرلىق بولۇپ ، ئۇنىڭ شىمالىي ئادەم ئايىغى تەگمىگەن بىپايان تۈزلەڭلىك ئىكەن .

قاناس كۆلى ئۇزۇنلۇقى يىگىرمە بەش كىلومېتىر ، كەڭلىكى تەخمىنەن ئىككى كىلومېتىر كېلىدىغان سوزۇنچاق كۆل بولۇپ ، تىپتىنچ كۆل سۈيىگە قارىغايلار ۋە ئېگىز تاغلار سايە تاشلاپ تۇرىدۇ . كۆلنىڭ ئەتراپى ، قىرغاقلىرى بۈككىدە ئورمانلىق بىلەن قاپلانغان بولۇپ ، قارىغاي ۋە شەمشادلار قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ ، بەزى دەرەخلەر سۇ يۈزىدە سوزۇلۇپ ياتىدۇ . مانا بۇ ، سۇ مەخلۇقى گاھىدا كۆرۈنۈپ ، گاھىدا غايىب بولىدىغان جاي . بەزىلەر ئۇزۇنلۇقى ئون مېتىر ، ئېغىرلىقى ئىككى ، ئۈچ توننا كېلىدىغان سۇ مەخلۇقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ ، ئۇنى يوغان قىزىل بېلىق ( ئىلمىي ئاتىلىشى سالمون بېلىقى ) بولسا كېرەك ، دەپ ھۆكۈم قىلىشقان . ئۆزىنى تاسادىپىي كۆرسىتىپ قويۇۋاتقان بۇ زور مەخلۇق تا ھازىرغىچە بىر سىر بولۇپ تۇرماقتا .

قاناسنىڭ ئىقلىمى ئاجايىپ ـ غارايىپ ۋە تولىمۇ ئۆزگىرىشچان بولۇپ ، تومۇز ئىسسىق ـــ ئىيۇل ئېيىدىن باشلاپ ئۇششۇك چۈشۈپ ، ئاينىڭ ئاخىرىدا مۇز توڭلايدىكەن . بۇ ئارىلىقتا دائىم گۈلدۈرماما گۈلدۈرلەپ ، چاقماق چېقىپ مۆلدۈر 8 ـ ، 9 ـ ئايغىچە داۋاملىشىدىكەن . ئېكسكۇرسىيە قىلىدىغان ۋاقىت ئەڭ كېچىككەندىمۇ ئاۋغۇستنىڭ ئوتتۇر-

لىرىغىچە بولىدىكەن ، بىراق بىز ئاۋغۇستنىڭ ئاخىرقى بىر كۈنى يېتىپ كەپتۇق .

ئەزەلدىن ھېس قىلىپ باقمىغان جىمجىتلىقتا ، دۇنيادىن تەرك بولغاندەك ( ئايرىلىپ قالغاندەك ) بولۇپ قالدۇق . ئىچكى ئۆلكىلەردىكى تاغ ئارىسىدا قوڭغۇراق ساداسى ، قۇشلارنىڭ ساداسى بولسىمۇ ئاڭلىنىپ تۇراتتى ، بۇ يەردە ھەقىقەتەن جىمجىتلىق ، خىلۋەتلىك ھۆكۈم سۈرەتتى . كەچ كىردى ، تىمتاسلىقتىن ئادەمنىڭ قورققۇسى كېلەتتى . دائىم ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان ھاۋارايىمۇ بىز تۇرغان ئىككى كۈن ئىچىدە ، خۇددى سېھىرگەرلەردەك قاناسقا سىرلىق تۈس قوشۇپ قويدى .

بىرىنچى كۈنى ئەتىگەندە ، بۇلۇتلار تال ـ تال شايى بەلباغلاردەك تاغنى ئورىۋالدى ، بىردىنلا يەنە توپ ـ توپ بۇلۇتلارغا ئايلىنىپ ، تاغ بېشىغا قاراپ لەرزان كۆتۈرۈلدى ، شۇئان يەنە يېيىلىپ يىراق ـ يىراقلارغا ئۈزۈپ كەتتى . ئارقىدىنلا قارا بۇلۇتلار توپلىنىپ شارقىراپ يامغۇر يېغىپ كەتتى . ئەتىسى سەھەردە ئاپئاق ماموقتەك قارلار يەر يۈزىنى قاپلىدى . بىراق ، ئىككى سائەت ئۆتە ـ ئۆتمەيلا كۈن پارقىراپ چىقتى . يەردىكى قارلار پۈتۈنلەي ئېرىپ تۈگىدى ، تاغلار يەنىلا كۆزنى قاماشتۇرىدىغان كۈمۈش لىباسىنى كىيدى .

داڭلىق تەبىئىي مەنزىرىلىك جايلارنىڭ ھەممىسىلا گۈزەل . قاناسنىڭ ئالاھىدىلىكى ، ئۇنىڭ ئاجايىپلىقى ، كۆل سۈيىنىڭ سۈزۈكلۈكى ، ئەتراپىنىڭ جىمجىت ، تىنچلىقى ۋە خىلۋەتلىكى . خىلۋەتلىك — ئۇنىڭ جېنى . ھەممە نەرسە شۇقەدەر خىلۋەت ، شۇ قەدەر سىرلىقكى ، ئۇنىڭ تېگىگە يەتكىلى بولمايدۇ . مانا بۇ ئۇنىڭ ئۆزگىلا خاس بىر خىل سېھرىي كۈچى .

( باشلانغۇچ مەكتەپلەر ئۈچۈن « يېزىقچىلىق مەشقى » دېگەن كىتابنىڭ 3 ـ قىسمىدىن ئېلىندى )

# ھايۋانات باغچىسىغا باردىم

زۇمرەت مۇختار

( ساياھەت ئوچېركى تۈرىدىكى بايان ماقالىسى )

ھەر يىلى كېلىدىغان 1 ـ ئىيۇن بالىلار بايرىمىنى تەققەززالىق بىلەن كۈتكەنىدىم . بۈگۈن بۇ كۈنمۇ ئاخىر كەلدى . ئائىلىمىزدىكى ھەممەيلەن سەھەردىلا ئورنىمىزدىن تۇرۇپ كەتتۇق . ئۇكام بىلەن ئىككىمىز بايراملىق چىرايلىق كىيىملىرىمىزنى كىيدۇق . مەن بالكۇنغا چىقىپ سىرتقا قارىسام ھاۋا ئادەتتىن تاشقىرى ئوچۇق ئىكەن . يۈگۈرۈپ كىرىپ ئاپامغا :

— ئاپا ، بۈگۈن ھاۋا بەك ئوچۇق ئىكەن ، ئۆتكەن يىلى بالىلار بايرىمىدا يامغۇر ياغقاچقا باغچىغا بارالمىغانىدۇق . بۈگۈن بارالايدىغان بولدۇق ، — دېدىم خۇشاللىقىمدا ئاپامنىڭ بوينىغا ئېسىلىپ تۇرۇپ ، ئۇكاممۇ خۇشاللىقىدىن سەكرەپ كەتتى .

بىز تاماقىمىزنى يەپ بولۇپلا باغچىغا قاراپ ماڭدۇق . يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە بالىلارنى يېتىلىشىپ كېلىۋاتقان ئاتا ـ ئانىلار باغچىغا ئالدىراپ كېتىشىۋاتاتتى . يول بويى ئۇكام بىلەن ئىككىمىز كىيىملىرىمىزنى ماختىشىپ ماڭدۇق . خۇشاللىقىمىزدا باغچىغا قانداق كېلىپ قالغانلىقىمىزنىمۇ بىلمەي قاپتۇق .

باغچىنىڭ ئىشىكىدىن كىرىشىمگىلا رەڭگارەڭ ئېچىلىپ كەتكەن گۈللەر ، رەتلىك ئۆسكەن ياپيېشىل دەرەخلەر ۋە يېشىل چىملىقلار دىققىتىمنى ئالاھىدە جەلپ قىلدى . مەن بۇ گۈزەل مەنزىرىلەرگە تويماي قارىدىم . دادام ئۇكام بىلەن مېنى ئالدى بىلەن مايمۇنلار بار جايغا باشلاپ باردى . سۈنئىي تاغلارنىڭ ئۈستىدە خۇددى ئادەملەردەك ھەرىكەت قىلىۋاتقان مايمۇنلار نۇرغۇن ئادەملەرنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىۋالغا-

ىندى . ئىككى تاغقا تارتىلغان زەنجىردە توختىماي موللاق ئېتىشىۋاتقان
مايمۇنلارنىڭ ھەرىكىتى تېخىمۇ قىزىق ئىدى . مەن بۇ كۆرۈنۈشتىن تې-
لېۋىزوردىكى داۋازلارنى كۆرگەندەك بولدۇم .

مانا مۇشۇنداق قىزىقىش ئىچىدە ھەر خىل ھايۋانلارنى يەنى يولۋاس ، ئېيىق ، شىر ، بۆرە ، تۈلكە ، زىراپە ، پىل ، تۆگە ، سۇ ئېتى ، تاغىل ئات ، بۇغا ، ئۆردەك ، توز قاتارلىق ھەر خىل ھايۋانلارنى ۋە توختىماي سايرىشىۋاتقان رەڭگارەڭ ئۇچار قاناتلارنى زېرىكمەي كۆرۈپ چىقتىم . بۇنىڭدىن چۆچەكلەردىكى گۈزەل بىر جەننەتنى كۆرگەندەك بولدۇم .

ھايۋانات ئىچىدە مېنى ئەڭ قىزىقتۇرغىنى توز بولدى . مەن كىشلەر ئارىسىدىن قىسىلىپ كىرىپ توزغا يېقىنلاشتىم ھەمدە ئۇنىڭغا ھەيرانلىق بىلەن سەپسالدىم . ئۇنىڭ ئۇزۇن ۋە كەڭ ئېچىلغان قاناتلى-رى ، قاناتلىرىنىڭ ھەربىر شاخچىلىرىدىكى يېشىل كۆزلەر ، بېشىدىكى چىرايلىق تاجىسى ئۇنىڭ ھۆسنىگە تېخىمۇ ھۆسن قوشۇپ تۇراتتى . بولۇپمۇ قانىتىنى ئاچقان چاغدىكى قىياپىتى ئىنتايىن چىرايلىق كۆرۈ-نەتتى . دادامنىڭ ئېيتىشىچە ، ئۇ دۇنيادا ئاز ئۇچرايدىغان ئەڭ ئەتىۋارلىق قۇش ئىكەن . ئۇنى ھەقىقەتەن گۈزەللىكتە تەڭدىشى يوق قۇش دېيىشكە بولىدۇ .

مەن ئۇنىڭدىن مېھرىمنى ئۈزەلمىگەن ھالدا ئايرىلىشقا مەجبۇر بولدۇم . بىز بىر ياپيېشىل چىملىققا كېلىپ ئارام ئالدۇق . مەن دادامدىن ھايۋانات توغرىسىدا بىر نەچچە سوئال سورىدىم . دادام ماڭا تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئىنتايىن سىرلىق ئىكەنلىكى ، ھايۋاناتنىڭ ياشاش مۇھىتى ، خاراكتېرى ، ئوزۇقلىنىشى ۋە تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بەزى ھايۋانلار نەسلىنىڭ قۇرۇپ كەتكەنلىكىنى « خىسلەتلىك دىراكون كۆ-لۈبى » دىكى دېنوزاۋورنى مىسال قىلىپ ئېرىنمەي سۆزلەپ بەردى . مەن بۇنىڭدىن نۇرغۇن بىلىمگە ئىگە بولدۇم ھەمدە ياۋايى ھايۋان ۋە ئۇچار قۇشلارنىڭ تەبىئەت دۇنياسىغا ھۆسن قوشىدىغانلىقىنى ، شۇڭا ئۇلارنى ئاسراش ۋە قوغداش لازىملىقىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلدىم .

مەن مانا مۇشۇنداق كۆكۈللۈك ھەم مەنىلىك ساياھەتنى ئا-خىرلاشتۇرۇپ باغچىدىن ئايرىلدىم . شۇنىڭدىن ئېتىبارەن مەندە گۈزەل-لىككە بولغان كۈچلۈك ئىنتىلىش ، تەبىئەتكە بولغان يۈكسەك قىزىقىش پەيدا بولدى .

( « ئۈمىد چېچەكلىرى » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى )

## توققۇز بۇلاق باغچىسىغا ساياھەت

سۇبھى قادىر

( ساياھەت ئوچېركى تۈرىدىكى بايان ماقالىسى )

مەن يازلىق كانىكولدا دادام بىلەن ئۈچتۇرپان ناھىيىسىگە تۇغقان يوقلاش ئۈچۈن باردىم . تۇغقانلار بىلەن يۈز كۆرۈشۈپ ، ئەتىسىلا مې-نىڭ تەلىپىمگە ئاساسەن « توققۇز بۇلاق » باغچىسىغا ساياھەت قىلغىلى ماڭدۇق . چۈنكى ، ئالدىنقى يىلى ئۈچتۇرپاندىكى تۇغقانلار بىزنىڭ ئۆيگە كەلگەندە ، تۇغقىنىمىزنىڭ قىزى ماڭا « توققۇز بۇلاق » باغچىسىنىڭ گۈزەل مەنزىرىسى توغرىسىدا ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپ بەر-گەن . شۇنىڭدىن بۇيان مەندە « توققۇز بۇلاق » باغچىسىنى كۆرۈش ئارزۇسى تۇغۇلغانىدى .

باغچىنىڭ چوڭ دەرۋازىسىدىن كىرىشىمىزگىلا ، ئىككى شىرنىڭ ھەيكىلىگە كۆزۈم چۈشتى . بۇ ھەيكەللەر ئىنتايىن ھەيۋەتلىك بولۇپ ، بىر قاراشتىلا راست شىرغىلا ئوخشايتتى . شىر ھەيكىلىنى ئايلىنىپ ئۆ-تۈپ ، ئالاھىدە ياسالغان كىچىك يوللار بىلەن باغچىنىڭ ئىچكىرىسىگە قاراپ ماڭدۇق .

يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى مەخمەلدەك چىملىق ، رەڭگارەڭ گۈللەر كۆزگە ئالاھىدە تاشلىنىپ تۇراتتى . ئېرىقلاردا ئېقىۋاتقان سۈپ-سۈزۈك سۇلار قويۇق ئۆسكەن دەرەخلەر ئارىسىدىن ئاندا - ساندا چۈ-شۈۋاتقان كۈن نۇرىدا كۈمۈش تەڭگىلەرنى ھاسىل قىلاتتى . ئالدىمىزغا

ئازراق ماڭغاندىن كېيىن كۆلگە كېلىپ قالدۇق . كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پاراخوت شەكىللىك سۇپىدا ھەيۋەتلىك راۋاق قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى . بىز كۆۋرۈك بىلەن پاراخوت شەكىللىك سۇپىغا چىقتۇق . مەن خۇددى چوڭ پاراخوتقا چىقىپ ساياھەت قىلىۋاتقاندەك ھېسسىياتتا ئەتراپقا نەزەر تاشلىدىم . كۆل ئەتراپىدا ئەگرى – بۈگرى ۋە بۈك باراقسان ئۆسكەن سۆگەتلەر بولۇپ ، بەزى سۆگەتلەر خۇددى ھازىرلا ئۆرۈلۈپ چۈشىدىغاندەك تۇيۇلاتتى . دادامنىڭ ئېيتىشىچە ، بۇ سۆگەتلەر نەچچە يۈز يىللىق تارىخقا ئىگە ئىكەن . راۋاقتىن چۈشۈپ كۆلنى بىر ئايلىنىپ چىقتۇق . كۆلنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدە رەتلىك تىزىلغان توققۇز بۇلاق بولۇپ ، سۈيى بىز كۆرگەن كۆلگە قۇيۇلاتتى . تەبىئىي شەكىللەنگەن بۇلاقلاردىن ئوقچۇپ چىقىۋاتقان سۈپسۈزۈك سۇنى كۆرۈپ ، خۇشاللىقىمدا بۇلاق سۈيىنى ئۇچۇمداپ قانغۇچە ئىچتىم .

توققۇز بۇلاقنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدە ھەيۋەتلىك مۆلچەر تېغى قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى . تاش پەلەمپەي بىلەن تاغنىڭ چوققىسىغا قاراپ ئۆرلىدۇق . تاغنىڭ ئوڭ تەرىپىدە سېپىل بار ئىدى . تاغ يولىنىڭ بىر نەچچە يېرىگە راۋاق سېلىنغان بولۇپ ، ھارغىنىمىزدا راۋاقلاردا دەم ئېلىپ بولغاندىن كېيىن يەنە مېڭىپ ، تاغنىڭ ئەڭ ئېگىز چوققىسىغا ياسالغان راۋاققا ئاخىر يەتتۇق . مەن راۋاق ئۈستىدە تۇرۇپ ئەتراپقا نەزەر تاشلىدىم .

پاھ ! نېمىدېگەن گۈزەل مەنزىرە بۇ ! كەڭ كەتكەن يېشىللىققا پۈركەنگەن ئېتىزلىق ، يىراقتىكى ئاقۋاش چوققىلار ، تاغنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىكى « يەتتە قىزلىرىم قەبرىسى » . بۇ قەبرىلەر بۇنىڭدىن ئىككى يۈز نەچچە يىل بۇرۇن ، چىڭ خاندانلىقىنىڭ زۇلۇمىغا قارشى مەردانىلىق بىلەن كۈرەش قىلىپ ، باتۇرلارچە تاغدىن سەكرىگەن يەتتە قىزنىڭ قەبرىسى ئىدى . بۇ مەنزىرىلەر مۆلچەر تېغىنىڭ گۈزەللىكى ۋە تارىخنى نامايان قىلاتتى .

شۇنداق قىلىپ ، مەن شىنجاڭنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان ساياھەت ئورنى ، ئۇچتۇرپان ناھىيىسىگە بېرىپ « توققۇز بۇلاق » باغ-

چىسىغا قىلغان ساياھىتىمدىن تولىمۇ رازى بولۇپ قايتىپ كەلدىم .
( « ئۈمىد چېچەكلىرى » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى )

## نەنسەنگە ساياھەت

نادىرە مەمەت
( ساياھەت ئوچېركى تۆرتىنچى يىللىق ماقالىسى )

يازلىق تەتىلنىڭ بىر كۈنى ، ئاپام خىزمەتتىن قايتىپ كېلىپ ماڭا قاراپ :
— قىزىم تاغقا چىقىشنى خالامسىز ؟ ئەتە بىزنى ئىدارىدىن تاغقا ساياھەتكە ئاپارماقچى ، — دېدى .
مەن بۇ گەپنى ئاڭلاپ بەكمۇ خۇشال بولدۇم ۋە ئاپامدىن :
— قايسى تاغقا بارىمىز ؟ — دەپ سورىدىم .
ئاپام بىز بارىدىغان نەنسەن تېغىنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىنى ماڭا سۆزلىگەچ ، ئۆزىنىڭ كېرەكلىك نەرسىلىرىنى تەييارلاپ قويۇشنى تاپىلىدى .
مەن تاغقا چىقىش خۇشاللىقىمدا ، ئالدىراپ ـ تېنەپ بىر ئاز تەيـ ـيارلىقىمنى قىلىپ ، تېلېۋىزورمۇ كۆرمەي ، ئورنۇمغا كىرىپ يېتىۋالدىم . لېكىن ، كېچىچە ئۇيقۇم كەلمەي ئەتىگەن تۇرۇپ كېتىپتىمەن . قارىسام تـاڭ ئەمدىلا سۈزۈلۈشكە باشلاپتۇ . ئاپامنىمۇ مەن ئويغاتتىم . بىز ئالـ ـدىراش تەييارلىق قىلدۇق ـ دە ، يولغا چىقتۇق . ئاپامنىڭ ئىدارىسىدىكى خىزمەتداشلىرى ئاپتوبۇستا بىزنى كۈتۈپ ئولتۇرۇپتۇ . بىزنىڭ ئاپتوـ ـبۇسقا چىقىشىمىز بىلەن تەڭ ئاپتوبۇس قوزغالدى .
مەن باشقىلاردىن بۇ جاينىڭ تەرىپىنى كۆپ ئاڭلىغان بولساممۇ ، بىرەر قېتىم ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرمىگەنىدىم . ئاپتوبۇس تېز سۈرئەتلىك يولدا ئۇچقاندەك كېتىۋاتماقتا ئىدى . مەن ئاپتوبۇس دېرىزىسىدىن سىرتقا قـارىدىم . يولنىڭ ئىككى چېتىدىكى رەتلىك ئۆسكەن دەرەخلەر ماشىنىـ

نىڭ تېز سۈرئەتتە خۇددى ئارقىغا كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى . ئې-
رىقلاردا تاشتىن ـ تاشقا ئۇرۇلۇپ ئېقىۋاتقان سۈزۈك سۇ خۇددى ئاپتو-
موبىل بىلەن بەسلەشكەندەك شارىلداپ تېز ئاقاتتى . بىز ئەگرى ـ
بۈگرى يوللارنى مېڭىپ تاغقا يېقىن بىر قورۇنىڭ ئىچىگە كىرىپ توخ-
تىدۇق ـ دە ، ھەممىمىز ئاپتوبۇستىن چۈشتۇق . مەن ھەيران قالدىم .
چۈنكى ، بىز چۈشكەن جاي ئادەتتىكىچە ئىدى . مەن سوئال نەزىرى بى-
لەن ئاپامغا قارىدىم . ئاپام مېنىڭ كۆڭلۈمنى چۈشەندى بولغاي ماڭا :
— قىزىم ، بۇ نەنسەنگە كىرىش ئېغىزى ھەم بىز قونىدىغان
جاي ، مەنزىرىلىك جاي تېخى ئالدىمىزدا ، — دېدى . مەن ئاپامغا ئىللىق
كۈلۈمسىرىدىم .

تاماقتىن كېيىن مەخسۇس ئاپتوبۇس بىلەن يېرىم سائەت يول
مېڭىپ گۈزەل ساياھەت رايونلىرىنىڭ بىرى بولغان « جاۋبىشەن » گە
يېتىپ كەلدۇق .

پاھ ! نېمىدېگەن كۆركەم مەنزىرە بۇ ؟! ئېگىز تاغلار ئاسمانغا تا-
قاشقان ، ياپيېشىل ئوتلاقلار خۇددى دۇخاۋىدىن تون كىيگەندەك ئىختى-
يارسىز ھالدا كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلاتتى . قاتار ئۆسكەن قارىغايلار
خۇددى ۋەتىنىمىز چېگرىسىنى قوغداۋاتقان چېگرا مۇداپىئە جەڭچىلىرى-
دەك مەزمۇت قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى . توپ ـ توپ بولۇپ ئوتلاۋاتقان
چارۋىلار ، قازاقلارنىڭ كىگىز ئۆيلىرى ، يايلاقنىڭ گۈزەل ھۆسنىگە تې-
خىمۇ ھۆسن قوشۇپ تۇراتتى . چارۋىچىلارنىڭ پەرزەنتلىرى خۇشال ـ
خۇرام ئويناپ يۈرۈشەتتى مەن ئويلىنىپ قالدىم . ئەگەر مەن ئۇستا
رەسسام بولغان بولسام ، مۇشۇنداق گۈزەل تەبىئەت مەنزىرىسىنى كۆزد-
تىپ ، بىر پارچە ئەسەر سىزىۋالغان بولاتتىم . ئەگەر يازغۇچى بولغان
بولسام ، بىر نادىر ئەسەر يېزىۋالغان بولاتتىم .

مەن ئەتراپقا تويماي قارىدىم ، قارىغانسېرى ھاياجانلىنىشقا ، ئىل-
ھاملىنىشقا باشلىدىم . مەن خۇشال ھالدا ، ساپ ھاۋادىن قانغۇچە نەپەس
ئالدىم . ئاپام مېنى خاتىرە ئۈچۈن ، مەنزىرىسى ئەڭ چىرايلىق جايدا
رەسىمگە تارتىپ قويدى .بىز بۇ جايدا ئىككى كۈن قانغۇچە ئوينىدۇق .

ھەر خىل مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى قىلدۇق . بۇ ئىككى كۈن گەرچە قىسقا بولسىمۇ ، مەن ئانا يۇرتۇم شىنجاڭنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى ، گۈزەل تاغۇ دەريالىرى ھەم باغۇ بوستانلىقلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭلا مۇشۇنداق كۆركەم ھەم ساپ ھاۋالىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم . مۇشۇنداق ئالتۇن تۇپراقتا ئۆسۈپ يېتىلگەن خەلق پەرزەنتى بولغانلىقىمدىن چەكسىز پەخىرلەندىم . بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ تىرىشىپ ئۆگىنىپ ، كەلگۈسىدە ۋەتەن ، خەلققە يارامىلىق ئادەم بولۇپ ، ۋەتىنىمىز ۋە ئانا تۇپرىقىمىزنى گۈللەندۈرۈشكە ھەسسە قوشۇش ئىرادىسىگە كەلدىم .

بۇ قېتىملىق ساياھىتىم مەن ئۈچۈن ئۆمۈر بويى ئۇنتۇلغۇسىز ئەھمىيەتلىك ، خاتىرىلەشكە ئەرزىگۈدەك ساياھەت بولدى .

( « ئۈمىد چېچەكلىرى » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى )

## بىر ئاخشام

گۈلئايشەم مەمتىلى

( ۋەقەلىك ئۇچېرك تۈرىدىكى ، چېكىنمە بايان ئۇسۇلىدا
يېزىلغان بايان ماقالىسى )

ھەر قېتىم يامغۇ ياغسا ، ئاشۇ يامغۇرلۇق بىر ئاخشام ھەرگىز ئېسىمدىن چىقمايدۇ . ئۇ كۈنى مەن مەكتەپتىن خۇشال - خۇرام ھالدا ئۆيگە كەلدىم - دە ، خالتامنى ئېلىپ ئوماق پاقلىنىمغا ئوت ئېلىش ئۈچۈن ئېتىزلىققا ماڭدىم .

ئېتىزلىق مەنزىرىسى ئىنتايىن گۈزەل بولۇپ ، مەيىن شامال يۈزلىرىمنى سۆيۈپ ، چاچلىرىمنى تاراپ ئۆتسە ، ئېتىزلىقنىڭ ساپ ھاۋاسى دىماققا ئۇرۇلۇپ ئاجايىپ ھۇزۇر بېغىشلايتتى . بۇغداي باشاقلىرى مەيىن شامالدا دېڭىز دولقۇنلىرىدەك باشلىرىنى لىڭشىتسا ، ئاق قۇشقاچ ، تورغاي قاتارلىق قۇشلار زوق - شوخ بىلەن سايرايتتى . يەردىن بىر مېتىر ئېگىزلىكتە قارلىغاچلار ئۇياقتىن - بۇياققا ئۇچۇپ يۈرەتتى . يان تەرەپتىكى

دېھقان ئاكىلار ئوما ناخشىلىرىنى ياڭرىتىپ ، ئوخشىغان بۇغدايلارنى ئو-
رۇۋاتاتتى . مەن بۇ گۈزەل مەنزىرىلەردىن زوقلانغاچ پاخلىنىمغا ئوت ئې-
لىۋاتاتتىم .

شامال بارا - بارا كۈچىيىپ ، ئاسماننى قارا بۇلۇتلار قاپلىدى ،
مەن يامغۇر ياغىدىغانلىقىنى پەملەپ ، خالتامنى ئېلىپ ئۆيگە قاراپ ماڭ-
دىم . دېگەندەك چوڭ - چوڭ يامغۇر تامچىلىرى تاراسلاپ چۈشۈشكە
باشلىدى . مەن ئۆيگە كەلسەم ئاپام ئالدىراش سىرتتىكى كىر - قاتلارنى
يىغىشتۇرغىلى تۇرۇپتۇ . كىرىپ چاي ئىچىپ بولغاندىن كېيىن تاپشۇ-
رۇقلىرىمنى ئىشلەپ بولۇپ ، ئۇخلاش ئۈچۈن ئۆيگە كىرىپ ياتقان بول-
ساممۇ كۆزۈمگە ئۇيقۇ كەلمىدى . چۈنكى ، سىرتتا بوران ئارىلاش يامغۇر
بارغانچە ئەدەپ قاتتىق يېغىۋاتاتتى .

مەكتەپنىڭ ئوڭ تەرىپىگە جايلاشقان كونا ئۆيدە ئىگە - چاقىسىز
بىر بوۋاي ئولتۇراتتى . بوۋاينىڭ ئۆيى كونا بولۇپ ، ئۆرۈلۈپ كېتىش
ئېھتىمالى بار ئىدى . ناۋادا بوۋاينىڭ ئۆيى ئۆرۈلسە قانداق قىلار ؟ ئاخى-
رىنى ئويلاشقا جۈرئەت قىلالمىدىم .

ئۆيدىكىلەرگە ئۇقتۇرماي ئورنۇمدىن تۇردۇم - دە ، ئاسماندىن
چېلەكلەپ سۇ قۇيغاندەك يېغىۋاتقان يامغۇرغا قارىماي نەچچە يىقىلىپ
دېگەندەك بوۋاينىڭ ئۆيىگە كەلدىم - دە : « سەمەت بوۋا ! ... » دەپ
ۋارقىرىدىم ، لېكىن ئۆي ئىچىدىن ئاۋاز چىقمىدى . مەن ئىشىكنى ئىتتى-
رىپ ئۆيگە كىردىم - دە ، قورققىنىمدىن ۋارقىرىۋەتكىلى تاس قالدىم .
ئۆينىڭ ئۆگزىسى ئۆرۈلۈپ چۈشكەن بولۇپ ، بىر تال ياغاچ بوۋاينىڭ
پۇتىنى بېسىۋالغان ، يۈز - كۆزلىرى قانغا بويالغان ھالدا ھوشسىز ياتات-
تى . مەن مىڭبىر تەسلىكتە ياغاچنى ئېلىپ ، بوۋاينى يۆلەپ تۇرغۇزۇشقا
ئۇرۇندۇم . شۇ ئارىلىقتا دادام كەلدى ۋە بوۋاينى يۈدۈپ ئۆي تەرەپكە
ماڭدى . ئەسلىدە دادامۇ سەمەت بوۋايدىن ئەنسىرەپ مېنىڭ ئارقامدىن
چىققانىكەن .

بىز سەمەت بوۋاينى مىڭ تەسلىكتە ئۆيگە ئېلىپ كەلدۇق ۋە
پۇت - قوللىرىدىكى جاراھەتنى تاڭدۇق . ئاندىن يۈز - كۆزلىرىنى

سۇرتۇپ قايناقسۇ ئىچكۈزدۇق . بىر ھازادىن كېيىن بوۋاي ھوشىغا كې-
لىپ ، كۆزىنى ئاچتى ھەمدە بىزگە قاراپ : « سىلەرگە كۆپ رەھمەت ،
سىلەر بولمىغان بولساڭلار ئاللىقاچان ئۆلۈپ كېتەركەنمەن » دەپ ، كۆ-
زىگە ياش ئالدى . دادام بوۋايغا قاراپ : « بۇ ھېچقانچە ئىش ئەمەس ،
بۇنداق قىلىش بىزنىڭ مەجبۇرىيىتىمىز . بالام بۇ ئىشنى قىلىشتا مەندىن
چاققان چىقىپتۇ » دەپ مەمنۇنلۇق بىلەن يەلكەمگە ئۇرۇپ قويدى . مەنمۇ
دادامغا جاۋابەن : « بۇ بىز پىيونېرلارنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشىمىز »
دېدىم .

بۇ چاغدا تاڭ سۇزۇلگەن بولۇپ ، تەرەپ ــ تەرەپتىن خورازلار-
نىڭ چىللىغان ئاۋازى ئاڭلىنىشقا باشلىدى . مەن كىيىملىرىمنى ئالماش-
تۇرۇپ ، يۈز - كۆزۈمنى يۇيۇپ ، ئەتىگەنلىك چېيىمنى ئىچىپ ، سوم-
كامنى ئېلىپ مەكتەپكە قاراپ ماڭدىم .

گەرچە بۇ ئاخشام مەن ئۇخلىمىغان بولسامۇ ، نېمە ئۈچۈنكىن
ئۆزۈمنى ناھايىتى تېتىك ۋە خۇشال ھېس قىلاتتىم .

( « ئۈمىد چېچەكلىرى » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى )

## ئۇنتۇلغۇسىز باھار سەيلىسى

خەيرىنساگۈل

( چېكىنمە بايان ئۇسۇلىدا يېزىلغان ، ساياھەت ئۇچېركى
تۈرىدىكى بايان ماقالىسى )

شۇ قېتىمقى باھار پەسلى زادىلا يادىمدىن چىقمايدۇ .

1996 ــ يىلى 21 ــ مارت ، يەنى نورۇز كۈنى ئىدى . مەن ، ئاپام
ۋە دادام ئۈچەيلەن شەھەر ئىچىنى ئايلىنىپ ، باھار پەيزىنى سۈرمەكچى
بولدۇق ھەم تەييارلىقتىن كېيىن خەلق مەيدانىغا قاراپ ماڭدۇق .

ئۇ كۈنى ھاۋا ئىنتايىن ئوچۇق بولۇپ ، قۇياش ئۆزىنىڭ ئىللىق

نۇرىنى كەڭ زېمىنغا سېخىيلىق بىلەن چاچماقتا ئىدى . ئەگىز سۇلىرى
يول ياقىلىرىنى بويلاپ ئېقىۋاتاتتى . ئىللىق باهار شامىلى يۈزلەرنى سۆ-
يۈپ يول بويىدىكى مەجنۇنتاللارنى لەرزان ئىرغاڭلىتاتتى . بىز خەلق
مەيدانىغا يېقىنلاشقاندا ، مەيدان گۈللۈكلىرىدىكى ئاجايىپ گۈزەل باهار
چېچەكلىرىنىڭ خۇشبۇي پۇراقلىرى دىماغلىرىمىزغا گۈپۈلدەپ ئۇرۇلۇشقا
باشلىدى . ئەمدىلا كۆرۈنۈشكە باشلىغان چىملىق يىراقتىن خۇددى يې-
شىل مەخمەلدەك كۆرۈنەتتى .

بىز ئايلىنىپ مەيدانغا كىردۇق . مەيدان ئادەملەر بىلەن تولغان ،
خۇددى باهار شامىلى نورۇز چاقىرىپ چىققاندەك كۆپ ئىدى . مەيدان
ئىچى نورۇز شادلىقىغا چۆمگەن ، كىشىلەر توپ - توپ بولۇشۇپ نورۇز-
لۇق تەييارلانغان نومۇرلارنى كۆرۈشۈۋاتاتتى . باللار مەيداننىڭ سول
تەرىپىدە چىرايلىق لەگلەكلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ ، باهار شامىلىدا لەگلەك
ئۇچۇرۇپ ئوينىشىۋاتاتتى . ئۇلارنىڭ كۈلكە يېغىپ تۇرغان يۈزلىرىدىمۇ
باهار شادلىقى ئەكس ئېتىپ تۇراتتى . بۇ كۆرۈنۈشلەر كىشىنى تولىمۇ
هاياجانغا سالاتتى . كىشىلەر ئارىسىغا كىرىپ ، تۈرلۈك قىزىقارلىق ئو-
يۇنلاردىن بەهىر ئالدۇق . بىراق ، مېنىڭ دىققىتىم يەنىلا باللار ئويناۋات-
قان لەگلەكتە ئىدى . شۇڭا ، مەن دادام بىلەن ئاپامدىن رۇخسەت ئې-
لىپ ، ئاشۇ باللار بار تەرەپكە باردىم . مېنىڭ لەگلىكىم بولمىغاچقا ،
ئۇلارنىڭ ئوينىشىغا قاراپ تۇردۇم . ئۇلاردىن بىرى مېنىڭ ئۆزلىرىگە
قاراپ تۇرغانلىقىمنى كۆرۈپ يېنىمغا كەلدى ھەم مېنى بىللە ئويناشقا
تەكلىپ قىلدى . ئۇ بىر خەنزۇ بالا ئىدى . مەن قىلچە ئىككىلەنمەستىن
ئۇنىڭ تەكلىپىگە قوشۇلۇپ ، بىرلىكتە لەگلەك ئويىنىدىم . ئۇنىڭ دوستانە
مۇئامىلىسى مېنى تەسىرلەندۈردى . بىللە ئويناش جەريانىدا ئۇنىڭ بىلەن
ياخشى دوستلاردىن بولۇپ قالدىم . بىز تولىمۇ قىزغىن ئويناۋاتاتتۇق ،
تۇيۇقسىز دادام مېنى چاقىرىپ قايتىدىغانلىقىمىزنى ئېيتتى . مېنىڭ زادىلا
قايتقۇم يوق ئىدى ، بىراق ، يەنىلا قايتمىسام بولمايتتى . شۇڭا ، مەن
كۆزۈم قىيمىغان هالدا ئۇلاردىن ئايرىلىپ ئاپام ۋە دادام بىلەن ئۆيگە
قايتتىم .

بۇ مېنىڭ تۇنجى قېتىم باھار سەيلىسىگە چىقىشىم ئىدى . باھار پەسلىدىكى بۇ گۈزەللىكلەر ۋە قايىنام ـ تاشقىنلىقتا چوڭگەن كەيپىيات مېنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىۋالدى ھەمدە كۆڭلۈمدە ئۇنتۇلغۇسىز خاتىرە بولۇپ قالدى .

( « ئۈمىد چېچەكلىرى » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى )

مەنزىرىنى يېزىش ئاساس قىلىنغان بايان ماقالىلىرىنى يېزىشتا دىققەت قىلىدىغان نۇقتىلار :

①مەنزىرە تەسۋىرى يېزىلغان بايان ماقالىلىرىنى چۈشەندۈرۈش ماقالىسى قىلىپ يېزىپ قويۇشتىن ساقلىنىش لازىم .

مەنزىرە تەسۋىرى يېزىلغان ماقالىلەردە كۆپىنچە ئەھۋاللاردا مەلۇم ئورۇننىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى يەنى كۆلىمى ، جايلاشقان ئورنى ، دەل ـ دەرەخ ، ئۆسۈملۈكلىرى ، ھاۋا كىلىماتى ، ھايۋانات ـ ئۇچار قۇشلىرى ... قاتارلىق مەنزىرىلىرى تەسۋىرلىنىدۇ . بۇ جەرياندا ئەگەر شۇ مەنزىرە ئىچىگە بايانىنى ھەم ئۆزىڭىزنى سىڭدۇرمىسىڭىز ، شۇ مەنزىرە شۇ كۆرۈنۈشنى ئۆزىڭىزنىڭ كۆزى ، سەزگۈسى ئاساسىدا يازمىسىڭىز ، جۇغراپىيە دەرسلىكىدىكى مەلۇم ئورۇن ـ جاي چۈشەندۈرۈلگەنگە ئوخشاش ھېچقانداق بايان ، تەسىرات يوقلا يېزىپ قويىسىز ، بۇ مەنزىرە تەسۋىرى ئاساس قىلىنغان بايان ماقالىسى بولماي ، بەلكى مەلۇم ئورۇن ، جاي چۈشەندۈرۈلگەن چۈشەندۈرۈش ماقالىسى بولىدۇ .

مەسىلەن ، « خىلۋەت قاناس كۆلى » ناملىق مەنزىرە تەسۋىرى ئاساس قىلىنغان بايان ماقالىسىنى مۇنداق چۈشەندۈرۈش ماقالىسىگە ئۆزگەرتىش مۇمكىن :

قاناس ـــ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى ئالتاي تېغىغا جايلاشقان . ئۇ تەبىئىي مەنزىرىلىك گۈزەل جاي بولۇپ ، تاغنىڭ ئوتتۇرىسىدا ، دېڭىز يۈزىدىن بىر مىڭ ئۈچيۈز مېتىر ئېگىزلىكتە قاناس كۆلى بار . كۆل ناھايىتى گۈزەل ۋە سىرلىق بولۇپ ، ئۇنىڭ شىمالىي ئادەم ئايىغى تەگمىگەن بىپايان تۈزلەڭلىكتىن ئىبارەت .

قاناس كۆلى ئۇزۇنلۇقى يىگىرمە بەش كىلومېتىر ، كەڭلىكى تەخمىنەن ئىككى كىلومېتىر كېلىدىغان سۇزۇنچاق كۆل بولۇپ ، كۆلنىڭ سۈيى سۈپسۈزۈك ، كۆلنىڭ ئەتراپى قارىغاي ، شەمشات قاتارلىق دەرەخلەر بىلەن قاپلانغان .

قاناسنىڭ ئىقلىمى ئۆزگىرىشچان بولۇپ ، ئادەتتە ئاپتونوم رايوننىڭ يېزا - قىشلاقلىرىدا تومۇز ئىسسىق بولىدىغان ئىيۇل ئېيىدىن باشلاپ ئۇششۇك چۈشۈپ ، ئاينىڭ ئاخىرىدا مۇز توڭلايدۇ . بۇ ئارىلىقتا دائىم گۈلدۈرماما گۈلدۈرلەپ ، چاقماق چېقىپ مۆلدۈر 8 - ، 9 - ئايغىچە داۋاملىشىدۇ . ئېكسكۇرسىيە قىلىدىغان ۋاقىت ئەڭ كېچىككەندىمۇ ئاۋغۇستنىڭ ئوتتۇرلىرىغىچە بولىدۇ .

قاناس كۆلىدە دائىم ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان ھاۋارايىنى ھېسابقا ئالمىغاندا بىر خىل جىمجىتلىق ، خىلۋەتلىك ، تىمتاسلىق ھۆكۈم سۈرىدۇ .

بۇ يەرنىڭ ھاۋاسى ئۆزگىرىشچان بولغاچقا كۆل يۈزىنى گاھ بۇلۇت قاپلىسا ، گاھ ھاۋا ئېچىلىپ بۇلۇتلار ئاللىقاياقلارغا تاراپ كېتىدۇ . بىردە شارقىراپ يامغۇر ياغسا ئارقىدىنلا قار كۆل يۈزىنى قاپلايدۇ . كىلىمات بىر كۈن ياكى بىر نەچچە كۈن ئىچىدىلا مۇشۇنداق ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ .

ھاۋارايىنىڭ ئۆزگىرىشچانلىقى ، كۆل سۈيىنىڭ سۈزۈكلۈكى ، ئەتراپىنىڭ جىمجىت ، تىنچلىقى ۋە خىلۋەتلىكلىكى قاناس كۆلىنىڭ ئۆزگىچە خاس ئالاھىدىلىكلىرىدۇر .

مانا بۇ مەنزىرىنى يېزىش ئاساس قىلىنغان بايان خاراكتېرلىك ماقالە ئەمەس ، بەلكى ياخشى يېزىلغان چۈشەندۈرۈش ماقالىسى بولىدۇ .

② مەنزىرىنى يېزىش ئاساس قىلىنغان بايان ماقالىسى بىلەن مەنزىرە يېزىلغان ( تەسۋىرلەنگەن ) ئېپىك نەسرىنى پەرقلەندۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش لازىم .

مەنزىرىنى يېزىش ئاساس قىلىنغان بايان ماقالىسىدە مەلۇم ئادەم ، ئادەملەرنىڭ كونكرېتنى ئىش - پائالىيىتى ، ۋاقىت ، ئورۇن بولىدۇ .

مەنزىرە تەسۋىرى بىلەن بايان گىرەلەشتۈرۈلىدۇ . مەلۇم دەرىجىدە لىرى-
كا ، مۇلاھىزە بولسىمۇ لېكىن بۇ لىرىكا ، ئېپىك نەسىردىكىدەك قويۇق
بولمايدۇ . بۇ خىل ماقالىلەرنىڭ تىپلىرى ئادەتتە ساياھەت ، سەپەر ،
ئېكسكۇرسىيە ، ئېكسپېدىتسىيە خاتىرىسى تىپلىرىدا بولغاچقا ، تەسۋىر-
لىنىدىغان مەنزىرە ئاشۇ ساياھەت ، سەپەر ، ئېكسپېدىتسىيە ، ئېكسكۇر-
سىيە خاتىرىسىدىكى ئادەملەرنىڭ كۆرۈشى ، كۆزىتىشى ئاساسىدا تەس-
ۋىرلىنىدۇ .

مەنزىرە تەسۋىرى يېزىلغان ئېپىك نەسىردە مەلۇم ئادەم بولسىمۇ ،
لېكىن بۇ ئادەملەرنىڭ ئىش - پائالىيىتى مەنزىرىنى يېزىش ئاساس قىلىن-
غان بايان ماقالىلىرىدىكىدەك كونكرېتنى ، تەپسىلىي بايان قىلىنماي ،
بەلكى بۇ بايان ۋە تەسۋىر لىرىكىسىنىڭ ، مۇلاھىزىنىڭ ئۇستىگە قۇرۇ-
لىدۇ . تەسۋىر بىلەن لىرىكا گىرەلەشتۈرۈلىدۇ . ئېپىك نەسىردىكى ئادەم
مەنزىرىنى كۆرگۈچى ، كۆزەتكۈچىلا ئەمەس ، بەلكى سۆزلەپ بەرگۈ-
چى ، قايناق ھېسسىياتنى ئىپادىلەپ بەرگۈچى بولىدۇ .

بىر ئېغىز گەپ بىلەن خۇلاسىلىغاندا — مەنزىرە يېزىشنى ئاساس
قىلىغان بايان ماقالىسى بىلەن مەنزىرە تەسۋىرى يېزىلغان ئېپىك نەسىر-
نىڭ پەرقى ، ئالدىنقىسى مەنزىرىنى ئوبيېكتىپ ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈشكە
ئەھمىيەت بەرسە ، كېيىنكىسى مەنزىرىنى سۇبيېكتىپ ھېسسىيات ئاسا-
سىدا ئەكس ئەتتۈرۈشكە بەكرەك ئەھمىيەت بېرىدۇ ، ئەكس ئەتتۈرۈ-
لۇۋاتقان ھەربىر مەنزىرىگە بىرلەشتۈرۈپ مۇلاھىزە قوشۇلىدۇ .

مۇشۇ ئۆلچەم بويىچە مەنزىرە تەسۋىرى ھەم مەلۇم بايان ئاملى
بولغان ھەرقانداق ئەسەرگە باھا بەرگەندە قايسىسىنىڭ مەنزىرە تەسۋىرى
ئاساس قىلىنغان بايان خاراكتېرلىك ماقالە ، قايسىسىنىڭ مەنزىرە تەس-
ۋىرى ئاساس قىلىنغان ئېپىك نەسىر ئىكەنلىكىنى ئېنىق ئايرىغىلى بو-
لىدۇ .

كېيىنكى سەھىپىلىرىمىزدە ئېپىك نەسىرنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ۋە
ئېپىك نەسىردىن ئۆلگىلەر بىرىلگەچكە بۇ يەردە مىسال كەلتۈرمەيمىز .

## 4 . بايان خاراكتېرلىك ماقالىلەرنىڭ يېزىش قائىدىلىرىگە زۆرۈر ئىزاھات :

بىرىنچى ئىزاھات :

تەكرار ئېيتىمىز ــ بايان ، مۇھاكىمە ، چۈشەندۈرۈش ماقالىلىرى ، خەت ـ چەكلەر ماقالىنىڭ تۆت چوڭ تۈرى . ماقالە بولسا بۈگۈنكى ئەدەبىياتىمىزدىكى كەڭ مەنىدىكى نەسرىي ئەسەرلەرنى كۆرسىتىدۇ . كەڭ مەنىدىكى نەسرىي ئەسەرلەر بولسا بۈگۈنكى كۈندىكى ئەدەبىي ئەسەرلەرنى كۆرسىتىدۇ . « ماقالىلەر » ، « كەڭ مەنىدىكى نەسرىي ئەسەرلەر » ، « ئەدەبىي ئەسەرلەر » دېگەن ئاتالغۇلار بىر خىل ئۇقۇمنىڭ ھەر خىل شەكىلدە ئاتىلىشى . ماقالىلەرنى ئەدەبىي ئەسەرلەر دېيىشىمىزدىكى سەۋەب ــ ماقالىلەردىكى ماتېرىياللار ، ماتېرىيالدا ئەكس ئەتكەن بارلىق شەيئىلەر جۈملىدىن ئادەملەر چىنلىق ئاساسىدا يېزىلىدۇ . توقۇلما قىلىنمايدۇ .

شېئىرىيەت ، ئېپىك ئەسەرلەر ، سەھنە ئەسەرلىرى ، كىنو سىنارىيىسى ، تېلېۋىزىيە سىنارىيىلىرى ۋە تار مەنىدىكى نەسرىي ئەسەرلەر بولسا بۈگۈنكى بەدىئىي يازما ئەدەبىياتنىڭ ژانىر ۋە تۈرلىرى . بۇلارنى بەدىئىي ئەسەرلەر دېيىشىمىزدىكى سەۋەب ــ بۇ ئەسەرلەرنىڭ ماتېرىياللىرى تېپىكلەشتۈرۈلگەن ، ئومۇملاشتۇرۇلغان ، بەدىئىي توقۇلما قىلىنغان . بۇ ئەسەرلەردە يارىتىلغان ئوبرازلار بەدىئىي ئوبرازلاردۇر .

مەيلى ئەدەبىي ئەسەرلەر بولسۇن ياكى بەدىئىي ئەسەرلەر بولسۇن ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە قوللىنىلىدىغان ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى ، ئىپادىلەش ۋاستىلىرىگە قويۇلغان تەلەپ بىردەك . جۈملىدىن ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ تۈرلىرىدىن بولغان بايان خاراكتېرلىك ماقالىلەر بىلەن بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ بىر ژانىرى بولغان ئېپىك ئەسەرلەرنىڭ ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى ۋە ئۇنىڭغا قويۇلغان تەلەپ ئوخشاش . بايان خاراكتېرلىك ماقالىلەرنىڭمۇ ،

ئىپىك ئەسەرلەرنىڭمۇ ئاساسلىق ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى — بايان ۋە تەسۋىردىن ئىبارەت. شۇنىڭ ئۈچۈن بايان قىلىش ئۇسۇللىرى يەنى تەرتىپلىك بايان، چېكىنمە بايان، قىستۇرما بايان ۋە پاراللېل بايان؛ باياندىكى ئۈچ شەخس يەنى بىرىنچى، ئىككىنچى، ئۈچىنچى شەخس تىللىنى ئىشلىتىش ھەققىدىكى پرىنسىپلار ئىپىك ئەسەرلەرگىمۇ (يەنى ھېكايە، رومان، پوۋېست)، بايان خاراكتېرلىك ماقالىلەرگىمۇ ئوخشاش. ئەمما، ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى يازغان بايان ماقالىلىرىنىڭ سەھىيىسى، مەزمۇن دائىرىسى ئۆزلىرىنى چۆرىدىگەن ئاساستا ئەتراپىدىكى ئادەملەر، ئىش - ۋەقەلەر، مەنزىرىلەرنى يېزىشنى ئۆگىنىش ئارقىلىق دەسلەپكى يېزىقچىلىق ماھارىتىنى يېتىلدۈرۈش مەقسەت قىلىنغاچقا، بۇ بايان ماقالىلىرىنىڭ كۆپ قىسمى تەرتىپلىك بايان ئۇسۇلىدا، بىرىنچى شەخس تىلىدا يېزىلىدۇ. ئەگەر چېكىنمە بايان ئۇسۇلىدا يېزىلدى دېگەندىمۇ بۇ بايان ماقالىلىرىدىكى چېكىنمە بايان، ئىپىك ئەسەرلەر يەنى ھېكايە، رومان، پوۋېستلاردىكىدەك ياكى بايان خاراكتېرلىك ماقالىلەرنىڭ تۈرلىرىدىن بولغان، زور ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەر، مەسىلىلەر، ئادەملەر يېزىلغان ئەدەبىي ئاخبارات ياكى ئەدەبىي ئوچېركلاردىكىدەك ئالاھىدە گەۋدىلىك بولمايدۇ. يەنى شۇ چېكىنمە باياننى بۇ بايان ماقالىسىنىڭ يېشىمىدىن ياكى كۇلمىناتسىيە نۇقتىسىدىن باشلاندى دېگىلى بولمايدۇ. مەسىلەن، يۇقىرىدىكى سەھىپىلىرىمىزدە ئۆرنەك ئۈچۈن ئېلىنغان بايان خاراكتېرلىك ماقالىلەر ئىچىدە «ئەما قىزنىڭ بالىلىق چاغلىرى»، «سۆيۈملۈك بوۋام قەلبىمدە»، «مېنىڭ پارتىدىشىم»، «دادا مەن سىزنىڭ ماڭا بۇنداق مۇئامىلە قىلماسلىقىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن»، «پوچتالىئوننىڭ بىر كۈنى»، «ياپونىيە مەكتەپلىرىدە»، «بىر ئاخشام» قاتارلىق ماقالىلەر چېكىنمە بايان ئۇسۇلىدا يېزىلغان بولسىمۇ لېكىن بۇ ماقالىلەردىكى چېكىنمە بايان، ئىپىك ئەسەرلەردىكى، ئەدەبىي ئاخبارات، ئەدەبىي ئوچېركلاردىكى چېكىنمە بايانىدەك ئالاھىدە گەۋدىلىك ئەمەس. چۈنكى، بۇ تۈردىكى ماقالىلەردە باياننىڭ ئامىللىرى گەۋدىلەنگەن بولسىمۇ، سۇژېت بۆلەكلىرىنى گەۋدىلەندۈرۈش

تەلەپ قىلىنمىغان.

ئوقۇغۇچىلار يازغان ياكى چوڭلارنىڭ ئوقۇغۇچىلار تۇرمۇشىنى يازغان بايان ماقالىلىرىدە پارالېل بايان ئاساسەن قوللىنىلمايدۇ. قىستۇرما بايانمۇ ئىپىك ئەسەرلەر ۋە ئەدەبىي ئاخبارات، ئەدەبىي ئوچېركلاردىكىدەك بىرنەچچە بەت سەھىپىنى ئىگىلەيدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلمەيدۇ. ئۇلار يازغان بايان ماقالىلىرىنىڭ مەركىزىدە بىرىنچى شەخس يەنى «مەن، بىز» تۇرغاچقا، بايان قىلىنغان ئىش - ۋەقەلەر، مەنزىرىلەر، ئۈچىنچى شەخستە يېزىلغان ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ئاشۇ بىرىنچى شەخس بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ.

ئىككىنچى ئىزاھات:

بايان خاراكتېرلىك ماقالىلەردە باياننىڭ ئالتە ئامىلى گەۋدىلىنىشى كېرەك. لېكىن، بۇ دېگەنلىك ئادەم، ۋەقە، ۋاقىت، ئورۇن، سەۋەب، نەتىجىدىن ئىبارەت ئالتە ئامىل، ھەرقانداق بايان ماقالىسىدىن مۇشۇ تەرتىپ بويىچە يېيىقلا تىزىلغان مارجاندەك چىقىشى كېرەك دېگەنلىك ئەمەس. ئىش - ۋەقە ئاساس قىلىنغان ماقالىلەردە بۇ ئالتە ئامىل ئېنىق گەۋدىلىنىدۇ. ئادەملەر، مەنزىرىلەر ئاساس قىلىنغان بايان ماقالىلىرىدە بۇ ئالتە ئامىلنىڭ ھەممىسى ئېنىق گەۋدىلىنىشى ناتايىن. شۇنىڭ ئۈچۈن يۇقىرىدىكى ئۆرنەكلەرنى كۆرۈپ، بۇ ئالتە ئامىلنى يازماقچى بولغان شۇ ماقالىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن مۇۋاپىق جايلىرىدا گەۋدىلەندۈرۈش مەسىلىسىنى ئىگىلىۋېلىش كېرەك.

ئۈچىنچى ئىزاھات:

ئوقۇغۇچىلار يازغان بايان خاراكتېرلىك ماقالىلەرنىڭ كۆپ قىسمى پېرسوناژ ئوچېركى، ۋەقەلىك ئوچېرك، سەپەر، زىيارەت، ئېكسكۇرسىيە، ساياھەت خاتىرىسى تىپىدا يېزىلغانلىقى ئۈچۈن بۇ ماقالىلەرنىڭ بەزىلىرىنى ئادەملەر نۇقتىلىق يېزىلغان بايان ماقالىسى، بەزىلىرىنى ئىش - ۋەقەلەر نۇقتىلىق يېزىلغان بايان ماقالىسى ۋە بەزىلىرىنى مەنزىرە نۇقتىلىق يېزىلغان بايان ماقالىسى دەپ ئايرىيمىز. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى، يازغان ئەدەبىي ئاخبارات، ئەدەبىي ئوچېرك

تىپىدىكى مەزمۇنى بىرقەدەر چوڭقۇر ، سەھىپىسى بىرقەدەر ئۇزۇن ، پېرسوناژلار خاراكتېرى بىرقەدەر ئەتراپلىق يارىتىلغان بايان خاراكتېرلىك ماقالىلەرنى ، شۇنىڭدەك ئېپىك ئەسەرلەرنى بۇنداق ئايرىش مۇمكىن ئەمەس ھەم ئايرىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق .

تۆتىنچى ئىزاھات :

بايان خاراكتېرلىك ماقالىلەرنىڭ ئاساسلىق ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى بايان ۋە تەسۋىردىن ئىبارەت . بۇ ھەرقانداق بايان خاراكتېرلىك ماقالىدە ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدۇ . شۇڭا ، بايان خاراكتېرلىك ماقالىلەردە بايانىنىڭ ئامىللىرى ، باياندىكى شەخس ، بايان قىلىش ئۇسۇلى ، بايانىنىڭ تەپسىلىي ۋە ئىخچام بولۇشى قاتارلىق نەزەرىيىۋى مەسىلىلەر تەكىتلىنىدۇ ھەم بۇ پرىنسىپلارغا ئەمەل قىلىش شەرت . ئەمدى بايان خاراكتېرلىك ماقالىلەردىكى تەسۋىرگە كەلسەك ،ئوقۇغۇچىلار يازغان بايان خاراكتېرلىك ماقالىلەردىكى مۇھىت تەسۋىرى ئاساسەن مەنزىرە تەسۋىرى بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ . پېرسوناژ تەسۋىرلىرىدىن روھىي ھالەت ، تىل ، ھەرىكەت ، پورترېت ، دېتال تەسۋىرى قاتارلىقلار بىرقەدەر كۆپ قوللىنىلىدۇ . يان تەرەپتىن تەسۋىرلەش ، ئومۇملاشتۇرۇپ تەسۋىرلەش قاتارلىق تەسۋىرلەش ئۇسۇللىرى ئاساسەن قوللىنىلمايدۇ .

بەشىنچى ئىزاھات :

بايان خاراكتېرلىك ماقالىلەردە يۇقىرىدىكى ئاساسلىق ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىدىن باشقا يەنە زۆرۈرىيىتى كەلگەندە مۇھاكىمە ، لىرىكا ، چۈشەندۈرۈش ئۇسۇللىرىمۇ مەلۇم دەرىجىدە قوللىنىلىدۇ . مىسال ئۈچۈن يۇقىرىدىكى ئۆرنەكلەردىن پارچىلار ئېلىپ كۆرۈپ باقايلى .

مۇھاكىمە :

« مەن ئۇلارنى كۆرگەندىن كېيىن دۆلىتىمىز يەن ـ تېخنىكىسىنىڭ بارغانسېرى تەرەققىي قىلىۋاتقانلىقىنى ، ئىلىم ـ پەننىڭ تەبىئەتنى بويسۇندۇرالايدىغانلىقىنى ، بىلىمنىڭ غايەت زور كۈچ ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم ... »

( بىر قېتىملىق ئېكسكۇرسىيە » ناملىق ماقالىدىن . )

« ئاپام ‹ نېرۋىسى قوزغالدى › دەيدۇ . باشقىلار ‹ ياسانچۇق › دېيىشىدۇ . مېنىڭچە بۇ گۈزەللىكنى سۆيۈش ھېسابلىنىدۇ . »
( « مەن » ناملىق ماقالىدىن . )

« بىزمۇ لېي فىڭ تاغىمىزدەك ، خەلق ئۈچۈن ئازراق ياخشى ئىش قىلالىساق ئۆزىمىزنى بەختلىك ھېس قىلىمىز . بىز ئەنئەنىۋى روھنى مەڭگۈ جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن ، لېي فىڭ تاغىمىزغا ئوخشاش ئاددىي ـ ساددا تۇرمۇش ئىستىلىنى بىلدۇرۇپ ، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتا ئورۇن ، ۋاقىت تاللىماي ، خەلق ئۈچۈن ئىشلەيدىغان روھنى مەڭگۈ جارى قىلدۇرىمىز . ئەينى ۋاقىتتا لېي فىڭ تاغىمىز كونا جەمئىيەتتىن يېڭى جەمئىيەتكە ئۆتكەن . بىز بولساق سوتسىيالىزم دەۋرىدىكى ئەسىر ھالقىيدىغان ئۆسمۈرلەر . شۇڭا ، لېي فىڭ روھىنى ئۆزىمىزگە قىبلىنامە قىلىپ ، لېي فىڭ تاغىمىزدەك ۋەتەنگە ، خەلققە يارامىلىق ئەۋلادلاردىن بولۇپ چىقىشقا تىرىشىمىز . »
( سىنىپىمىزدىكى « لېي فىڭ روھى » ناملىق ماقالىدىن . )

لىرىكا :
« ئېھ ، كۆيۈمچان ئاپا ، سىز نېمىدېگەن ئالىيجاناب ـ ھە ! مەن سىزدەك مېھرىبان ، ئېسىل پەزىلەتلىك ئاپام بولغانلىقىدىن پەخىرلىنىمەن .»
( « مېنىڭ ئاپام » ناملىق ماقالىدىن . )

« دادام يا بىرەر ئورگاننىڭ كادىرى ، ھېچبولمىغاندا بىرەر كارخانىنىڭ ئىشچىسى بولىسىچۇ كاشكى ، ئوقۇش پۇلۇمنى « شارتتىدە » قىلىپ يانچۇقىدىن ئېلىپلا بېرىۋېتەتتى . بىراق ، مېنىڭ دادام نادانلىق جۇۋىسىنىڭ ئىچىگە چۈمكىلىپ قالغان بىر ئاددىي ناۋاي ... »
« ... تولۇق بىلگەن تەقدىردىمۇ ماڭا قانچىلىك ياردەم قىلالايدۇ ؟ مېنىڭ ئوقۇش پۇلۇمنى تۆلىۋېتەلەيتتىمۇ يا ! ياق ، مۇئەللىمنىڭ ماڭا ئوخشاش ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش پۇلىنى تۆ-

لەپ بولالىشى مۇمكىن ئەمەس .»
( « نادانلىق » ناملىق ماقالىدىن . )

چۈشەندۈرۈش :
« قاناس ــ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى ئالتاي تېغىدا جايلاشقان . ئۇ تەبىئىي مەنزىرىلىك گۈزەل جاي بولۇپ ، تاغنىڭ ئوتتۇرىسىدا دېڭىز يۈزىدىن بىر مىڭ ئۈچيۈز مېتىر ئېگىزلىكتە قاناس كۆلى بار . »
( « خىلۋەت قاناس كۆلى » ناملىق ماقالىدىن . )
« باغچىنىڭ دەرۋازىسىدىن كىرىشىمىزگىلا ، ئىككى شىرنىڭ ھەيكىلىگە كۆزۈم چۈشتى . بۇ ھەيكەللەر ئىنتايىن ھەيۋەتلىك بولۇپ بىر قاراشتىلا راست شىرغا ئوخشايتتى . »
( « توققۇز بۇلاق باغچىسىغا ساياھەت » ناملىق ماقالىدىن . )
ئالتىنچى ئىزاھات :
يۇقىرىدا ئۆرنەك ئۈچۈن بېرىلگەن ماقالىلەرنى پېرسوناژ ئوبېركى ، ھۆججەتلىك ئوبېرك ، ئەسلىمە ، ساياھەت خاتىرىسى ، ئەدەبىي ئوبېرك ... دېگەنگە ئوخشاش كونكرېتنى تۈرلەرگە ئايرىدۇق . كىتابخانلار ھەربىر پارچە ماقالىنى ئوقۇغاندىن كېيىن بۇ تۈرلەرنىڭ زادى قانداق بولىدىغانلىقى ھەققىدە مەلۇم ئەمەلىي چۈشەنچىگە ئىگە بولدى . ھازىر بۇ تۈرلەرنىڭ ئەكس ئەتتۈرۈش ئوبيېكتى ، دائىرىسى ، بىر ـ بىرىدىن پەرقلىق ئالاھىدىلىكىنى بىرلەشتۈرگەن ئاساستىكى نەزەرىيىۋى چۈشەنچىلەرنى قىسقىچە شەرھلەپ ئۆتىمىز .
بۇگۈنگە قەدەر تەرجىمە قىلىنغان ، تۈزۈلگەن « ئەدەبىيات نەزەرىيىسى » ، « يېزىقچىلىق » كىتابلىرىدىكى بايان خاراكتېرلىك ماقالە ـ ئەسەرلەرنىڭ تۈرلىرى ھەققىدىكى خىلمۇ خىل تۈرگە ئايرىشلارنى بىرلەشتۈرۈپ بىرقەدەر مۇۋاپىق تۈرگە ئايرىش ئېلىپ بارغاندا ، بايان خاراكتېرلىك ماقالە ـ ئەسەرلەر چوڭ جەھەتتىن : ئاخبارات خەۋەرلىرى ( يەنى بىز ئادەتتە « خەۋەر ماقالىلىرى » دەپ ئاتايدىغان تۈر تەسۋىرى

خەۋەر ( ئەدەبىي خەۋەر ) ، ئۆچېرك ، ئەدەبىي ئاخبارات ( ئاخبارات ئە-
دەبىياتى ، دوكلات ئەدەبىياتى ) ، بىئوگرافىيە ئەدەبىياتى قاتارلىق تۈر-
لەرگە بۆلۈنىدۇ . بۇ چوڭ تۈرلەر ئىچىدە ئاخبارات خەۋەرلىرى بىلەن
ئەدەبىي ئاخبارات ئايرىم ۋە ئالاھىدە تۈر بولۇپ ، بۇ ھەقتە تەپسىلىي
چۈشەنچە بېرىش بۇ كىتابىمىزنىڭ مەقسىتى بولمىغاچقا ھەم بۇ تۈرلەرگە
كىرىدىغان ئۆرنەكلەرمۇ بېرىلمىگەچكە ئايرىم توختالمايمىز .

« تەسۋىرىي خەۋەر » ، « ئۆچېرك » دېگەن ئىككى ئاتالغۇغا
كەلسەك ، بۇلارنىڭ ئاتىلىشى باشقا ـ باشقا بولسىمۇ ، ئەمما ئۇلارنىڭ
كونكرېتنى كىچىك تۈرلىرى ، بۇ كىچىك تۈرلەر ھەققىدىكى چۈشەنچە-
لەر ، يېزىش تەلىپى ئاساسەن ئوخشاش . ئوخشمايدىغان يېرى —
تەسۋىرىي خەۋەر ( ئەدەبىي يول ، ماھارەت بىلەن يېزىلغان خەۋەر )
بۈگۈنكى ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت جەريانىدا بارلىققا كەلگەن ئىلغار
شەخس ، ئىلغار ئىشلارنى بايان قىلىش ، تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئىجتىما-
ئىي تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان خەۋەرچانلىقىمۇ ، ئەدەبىيلى-
كىمۇ بولغان بىر خىل تۈر دەپ قارىلىدۇ . رۇس تىلىدىن بىزگە ئۆز-
لەشكەن « ئۆچېرك » دېگەن بۇ چوڭ تۈرگە بولسا : « ئىجتىمائىي پائا-
لىيەت جەريانىدا بارلىققا كەلگەن ئىشلار ، ئادەملەر ، تارىخىي ۋەقەلەرنى
راستچىللىق بىلەن يورۇتۇپ ، ئومۇملاشتۇرۇپ بايان قىلىش ۋە تەسۋىر-
لەش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان بايان خاراكتېرلىك
ماقالە ـ ئەسەرلەرنىڭ بىر تۈرى » دەپ تەبىر بېرىلىدۇ .

بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا تەسۋىرىي خەۋەر ( ئەدەبىي خەۋەر ) دە
كۆز ئالدىمىزدىكى نەمۇنىلىك ئىش ـ ۋەقەلەر ، نەمۇنىلىك شەخسلەرنى
ئەدەبىي يول ، ماھارەت بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈش تەلەپ قىلىنىدۇ . خە-
ۋەرچانلىقى ، ۋاقىت خاراكتېرلىكىگە ئىگە ئىش ـ ۋەقەلەر يېزىلىدۇ .
ئۆچېركتا بولسا ، تەسۋىرىي خەۋەردە يېزىلغان ئوبيېكتلاردىن باشقا يەنە
ھەرقانداق ئىش ـ ۋەقە ، ھەرقانداق ئادەم يەنى رېئاللى ئادەم ، ۋاپات بول-
غانلار ، كۆز ئالدىمىزدا بولۇۋاتقان ۋە ئىلگىرى بولۇپ ئۆتكەن ئىش ـ
ۋەقەلەرنىڭ ھەممىسى يېزىلسا بولىدۇ . ھەر ئىككىلىسىدە ھەقىقىي ئادەم ،

ھەقىقىي ئىش - ۋەقەلەرنى مەلۇم ماھارەت ، بەدىئىي تىل ، راستچىللىق
بىلەن يورۇتۇپ بېرىش تەلەپ قىلىنىدۇ . ھەر ئىككىلىسى خەۋەر ماقالە-
لىرىغا قارىغاندا ئەدەبىيلىكى كۈچلۈك ، ئوبرازلىق بولىدۇ . ئەدەبىي ئاخ-
باراتقا قارىغاندا ۋەقەلىكى ئاددىي ، سەھىپىسى قىسقا ، قۇرۇلمىسى ئاد-
دىيراق بولىدۇ . بۇ ئىككى تۈردىكى بايان خاراكتېرلىك ماقالە - ئەسەرلەر
گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغاندا كۆپىنچە « ئوچېرك » دېگەن ئو-
مۇمىي نام بىلەنلا ئاتىلىدۇ . شۇڭلاشقا ، « ئوچېرك » دېگەن بۇ ئاتالغۇ-
نىڭ ھەجمى ئەدەبىي خەۋەر ( يەنى تەسۋىرىي خەۋەر ياكى خەۋەر ئو-
چېركى ) دېگەن ئاتالغۇنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ دەپ قارىساق خاتا بول-
مايدۇ .

ئوچېرك — ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن خەۋەر ئوچېركى ( يەنى
تەسۋىرىي خەۋەر ) ۋە ئەدەبىي ئوچېركتىن ئىبارەت ئىككى تۈرگە :
ئەكس ئەتتۈرۈش ئوبيېكتىغا ئاساسەن ۋەقەلىك ئاساس قىلىنغان ئو-
چېرك ، سەپەر ئوچېركى ( سەپەر خاتىرىسى ) ، ساياھەت ئوچېركى
( ساياھەت خاتىرىسى ) ، ئېكسكۇرسىيە ئوچېركى ( ئېكسكۇرسىيە خاتى-
رىسى ) ، زىيارەت ئوچېركى ( زىيارەت خاتىرىسى ) ، پېرسوناژ ئوچېركى
( ئادەملەر ھەققىدىكى ئوچېرك ) ، ھۆججەتلىك ئوچېرك ۋە تەرەققىيات
ئوچېركى قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ .

ۋەقەلىك ئوچېركتا — ئاپتور تۇرمۇشتىكى بىرەر تىپىك ئىش -
ۋەقە ، تىپىك ھادىسىنى بەلگىلىك مەيداندا تۇرۇپ ئوبرازلىق ھالدا تەس-
ۋىرلەيدۇ ، بايان قىلىدۇ . ئۇنىڭدا ئادەملەرنىڭ چىراي - شەكلى ،
مىجەز - خۇلقى ، تىلى ، ھەرىكىتى ، ئوي - خىيالى ... قاتارلىقلارنى
سۈرەتلەش ئېلىپ بېرىلمايدۇ ، ئىش - ۋەقەنى سۈرەتلەش ئاساس قى-
لىنىدۇ .

سەپەر ئوچېركىدا — شۇ سەپەر خاتىرىسىنى يازغۇچى كىشىنىڭ
( يەنى ئاپتورنىڭ ) مەلۇم جايغا بېرىش ئۈچۈن سەپەر قىلىپ ، ئاشۇ
جايغا يېتىپ بېرىش جەريانىدا سەپەر ئۈستىدە كۆرگەنلىرى ، سەرگۇ-
زەشتىلىرى ، جايلارنىڭ جۇغراپىيىلىك شارائىتى ، ئىقتىسادىي ئەھۋالى ،

ئادەملىرى ، ئۆرپ - ئادىتى ، مەنزىرىلەر ... قاتارلىقلار تەسۋىرلىنىدۇ ، با-يان قىلىنىدۇ .

ساياھەت ئوچېركىدا — ئاپتورنىڭ سەيلە - ساياھەت قىلىپ كۆڭۈل ئېچىش جەريانىدا كۆرگەن - بىلگەنلىرى تەسۋىرلىنىدۇ ، بايان قىلىنىدۇ .

ئېكسكۇرسىيە ئوچېركىدا — ئاپتورنىڭ مەلۇم جاينىڭ مەلۇم تەجرىبىسىنى ئۆگىنىشكە بېرىپ بۇ جەرياندا ئاشۇ جايدا كۆرگەن - بىلگەنلىرى ، تەسىراتى يېزىلىدۇ .

زىيارەت ئوچېركىدا — ئاپتورنىڭ مەلۇم جاي ، مەلۇم رايون ، مەلۇم دۆلەت ، مەلۇم شەخسنى زىيارەت قىلىپ ، زىيارەت قىلغان شۇ ئوب-يېكت جۈملىدىن شۇ شەخس ھەققىدە كۆرگەن - بىلگەنلىرى ، ئاڭلى-غانلىرى ، تەسىراتى قاتارلىقلار يېزىلىدۇ .

پېرسوناژ ( ئادەملەر ھەققىدىكى ) ئوچېركىدا — رېئال تۇرمۇش-تىكى مەلۇم شەخسنىڭ خاراكتېرىنى ئېچىپ بېرەلەيدىغان مەلۇم ئىش - ۋەقە تەسۋىرلىنىدۇ ، بايان قىلىنىدۇ . شۇ ئادەمنىڭ مىجەز - خۇلقى ، سالاھىيىتى ، قىياپىتى سۈرەتلىنىدۇ . ئۇنىڭدا شۇ شەخسنىڭ ھاياتىدىكى بارلىق ئىش - پائالىيەتلىرى يېزىلماي بەلكى تىپىك بولغان بىر ياكى بىرنەچچە ئىش - ۋەقە سۈرەتلەنسىمۇ بولىدۇ .

ھۆججەتلىك ئوچېركتا — رېئال تۇرمۇشتىكى مەلۇم كىشىلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى ، سەرگۈزەشتىسى ، ئىش - پائالىيەتلىرى يىلنامىلەر بىلەن ياندىشىش ئاساسىدا ئەدەبىي يول بىلەن ئوبرازلىق يورۇتۇپ بې-رىلىدۇ .

تەرەققىيات ئوچېركىدا — رېئال تۇرمۇشتىكى زىددىيەتلىك بول-غان مەلۇم ئىش - ۋەقەلەر بايان قىلىنىپ ، تەسۋىرلىنىپ ئاخىرىدا ئۇنىڭ تەرەققىياتى ، نەتىجىسى مۇلاھىزە قىلىنىدۇ ياكى بۇ ھەقتە مۇلاھىزە قى-لىش ، ئويلىنىش كىتابخانلارغا تاپشۇرۇلىدۇ .

ئەمدى « ئەدەبىي ئوچېرك » ۋە « خەۋەر ئوچېركى » دېگەن ئا-تالغۇلارنىڭ پەرقى ئۈستىدە توختالساق ، ئەدەبىي ئوچېرك ھەققىي ئا-

دەم ، ھەقىقىي ئىشلار ، ھادىسىلەر ، رېئاللىنى ياكى تارىخىي ۋەقەلەرنى كۈچلۈك ماھارەت ، بەدىئىي تىل ئارقىلىق يورۇتۇپ بېرىدىغان تۈردۇر . ئۇ خەۋەر ئوچېركىغا قارىغاندا ، ئەكس ئەتتۈرمەكچى بولغان ئوبيېكتنى تېخىمۇ يۇقىرى بەدىئىي ماھارەت ، بەدىئىي تىل ئارقىلىق تەسىرلىك ، جانلىق قىلىپ يورۇتۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ . خەۋەر ئوچېركىنىڭ خەۋەرچانلىقى كۈچلۈكرەك بولسا ، ئەدەبىي ئوچېركىنىڭ بەدىئىيچانلىقى كۈچلۈكرەك بولىدۇ . ئىپادىلەش ئۇسۇلى ، قۇرۇلما جەھەتتىن تېخىمۇ ئەركىنرەك بولىدۇ . ماتېرىيال تاللاش جەھەتتە ، چىنلىق ، راستچىللىق ئاساستا پىششىقلاش ، تاللاش ئارقىلىق تىپىك بولمىغان ، ماھىيەتنى ئې-چىپ بېرەلمەيدىغان ئىش - ۋەقەلەرنى چىقىرىپ تاشلاش ، مەركەزلەش-تۈرۈش ئېلىپ بېرىشقا بولىدۇ .

بىئوگرافىيە ئەدەبىياتى — ھەم تارىخچانلىق ھەم ئەدەبىياتچانلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغان ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ بىر تۈرىدۇر .

ئۇ تەزكىرە ، ئەسلىمە ، تەرجىمىھال قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ .

تەزكىرە بولسا — مەلۇم يۇرت ياكى مەلۇم ئورۇن ، مەلۇم ئائىلە-نىڭ نەسەبنامىسى قاتارلىقلارنىڭ تارىخىي تەرەققىيات جەريانىنى يورۇ-تۇپ بېرىدىغان ئەدەبىي تۈر بولۇپ ، ئۇ ئائىلە تەزكىرىسى ( نەسەبنامە ئەھۋالى ) ، يۇرت تەزكىرىسى ، مەلۇم ئىمارەت ، خارابىلىكلەرنىڭ تەز-كىرىلىرى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . تەزكىرىلەر تونۇشتۇرۇش خاراكتېرىدىكى تارىخىي تەزكىرىلەر ۋە ئەدەبىي تەزكىرىلەر دەپ ئىككى تۈرگە بۆلىنىدۇ . نوقۇل تونۇشتۇرۇش خاراكتېرىدىكى تارىخىي تەزكى-رىلەر بايان خاراكتېرلىك ماقالە - ئەسەرلەرنىڭ تۈرلىرى ئەمەس ، بەلكى چۈشەندۈرۈش خاراكتېرىدىكى ماقالە - ئەسەرلەرنىڭ تۈ-رىدۇر . مەسىلەن :

## هەزرىتى سۇلتان سۇتۇق ...

« هەزرىتى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مازىرى » ئاتۇش شەھەرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى مەشھەد كەنتىگە جايلاشقان . شەھەر مەركىزىدىن ئىككى كىلومېتىر يىراقلىقتا بولۇپ ، ئۇ قاراخانىيلار خاندانلىقىنىڭ ئۈچىنچى ئەۋلاد خاقانى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان دەپنە قىلىنغان جاي . بۇنىڭغا ھازىرغا قەدەر مىڭ يىلدەك ۋاقىت بولدى . ھەزرىتى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان شىنجاڭدا تۇنجى قېتىم ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان بولغاچقا ، ئۇ شىنجاڭدا ئىسلام ئېتىقادچىلىرىنىڭ پېشىۋاسىدۇر . شۇڭا ، ھەزرىتى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مازىرى « جۇڭگو مەشھۇر ئاسار ئەتىقىلەر لۇغىتى » دېگەن كىتابقا ئېلىمىزدىكى مەشھۇر ئاسار ئەتىقىلەرنىڭ بىرى سۈپىتىدە كىرگۈزۈلدى . بۇ مازارغا 1990 ـ يىلدىن باشلاپ دۆلەت ۋە يەرلىك كۆپلەپ مەبلەغ ئاجرىتىش بىلەن ئالدى دەرۋازا ، ئىككى ياندىكى قىرىق نەچچە مېتىر ئېگىزلىكتىكى قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان مۇنارنى يېڭىدىن ياسىدى ، بۇنىڭدىن باشقا دەرۋازىدىن كىرگەندىن كېيىنكى سول تەرەپتىكى پېشايۋانلىق مەسچىت ۋە ئەتراپتىن قورشالغان تاملىرىمۇ رېمونت قىلىندى ، چاسا خىش ياتقۇزۇلغان يول ياقىسىدىكى دەل ـ دەرەخ ، گۈل ـ چېچەكلەر كىشىنىڭ كۆزىگە چېلىقىدۇ ، شىمالىي قىسمىدىكى تۆت چاسا كۆركەم ئۆينىڭ ئىچىگە « سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان » نىڭ مەسچىتى قويۇلغان ، بۇ ئۆينىڭ ئۈستىگە ئاي شەكلى چۈشۈرۈلگەن مۇنار ئورنىتىلغان بولۇپ ، ئۆزگىچە ھەيۋەتلىك قىياپەتنى شەكىللەندۈرگەن . ئوڭ تەرەپتە سامانىيلار خانلىقىدىن كېلىپ چىققان « سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان » نى تۇنجى قېتىم ئىسلام دىنىغا كىرگۈزگەن « ئەبۇ ناسىر سامانىي » نىڭ قەبرىسى بار .

ئەگەر بۇ تونۇشتۇرۇش خاراكتېرىدىكى چۈشەندۈرۈش ماقالىسى ئەدەبىي تەزكىرە بولۇش ئۈچۈن ، بۇ مەشھۇر ئىمارەتلەرنىڭ بىنا بولۇش

سەۋەبى ، بىنا بولۇش جەريانلىرى ۋە بىنا بولغان مىڭ يىللىق تارىخ جەريانىدا بۇ ئىمارەتكە ئائىت بولۇپ ئۆتكەن ئىش ـ ۋەقەلەر قاتارلىق تەرەپلەر ئوبرازلىق ھالدا تەسۋىرلەنگەن ، بايان قىلىنغان بولسا بۇ بايان خاراكتېرلىك ئەسەر بولغان بولاتتى . بۇلاردىن باشقا يەنە مەزكۇر كىتاب-نىڭ ئۈچىنچى بابىدا ئۆرنەك ئۈچۈن بېرىلگەن « مېنىڭ ئەجدادلىرىم » ، « تاشقۇرغان تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى » ، « مېنىڭ مەكتىپىم » قاتار-لىق تونۇشتۇرۇش خاراكتېرىدىكى چۈشەندۈرۈش ماقالىلىرىنىمۇ مۇشۇ ئۆلچەم ۋە تەلەپ بويىچە دىئاگنوز قويساق ، بۇلارنىڭ نېمە ئۈچۈن چۈ-شەندۈرۈش ماقالىسى بولىدىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى تېخىمۇ ئېنىق چۈشى-نەلەيمىز .

ئەسلىمە بولسا ـــ مەلۇم شەخسلەرنىڭ ئۆز بېشىدىن ئۆتكەن ، ئۆزى قاتناشقان ياكى كۆرگەن ئىشلار ، مۇناسىۋەتلەشكەن ئادەملەر ، سەرگۈزەشتىلەر ئەسلىنىپ يېزىلىدىغان ئەدەبىي تۈر بولۇپ ، ئۇنىڭ ئەسلىمە ئىگىسى ئۆزى يېزىپ چىقىش ۋە ئەسلىمە ئىگىسى باشقىلارغا ئېيتىپ بېرىپ يازدۇرۇشتىن ئىبارەت ئىككى خىل شەكلى بار . ئۇ ئەدە-بىيات بىلەن تارىخنىڭ ئۆزئارا گىرەلەشتۈرۈلۈشى بولۇپ ، ئۇنىڭ يېزىش دائىرىسى نىسبەتەن كەڭ بولۇش ، ماتېرىيال ئېلىش جەھەتتىن چەكلى-مىگە ئۇچرىماسلىق ئالاھىدىلىكىگە ئىگە . ئۇنىڭدا ئايرىم شەخسلەرمۇ ياكى ۋەقەلەرمۇ ۋە ياكى مەلۇم بىر رايوننىڭ ئەھۋالىمۇ ، زور ئىجتىمائىي ۋەقەلەرمۇ يېزىلىدۇ . ئايرىم شەخسلەر ھەققىدە يېزىلغان ئەسلىمىلەرنىڭ بەزىلىرى تارىخىي تەرجىمىھال ، بەزىلىرى ئەدەبىي تەرجىمىھال بولىدۇ .

تەرجىمىھال بولسا ـــ مەلۇم شەخس ۋە ئۇلارغا مۇناسىۋەتلىك ئىش ـ ۋەقەلەرنى يورۇتۇپ بېرىش مەقسەت قىلىنغان ئەدەبىي ئەسەر تۈرى بولۇپ ، ئۇنىڭ شۇ تەرجىمىھال ئىگىسى ئۆزىنى ـ ئۆزى يازغان شەكلى ۋە باشقىلار يازغان شەكلىدىن ئىبارەت ئىككى خىل شەكلى ؛ تارىخىي تەرجىمىھال ۋە ئەدەبىي تەرجىمىھالدىن ئىبارەت ئىككى خىل تۈرى بار .

تارىخىي تەرجىمىھال ئادەتتە قىسقىچە تەرجىمىھال دەپمۇ ئاتىلى-

دۇ. ئۇ شۇ شەخسنىڭ ھايات ـ پائالىيىتى ھەققىدە مەلۇمات، چۈشەنچە بېرىشنى ئاساسىي مەقسەت قىلىدۇ. بۇ خىل تەرجىمىھال ئىگىسىنىڭ ھايات پائالىيىتى ئابستراكتنى ھالدا يىلنامە تەرتىپى بويىچە تونۇشتۇرۇلۇپ، چۈشەنچە، مەلۇمات، باھا بېرىش ئاساس قىلىنىدۇ. شۇڭا، بۇ خىل تەرجىمىھاللارنىڭ پەقەت تارىخچانلىق خۇسۇسىيىتىلا بولىدۇ. شۇڭا، بۇ خىل تەرجىمىھاللار بايان خاراكتېرلىك ماقالە ـ ئەسەرلەرنىڭ تۈرى ئەمەس، بەلكى ۋاقىت تەرتىپى بويىچە چۈشەندۈرۈلگەن بايان، چۈشەندۈرۈش خاراكتېرلىك ماقالە ـ ئەسەرلەرنىڭ تۈرى ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن، مەزكۇر كىتابنىڭ ئۈچىنچى بابىدا ئۆرنەك ئۈچۈن بېرىلگەن «ئالەم قاتىنىشىنىڭ ئاتىسى»، «مېنىڭ ئەجدادلىرىم»، «سوقرات»، «ئەپلاتون» قاتارلىق ماقالىلەر ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئىككىنچى يىللىقلارنىڭ «ئەدەبىيات» دەرسلىك كىتابىغا كىرگۈزۈلگەن «تېپىپچان ئېلىيوفنىڭ تەرجىمىھالى» ناملىق تەرجىمىھال بايانى تۈستىكى چۈشەندۈرۈش ماقالىلىرىدۇر.

ئەدەبىي تەرجىمىھال بولسا، تەرجىمىھالى يېزىلىۋاتقان شۇ شەخسنىڭ بىر پۈتۈن ھاياتى ياكى بىر پۈتۈن ھاياتىغا ۋەكىللىك قىلالايدىغان بىرەر ئىش ـ ئىزلىرى ئەدەبىي يول بىلەن يورۇتۇپ بېرىلىدىغان ئەدەبىي تۈر بولۇپ، ئۇنىڭدا شۇ شەخسنىڭ مىجەز ـ خۇلقى، قىزىقىشى، سەرگۈزەشتىسى، شۇ شەخس بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئادەملەر ھەققىدە يېزىشقا بولىدۇ. مەسىلەن، مەزكۇر كىتابنىڭ ئىككىنچى بابىغا كىرگۈزۈلگەن ماقالىلەردىن «مېنىڭ بالىلىقىم»، «ئەما قىزنىڭ بالىلىق چاغلىرى» ... قاتارلىق ماقالىلەر ئەدەبىي تەرجىمىھال تۈرىدىكى ماقالىلەردۇر. بۇلاردىن باشقا يەنە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئىككىنچى يىللىق «ئەدەبىيات» دەرسلىك كىتابىغا كىرگۈزۈلگەن «ئاتۇش يېڭى مائارىپچىلىقىنىڭ باشلامچىسى مەمتىلى ئەپەندى» ناملىق ئەسلىمە تىپىدىكى ئەدەبىي ئۆچېرك، لۇشۈننىڭ «تەرجىمىھالىم» ناملىق ئەسلىمە تىپىدىكى ھۆججەتلىك ئۆچېرك قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئەدەبىي تەرجىمىھالدۇر.

ئەدەبىي تەرجىمىھاللارنىڭ بەزىلىرى خەۋەر ئوچېركىنىڭ تۈرلە-
رىدىن بولغان پېرسوناژ ئوچېركى تىپىدا ، بەزىللىرى ھۆججەتلىك ئو-
چېرك تىپىدا يەنە بەزىللىرى بولسا ئەدەبىي ئوچېرك تىپىدا يېزىلىدۇ .
ئەدەبىي تەرجىمىھاللارنىڭ سەھىپىسى ئۇزۇنلىرىمۇ ، قىسقىلىرىمۇ بولىدۇ .
سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ ئەسلىمە تىپىدا يازغان « ئۆمۈر داستانى » ، مىر-
ئەخمەت سىيت ، يالقۇن روزىلار بىرلىكتە يازغان « مەمتىلى ئەپەندى » ...
قاتارلىقلار چوڭ ھەجىملىكى ئەدەبىي تەرجىمىھاللاردۇر .

ئاخىرىدا ئەسكەرتىدىغان بىر مەسىلە شۇكى ، قەتئىي تۈردە بە-
دىئىي توقۇلما قىلىنمىغان تارىخىي تەرجىمىھاللار ، ئەدەبىي تەرجىمىھاللار
بىلەن ھەم تارىخىي چىنلىق ھەم مەلۇم دەرىجىدە بەدىئىي توقۇلما قىلى-
نىپ يېزىلغان بىئوگرافىك رومان ، پوۋېست ، ھېكايە قاتارلىق ئېپىك
ئەسەرلەرنى پەرقلەندۈرۈش كېرەك . يەنە بىرى ، گەرچە ئەدەبىي ئو-
چېرك بىلەن ئەدەبىي ئاخبارات يېزىقچىلىقىغا قويۇلىدىغان تەلەپ بىردەك
بولسىمۇ ئەمما ئوچېرك بىلەن ( ياكى ئەدەبىي ئوچېرك بىلەن ) ئەدەبىي
ئاخباراتنى ئوخشاش ئۇقۇم دەپ قاراشقا بولمايدۇ . ئەگەر بۇلار ئوخشاش
دېيىلسە ھېكايە بىلەن پوۋېستنى ياكى رومانىنى بىر ئۇقۇم دېگەنگە ئوخ-
شاش بولۇپ قالىدۇ .

## ئۈچىنچى باب

# چۈشەندۈرۈش خاراكتېرلىك ماقالە يېزىقچىلىقى ھەققىدە

چۈشەندۈرۈش ماقالىلىرى يېزىقچىلىقى — پەقەت بەدىئىي ئەسەرلەر يېزىقچىلىقى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان قەلەمكەشلەر ئىگىلەشكە تېگىشلىك ماھارەت بولۇپ قالماستىن، بەلكى مەلۇم مەدەنىيەت ۋە بىلىم-تېخنىكا سەۋىيىسىگە ئىگە بۈگۈنكى زامان ئادەملىرى ئىلمىي ھاياتلىق پائالىيىتىدە ئۆزلىرىگە ھەمراھ قىلىدىغان بىر « قورال » بولۇپ قالدى. چۈنكى، بۇ ھاياتلىق ئالەمدىكى جانلىق، جانسىز؛ مىكرو، ماكرو شەيئىلەر ۋە بۇ شەيئىلەر ھەققىدىكى قائىدە-قانۇنىيەتلەر. ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتنى بىلىش، ئۆزگەرتىش پائالىيىتى جەريانىدا توپلىغان بىلىملىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى مانا مۇشۇ چۈشەندۈرۈش ماقالىلىرى ئارقىلىق يېزىپ قالدۇرۇلدى ۋە قالدۇرۇلۇۋاتىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە چۈشەندۈرۈش ماقالىلىرى ئائىلە، مەكتەپ، جەمئىيەت، خىزمەت ۋە ئۆمۈر مەنزىللىرىمىزنىڭ ھەربىر دەقىقىسىدىكى بىلىش ھاياتىمىزنىڭ ھەممە تەرەپلىرىگە ئۆزلىشىپ كەتتى. مىسال ئۈچۈن بىز ئائىلىدە بىر بوتۇلكا دورا، بىر خالتا تۇز ياكى بىر خالتا سوپۇننى ھەتتا بىر بولاق تازىلىق قەغىزىنى قولىمىزغا ئالساق؛ رادىئو-تېلېۋىزور، كىرئالغۇ، سىنئالغۇلارنى ئىشلەتمەكچى بولساق، بۇلارغا « ھەمراھ » قىلىنغان، مەلۇم بىر سىستېما-قانۇنىيەتلەر ئاساسىدا يېزىلغان چۈشەندۈرۈش ماقالىلىرىنى كۆرىمىز ھەمدە ئەنە شۇ چۈشەندۈرۈش ماقالىلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن بۇ تۇرمۇش بۇيۇملىرىدىن ئىلمىي يوسۇندا پايدىلىنالايمىز. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە يول

يۈرگەندە دەرسخانىدا، ئىشخانىدا، سەپەردە، ئىش ئۈستىدە بىزگە « ھەمراھ » بولىدىغان چۈشەندۈرۈش ماقالىلىرىنىڭ شەكىللىرىنى بىر - بىرلەپ مىسال ئېلىش مۈمكىن.

كەسپىي ياكى ئۇنىۋېرسال گېزىت - ژۇرناللارنى قولىمىزغا ئالساق، « جاھاننامە »، « بۈگۈنكى دۇنيا »، « زېمىنىمىزدا »، « مەشھۇر شەخسلەر »، « سالامەت بولۇڭ »، « بىلىۋېلىڭ »، « سىزگە ئەسقەتىپ قالار »، « ئۆگىنىۋېلىڭ »، « سىناپ كۆرۈڭ »، « ئىشلىتىپ كۆرۈڭ »، « ئېھتىيات قىلىڭ »، « پەن - تېخنىكا يېڭىلىقلىرى »، « ئۆرپ - ئادەت »، « ئاڭلاپ قويۇڭ »، « تېببىي تەتقىقات »، « سىز بىلەمسىز ؟ »، « يېزا ئىگىلىك ساۋادى »، « ئاددىي رېتسېپلار »، « نېمە ئۈچۈن »، « ھايۋانات باغچىسى »، « مەسلىھەت »، « بىلىم ۋە تۇرمۇش »، « بىلىم يۇرتى »، « تۇرمۇش مەسلىھەتچىسى »، « ئاڭلىغانمۇسىز ؟ »، « تۇرمۇش ساۋادى »، « سىرلىق ئالەم »، « تېببىي ساۋات »، « بىلىم - كۈچ »، « بىلىم خەزىنىسى » ... دېگەنگە ئوخشاش سەھىپىلەردىكى ئاممىباب چۈشەندۈرۈش ماقالىلىرىغا كۆزىمىز چۈشىدۇ.

گېزىت - ژۇرناللىرىمىزدىن بۇ سەھىپىلەرگە دەسلەپكى قەدەمدە ئورۇن بېرىلگەن 80 - يىللارنىڭ بېشىدا تەرجىمە ماقالىلىرى كۆپ سالماقنى ئىگىلەيتتى. بۈگۈنكى كۈندە كەسىپ ئەھلىلىرىمىزنىڭ ئۆز ھۈنەر - كەسپى، تەتقىقاتى بويىچە يازغان ئىجادىي ماقالىلىرى كۆپەيىشكە باشلىدى. نەشر قىلىنىۋاتقان كىتابلىرىمىزنىڭ قىرىق پىرسەنتتىن كۆپرەكىنى چۈشەندۈرۈش خاراكتېرىدىكى كىتابلار ئىگىلەشكە يۈزلەندى. بۇنىڭ بىلەن مەلۇم مەدەنىيەت سەۋىيىگە ئىگە ھەرقانداق ئادەم بۇلارنى كۆرۈپ يېڭى بىلىمگە ئېرىشەلەيدىغان، ئۆزلىرى خالىغان ھۈنەر - تېخنىكىنى ئىگىلەيدىغان بولدى.

دېمەك، بىزمۇ پەن - تېخنىكا ئۇچقاندەك تەرەققىي تېپىۋاتقان، ئومۇملىشىۋاتقان، كۆلەملىشىۋاتقان بۈگۈنكى دۇنيانىڭ بوسۇغىسىغا دەلدۈگۈنۈپ مېڭىپ يېقىنلىشىشقا باشلىدۇق.

مەن مۇشۇ زۆرۈرىيەت تۈپەيلىدىن چۈشەندۈرۈش ماقالىلىرى

ھەققىدە بىرقەدەر تەپسىلىي، ئەتراپلىقراق توختىلىپ ئۆتۈشنى، كەڭ دائىرىلىق ئۆرنەك ئىلىشنى مۇۋاپىق تاپتىم.

## 1. چۈشەندۈرۈش خاراكتېرلىك ماقالە - ئەسەرلەرنىڭ ھەجىم دائىرىسى

شەيئى ياكى ھادىسىلەرنىڭ خاراكتېرى، خۇسۇسىيىتى، ئالاھىدىلىكى، تۈزۈلۈشى، قىياپىتى، ئىچكى - تاشقى مۇناسىۋەتلىرى، ئىشلىتىش ئورنى ۋە رولى، ئەھمىيىتى قاتارلىقلارنى ئىنچىكىلىك بىلەن چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان ئەسەرلەر چۈشەندۈرۈش خاراكتېرلىك ماقالە - ئەسەرلەر دېيىلىدۇ.

ھەرقانداق چۈشەندۈرۈش خاراكتېرلىك ماقالە — ئەسەرلەردىكى چۈشەندۈرۈلمەكچى بولغان ئوبيېكت ( شەيئى، ھادىسە ۋە بۇلار ھەققىدىكى ئۇقۇم ) مۇتلەق ئەمەلىي بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. چۈشەندۈرۈشتىن ئىبارەت بۇ ئىپادىلەش ئۇسۇلى چۈشەندۈرۈش خاراكتېرلىك ماقالە — ئەسەرلەردە نۇقتىلىق قوللىنىلغاندىن باشقا ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ تۈرلىرىدىن بايان خاراكتېرلىك، مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ئەسەرلەردە، خەت - چەكلەردە ( بەزى ماتېرىياللاردا خەت - چەكلەر « قوللىنىلىش خاراكتېرلىك چۈشەندۈرۈش ماقالىسى » ياكى « ئەمەلىي ئىشلىنىدىغان چۈشەندۈرۈش ماقالىسى » دەپ ئاتىلىپ چۈشەندۈرۈش ماقالىلىرىنىڭ بىر تۈرى سۈپىتىدە سۆزلىنىدۇ » ؛ شۇنىڭدەك بەدىئىي ئەسەرلەرنىڭ ژانىر ۋە تۈرلىرىدىن ئېپىك ئەسەرلەر، سەھنە ئەسەرلىرى، شېئىرىيەت، كىنو، تېلېۋىزىيە سىنارىيىلىرى ۋە تار مەنىدىكى نەسرىي ئەسەرلەردىمۇ مەلۇم دەرىجىدە قوللىنىلىدۇ.

« چۈشەندۈرۈش خاراكتېرلىك ماقالە - ئەسەرلەر » دېگەن بۇ ئاتالغۇدىكى « ماقالە » ئۇقۇمى — سەھىپىسى بىر - ئىككى جۈملە ياكى بىر - ئىككى ئابزاس بىلەن ئاياغلاشقان كىچىك بىر پارچە چۈشەندۈرۈش ماقالىسىدىن باشلاپ، مەلۇم بىر چوڭ مەزمۇن بىرلىك قىلىنغان نەچچە ئون بەتلىك چۈشەندۈرۈش ماقالىسىغىچە بولغان ماقالىلەرنى

كۆرسىتىدۇ . « ئەسەرلەر » دېگەن ئۇقۇم بولسا چۈشەندۈرۈش ئۇسۇلى ئاساس قىلىنغان ھەمدە سەھىپىسى ئادەتتىكى كىچىك چۈشەندۈرۈش ماقالىلىرىدىن چوڭ بولغان، كىچىك ـ كىچىك چۈشەندۈرۈش ماقالىلىرىنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن چوڭ ھەجىمدىكى چۈشەندۈرۈش خاراكتېرىدىكى ئەسەرلەرنى كۆرسىتىدۇ . بۇ يەردە « ماقالە ـ ئەسەرلەر » دېگەن ئاتالغۇنىڭ بىر قاتاردا قوللىنىلىشىدىكى سەۋەب، چۈشەندۈرۈش خاراكتېرىدىكى ئەسەرلەرنى، باشقا ژانىر ۋە تۈرلەردىكى ئەسەرلەرنى جۈملىدىن ئېپىك ئەسەرلەرنى، سەھىپىنىڭ ئۇزۇن ـ قىسقىلىقى، پېرسوناژلىرىنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكىگە ئاساسەن « ھېكايە، پوۋېست، رومان » دەپ تۈرگە ئايرىغانغا ئوخشاش ئايرىيدىغان بىرەر ئۆلچەم بولمىغاچقا، سەھىپىسى كىچىك بولسۇن، چوڭ بولسۇن، ھەممىنى بىرلەشتۈرۈپ « چۈشەندۈرۈش خاراكتېرلىك ماقالە ـ ئەسەرلەر » دەپلا ئاتايمىز .

مەسىلەن، « يىپەك كىيىملەرگە دەزمال سالغاندا » ناملىق بۇ بىر پارچە ماقالىنى كۆرۈپ باقايلى :

يىپەك كىيىملەرگە دەزمال سالغاندا، كىيىم ئۈستىگە سۇ پۈركۈپ بولۇپ ئۇنى قاتلاپ سۇلياۋ خالتىنىڭ ئىچىگە قاچىلاپ، توڭلىتىش ساندۇقىغا سېلىپ بىر نەچچە مىنۇت تۇرغۇزغاندىن كېيىن ئېلىپ، دەزمال سالسىڭىز قانائەتلىنەرلىك ئۈنۈمگە ئېرىشەلەيسىز .

( « شىنجاڭ ياشلىرى » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى )

مانا بۇمۇ مۇكەممەل بىر پارچە چۈشەندۈرۈش ماقالىسى بولالايدۇ . ئەگەر بىز « دۇنيادىكى دۆلەت ۋە رايونلارنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋالى » دېگەن ماۋزۇ ئاستىدا زور ھەجىملىك چۈشەندۈرۈش خاراكتېردىكى ئەسەر ( كىتاب ) يازماقچى بولساق، ھەرقايسى قىسىملەر بويىچە ھەربىر دۆلەت ۋە رايونلارنىڭ چېگرىسى، يەر مەيدانى، يەر تۈزۈلۈشى، كان بايلىقلىرى، ئاشلىق ۋە ئىقتىسادىي زىرائەتلىرى، سانائىتى ... دېگەندەك تۈرلەر بويىچە چۈشەنچە بىرىشكە توغرا كېلىدۇ . مۇشۇنداق چوڭ دائىرىلىك بىر ماۋزۇ ئاستىدا يازغان يازمىمىز نەچچە توملۇق كىتاب

بولۇشى مۇمكىن .

دېمەك ، چۈشەندۈرۈش خاراكتېرلىك ماقالە ــ ئەسەرلەرنىڭ سەھىپىسىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى چۈشەندۈرۈلمەكچى بولغان ئوبيېكتىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ، چۈشەندۈرۈش مەقسىتىگە ئاساسەن بەلگىلىنىدۇ .

چۈشەندۈرۈش ماقالىلىرىنىڭ قوللىنىلىش دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بولۇپ ــ نەزەرىيىۋى كىتابلار جۈملىدىن ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ دەرسلىك كىتابلىرى ( « ئەدەبىيات » دەرسلىك كىتابىدىكى تېكىستلەر ۋە ئەدەبىيات نەزەرىيىسىگە ئائىت مۇھاكىملىك بىلىملەر ، « سىياسەت » دەرسلىك كىتابىدىكى مۇھاكىمە خاراكتېرىدىكى نەزەرىيىۋى بىلىملەردىن باشقا ) دىكى مەزمۇنلار : سىرچىلىق ، ياغاچچىلىق ، كېسىمچىلىك ، پىلىچىلىك ، باغۋەنچىلىك ، كۆكتات ئۆستۈرۈش ، ئۆي قۇشلىرى ۋە ھايۋانلىرىنى بېقىش تېخنىكىسى ، كومپيۇتېر تېخنىكىسى ، فوتو ئاپپاراتنى ئاسراش ئۇسۇللىرى ، سائەت رېمونتچىلىق تېخنىكىسى ... دېگەنگە ئوخشاش ھۈنەر ـ تېخنىكىغا ئائىت كىتاب ـ ماقالىلەر ؛ « ئاتوم بومبىسىنىڭ تۈزۈلۈشى » ، « چاچ چۈشۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۇسۇللىرى » ، « يېزىقچىلىق بىلىملىرى » ، « ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى » ، « ئىچكى كېسەللىكلەر ئىلمى » ... دېگەنگە ئوخشاش نەزەرىيىۋى پەننى ساۋاتلار ( جۈملىدىن قولىڭىزدىكى بۇ كىتابتىكى 2 ــ ، 4 ــ ، 5 ــ بابتىكى تۈلگىلەردىن باشقا بارلىق مەزمۇنلار ) ؛ نەزەرىيىۋى تەتقىقات ماقالىلىرى ، ئىلمىي تەتقىقات ماقالىلىرى ، پەن ـ تېخنىكا ماقالىلىرى قاتارلىق تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئىپادىلەيدىغان ئىلمىي دىسسېرتاتسىيىلەر ؛ ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرىنىڭ ، شەھەر يوللىرىنىڭ ، ماشىنا ـ مېخانىزملارنىڭ رەسىملىك ، خەرىتىلىك ، جەدۋەللىك چۈشەندۈرۈش قوللانمىلىرى ؛ ئاتالغۇ ـ سۆزلۈكلەرنى ئىزاھلاش لۇغەتلىرى ؛ قانۇنلارنى چۈشەندۈرۈش ۋە باشقا كىتاب ــ ماتېرىياللارنىڭ مەزمۇنىنى شەرھلەش ، دورا ، تاۋارلارنى ، مەھسۇلاتلارنى چۈشەندۈرۈش ... قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى چۈشەندۈرۈش خاراكتېرلىك ماقالە ـ ئەسەرلەر دائىرىسىگە كىرىدۇ .

ھەجمى چوڭ، سەھىپىسى ئۇزۇن بولغان بىر پارچە چۈشەندۈرۈش خاراكتېرلىك ئەسەر ( جۈملىدىن كىتاب ) كۆپلىگەن كىچىك-كىچىك چۈشەندۈرۈش ماقالىلىرىدىن تەركىب تاپىدۇ . مەسىلەن، « شىنجاڭ جۇڭيى ئۆسۈملۈك دورىلىرى » دېگەن كىتاب مىڭ خىلغا يېقىن يەككە ئۆسۈملۈكنىڭ دورىلىق قىممىتىنى ئايرىم-ئايرىم چۈشەندۈرۈشتىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ھەربىر ئۆسۈملۈكنىڭ ئۆسۈش ئورنى، يىغىپ تەييارلاش ئۇسۇلى، تەبىئىتى، ئىشلىتىلىشى بويىچە ئايرىم-ئايرىم چۈشەندۈرۈلگەن . بۇ ئۇ ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ھەربىرى ھەققىدىكى چۈشەندۈرۈشنى ئايرىپ ئالغاندىمۇ مۇكەممەل بىر پارچە چۈشەندۈرۈش ماقالىسى بولالايدۇ .

### 2 . چۈشەندۈرۈش ماقالىلىرىدە كۆپ قوللىنىلىدىغان چۈشەندۈرۈش شەكىللىرى

چۈشەندۈرۈش ماقالىلىرىدە چۈشەندۈرۈلمەكچى بولغان شەيئى، ھادىسە، چۈشەنچىلەرنى تەلەپكە لايىق، سىستېمىلىق چۈشەندۈرۈش مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن، شۇ ماقالىگە مۇۋاپىق كەلگەن چۈشەندۈرۈش شەكىللىرىنى تاللاپ قوللىنىشقا توغرا كېلىدۇ . تۆۋەندە چۈشەندۈرۈش ماقالىلىرىدە كۆپ قوللىنىلىدىغان چۈشەندۈرۈش شەكىللىرى تۆۋەندىكىچە :

① تەبىر ( ئېنىقلىما ) بېرىش شەكلى : چۈشەندۈرۈلمەكچى بولغان ئوبيېكت ( ئۇقۇم ) نىڭ مېغىزىنى ( ماھىيەتلىك بەلگىسى ) ئېچىپ بېرىش جەريانى تەبىر ( ئېنىقلىما ) بېرىش دەپ ئاتىلىدۇ .

تەبىر بېرىش شەكلى چۈشەندۈرۈش خاراكتېرلىك ماقالىلەردە ئەڭ كۆپ قوللىنىلىدىغان شەكىللەرنىڭ بىرىدۇر . مەسىلەن :

مەھمۇت قەشقەرى — 11 - ئەسىردە ياشاپ، ئىلمىي ئەمگەكلەر بىلەن شۇغۇللانغان مەشھۇر ئۇيغۇر ئالىمى، جاھان تۈركولوگىيە ئىلمىنىڭ ۋە سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق ئىلمىنىڭ ئاساسچىسى .

پېئىل دېگىنىمىز — ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ ئىش - ھەرىكىتىنى ھەم ھالىتىنى بىلدۈرىدىغان سۆز تۈركۈمى .

« ماغدۇر كەتكەندە » ھېكايىسىدىكى باقى ـــ ئەسلىدە ھاياتنى
كۆچى ئۇرغۇپ تۇرغان ، ھاياتقا قىزغىن مۇھەببەت باغلىغان ، ئاق كۆ-
ڭۇل ، ئىشچان دېھقان بولۇپ ، ئادالەتسىز تۈزۈم ، قاتمۇقات زۇلۇم تۇ-
پەيلىدىن چىقىش يولى تاپالمىغان ، ياشاش ھوقۇقىدىن ، ئىنسانىي تە-
لەپ ، ئارزۇ ـ ئىستەكلىرىدىن مەھرۇم قىلىنىپ ھاياتى پاجىئە بىلەن ئا-
ياغلاشقان مىڭلىغان ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ تىپىك ئوبرازى .

قەلەم ـــ ئىنسانلارنىڭ ئىلمىي پائالىيەتلىرى جەريانىدىكى ئۆل-
چەش ، سىزىش ، يېزىش قورالىدۇر .

تەبىر بېرىشتە تەبىرلەنگۈچى ئۇقۇم ( قەلەم ) بىلەن تەبىرلىگۈچى
( ئىنسانلارنىڭ ئىلمىي پائالىيەتلىرى جەريانىدىكى ئۆلچەش ، سىزىش ،
يېزىش قورالى ) نىڭ ھەجمى تەڭ بولۇشى كېرەك . بۇ شەرت ئو-
رۇنلانمىسا تەبىر بېرىش توغرا ، تولۇق بولمىغان بولىدۇ . تەبىر بېرىش
شەكلى كىچىكرەك چۈشەندۈرۈش ماقالىلىرىغا نىسبەتەن كۆپىنچە
ھاللاردا ماقالىنىڭ بېشىدا ، چوڭ ھەجىملىك چۈشەندۈرۈش خاراكتېرى-
دىكى ئەسەرلەرنىڭ خالىغان بىرىدە قوللىنىلىدۇ .

تەبىر بېرىشنىڭ يۇقىرىدىكى ئۆلچىمى بويىچە تەبىئەت دۇنياسى-
دىكى ھەربىر شەيئى ، ھەربىر ئۇقۇمغا تەبىر بېرىشكە بولىدۇ .

② تەرىپ ( ئىزاھ ) بېرىش شەكلى : تەرىپلىگۈچى ئۇقۇمنىڭ
مېغىزىنىڭ مەلۇم بىر قىسمىنى ئېچىپ بېرىش جەريانى تەرىپ بېرىش
دېيىلىدۇ . مەسىلەن ، « قەلەم ـــ ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش جەريانىدا خەت يې-
زىش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان قورال » ، « ئەدەبىيات ـــ تىل سەنئىتى »
دېسەك بۇ « قەلەم » ، « ئەدەبىيات » دېگەن ئۇقۇمنىڭ مېغىزى ھەم
ھەجمى تولۇق ئېچىپ بېرىلمىگەن پەقەت مەلۇم قىسمى ئېچىپ بېرىلگەن
بولىدۇ . تەرىپ بېرىشتە تەرىپلەنگۈچى ئۇقۇم مېغىزىنىڭ بىر قىسمى ئې-
چىپ بېرىلسىلا بولىدۇ .

تەرىپ بېرىپ ( ئىزاھلاپ ) چۈشەندۈرۈشنىڭ يەنە شەيئىلەرنىڭ
ھالىتى ، خاراكتېرى ، ئالاھىدىلىكى ۋە شەكىللىنىش سەۋەبى قاتار-
لىقلارنى ئومۇملاشتۇرۇپ كۆرسىتىپ بېرىشتىن ئىبارەت شەكلىمۇ بار .

مىسال ئۈچۈن « رادار قانداق كەشىپ قىلىنغان ؟ » دېگەن ماقالىنى كۆرۈپ ئۆتەيلى :

ئالەم ئۇچۇش تېخنىكىسىنىڭ تېز سۈرئەت بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ ، ھاۋادا ھەرىكەت قىلىۋاتقان جىسىملارنىڭ ھەرىكىتىنى كۆزىتىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلغان .

ئالىملار بۇ خىل كۆزىتىش ئەسۋابىنى ياساپ چىقىش ئۈچۈن نۇرغۇن ۋاقىت ئىزدەنگەن ، كۆپ تەرەپلىمە ئىزدىنىش ئارقىلىق ئاخىر تەقلىدىي بىئولوگىيە ئىلمىدىن پايدىلىنىپ دەسلەپكى رادارنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ياساپ چىققان . يەنى ئالىملار رادارنى ياساشتىن بۇرۇن ، ھەر خىل ھايۋانلارنىڭ كۆرۈش ، سىگنال قوبۇل قىلىش ، سىگنال تارقىتىش ئەھۋالىنى كۆزىتىپ ، پاقىنىڭ كۆرۈش ئۇسۇلىنىڭ باشقا جانلىقلاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىدىغانلىقى ، پەقەت ھەرىكەت قىلىۋاتقان جىسىملارنىلا كۆرەلەيدىغانلىقى ، كىشىلەر ئادەتتە پاقىنى كۆرگەندە ھەرىكەت قىلسا ، پۇت - قولىنى مىدىرلاتسا نىشانىنى ئۆزگەرتىپ ماڭىدىغانلىقى ، بولمىسا ئۇدۇل كېلىۋېرىدىغانلىقى ، مەلۇم تۇسالغۇغا دۇچ كېلىپ ئۇسسىگەندىن كېيىن ئاندىن نىشانىنى ئۆزگەرتىپ ماڭىدىغانلىقىدىن ئىبارەت پرىنسىپقا ئاساسەن ، ئاخىر دەسلەپكى رادارنى ياساپ چىققان .

شۇڭا ، ئادەتتىكى رادار ھاۋا بوشلۇقىدا ھەرىكەت قىلىۋاتقان ھەرقانداق جىسىمنى « كۆرەلەيدۇ » ، كۆزىتەلەيدۇ . تۇرغۇن ھالەتتىكى جىسىمنى « كۆرەلمەيدۇ » . ( بۇ ماقالىنى كۆپ يىللار ئىلگىرى ئوقۇغانىدىم . ھازىر ئېسىمدە قالغىنى بويىچە يېزىلدى ) .

بۇ ماقالىدە رادارنىڭ كەشىپ قىلىنىشى ۋە ئىشلەش پرىنسىپى قايىل قىلارلىق دەرىجىدە ئەپچىللىك بىلەن چۈشەندۈرۈلگەن ھەمدە بۇ ھەقتىكى چۈشەنچىلەر يېتەرلىك ئىزاھلار ئارقىلىق يورۇتۇپ بېرىلگەن .

تەرىپ بېرىشنىڭ يۇقىرىقى شەكىللىرىدىن باشقا يەنە ماقالە - ئەسەرنى يېزىپ كېتىۋېتىپ زۆرۈرىيىتى تۇغۇلغاندا تىرناق ئىچىگە ئىزاھلاش شەكىللىرى ، شۇ ماقالە - ئەسەرنىڭ ئاستىغا (1) ، (2) دېگەنگە ئوخشاش بەلگىلەرنى قويۇپ ئاستى تەرىپىدە ياكى ئاخىرىدا بۇ بەلگە-

لەرنى ئايرىم ئىزاھلاش شەكىللىرى ، شۇنىڭدەك بەزى ئابستراكتنى نە-زەرىيىۋى چۈشەنچىلەرنى مېغىزى ۋە ھەجىمىنى دائىرە قىلغان ئاساستا كونكرېتلاشتۇرۇپ شەرھلەش ( تەپسىللەش ) شەكىللىرىمۇ بار . بۇ خىل ئىزاھلاش شەكىللىرى شۇ ماقالە ـ ئەسەرلەرنىڭ كونكرېتنى ئېھتىياجىغا ئاساسەن قوللىنىلىدۇ . بۇ خىل ئىزاھلاش شەكلى ھەرقانداق ئەسەرنىڭ زۆرۈرىيىتى كەلگەن جايلىرىغا بېرىلىدۇ . بىر پارچە ئەسەرنى يېزىش قانداق مۇھىم بولسا ، شۇ ئەسەر ئىچىدىكى ئىزاھلاشقا تېگىشلىك ئاتال-غۇلارنى مۇۋاپىق ئىزاھلاشمۇ ئىنتايىن مۇھىم . مەسىلەن ، تۆۋەندە ئۆر-نەك ئۈچۈن بېرىلگەن « مېنىڭ ئەجدادلىرىم » ، « ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىق-سىز ۋاقىت كالېندارى » ناملىق ماقالىلەردىكى ئىزاھلارغا قارىساقلا بۇ نۇقتىنى چۈشىنەلەيمىز .

تەبىر بېرىش بىلەن تەرىپ بېرىشنىڭ پەرقىنى مۇنداق مىسال ئارقىلىق چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ . ئەگەر « ئەدەبىيات » ، « بوكسچىلىق مۇسابىقىسى » دېگەن ئىككى ئۇقۇمنى چۈشەندۈرۈشكە توغرا كەلگەندە ، بۇ ئىككى ئۇقۇمنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ يازالىساق تەبىر بېرىش بولىدۇ . شۇ يازمىمىزدا بۇ ئۇقۇملارنىڭ ماھىيەت-لىك ئالاھىدىلىكىنى يېرىم ـ ياتا ئەكس ئەتتۈرسەك تەرىپ بېرىش بو-لىدۇ . مەسىلەن ، « ئەدەبىيات ـــ سەنئەتنىڭ بىر تۈرى يەنى تىل سەن-ئىتىدۇر . » ( تەرىپ بېرىش ) ، « ئەدەبىيات ـــ تىل ـ يېزىقنى قورال قىلىپ ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان سەنئەت-تۇر » ( تەبىر بېرىش ) .

ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسەن بۇ ئىككى خىل شەكىلنىڭ ھەر ئىك-كىلىسى مەلۇم بىر پارچە ماقالىدە قوللىنىلىشىمۇ ياكى بىرى قوللىنىلىشىمۇ ۋە ياكى قوللىنىلماسلىقىمۇ مۇمكىن . ئادەتتە ھەر خىل ئىزاھلىق لۇغەت-لەرنى تۈزگەندە بۇ ئىككى خىل شەكىلنى كۆپ قوللىنىمىز .

③ نەقىل ۋە پاكىت كەلتۈرۈش شەكلى : نەقىل كەلتۈرۈش ئارقىلىق چۈشەندۈرۈشنىڭ قايىل قىلىش كۈچى ئاشۇرۇلىدۇ . كىشىلەر-نىڭ شەيئىلەرگە بولغان تونۇشى چوڭقۇرلاشتۇرۇلىدۇ .

مەسىلەن ، « ئۇلار ئەڭ كۆپ قوللىنىدىغان سۆزلەر » ناملىق بە-
دىئىي خاراكتېرلىك چۈشەندۈرۈش ماقالىسىدە ئوخشاش بولمىغان كە-
سىپتىكى كىشىلەرنىڭ كەسپى سۆزلىرىدىن نەقىل كەلتۈرۈش ئارقىلىق
ئۇلارنىڭ كەسپىي ئالاھىدىلىكى چۈشەندۈرۈلگەن . ئۇنىڭدىن باشقا بىز
« سۇ » دېگەن ماۋزۇ ئاستىدا بىر پارچە چۈشەندۈرۈش ماقالىسى ياز-
ماقچى بولساق قەدىمكىلەر : « سۇ ـــ ھاياتلىقنىڭ مەنبەسى » دەپ
توغرا ئېيتقان دېگەن ئەقلىيە سۆزنى ماقالىمىزدە نەقىل كەلتۈرۈشىمىز
مۇمكىن .

چۈشەندۈرمەكچى بولغان ئوبيېكتنىڭ ئالاھىدىلىكىنى يەنىمۇ
ئېنىقلىق بىلەن يۇرۇتۇپ بېرىش ئۈچۈن سانلىق مەلۇماتلارنى ئىشلىتىپ
ئىشەنچلىك پاكىتلار ئارقىلىق شەرھلەپ چۈشەندۈرۈش ئېلىپ بېرىل-
دۇ . مانا مۇشۇنداق ئەھۋالدا پاكىت كۆرسىتىپ چۈشەندۈرۈشكە توغرا
كېلىدۇ .

مەسىلەن ، تۆۋەندىكى « تاۋۇزنىڭ دورىلىق قىممىتى » ناملىق
چۈشەندۈرۈش ماقالىسىنى كۆرۈپ باقايلى :

پولشا ئالىملىرى تاۋۇزنىڭ ناھايىتى ياخشى مېۋە بولۇپلا قالماس-
تىن ، بەلكى مۇھىم دورىلىق قىممىتىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى بايقىغان .
« ۋارشاۋا تۇرمۇش گېزىتى » نىڭ يېقىنقى خەۋىرىگە قارىغاندا ،
پولشا ئالىملىرى تاۋۇز تەركىبىدە ۋىتامىن C ، كاروتىن ، كالىي ، شۇ-
نىڭدەك سېللۇلوزا تالا ماددىسىنىڭ مول ئىكەنلىكىنى بايقىغان . ئۇزاق
مۇددەتلىك تەكشۈرۈشلەر ئارقىلىق ئىسپاتلىنىشىچە، ۋىتامىن C ۋە كارو-
تىن ئۆسمىنى تىزگىنلەش روليغا ئىگە ئىكەن . كالىي يۈرەك رىتىمى ۋە
قان بېسىمىنىڭ نورماللىقىنى ساقلايدىكەن ، مېڭىگە قان چۈشۈش ۋە
يۈرەك مۇسكۇل تىقىلمىسىنىڭ ئالدىنى ئېلىش روليغا ئىگە ئىكەن . سېل-
لۇلوزا تالا ماددىسىنىڭ ئۈچەينىڭ لۆمۈلدىشىگە ياردەم بېرىش ، يېمەك-
لىكلەرنىڭ ھەزىم بولۇشىنى تېزلىتىش رولى بار ئىكەن . ئۇنىڭدىن باش-
قا ، سېللۇلوزا تالا ماددىسىنى ئىستېمال قىلغاندا ، قاندىكى خولېتېرىننىڭ
مىقدارىنى تۆۋەنلەتكىلى بولىدىكەن .

پولشا ئالىملىرى تاۋۇز تەركىبىدە بۇ خىل ئېلېمېنتلارنىڭ بارلە-

قنى نەزەرگە ئېلىپ ، تاۋۇزنى كۆپ يېيىش سالامەتلىككە پايدىلىق دەپ قارىغان .

( « شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى » دىن ئېلىندى )

بۇ ماقالىدە تاۋۇزنىڭ دورىلىقى قىممىتى ئەمەلىي پاكىتلار ئارقىلىق چۈشەندۈرۈلگەن :

④ سان - سىپىرلار ئارقىلىق چۈشەندۈرۈش ۋە مىسال كەلتۈرۈش شەكلى : سانلىق مەلۇماتلار بىلەن چۈشەندۈرۈش ، چۈشەندۈرۈش خاراكتېرلىك ماقالە - ئەسەرلەردە ئەڭ كۆپ قوللىنىلىدىغان شەكىللەرنىڭ بىرى . بۇ خىل شەكىلنى قوللىنىپ شەيئىلەرنى چۈشەندۈرگەندە ماقالىنىڭ ئىلمىيلىكى ئاشىدۇ . كىشىلەرنىڭ چۈشەنچىسى چوڭقۇرلىشىدۇ . چۈشەندۈرمەكچى بولغان شەيئى ۋە قائىدىلەرنى تېخىمۇ كونكرېتلاشتۇرۇپ چۈشەندۈرۈپ بېرىش ئۈچۈن كۆپىنچە مىسال كەلتۈرۈش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ . مىسال ئۈچۈن « سېمىزلىكنى قانداق داۋالاش كېرەك ؟ » دېگەن ماقالىدىن تۆۋەندىكى ئىككى ئابزاسنى كۆرۈپ باقايلى :

سېمىزلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ، سېمىزلىكنى داۋالاش ، سېمىزلىكنى سىزدۇرۇش مەسىلىسىدە كونكرېت ئەھۋالنى كونكرېت تەھلىل قىلىش لازىم . بۇنىڭدا مۇتلەق شىپالىق رېتسىپ يوق . ئەمما ، سېمىزلىكنى داۋالايدىغان مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك ئۇسۇل بار : ① يېمەك - ئىچمەكنى كونترول قىلىش ؛ ② ھەرىكەتنى كۆپەيتىش ؛ ③ كېسەلگە قاراپ دورا قىلىش .

يېمەكلىكنى كونترول قىلىشتا ئىسسىقلىقنى كەم قوبۇل قىلىش لازىم . سەۋەبى ، ئۈچ مىڭ بەش يۈز كالورىيە ئىسسىقلىق كېمەيتىلسە ، مايدىن بىر قاداق خورايدۇ . كۈنىگە مىڭ كالورىيە ئىسسىقلىق كەم قوبۇل قىلىنسا ، بىر ھەپتىدە مايدىن ئىككى قاداق كېمىيىدۇ ( بىر قاداق 0.4536 جىڭغا تەڭ ) . ئۈچ ۋاخلىق تاماققا چەك قويۇش ، بولۇپمۇ كەچلىك تاماقنى ئاز يېيىش . زادى قانچىلىك يېيىش مەسىلىسىگە كەلسەك . بۇنى

شۇ ئادەمگە قاراپ بەلگىلەش لازىم. ئالايلۇق، زىيادە سېمىزلەردىن ئەر-لەر كۈنىگە بىر مىڭ بەش يۈز — ئىككى مىڭ كالورىيە ئىسسىقلىق قوبۇل قىلىش، ئاياللار بىر مىڭ ئىككى يۈز — بىر مىڭ بەش يۈز كا-لورىيە ئىسسىقلىق قوبۇل قىلىش لازىم. بۇ ئارقىلىق كۈنىگە مىڭ كالو-رىيە ئىسسىقلىقنى قەتئىي تەكچۈكلاشتۇرغىلى بولىدۇ. بۇنىڭدا ھايۋانات مېيىنى يېيىشنى كونترول قىلىش لازىم. قەنت بىلەن تۇزنى كەم ئىستې-مال قىلىپ، سۇنى كۆپرەك ئىچىپ بەرسە، سېمىزلىكنى سىزدۇرغىلى بولىدۇ. مەسىلەن، گۆشنىڭ سېمىزىنى يېمەي، ئورۇقىنى يېيىش، تو-خۇنىڭ تېرىسىنى يېمەي، گۆشىنى يېيىش، بېلىق يېگەندە مايغا سال-ماي، لازا ئارىلاشتۇرۇپ يېيىش، تۇخۇمنى قورۇماي يېيىش، سۈت، قېتىقنى قايمىقىنى سۈزۈۋېتىپ ئىچىش، تاتلىق مېۋىلەرنى يېمەسلىك ياكى كەم يېيىش، سەككىز ئىستاكان سۇ ياكى بەش ئىستاكان چاي ئىچىش. مۇشۇ ئادەت بىر مەزگىل يولغا قويۇلسا، سېمىزلىك كۆرۈنەر-لىك ھالدا تۆۋەنلەيدۇ.

(«تۇرمۇش مەسلىھەتچىسى» (5) ناملىق كىتابتىن ئېلىندى.)

بۇ پارچىدا سان-سىپىرلارنى ئېلىش، مىسال ئېلىش شەكلى ئارقىلىق سېمىزلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش ئۇسۇلى قايىل قىلارلىق چۈشەندۈرۈلگەن.

⑤ تۈرگە ئايرىش شەكلى: بۇنىڭدا مۇرەككەپ شەيئىلەر، ھەجىم دائىرىسى بىرقەدەر كەڭرى بولغان قائىدە-قانۇنىيەتلەر چۈ-شەندۈرۈلگەن ماقالىلەر ۋە كىتابلاردا ئوي-پىكرنى سىستېمىلىق ئىپا-دىلەش، ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىككە ئۆتۈش، جىنس ئۇقۇمىدىن تۈر ئۇقۇمىغا ئۆتۈش ئۈچۈن تۈرگە ئايرىش شەكلى قوللىنىلىدۇ. تۈرگە ئايرىش شەكلى — ئۇقۇمنىڭ ھەجىمىنى ئېچىپ بېرىش جەريانىدۇر. تۈرگە ئايرىپ چۈشەندۈرۈش شەكلى — «بىر قېتىم تۈرگە ئايرىش»، «كۆپ قېتىم تۈرگە ئايرىش» دەپ ئىككى خىلغا بۆلىنىدۇ. بىر قېتىم تۈرگە ئايرىشتا چۈشەندۈرۈلمەكچى بولغان ئۇقۇمنىڭ ھەجىمى بىر قەدەر

كىچىك بولۇپ ، مەلۇم بىر ئۆلچەمگە ئاساسلىنىپلا شۇ شەيئىنىڭ ئالاھى-
دىلىكى ، خۇسۇسىيىتىنى تولۇق چۈشەندۈرگىلى بولسا بۇ شەكىلنى
قوللىنىمىز . كۆپ قېتىم تۈرگە ئايرىشتا چۈشەندۈرمەكچى بولغان شەيئى
ياكى قائىدە ـ قانۇنىيەتلەر توغرىسىدىكى ئۇقۇمنىڭ ھەجمى بىرقەدەر
كەڭ بولسا كۆپ قېتىم تۈرگە ئايرىش شەكلىنى قوللىنىمىز .

مەسىلەن ، « تۈرۈپ » دېگەن ئۇقۇمنىڭ ھەجمى بىرقەدەر كى-
چىك بولغاچقا ئۇنى رەڭگى ۋە ئۇرۇقىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن ئاق
تۈرۈپ ، كۆك تۈرۈپ ، قىزىل تۈرۈپ دەپ بىر قېتىمدىلا تۈرگە ئايرىپ
چۈشەندۈرۈش مۇمكىن . « ئەدەبىيات » ، « بېلىق » دېگەن ئىككى ئۇقۇم
ھەققىدە ئىككى پارچە چۈشەندۈرۈش ماقالىسى ياكى كىتاب تەييارلىساق
ھەجمى چوڭ بولغان بۇ ئۇقۇملار ھەققىدىكى ئوي ـ پىكىرنى سىستېمى-
لىق ئىپادىلەش ئۈچۈن كۆپ قېتىم تۈرگە ئايرىش ئۇسۇلىنى قوللىنىشقا
توغرا كېلىدۇ .

تۈرگە ئايرىشتا بىر قېتىمدا پەقەت بىرلا ئۆلچەمنى قوللىنىشقا بو-
لىدۇ . بىر قېتىمدا بىردىن ئارتۇق ئۆلچەم ئارىلاشتۇرۇپ قوللىنىلسا چۈ-
شەندۈرۈلمەكچى بولغان شەيئى توغرىسىدىكى ئۇقۇم ، قائىدە ـ قانۇنى-
يەتلەردە مۇجمەللىك كۆرۈلىدۇ . مەسىلەن ، « بۇغداي » دېگەن ئۇقۇمنى
« تېرىش مەۋسۇمىغا ئاساسەن » دېگەن بىرىنچى ئۆلچەم بىلەن يازغى
بۇغداي ، كۈزگى بۇغداي دەپ ئايرىيمىز . بۇ ئىككى خىل بۇغداينىڭ
تېرىلىش ۋاقتى ، ئۇسۇلى ، ھوسۇل ، سۈپەت جەھەتتىكى پەرقى ... قا-
تارلىقلارنى چۈشەندۈرۈپ بولغاندىن كېيىن « ئۇرۇقلۇق سورتىغا
قاراپ » دېگەن ئىككىنچى ئۆلچەم بويىچە تۈرگە ئايرىپ چۈشەندۈرىمىز .
« ئەدەبىيات » دېگەن ئۇقۇمنى بىرىنچى قېتىم تۈرگە ئايرىغاندا « دەۋر
جەھەتتىن » دېگەن بىرىنچى ئۆلچەمنى قوللىنىمىز . كۆپ قېتىم تۈرگە
ئايرىغاندا يەنە ئايرىم ـ ئايرىم ئۆلچەملەرنى قوللىنىپ ، ھەجمى كەڭ
بولغان بۇ ئۇقۇمنى بىر ـ بىرلەپ چۈشەندۈرىمىز .

⑥ تەسۋىرلەپ چۈشەندۈرۈش شەكلى : تەسۋىرلەپ چۈشەن-
دۈرۈشتە ، شەيئىلەرنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى ۋە قۇرۇلۇشى قاتارلىقلارنى

كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىغا كەلتۈرەلىك دەرىجىدە تەسۋىرلەش ئېلىپ بې-
رىلىدۇ. بۇ ئارقىلىق چۈشەندۈرۈلمەكچى بولغان شەيئىنىڭ رەڭ جە-
ھەتتىكى پەرقى ۋە ئالاھىدىلىكى گەۋدىلەندۈرۈلىدۇ. تەسۋىرلەپ چۈ-
شەندۈرۈشتە تىلغا ئېلىنىۋاتقان «تەسۋىر» بەدىئىي ئەسەرلەر، بايان
ماقالىلىرىدە تىلغا ئېلىنغان پېرسوناژلار تەسۋىرىنى ياكى پېرسوناژلارنىڭ
خاراكتېرى يارىتىلغان ئېجتىمائىي، تەبىئىي مۇھىت تەسۋىرىنى ئەمەس
بەلكى چۈشەندۈرۈلمەكچى بولغان شەيئىنىڭ رەڭگى، جۇغى ياكى كۆ-
رۈنۈشىنى تەسۋىرلەپ كىتابخانلارنىڭ كۆز ئالدىدا گەۋدىلەندۈرۈشكە
قارىتىلغان.

مەسىلەن:

مەكتىپىمىز كورلا شەھىرىنىڭ غەرب تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ،
شەھەر مەركىزىدىن سەككىز كىلومېتىر ماڭسىڭىز، ئاۋات، گۈزەل بىر
يېزىغا يېتىپ بارىسىز. چوڭ يولدىن ئايرىلىپ، ئىككى تەرىپى يۇرتىمىز-
نىڭ داڭلىق مەھسۇلاتى بولغان نەشپۈت بىلەن ئورالغان ئاسفالىت يول
بىلەن جەنۇبقا قاراپ بەش يۈز مېتىر ماڭسىڭىز بىزنىڭ گۈزەل لەڭگەر
يېزىسىغا يېتىپ بارىسىز ۋە تۆت ئەتراپى باغ بىلەن ئورالغان يېزا، مەر-
كىزىگە جايلاشقان لەڭگەر يېزا مەركىزىي مەكتىپىنى كۆرىسىز.

(«ئانا مەكتىپىم ۋە ئۇنىڭ يېڭىچە قىياپىتى» ناملىق ماقالىدىن)

ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى دېڭىز يۈزىدىن ئالتە مىڭ بەش يۈز مېتىر
ئېگىز بولغان، قىش - ياز قار كەتمەيدىغان ئېگىز چوققىلار ۋە ئىنتايىن
زور مۇزلۇقلار قاپلاپ تۇرغان چوگىر ئېگىزلىكى رايونى.

(«قارا قورۇم تېغى» ناملىق ماقالىدىن)

بۇنىڭدىن ئىككى مىڭ يىل بۇرۇن، لوپنۇر ئەسلىدە گۈزەل بوس-
تانلىق بولۇپ، هاۋاسى ئىللىق، يەرلىرى مۇنبەت ئىدى. كۆز يەتكۈسىز
ئېتىزلاردا بۇغدايلار دولقۇنلاپ مەۋج ئۇراتتى. ئوتلاقلاردا مال - چارۋىلار
توپ - توپ بولۇپ ئوتلايتتى. شەھەر بۇك - باراقسان، كوچىلىرى
بىر - بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن، دۇكانلار قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان، سو-

دىگەرلەر توپلاشقان شەھەر ئىدى .

( « ئىككى مىڭ يىل ئۇخلىغان شەھەر » ناملىق ماقالىدىن )

چۇمۇلىنىڭ ئېغىزىدىكى ئۇزۇن ۋە پىچاق بىسىدەك كەلگەن چاڭگىقىنىڭ ئىقتىدارى ئادەملەرنىڭ قولىنىڭ ئىقتىدارىغا ئوخشىشىپ كېتىدۇ .

( « چۇملە ھەققىدە قىزىقارلىق پاراڭ » ناملىق ماقالىدىن )

ئۆي قارلىغىچىنىڭ تېنى كىچىك ، قانىتى ئۇزۇن ۋە ئۇچلۇق ، قۇيرۇقى ئاچىماق ، تۇمشۇقى ياپىلاق ۋە قىسقا بولىدۇ . ئۇنىڭ پەيلىرى كۆكۈچ قارا بولۇپ ، پارقىرايدۇ . تېنىنىڭ تۆۋەن قىسمى ئاقۇش ياكى كۈل رەڭ ، پېشانىسى ۋە بوغۇزى قارامتۇل قىزىل بولىدۇ .

( « قارلىغاچ » ناملىق ماقالىدىن )

ئۆرنەك ئۈچۈن بېرىلگەن باشقا ماقالىلەردىن يەنە نۇرغۇن مىساللارنى ئېلىش مۇمكىن .

⑦رەسىم ، ئىسخېما ، جەدۋەل ، خەرىتىلەر ئارقىلىق چۈشەندۈرۈش شەكلى : بۇ ھۈنەر - تېخنىكا ، پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ماقالىلىرى ، كىتابلىرى ( جۈملىدىن دەرسلىك كىتابلار ) ۋە باشقا چۈشەندۈرۈش ماقالىلىرىدە ئەڭ كۆپ قوللىنىدىغان شەكىلدۇر . بۇ خىل شەكىل قوللىنىلغان چۈشەندۈرۈش ماقالىلىرىنى بىز ھەر دائىم كۆرۈپ تۇرغاچقا ئايرىم مىسال كەلتۈرمەيمىز .

⑧بايان قىلىش شەكلى : بۇ خىل شەكىل شەخسلەرنىڭ قىسقىچە تەرجىمھالى ، ئىش تەرتىپى ، مەلۇم مەھسۇلاتنىڭ ياسىلىش ، مەيدانغا كېلىش جەريانى ، مەلۇم ئىلمىي تەجرىبە ، تەتقىقاتنى ئېلىپ بېرىش جەريانى ... قاتارلىقلارنى چۈشەندۈرگەندە قوللىنىدىغان شەكىلدۇر .

بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان بايان قىلىش پېرسوناژ ، ۋەقە ، مۇھىت سۈرەتلەنگەن ئەدەبىي ۋە بەدىئىي ئەسەرلەردىكى بايان قىلىشتىن روشەن ھالدا پەرقلىنىدۇ . يەنى چۈشەندۈرۈش ماقالىلىرىدىكى بايان قىلىش شەكلىدە بايان ئامىللىرى ، بايان قىلىش ئۇسۇللىرى ھەممىدە سۈزۈك بۇ-

لەكلىرى بولمايدۇ. پەقەت مەلۇم شەخس كاتېگورىيىسىگە ئىگە بايان شەكلىلا بولىدۇ.

قىسقىچە تەرجىمھال شەكلىدىكى چۈشەندۈرۈش ماقالىسىدە مەلۇم بايان شەكلى بولىسمۇ، ئەمما بۇ تەرجىمھالدىكى پېرسوناژ ئوبرازى (جۈملىدىن تاشقى قىياپىتى، خاراكتېرى) ھەم شۇ پېرسوناژغا ئائىت جانلىق، كونكرېتنى يېزىلغان ۋەقە - سەرگۈزەشتىلەر بولمايدۇ. پەقەت شۇ شەخس ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچىلا بېرىلىدۇ. مۇشۇنداق بولغاچقا چۈشەندۈرۈش خاراكتېرىدىكى قىسقىچە تەرجىمھاللار بىلەن باشقا ژانىر ۋە تۈرلەردىكى ئەدەبىي، بەدىئىي تەرجىمھاللار روشەن پەرقلىنىدۇ. بۇنى مىسال ئارقىلىق چۈشەندۈرسەك: ئەگەر بىز ئۆزىمىزنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتى، ئائىلە، مەكتەپ، جەمئىيەت (ياكى خىزمەت) ھاياتىمىز ھەققىدە يىلنامە تەرتىپى بويىچە قىسقىلا چۈشەنچە بەرسەك، بۇ چۈشەندۈرۈش ماقالىسى بولىدۇ. ئۇنداق قىلماي پۈتۈن ھاياتىمىزدىكى نەمۇنىلىك ئىشلار ياكى مەلۇم بىرەر پائالىيەت ئىشىمىزنى ئوبرازلىق، تەپسىلىي يېزىش ئارقىلىق ئۆزىمىزنىڭ ئوبرازىمىز ۋە خاراكتېرىمىزنى يورۇتۇپ بەرسەك، بۇ چۈشەندۈرۈش ماقالىسى ئەمەس، بەلكى بايان ماقالىلىرىنىڭ بىر تۈرى بولغان ئەدەبىي تەرجىمھال بولىدۇ.

⑨ سوئال - جاۋابلىق چۈشەندۈرۈش شەكلى: بۇ خىل شەكىل ئوقۇ - ئوقۇتۇش جەريانىدا، زېھنى سىناش مۇسابىقىلىرىدە كۆپ ئۇچرايدۇ. ھازىرقى نۇرغۇن چۈشەندۈرۈش خاراكتېرىدىكى ماقالە - ئەسەرلەر، كىتابلار مۇشۇ خىل شەكىلدە تۈزۈلۈۋاتىدۇ.

چۈشەندۈرۈش خاراكتېرلىك ماقالە - ئەسەرلەردە كۆپ ئۇچرايدىغان ئاساسلىق چۈشەندۈرۈش شەكىللىرى يۇقىرىقىلاردىن ئىبارەت. چۈشەندۈرگۈچىنىڭ ماھارىتى، چۈشەندۈرۈش مۇددىئاسى ۋە چۈشەندۈرۈش ئوبيېكتىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن بىر پارچە چۈشەندۈرۈش ماقالىسىدە بۇ خىل شەكىللەرنىڭ ھەممىسى قوللىنىلىشمۇ ياكى بىر نەچچە خىلى قوللىنىلىشمۇ مۇمكىن.

بىر پارچە چۈشەندۈرۈش ماقالىسىنىڭ ياخشى چىقىش - چىق-

ماسلىقى ۋە چۈشەندۈرۈلمەكچى بولغان ئۇقۇمنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك چۈ-
شەندۈرۈلۈشى ، خۇددى مەلۇم بىر خىل تاماقنى ئوخشىتىپ ئېتىشتە تا-
ماق ئەتكۈچىنىڭ ماھارىتى ، شۇ تاماققا كېتەرلىك خۇرۇچلارنىڭ تو-
لۇق ، دەل جايىدا سېلىنىشى ، تۈجۈپىلەپ ئېتىلىشىگە باغلىق بولغاندەك
ئىش . خۇرۇچنى يۇقىرىدىكى چۈشەندۈرۈش شەكىللىرىگە ئوخشىتىش
مۇمكىن .

## 3 . چۈشەندۈرۈش ماقالىلىرىدە كۆپ قوللىنىدىغان ئىپادىلەش ۋاستىلىرى

تىلنىڭ جانلىقلىقى ، ئوبرازلىقلىقىنى ئاشۇرىدىغان ، ئوي - پى-
كىرنى ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈشىمىزگە ياردەم بېرىدىغان ئىپادىلەش
ۋاسىتىلىرى ، ھەرقايسى ژانىر ۋە تۈرلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ماس ھالدا
قوللىنىلىدۇ . چۈشەندۈرۈش ماقالىلىرىدە بولسا سۈپەتلەش ، ئوخشى-
تىش ، سېلىشتۇرۇش ، جانلاندۇرۇش قاتارلىق بەدىئىي ۋاسىتىلەر كۆپ
قوللىنىلىدۇ .

① سۈپەتلەش : چۈشەندۈرۈلمەكچى بولغان شەيئى ۋە نەزەرى-
يىۋى چۈشەنچىلەرنى تەسۋىرلەشتە ئۇلارنىڭ مۇھىم بەلگىلىرىنى گەۋدى-
لەندۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ . مانا مۇشۇنداق ئەھۋالدا سۈپەتلەش قوللىنى-
لىدۇ .

مىسال ئۈچۈن تۆۋەندىكى پارچىلارنى كۆرەيلى :

قۇملۇقتا قارا تايغان بۆغا ، ئاق بوغۇز بۆكەن ، توشقانسىمان سۆ-
لەيسۈن ، چوڭ ئاق قۇ ، قارا قوتان قاتارلىق ھايۋانلار بار . تەكلىماكان
يەنە دۇنياۋى ئەتىۋارلىق ھايۋان ـــ قوش ئۆركەشلىك ياۋا تۆگىنىڭ
ماكانى .

( « تەكلىماكان ھايۋانات دۇنياسى » ناملىق ماقالىدىن )

ئىچكىرىلەپ كىرسىڭىز مەكتەپ ئوقۇتۇش بىناسىنى ئىككىگە بۆ-
لۈپ تۇرغان يولنىڭ ئىككى يېقىدىكى كۆپكۆك قۇلاق چىقارغان سۆگەت-

لەر مەكتەپكە تېخىمۇ ھۆسن قوشۇپ تۇرىدۇ . ئۇزۇن خادا ئۇچىدا لەپىلدەپ تۇرغان بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراققا قاراڭ!
(«ئانا مەكتىپىم ۋە ئۇنىڭ يېڭىچە قىياپىتى» ناملىق ماقالىدىن)

ئاق رەڭلىك كىيىم ـ كېچەكلەرگە يۇقۇۋالغان كۆك سىياھ داغلىرىنى ئاز مىقداردا سۇدا (ياكى ساپ ھالەتتىكى شۇلتا) قوشۇلغان ئۇن پىرسەنتلىك ئامىياك سۈيى بىلەن سۈرتۈپ تازىلاپ، ئاندىن سۇ بىلەن چايقىۋېتىش ئارقىلىق چىقىرىۋەتكىلى بولىدۇ.
(«سىياھ داغلىرىنى تازىلاپ چىقىرىش» ناملىق ماقالىدىن)

ئۆي قارلىغىچىنىڭ تېنى كىچىك، قانىتى ئۇزۇن ۋە ئۇچلۇق، قۇيرۇقى ئاچىماق، تۇمشۇقى ياپىلاق ۋە قىسقا بولىدۇ.
(«قارلىغاچ» ناملىق ماقالىدىن)

گۈڭگۈرتنىڭ ھاۋادا ئاستا ـ ئاستا كۆيۈپ كۆكۈش يالقۇن چىقىرىدىغانلىقىنى، ساپ ئوكسىگېندا تېز كۆيۈپ يورۇق بولغان كۆكۈش سۆسۈن يالقۇن چىقىرىدىغانلىقىنى كۆرگەنىدۇق.
(ئوتتۇرا مەكتەپ «خىمىيە» دەرسلىك كىتابىدىن)

سۈپەتلەشتىن ئىبارەت بۇ ئىپادىلەش ۋاستىسى ھەرقانداق بەدىئىي ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەردە جۈملىدىن چۈشەندۈرۈش ماقالىلىرىدە ئەڭ كۆپ قوللىنىلىدۇ.

② ئوخشىتىش: چۈشەندۈرمەكچى بولغان شەيئىنى ۋە بۇ شەيئى، ھادىسە توغرىسىدىكى ئۇقۇمنى مەلۇم جەھەتتىن ئوخشاشلىقى بولغان يەنە بىر شەيئى، ئۇقۇم ئارقىلىق چۈشەندۈرۈپ، ئوي ـ پىكرنى ئوبرازلىق، جانلىق ئىپادىلەش مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن چۈشەندۈرۈش ماقالىلىرىدە بۇ بەدىئىي ۋاستە قوللىنىلىدۇ.

مىسال ئۈچۈن تۆۋەندىكى پارچىلارنى كۆرەيلى:

تەكلىماكان توڭگۇزىنىڭ قارا تۈكلىرى يىڭنىدەك تىك، كۆرۈنۈپ تۇرغان ئىككى تال چىشى قىلىچتەك ئىتتىك كېلىدۇ. ئۇ قوم بار-

خانلىرىدا قۇيۇندەك چېپىپ يۈرۈيدۇ .
( « تەكلىماكان ھايۋانات دۇنياسى » ناملىق ماقالىدىن )

بىز ئاي يۈزىگە چۈشكەن يەر سايىسىنىڭ يانلىرىنىڭ شەكلى ياي شەكلىدە بولىدىغانلىقىنى كۆرىمىز . بۇ خۇددى يەر شارىنىڭ ئۆزىنىڭ قانداقلىقىنى « ئەينەككە قاراپ » ئىنتايىن ئوچۇق كۆرۈۋالغانلىقىغا ئوخشاپ كېتىدۇ .
ئوتتۇرا مەكتەپ « جۇغراپىيە » دەرسلىك كىتابىدىن )

تىك تۆتبۇلۇڭ شەكلىدىكى بىر پارچە نېپىز پولات تاختىنىڭ تۆت بۇرجىكىدىن ئۆزئارا تەڭ بولغان تۆت دانە كىچىك كۋادراتنى كېسىۋېلىپ ، ئاندىن ئۇنىڭ تۆت تەرىپىنى پۈكلىسەك ، پاراللېل شەكلىدىكى بىر قاپقاقسىز قۇتا ياسالغان بولىدۇ .
( « ئوتتۇرا مەكتەپ « ئالگېبرا » دەرسلىك كىتابىدىن )

تاقا شەكىللىك ماگنىت .
( ئوتتۇرا مەكتەپ « فىزىكا » دەرسلىك كىتابىدىن )

Uشەكىللىك نەيچە .
( ئوتتۇرا مەكتەپ « خىمىيە » دەرسلىك كىتابىدىن )
كۆتۈلمىگەندە كېپىنەك قۇرتى چېقىۋالسا ، ئاغرىتىپ ، تاتلىق قىچىشتۇرۇپ ، كىشىنى ناھايىتى بىئارام قىلىدۇ . بۇنىڭ سەۋەبى نېمە ؟
ئەسلىدە كېپىنەك قۇرتىنىڭ تېنىدە بىر خىل زەھەرلىك تۈك بولىدۇ . ئۇنى مىكروسكوپتا كۆزەتكەندە ، بۇ زەھەرلىك تۈك يىڭنىدەك ئۇچلۇق ، ئوتتۇرىسى ئوكۇل يىڭنىسىدەك كاۋاك ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ .
( « تۇرمۇش مەسلىھەتچىسى » ناملىق 5 ـ كىتابتا كىرگۈزۈلگەن « كېپىنەك قۇرتى چىشلىۋالسا قانداق قىلىش كېرەك ؟ » ناملىق ماقالىدىن )
تۆۋەندە بېرىلگەن ئۆرنەكلەردىن يەنە كۆپلىگەن مىساللارنى

كۆرسىتىش مۇمكىن . چۇشەندۈرۈش ماقالىلىرىدە كۆپىنچە ئېنىق ئوخ-
شىتىش قوللىنىلىدۇ .

③ تەكرارلاش : پىكىر تەرتىپى بويىچە چۈشەندۈرۈلگەن بىر
قىسىم چۈشەندۈرۈش ماقالىلىرىدە ، نەسرىي ئەسەرلەردىكى تەكرارلاش
ئۇسۇللىرىنىڭ بىر تۈرى بولغان ئارىلىق قالدۇرۇپ تەكرارلاش ئۇسۇلى
كۆپ قوللىنىدۇ . مەسىلەن :

## بىز ئۈچۈن

ئەڭ مۇھىم بولغىنى — ئۆگىنىش .
ئەڭ زۆرۈر بولغىنى — ئىنتىزام .
ئەڭ ئەھمىيەت بېرىشكە تېگىشلىك بولغىنى — تىرىشچانلىق .
ئەڭ قەدىرلەشكە تېگىشلىك بولغىنى — سەممىيلىك .

دېگەنگە ئوخشاش .

④ سېلىشتۇرۇش : چۈشەندۈرۈلمەكچى بولغان شەيئىلەر ئوتتۇ-
رىسىدىكى ئوخشاشلىق بىلەن ئوخشىماسلىقلارنى سېلىشتۇرۇش ئارقى-
لىق ، چۈشەندۈرۈلمەكچى بولغان شەيئىنىڭ ئېنىقلىقى تېخىمۇ ئاشۇرۇ-
لىدۇ . بۇنىڭ بىلەن كىشىلەرنىڭ شەيئىلەرگە بولغان تونۇشى تېخىمۇ
چوڭقۇرلاشتۇرۇلىدۇ .

مىسال ئۈچۈن تۆۋەندىكى پارچىلارنى كۆرەيلى :

ھەر خىل خىمىيىلىك رېئاكسىيىلەردىن تېز يۈرىدىغانلىرىمۇ ،
ئاستا يۈرىدىغانلىرىمۇ بار . مەسىلەن ، ھىدروگېن بىلەن ئوكسىگېن پارت-
لىغۇچى گازنىڭ پارتلاش رېئاكسىيىسى ، كىسلاتا ئېرىتمىسى بىلەن ئىش-
قار ئېرىتمىسىنىڭ نېيتراللىنىش رېئاكسىيىسى قاتارلىقلار قىسقىغىنا ۋاقىت
ئىچىدە تاماملىنىدۇ ؛ نېفىتنىڭ شەكىللىنىشى ئۈچۈن تەخمىنەن تىرىليون
يىل كېتىدۇ .

( « ئوتتۇرا مەكتەپ « خىمىيە » دەرسلىك كىتابىدىن )

... بۇ چوققىلار باشقا تاغلار بىلەن بىرلىكتە زور تەبىئىي توساق

هاسىل قىلىپ ، غەربىي شىمالدىن كېلىدىغان ھاۋا ئېقىمىنى توسۇپ ، بىرقەدەر كۆپ بولغان تاغلىق رايون ھۆل يېغىنىنى شەكىللەندۈرگەن . شۇڭا ، قىسمەن رايونلاردا ئورمانلار قويۇق ئۆسكەن ، بۇ شەرقىي كوئېن-لۇندىن پەرقلەندۈرۈلىدىغان مۇھىم بىر ئالاھىدىلىك .

( « كوئېنلۇن تېغى » ناملىق ماقالىدىن )

بىزنىڭ يەر شارىدا ئەتىگىنى سائەت ئالتىدە قۇياش شەرقتىن كۆتۈرۈلىدۇ ، قۇياشنىڭ تىك كۆتۈرۈلۈشى ئۇچۇن ئالتە سائەت ۋاقىت كېتىدۇ ؛ ئۇنىڭدىن كېيىن ئاستا ـ ئاستا غەربكە قىيسىيىدۇ ، قۇياش چىڭقى چۈش مەزگىلىدىن تاكى ئۇپۇق سىزىقىغا پاتقۇچە ئاران ئالتە سائەتلا ۋاقىت كېتىدۇ ؛ ئون ئىككى سائەتلىك قاراڭغۇ كېچىدىن كېيىن قۇياش ئىككىنچى قېتىم شەرقتىن كۆتۈرۈلۈپ ، يېڭى بىر كۈن باشلىنىدۇ .

بىراق ، ئايدا ئەھۋال ئوخشىمايدۇ . ئايدا قۇياش شەرقتىن كۆتۈ-رۈلۈپ بىر يۈز ئاتمىش نەچچە سائەتتىن كېيىن تىك كۆتۈرۈلىدۇ ؛ چىڭقى چۈشتىن غەربكە يۆتكىلىپ تاكى ئۇپۇق سىزىقىغا پاتقۇچە يەنە بىر يۈز ئاتمىش نەچچە سائەت ۋاقىت كېتىدۇ ؛ يەنە ئۈچيۈز يىگىرمە نەچچە سائەتلىك قاراڭغۇ كېچە ئۆتكەندىن كېيىن « بىر كېچە ـ كۈن-دۈز » ھېسابلىنىدۇ . مۇنداقچە ئېيتقاندا ئايدىكى « بىر كېچە ـ كۈن-دۈز » ( بىر كۈن ) يەر شارىدىكى تەخمىنەن 4 ھەپتىگە توغرا كېلىدۇ .

( « ئايدا بىر كۈن قانچىلىك ئۇزۇن ؟ » ناملىق ماقالىدىن )

سۇڭگۈچ قارلىغاچنىڭ سائەتلىك ئۇچۇش سۈرئىتى بىر يۈز ئەل-لىك — بىر يۈز ئاتمىش كىلومېتىرغا ، تاغ قارلىغىچىنىڭ ئىككى يۈز ئەللىك ـ ئۈچيۈز كىلومېتىرغا يېتىدۇ .

( « قارلىغاچ » ناملىق ماقالىدىن )

بوز يىپتا توقۇلغىنى يۇمشاق ، ئەۋرىشىم بولىدۇ . يۇڭ يىپتا تو-قۇلغىنى سەل قاتتىقراق ئەمما چىدامliq بولىدۇ .

( « ئۇيغۇر ئەرلىرىنىڭ بەلۋېغى — پوتا » ناملىق ماقالىدىن ئېلىندى )

چۈشەندۈرۈش ماقالىلىرىدا خېلى كۆپ قوللىنىلىدىغان بۇ بەدىئىي ۋاستىگە ئۆرنەك ئۈچۈن بىرىلگەن ماقالىلەردىن يەنە مىسال كەلتۈرۈش مۇمكىن.

⑤ جانلاندۇرۇش ( تەگلەشتۈرۈش ) : چۈشەندۈرۈش ماقالىلىرىنىڭ بىر تۈرى بولغان بەدىئىي خاراكتېرلىك ماقالىلەردە، جانلاندۇرۇشنىڭ بىر تۈرى بولغان ئاللېگورىيەلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت بۇ بەدىئىي ۋاستە قوللىنىلىپ، چۈشەندۈرۈلمەكچى بولغان شەيئى قىزىقارلىق، جانلىق سۈرەتلىنىدۇ. مەسىلەن:

مېنىڭ ئىسمىم يېسۋېلەك ( بەسەي )، كۆكتاتلارنىڭ پادىشاھى بولىمەن. سىلەر مېنى بىر يۇەنگە بىر تالاي ئالغىلى بولىدۇ، دەپ مەسخىرە قىلماڭلار، مېنىڭ رولۇم خېلى چوڭ ... دېگەنگە ئوخشاش.

ھازىر بۇ بەدىئىي ۋاستە تېلېۋىزوردا بېرىلىدىغان چۈشەندۈرۈش خاراكتېرىدىكى بەزى كارتون فىلىملىرىدە كۆپ قوللىنىلىۋاتىدۇ.

چۈشەندۈرۈش ماقالىلىرىدە كۆپ قوللىنىلىدىغان بەدىئىي ۋاستىلەر يۇقىرىقىلاردىن ئىبارەت. بۇ ۋاستىلەر چۈشەندۈرۈش ماقالىلىرىدە ئىشلىتىلگەندە، بەدىئىي ئەسەرلەردىكىدەك ئادەملەرنىڭ ئوبرازىنى سۈرەتلەشنى ئەمەس، بەلكى ئادەمدىن ئۆزگە شەيئىلەرنى جانلىق سۈرەتلەش، چۈشەندۈرۈش مەقسىتىدە ئىشلىتىلىدۇ.

چۈشەندۈرۈش ماقالىلىرىدە چۈشەندۈرۈلۈۋاتقان ئوبيېكت ياكى بۇ ئوبيېكت، ھادىسە ھەققىدىكى چۈشەنچىلەر مۇتلەق ئەمەلىي بولغاچقا، بەدىئىي ۋاستىلەرنىڭ باشقا تۈرلىرى بولغان مۇبالىغە، سىمۋول، كىنايە ... قاتارلىقلار قوللىنىلمايدۇ.

## 4. چۈشەندۈرۈش ماقالىلىرىنىڭ مەزمۇن جەھەتتىن تۈرلەرگە بۆلۈنۈشى

چۈشەندۈرۈش خاراكتېرلىك ماقالىلەرنى مەزمۇنى، مەقسىتى، ئىپادىلەش شەكلى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تەپسىلىي بۆلگەندە ( تۈرلەرگە

ئايرىغاندا ) تۈۋەندىكىدەك تۈرلەرگە بۆلۈشكە بولىدۇ .

① شەرھلەش خاراكتېرلىك چۈشەندۈرۈش ماقالىسى : بۇ — تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي پەنلەردىكى نەزەرىيىۋى بىلىملەر ، تېخنىكا بىلىملىرى ، ھۈنەر - سەنئەتكە ئائىت بىلىملەر ۋە بۇ ھەقتە يېڭىدىن ئىختىرا قىلىنىۋاتقان بىلىم ، تېخنىكىلارنى ئۆگەنگۈچىلەرنىڭ ئۆزلۈشتۈرۈۋېلىشى ، ئىگىلىۋېلىشى ، قوللىنىلىشى ياكى پايدىلىنىشى ئۈچۈن سىستېمىلىق شەرھلەنگەن چۈشەندۈرۈش خاراكتېرلىك ماقالىلەرنى كۆرسىتىدۇ . ئومۇمەن ، چۈشەندۈرۈش خاراكتېرىدىكى نەزىرىيىۋى چۈشەنچىلەر شەرھلەش خاراكتېرىدىكى چۈشەندۈرۈش ماقالىلىرى بولىدۇ . جۈملىدىن ھەر دەرىجىلىك مەكتەپلەرنىڭ دەرسلىك كىتابلىرىدىكى باب ، پاراگرافلار بويىچە شەرھلەنگەن تۈرلۈك بىلىملەرنىڭ كۆپ قىسمى مۇشۇ تۈردىكى ماقالىلەرگە كىرىدۇ .

② تونۇشتۇرۇش خاراكتېرىدىكى چۈشەندۈرۈش ماقالىسى : بۇ — ھەر خىل مەھسۇلاتلار ، ھايۋانات ، دەل - دەرەخلەر ، ئۆسۈملۈكلەر ، ئۇچار - قۇشلار ، قورت - قوڭغۇزلار ، يەر - جايلار ، دۆلەت ۋە رايونلار ، تاغ - دەريا ، دېڭىز - كۆللەر ، مەشھۇر قۇرۇلۇشلار ، يېڭى كەشپىياتلار ، مەدەنىي يادىكارلىقلار ، كىتابلارنىڭ مەزمۇنى ، چالغۇ ئەسۋابلار ... قاتارلىق تەبىئەت دۇنياسىدا ئەسلىدە بار بولغان ياكى ئىختىرا قىلىنغان بارلىق شەيئىلەرنىڭ تىپى ، تۈرى ، خاراكتېرى ، شەكلى ، خۇسۇسىيىتى ، مەزمۇنى ، تەركىبى ، ئىشلىتىلىشى ، ئورنى ، رولى ... قاتارلىقلار تونۇشتۇرۇلغان ماقالىلەرنى كۆرسىتىدۇ .

③ بايانىي تۈسكە ئىگە چۈشەندۈرۈش ماقالىسى : بۇ — قىسقىچە تارىخىي تەرجىمىھاللار شۇنىڭدەك مەلۇم ئىشنى ئېلىپ بېرىشنىڭ ئۇسۇلى ، تەرتىپى ، ( مەسىلەن ، « پولو ئېتىشنىڭ ئۇسۇلى » ، « بېھى مۇراببىاسى تەييارلاشنىڭ ئۇسۇلى » ، « يىپەك كىيىملەرگە دەزمال سېلىشنىڭ ئۇسۇلى » ... دېگەندەك ) ، مەلۇم ماددا . مەلۇم مەھسۇلات ، تۇرمۇش بۇيۇمى ، يېمەكلىك قاتارلىقلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشى ، تەييارلىنىش ، ئېلىنىش ، بىرىكىش ياكى قۇراشتۇرۇش تەرتىپى . ئىلمىي تەجرىبە ،

كىلىنكىلىق تەجرىبە ، سىناپ كۆرۈش دوكلاتلىرى قاتارلىق ئۇسۇل ، تەرتىپلەر چۈشەندۈرۈلگەن ماقالىلەرنى كۆرسىتىدۇ .

بۇ خىلدىكى ماقالىلەردە كۆپ ھاللاردا بايان شەكلى كۆپ قوللىنىلىدۇ .

④ بەدىئىي تۈستىكى چۈشەندۈرۈش ماقالىسى : بۇ — ئالدىنقى ئۈچ خىلدىكى ماقالىلەرنىڭ قايسىسىنى يېزىشتا بولمىسۇن ، ئۇنى بەلگىلىك بەدىئىي ماھارەت ۋە ئوبرازلىق سۆز جۈملىلەر ئارقىلىق قىزىقارلىق قىلىپ چۈشەندۈرۈلگەن ماقالىلەرنى كۆرسىتىدۇ .

بۇ خىلدىكى ماقالىلەردە ھەر خىل بەدىئىي ۋاسىتىلەر بولۇپمۇ ئوخشىتىش ، سۈپەتلەش ، ئاللېگورىيىلەشتۈرۈش ، دىئالوگ ، ھېكايە سۆزلەش شەكلى قاتارلىق شەكىللەرنى قوللىنىشقا تازا ئەھمىيەت بېرىپ ، بەدىئىيلىككە ئىگە قىلىش ، ئىلمىيلىكتىن قەتئىي چەتلەپ كەتمەسلىك ، كىشىلەرگە بىلىم بېرىش تەلەپ قىلىنىدۇ .

بۇلاردىن باشقا يەنە بەدىئىي خاراكتېرلىك چۈشەندۈرۈش ماقالىلىرىنىڭ « شەيتان لۇغەت » دەپ ئاتىلىدىغان بىر تۈرى بار . تۇنجى « شەيتان لۇغەت » نى ئامبروس بىرىست دېگەن ئادەم 1881 — يىلى ئامېرىكىدىكى بىر گېزىتتە ئېلان قىلغان . ئېلىمىز كىتابخانلىرى 1991 — يىلىدىن باشلاپ بۇ شەكىل بىلەن تونۇشتى . 1993 — يىلى « مىللەتلەر ئىتتىپاقى » ۋە « تەرمىلەر » ژۇرنىلى بىر بۆلۈك « شەيتان لۇغەت » نى تەرجىمە قىلىپ تونۇشتۇردى .

« شەيتان لۇغەت » لەر جۈملەر قۇرۇلمىسى ، ئىزاھلاش شەكلى جەھەتتىن ئادەتتىكى ئىزاھلىق لۇغەتلەرگە ئوخشىسىمۇ ئەمما خاراكتېر ، خۇسۇسىيەت جەھەتتىن كۈچلۈك يۇمۇرلۇق خۇسۇسىيەت ۋە چوڭقۇر پەلسەپىۋى پىكىرگە ئىگە بولۇپ ، تۇرۇپ بىزنىڭ كۆلكىمىزنى قوزغىسا ، تۇرۇپ ئويغا چۆمدۈرىدۇ . ئۇ بىزنى قاتمال پىكىر چەمبىرىكىدىن قۇتۇلدۇرۇپ ، ئاجايىپ قىزىقارلىق شۇنداقلا ئاجايىپ مول تەسەۋۋۇر دۇنياسىغا باشلاپ كىرىدۇ . باشقا ئىزاھلىق لۇغەتلەرگە ئوخشىمايدىغان يەنە بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى ، ھەربىر پارچە « شەيتان لۇغەت » تە

ئىزاھلانماقچى بولغان شەيئى ، ھادىسىلەرگە بولغان باھا ، ئادەتتىكى لۇ-
غەتلەرگە ئوخشاش ، ئىزاھلانماقچى بولغان شەيئى ھادىسە ، ئۇقۇملارنىڭ
ھەجىمىنى دەل ، توغرا ، ئىلمىي ئاساستا ئىزاھلاپ بېرىش ئەمەس ، بەلكى
بەدىئىي ۋاستىلەرنىڭ ياردىمى ئارقىلىق ئىزاھلاش ھەمدە مەلۇم پەلسە-
پىۋى پىكىرنى سىڭدۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ . ئۇنىڭدىكى ئىزاھات
« شەيتان » لىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇپ ، ئۇنى ئادەتتىكى لۇغەت-
لەرگە ئوخشاش ماقالە ـ ئەسەرلەردە بولۇپمۇ ئىلمىي ئەسەرلەردە ، قارا ـ
قويۇق نەقىل كەلتۈرۈش قىممىتىگە ئىگە بولۇش مەقسەت قىلىنمايدۇ .
قىسقىسى ، ئادەتتىكى ئىزاھلىق لۇغەتلەردىكى ئىزاھلار ئوبيېكتى-
چانلىقنى ئاساس قىلسا ، « شەيتان لۇغەت » تىكى ئىزاھلار سۇبيېكتى-
چانلىققا مايىل بولىدۇ . شۇڭلاشقا بەزى « شەيتان لۇغەت » لەردىكى
ئىزاھلارغا تەنقىدى پوزىتسىيىدە مۇئامىلە قىلىش كېرەك .

## 5 . چۈشەندۈرۈش ماقالىلىرىدىكى چۈشەندۈرۈش تەرتىپلىرى

يۇقىرىدا چۈشەندۈرۈلگەن چۈشەندۈرۈش شەكىللىرى ماقالىنىڭ
ئىچكى تەركىبى قىسمىغا قارىتىلغان ، مەزمۇن جەھەتتىن تۈرلەرگە بۆ-
لۈش بولسا ماقالىنىڭ كونكرېتنى خاراكتېرىگە قارىتىلغان ، چۈشەندۈ-
رۈش تەرتىپلىرى بولسا بىر پۈتۈن ماقالىنىڭ يېزىلىش تەرتىپىگە قارى-
تىلغان . ئاساسلىق چۈشەندۈرۈش تەرتىپلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئى-
بارەت .

① ماكان تەرتىپى بويىچە چۈشەندۈرۈش : مۇئەييەن ماكاندا ،
مۇئەييەن كۆلەمدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئورۇن ـ جايلارنى يەنى ،
تاغ ـ دەريا ، يەر ـ زېمىن ، ئىمارەت ... قاتارلىق شەيئىلەرنى چۈشەندۈ-
رۈشكە توغرا كەلگەندە ، كۆپىنچە ھاللاردا ئۇلارنى ئورۇن تەرتىپى بو-
يىچە بىر ـ بىرلەپ تەرتىپ بويىچە چۈشەندۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ . يەنى
« مېنىڭ يۇرتۇم » ، « مېنىڭ مەكتىپىم » ، « xx تېغى » ، « xx كۆۋ-
رۈكى » ، « تارىم ئويمانلىقى » ، « تەكلىماكان چۆلى » ، « xx قەلئە-

سى » ، « xx باغچىسى » ، « xx كۆلى » ... دېگەنگە ئوخشاش ماقالىلەرنى يازغاندا ، كۆپىنچە ماكان ( ئورۇن ) تەرتىپى بويىچە چۈشەندۈرۈشكە ، يەنى تەكشىلىكتە مەلۇم ماكانغا ، مەلۇم كۆلەمگە ئىگە بولغان شەيئىلەرنىڭ مەلۇم تەرىپىدىن باشلاپ چۈشەندۈرۈپ بىر بۆلەكنى تۈگىتىپ بولغاندىن كېيىن يەنە بىر بۆلەككە ئۆتۈپ چۈشەندۈرۈش ئېلىپ بارىمىز . بۇ خىل يېزىش ئۇسۇلىدا تاشقىرىسىدىن ئىچكىرىسىگە ياكى ئىچكىرىسىدىن تاشقىرىسىغا ؛ يۇقىرىدىن تۆۋەنگە ياكى تۆۋەندىن يۇقىرىغا ، بۇ تەرەپتىن ئۇ تەرەپكە ياكى ئۇ تەرەپتىن بۇ تەرەپكە يېزىش تەرتىپى قوللىنىلىدۇ . مەسىلەن ، تۆۋەندە ئۆرنەك ئۈچۈن بېرىلگەن « ئانا مەكتىپىم ۋە ئۇنىڭ يېڭىچە قىياپىتى » ، « مېنىڭ مەكتىپىم » ناملىق ماقالىلەردە تاشقىرىسىدىن ئىچكىرىسىگە ئورۇن تەرتىپى بويىچە يېزىش ئۇسۇلى قوللىنىلغان . « كوئىنلۇن تېغى » ناملىق ماقالە بولسا غەرب تەرەپتىن شەرق تەرەپكە ( يەنى ئۇ تەرەپتىن بۇ تەرەپكە ) ئۈچ بۆلەككە بۆلۈپ ئورۇن تەرتىپى بويىچە چۈشەندۈرۈلگەن . « قارا قۇرۇم تېغى » ناملىق ماقالە بولسا يۇقىرىدىن تۆۋەنگە ، يەنى تاغنىڭ ئەڭ ئېگىز جايىدىن باشلاپ تۆۋەنگە قەدەر تۆت بۆلەككە بۆلۈپ ئورۇن تەرتىپى بويىچە چۈشەندۈرۈلگەن .

② ۋاقىت تەرتىپى بويىچە چۈشەندۈرۈش : بۇ ۋاقىتنىڭ ئىلگىرى ـ كېيىنلىك تەرتىپى بويىچە چۈشەندۈرۈلگەن ماقالىلەرنى كۆرسىتىدۇ . قىسقىچە تەرجىمىھاللار مەلۇم مەھسۇلاتنىڭ ، كەشپىياتنىڭ بارلىققا كېلىش جەريانى قاتارلىق بايانى تۈستە يېزىلغان ماقالىلەر ۋاقىت تەرتىپى بويىچە چۈشەندۈرۈلگەن ماقالىلەر كاتېگورىيىسىگە كىرىدۇ .

مەسىلەن ، تۆۋەندە ئۆرنەك ئۈچۈن بېرىلگەن « ئالەم قاتنىشىنىڭ ئاتىسى » ، « ئىككى مىڭ يىل ئۇخلىغان شەھەر » ، « ئايدا بىر كۈن قانچىلىك ئۇزۇن ؟ » ، « چېنىقىشقا ۋاقتى يەتمىگەنلەر قانداق چېنىقىشى كېرەك ؟ » ، « مېتئورولوگىيىلىك رادار » ، « سائەت قاچان كەشپ قىلىنغان ؟ » ، « تۆت پەسىل » ، « مېنىڭ ئەجدادلىرىم » قاتارلىق ماقالىلەر ۋاقىت تەرتىپى بويىچە چۈشەندۈرۈلگەن .

③ خىزمەت ( ئىش ) تەرتىپى بويىچە چۈشەندۈرۈش : بۇ مەلۇم ئىش تەرتىپى چۈشەندۈرۈلگەن ماقالىلەرنى كۆرسىتىدۇ .

مەسىلەن ، « چۆچۈرە ئېتىش » ، « پولۇ ئېتىش » ، « بېھى مۇرابباسى ياساش » ، « تەجرىبىخانىدا ھىدروگېننى ئايرىپ ئېلىش » ، « ئائىلىلەردە توك ھاسىل قىلىش » ، « تەنتەربىيە دەرسىدە يۈگۈرۈشتىن بۇرۇنقى تەييارلىق باسقۇچلىرى » ، « پەمىدۇر تېرىپ ئۆستۈرۈش » ... دېگەنگە ئوخشاش ماۋزۇلار ئاستىدا ماقالە يېزىشقا توغرا كەلگەندە ئىش تەرتىپى بويىچە يازىمىز .

④ ئالاھىدىلىك تەرتىپلىرى بويىچە چۈشەندۈرۈش : بەزى شەيئىلەرنى چۈشەندۈرۈشتە ئۇلارنىڭ بىرلا تەرىپىنى ئەمەس ، بەلكى ھەرخىل جەھەتلەردىن چۈشەندۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ . مانا مۇشۇ خىلدىكى ماقالىلەر ئالاھىدىلىك تەرتىپى بويىچە چۈشەندۈرۈلگەن ماقالىلەر بولىدۇ .

مەسىلەن ، « چايان » ، « سىيادان » دېگەن ئىككى شەيئىنى تېبابەت نۇقتىسىدىن چۈشەندۈرگەندە ئۇلارنى تونۇش ، ئۇلار چىقىدىغان ( ئۆسىدىغان ) ئورۇن ، يىغىپ تەييارلاش ، بۇلارنىڭ تەبىئىتى ، ئىشلىتىشى قاتارلىق جەھەتلەردىن : « ئانار » دېگەن دەرەخنى ( شەيئىنى ) ئومۇمىي جەھەتتىن چۈشەندۈرگەندە تارقىلىشى ، ئالاھىدىلىكى ، سورتلىرى ، بىئولوگىيىلىك خۇسۇسىيىتى ، ئانار ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى ، پەرۋىش قىلىش ئۇسۇلى قاتارلىق جەھەتلەردىن ؛ « مۇزايىۋېشى » دېگەن شەيئىنى يەرگە ، ئۆسۈملۈكلەرگە زىيان سېلىش نۇقتىسىدىن چۈشەندۈرگەندە تەۋەلىكى ، مورفولوگىيىلىك خۇسۇسىيىتى ، ياشاش شارائىتى ، زىيان سېلىش ئەھۋالى ، ئالدىنى ئېلىش ۋە يوقىتىش ئۇسۇلى قاتارلىق جەھەتلەردىن : « راۋاپ » ، « بۆدۈنە » ، « سېرىكول » ، « كىرئالغۇ » ، « تىل كامىرا » ، « كالا » ، « قارلىغاچ » ، « قوناق » ... دېگەنگە ئوخشاش شەيئىلەرنى چۈشەندۈرگەندە چۈشەندۈرۈش مەقسىتىگە ئاساسەن بىرنەچچە نۇقتىدىن تۇرۇپ چۈشەندۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ .

⑤ پىكىر تەرتىپى بويىچە چۈشەندۈرۈش : يۇقىرىقى ۋاقىت ، ئورۇن ، ئىش ، ئالاھىدىلىك تەرتىپى بويىچە چۈشەندۈرگىلى بولمايدى-

غان ، پەقەت پىكىر تەرتىپى بويىچە چۈشەندۈرگىلى بولىدىغان بەزى ماقالىلەر بار .

مەسىلەن ، « ئورۇقلاشنىڭ ئۇسۇللىرى » دېگەن تېمىدا بىر پارچە چۈشەندۈرۈش ماقالىسى يازغاندا ، بۇنىڭدا ئورۇقلاش ئۇسۇللىرىنى : ① ئوزۇقلۇقنى مۇۋاپىق ئازايتىش ، ② ھەرىكەتنى كۆپەيتىش ، ③ تاتلىق يېمەكلىكلەرنى ئاز يېيىش ، ④ سۇنى كۆپ ئىچىپ بېرىش ، دېگەندەك نۇقتىلار بويىچە ئابزاسلارغا بۆلۈپ چۈشەندۈرۈش ئېلىپ بارساق ، ياكى « تەكلىماكاندىكى ياۋايى ھايۋانلار » دېگەن ماۋزۇ ئاستىدا بىر پارچە چۈشەندۈرۈش ماقالىسى يازماقچى بولساق ، بۇ ياۋايى ھايۋانلار ، ئۇچار قۇشلارنىڭ سانى ئون — ئون بەشكە يەتسە ، بۇلارنى ئايرىم - ئايرىم چۈشەندۈرۈشكە ، تونۇشتۇرۇشقا ) توغرا كەلگەن ئەھۋالدا ، يۇقىرىدىكى تۆت خىل تەرتىپنىڭ ھېچقايسىسىدا چۈشەندۈرگىلى بولمايدۇ . چۈنكى ، ئورۇقلاشتىكى تۆت خىل ئۇسۇل بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئېلىپ بېرىلىدىغان ئۇسۇل ئەمەس ، بەلكى بىرلا ۋاقىتتا ئېلىپ بېرىلىدىغان ئۇسۇل ؛ ھېلىقى ئون — ئون بەش خىل ھايۋانات ، ئۇچار قۇشلار بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى دەرىجە ، سالاھىيەت بويىچە تىزىلىدىغان ھايۋانات ، ئۇچار قۇشلار ئەمەس . لېكىن ، بەش بارماقنى بىراقلا ئېغىزغا تىققىلى بولمىغاندەك ، بۇ ھەقتىكى چۈشەنچىلەرنى بىرلا ۋاقىتتا سۆزلەپ چۈشەندۈرۈپ كېتىشمۇ مۇمكىن ئەمەس . مۇشۇنداق شارائىتتا چۈشەندۈرمەكچى بولغان شەيئىلەر ، قائىدە - قانۇنىيەتلەر ، ئوي - پىكىرلەرنى بىر - بىرلەپ چۈشەندۈرۈشكە ، بىر نۇقتىنى چۈشەندۈرۈپ بولۇپ تەبىرىگە ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ . ئۇنىڭدىن باشقا يەنە « ئەدەبىيات توغرىسىدا چۈشەنچە » ، « سۆز تۈركۈملىرى توغرىسىدا چۈشەنچە » دېگەن قائىدە - قانۇنىيەتلەرنى چۈشەندۈرۈش ئېلىپ بارغاندا ، بۇ ئۇقۇملارنىڭ ھەجىم دائىرىسى بەك كەڭ بولغاچقا بۇ ھەقتىكى بارلىق چۈشەنچىلەرنى بىرلا ۋاقىتتا چۈشەندۈرۈپ كەتكىلى بولمايدۇ . بۇنداق شارائىتتا ھەجمى كەڭ بولغان بۇ ئۇقۇملارنى تۈرگە ئايرىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ ، ئوي - پىكىرنى

تەرتىپ بويىچە ئىپادىلەشكە توغرا كېلىدۇ . ( يۇقىرىدا چۈشەندۈرۈلگەن نەزەرىيىۋى بىلىملەر ۋە ھازىر چۈشەندۈرۈلۈۋاتقان چۈشەنچىلەرمۇ مۇشۇ خىل تەرتىپتە بولۇۋاتىدۇ ) مانا بۇ پىكىر تەرتىپى بويىچە چۈشەندۈرۈش بولىدۇ .

# ئۆرنەكلەر

## ماكان تەرتىپى بويىچە چۈشەندۈرۈلگەن ماقالىلەردىن ئۆرنەكلەر

### كوئېنلۇن تېغى

مۇلىك ھاجى

( سان - سىپىرلارنى ئېلىش ، شەرھلەش ( ئىزاھلاش ) ، بايان قىلىش ، تۈرگە ئايرىش شەكلى ، ئوخشىتىش ، سېلىشتۇرۇش ۋاسىتىسى قوللىنىلغان ، ماكان تەرتىپى بويىچە چۈشەندۈرۈلگەن تونۇشتۇرۇش خاراكتېرىدىكى ماقالە . )

كوئېنلۇن تېغى نۇرغۇن تاغ تىزمىسىدىن تەشكىل تاپقان زور تاغ سىستېمىسى . ئۇ ئاسىيا قىتئەسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىن توغرىسىغا كېسىپ ئۆتكەن بولغاچقا ، « ئاسىيانىڭ ئومۇرتقىسى » دەپ نام ئالغان . ئۇنىڭ ئومۇمىي مەيدانى بەش يۈز مىڭ كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ ، دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرا ھېساب بىلەن بەش مىڭ بەش يۈز مېتىردىن ئالتە مىڭ مېتىرغىچە ئېگىز .

كوئېنلۇن تېغى غەرب ، ئوتتۇرا ، شەرقتىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنىدۇ . غەربىي كوئېنلۇن پامىرنىڭ شەرقىي ئۇچىدىن باشلىنىپ ، شەرقتە يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ باشلىنىش مەنبەسى بولغان رايونغا قەدەر سوزۇلغان . ئۇ تىزناپ تېغى ، سانجۇ تېغى ، قوڭۇر تېغى ، تاشقورغان تېغى ، سۆگەل تېغى قاتارلىق ئۈچ قاتار پاراللېل جايلاشقان تاغ تىزمىسىدىن تەشكىل تاپقان بولۇپ ، ئۇزۇنلۇقى ئالتە يۈز كىلومېتىر ، ئوتتۇ-

رىچە كەڭلىكى بىر يۈز ئەللىك كىلومېتىر كېلىدۇ. دېڭىز يۈزىدىن يەتتە مىڭ يەتتە يۈز ئون توققۇز مېتىر ئېگىز بولغان قوڭغۇر تاغ بىلەن يەتتە مىڭ بەش يۈز قىرىق ئالتە مېتىر ئېگىز بولغان مۇز تاغ غەربىي كوئىنلۇندىكى ئەڭ ئېگىز تاغ چوققىسى ھېسابلىنىدۇ. بۇ چوققىلار باشقا تاغلار بىلەن بىرلىكتە زور تەبىئىي توساق ھاسىل قىلىپ، غەربىي شىمالدىن كېلىدىغان ھاۋا ئېقىمىنى توسۇپ، بىرقەدەر كۆپ بولغان تاغلىق رايون ھۆل يېغىنىنى شەكىللەندۇرگەن. شۇڭا، قىسمەن رايونلاردا ئورمانلار قويۇق ئۆسكەن، بۇ شەرقىي كوئىنلۇندىن پەرقلەندۇرۇلىدىغان مۇھىم بىر ئالاھىدىلىك.

ئوتتۇرا كوئىنلۇن يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ باشلىنىش مەنبەسىدىن قارا مېدەن تېغىنىڭ ئېغىزىغا قەدەر سوزۇلغان بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى ئالتە يۈز كىلومېتىر، كەڭلىكى ئىككى يۈز كىلومېتىر كېلىدۇ. ئۇنىڭ شىمالىي تەرىپى تارىم ئويمانلىقى بىلەن تۇتىشىپ تۇرغاچقا، ئۇ كوئىنلۇن تېغىنىڭ ئەڭ قۇرغاق قىسمى ھېسابلىنىدۇ. بۇ يەرنىڭ ھۆل - يېغىن مىقدارى ئاز، دەريا ئېقىنلىرى شالاڭ.

شەرقىي كوئىنلۇن قارامېدەن تاغ ئېغىزىنىڭ شەرقىي تەرىپى بولۇپ، ئۇ چىمەنتاغ، ئارقا تاغ، بورخان بودا ۋە ئانىما چىڭ، كوكوشىلا، بايىن قارا قاتارلىق ئېگىز تاغلاردىن تەشكىل تاپقان. بايىن قارا تېغى چاڭجاڭ دەرياسى بىلەن خۇاڭخې دەرياسىنىڭ سۇ بۆلگۈچىسىدۇر.

(«شىنجاڭ گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى مەخسۇس بەتلەر گۇرۇپپىسى نەشرگە تەييارلىغان «جاھاننامە» ناملىق كىتابتىن ئېلىندى.)

## قارا قۇرۇم تېغى

(سان - سىپىرلارنى ئېلىش، ئىزاھلاش، تەسۋىرلەش، بايان قىلىش شەكىللىرى قوللىنىلغان، ماكان تەرتىپى بويىچە چۈشەندۇرۇلگەن تونۇشتۇرۇش خاراكتېرىدىكى ماقالە)

قارا قورۇم تېغى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ غەربىي جەنۇبىي قىسمى-
دىن ( پامىر ئېگىزلىكىدىن ) شەرققە سوزۇلۇپ ، شىمالىي تىبەت تاغ
تىزمىلىرى بىلەن تۇتىشىپ كېتىدۇ . تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇ-
بىدىكى قىزىلسۇ ، قەشقەر ، خوتەن رايونلىرىدا بۇ تاغنىڭ شەرقىي شى-
مالىي ئېتىكىگە جايلاشقان . بۇ تاغ تىزمىسىدىن تارىم ئويمانلىقىنىڭ
غەربىي جەنۇبىي قىسمىغا ئېقىپ چۈشكەن قىزىل ، گەز ، تۈمەن ، كۆ-
سەن ، ئاقتاش ، ئۇلۇغ ئارت ، يەكەن ، خالاستان ، ئۇلۇغ ئۆستەڭ ،
پاخپۇ ، شىخشۇ ، باش چۆپ ، قۇلانئاغۇ ، تازغۇن ، سانجۇ ، دۇۋا ، قارى-
قاش قاتارلىق ئوتتۇز نەچچە چوڭ ـ كىچىك دەريا ئېقىن تارىم دەرياسى-
نىڭ باش گەۋدىسىنى ھاسىل قىلغان .

قارا قورۇم تاغ تىزمىسىنىڭ ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدىكى قىس-
مىنى تۆت چوڭ تەبىئىي ئىقلىم رايونىغا بۆلۈشكە بولىدۇ . بىرىنچىسى ،
ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى دېڭىز يۈزىدىن ئالتە مىڭ بەش يۈز مېتىر ئېگىز
بولغان ، قىش ـ ياز قار كەتمەيدىغان ئېگىز چوققىلار ۋە ئىنتايىن زور
مۇزلۇقلار قاپلاپ تۇرغان چوگىر ئېگىزلىكى رايونى . كۆلىمى ئۈچ مىڭ
كۋادرات كىلومېتىردىن ئاشىدىغان بۇ ئېگىزلىككە دۇنيا بويىچە 2 ـ ئېگىز
چوققا ( دېڭىز يۈزىدىن سەككىز مىڭ ئالتە يۈز ئون بىر مېتىر ئېگىز )
چوگىر چوققىسى جايلاشقان . بۇ ئېگىزلىكنىڭ ئىقلىمى سوغۇق ،
ھاۋاسى شالاڭ بولۇپ ، ئىيۇل ئېيىدىمۇ ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا دائىم
سىلسىيە بەش گرادۇستىن تۆۋەن بولىدۇ ، شۇڭا بۇ يەر ھاياتلىق ۋە ھا-
ياتلىق مەنبەسى يوق يېپيېڭى زېمىن ھېسابلىنىدۇ . ئىككىنچىسى ، شەرقىي
شىمالىي تاشقورغان ، ئاقتۇ تاغ تىزمىلىرىدىن تارتىپ خوتەن ناھىيىسى
تەۋەسىدىكى ئاقسايچىن تاغلىرىغىچە سوزۇلغان . ئومۇمەن ، ئوتتۇرىچە
ئېگىزلىكى دېڭىز يۈزىدىن بەش يۈز مېتىر ئەتراپىدا ئېگىز بولغان يېيىلما
دۆمبەل ـ تارام تاغ رايونى ، بۇ رايوننىڭ كۈنگەي تۆپىلىكلىرىدە ھەر-
يىلى قىسقا ياز ئايلىرىدا گۈلنەپشە ، كىلەپ ، چۈشكۈن ، پۈيۈك ، قار
لەيلىسى قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەر شالاڭراق ئۆسىدۇ . ئېگىزلىكتە كېيىك ،
كۆكمەت ، ياۋا قوتاز ، قار ـ مۇز قۇشلىرى ، قار ـ مۇز ھاشاراتلىرى پە-

سىل قوغلىشىپ ئۇۋۇلايدۇ ۋە ئوتلايدۇ. بۇ تۆپىلىكلەرنىڭ كۆنگەي ئېتەكلىرىدە 6 – ، 7 – ئايلاردا مال باققىلى بولىدىغان بەزى پەسىللىك ئۆسۈملۈك ۋادىلىرى بار. لېكىن، قاتناش ۋە تەبىئىي توسالغۇلارنىڭ كاشىلىسى سەۋەبلىك، ئۇنىڭدىن مۇقىم پايدىلانغىلى بولمايدۇ. ئىيۇل ئېيىدا ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى سىلسىيە يىگىرمە گرادۇس ئەتراپىدا بولىدۇ. ئۇچىنچىسى، بۇ رايونغا بىرىنچى رايوندىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى ئىككى مىڭ مېتىرچە تۆۋەن بولغان تاغ تىزمىسى رايونى كىرىدۇ. بۇ دائىرىگە خوتەن، قارىقاش، گۇما، قاغىلىق، پوسكام، يەكەن، يېڭىسار، ئاقتۇ، تاشقورغان ناھىيىلىرىنىڭ بىرقىسىم تاغلىق رايونلىرى، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، كان بازىلىرى مەركەزلەشكەن. بۇ جايلاردا قارىغاي، قېيىن، قاۋاق، غوچ، ئازغان ۋە تاغ تېرەكلىرى كۆپرەك بولۇپ، بۆرە، ئېيىق، سىلەيسۇن، تۈلكە قاتارلىق ئوتتۇز نەچچە خىل ياۋايى ھايۋان ۋە ئۇلار، كەكلىك، چۇمغاق، قۇزغۇن، بۈركۈت، لاچىن، قۇرغۇي، غىجى قاتارلىق قۇشلار تۈركۈمى قىش - ياز ماكان تۇتىدۇ. بۇ يەرلەردە تۆت پەسىل ئېنىق. ئارپا، يازغى بۇغداي، قىچا، زاغۇن قاتارلىق يازلىق زىرائەتلەر ئوبدان پىشىدۇ. ئىيۇل ئېيىدا ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى سىلسىيە يىگىرمە — ئوتتۇز گرادۇس بولىدۇ. تۆتىنچىسى، بۇ رايونغا كەڭ ۋادىلارغا ئۇسۇپ كىرگەن تاغ ئېتەكلىرى كىرىدۇ. بۇ رايونلارنىڭ ئەتراپى قۇرغاق، كۆيۈك تاغ تىزمىلىرى بىلەن ئورالغان بولۇپ، ھاۋاسى ئۆزگىرىشچان، ساي، چۆللەرنىڭ تەسىرىگە كۆپرەك ئۇچرايدۇ، شۇڭا تەبىئىي شارائىتى ناچار.

قارا قۇرۇم تاغ تىزمىسىنىڭ ئوتتۇرا، غەربىي ئېگىزلىكىدىن جۇڭگو - پاكىستان تاشيولى، شىزاڭ بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭ رايونى ئوتتۇرىسىدىكى چوڭ تاشيوللار ئۆتىدۇ، تارىختىكى قاغىلىق - لاداق تاشيولىمۇ بۇ تاغنى يېرىپ ئۆتكەن.

(«شىنجاڭ گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى مەخسۇس بەتلەر گۇرۇپپىسى نەشرگە تەييارلىغان «جاھاننامە» ناملىق كىتابتىن ئېلىندى)

# ئانا مەكتىپىم ۋە ئۇنىڭ يېڭىچە قىياپىتى

باھارگۈل لوقمان

( بايان قىلىش ، تەرىپ بېرىش ، تەسۋىرلەش شەكلى ، ئوخشىتىش ، سېلىشتۇرۇش ۋاستىسى قوللىنىلغان ، ماكان تەرتىپى بويىچە يېزىلغان ، تونۇشتۇرۇش خاراكتېرىدىكى ماقالە )

مەكتەپ — مەرىپەت بېغى ، كىشىنىڭ تەشنالىقىنى قاندۇرغۇچى بۇلاق ، ئىنسان قەلبىنى يورۇتقۇچى نۇرلۇق قۇياش ، ھايات يولىنى كۆرسىتىپ بەرگۈچى ماياك . مەكتەپنى ھەرقانچە تەرىپلىسەكمۇ ، بىزنىڭ بۇ ئاجىز تىللىرىمىز بىلەن ئۇنىڭ ماھىيىتىنى تولۇق ئىپادىلەپ بەرگىلى بولمايدۇ .

مەكتىپىمىز كورلا شەھىرىنىڭ غەرب تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ ، شەھەر مەركىزىدىن سەككىز كىلومېتىر ماڭسىڭىز ، ئاۋات ، گۈزەل بىر يېزىغا يېتىپ بارىسىز . چوڭ يولدىن ئايرىلىپ ، ئىككى تەرىپى يۇرتىمىزنىڭ داڭلىق مەھسۇلاتى بولغان نەشپۈت دەرىخى بىلەن ئورالغان ئاسفالت يول بىلەن جەنۇبقا قاراپ بەش يۈز مېتىر ماڭسىڭىز ، بىزنىڭ گۈزەل لەڭگەر يېزىسىغا يېتىپ بارىسىز ۋە تۆت ئەتراپى باغ بىلەن ئورالغان يېزا مەركىزىگە جايلاشقان لەڭگەر يېزا مەركىزىي مەكتىپىنى كۆرىسىز . مانا بۇ مەرىپەت بۆشۈكى ، بىزنىڭ مەكتىپىمىز .

دەرۋازا ئۈستىگە « كورلا شەھەر لەنگەر يېزا مەركىزىي مەكتىپى » دەپ ئۇيغۇرچە ھەم خەنزۇچە يېزىلغان نەقىشلىك ۋىۋىسكا مەكتەپ دەرۋازىسىغا ھۆسن قوشۇپ تۇرىدۇ . دەرۋازىنىڭ ئىككى يېقىدىكى ئاپئاق سىرلانغان دوسكىغا سىزىلغان پەن - تېخنىكىغا ئائىت كۆركەم رەسىملەر ، مائارىپنى يۈكسەلدۈرۈش ھەققىدە يېزىلغان ئەقلىيە سۆزلەر نۇر چېچىپ چاقناپ تۇرىدۇ . مەكتەپ دەرۋازىسىدىن كىرىشىڭىز بىلەنلا خۇددى باغچىلارنىڭكىدەك گۈل چىقىرىپ تەكشى خىش ياتقۇزۇلغان يول سىزنى تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ كىرىشىڭىزگە جەلپ قىلىدۇ . دەرۋازىدىن

كىرىپلا ئۇنىڭ تەرەپتە سەبىي ئۆسمۈر بالىلارنىڭ قەلبىدەك ئەمدىلا مېۋە-
لەش ئالدىدا تۇرغان بىر تۈپ نەشپۈت دەرىخى ، سەل نېرىراقتا ئەتراپىغا
خىش ياتقۇزۇلغان تەكشى ۋاسكېتبول مەيدانى ، سول تەرەپتە ئاستىغا
پۈتۈنلەي قۇم تۆكۈلگەن ھەر خىل تەنتەربىيە چېنىقىش سايمانلىرى
رەتلىك ئورۇنلاشتۇرۇلغان . سەل نېرىراقتا پىششىق خىش بىلەن سېلىن-
غان كۆركەم بىر يۈرۈش قۇرۇلۇش بار . بۇ مەكتەپىمىزنىڭ تەجرىبىخا-
نىسى ، مەكتەپ كۇتۇپخانىسى ، يېزىلىق مائارىپ تەتقىقات ئىشخانىسى ۋە
ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئائىلىسى بار . ھە راست ، مەكتەپىمىزنىڭ ئوتتۇ-
رىسىدا ئۇزاق يىللاردىن بۇيان قاتتىق بوران - چاپقۇن ، زىمىستان سو-
غۇق ، تومۇز ئىسسىقتا ئۆزىنىڭ سىيماسىنى گەۋدىلەندۈرۈپ ، ئەمدىلا
قۇلاق چىقىرىش ئالدىدا ، قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان سىدە دەرىخىنى دېمەم-
سىز تېخى ! ئىچكىرىلەپ كىرسىڭىز مەكتەپ ئوقۇتۇش بىناسىنى ئىككىگە
بۆلۈپ تۇرغان يولنىڭ ئىككى يېقىدىكى كۆپكۆك قۇلاق چىقارغان سۆ-
گەتلەر مەكتەپكە تېخىمۇ ھۆسن قوشۇپ تۇرىدۇ . ئۇزۇن خادا ئۇچىدا
لەپىلدەپ تۇرغان بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراقتا قاراڭ ! ئىككى تەرىپىدە
رەتلىك سېلىنغان سىنىپلار ، يەنىمۇ ئىچكىرىلەپ ماڭسىڭىز ، مەكتەپ
دەرۋازىسىغا ئۇدۇل قىلىپ سېلىنغان ئىشخانا بىناسى ئالدىدىكى كۆركەم
چەمبەر شەكىللىك گۈللۈك ئوقۇتقۇچىلار ئىشخانىسىغا تېخىمۇ ھۆسن
قوشۇپ تۇرىدۇ .

ئەمدى مەن سىزنى سىنىپلىرىمىزغا باشلاپ كىرەي . سىنىپلارنىڭ
ئالدىغا كېلىشىڭىز بىلەنلا يورۇق ، ئازادە ، رەتلىك ، پاكىز سىنىپ
سىزنى ئۆزىگە تولىمۇ جەلپ قىلىدۇ . سىنىپقا كىرىشىڭىز بىلەنلا گۈش-
رەڭ بىلەن سىرلانغان ، رەتلىك قويۇلغان پارتا - ئورۇندۇقلار ، ئاپئاق
ئاقارتىلغان تاملار ، پەنەركە بىلەن خۇيلانغان توروس ، ئاپئاق تاملارغا
چاپلانغان ئۆگىنىش مۇنبىرى ، تۆت گۈزەل ، بەش بولۇش ، ئۈچنى
قىزغىن سۆيۈش قاتارلىق قائىدە - نىزاملار ، ئوقۇغۇچىلار ئارخىپى ،
« كىچىك بۇركۇت پائالىيىتى » ، « نەشۇنقات ۋىۋىسكىسى ، كۆچمە قى-
زىل بايراق ، تىرىشىپ ئۆگىنىش ھەققىدىكى شوئارلار ، ئىنقىلابىي شا-

ئىرلارنىڭ شېئىرلىرى، ئەينەك دوسكا، كۆلەڭگە چۈشۈرۈش ئاپپاراتىنىڭ ئېكرانى، دېرىزە تەكچىسىگە قويۇلغان ئۈنئالغۇ سىنىپقا ھۆسن قوشۇپ تۇرىدۇ. مانا بۇ بىزنىڭ سىنىپ. تەجرىبىخانىلاردا بولسا ئۆزىمىز قول سېلىپ ئىشلەيدىغان بىر يۈرۈشتىن تەجرىبە سايمانلىرى، بوش ۋاقىتلىرىمىزنى بىكار ئۆتكۈزمەي كىتاب كۆرىدىغان كۈتۈپخانا، ئوقۇغۇچىلارغا تولۇق يېتىدىغان تەنتەربىيە سايمانلىرى، ئازادە ئوقۇش بىنالىرىمىز بار. بولۇپمۇ ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىش، «ئىككى ئاساسەن» خىزمىتىنى ئۆتكۈزۈۋېلىش جەريانىدىكى زور ئۆزگىرىش، يېڭىچە قىياپەت گەۋدىلىك ئورۇندا تۇرىدۇ.

ئەمدى بىز مەكتىپىمىزنىڭ يېڭى قۇرۇلغان چاغدىكى قىياپىتىگە قايتايلى. ئۇ چاغدا مەكتىپىمىزدە سىنىپ، پارتا ـ ئورۇندۇق، ئوقۇش ئەسلىھەلىرىمىز كەمچىل ئىدى. تەنتەربىيە سايمانلىرى توغرۇلۇق ئېغىز ئېچىش تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بىزنىڭ ئاتا ـ ئانىمىز بۈگۈنكىدەك ياخشى ئوقۇش شارائىتىغا ئىگە ئەمەس ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇلار جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداپ تىرىشىپ ئۆگىنىپ، نۇرغۇن ئىختىساسلىق خادىملار يېتىشىپ چىققانىدى. مانا بۇ مەكتىپىمىزنىڭ ئۆتمۈشى بىلەن بۈگۈنكى يېڭى قىياپىتىدىكى ئەينەن سېلىشتۇرما ئەمەسمۇ؟ ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىش سىياسىتىنىڭ ئىلھامى، بولۇپمۇ يېقىنقى يىللاردىن بىرى ئېلىپ بېرىلغان «ئىككى ئاساسەن» خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن كېيىن ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي يولداشلار ۋە كەڭ ئاممىنىڭ قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىشى ۋە ياردەم قىلىشى ئارقىسىدا يۇقىرىقىدەك ئوقۇش ئەسلىھەلىرى، يېڭىچە مەكتەپ قىياپىتى ۋە يېڭىچە كەيپىيات بارلىققا كەلدى. يېڭى ئوقۇش يىلىدىن كېيىن دەرستىن سىرتقى پائالىيەتلەر بولۇپمۇ ئىككىنچى دەرسخانا پائالىيىتى جانلىنىپ كەتتى.

بىز مۇشۇنداق گۈزەل مەرىپەت باغچىسىدا، ياخشى شارائىت ئاستىدا بىرلىكتە قول تۇتۇشۇپ ئىلگىرىلەپ، جاپاكەش ئۇستازلارنىڭ ياردىمىدە خۇشال ـ خۇرام تىرىشىپ ئۆگىنىۋاتىمىز.

(«ئۈمىد چېچەكلىرى» ژۇرنىلىدىن ئېلىندى.)

# مېنىڭ مەكتىپىم

شېرىنئاي مەتىمىن

( بايان قىلىش ، تەسۋىرلەش ، سان ـ سىپىرلارنى ئېلىش شەكلى ، سۆ-
پەتلەش ، ئوخشىتىش ۋاسىتىسى قوللىنىلغان . ماكان تەرتىپى بويىچە چۈشەن-
دۈرۈلگەن ، تونۇشتۇرۇش خاراكتېرىدىكى ماقالە )

مېنىڭ مەكتىپىم ئىللىق ئائىلەمگە ئوخشايدۇ . مەكتىپىمدە ئىلىم ـ پەن كەۋسەرلىرىنى بۇلدۇقلىتىپ ، سەبىي قەلبىمنى ئۈمىد ـ ئىستەكلەرگە تولدۇرغۇچى ئوقۇتقۇچىلىرىم بار . ئۇلار خۇددى مېھرىبان ئاتا ـ ئانامنىڭ ئۆزى . بىر ھەپتىنىڭ بەش كۈنىنى مۇشۇ مەكتەپتە ئۆتكۈزىدىغانلىقىم ئۈچۈنمۇ ياكى مەكتىپىمنىڭ گۈزەللىكى ، ئوقۇتقۇچىلىرىمنىڭ كۆيۈمچانلىقى سەۋەبىدىنمۇ ئەيتاۋۇر ، مەكتەپكە بولغان مۇھەببىتىم شۇ قەدەر كۈچلۈك ، شۇڭا ھەپتىدە ئىككى كۈنلۈك دەم ئېلىش كۈنلىرىمدىمۇ نېمىشقىدۇر مەكتىپىمنى سېغىنىپ قالىمەن . بەزى دەم ئېلىش كۈنلىرىدىمۇ دوستلىرىم بىلەن ئويناپ مەكتەپ ئەتراپىغا بېرىپ قالغۇدەك بولسام ، دوستلىرىمغا « ئاۋۇ مېنىڭ مەكتىپىم ! » دەپ زوق ـ شوق بىلەن سۆزلەپ كېتىمەن .

مەكتىپىم ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ بەخت يولى بىلەن دۆلەت قۇرۇلۇش يولى ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان . ئەگەر سىز 17 ـ يول ئاپتوبۇسىغا ئولتۇرۇپ 15 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ بېكىتىدە چۈشۈپ ، قارشى تەرەپتىكى كوچىغا كىرىپ تەخمىنەن ئىككى يۈز مېتىر مېڭىپ سول تەرەپكە قارىسىڭىز ، « ئۈرۈمچى شەھەرلىك 33 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ » دېگەن ۋەۋىسكا ئېسىلغان قوش قاناتلىق تۆمۈر دەرۋازىنى كۆرىسىز ، مانا بۇ مېنىڭ مەكتىپىم .

دەرۋازىدىن كىرىپ تەخمىنەن يۈز مېتىر ئىچكىرىلەپ ماڭسىڭىز ،

مەكتەپنىڭ تېمى قىرىدىكى بىر - بىرىگە چىرمىشىپ كەتكەن سېدە ۋە تاغ تېرەكلىرى ئۆزىنىڭ يېقىملىق شىرىق - شىرىق ئاۋازى بىلەن قارشى ئالسا ، لەپىلدەپ تۇرغان بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراق سىزنىڭ ئانا مەكتەپكە بولغان مېھرىڭىزنى كۆچەيتىدۇ . مەكتەپ بىناسىنىڭ ئىككى تەرىپىدە قىشمۇ ياز كۆكىرىپ تۇرىدىغان قارىغايلار بوران - چاپقۇنغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان جەسۇرانە مەنىۋى ئوبراز تىكلەپ بېرىدۇ .

مەكتەپنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى ئۈچ مىڭ توققۇز يۈز ئوتتۇز كۋادرات مېتىر . ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ كۆلىمى ئىككى مىڭ بىر يۈز ئاتمىش بەش كۋادرات مېتىر ، جەمئىي ئون سەككىز سىنىپ بار . ھەربىر سىنىپتا تەخمىنەن ئوتتۇز ئالتە بالا ئوقۇيدۇ . مەكتەپ ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ ئالدىدا بىر مىڭ يەتتە يۈز يەتمىش بەش كۋادرات مېتىر كېلىدىغان بىر مەيدان بولۇپ ، مەكتەپتىكى بارلىق ئوقۇغۇچىلار بۇ مەيدانغا ئاران سىغىشىپ گىمناستىكا ئوينايدۇ . بۇ مەيدان كىچىك بولغىنى بىلەن ھەر ھەپتىنىڭ 1 - كۈنى بايراق چىقىرىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلىدىغان ۋە ساۋاقداشلىرىمىنىڭ دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلاردا ئوينايدىغان ئازادە سورۇنى بولالايدۇ .

ئەگەر سىز مەكتەپىمنى چوڭقۇر چۈشەنمەكچى بولسىڭىز ، نەزىرىڭىزنى بىنانىڭ ئىچىگە ئاغدۇرۇڭ . بىناغا كىرىش ئىشىكىنىڭ ئۈستىدە « مەدەنىيەتلىك ئورۇن » دېگەن شەرەپ تاختىسى بار . قوش قاناتلىق ئىچكى ئىشىكنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تامدا يوغان بىر ئەينەك بولۇپ ، بارلىق ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار كارىدورغا كىرگۈچە ئۆزلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ كىرىدۇ . بىنا ئىچىدىكى شەرەپ تاختىسى ۋە قارا تاختا گېزىتى ھەر داىم يېڭىلىنىپ تۇرىدۇ . بىنانىڭ 1 - قەۋىتىدىن 3 - قەۋىتىگىچە ئوڭ تەرەپكە ئوقۇتقۇچىلار ئىشخانىسى ، سول تەرەپكە سىنىپلار ئورۇنلاشتۇرۇلغان . 4 - قەۋەتتە مۇزىكا سىنىپى ، تەجرىبىخانا ، لابوراتورىيە بار . 5 - قەۋەتتە تاملىرىغا ئەينەك چاپلانغان چوڭ ئۇسسۇل سىنىپى بار . ھەر ھەپتىنىڭ 4 - كۈنى چۈشتىن كېيىن ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ قىزىقىشىغا ئاساسەن كۇرۇژوك پائالىيىتى ئۈچۈن تەييارلانغان پاكىز ،

ئازادە ، ئېلېكترلەشكەن سىنىپلاردا ئولتۇرۇپ ئەقىل بۇلىقىنى ئاچىدۇ .
ئىككى ھەپتىدە بىر قېتىم ئىنقىلابىي قۇربانلارغا ۋە ئۆسمۇرلەرگە ئائىت
كىنولارنى قويۇپ بېرىدۇ .
مەكتىپىمىز تەشكىللىگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ماتېماتىكا ، تېز ھې-
سابلاش ، كىتاب ئوقۇش ، مۇزىكا ، قول ھۈنەر ، پەن - تېخنىكا ، ماقالە
يېزىش ، رەسىم سىزىش ، ھۆسنخەت يېزىش ، ئۇسسۇل ، ئىنگلىز تىلى
قاتارلىق كۇرۇژۇك پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزۈشكە شارائىت يارىتىپ بېرىدۇ .
مەكتىپىم ھەقىقەتەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ قويىنى ئىللىق بىلىم
ماكانى .
مەن دەرسخانىدا ئولتۇرۇپ دەرس تىڭشاۋاتقىنىمدا ، بىزگە مۇ-
شۇنداق ياخشى شارائىت يارىتىپ بەرگەن پارتىيىگە ، بۇ مەكتەپنى قۇر-
غان ئەمگەكچى خەلقىمگە ، بىز ئۈچۈن دەم ئېلىش كۈنلىرىنىمۇ قۇربان
قىلىپ ھاردىم - تالدىم دېمەي ئىشلەۋاتقان جاپاكەش ئۇستازلىرىمغا ئىچ -
ئىچىمدىن رەھمەت ئېيتقۇم كېلىدۇ .

( « ئۈمىد چېچەكلىرى » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى . )

# ۋاقىت تەرتىپى بويىچە چۈشەندۈرۈلگەن ماقالىلەردىن ئۆرنەكلەر

## مېتېئورولوگىيىلىك رادار

ئابلەت مۇھەممەت

بايان قىلىش ، سان - سىپىرلارنى ئىشلىش ، مىسال ئېلىش ، تەبىر بېرىش ،
شەرھلەش شەكلى قوللىنىلغان ، ۋاقىت تەرتىپى بويىچە يېزىلغان ، بايانىي تۈس-
تىكى چۈشەندۈرۈش ماقالىسى )

مېتېئورولوگىيىلىك رادار ئاتموسفېرادىكى بوران - چاپقۇن ، تۇ-

مان ( بۇلۇت ) ، يامغۇر ، شامال ، ھاۋارايى ئۆزگىرىشى قاتارلىقلارنى ئۆلچەيدىغان ئەسۋاب . ئۇ ئادەتتىكى رادارلارنى ئىشلىتىش جەريانىدا بار- لىققا كەلگەن . 2 - دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە نۇرغۇن ئايروپىلان ھاۋا ئۇرۇشىغا قاتناشتى . ئۇلار كۆپ قېتىم ئۇچۇش ، رادارلارنى كۆپلەپ پاي- دىلىنىش جەريانىدا ھاۋادىكى بۇلۇت ، يامغۇر قاتارلىقلارنىڭ ئېلېكتر ماگنىت دولقۇنلىرىنى كۈچلۈك دەرىجىدە تارقىتىپ ، رادارنىڭ ئۈنۈمگە تەسىر يەتكۈزىدىغانلىقىنى بايقىغان . بۇ ئەھۋال مېتېئورولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئىشلىرىنى يېڭى ، ئىشەنچلىك ئاساسلار بىلەن تەمىنلىدى . شۇنىڭدىن باشلاپ رادار ئارقىلىق ھاۋارايى ئۇچۇرلىرىدىن پايدىلىنىلدى .

2 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن مېتېئورولوگىيىلىك رادارلار ھەر- قايسى مەملىكەتلەردە ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلىشقا باشلىدى . ئالاقىدار ماتې- رىياللاردا كۆرسىتىلىشىچە ، ھازىرقى كۈندە پۈتۈن يەر شارىدىكى مېتې- ئورولوگىيىلىك رادار پونكىتلىرىنىڭ سانى يەتتە يۈز ئەللىكتىن ئاشىدى- كەن . دۆلىتىمىزدە مېتېئورولوگىيىلىك رادار پونكىتلىرى 60 - يىللاردىن باشلاپ قۇرۇلغان . كېيىن دېڭىز ياقىلىرىدىكى ئوكيانلاردىن تەيفۇنىڭ بو- رىنى ھەققىدە مەلۇمات بېرىشتە ئىشلىتىدىغان رادار تۈرلىرى ياسالغان .

ھازىرقى مېتېئورولوگىيىلىك رادارلارنىڭ تۈرلىرى خېلى كۆپ بولۇپ ، ئۇلارنىڭ ئىقتىدارى ، خىزمىتى ئوخشىمايدۇ . مەسىلەن ، يامغۇر مىقتىدارىنى ئۆلچەيدىغان رادارلار رادىئو دولقۇنلىرىنىڭ بۇلۇت ۋە سۇ پارلىرىغا يولۇققاندا ھۆل - يېغىننىڭ تارقىلىشى ، ھەرىكىتى ، مىقدارى قا- تارلىقلارنى ئۆلچەيدۇ . شامالنى ئۆلچەيدىغان رادارلار يەر ئۈستىدە تۇ- رۇپ ، ئاتموسفېرادىكى رادىئو دولقۇنلىرىنى قايتۇرغۇچى جىسىملارنى كۆزىتىپ ، ئۇ قايتۇرغان رادىئو دولقۇنلىرىنى قوبۇل قىلىش ياكى ھاۋا بوشلۇقىدا ھەرىكەت قىلىپ تۇرغۇچى ئەسۋابلار قايتۇرغان رادىئو دول- قۇنلىرىنى قوبۇل قىلىش ئارقىلىق شامالنىڭ كۈچى ، تېزلىكى ، يۆنىلىشى قاتارلىقلارنى ئۆلچەيدۇ . ئۇنىڭدىن باشقا نۆۋەتتە ئۈنۈمى ، سەزگۈرلۈكى تېخىمۇ ياخشى بولغان لازېر نۇرلۇق رادار ، تاۋۇش رادار قاتارلىقلارنى قوللىنىپ ، بۇلار ئارقىلىق ئاتموسفېرادىكى بۇلغىنىش ، ئاتموسفېرادا يۈز

بېرىدىغان خىمىيىلىك ئۆزگىرىشلەر ئۆلچىنىپ ، يېزا ئىگىلىك ، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى ، سانائەت ، قاتناش - ترانسپورت ، ھەربىي ئىشلار ، پەن - تېخنىكا ساھەلىرىنى ئىنتايىن مۇھىم ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلىمەكتە .

( شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى » دىن ئېلىندى )

## ئىككى مىڭ يىل ئۇخلىغان شەھەر

ماموت داۋۇت

( بايان قىلىش ، تەسۋىرلەش ، سان - سىپىرلارنى ئېلىش شەكلى قوللىنىلغان ، ۋاقىت تەرتىپى بويىچە يېزىلغان ، بايانىي تۈستىدىكى چۈشەندۈرۈش ماقالىسى )

شىنجاڭنىڭ لوپنۇر ۋادىسىدا دۇنياغا مەشھۇر كىروران خارابىسى بار . ئاسىيا قىتئەسىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان بۇ قەدىمىي شەھەر « يەپەك يولى » دا ، جۇڭگو ، پېرسىيە ، ھىندىستان ، سۇرىيە ۋە رىم ئىمپېرىيىسى ئوتتۇرىسىدىكى سودا - ئالاقە مەركىزى بولۇش سۈپىتى بىلەن خەلقئارالىق شەھەرلەرنىڭ بىرى بولۇپ كەلگەن .

بۇنىڭدىن ئىككى مىڭ يىل بۇرۇن ، لوپنۇر ئەسلىدە گۈزەل بوستانلىق بولۇپ ، ھاۋاسى ئىللىق ، يەرلىرى مۇنبەت ئىدى . كۆز يەتكۈسىز ئېتىزلاردا بۇغدايلار دولقۇندەك مەۋج ئۇراتتى . ئوتلاقلاردا مال - چارۋىلار توپ - توپ بولۇپ ئوتلايتتى . بۈك - باراقسان كوچىلىرى بىر - بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن ، دۇكانلار قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان ، سودىگەرلەر توپلاشقان شەھەر ئىدى .

بىراق ، كېيىنچە كىروراندە ئۇرۇش كۆپىيىپ كەتتى . ئۇنىڭ ئۈستىگە بوستانلىقلار چۆللىشىپ كېتىشكە باشلىدى . مىلادى 3 - ئەسىردىن كېيىن لوپنۇرغا قۇيۇلىدىغان تارىم دەرياسى ۋە ئۇنىڭ تۆۋەنكى

ئېقىننى شىددەتلىك بوران قۇم - شېغىللار بىلەن تىندۇرۇۋەتتى . بۇ-نىڭ بىلەن دەريا سۈيى جەنۇبقا قاراپ ئېقىشقا مەجبۇر بولدى . شۇنىڭ-دىن باشلاپ كىرورەندىن ئىبارەت بۇ بوستانلىقنىڭ سۇ مەنبەلىرى ئۈزۈ-لۈپ قېلىپ ، دەل - دەرەخلەر قۇرۇپ ئاھالىلىرى كۆچۈپ كەتتى . ئاۋات كىرورەن شۇنىڭ بىلەن سىرلىق ھالدا يوقالدى .

## « كىرورەن ، سەن قەيەردە ؟ »

نۇرغۇن يىللاردىن بۇيان كىشىلەر بۇ غايىب شەھەرنى تىنماي ئىزدىدى .

19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ، بىر قىرغىز سودىگەر پامىر تېغى باغرىدا تۇنەيدۇ . يېرىم كېچىدە شىددەتلىك بوران توختىغاندا ، بۇ سو-دىگەر نەپىس ئىشلەنگەن بىر دانە كۈمۈش سوۋغا تېپىۋالىدۇ . بۇ كۈ-مۈش سوۋغا ئارخېئولوگلار ، جۇغراپىيەشۇناسلار ، تارىخشۇناسلار ۋە ئېكسپېدىتسىيىچىلەرنىڭ زور قىزىقىشىنى قوزغايدۇ .

1900 - يىلى ئەتىيازدا ، شىۋېتسىيىلىك ئېكسپېدىتسىيىچى سۋېن ھېدىن لوپنۇر رايونىغا كېلىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارىدۇ . ئۇنىڭ ئۇيغۇر يول باشلىغۇچىسى ئۆردەك قۇدۇق قېزىپ سۇ تېپىش ئۈچۈن گۈرجەك ئالغىلى قونالغۇغا ماڭىدۇ . ئارا يولدا بوراندا قېلىپ نىشاندىن ئادىشىپ قالىدۇ ، ھاياتتىن ئۈمىدى ئۈزۈلگەن پەيتتە ، ئالدى تەرەپتىن يىراق بول-مىغان جايدا ، بىر قەدىمىي قەلئە كۆرۈنىدۇ .بۇ قەلئە كېيىن قىزىش ئارقىلىق « قۇملۇقتىكى گۆھەر » — كىرورەن خارابىسى ئىكەنلىكى ئې-نىقلاپ چىقىلىدۇ .

« يەر ئاستىدا ئىككى مىڭ يىلدىن ئارتۇق ئۇخلاپ ياتقان كى-رورەن خارابىسى ئاخىر ئويغاندى ! » . بۇ خەۋەر تارقالغاندىن كېيىن ئەنگلىيە ، ئامېرىكا ، ياپونىيە ۋە ئېلىمىزدىكى بىر قىسىم ئارخېئولوگلار ئارقا - ئارقىدىن كېلىپ كىرورەن خارابىسى ۋە لوپنۇر رايونىدىن نۇر-

غۇنالىغان قىممەتلىك مەدەنىي يادىكارلىقلارنى قازدى . بۇ خارابىلىكتىن تاش پالتا ، قاشتېشى پالتا ، تاش پىچاقلار ، خەت ـ چەكلەر ، يىپەك توقۇلما بۇيۇملار ، قەدىمىي پۇللار ۋە سىرلانغان قوراللار ، ياغاچ قوراللار ، قاشتېشى قوراللىرى ، ئەينەك قورال ، مىس قوراللار ، ئالتۇن زىبۇ زىننەتلەر تېپىلدى . تېپىلغان نەرسىلەرنىڭ كۆپلۈكى ، رەڭگىنىڭ خىلمۇخىللىقى پۈتۈن دۇنيانى ھەيران قالدۇرۇۋەتتى .

بۇ قەدىمىي خارابىنىڭ بايقىلىشى ۋە نۇرغۇنلىغان مەدەنىي يادىكارلىقلارنىڭ قېزىپ چىقىرىلىشى ، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تارىخى ، مەدەنىيتى ، ھۈنەر ـ سەنئىتى ، دىن ، ھەربىي ئىشلار ، سىياسىي ۋە ھاۋا كىلىماتىنى تەتقىق قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم قىممەتكە ئىگە .

ئۇزاق ۋاقىتلاردىن بۇيان كىشىلەر كىرورەن خارابىسىنى كۆپ قېتىم تەكشۈرۈپ ، نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك ماتېرىياللارغا ئېرىشكەن بولسىمۇ ، لېكىن بۇ يەردە يەنە نۇرغۇن سىرلار ساقلانماقتا .

( « تارىم غۇنچىلىرى » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى . )

## ئالەم قاتنىشىنىڭ ئاتىسى

( بايان قىلىش ، سان ـ سىپىرلارنى ئېلىش ، سوئال ـ جاۋاب شەكلى قوللىنىلغان ، ۋاقىت تەرتىپى بويىچە يېزىلغان بايانىي تۈستىكى چۈشەندۈرۈش ماقالىسى )

ساۋاقداشلار ، سىلەر ھازىرقى زامان ئالەم قاتنىشىغا ئاساس سالغۇچىنىڭ كىملىكىنى بىلەمسىلەر ؟ ئۇ روسىيىلىك مەشھۇر ئالىم سىئولكوۋسكىيدۇر .

سىئولكوۋسكىي 1857 ـ يىلى 9 ـ ئايدا موسكۋا ئەتراپىدىكى بىر كىچىك بازاردا تۇغۇلغان . ئۇنىڭ ئاتىسى نامرات ئورمان مۇھاپىزەتچىسى ئىدى . سىئولكوۋسكىي توققۇز ياشقا كىرگەن يىلى بەزگەك-بولۇپ قې-

لىپ ، قولىقى ئاغىلماس بولۇپ قالىدۇ ـ دە ، ئامالسىز ئوقۇشتىن چېكى‐
نىدۇ . ئەمما ، ئۇ قەيسەرلىك بىلەن ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ ، ئوتتۇرا ، ئا‐
لىي مەكتەپ دەرسلىرىنى تۈگىتىدۇ ، يىگىرمە ئۈچ ياش ۋاقتىدا ئوتتۇرا
مەكتەپنىڭ ماتېماتىكا ، فىزىكا ئوقۇتقۇچىسى بولىدۇ . ئوقۇتقۇچىلىق
مەزگىلىدە ، كۈنلىرىنى « قارا بولكا » يەپ جاپالىق ئۆتكۈزىدۇ . مائاشى
بەكلا ئاز بولسىمۇ ، ئۇنى ئىقتىساد قىلىپ نۇرغۇن ماتېرىيال ، ئۈسكۈنە
سېتىۋېلىپ ، ئىشتىن سىرتقى چاغلىرىدا تەتقىقات ئېلىپ بارىدۇ ، بولۇپمۇ
راكېتا ئاساسلىرى ۋە ئالەم قاتنىشى ئاساسلىرىنى تەتقىق قىلىدۇ .

سىئولكوۋسكىي 1903 ـ يىلى « هاۋا پۇركۈگۈچى ئەسۋابلاردىن
پايدىلىنىپ ئالەم بوشلۇقىنى تەتقىق قىلىش » دېگەن مەشھۇر ماقالىنى
ئېلان قىلغان . ئۇ هاۋا بولمىغان بوشلۇقتا هاۋا پۇركۈگۈچىنىڭ ئەكس
تەسىرىدىن پايدىلىنىپ راكېتانى ئالغا سىلجىتىش ، هاۋا بوشلۇقىدا ئۇ‐
چۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ بىرقەدەر كۆڭۈلدىكىدەك ئۇسۇلى دەپ قا‐
رىغان هەمدە سىئولكوۋسكىي فورمۇلاسى ( راكېتانىڭ ئۇچۇش سۈرئىتى
بىلەن ماتور سۈپىتىنىڭ مۇناسىۋىتى ) نى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ ، راكېتا ۋە
ماتور نەزەرىيىسىگە ئاساسەن سالغان .

سىئولكوۋسكىي يەنە شۇ چاغدا هېسابلاش ئارقىلىق پەقەت بىر
بوغۇملۇق راكېتاغا تايىنىپلا يەر شارىدىن ئۇچۇپ چىقىشنىڭ تۇنجى ئالەم
سۈرئىتى ( هەر سېكۇنتىغا 7.9 كىلومېتىر ) نى ئەمەلگە ئاشۇرۇش مۇم‐
كىن ئەمەس ، شۇڭا راكېتانى كۆپ بوغۇملۇق قىلىپ ئىشلەش ، بىر
نەچچە ماتورنى بىرلەشتۈرۈش ، راكېتا بوغۇملىرىنىڭ سۈرئىتىنى بىر ـ
بىرلەپ ئاشۇرۇش كېرەك . شۇندىلا يەر شارىدىن ئۇچۇرۇپ چىقارغىلى
بولىدۇ ، دەپ كۆرسەتكەن . بۇ بىرلەشمە توشۇغۇچى راكېتانىڭ دۇنياغا
كېلىشىگە نەزەرىيىۋى يېتەكچى بولغان . ئۇ ئۆمرىدە يەتتە يۈز ئوتتۇز
پارچە ماقالە يازغان . ئۇنىڭ : « يەر شارى ئىنسانلارنىڭ بۆشۈكى ، ئەمما
ئىنسانلار بۇ بۆشۈكتە ئەبەدىي ياتمايدۇ ، بەلكى ئۆزلۈكسىز تۇردە يېڭى
ئاسمان جىسىمنى ۋە ماكاننى ئىزدەيدۇ » دېگەن مەشھۇر سۆزى بار .
كېيىن بۇ سۆز ئىنسانلارنىڭ ئالەم قاتنىشى ئىشلىرىغا يولۇش قىلىشىدا

قىبىلنامە بولغان .

سىئولكوۋسكىي ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىمۇ ئالەم قاتنىشى ئىشلىرىغا نۇرغۇن تۆھپە قوشقان . لېنىن ئۇنىڭ ئالاھىدە كۆتۈنۈشتىن بەھرىمەن بولۇشىنى بىۋاسىتە تەستىقلىغان . 1932 ـ يىلى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى ئۇنىڭغا دۆلەتنىڭ ئەڭ ئالىي شەرىپى « ئەمگەك قىـ زىل بايراق » ئوردېنىنى بەرگەن . ئۇ 1935 ـ يىل 9 ـ ئايدا كېسەللىك سەۋەبى بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەن .

ئالـەم قاتنىشى ئىشلىرىغا ئاساس سالغان بۇ كىشىنى خاتىرىلەش ئۈچـۈن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى « سىئولكوۋسكىي ئالتۇن ئوردېنى » تەسىس قىلىپ ، ئالەم قاتنىشى ساھەسىدە ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتكەنلەرنى تەقدىرلىگەن . ئاي شارىدىكى بىر يۇمىلاق شەكىلدىكى تاغقىمۇ سىئولكوۋسكىينىڭ ئىسمى نام قىلىپ قويۇلغان .

( « تارىم غۇنچىلىرى » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى . )

## سوقرات

( سان ـ سىپىرلارنى ئېلىش ، بايان قىلىش شەكىللىرى قوللىنىلغان ،
ۋاقىت تەرتىپى بويىچە يېزىلغان باياننى تۈستىكى ماقالە )

سوقرات مىلادىدىن بۇرۇنقى 469 ـ يىلى گرېتسىيىنىڭ پايتەختى ئافـىنادا دۇنيا كەلگەن . ئۇنىڭ ئاتىسى تاشچى ، ئانىسى تۇغۇت ئانىسى ئىدى . سوقرات ئافېنا قوشۇنىدا ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتىگەن ، جەڭدە باتۇرلۇق كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن مۇكاپاتلانغان .

ئۇ ئاق كۆڭۈل ئىدى ، مال ـ دۇنياغا زادىلا ئۆزىنى ئۇرمايتتى . ئۇ ئافېنا شەھەر ئاھالىلىرى كېڭىشىنىڭ بىرىنچى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىقىنى بىر مەزگىل ئۆتىگەن ، ئەمما قانۇنسىز ئىشلاردا بەزى ئەمەلدارلارنى سوتـ لىغانلىقى ئۈچۈن باشقىلارغا ياقماي قالغان .

سوقرات ئۆمرىنىڭ تەگىدىن تولىسىنى شاگىرتلىرىغا ھەققانىيەت ۋە ئەدەپ ـ ئەخلاق ئىدىيىسىنى تەشۋىق قىلىشقا سەرپ قىلغان. لوگىكا ئىلمىي جەھەتتە يىغىنچاقلاش ۋە تەبىر بېرىش ئۇسۇلىنى تۇنجى قېتىم ئوتتۇرىغا قويغان. سوقرات ئۆزى ئەسەر يازمىغان. ئۇنىڭ تۆھپىلىرىنى ئەپلاتون، كسېنوفوندەك ئالىملارنىڭ ئەسەرلىرىدىن كۆرۈش مۇمكىن.

يۇقىرىقىدەك ئىش ـ پائالىيەتلىرى تۇپەيلى، دۇشمەنلىرى ئۇنىڭ ئۇستىدىن غەيرىي كۆز قاراشنى تەرغىب قىلىپ، جەمئىيەت كەيپىياتىنى بۇزدى دەپ ئەرز قىلغان، نەتىجىدە، سوقرات ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىپ، زەھەر بېرىپ ئۆلتۈرۈلگەن.

سوقرات قەدىمىي يۇناننىڭ ئاتاقلىق مۇتەپەككۇرى ۋە ئۇستازى. ئۇنىڭ ئىدىيىسى غەرب پەلسەپە تارىخىدا مۇھىم ئورۇن ئىگىلەيدۇ.

## ئەپلاتون

ئەپلاتون مىلادىدىن بۇرۇنقى 427 ـ يىلى ئافىنادا ئاقسۆڭەك ئائىلىسىدە دۇنيا كەلگەن، يىگىرمە يېشىدىن باشلاپ، سوقراتنى ئۇستاز تۇتۇپ ئۆگەنگەن.

سوقرات مىلادىدىن بۇرۇنقى 399 ـ يىلى ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئەپلاتون جاھان كېزىپ ئۇزۇن يىل يۈرگەن. كېيىنچە، ئافىناغا قايتىپ كېلىپ، ئىلىم ـ پەن ۋە پەلسەپىدىن دەرس بېرىدىغان مەكتەپ ئاچقان. مەكتەپ ئەپسانىۋى قەھرىمان ـــ ئاكادامۇسقا نەزىر قىلىش ئۇچۇن بەرپا قىلىنغان ئورمانغا قۇرۇلغان. شۇڭا ئۇ «ئاكادېمىيە» (بىلىم باغچىسى) دېگەن نام بىلەن دۇنياغا مەشھۇردۇر. بۇ نام كېيىنچە مەكتەپ، بىلىم يۇرتى دېگەن سۆز ئورنىدا قوللىنىلىدىغان بولغان.

ئەپلاتون پەلسەپە ساھەسىدە نۇرغۇن تۆھپىلەرنى ياراتقان. «جۇمھۇرىيەت» (غايىۋى دۆلەت)، «ئەقىل ھەققىدە»، «قانۇن ھەققىدە» قاتارلىق نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازغان. ئۇنىڭ ئوتتۇزغا يېقىن ئەسىرى تاكى ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە. ئەپلاتون پەلسەپىدە ئى-

دېئالىستنىڭ كۆز قاراشنى تەرغىب قىلىپ كەلگەن. ئۇنىڭ بۇ ئىدىيىسى ئىدېئالىزمنىڭ ياۋروپادىكى تەرەققىياتىغا كۈچلۈك تەسىر قىلغان. شۇڭا، لېنىن ئىدېئالىزمنىڭ تەرەققىيات يولىنى «ئەپلاتون يولى» دەپ ئاتىغان. بۇ ئالىم مىلادىدىن بۇرۇنقى 347 ـ يىلى ئافېنادا ۋاپات بولغان.

(«تارىم غۇنچىلىرى» ژۇرنىلىدىن ئېلىندى.)

## ئايدا «بىر كۈن» قانچىلىك ئۇزۇن؟

(سان ـ سىپىرلارنى ئېلىش، تەبىر بېرىش، شەرھلەش، سوئال ـ جاۋاب شەكىللىرى قوللىنىلغان، ۋاقىت تەرتىپى بويىچە يېزىلغان بايانىي تۈستىكى چۈشەندۈرۈش ماقالىسى)

يەر شارىنىڭ ئۆز ئوقىدا بىر قېتىم ئايلىنىش دەۋرى «بىر كۈن» دەپ ئاتىلىدۇ. ئايلىنىش دەۋرى يىگىرمە تۆت سائەت (توغرىراقىنى ئېيتقاندا يىگىرمە ئۈچ سائەت، ئەللىك ئالتە مىنۇت تۆت سېكۇنت). ئۇنداقتا يەر شارىنىڭ ھەمرىيى بولغان ئايدا «بىر كۈن» زادى قانچىلىك ئۇزۇن؟

ئاي يەر شارى ئەتراپىدا ئايلىنىش بىلەن بىللە يەنە ئۆز ئوقىدا توختىماستىن غەربتىن شەرققە قاراپ ئايلىنىدۇ. شۇڭا، ئايدىمۇ قۇياشنىڭ شەرقتىن كۆتۈرۈلۈپ غەربكە پېتىش ھادىسى مەۋجۇت. ئايدا قۇياشنىڭ شەرقتىن كۆتۈرۈلۈپ غەربكە پېتىش ھادىسىسىنى كۆرۈش ئۈچۈن ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىت كېتىدۇ.

بىزنىڭ يەر شارىدا ئەتىگىنى سائەت ئالتىدە قۇياش شەرقتىن كۆتۈرۈلىدۇ، قۇياشنىڭ تىك كۆتۈرۈلۈشى ئۈچۈن ئالتە سائەت ۋاقىت كېتىدۇ؛ ئۇنىڭدىن كېيىن ئاستا ـ ئاستا غەربكە قىيسىيىدۇ، قۇياش چىققى چۈش مەزگىلىدىن تاكى ئۇپۇق سىزىقىغا پاتقۇچە ئاران ئالتە سائەتلا ۋاقىت كېتىدۇ؛ ئون ئىككى سائەتلىك قاراڭغۇ كېچىدىن كېيىن

قۇياش ئىككىنچى قېتىم شەرقتىن كۆتۈرۈلۈپ ، يېڭى بىر كۈن باشلىنىدۇ .

بىراق ، ئايدا ئەھۋال ئوخشىمايدۇ . ئايدا قۇياش شەرقتىن كۆتۈرۈلۈپ بىر يۈز ئاتمىش نەچچە سائەتتىن كېيىن تىك كۆتۈرۈلىدۇ ؛ چىڭقى چۈشتىن غەربكە يۆتكىلىپ تاكى ئۇپۇق سىزىقىغا پاتقۇچە يەنە بىر يۈز ئاتمىش نەچچە سائەت ۋاقىت كېتىدۇ ؛ يەنە ئۈچيۈز يىگىرمە نەچچە سائەتلىك قاراڭغۇ كېچە ئۆتكەندىن كېيىن « بىر كېچە ـ كۈندۈز » ھېسابلىنىدۇ . مۇنداقچە ئېيتقاندا ، ئايدىكى « بىر كېچە ـ كۈندۈز » ( بىر كۈن ) تەخمىنەن يەر شارىدىكى تۆت ھەپتىگە توغرا كېلىدۇ . توغرىسىنى ئېيتقاندا ، يەر شارىدىكى بىر كېچە ـ كۈندۈز يىگىرمە ئۈچ سائەت ئەللىك ئالتە مىنۇت تۆت سېكۇنت ( ئاددىيلاشتۇرۇپ يىگىرمە تۆت سائەت دېيىلىدۇ ) ؛ ئايدىكى بىر كېچە ـ كۈندۈز 27.32 كۈن ( يەنى قەمەرىيە كالىندارىدىكى بىر ئاي ) بولىدۇ .

( « تارىم غۇنچىلىرى » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى . )

## چېنىقىشقا ۋاقىت يەتمىگەنلەر قانداق چېنىقىشى كېرەك ؟

( بايان قىلىش ، ئىزاھلاش شەكىللىرى قوللىنىلغان ، ۋاقىت تەرتىپى بويىچە يېزىلغان بايانىي تۈستىكى ماقالە )

تۇرمۇش رىتىمىنىڭ تېزلىشىشىگە ئەگىشىپ ، بەدەننى ساغلاملاشتۇرۇش ئەسۋابلىرى بازارغا كۆپلەپ سېلىنغان بولسىمۇ ، نۇرغۇن كىشىلەر يەنىلا چېنىقىشقا ۋاقىت چىقىرالمىغانلىقتىن ئاغرىنماقتا . ئەمەلىيەتتە ، سىز پەقەت چېنىقىشنىڭ مۇھىملىقىنى تونۇپ يەتسىڭىزلا ، كۈندىلىك تۇرمۇشىڭىزدا چېنىقىش پۇرسىتى ناھايىتى كۆپ .

سەھەردە ئورنىڭىزدىن تۇرۇپ بىر نەچچىنى كېرىلىپ قورساق قاتلاش ھەرىكىتىنى ئىشلەپ بېرىڭ . كېيىم كىيگەندە بىر پۇتتا تىك

تۇرۇش ھەرىكىتىنى ، ئاياغ كىيگەندە بەل ئېگىش ھەرىكىتىنى ، چېچىـ
ڭىزنى تارىغاندا باش لىڭشىتىش ھەرىكىتىنى قىلىپ بېرىڭ . قول بارماقـ
لىرىڭىزنىمۇ ھەرىكەتلەندۈرۈپ بەرسىڭىز قوللىرىڭىزنىڭ يەڭگىل بولۇپ
قالغانلىقىنى ھېس قىلىسىز .

پۇتىڭىزنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ تۇرۇپ يۈزىڭىزنى يۇسىڭىز قورـ
ساق مۇسكۇلىڭىز بىلەن پۇت قىسمىڭىزنى چېنىقتۇرالايسىز . ئەتىگەنلىك
تاماقتىن بۇرۇن بىر پىيالە سوۋۇتۇلغان قايناقسۇ ئىچىۋالسىڭىز ئىشتىھايىـ
ڭىزنى ئاچىدۇ . خىزمەتكە بېرىش يولىدا ( خىزمەت ئورنىڭىز ئۆيىڭىزدىن
يىراق بولسا ئاپتوبۇس بېكىتىگىچە ) كۆكرەك كېرىش ھەرىكىتىدىن بىر
نەچچىنى ئىشلەپ ، مۈرىڭىزنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ ، ئەركىن نەپەس ئېـ
لىڭ . « پىيادە ھەرىكەت ئىشلەش » نى ئۆزىڭىز بېكىتسىڭىز ھەر ۋاقىت
ئەركىن بولالايسىز . ئەگەر ۋېلسىپىتلىك ئىشقا بارسىڭىز پۇتىڭىزنىڭ
كۈچىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ .

خىزمەت ئورنىڭىزغا كەلگەندە ، يۇقىرى قەۋەتكە چىقماقچى بولـ
سىڭىز ئەڭ ياخشىسى لىفىتكە چىقماي پەلەمپەيدىن پۇتىڭىزنىڭ ئۇچىدا
دەسسەپ چىقسىڭىز پۇت مۇسكۇللىرىڭىزنى چېنىقتۇرغىلى ، پۇتىڭىزنىڭ
ھەرىكەت كۈچىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ . ئىشخانىغا كىرگەندە ئاۋۋال ئىـ
شىك ـ دېرىزىلەرنى ئېچىۋېتىپ ، بىرئاز ئارام ئېلىۋېلىپ ئاندىن ئادەتتە
ئاز ھەرىكەتلىنىدىغان ئەزالىرىڭىزنى سەل ـ پەل ھەرىكەتلەندۈرۈپ
بەرسىڭىز ئاسانلا چارچاشتىن خالىي بولالايسىز . ئىش ئۈستىلىدە ئولـ
تۇرغاندا پۇتىڭىزنىڭ ئۇچى بىلەن تاپىنىڭىزنى ئالدىغا سوزۇپ ئەركىن
ئالماشتۇرۇپ ئولتۇرسىڭىز يوتا مۇسكۇلىڭىز خېلىلا چېنىقىپ قالىدۇ .
تېلېفوندا سۆزلەشكەندە بىر قولىڭىز بىلەن تېلېفوننى ئېلىپ ، يەنە بىر
قولىڭىزنىڭ بارماقلىرى بىلەن ئۈستەلنى بېسىپ تۇرسىڭىز بارماقلىرىـ
ڭىزنىڭ كۈچىنى ئاشۇرالايسىز .

ناۋادا سىز جىسمانىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللانغۇچى بولسىڭىز ،
خىزمەتتىكى بوش ۋاقتىڭىزدا ئوخشاش بولمىغان بەدەن ھەرىكىتىنى قىـ
لىپ بەرسىڭىز ، ھەددىدىن زىيادە چارچاشتىن خالىي بولالايسىز .

ئىشتىن چۈشۈپ ئۆي ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش بولغىنىڭىزدا مې-
ڭىش ، بەل ئېگىش ، بۇرۇلۇش قاتارلىق ھەرىكەتلەرنىڭ رىتىمى بىلەن ھەرىكەت ئۆلچىمىنى ياخشى ئىگىلىيەلىسىڭىز بەدىنىڭىزنى ئوخشاشلا چې-
نىقتۇرالايسىز . كەچلىك تاماقتىن كېيىنلا تېلېۋىزور كۆرمەستىن ، بىر سائەت ۋاقىت ئاجرىتىپ ئائىلىڭىزدىكىلەر بىلەن سىرتلارغا چىقىپ سەيلە قىلىش بىلەن بىللە ئازراق ھەرىكەت قىلىپ بەرسىڭىز بىر كۈنلۈك جىد-
دىيلىك بىلەن ھارغىنلىقىڭىز يوقايدۇ .

ئەمەلىيەتتە ، كۈندىلىك تۇرمۇش ۋە خىزمەت جەريانىدا ھەممە ئادەم چامىنىڭ يېتىشىچە چېنىقىش پۇرسىتى ۋە ئۇسۇلىنى ئۆزلىرى تاللايدۇ . سىز پەقەت چېنىقىشقا كۆڭۈل بۆلسىڭىزلا ، چېنىقىشقا ۋاقىت ئاجرىتالمىسىڭىزمۇ ئاز - ئازدىن قىلىپ بەرگەن ھەرىكەتلىرىڭىز بىلەن بەدىنىڭىزنى ساغلاملاشتۇرالايسىز .

( « شىنجاڭ ئاياللىرى » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى )

## سائەت قاچان كەشىپ قىلىنغان ؟

( بايان قىلىش ، سان - سىپىرلارنى ئېلىش ، شەرھلەش ، سوئال - جاۋاب شەكلى قوللىنىلغان ، ۋاقىت تەرتىپى بويىچە چۈشەندۈرۈلگەن بايانىي تۈستىدىكى چۈشەندۈرۈش ماقالىسى )

كىشىلەر مىلادىدىن بەش يۈز يىل ئىلگىرىلا قۇياش سائەتلىرىدىن پايدىلانغان ، بۇنىڭدىن باشقا سۇ سائەتلىرى ، قۇم سائەتلىرىمۇ بولغان .

ھازىرقى مېخانىك سائەتلەر 9 - ۋە 10 - ئەسىرلەردە پەيدا بول-
غان . ئۇنى ئىتالىيىلىك مۇناخ گېربىرت كەشىپ قىلغان . مېخانىك سا-
ئەتلەر 14 - ئەسىردىن باشلاپ ئىشلىتىلىشكە باشلىغان . لېكىن ، بۇ چاغدىكى سائەتلەر ئاددىي بولۇپ ، ئۇنىڭدا بىر نەچچە چىشلىق غىلدى-
رەكلەر يېپقا ئېسىلغان ، تاشنىڭ ياردىمى بىلەن ھەرىكەتلىنىپ ، سائەت

ئىسترېلكىلىرىنى رەقەملەر ئۈستىدە ئايلاندۇراتتى .

14 ـ ئەسىردە گالىلېي تۇنجى قېتىم مايانتىنكىنىڭ تەۋرىنىشىنى ۋاقىتنى ئۆلچەشتە قوللاندى ، گوللاندىيىلىك ئالىم گيۇگىنس ئىلگىرىكى مېخانىك سائەتنى گالىلېي كەشپ قىلغان مايانتىنك بىلەن بىرلەشتۈرۈپ مايانتىنكلىك تام سائىتىنى كەشپ قىلدى . 15 ـ ئەسىردە پۇرژىنىلىق سائەتلەر پەيدا بولۇشقا باشلىدى . شۇنىڭدىن كېيىن سائەتنىڭ مىنۇتىنى كۆرسىتىدىغان ئىسترېلكىسى پەيدا بولدى . كېيىنكى تەرەققىيات يانچۇق سائەتلىرىنى پەيدا قىلدى .

19 ـ ئەسىردە كىشىلەر سائەت مېخانىزمىنى ئېلېكتر قۇۋۋىتى بىلەن يۈرگۈزۈشنى ئۆگىنىۋالدى .

ئاسترونومىيىلىك كۆزىتىشلەر ، ۋاقىتنى ئېنىقلاش ئۈچۈن ، ۋاقىتنى ناھايىتى ئېنىق كۆرسىتىدىغان مۇكەممەل سائەتلەر ئىشلىتىلىدۇ . ھازىر مايانتىنك پۇرژىنىنىڭ ئورنىدا كوۋارتىنىڭ تەۋرىنىشىدىن پايدىلىنىپ سېكۇنتىنىڭ ئون مىڭدىن بىر بۆلىكىنى ئۆلچىيەلەيدىغان كوۋارتس سائەتلىرى ، ھەتتا ئاتوم سائەتلىرىمۇ كەشپ قىلىندى .

( « تارىم غۇنچىلىرى » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى )

## تۆت پەسل

( سان ـ سىپىرلارنى ئېلىش ، شەرھلەش شەكلى قوللىنىلغان ، ۋاقىت تەرتىپى بويىچە يېزىلغان ، شەرھلەش خاراكتېرىدىكى چۈشەندۈرۈش ماقالىسى )

## ئەتىياز پەسلى

باش باھار 2 ـ ئاينىڭ 3 ـ ، 5 ـ كۈنلىرى باشلىنىدۇ . ئەگىز سۈيى 2 ـ ئاينىڭ 18 ـ ، 20 ـ كۈنلىرى باشلىنىدۇ . جانۋارلارنىڭ ئويغىنىشى 3 ـ ئاينىڭ 3 ـ ، 5 ـ كۈنلىرى باشلىنىدۇ . ئەتىيازلىق كۈن ـ تۈن تەڭلىشىشى 3 ـ ئاينىڭ 20 ـ ، 22 ـ كۈنلىرى باشلىنىدۇ .

چوكانتال 4 ـ ئاينىڭ 4 ـ ، 6 ـ كۈنلىرى باشلىنىدۇ . قىزىلكوس 4 ـ ئاينىڭ 19 ـ ، 21 ـ كۈنلىرى باشلىنىدۇ .

## ياز پەسلى

باش ياز 5 ـ ئاينىڭ 5 ـ ، 7 ـ كۈنلىرى باشلىنىدۇ . سەرەتان ئىسسىقى 5 ـ ئاينىڭ 20 ـ ، 22 ـ كۈنلىرى باشلىنىدۇ . ئورما ۋاقتى 6 ـ ئاينىڭ 5 ـ ، 7 ـ كۈنلىرى باشلىنىدۇ . يازلىق كۈن ـ تۈن توختىشى 6 ـ ئاينىڭ 21 ـ ، 22 ـ كۈنلىرى باشلىنىدۇ . باش تومۇز 7 ـ ئاينىڭ 6 ـ ، 8 ـ كۈنلىرى باشلىنىدۇ . تومۇز 7 ـ ئاينىڭ 22 ـ ، 24 ـ كۈنلىرى باشلىنىدۇ .

## كۈز پەسلى

باش كۈز 8 ـ ئاينىڭ 7 ـ ، 9 ـ كۈنلىرى باشلىنىدۇ . كۈزگى تېرىم 8 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ، 24 ـ كۈنلىرى باشلىنىدۇ . ئاق شەبنەم 9 ـ ئاينىڭ 7 ـ ، 9 ـ كۈنلىرى باشلىنىدۇ . كۈزلۈك كۈن ـ تۈن تەڭلىشىشى 9 ـ ئاينىڭ 22 ـ ، 24 ـ كۈنلىرى باشلىنىدۇ . سوغۇق شەبنەم 10 ـ ئاينىڭ 8 ـ ، 9 ـ كۈنلىرى باشلىنىدۇ . قىراۋ چۈشۈكى 10 ـ ئاينىڭ 23 ـ ، 24 ـ كۈنلىرى باشلىنىدۇ .

## قىش پەسلى

باش قىش 11 ـ ئاينىڭ 7 ـ ، 8 ـ كۈنلىرى باشلىنىدۇ . سېرىق قار 11 ـ ئاينىڭ 22 ـ ، 23 ـ كۈنلىرى باشلىنىدۇ . ئاق قار 11 ـ ئاينىڭ 6 ـ ، 8 ـ كۈنلىرى باشلىنىدۇ . قىشلىق كۈن ـ تۈن توختىشى 12 ـ

ئاينىڭ 21 ـ ، 23 ـ كۈنلىرى باشلىنىدۇ. قارا سوغۇق 1 ـ ئاينىڭ 5 ـ ، 7 ـ كۈنلىرى باشلىنىدۇ. قاپاق ياردى 1 ـ ئاينىڭ 20 ـ ، 21 ـ كۈنلىرى باشلىنىدۇ. »

(« تارىم غۇنچىلىرى » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى.)

## مېنىڭ ئەجدادلىرىم

### ئارسلان ئەخمەت جۇبەيرى

(بايان قىلىش، سان ـ سىپىرلارنى ئېلىش، ئىزاھلاش شەكلى قوللىنىلغان ۋاقىت تەرتىپى بويىچە چۈشۈرۈلگەن، بايانىي تۈستىكى ماقالە)

« يەتتە ئاتىسىنى بىلىش » ـــ بىز ئۇيغۇر باللىرىنىڭ ئاتا ـ ئانىمىز ۋە كەلگۈسى ئەۋلادلىرىمىز ئالدىدىكى مەجبۇرىيىتىمىز. يەتتە ئاتىسىدىنمۇ كۆپ ئەجدادىنى ساناپ بېرىش تېخىمۇ ياخشى ئىش. مەن سىلەرگە ئاتا تەرەپ ئون ئۈچ ئەجدادىمنى ساناپ بېرەي.

1. ئەھمەد ئىمىن ھاجى جۇبەيرى (دادام). 1946 ـ يىلى قۇمۇل شەھەر ئىچى غوجامخى مەھەللىسىدە تۇغۇلغان. 1968 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن. ھازىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىدا تەرجىمە ـ تەھرىرلىك خىزمىتىنى ئىشلەۋاتىدۇ.

2. ئىمىن ھاجى جۇبەيرى (چوڭ دادام). 1920 ـ يىلى قۇمۇل شەھەر ئىچىدە تۇغۇلغان. 1952 ـ يىلى ئۆلكىلىك بىيورۇ كادىرلار مەكتىپىنى پۈتتۈرۈپ، باركۆل ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە، كېيىن ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسىدە ئىشلىگەن. 1980 ـ يىلى پېنسىيىگە چىققان.

مەھبۇب بەگ ھاجى جۇبەيرى (بوۋام)، مەرپەتپەرۋەر ئىلغار پىكىرلىك كىشى. دادىسى بىلەن بىرلىكتە خوجىنىياز ھاجى باشچىلىقىدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭىغا ياردەم بەرگەن. 1937 ـ يىلى يىل ئاخىرىدا

جاللات شىگشسەي تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن .

4 . يۈسۈپ بەگ ھاجى جۇبەيرى ( ئۇلۇغ بوۋام ) . ئۆز دەۋرىدىكى كاتتا مەلۇماتلىق كىشى . قۇمۇل ۋاڭ ئوردىسىدا ① تەيجى ② بولغان ئوردىدىكى ۋاقتىدا قۇمۇل يېڭى مەدرىسىنى سېلىشقا يېتەكچىلىك قىلغان ، قۇمۇلدىكى ئىلىم ئەھلىلىرىگە ئېتىبار بەرگەن . ئۆزى راسخوت ئاجرىتىپ ۋە ئۆزى ئۇستاز بولۇپ خەتتاتلىق كۇرىسلىرىنى ئاچقان . ئۇنىڭ زور تىرىشچانلىقى ئاستىدا چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى « تۆمۈر ساناق » ③ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ ، خەلققە پايدا يەتكۈزگەن . 1931 ـ يىلى خوجىنىياز ھاجى باشچىلىقىدىكى قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلىغاندا قوللاپ قۇۋۋەتلىگەن .

بۇ بوۋىمىز يەنە « غېرىبى » تەخەللۇسى بىلەن نۇرغۇن شېئىرلارنى يازغان . ئوغلى مەھبۇب بەگ جۇبەيرى تۇتقۇن قىلىنغاندا ، مۇنداق مۇڭلۇق مىسرالارنى پۈتكەن :

نەۋ باھار كۆڭلۈڭ باغىغا تېگىپ بادى خەزان ،
خۇش باھار فەسلىڭ كېتىپ بولدى زېمىستان ۋادەرىخ .
قەبزى روھ قىلماي تۇرۇپ ئۆل قابىزۇل ـ ئەرۋاھ سېنى ،
قاپقارا زىندان ساڭا بولدى گۆرۈستان ۋادەرىخ .
ئەر چىمەن يەتتى ئەزىز ئوغلۇم سېنى مەن ياد ئېتىپ ،
توختىماي ئاقتى كۆزۈمدىن قىپقىزىل قان ۋادەرىخ .

يۈسۈپ ھاجى جۇبەيرى 1940 ـ يىلى سېنتەبىر ئايلىرىدا تۇرپان قارا غوجا كارىزدا ۋاپات بولغان .

5 . جۇبەيرىبەگ ( يۈسۈپ ھاجى جۇبەيرىنىڭ دادىسى ) . قۇمۇلدىكى سۇنغان بەگ ئائىلىسىدە دۇنياغا كېلىپ ياشاپ ئۆتكەن .

6 . پەتەنۇش تەيجى ( جۇبەيرىبەگنىڭ دادىسى ) . قۇمۇلنىڭ 7 ـ ئەۋلاد ۋاڭى بەشىر ئوردىسىدا تەيجى بولغان . خەلقپەرۋەر ، ئىلغار پىكىرلىك كىشى بولغاچقا ، 1840 ـ يىلى ئەتراپىدا بەشىرۋاڭ تەرىپىدىن زىيان-

كەشلىككە ئۇچراپ، ئايالى، چوڭ ئوغلى ئۈچەيلەن قەتل ④ قىلىنغان.

7. هوشاڭ بەگ (پەتەنۇشنىڭ دادىسى). قۇمۇلنىڭ 6 ـ ئەۋلاد ۋاڭى ئەردە شىر دەۋرىدە ئۇردىدا تەيجى بولغان.

8. ئەھمەد تەيجى (هوشاڭ بەگنىڭ دادىسى). قۇمۇلنىڭ 4 ـ ئەۋلاد ۋاڭى يۈسۈپنىڭ كەنجى ئوغلى. يۈسۈپ ۋاڭنىڭ 2 ـ ئوغلى تەختكە چىققاندا تەيجىلىك مەنسىپىدە ئولتۇرغان. باغداش ۋە ئارىتام قاتارلىق جايلاردا مېۋىلىك باغ بىنا قىلدۇرغان، تېرىلغۇ يەرلەرنى كېـ ڭەيتكەن، 1769 ـ يىلى ۋاپات بولغان.

9. يۈسۈپ ۋاڭ (ئەھمەد تەيجىنىڭ دادىسى) قۇمۇلنىڭ 4 ـ ئەۋلاد ۋاڭى. 1740 ـ يىلى تەختكە ئولتۇرغان، 1766 ـ يىلى ۋاپات بولغان.

10. ئىمىن گوڭ (يۈسۈپ ۋاڭنىڭ دادىسى) قۇمۇلنىڭ 3 ـ ئەۋلاد ۋاڭى. 1711 ـ يىلى دادىسىنىڭ تەخت ۋارىسى بولغان، 1740 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن.

11. گوپا بەگ (ئىمىن گوڭنىڭ دادىسى) قۇمۇلنىڭ 2 ـ ئەۋلاد ۋاڭى. 1701 ـ يىلى دادىسىنىڭ تەختىگە ۋارىسلىق قىلغان. 1711 ـ يىلى ۋاپات بولغان.

12. ئەبەيدۇللا تارخان بەگ (گوبا بەگنىڭ دادىسى). قۇمۇلـ دىكى ئۇيغۇرلارنىڭ باشلامچىسى بولۇپ، قۇمۇلنى جۇڭغار موڭغۇللىرىـ نىڭ هۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن جەڭ قىلغان ۋە غەلىبە قىلغان. ئۇ 1701 ـ يىلى ۋاپات بولغان.

13. مۇھەممەتشاھ غازى بەگ (ئەبەيدۇللا تارخان بەگنىڭ داـ دىسى). بۇ زات 1605 ـ يىلى قوشۇن باشلاپ قۇمۇل رايونىنى جۇڭغار هۆكۈمرانلىرىنىڭ قولىدىن قۇتقۇزۇپ شۇ جەڭدە ئېغىر يارىلىنىپ قازا تاپقان.

ئىزاھلار:

① قۇمۇل ۋاڭلىقى 1697 ـ يىلىدىن 1930 ـ يىلغا قەدەر 233 يىل

قۇمۇلغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان يەرلىك ئۇيغۇر ھاكىمىيىتى.

②تەيجى — قۇمۇل ۋاڭلىقىنىڭ ۋەزىرى.

③« تۆمۈر ساناق » — قۇمۇلنىڭ 9 ـ ئەۋلاد ۋاڭى شا مەخسۇت ( 1882 — 1930 يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان ) چارۋىچى خەلقنى دەھشەتلىك ئەزگەن سېلىقلارنىڭ بىر تۈرى. بۇنىڭدا ۋاڭنىڭ ھەربىر ساغلىقى، ھەربىر بايتىلى، ھەربىر كالىسى، ھەربىر چىشى تۆگىسى يىلىغا بىردىن تۇغۇشى شەرت دېگەن بەلگىلىمە بىلەن ۋاڭلىق چارۋىنى ھەقسىز بېقىۋاتقان مىڭلىغان چارۋىچىلار تالان ـ تاراج قىلىناتتى.

④قەتل قىلىش — ئۆلتۈرۈش.

( « تارىم غۇنچىلىرى » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى )

## موتسىكلىتنىڭ ئېيتقانلىرى

ئابدۇسالام ئابدۇكېرىم

( بايان قىلىش يەنى ھېكايە سۆزلەش، تۈرگە ئايرىش شەكلى، ئاللىگورىيىلەشتۈرۈش ۋاستىسى قوللىنىلغان، ۋاقىت تەرتىپى بويىچە چۈشەندۈرۈلگەن بەدىئىي تۈستىكى چۈشەندۈرۈش ماقالىسى )

مەن موتسىكلىت بولىمەن. مېنىڭ تۈرلىرىم ناھايىتى كۆپ. مەسىلەن، YAMAHA HONDA، NISSAN،

كىشىلەرنىڭ مېنى « جانئالغۇ » دەپ ئاتىغىنىنى ئاڭلىسام، ناھايىتى ئازابلىنىپ كېتىمەن. مېنى ھەيدىگەن بەزى كىشىلەرگە مىڭ لەنەت. چۈنكى، ئۇلار غەرق مەست ھالدا مېنى ھەيدىشىدۇ، بەزىلىرى قۇيۇندەك ھەيدىشىدۇ. يەنە بەزىلىرى موتسىكلىت مىنىشنى تۈزۈك بىلمەي تۇرۇپ قارامىلىق بىلەن ھەيدىشىدۇ، ھەتتا بەزىلىرى قاتناش بىخەتەرلىك قائىدىسىدىن پۈتۈنلەي خەۋەرسىز.

مەن سىلەرگە مۇنداق بىر ئىشنى سۆزلەپ بېرەي:

يەكشەنبە كۈنى ئىدى . ئىگەم مېنى مىنىپ بازارغا چىقتى . تو-
ساتتىن ئىگەمنىڭ قەدىناس دوستى ئۇچراپ قېلىپ ، ئۇلار بىر قاۋاقخانىغا
كىرىپ كېتىشتى . بۇ چاغدا سائەت ئىككى بولغان چاغ ئىدى . ئىگەم شۇ
كىرىپ كەتكىنىچە كەچ سائەت ئوندا غەرق مەست هالدا چىقىپ كەلدى ،
ئىگەمنىڭ بۇ چاغدىكى هالىتىنى دېمەيلا قوياي . ئىگەم دەلدەڭشىپ كې-
لىپ ، مىڭ جاپادا مېنى ئوت ئالدۇرۇپ ، مىنىپ ماڭدى . بىر كوچا چى-
رىغى يوق كوچىغا ئۇچقاندەك كىرىپ كەلدۇق . تۇيۇقسىز « جاڭ »
قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ قارشى تەرەپتىن كەلگەن بىر موتسىكلىت بىلەن
قاتتىق ئۇسۇشتۇم . بىز ئىككى موتسىكلىت ئۆگە ـ ئۆگىلىرىمىزدىن
ئاجراپ ، ئاغرىق ئازابىدا ئىڭراپ ياتتۇق . قانغا بويالغان ئىگەم بىلەن يەنە
بىر ئادەمنىڭ نەپەس ئېلىشى ناهايىتى تەس ئىدى .

يولدىن ئۆتكەن ئاندا ـ ساندا كىشىلەر بىزگە قاراپ قويۇپ ، ئۆ-
تۈپ كېتىشتى . مەن شۇ چاغدا بىر قىسىم ئادەملەرنىڭ كۆڭلىدىكى لۇغى-
تىدە ئىنسانپەرۋەرلىك دېگەن سۆزنىڭ يوقلۇقىنى هېس قىلدىم . بىر
كېچىنى ئەنە شۇ يەردە ئۆتكۈزدۇق . تاڭ يورۇدى . ئەتراپىمىزغا قارىسام ،
كىشىلەر بىزنى ئورىشىۋاپتۇ . بىر ۋاقىتتا ، ئىگەم ۋە يەنە بىر ئادەمنىڭ
ئاتا ـ ئانىسى بۇ يەرگە كېلىپ ، ئوغۇللىرىنىڭ ئېچىنىشلىق هالدا ئاللە-
قاچان ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ، قار ـ يامغۇر يىغلاپ كەتتى .

كىشىلەر كۆڭگەن خۇيى بويىچە يەنە هەممە گۇناهنى بىز
موتسىكلىتقا قويۇپ ، « هۇ ، ئۆلگۈر جانئالغۇ » دەپ بىزنى تىللاشقا
باشلىدى ...

كۆردۈڭلارمۇ بۇ ناهەقچىلىقنى ! ئۇلارنىڭ ئۆلۈمگە بىز سەۋەب-
چىمۇ ؟! شۇڭا مەن كىشىلەرنىڭ مېنى مىنگەندە ، قاتناش بىخەتەرلىك
قائىدىسىگە ئاڭلىق رىئايە قىلىشىنى ، بولۇپمۇ مەست هالدا مېنى مىنمەس-
لىكىنى تولىمۇ ئۈمىد قىلىمەن .

( « تارىم غۇنچىلىرى » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى )

# خىزمەت ( ئىش ) تەرتىپى بويىچە چۈشۈرۈلگەن ماقالىلەردىن ئۆرنەكلەر

## كۆك مەشرەپى

ئابدۇكېرىم راخمان

( ئىزاھلاش ، بايان قىلىش شەكلى قوللىنىلغان ، ئىش تەرتىپى بويىچە چۈشەندۈرۈلگەن تونۇشتۇرۇش خاراكتېرىدىكى ماقالە )

ئۇيغۇرلارنىڭ دېھقانچىلىق رايونلىرىدا زىرائەتلەر يىغىۋېلىنغاندىن كېيىن ئۆتكۈزۈلىدىغان قەدىمكى بايرام ۋە مۇراسىملاردىن بىرى ــ « مايسا مەشرەپى » ( ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتىگە دائىر مەنبەلەردە « مىلىس بايرىمى » دېيىلگەن ) . ئۇ قۇمۇل ، پىچان ، تۇرپان قاتارلىق شەرقىي شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلمەكتە . بۇ مۇراسىم ھازىر قۇمۇلدا « كۆك مەشرەپى » دەپ ئاتالسا ، پىچان رايونىدا بۇرۇنقى نامى بىلەن « مىلىس مەشرەپى » ، « مايسا ئويۇنى » دەپ ئاتالغان .

« كۆك مەشرەپى » پەسىل خاراكتېرىگە ئىگە . ئۇ ھەر يىلى 11 ـ ئايدا باشلىنىپ ، كېلەر يىل ئەتىيازغىچە داۋاملىشىدۇ ؛ مۇئەييەن ۋاقىت ، مۆلچەرلەنگەن مۇراسىم كۈنى بىلەن چەكلەنمەيدۇ . « كۆك مەشرەپى » بىۋاستە دېھقانلار تۇرمۇشىدىن ئېلىنغان بولۇپ ، قۇمۇلنىڭ كۆك ( مايسا ) كە بولغان سىغىنىشى ئاساسىدا مول ھوسۇلنى نامايان قىلىدىغان خەلق مەشرەپلىرىنىڭ بىرىدۇر .

« كۆك مەشرەپى » نىڭ بىرقەدەر بۇرۇنقى ئادەت ـ يوسۇنلىرى مۇنداق : ئۆرۈكنىڭ بېشىنى ئېلىۋېتىپ گۈل تەشتىكىدەك يۇملاق ھالغا

كەلتۈرۈپ ، ئىچىگە توپا سېلىپ بىر ـ ئىككى سىقىم بۇغداي ياكى ئار-
پىنى تېرىيدۇ . بۇغداي ( ئارپا ) ئۈنۈپ مايسا بولغاندىن كېيىن ئۇنى
ھەرخىل زىرائەتلەر بىلەن كاتتا جابدۇپ خۇددى ساھىبجامال قىزغا
ئوخشاش ياسايدۇ . بۇ « كۆك » دەپ ئاتىلىدۇ . كۆكنى تەييارلىغۇچى
ساھىبخانا يەنە قۇرۇق ئۈزۈم ، ئۆرۈك قېقى ( گۈلە ) ، شاپتۇل قېقى ،
چىلان ، جىگدە ، گازىر ، ئالما قېقى ، قوغۇن قېقى ، دادۇر قاتارلىق توق-
قۇز خىل قۇرۇق مېۋە ـ چېۋىدىن بىر تەخسىدىن تەييارلاپ ، ھال ـ ئو-
قىتىگە يارىشا تاماق راسلاپ ئەھلى مەھەللە ۋە يېقىنلىرىنى چىللاپ
كەچكى مەشرەپ ئۇيۇشتۇرىدۇ . مەشرەپ ئاياغلاشقاندا كۆكنى كۆڭلى
تارتقان بىرىگە « كۆك بېيىتلىرى » نى ئوقۇپ تۇتىدۇ . شۇنىڭ بىلەن ،
كۆكنى تاپشۇرۇپ ئالغۇچى تەييارلىق قىلىپ ، يۇقىرىقى ئۇسۇلدا « كۆك
مەشرىپى » ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ . « كۆك » ئەنە شۇ تەرىزدە ئۇ قولدىن
بۇ قولغا ئۆتۈپ دەۋرىي ھالدا ئايلىنىدۇ . « كۆك مەشرىپى » مۇ تاكى
ئەتىيازلىق تېرىلغۇ باشلانغىچە داۋاملىشىدۇ . كۆكنى تاپشۇرۇپ ئالغۇچى
چوقۇم مەشرەپ ئۆتكۈزۈپ بېرىشى ۋە مەشرەپنى تەشكىللەۋاتقان
« كۆك » نى ياخشى پەرۋىش قىلىپ ، قۇرۇتۇپ قويماسلىقى كېرەك .

« كۆك مەشرىپى » ئۆتكۈزۈش ئەۋلادتىن ئەۋلادقا داۋاملىشىش
جەريانىدا ئۇنىڭ قائىدە ـ يوسۇنلىرى بېيىپ تېخىمۇ مۇقىملاشقان ، ئۇ
ھازىرمۇ قەدىمكى ئەنئەنىۋى شەكلىنى ئاساسەن يوقاتمىغان . ھازىر
بۇغداي مايسىسى ئۆيدە ساپال ، تۆمۈر ياكى چىنە قاچىلارغا ئۈندۈرۈل-
دۇ . خوراز ، مېكىياننىڭ شەكلى چىرايلىق قىزىل قەغەزدىن ئويۇلىدۇ .
ئاندىن ئۇلار بىر ـ بىرىگە قارىتىپ مايسا ئىچىگە سانجىپ قويۇلىدۇ .
ئەتراپىغا يەنە قىزىل چېچەكلەر سانجىلغاندىن باشلاپ ، قوناقنى ئېتىل-
دۇرۇپ تىكەنگە سانجىپ قار شەكلىگە كەلتۈرۈپ قويۇلىدۇ . ئاندىن
ئۇنى قىزىل ، يېشىل ناۋارلار بىلەن بېزەپ ئۈستىگە ياغلىق ياپىدۇ . كۆك
ئۈندۈرگۈچى ساھىبخانا بىر كىيىملىك رەخت ، غىزا ۋە توققۇز تەخسە
قۇرۇق مېۋە ـ چېۋە تەييارلايدۇ . شۇنىڭ بىلەن ئون بەش ـــ يىگىرمە
جۈپ ئەر ـ ئايالنى چاقىرىپ « كۆك مەشرىپى » نى باشلىۋېتىدۇ . مەش-

رەپكە بېيىتچى ، نەزمىچى ، قىقاسچى قاتارلىقلارنى ئالاھىدە تەكلىپ قى-
لىدۇ . غىجەكچى ، راۋابچى ، داپچى قاتارلىق سازەندىلەر بەلگىلەنگەن
ئورۇندا ئولتۇرۇشىدۇ . باشقىلار ياش قۇرامىغا قاراپ تۆردىن باشلاپ ئو-
رۇن ئېلىپ ئولتۇرىشىدۇ . مەشرەپ كېچىچە داۋاملىشىپ ئاخىرلىشاي دې-
گەندە ياغلىق بىلەن يېپىلغان كۆك مايىسنى ۋە بىر كىيىملىك رەخت ،
توققۇز تەخسە قۇرۇق مېۋە ـ چېۋىنى ساھىبخانا ئەر ـ ئايال نەزمىچىلەرگە
ئىككى قوللاپ سۇنىدۇ . بۇ چاغدا سازەندىلەر سازنى توختىتىپ ، مەش-
رەپ ئەھلىنىڭ دىققىتى ئۇلارغا مەركەزلىشىدۇ . كۆكنى سۇنغۇچى سا-
ھىبخانىلار قىزىق گەپلەر بىلەن بېيىت باشلايدۇ . ئەر ساھىبخانا : «
قىش ـ زىمىستاندا ئۈنگەن سەۋزە باھارنىڭ ئەۋۋىلى ، ياخشىلارنىڭ مې-
لىسىدىن چېچەك ئۈندى قىشلىقى ... بۇ چېچەكنىڭ تەربىيىنى ھەممىلى-
رىگە تۆھپە ئەيلىدۇق . بۇ چېچەكنىڭ سايىسىدا ئولتۇرسىلا كۆڭۈللىرى
ئاچىلۇر ، بۇ چېچەكنى ئالغان كىشىنىڭ بېشىغا گۈللەر ساچىلۇر ... بۇ
چېچەكنى تەربىيىلەپ ياخشى ، ئوبدان كۆرسىلە ، ھەر كۈنى خىيال قى-
لىپ ئېگىسىنى سۆيسىلە » دېسە ، ئايال ساھىبخانا: « ئۇل خۇدانىڭ قۇد-
رىتىدىن بىرلا كۆكەردى شۇ كۆكۈم ، شادى مەڭلىك ، غۇنچە رەڭلىك
دەرمەھەل يەتكىل كۆكۈم ، گۈل تەۋەڭدە ئولتۇرادۇر بويلىرى ئالتۇن
كۆكۈم . بويلىرى ئالتۇن كۆكۈمنىڭ سۇلتىنى سۇلتانچە بار . ئاي يۈزىگە
نۇر چۈشۈپتۇ يېڭى ئۈزگەن گۈلچە بار ... قىشلىقى كۆك ئۈندۈرمەك
بىزگىمۇ ئاسان ئەمەس ، بۇ ئويۇنلارنى ئويىنىماق بىزگىمۇ مەنزۇر ئە-
مەس ، بۇ سۆزلەرنى يالغان دېمىسلە ، بىرىمۇ يالغان ئەمەس ، كۆكنى
تۇتتۇق خۇش ئالسىلا ، جىم بولۇپ قالمىسىلا ، ئېگىزگىنە تاختا بېشىغا
ئەپ قويۇپ پاكىشىڭغىنا ياتمىسىلا ، ئېگىز ـ ئېگىز ئۆيلىرىنى پىشقىن بى-
لەن ئاقلىسىلا ، كۆكنى تۇتقان بىز ئىدۇق ، بىزنى خاتىرىدە ساقلىسىلا ،
دۇنيا ـ جاھاننىڭ كارىنى يىراققىنا تاشلىسىلا ، غازنى ئوتتۇز ، قوينى
توققۇز ھەممىنى تەڭ راسلىسىلا ، تېشى ياقۇت ، ئىچى مارجان بىر جۈپ
جۇۋانىنى راسلىسىلا . چالغىلى بەرباپ ، راۋاب ، قالۇن ، ساتارنى راسلى-
سىلا ... » دەيدۇ . مەشرەپ ئەھلى « ۋاي رەھمەت » ، « خۇدا نېسىپ

قىلسۇن » دېيىشىپ كۆكنى تاپشۇرۇپ ئالغان كىشىنى تەبرىكلىشىدۇ ، مايسىنى تاپشۇرۇپ ئالغۇچى ئەر ـ ئايال مەشرەپ ئەھلىگە ئېگىلىپ تەزىم قىلىدۇ ۋە سورۇندىكىلەرنى ئەتە ئاخشاملىققا ئۆز ئۆيىگە مەشرەپكە تەكلىپ قىلىدۇ . ئاندىن ئەر ـ ئايال ئىككىسى كۆكنى قولىدا كۆتۈرۈپ تۇرۇپ ئۇسسۇل ئوينايدۇ . قىقاسچى تەخسە ـ تەۋەككە مېۋە ـ چېۋە كۆتۈرۈپ چىقىپ ، سورۇندا ئۇسسۇل ئويناۋاتقانلارنىڭ بېشىدىن ئايلاندۇرۇپ : « قاقشالمۇ ـ قاقشال ، چار باغدا قاقشال . بىر ئائىلىلىك ئۇسسۇل ئويناپتۇ ، گۈل زەپەرگە ئوخشار ... » دەپ قىقاس سالىدۇ .

ساھىبخانا بىر تەۋەككە ئەتلەس ـ شايىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ چوڭ ـ كىچىك مېھمانلارنىڭ ، ھېرىپزلارنىڭ بېشىدىن ئۆرۈپ : « جوۋاپتۇ ، جوۋاپتۇ ، ھەي يىگىتلەر بارىكاللا قىقاس ! » دەيدۇ . كۆپچىلىك ئەگىشىپ : « بارىكاللا قىقاس ! » دەپ جور بولىدۇ . خۇشاللىق ئەۋجىگە كۆتۈرۈلىدۇ . مەشرەپ ئەھلى كۆكنى كۆك ئالغۇچىنىڭ ئۆيىگە ناخشا ـ ساز بىلەن كۆچۈرۈپ قويىدۇ .

( « تارىم غۇنچىلىرى » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى . )

## ئالما مۇراباباسى

### خالىقجان غوپۇر

( شەرھلەش ، سان ـ سىپىرلارنى ئېلىش ، بايان شەكلى قوللىنىلغان ، ئىش تەرتىپى بويىچە چۈشەندۈرۈلگەن تونۇشتۇرۇش خاراكتېرىدىكى ماقالە )

تەبىئىتى : سوغۇق .

شىپالىق رولى : قاننى كۆپەيتىدۇ ، مېڭە ، يۈرەك ، جىگەرنى قۇۋۋەتلەندۈرىدۇ ، ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىدۇ ، باللارنىڭ ھەزىم قىلىشىنىڭ بۇزۇلۇشىغا ، ئاياللارنىڭ سېرىك دەۋرىدىكى كۆڭۈل ئېلىشىشىغا شىپا بولىدۇ .

خۇرۇچى :

خۇشبۇي ئالما بەش يۈز گىرام، شېكەر بىر كىلو ئىككى يۈز ئەللىك گىرام، قوۋزاقدا چىن ئالتە گىرام، لىمون بەش گىرام.

ياساش ئۇسۇلى :

ئاۋۋال ئالمىنىڭ پوستىنى سويۇۋېتىپ، ئۇرۇقى ۋە تېرىلىرىنى ئېلىۋېتىمىز. ئاندىن چاقماق قەنت چوڭلۇقىدا نېپىز توغراپ، قايناق سۇدا قاينىتىپ يۇمشىغاندا سۈزۈۋالىمىز. قوۋزاقداچىننى يۇمشاق سوقۇپ خالتىغا ئېلىپ شېكەر بىلەن بىللە ئۈچ كىلوگىرام يېڭى قايناقسۇدا بىر كىلوگىرام قالغۇچە قاينىتىمىز، ئاندىن خالتىنى ئېلىۋېتىپ، ئالما بىلەن لىموننى قىيامغا قايتا سېلىپ ئون مىنۇت قاينىتىمىز.

ئىستېمال قىلىش مىقدارى :

ئەھۋالغا قاراپ ئىستېمال قىلىنىدۇ.

(«مۇرابا ۋە شەربەتلەرنى قانداق ياساش كېرەك؟» ناملىق كىتابتىن.)

## سىياھ داغلىرىنى تازىلاپ چىقىرىش

پەيزۇللا ئىكرام

(سان ـ سېپىرلارنى ئېلىش، بايان شەكلى قوللىنىلغان، ئىش تەرتىپى ۋە پىكىر تەرتىپى بىرلەشتۈرۈپ چۈشەندۈرۈلگەن تونۇشتۇرۇش خاراكتېرىدىكى ماقالە)

بىرىنچى ئۇسۇل : ئاق رەڭلىك كىيىم ـ كېچەكلەرگە يۇقۇۋالغان كۆك سىياھ داغلىرىنى ئاز مىقداردا سودا (ياكى ساپ ھالەتتىكى شۇلتا) قوشۇلغان ئون پىرسەنتلىك ئامىياك سۈيى بىلەن سۈرتۈپ تازىلاپ، ئاندىن سۇ بىلەن چايقىۋېتىش ئارقىلىق چىقىرىۋەتكىلى بولىدۇ.

ئىككىنچى ئۇسۇل : كىيىم ـ كېچەكلەرگە يېڭىلا يۇقۇۋالغان قارا

ياكى كۆك سىياھ داغلىرىنى پىشۇرۇلغان گۇرۇچ ياكى بۇغداي ئۇنىنىڭ خېمىرىنى سۈركەپ ئۇۋۇلاپ، ئاندى سوپۇن پاراشوكى ياكى سوپۇن سۈيى بىلەن يۇيۇپ چىقىرىۋەتكىلى بولىدۇ.

كونىراپ قالغان قارا ياكى كۆك سىياھ دېغىنى ئالدى بىلەن چۆپ كىسلاتاسىنىڭ ئىككى پىرسەنتلىك قىزدۇرۇلغان ئېرىتمىسىگە بىر نەچچە مىنۇت چىلاپ قويۇپ، ئاندىن سوپۇن پاراشوكى ئېرىتمىسى ئارقىلىق يۇيۇپ چىقىرىۋەتكىلى بولىدۇ.

ئۈچىنچى ئۇسۇل: كىيىم - كېچەكلەرگە يۇقۇۋالغان قىزىل سىياھ داغلىرىنى سوپۇن پاراشوكى بىلەن ئىسپىرت ئارىلاشمىسى ئارقىلىق تازىلاپ ئاندىن سۇ بىلەن چايقاپ چىقىرىۋەتكىلى بولىدۇ.

كىيىم - كېچەكلەرگە يېڭىدىن يۇققان قىزىل سىياھ داغلىرىنى ئالدى بىلەن سۇدا يۇيۇپ، ئاندىن قىزدۇرۇلغان سوپۇن ئېرىتمىسىگە مەلۇم ۋاقىت چىلاپ قويغاندىن كېيىن پاكىز سۇ بىلەن چايقاپ چىقىرىۋەتكىلى بولىدۇ.

تۆتىنچى ئۇسۇل: رەڭلىك كىيىم - كېچەكلەرگە يۇقۇۋالغان سىياھ داغلىرىنى ئون پىرسەنتلىك لىمون كىسلاتاسى ئېرىتمىسى بىلەن تازىلاپ چىقىرىۋەتكىلى بولىدۇ. بىراق، مەشغۇلاتتىن ئىلگىرى كىيىم رەڭگىنىڭ لىمون كىسلاتاسى تەسىرىدە ئۆزگۈش ياكى ئۆزگەمەسلىكىنى سىناپ بېقىش لازىم. شۇنىڭدەك مەشغۇلات ئاخىرلاشقاندىن كېيىن داغ تازىلانغان ئورۇننى ئىلمان سۇ بىلەن پاكىز چايقىۋېتىش كېرەك.

بەشىنچى ئۇسۇل: قولىڭىزغا تېمىپ كەتكەن سىياھ دېغىنى سوپۇنلاپ يۇيىسىڭىز تەل - تۆكۈس چىقىپ كەتمىسە، داغ تەككەن ئورۇنغا بىر ئاز سۇ تەگكۈزۈپ نەملەپ، ئاندىن بىر نەچچە تال سەرەڭگە بېشىنى سۈركەپ ئۇۋۇلاپ، ئاندىن سۇ بىلەن يۇيۇش ئارقىلىق چىقىرىۋەتكىلى بولىدۇ.

(«تۇرمۇشتا كۆپ قوللىنىلىدىغان خىمىيۋى رېتسېپلار» ناملىق كىتابتىن)

## ئائىلىلەردە پەمدۇر مۇراببىاسىنى ياساش ئۇسۇلى

روزى ئەخمەت

( بايان ، ئىزاھلاش شەكلى قوللىنىلغان ، ئىش تەرتىپى بويىچە يېزىلغان تونۇشتۇرۇش خاراكتېرىدىكى ماقالە )

پەمدۇر تۆكمە بولغان مەزگىلدە ، ئۇنىڭدىن ئادەتتىكى ئۇسۇل بىلەن مۇراببا ياساپ ساقلاپ ئىستېمال قىلىشقا بولىدۇ . ئائىلىلەردە پەمدۇر مۇراببىاسى ياساشنىڭ مۇنداق ئىككى خىل ئۇسۇلى بار :

1 . دۇملەپ قاينىتىش . مۇراببا ياساشقا تولۇق پىشقان ، كېسەل تەگمىگەن ، بۇلغانمىغان پەمدۇرلار تاللاپ ئىشلىتىلىدۇ . مۇراببا ياساشتىن ئىلگىرى ئېغىزى مۇۋاپىق چوڭلۇقتىكى ، ھەم ئېتىلىدىغان پاكىز قۇتا ( ئىسپىرت بوتۇلكىسى ۋە باشقىلار ) ، رېزىنكە پۇرۇبكا ، چوكا ، پىچاق ۋە كىچىك قوشۇقلار تەييارلىنىدۇ .

ئاۋۋال تاللانغان پەمدۇرلارنى سۈزۈك سۇدا پاكىز يۇيۇپ ، قايناق سۇغا بىر نەچچە مىنۇت چىلاپ ، پوستىنى سويۇۋېتىپ ، ئۇششاق توغراپ ، ئېقىپ چىققان سۇيىنى ئايرىم قاچىغا تۆكۈپ ، ئېتىنى بوتۇلكىلارغا قاچىلىغاندىن كېيىن چوكا بىلەن ئېلەشتۇرۇپ ، ئىچىدىكى ھاۋا چىقىرىۋېتىلىدۇ ، ئاندىن ئۇنىڭغا پەمدۇرنى توغرىغاندا چىققان سۇيىنى قوشۇق بىلەن ئاز ـ ئازدىن قۇيۇپ ، بوتۇلكىنىڭ ئېغىزىنى پۇرۇپكا بىلەن بوشراق ئېتىپ ، سىرتىنى قايناق سۇ بىلەن يۇيۇۋەتكەندىن كېيىن يۇقىرى بېسىملىق تاماق كورىسىغا سېلىپ ، بوتۇلكىنىڭ بەشتىن تۆت قىسمىغا باراۋەر كەلگۈدەك سۇ قۇيۇپ ، كورىنىڭ ئېغىزىنى ھەم يېپىپ ، ئۈستى ئېغىرراق نەرسە بىلەن باستۇرۇپ قويۇلىدۇ . سۇ قاينىغاندىن كېيىن ئوتنى پەسەيتىپ ، تۆت مىنۇتتىن بەش مىنۇتقىچە تۇرغۇزۇپ ، سوۋۇتۇلىدۇ . تۆت سائەتتىن كېيىن پۇرۇپكا بېسىپ چىڭىتىلىپ ساقلىن

جايدا ساقلىنىدۇ . ئۈچ كۈندىن كېيىن بوتۇلكا ئېغىزىنىڭ ھەم ئېتىلگەن ياكى ئېتىلمىگەنلىكىنى ھەمدە مۇرابباننىڭ سۈپىتىنى ( پاختىلىشىپ قالغان قالمىغانلىقىنى ) تەكشۈرۈپ ، غەيرىي ئۆزگىرىشلەر بولمىسا ، مۇۋاپىق جايغا قويۇپ ساقلاپ ئىستېمال قىلسا بولىدۇ . ئەمەلىيەت بۇ خىل پەمىدۇر مۇرابباسىنى ئىككى ـ ئۈچ يىل ساقلىغىلى بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى .

2 . بىۋاسىتە قايىنىتىش . بۇنىڭدا ئاۋۋال مۇراببا قاچىلىرى ( كىچىك ئىدىش ، قۇتا ياكى بوتۇلكا ) يۇيۇپ دېزىنفېكسىيە قىلىنغاندىن كېيىن قۇرۇتۇلىدۇ . ئاندىن تاللىۋالغان پەمىدۇرلارنى سۈزۈك سۇدا پاكىز يۇيۇپ ، ئۇششاق توغراپ ، غەلۋىرگە تۆكۈپ ، چوكراق قوشۇق بىلەن ئېزىپ سۈزگەندىن كېيىن ئېتى بىلەن شىرنىسىنى قوشۇپ قازانغا تۆكۈپ قايىنىتىپ ، يېپىشقاق ھالەتكە كەلگەندە ، دېزىنفېكسىيە قىلىپ تەييارلىغان قاچىلارغا قاچىلىنىدۇ . ئۇنى مىكروبسىزلاندۇرۇش يۇقىرىدا ئېيتقان ئۇسۇل بويىچە ئىشلەنسە بولىدۇ .

( « شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى » دىن ئېلىندى . )

## گۆش نان ئېتىش ئۇسۇلى

( بايان قىلىش ، ئىزاھلاش شەكلى قوللىنىلغان ، ئىش تەرتىپى بويىچە چۈشەندۈرۈلگەن تونۇشتۇرۇش خاراكتېرىدىكى ماقالە )

مىقدارى : ئاق ئۇن ( چاي چىنىدە ئۈچ يېرىم چىنە ) ، تۇز ( مۇۋاپىق مىقداردا ) ، لوق گۆش ( ئىككى جىڭ ) ، پىياز ( مۇۋاپىق مىقداردا ) ، قارامۇچ ( بال قوشۇقتا ئىككى قوشۇق ) ، زىرە ( بال قوشۇقتا ئىككى قوشۇق ) .

ئېتىش ئۇسۇلى : 1 . گۆشنى ئۇششاق توغراپ ، ئۇنىڭغا ئۇششاق توغرالغان پىياز ، تۇز ، سوققان زىرە ، قارامۇچ ئارىلاشتۇرۇپ قىيما تەييارلايمىز . 2 . ئۇنغا تۇز ، ئېچىتقۇ سېلىپ خېمىر يۇغۇرۇپ ، ئازراق تىندۇرغاندىن كېيىن ئۇنى مۇشتىمىگىزدىن چوكراق ھەم ئۇنىڭدىن كى-

چىكرەك قىلىپ زوۋۇلا ئۇزۇپ ، ھەربىر زوۋۇلىنىڭ گىرۋىكىنى نېپىز ، ئوتتۇرىسىنى سەل قېلىنراق قىلىپ جىلىت ئاچىمىز ، چوڭ جىلىتنى تەييارلىغان قىيمىنى تەكشى يېيىپ ، ئۈستىگە كىچىك جىلىتنى يېپىپ چوڭ گىرۋەكلىرىنى ياندۇرۇپ كىچىك جىلىتنىڭ گىرۋىكى بىلەن چىمدىپ يېپىشتۇرۇپ ، گۆش نان ( قىيمىلىق نان ) تەييارلايمىز . 3 . قىزىغان تاۋا ياكى قازانغا ئازراق ياغ قۇيۇپ ، گۆش ناننى سېلىپ ھەر ئىككى تەرىپىنى تەكشى قىزارتىپ پىشۇرۇپ ئېلىپ ، ئالتە پارچىلاپ داستىخانغا كەلتۈرىمىز .

گۆش نانىڭ خېمىرىنى پېتىر قىلىپ يۇغۇرغاندا ، بىر تۇخۇم بىلەن ئازراق ئەبجەش ياغ قۇيۇۋەتسەك تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ . ئۇنىڭ خېمىرى نېپىز يېيىلىدۇ .

( « تارىم غۇنچىلىرى » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى .)

## كۆكلەك دەزماللاشنىڭ ئەپچىل ئۇسۇلى

( سوئال ـ جاۋاب ، بايان قىلىش شەكىللىرى قوللىنىلغان ، ئىش تەرتىپى بويىچە چۈشەندۈرۈلگەن ، تونۇشتۇرۇش خاراكتېرىدىكى ماقالە )

كۆكلەكنى قانداق دەزماللاش كېرەك ؟ تۆۋەندىكى تەرتىپ بويىچە ئىش كۆرسىڭىز ئۇنۇم قازىنىسىز :

1 . ئاۋۋال كۆكلەكنى ئۈستەلگە دۈم قويۇپ تەكشىلىۋېلىش ، ياقىنىڭ تۆت ئەتراپىدىن باشلاپ دەزماللاش كېرەك .

2 . يەڭنى دەزماللاشتا ئاۋۋال تۈگمىنى ئېچىۋېتىپ ، يەڭنىڭ ئىچكى قىسمىنى دەزماللىۋېلىش ، ئاندىن تېشىنى دەزماللاش ، تۈگمىسىنىڭ تۆت ئەتراپىنى دەزمالنىڭ ئۇچى بىلەن دەزماللاش ، يەڭنى تارتىپ تۈزلەپ يان تىكىشىدىن باشلاپ تەكشى دەزماللاپ چىقىش كېرەك .

3 . ياقىنى دەزماللاشتا ، ئاۋۋال ياقىنى ئۆرۈپ كەينىنى دەز-

ماللاش ، سىرتىدىن ئوتتۇرىغا قاراپ دەزماللاش كېرەك .

4 . كۆڭلەكنىڭ كەينىنى دەزماللاشتا ، ئاۋۋال كۆڭلەكنىڭ ئىچىنى دەزماللاش ، ئاندىن كۆڭلەكنىڭ بىر پېشىنى تۇتۇپ ، مۈرىسىگىچە بولغان ئارىلىقنى دەزماللاش كېرەك .

5 . كۆڭلەكنىڭ ئالدى تەرىپىنى دەزماللىغاندا ، ئالدى ـ ئارقىسىنى ، ئىككى يېڭىنى جۈپلەپ بېشىدىن مۈرە تەرەپكە قارىتىپ دەزماللاش كېرەك .

( « شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى » دىن ئېلىندى . )

## ئاۋاز رېزونانس تەجرىبىسىنىڭ ئۆزگەرتىلىشى

( بايان قىلىش ، رەسىم ، سېلىشتۇرۇش شەكلى قوللىنىلغان ، ئىش تەرتىپى بويىچە چۈشەندۈرۈلگەن تونۇشتۇرۇش خاراكتېرىدىكى ماقالە )

ئوتتۇرا مەكتەپ فىزىكا دەرسلىكىدە ، ئاۋاز رېزونانس تەجرىبىسى ئادەتتە ، چاستوتىسى ئوخشاش بولغان ئىككى دانە كامېرتون ( رەسىمدە كۆرسىتىلگەندەك ) ئارقىلىق ئىشلىنىدۇ . بىراق ، بۇنداق ئىشلەنگەن تەجرىبىدە ئاۋاز رېزونانس ھادىسىسى ئانچە روشەن بولمايدۇ . بۇنداق بولۇشتا مۇنداق ئىككى تۈرلۈك سەۋەب بار : ( 1 ) رېزىنكە توقماق بىلەن كامېرتون A نى ئۇرغاندا ئۇنىڭ تەۋرىنىش ئامپېلتوتىسى كىچىك ، ئېنېرگىيىسى تۆۋەن بولغانلىقتىن ، كامېرتون B نى يۇقىرى تەۋرىنىشتە قوزغىتىپ جاراڭلىق ئاۋاز پەيدا قىلالمايدۇ ؛



( 2 ) كامېرتون بىلەن رېزونانس ساندۇقىدا مۇئەييەن پەرق ( سۈپەت ، ماتېرىيال قاتارلىق ) مەۋجۇت . رېزونانس شەرتلىرى يېتەرلىك ئەمەس .

شۇڭا ، بۇ تەجرىبىنى تۆۋەندىكىدەك ئۆزگەرتىمىز :

تەجرىبىگە كېرەكلىك ئەسۋابلار :

ئىككى دانە رېزونانس ساندۇقلۇق كامېرتون ، بىر دانە قۇۋۋىتى چوڭراق ئۈنئالغۇ ، بىر دانە رېزىنكە توقماق ، بىر دانە قۇرۇق ئۈنئالغۇ لېنتىسى .

تەجرىبە ئىشلەش ئۇسۇلى :

1 . ئاۋۋال كامېرتوننى رېزونانس ساندۇقىغا سېلىپ ، ئۈنئالغۇنىڭ ئۈن ئېلىش نۇقتىسىغا توغرىلاپ ، رېزىنكە توقماق بىلەن كامېرتوننى ئۇرۇپ ، پەيدا بولغان ئاۋازنى ئۈنئالغۇغا ئالىمىز ، ئاندىن ئۈنئالغۇ لېنتىسىنى بېشىغا قايتۇرىمىز .

2 . كامېرتونلۇق رېزونانسنى ئۈنئالغۇغا يېقىن قويۇپ ، رېزونانس ساندۇقىنىڭ ئاغزىنى ئۈنئالغۇ كانىيىغا توغرىلايمىز ، ئاندىن ئۈنئالغۇنىڭ ئاۋازىنى چوڭايتىپ ، يۇقىرىدا لېنتىغا ئېلىنغان كامېرتوننىڭ ئاۋازىنى قويىمىز . لېنتا قويۇلۇپ بولغاندىن كېيىن ئۈنئالغۇنى ئۆچۈرىۋەتسەك ، كامېرتوندىن بىرقەدەر جاراڭلىق ئاۋاز پەيدا بولىدۇ ـ دە ، ئۇنى پۈتۈن سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلار ئاڭلىيالايدۇ .

بۇ تەجرىبە دەرسلىكتىكى تەجرىبىنىڭ يېتەرسىز جايلىرىنى تولۇقلاپ ، بىرقەدەر روشەن ئۈنۈم هاسىل قىلىدۇ ھەمدە ئۈنئالغۇ لېنتىسىنى ئۇزۇن مۇددەت ساقلاپ ئىشلىتىشكە بولىدۇ .

( « شىنجاڭ مائارىپى » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى . )

# ئالاھىدىلىك تەرتىپى بويىچە چۈشەندۈرۈلگەن ماقالىلەردىن ئۆرنەكلەر

## تاشقۇرغان تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى

شېرىن قۇربان

( بايان ، سان ـ سىپىرلارنى ئېلىش ، تەسۋىرلەش شەكلى قوللىنىلغان ، بۇ رايوننىڭ جايلىشىش ئورنى ، يەر شەكلى ، ھايۋانات ۋە ئۇچار قۇشلىرى ، دورا ئۆسۈملۈكلىرى ، كان بايلىقلىرى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرى كۆپ تەرەپتىن چۈشەندۈرۈلگەن تونۇشتۇرۇش خاراكتېرىدىكى ماقالە )

دۆلەتلىك ئورمانچىلىق مىنىستىرلىقى بىلەن دۆلەتلىك تاشقى سودا مىنىستىرلىقىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن 1985 ـ يىلى تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىدە تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى تەسىس قىلىنغانىدى . تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى ئون بەش مىڭ كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ ، ناھىيىنىڭ ئاساسلىق تەبىئىي بايلىق ۋە مەنزىرىلىك جايلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . جۇغراپىيىلىك ئورنى جەھەتتە ، تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى شەرقىي مېرىدىيان يەتمىش تۆت گرادۇس ئوتتۇز مىنۇتتىن يەتمىش يەتتە گرادۇسقا ، شىمالىي كەڭلىك ئوتتۇز بەش گرادۇس ئوتتۇز سەككىز مىنۇتتىن ئوتتۇز يەتتە گرادۇس ئوتتۇز مىنۇتقا توغرا كېلىدۇ .

يەر شەكلى جەھەتتە ، تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى ئېگىز تاغ چوققىلىرى ، ئېدىرلىق ـ جىلغىلار ۋە ئېگىز يايلاق ، ئوتلاقلاردىن تەركىب تاپقان بولۇپ ، دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى تۆت مىڭ مېتىردىن ئاشىدۇ . بۇ رايوننىڭ كىلىماتى سوغۇق ۋە قۇرغاق ھاۋا تىپىگە

كىرىدۇ ، هۆل ـ يېغىن مىقدارى تۆۋەن . لېكىن ، بۇ يەردە ئاسمان بىلەن بوي تالاشقان چوڭ ـ كىچىك مۇزلۇقلار بولۇپ ، قۇرغاق رايونغا هاياتلىق بەخش ئېتىپ ، نۇرغۇن يايلاق ـ ئوتلاقلارنى شەكىللەندۈرگەن . ئۆسۈملۈك يېپىنچىلىرى شالاڭ ، ئوت ـ چۆپ ، گۈل ـ گىياھلار بولۇق ئۆسسمۇ ، ئۇزۇقلۇق تەركىبى يۇقىرى بولغاچقا ، چارۋا مال ۋە باشقا هايۋانلار ناهايىتى تېز سەمرىيدۇ .

تاشقورغان تەبىئىي مۇهاپىزەت رايونى ياۋايى هايۋانلار ۋە ئۇچار قاناتلارنىڭ راهەت ماكانى . بۇ يەردە دۆلەت تەرىپىدىن نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان يىلپىز ، ئارقار ، تاغ تېكىسى ، پاپاي ، قوڭۇر ئېيىق ، بۈركۈت ، ئۇلار قاتارلىقلار بار . بۇلاردىن پامىر ئارقىرى دۇنيادا « ماركوپولو ئارقىرى » نامى بىلەن داڭلىق بولۇپ ، كەم ئۇچرايدىغان ئېسىل هايۋان هېسابلىنىدۇ . ئۇ ئېلىمىزدىكى 2 ـ تۈردىكى نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان هايۋان . پامىر قوڭۇر ئېيىقىنىڭ مېيى ، ئۆتى ، تاپىنى ۋە تېرىسىنىڭ قىممىتى يۇقىرى . بۇنىڭدىن باشقا تاغ تېكىسى ، تاغ سۇلىرىدا ياشايدىغان ئاق بېلىقلار ، تاغلاردا ياشايدىغان ئۇلار قاتارلىقلارمۇ بۇ رايوننىڭ ئالاهىدە داڭلىق مەهسۇلاتلىرى بولۇپ ، ئۇلارنىڭ گۆشى تەملىك ، ئوزۇقلۇق تەركىبى يۇقىرى ، شىپالىق رولى چوڭ . بۇ رايوندا يەنە « تاغ كېمىسى » دەپ تەرىپلىنىدىغان قوتازلار ، ئەلا سورتلۇق داڭباش چوڭ قۇيرۇقلۇق قويلار بار بولۇپ ، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىغا داڭلىق .

تەبىئىي مۇهاپىزەت رايونىدا ئوت ـ چۆپ ، گۈل ـ گىياھلارنىڭ تۈرى كۆپ ، تارقىلىش دائىرىسى كەڭ بولۇپ ، قىممەتلىك دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىن قار لەيلىسى ، ئەڭلىك ئوت ، مەرەنجۇش ، قان تېپەر ، قورۇمتى كۆلى ، مېهرگىياه ، بىنەپشە ، ياۋازىرە ، ياۋا پىياز قاتارلىقلار بار . بۇلار ئاشقازان كېسەللىكلىرى ، يۇقىرى قان بېسىمى ، جىگەر كېسەللىكلىرى ، قان كېسەللىكلىرى ، تېرە كېسەللىكلىرى ، رېماتىزىم ۋە ئاياللار كېسەللىكلىرى ئۈچۈن تەبىئىي شىپالىق دورا هېسابلىنىدۇ ، بۇلارنىڭ بەزىلىرىنى چاي ئورنىدا دەملەپ ئىچىشكە بولىدۇ .

تەبىئىي مۇهاپىزەت رايونىدا يەنە كان ـ مەدەن بايلىقلىرىدىن

مس ، ئالتۇن ، تاشپاختىا ، گۇڭگۇرت ، سۇرمە قاتارلىقلار ھەمدە كۆپ كېسەللىككە شىپا بولىدىغان ئارىشاڭلار ، چەشمى ـ بۇلاقلار ، ئەلا سۇ. پەتلىك مىنېرال سۇلار بار . بۇ يەردە كۆپلىگەن مەنزىرىلىك جايلار ، مەدەنىي يادىكارلىقلار ، قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ ئىزنالىرى بار .

تاشقورغان رايونىدا تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىنىڭ تەسىس قىلى. نىشى ئەھمىيەتلىك ئىش بولۇپ ، بۇ رايوندىكى ئېسىل ھايۋانات ، ئۇچار قانات ۋە ئۆسۈملۈكلەرنى قوغداش ، ھەرخىل تەبىئىي ۋە سۈنئىي ئاپەت. لەرنىڭ ئالدىنى ئېلىپ ، ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاش ؛ تەبى. ئىي بايلىقلارنى پىلانلىق ، تەرتىپلىك ئېچىش ۋە ئۇلاردىن پايدىلىنىشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ .

(« شىنجاڭ گېزىتى » دىن ئېلىندى .)

## پاختىنىڭ ئىقتىسادىي قىممىتى ۋە سانائەتتە ئىشلىتىلىشى

مۇھەممەتئىمىن توختى

( تەبىر بېرىش ، بايان قىلىش ، سان ـ سىپىرلارنى ئېلىش ، تۈرگە ئاي. رىش شەكلى قوللىنىلغان ئالاھىدىلىك تەرتىپى بويىچە چۈشەندۈرۈلگەن تونۇش. تۇرۇش خاراكتېرىدىكى ماقالە )

كېۋەز ـــ تۈگمىگۈل ئائىلىسىنىڭ كېۋەز ئۇرۇقدىشىغا مەنسۇپ بولغان سامان غوللۇق ئىقتىسادىي ئۆسۈملۈك ، ئۇنىڭ شىنجاڭدا ئۆستۈ. رۈلۈش تارىخى ناھايىتى ئۇزۇن . مىلادى 6 ـ ئەسىردىن ئىلگىرى ئافرى. قىنىڭ ئەرەب كېۋىزى غەربىي ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىن « يىپەك يولى » ئارقىلىق شىنجاڭغا كىرگۈزۈلۈپ ، خوتەن ، تۇرپان قاتارلىق جايلاردا تېرىلغان .

ھازىر ئاپتونوم رايونىمىزدا قۇرۇقلۇق كېۋىزى ۋە ئۇزۇن تالالىق كېۋەز ئۆستۈرۈلمەكتە . بۇنىڭ ئىچىدە ئۇزۇن تالالىق كېۋەزنىڭ تېرى.

لىش كۆلىمى بىرقەدەر كۆپ ، ئۇنىڭ سورتلىرىمۇ سەككىز ئون خىلغا يېتىدۇ . ئۇزۇن تالالىق پاختا توقۇمىچىلىق سانائىتىدە ۋە دۆلەت مۇداپىئە سانائىتىدە سۈنئىي ، تەبىئىي تالالىق ئارىلاشما توقۇلما ، ئالىي دەرىجىلىك توقۇلما بۇيۇملارنىڭ مۇھىم خام ئەشياسى ھېسابلىنىدۇ . قورۇقلۇق كېۋىزى بولسا ، سانائەتتە پاختا توقۇمىچىلىق ۋە خەلق تۇرمۇشىغا ئىشلىتىلىدىغان ماتېرىياللارنىڭ خام ئەشياسى ھېسابلىنىدۇ . ئۇنىڭدىن تۈرلۈك پاختا رەخت ، يىپ ، ئەدىيال ، كىيىم ـ كېچەك قاتارلىقلار ئىشلەپ چىقىرىلىدۇ .

كېۋەزنىڭ ئۇرۇقى ( چىگىتى ) دىن ياغ ئىشلەپ چىقىرىلىدۇ . چىگىت يېغى رەڭگى سۈزۈك ، ئوزۇقلۇق قىممىتى مول ، تەمى ياخشى ، تەبىئىتى ھۆل ئىسسىق بولۇپ ، مۇۋاپىق مىقداردا ئىستېمال قىلىنسا ، بەدەندىكى ئوزۇقلۇق ماددىلارنى تارقىتىش ، مەنىنىڭ تېز كېتىشىنى تىزگىنلەش رولىنى ئوينايدۇ . يۈزىگە سۈرتسە داغ ، سەپكۈنلەرنى چۈشۈرىدۇ .

كېۋەزنىڭ چېچىكى يېڭى ئېچىلغاندا قايماق رەڭلىك بولۇپ ، ئۇرۇقلىنىپ بولغاندىن كېيىن قىزىل رەڭگە ئۆزگىرىدۇ . تەمى ئاچچىق ، تەبىئىتى ھۆل ئىسسىق بولۇپ ، نېرۋىنى تىنچلاندۇرۇش ، مېڭە ، يۈرەكنى قۇۋۋەتلەش قاتارلىق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە .

كېۋەزنىڭ ھۆل يوپۇرمىقىنى سىقىپ سۈيىنى ھەر خىل ئىششىقلارغا ، كۆيگەن جاراھەتلەرگە ، قىچىشقاققا چاپسا ياخشى ئۈنۈم بېرىدۇ . كېۋەز يوپۇرمىقىنىڭ يەنە ئوزۇقلۇق قىممىتى يۇقىرى . ئۇنىڭدىن چارۋىلار ئۈچۈن يېشىل يەم ـ خەشەك ۋە سىلوس ياساشقا بولىدۇ .

كېۋەز شادىسىدىن سۈنئىي تاختاي ، قىرىندىلىق پەنەركە ، قەغەز قاتارلىقلارنى ئىشلەپ چىقارغىلى بولىدۇ . سەككىز يۈز كىلوگرام كېۋەز شادىسىدىن بىر كۇپ مېتىر قىرىندىلىق پەنەركە ياسىغىلى بولىدۇ . بۇنداق پەنەركە چىداملىق ، باھاسى ئەرزان بولۇپ ، ئۇنىڭدىن ئېسىل ئۆي جاھازلىرىنى ياسىغىلى بولىدۇ . ئۇنىڭدىن باشقا ، كېۋەز شادىسىدىن يەنە تالالىق پەنەركە ياسىغىلى ، بۇ پەنەركىدىن ئۆي جاھازلىرى ۋە

ساندۇق ، كىتاب جازىسى ، ئاپتوموبىل ، پاراخوتلارغا ئىشلىتىدىغان تاختاي قاتارلىقلارنى ئىشلىگىلى بولىدۇ .

ئۇ يەنە سانائەتتە قەغەز ياساشنىڭ مۇھىم خام ئەشياسى قىلىنىدۇ . ئۇنىڭدىن ياسالغان قەغەزنىڭ سۈپىتى شال پاخلىدىن ياسالغان قەغەزدىن ياخشى بولىدۇ . ئۇنىڭدىن باشقا ئېكسپورت قىلىنىدىغان ئالىي دەرىجىلىك قەغەز ساندۇق ئىشلەپ چىقىرىلىدۇ .

كېۋەز شادىسىنى يەنە سېمونت بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ، سېمونتلىق بېزەش تاختىيى ، سېمونتلىق كاھىش قاتارلىقلارنى ئىشلەپ چىقارغىلى بولىدۇ . بۇنداق ماتېرىياللار يېنىك ، پۇختا ، ئەرزان ، ئىسسىقلىق ئۆتكۈزمەيدۇ ۋە ئىسسىق ساقلايدۇ . ئۇنىڭدىن يەنە تاغار ، ئارغامچا ، شوينا قاتارلىقلارنى ئىشلەپ چىقارغىلى بولىدۇ . چىگىت پاخلى ۋە چىگىت كۈنجۈرىسى چارۋىلارغا ياخشى ئوزۇقلۇق بولىدۇ .

دېمەك . كېۋەز ھەممە يېرى گۆھەر ، ئىشلىتىش دائىرىسى ناھايىتى كەڭ ، ئىقتىسادىي قىممىتى يۇقىرى بولغان ئىقتىسادىي زىرائەتتۇر . ئۇنىڭ رولى ، ئەھمىيىتىنى چۈشىنىش يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇپ ، خەلقنى بېيىتىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە .

( « شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى » دىن ئېلىندى . )

## ئۇيغۇر ئەرلىرىنىڭ بەلۋېغى — پوتا

مۇھەممەتتۇرسۇن ھەسەن

( بايان قىلىش ، سېلىشتۇرۇش تەبىر ۋە تەرىپ بېرىش ، تۈرگە ئايرىش شەكلى قوللىنىلغان ، ئالاھىدىلىك تەرتىپى بويىچە چۈشەندۈرۈلگەن تونۇشتۇرۇش خاراكتېرىدىكى ماقالە )

ئۇيغۇر ئەرلىرى بېلىگە چىرايلىق رەختلەردىن پوتا باغلىۋالىدۇ ، لېكىن پوتا باغلاشنىڭ قاچان ، قانداق ئىجتىمائىي ، تەبىئىي شارائىتتا

بارلىققا كەلگەنلىكى توغرىسىدا ئىشەنچلىك يازما ماتېرىيال يوق . بۇددا مەدەنىيىتىگە ئائىت مىڭ ئۆي تام رەسىملىرىدە ئەرلەرنىڭ بېلىگە پوتا باغلىۋالغانلىقىغا ئائىت كۆرۈنۈشلەر بولسىمۇ ، پوتىنىڭ شەكلى هازىرقى پوتا شەكلى بىلەن ئوخشىمايدۇ . پوتىنى باغلاش ئۇسۇلى ، شەكلى ، ئىشلىتىش رولى جەھەتتىن ئىنچىكە كۆزەتكەندە ئۇنىڭ ئىسلام مەدەنى- يىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى بايقاش تەس ئەمەس .

پوتا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى هۈنەر - سەنئەت بۇيۇملىرىنىڭ بىرى بولۇپ ، ئۇنىڭدا ئۇيغۇرلارغا خاس مىللىي ئالاھىدىلىك ناهايىتى روشەن . پوتا هەم ئەمەلىي ئىشلىتىش هەم زىننەت بۇيۇمى قىلىش خۇ- سۇسىيىتىگە ئىگە . ئۇيغۇر ئەرلىرى پوتا باغلاشنى بەكمۇ ياخشى كۆرى- دۇ . بولۇپمۇ پوتا باغلاش يېزا - قىشلاقلاردا كەڭ تۈردە ئومۇملاشقان . ئادەتتە پوتىنىڭ شەكلى ئوخشاش بولمىغاچقا ، باغلاش ئوبيېكتلىرىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ . پوتىنىڭ تۈرى كۆپ بولسىمۇ هازىر ئومۇملاشقىنى ئۈچ خىل . پوتىنىڭ بۇ ئۈچ خىل شەكلى ئۇنىڭ باغلاش ئوبيېكتلىرى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ .

1 . يەرلىك ئۇسۇلدا توقۇلغان پوتا . بۇ خىل پوتىنى باغلاش يې- زىلاردا ، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا كەڭ دائىرىدە ئومۇملاشقان ، يېزا ، قىشلاقلاردا مەخسۇس ئەنئەنىۋى توقۇمىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان قول - هۈنەرۋەنلەر بار بولۇپ ، ئۇلار يەرلىك ئۇسۇلدا پوتا ۋە باشقا هەر خىل تۈرمۇش بۇيۇملىرىنى توقۇيدۇ . يەرلىك ئۇسۇلدا توقۇيدىغان پو- تىنىڭ خام ئەشياسى ئىككى خىل بولىدۇ . بىرى ، مەخسۇس بوز يىپتا توقۇلىدۇ . بۇنى بوز پوتا دەپ ئاتايدۇ . بىرى خاس يۇڭ يىپتا توقۇلىدۇ . ئۇنى يۇڭ پوتا دەپ ئاتايدۇ . بوز يىپتا توقۇلغىنى يۇمشاق ، ئەۋرىشىم بولىدۇ . يۇڭ يىپتا توقۇلغىنى سەل قاتتىقراق ئەمما چىدامىلىق بولىدۇ . پوتىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئۈچ مېتىر ، كەڭلىكى ئەللىك سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ ، هەر ئىككى خىل پوتىنىڭ ئۇچىغا رەڭلىك يىپلاردىن چىرايلىق چۇچا ئورنىتىلىدۇ . ئوتتۇرىسىغا بولسا هەرخىل رەڭلىك يىپتىن نەپىس گۈللەر چېكىلىدۇ . بۇ خىل پوتىلار هەم يارىشىملىق هەم چىدامىلىق بو-

لۇپ ئوتتۇرا ياش ئەرلەر باغلايدۇ.
2. گۈللۈك رەخت پوتا. بۇ هازىرقى زامان رەختلىرى ئارىسىدىكى پوتىنى كۆرسىتىدۇ، يەنى قىزىل ھەم كۆك گۈللۈك رەختلەرنى پوتا قىلىپ باغلىنىۋالىدۇ. پوتىدىكى گۈل نۇسخىلار ئۇرغۇپ تۇرغان ياشلىق، غەيرەت - شىجائەتنىڭ سىمۋولى قىلىنىدۇ. بۇ خىل پوتىنى ياشلار باغلايدۇ.
3. يىپەكتىن توقۇلغان ياغلىق شەكلىدىكى پوتا. بۇ خىل پوتىنىڭ رەڭگى سۈت رەڭلىك ياكى ناۋات رەڭلىك بولىدۇ، ئانچە چوڭ بولمايدۇ، ئۇنى ياشانغانلار، ئۆلىما، ھاجى، ئىمام، شەيخ ۋە بىر قىسىم تالىپلار باغلايدۇ. ئۇنىڭ تۆت تەرىپى تەڭ بولۇپ ياغلىققىلا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ تۆت بۇرجىكىگە «قۇرئان كەرىم» دىكى مۇھىم ئايەتلەر يېزىلغان بولۇپ، ئوتتۇرىسىغا مەككە ياكى مەدىنىنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن بولىدۇ. بۇ خىل پوتىنى يۇقىرىدىكى ئىككى خىل پوتىنى باغلاش ئۇسۇلىغا ئوخشىمايدۇ. خۇددى پىيونېرلارنىڭ گالستۇكىنى قاتلاش ئۇسۇلىغا ئوخشاش پوتىنىڭ قاتلانغان ئۇچى بەلدە سەل ئاستىغىراق قويۇپ بېرىلىدۇ. بۇ خىل پوتا خاس يىپەكتىن توقۇلغان بولغاچقا نەپىس، ئەۋرىشىم، چىرايلىق، يارىشىملىق بولۇپ، پاكلىقنىڭ سىمۋولى قىلىنىپ، بەلگە باغلىغاندىن سىرت سەپەر ئۈستىدە ياكى جايناماز يوق شارائىتتا جايناماز ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ. شۇڭا، ئۇ ناھايىتى پاكىزە تۇتۇلىدۇ. باشقا نەرسە - كېرەك يۆگىمەيدۇ. باشقا پوتىلارنى باغلىغانلار نان ۋە باشقا مۇھىم نەرسىلەرنى پوتىسىغا تۈگۈۋالىدۇ. دېھقان، چارۋىچىلار غىلاپلىق پىچاقلىرىنى پوتىسىغا ئېسىۋالىدۇ.
پوتا باغلاشنىڭ رولى كۆپ. ئۇنى قىش كۈنى باغلىۋالسا سوغۇقتىن ساقلانغىلى بولىدۇ. جىسمانىي ئەمگەك قىلغاندا ئادەم ئۆزىنى ناھايىتى روھلۇق، كۈچلۈك ھېس قىلىدۇ، ئاسان ھېرىپ قالمايدۇ. ئۇزۇن يول يۈرگەندە تېز چارچاپ بوشىشىپ كەتمەيدۇ. دېھقان، چارۋىچىلار ئۇنى ھەم سومكىنىڭ ئورنىدا نەرسە - كېرەك ئېلىشقا، ھەم سىرتقى جايلاردا، سەپەر ئۈستىدە داستىخان ئورنىدا ئىشلىتىدۇ. ئۇنىڭ-

دىن باشقا پوتا باغلاشنىڭ تەنىنىڭ ساغلاملىقىغىمۇ پايدىسى بار . كىچىدىن باشلاپ پوتا باغلاپ ئادەتلەنگەن ئەرلەرنىڭ قورسىقى ئىچىگە تارتىلغان . ئۇستىخىنى چىڭ ، قامەتلىك بولىدۇ ، ئۆزىنى دائىم روھلۇق ، جۇشقۇن ھېس قىلىدۇ . پوتا باغلاش ئانچە زۆرۈرىيىتى يوق ئىشتەك كۆرۈنگىنى بىلەن كۈندىلىك ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا ئۇنىڭ رولى چوڭ . پوتا ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتى ، ئۆرپ ـ ئادىتى ، ئېتنوگراپىيىسى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە .

( « مىللەتلەر ئىتتىپاقى » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى . )

## چۇمۇلە ھەققىدە قىزىقارلىق پاراڭ

( تەسۋىرلەش ، مىسال ئېلىش ، تۈرگە ئايرىش ، سان ـ سىپىرلارنى ئىشلىتىش شەكلى قوللىنىلغان ، چۇمىلىلەرنىڭ تۈزۈلۈش ، ياشاش ئۇسۇلى ، كۆپىيىشى ، تۆھپىسى قاتارلىق ئالاھىدىلىك تەرتىپى بويىچە چۈشەندۈرۈلگەن بەدىئىي تۈستىكى ماقالە )

چۇمىلىلەر قۇرۇقلۇقتا كەڭ تارقالغان بولۇپ ، ھازىرغىچە ئېنىقلانغان تۈرى سەككىز مىڭ سەككىز يۈز خىل ، يوغانباش چۇمۇلىنىڭ تۈرىلا يۈز خىلدىن ئاشىدۇ . بارلىق چۇمۇلىنىڭ « نوپۇسى » تىرلىيوندىن كۆپ بولۇپ ، پۈتكۈل سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلار ، قۇشلار ، قوش ماكانلىقلارنىڭ ئومۇمىي سانىدىن ئېشىپ كېتىدۇ .

چۇمۇلە بىلەن ئىنسان نۇرغۇن جەھەتتىن ئوخشىشىپ كېتىدۇ . چۇمۇلىلەر خۇددى ئىنسانلاردەك تەشكىللىنىپ ، ئىش تەقسىماتى بويىچە ھەمكارلىشالايدۇ . ھەرقانداق چۇمۇلىنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق فىزىئولوگىيىلىك ئوۋچىلىق قورالى ۋە ئالاقىلىشىش سىگنالى بولىدۇ . ئۇلار يەككە ئەمەس ، توپ ـ توپى بىلەن ھەرىكەت قىلىدۇ .

چۇمۇلىنىڭ ئېغىزىدىكى ئۇزۇن پىچاق بىسىدەك كەلگەن چاڭ-

گىقنىڭ ئىقتىدارى ئادەملەرنىڭ قولىنىڭ ئىقتىدارىغا ئوخشىشىپ كېتىدۇ. چۈمۈلە چاڭگىقنى ئېغىزىدىكى باشقا ئەزاچىلىرىغا ماسلاشتۇرۇپ، ئۇۋا ياساش، بالىسىنى توشۇش، چوڭ ئوزۇقلۇقلارنى پارچىلاش قاتارلىق ئىشلارنى قىلىدۇ. چاڭگاق چۈمۈلىنىڭ ئۇۋ قورالىمۇ بولالايدۇ. ئامېرىكىنىڭ ئىسسىق بەلۋاغ ئورمانلىقىدا بىر خىل ئاز ئۇچرايدىغان چۈمۈلە بولۇپ، ئۇنىڭ چاڭگىقى ئارىغا ئوخشايدۇ. چاڭگاكىنىڭ چىشىسى ئىنچىكە، ئۇزۇن. ئۇلار بۇ قورالى ئارقىلىق كۆپ بوغۇملۇق قۇرتلارنى تۇتۇپ، بۇ ئولجىسىنى ئۇۋىسىغا ئەكىرىدۇ، ئاندىن بۇ قۇرتلارنى پوستىنى شىلىپ تاشلاپ، مەززە بىلەن يەيدۇ.

چۈمۈلىلەر توپىنىڭ ئىش تەقسىماتى ناھايىتى ئىنچىكە، ئىشچى چۈمۈلىلەر ئوزۇق ئىزدەش، ئۇۋىسىنى قوغداش قاتارلىق ئىشلارنى قىلىدۇ. ئىشچى چۈمىلىلەرنىڭ تۈرى ناھايىتى كۆپ. مەسىلەن، ياغاچچى چۈمۈلىنىڭ «تىرىك بومبا» دېگەن چىرايلىق نامى بار. ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى زەھەر بەزلىرى بىلەن تولغان. ئۇ كۆشەندىسىگە يولۇققاندا بەدىنىدىن زەھەر پۈركۈش بىلەن بىللە ئۆز توپىغا ياردەمگە چاقىرىدىغان پۇراق تارقىتىدۇ. جەڭچى چۈمۈلىنىڭ جۇغى خېلى چوڭ ھەم ئۇلار ناھايىتى ئۆم كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ جەڭگە ئاتلانغاندىكى قىياپىتى ھايۋانلار دۇنياسىدىكى ئاجايىپ مەنزىرە ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار سەھەردە كەڭلىكى بىر ـ ئىككى مېتىر، ئۇزۇنلۇقى ئون بەش مېتىر بولغان تىك تۆتبۇلۇڭنى ھاسىل قىلىپ مىنۇتىغا 0.8 مېتىرلىق سۈرئەت بىلەن يۈرىدۇ. ئۇلار ئىلگىرىلەش يولىدىكى زەھەرلىك ئۆمۈچۈك، چايان ھەتتا يىلان ۋە كەسلەنچۈكنىمۇ ئولجا ئالالايدۇ.

چۈمۈلىلەرنىڭ ناھايىتى كەڭ دائىرىدە كۆپىيىپ، نەسلىنىڭ داۋاملىشىپ كېلىشىدە مۇنداق بىر سىر بار. كۆپىيىش ئىقتىدارى يوقى ئىشچى چۈمۈلە بولۇپ، ئۇلار تەشكىللىنىپ، كۆپىيەلەيدىغان چىشى چۈمۈلىنى قوغدايدۇ. چۈمۈلىلەر توپى دائىم ئۆزلىرىگە ھۇجۇم قىلىدىغان كۆشەندىلىرى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ. يەنە ئادەتتىكى ھايۋانلار قىلالمايدىغان ھەمكارلاشقان ئىش تەقسىماتىنى يولغا قويغان بولىدۇ.

ئۇلارنىڭ ئۇۋىسى قورغاندەك مۇستەھكەم بولۇپ، ئىچىدە «زاۋۇت»، «مۇنتىزىم قوشۇن»، «قورۇلۇش ئەترىتى»، «سپىسترا» ۋە «مۇتەخەسسىسلەر» بار. ئۇلار مۇشۇنداق بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ، ئانا چۈمۈلىنى قوغدايدۇ. ھەمدە ئۈزلۈكسىز كۆپىيىپ چۈمۈلىلەر توپىنى ئاۋۇتىدۇ.

چۈمۈلىگە ھەرگىزمۇ سەل قارىماڭ. ناھايىتى كەڭ دائىرىدىكى تۇپراق شۇلارنىڭ كۈچىدىن يۇمشىتىلىدۇ. چۈمۈلىنىڭ تۇپراقنى توختىماي بوشىتىشى نەتىجىسىدە تۇپراقتىن ھاۋا ئۆتۈشۈپ، ئورگانىك ماددىلارنىڭ تۇپراققا سىڭىشى تېزلىشىپ تۇپراق مۇنبەتلىشىدۇ. بەزى جايلاردىكى ئورمانلاردا چۈمۈلىنىڭ تۇپراقنى بوشىتىشى سازاڭدىن قېلىشمايدۇ. چۈمۈلە ئۆسۈملۈك ئۇرۇقلىرىنىڭ يۆتكىلىشىدە مۇھىم تارقىتىش ۋاستىچىلىرىنىڭ بىرى. 90% جانۋارلارنىڭ ئۆلۈكىمۇ شۇلار ئارقىلىق تازىلىنىدۇ. ئەگەر چۈمۈلىلەر پاكپاكىز يوقىتىلىدىكەن، ئۇ ھالدا دۇنيادىكى بىر مۇنچە ئېكولوگىيىلىك سىستېما تەڭپۇڭلۇقنى يوقىتىدۇ.

(«تارىم غۇنچىلىرى» ژۇرنىلىدىن ئېلىندى.)

## رۇبىدىي (Rb)

(سان ـ سىپىرلارنى ئېلىش، بايان، تەسۋىرلەش مىسال ئېلىش شەكلى قوللىنىلغان، Rb نىڭ ئىشلىتىلىش ئورنى، خىمىيىلىك، فىزىكىلىق خۇسۇسىيىتى، بايقالغان ۋاقتى، تارقالغان ئورنى قاتارلىقلار كۆپ تەرەپتىن چۈشەندۈرۈلگەن تونۇشتۇرۇش خاراكتېرىدىكى ماقالە)

رۇبىدىي كۆپىنچە كىشىلەرگە ئانچە تونۇش بولماسلىقى مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە كىشىلەر كۈندە دېگۈدەك رۇبىدىينىڭ تۆھپىسىدىن ھۇزۇرلىنىدۇ. چۈنكى، تېلېۋىزىيە نومۇرلىرىنى سۈرەتكە ئالغۇچى ئاپپاراتنىڭ فوتو ئېلېكتر لامپىسىدا رۇبىدىي مۇھىم رول ئوينايدۇ.

ساپ رۇبىدىي كۈمۈش رەڭلىك پارقىراق مېتال، ئۇنىڭ تەركى-

بىگە باشقا ماددىلار ئارىلىشىپ قالسا رەڭگى سەل سارغۇچقا ئۆزگىرىدۇ. رۇبىدىينىڭ ئېرىش نۇقتىسى سېلسىيە C° 38 گرادۇس بولۇپ، ئادەمنىڭ نورمال بەدەن هارارىتىدىن بىر گرادۇس يۇقىرى تېمپېراتۇرىدىلا ئېرىپ كېتىدۇ.

رۇبىدىينىڭ خىمىيىلىك خۇسۇسىيىتى ئىنتايىن ئاكتىپ. ئۇ ئادەتتىكى هاۋادا خۇددى ئاق فوسفورغا ئوخشاش كۆيۈپ، بىنەپشە رەڭلىك نۇر چىقىرىدۇ. ئەگەر رۇبىدىي سۇ بىلەن ئۇچرىشىپ قالسا دەرهال شىددەتلىك رېئاكسىيىلىشىپ هىدروگېن هاسىل قىلىدۇ، شۇڭا رۇبىدىينى هاۋا ۋە سۇ بىلەن ئۇچراشتۇرماي، خۇددى ناترىيغا ئوخشاش كىرسىن ئىچىدە ساقلاشقا توغرا كېلىدۇ.

رۇبىدىينىڭ ئەڭ قىممەتلىك ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇ فوتو ئېلېكتر خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. يەنى رۇبىدىيغا نۇر چۈشكەن هامان ئۇنىڭ ئاتومى ئېلېكترون قويۇپ بېرىدۇ. كىشىلەر رۇبىدىينىڭ مۇشۇ خۇسۇسىيىتىدىن پايدىلىنىپ ئۇنى كۈمۈش پلاستىنكىغا ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق هەر خىل فوتو ئېلېكتر لامپىلارنى ياساپ چىققان. فوتو ئېلېكتر لامپىسى نۇر بىلەن ئۇچراشقان هامان، ئۇنىڭدا ئېلېكتر هاسىل بولىدۇ. نۇر قانچە كۈچلۈك بولسا، هاسىل بولىدىغان ئېلېكترمۇ شۇنچە كۈچلۈك بولىدۇ. شۇڭا، ئۇ ئاپتوماتىك تىزگىنلەش ئىشلىرىدا خۇددى ئاپتوماتىك «كۆز» نىڭ رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن، پولات تاۋلاش پېچىغا فوتو ئېلېكتر لامپىسى ئورۇنلاشتۇرۇلسا، پېچتىكى ئوت يالقۇنىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئاساسەن فوتو ئېلېكتر لامپىسىدا هاسىل بولىدىغان فوتو ئېلېكترمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. بۇنىڭ بىلەن پېچنىڭ تېمپېراتورىسى هېسابلىنىپ، ئىشلەپچىقىرىش جەريانى ئاپتوماتىك تىزگىنلىنىدۇ.

رۇبىدىي 1861 ـ يىلى گېرمانىيە خىمىيە ئالىمى ر. ۋ. بۇنسېن ۋە گ. ر. كىرخوف تەرىپىدىن سپېكتر ئۇسۇلى ئارقىلىق بايقالغان. هازىر كىشىلەر ئۇنى رۇبىدىي خلورىد تەركىبىدىن ئايرىپ ئېلىۋاتىدۇ.

رۇبىدىينىڭ تەبىئەتتىكى تارقىلىشى ناهايىتى ئاز. شۇنداقلا ئۇ ناهايىتى تارقاق. ئەمما، ئۇنىڭ دېڭىز سۈيىدىكى مىقدارى بىرقەدەر

كۆپ . مۆلچەرلىنىشىچە ، دېڭىز سۈيىدە تەخمىنەن تۆت يۈز مىليارد توننا رۇبىدىي بار ئىكەن .
رۇبىدىي ئىنتايىن تارقاق بولغانلىقتىن ئۇنىڭ دۇنيا بويىچە يىللىق ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى بىر نەچچە كىلوگرامدىن ئاشمايدۇ .
ئاپتونوم رايونىمىزدا گرانىتلىق كرىستال جىنىسلار تەركىبىدە رۇبىدىينىڭ بىرىكمىلىرى مەۋجۇت . بولۇپمۇ ئالتاي ، قۇمۇل رايونىدا رۇبىدىي ئوكسىدىنىڭ گېئولوگىيىلىك زاپىسى خېلى مول ئىكەنلىكى مۆلچەرلەنگەن .
( « تارىم غۇنچىلىرى » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى . )

## قارلىغاچ

نادىرە قۇربان

( تەسۋىرلەش ، تۈرگە ئايرىش ، سان ـ سىپىرلارنى ئېلىش ، بايان قىلىش شەكلى قوللىنىلغان ، قارلىغاچنىڭ تۈرلىرى ، ياشاش ئۇسۇلى ، ئۇزۇقلىنىشى ...قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرى چۈشەندۈرۈلگەن تونۇشتۇرۇش خاراكتېرىدىكى ماقالە )

قارلىغاچ يېزا ئىگىلىكىگە پايدىلىق قۇشلارنىڭ تىپىك ۋەكىلى . ئۇنىڭ تۈرلىرى ناھايىتى كۆپ . ئۇ سۇگۈگۈچ قارلىغاچ ، سېرىق سۇگۈگۈچ قارلىغاچ ، سېرىق بەل قارلىغاچ ۋە ئۆي قارلىغىچى قاتارلىقلارغا بۆلۈنىدۇ .
ئۆي قارلىغىچى بىلەن سېرىق بەل قارلىغىچىنىڭ تەن شەكلى ئوخشىشىپ كېتىدۇ . ئۇلارنىڭ ئۇچ بارمىقى ئالدىغا ، بىر بارمىقى ئارقىغا قارايدۇ . ئۇلار يەردىمۇ ماڭالايدۇ . دەرەخ شاخلىرىغا ، توك سىملىرىغا بەخرامان قونالايدۇ ، ئۆي قارلىغىچىنىڭ تېنى كىچىك ، قانىتى ئۇزۇن ۋە ئۇچلۇق ، قۇيرۇقى ئاچىماق ، تۇمشۇقى ياپىلاق ۋە قىسقا بولىدۇ . ئۇنىڭ پەيلىرى كۆكۈش قارا بولۇپ ، پارقىرايدۇ . تېنىنىڭ تۆۋەن قىسمى ئاقۇش ياكى كۈل رەڭ ، پېشانىسى ۋە بوغۇزى قارامتۇل قىزىل بولىدۇ .

قارلىغاچنىڭ ئۇچۇش ئىقتىدارى كۈچلۈك، سۈرئىتى تېز، سۇڭگۇچ قارلىغىچنىڭ سائەتلىك ئۇچۇش سۈرئىتى بىر يۈز ئەللىك — بىر يۈز ئاتمىش كىلومېتىرغا، تاغ قارلىغىچنىڭ ئىككى يۈز ئەللىك — ئۈچ يۈز كىلومېتىرغا يېتىدۇ.

سۇڭگۇچ قارلىغاچ سېپىل، قەدىمكى ئىمارەت، مۇنار، قىيا تاشلارنىڭ يېرىقلىرىدا لاي، پەي، قۇرۇق ئوت - چۆپ قاتارلىق نەرسىلەر بىلەن ئۇۋا ياسايدۇ. ئۆي قارلىغىچى ئۇۋىسىنى چىنە شەكلىدە ياسايدۇ. سېرىق بەل قارلىغاچ تاغلىق رايوندىكى يېزىلاردا ياشايدۇ. ئۇۋىسىنى ئۆينىڭ پېشايۋانلىرىغا ياكى ئۆينىڭ لىم ياغاچلىرى ئۈستىگە لوڭقا شەكلىدە ياسايدۇ. بىر دانە چىشى قارلىغاچ ئۈچتىن بەشكىچە تۇخۇم تۇغىدۇ. بىر يىلدا بىر قېتىم بالا چىقىرىدۇ.

قەدىمدىن تارتىپ كىشىلەر قارلىغاچنىڭ ئۆيدىكى لىم ياغاچلىرى ئۈستىگە، پېشايۋانلىرىغا ئۇۋا تېزىشىنى « ياخشىلىق » ۋە « بەخت سائادەت » ئالامىتى دەپ قاراپ كەلگەن.

قارلىغاچ ئادەتتە ئۆلۈك نەرسىلەرنى يېمەي، ئۇچۇپ يۈرۈپ ھاشارات تۇتۇپ يەيدۇ. قارلىغاچنىڭ تۇتۇپ يېگەن ھاشاراتلىرىنىڭ سانى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. ھېسابلاشقا قارىغاندا، بىر دانە قارلىغاچنىڭ ياز ۋە ئەتىيازدا تۇتۇپ يېگەن ھاشاراتلىرىنى بىردىن تىزىپ چىقسا، ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى بىر كىلومېتىردىن ئارتۇق كېلىدىكەن، ئۇلار يەيدىغان ھاشاراتلار چىۋىن، پاشا، تومۇزغا، پىل قوڭغۇزى، پەرۋانە قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

قارلىغاچ تىپىك پەسىل قۇشى، ئۇنىڭ كۆچمەنلىك خاراكتېرى كۈچلۈك، ئۇ ھەر يىلى 10 - ئايلاردا بالىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ جەنۇبقا كېتىپ قىشتىن چىقىدۇ. باھاردا جەنۇبتىن شىمالغا ئۇچۇپ كېلىپ، ئۇۋا ياساپ كۆپىيىدۇ. قارلىغاچنىڭ ئەستە ساقلىشى ناھايىتى كۈچلۈك بولۇپ، كېلەر يىلى باھاردا يەنە كونا ئۇۋىسىغا قايتىپ كېلىپ، بالا چىقىرىپ ئەي قىلىدۇ. قارلىغاچ يەنە ھاۋارايىدىن مەلۇمات بېرەلەيدۇ.

(« ئۈمىد چېچەكلىرى » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى.)

# ئاينىڭ ئېيتقانلىرى

ئاتىكەم ئابدۇۋەلى

( سوئال قويۇش ، سان ــ سىپىرلارنى ئېلىش شەكلى ، ئاللىگورىيىلەشتۈرۈش ۋاسىتىسى قوللىنىلغان ، ئالاھىدىلىك تەرتىپى بويىچە چۈشەندۈرۈلگەن بەدىئىي تۈستىكى ماقالە )

كىچىك دوستلار ، سىلەر مېنىڭ كىملىكىمنى بىلىشنى خالامسىلەر ؟

مەن ئاسمان جىسىملىرىنىڭ بىرى ، كىشىلەر مېنى « ئاي » دەپ ئاتىشىدۇ . يەر شارىنىڭ ئۆز ئوقىدا توختىماستىن ئايلىنىپ مېنى تارتىپ تۇرۇشى نەتىجىسىدە مەن ئۇنىڭ ئەتراپىدا توختىماستىن ئايلىنىمەن . مەن يەر شارىدىن كۆپ كىچىك ، يەنى مەن ئۇنىڭ دىئامېتىرىنىڭ تۆتتىن بىرىگە ، ئېغىرلىقىنىڭ ئون سەككىزدىن بىرىگە ، كۆلىمىنىڭ ئون تۆتتىن بىرىگە توغرا كېلىمەن . مەن ئۆزگىرەلەيمەن . بەزىدە ئورغاق شەكلىگە كىرسەم كىشىلەر مېنى « ھىلال ئاي » دېيىشىدۇ . بەزىدە يۇمىلاق ئەينەك شەكلىگە كىرىپ ، ئاقۇش نۇرلىرىمنى تارقىتىپ جاھانغا كۈلۈپ باقسام ، كىشىلەر مېنى « تولۇن ئاي » دېيىشىدۇ . مەن ئىنسانلارنىڭ ئاسمان بوشلۇقىغا قىلغان زىيارىتىنىڭ تۇنجى بېكىتى . 1976 ــ يىل 7 ــ ئاينىڭ 16 ــ كۈنى « ئاپوللو ــــ 11 » ناملىق ئالەم كېمىسى تۇنجى قېتىم ئالەم ئۇچقۇچىلىرىنى ئېلىپ ماڭا چىقتى . تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش نەتىجىسىدە ، مەندىكى ئاتمىش خىل مېنېرالنى بايقىدى . بۇ مېنېرالنىڭ ئالتە خىلى يەر يۈزىدە تېخى بايقالمىغان ، مەندە يەر يۈزىدىكى خىمىيىلىك ئېلېمېنتلارنىڭ ھەممىسى بولغاندىن سىرت يەنە كۆپ خىل قىممەتلىك كان زاپىسى بار . قەدىمكى زاماندا كىشىلەر مېنىڭ دەۋرلىك ئۆزگىرىشىمگە ئاساسەن كالېندار تۈزگەن . بۇ « دېھقانلار كا-

لىندارى » ياكى « قەمەرىيە كالىندارى » دېيىلىدىكەن .
مېنىڭ يۇقىرىقىدەك ئارتۇقچىلىقىمدىن سىرت يەنە بەزى يېتەر-سىزلىكلىرىممۇ بار . تارتىش كۈچۈم ئاجىز بولغاچقا ، ئاتموسفېرا بېسى-مىنى ساقلاپ قالالمايمەن ، ئاۋاز تارقىتالمايمەن ، شامال ، بوران ، يام-غۇر ، قار ... قاتارلىق ھاۋا ئۆزگىرىشىنى پەيدا قىلالمايمەن . پەقەت قۇ-ياشتىن قوبۇل قىلىنىۋالغان ئازغىنە ئىسسىقلىقنى تايىنىپ ، يورۇقلۇق تارقى-تىمەن ، كۈندۈزى ئىنتايىن ئىسسىق ، كېچىسى ناھايىتى سوغۇق بولى-مەن . يەنە كېلىپ مەندە سۇمۇ ، ھاۋامۇ ، ھاياتلىقمۇ مەۋجۇت ئەمەس . مەن مۇنداق شاۋقۇن - سۈرەنسىز خالىي ياشاۋاتقىنىمغا تۆت مىليارد ئالتە يۈز مىليون يىل بولدى . مەن ھاياتلىق قاينىغان يەر شارىغا بەكمۇ ھەۋەس قىلىمەن .
بۈرۈن ، كىشىلەر مېنىڭ سىرلىرىمنى مەڭگۈ يەشكىلى بولمايدۇ ، دەپ قاراپ ، خاتا ھالدا ماڭا « جىمجىتلىق دېڭىزى » ، « سىرلىق ما-كان » دېگەندەك ناملارنى بەرگەنىدى . ئىلىم - پەننىڭ ئۈچقاندەك تە-رەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ ، ئىنسانلار ئارقا - ئارقىدىن ماڭا چىقتى .
كىچىك دوستلار ، سىلەرمۇ ئىلىم - پەندىن قانات ياساپ ماڭا چىقىشنى ، ئېچىلمىغان سىرلىرىمنى ئېچىشنى خالامسىلەر ؟

(« تارىم غۇنچىلىرى » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى . »)

## مارسنىڭ ئېيتقانلىرى

( سوئال قويۇش شەكلى ، ئاللېگورىيىلەشتۈرۈش ۋاستىسى قوللىنىلغان ئالاھىدىلىك تەرتىپى بويىچە چۈشەندۈرۈلگەن بەدىئىي تۇستىكى ماقالە )

يەر شارىدىكى ئوماق باللار ، ياخشىمۇسىلەر ؟ تەتىل كۈ-نۈڭلارنى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزۈپ ، يېڭى ئوقۇش مەۋسۇمىنى باشلى-دىڭلارمۇ ؟ مەن ھەممىڭلارنىڭ ئۆگىنىشىڭلارغا ئۈتۇق تىلەيمەن .

مەقسەتكە كېلەيلى، «تارىم غۇنچىلىرى» سىلەرنىڭ ئامراق ژۇرنىلىڭلارغۇ دەيمەن؟! ئۇنىڭغا مەنمۇ ئامراق، ئۆتكەندە قارىسام، بۇ ژۇرنىلىڭلارنىڭ بىر سانىغا ئاي ھەدەڭلار ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ خەت يېزىپتۇ. بۇنى كۆرۈپ مېنىڭمۇ سىلەرگە ئۆزۈمنى تونۇشتۇرغۇم كېلىپ، بۇ خەتنى يازدىم. مەن بىلەن تونۇشۇشنى خالىساڭلار سۆزلىرىمگە قۇلاق سېلىڭلار:

مېنىڭ ئىسمىم مارس، مەن قۇياش سىستېمىسىدىكى توققۇز چوڭ پلانېتىنىڭ بىرى، قۇياشقا يېقىندىن سانىغاندا 4 ـ ئورۇندا تۇرىمەن. مەن سىلەرنىڭ يەر شارىڭلارغا قوشنا بولۇپ كېلىۋاتىمەن. مەن يەر شارى تۇرىدىكى پلانېتىلارغا كىرىمەن. سىلەر مېنى ئاددىي كۆز بىلەن كۆرەلەيسىلەر. مېنىڭ كۆپ خۇسۇسىيەتلىرىم سىلەر تۇرۇۋاتقان يەر شارى بىلەن ئوخشاپ كېتىدۇ. مەركىزىمدە تۆمۈر يادروسى بار. تەركىبىمدە مېتال ئېلېمېنتلار كۆپ، ئوتتۇرىچە زىچلىقىم چوڭراق، مەن يەر شارى قوشنامغا بەك ھەۋەس قىلىمەن، چۈنكى ئۇنىڭ سىلەردەك ئوماق، شوخ، زېرەك بالىلىرى بار. سىلەرنىڭ ھەقىقەتەن كارامىتىڭلار بار ئە-كەن. سىلەرنىڭ ئاكا ـ تاغىلىرىڭلار ئاي ئۈستىگە چىقتى ۋە ئۇنى بى-رىنچى بېكەت قىلدى.

ھازىر ئىنسانلار مەن توغرىسىدىمۇ تەتقىقات ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. بەزىلەر مەندە «ھاياتلىق بار» دەپ قارايدۇ، يەنە بەزىلەر «ھاياتلىق يوق» دەپ قارايدۇ.

مەندە زادى ھاياتلىق بارمۇ، يوق؟ بۇ سىلەرگە ھازىرچە بىر تې-پىشماق بولسۇن. ئەسلىدە سىلەرگە بەكمۇ ئېيتىپ بەرگۈم بار ئىدى. لېكىن، سىلەرنىڭ زېھنىڭلارنىڭ تېخىمۇ ئېچىلىشى ئۈچۈن سوئال قويۇپ قويۇشنى لايىق دەپ قارىدىم. چۈنكى، «چايناپ بەرگەن ناننىڭ لەز-زىتى بولمايدۇ» ئەمەسمۇ؟

بالىلار! مەن سىلەرنى كۈتىمەن، سىلەرنىڭ مېنىڭمۇ ئۈستۈمگە چىقىپ، تەتقىق قىلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن. بىز مۇشۇنچىلىك سۆز-لىشەيلى، قالغان گەپلەرنى سىلەر يېنىمغا چىققان ۋاقتىتا دېيىشەرمىز ـ

ھە !

خەير ـ خوش !

سىلەرنى كۈتۈپ : مارس

( « تارىم غۇنچىلىرى » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى . )

## قۇمۇل غېجەكى

مېھرىگۈل جاپپار

( بايان قىلىش ، سان ـ سىپىرلارنى ئېلىش شەكلى قوللىنىلغان ، قۇمۇل غېجەكنىڭ تارقىلىش دائىرىسى ، ياسىلىشى ، چېلىش ئۇسۇلى قاتارلىقلار چۈشەندۈرۈلگەن ، تونۇشتۇرۇش خاراكتېرىدىكى ماقالە )

قۇمۇل غېجەكى قۇمۇل شەھىرى ۋە ئۇنىڭغا تۇتاش بولغان ئارا-تۈرلۈك ناھىيىلىرىگە كەڭ تارقالغان . قۇمۇل ئەلنەغمىلىرىنى ۋە يەرلىك مۇقاملاردىن « قۇمۇل ئون ئىككى مۇقامى » نى ئىجرا قىلىشتا ئىشلىتىلىدىغان ئاساسلىق چالغۇ ئەسۋابى .

سىرتقى كۆرۈنۈشىدىن قارىغاندا ، قۇمۇل غېجەكنىڭ ياسىلىشى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ باشقا چالغۇ ئەسۋابلىرىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىدۇ . ئۇنىڭ باش تەرىپى سىلىندىر شەكىللىك بولۇپ ، تۆمۈر ياكى قېلىنراق قەلەيدىن ياسىلىدۇ . بىر تەرىپىگە ئۆچكە تېرىسى تارتىلىدۇ ، غېجەكنىڭ دەستىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئاتمىش ــــ يەتمىش سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولۇپ ، ئۇنىڭغا توققۇز قۇلاق بېكىتىلگەن ، ھەربىر قۇلاقتا بىردىن جەمئىي توققۇز تال سىم تارتىلىدۇ . ئەمەلىيەتتە ئاۋاز چىقىرىشتا ئىككى تال سىملا ئىشلىتىلىدۇ ، قۇمۇل غېجەكىگە پەدە بېكىتىلمەيدۇ .

قۇمۇل غېجەكنى چالغاندا ، باش قىسمىنى تىزنىڭ ئۈستىگە قويۇپ ، دەستىسىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ، ئاتنىڭ يايلىرىدىن ياسالغان كا-

مالچا ئارقىلىق چالىدۇ. غىجەكنىڭ پەدىسى بولمىغاچقا، سىرىپ چېلىش ئاساس قىلىنىدۇ. ئەگەر كامالچىنى تارتىش توغرا بولمىسا، مۇزىكىنىڭ مۇڭى، بىرلىكى بۇزۇلۇپ، ئاھاڭ رىتىمىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ. قومۇل غىجىكىنىڭ ئاۋازى ئىنتايىن مۇڭلۇق بولغاچقا، ئاڭلىغان كىشىلەردە ئا-جايىپ بىر خىل تەسىرات پەيدا قىلىدۇ. ئەگەر بۇ چالغۇ ئەسۋابىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش ئىشقا ئاشۇرۇلسا، « قومۇل ئون ئىككى مۇقامى » ۋە قومۇل ئەلنەغمىلىرى ۋايىغا يېتىپ ئورۇندىلىپلا قالماستىن ئۇيغۇر خەلق ئاھاڭلىرىنىمۇ يېتەرلىك دەرىجىدە ھۆسن قوشىدۇ.
( « ئۈمىد چېچەكلىرى » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى. )

## رادىئو ــ مېنىڭ سىردىشىم

سەلىمەم ئەكرەم

( بايان قىلىش شەكلى قوللىنىلغان ئالاھىدىلىك تەرتىپى بويىچە چۈ-شەندۈرۈلگەن، تونۇشتۇرۇش خاراكتېرىدىكى ماقالە )

مەن رادىئو ئاڭلاشنى بەك ياخشى كۆرىمەن. ئۇنىڭدىكى تۈرلۈك پروگراممىلار مېنى ئىختىيارسىز ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ. بولۇپمۇ، سە-ھەردە بېرىلىدىغان « سالام غۇلجا » پروگراممىسى، چۈشتە بېرىلىدىغان « ئۆسمۈرلەر دۇنياسى » پروگراممىسى ۋە « ھەۋەسكار دوستلار » پروگراممىسى، كەچتە بېرىلىدىغان « مەرىپەت مەشئىلى » پروگراممىلى-رىنى ئالاھىدە قىزىقىش بىلەن كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلايمەن.

« سالام غۇلجا » پروگراممىسىدا، ئانا يۇرتۇم غۇلجىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋاللىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن قىسقا خەۋەر ۋە ماقالىلەر بېرىلىدۇ. بۇ پروگراممىنى ئاڭلاش ئارقىلىق يۇرتۇمدا بولۇۋاتقان ئۆزگىرىشلەردىن ئۆز ۋاقتىدا تولۇق خەۋەردار بولۇپ تۇرىمەن.

ئۆسمۈرلەر پروگراممىسىدا، ئۆسمۈر دوستلار ئارىسىدىكى ئېسىل خىسلەتلەر ۋە ساقلىنىۋاتقان ناچار ئىللەتلەر تەسۋىرلەنگەن چۆچەك،

مەسەل ۋە ھېكايىلەر بېرىلىدۇ.

بۇ پروگراممىنى ئاڭلاش ئارقىلىق مەن ئۆزۈمنى ھەرقايسى جە-ھەتلەردىن ئەتراپلىق تەربىيىلەشكە ئەھمىيەت بېرىمەن.

«ھەۋەسكار دوستلار» پروگراممىسىدا، ھەۋەسكار دوستلارنىڭ ئۆزلىرى يازغان شېئىر، ھېكايە، ماقالىلىرى ئاڭلىتىلىدۇ. بۇ پروگرام-منى ئاڭلاش ئارقىلىق ئۆزۈمنىڭ يېزىقچىلىق سەۋىيەمنى ئۆزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ ماڭىمەن.

«مەرىپەت مەشئىلى» پروگراممىسىدا ئەل سۆيەر ئەجدادلىرىمىز-نىڭ ئىش پائالىيەتلىرى سۆزلىنىدۇ.

بۇ پروگراممىنى ئاڭلاش ئارقىلىق ئۆزۈمدە ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئېسىل پەزىلەتلىرىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ ئىزىدىن مېڭىش ئۈچۈن، ئەڭ مۇھىمى ئىلىم-پەننى تىرىشىپ ئۆگىنىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى تونۇپ يېتىمەن.

قېنى كىچىك دوستلار، سىلەرمۇ ماڭا ئوخشاش ياخشى بىر دوستقا ئېرىشىشنى خالامسىلەر؟! ئەگەر خالىساڭلار رادىئونى ئۆزۈڭلارغا ئەڭ يېقىن سىرداش دوست قىلىڭلار! رادىئو — مېنىڭ ئەڭ يېقىن سىرداشىم.

(«ئۈمىد چېچەكلىرى» ژۇرنىلىدىن ئېلىندى.)

## ئۇستەل كالېندارى

رەيھانگۈل تۇردى

(بايان قىلىش، تۇرگە ئايرىش، تەبىر بېرىش، سان - سىپىرلارنى ئې-لىش شەكلى قوللىنىلغان ئالاھىدىلىك تەرتىپى بويىچە چۈشەندۇرۇلگەن تونۇش-تۇرۇش خاراكتېرىدىكى ماقالە)

كالېندار كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا كەم بولسا بولمايدىغان بىر خىل ۋاقىت كۆرسەتكۈچىدۇر. ئۇنىڭ تۇرلىرى خىلمۇخىل بولۇپ،

ئۇستەل كالېندارى ئەنە شۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ كۆپ قوللىنىلىدىغان كالېندارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئاساسەن ئىشخانا ۋە ئائىلىلەردىكى ئىش ئۇستىلىنىڭ ئۇستىگە قويۇپ قويۇلىدۇ.

ئۇستەل كالېندارىنىڭ كۆرۈنۈشى ئاددىي، تەننەرخى ئەرزان، ئۆگىنىش ۋە كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا رولى ناھايىتى زور. ئۇ بىزنىڭ قەمەرىيە، مىلادىيە يىللىرىنى ھېسابلاپ چىقىشىمىزغا ياردەم بېرىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە قوي يىلى، مايمۇن يىلى، توشقان يىلى دېگەندەك كونىچە يىل ناملىرىنى بىلىۋېلىشىمىزغىمۇ ياردەم بېرىدۇ.

بىز بۇ يەردە دەۋاتقان ئۇستەل كالېندارى ئالىقانچىلىك چوڭلۇقتا بولۇپ، بىر يىل ئىچىدىكى كۈنلەرنىڭ ھەممىسى ھەپتە ۋە ئايلارغا بۆلۈپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

ئۇستەل كالېندارىنىڭ ھەربىر ۋارىقى كۆركەم خەت ۋە سان - سىفىرلار بىلەن چىرايلىق بېزەلگەندىن تاشقىرى، ھېيت - بايرام، دەم ئېلىش، خاتىرە كۈنلىرى قىزىل رەڭ بىلەن ئىپادىلەنگەن. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ھەر قايسى پەسىللەردە بولىدىغان قاپاق ياردى، تومۇز ... دېگەندەك كونىچە ئاي ناملىرىغىمۇ ئالاھىدە ئورۇن بېرىلگەن.

ئۇستەل كالېندارىنىڭ ھەربىر بېتى بىر كۈننىڭ بەلگىسى ۋە خاتىرىسى بولۇپ، بىر يىلدا قانچە كۈن بولسا، شۇنچە ۋاراق ئىشلىتىلىپ تۈپلەنگەن بولىدۇ.

ئۇستەل كالېندارى بىزگە ۋاقىتنى بەلگىلەپ بېرىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە، دۇنيادىكى قىزىقارلىق ۋەقەلەر، كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا بىلىۋېلىشىمىزغا تېگىشلىك ئىشلاردىن بىزگە مول بىلىم بېرىدۇ.

ئۇستەل كالېندارىنىڭ يەنە بىر ئارتۇقچىلىقى شۇكى، ئۇنىڭ ۋاقىت كۆرسەتكۈچ بېتىنىڭ ( ئوڭ يۈزىنىڭ ) ئۈچتىن ئىككى قىسمى ئاق قالدۇرۇلغان. ئۇنىڭغا شۇ كۈندىكى مۇھىم ئىشلاردىن قىسقىچە خاتىرە قالدۇرۇلىدۇ. ئەڭ ئاستىدىكى « تېلېفون نومۇرى » دېگەن جايغا قارشى تەرەپتىن كەلگەن ۋە خاتىرىلىۋېلىشقا تېگىشلىك دەپ قارالغان مۇھىم تېلېفون نومۇرى يېزىپ قويۇلىدۇ.

بۇ يىل يەنى خاسىيەتلىك 1998 ـ يىلى ئۆزگىچە بىر خىل رۇبا-ئىيلىق ئۈستەل كالېندارى ئىشلىنىپ بازارغا سېلىندى. بۇ كالېندارغا بىر قىسىم ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ بىلىم، كىشىلىك ھايات، تۇرمۇش، ۋاقىت ھەققىدىكى قاراشلىرى سىڭدۇرۇلگەن ئىخچام تىل، مول مەزمۇنلۇق رۇ-بائىيلىرى كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، كىشىلەرنىڭ، بولۇپمۇ بىز ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ ياقتۇرۇپ ئىشلىتىشىمىزگە ئېرىشتى.

(«ئۈمىد چېچەكلىرى» ژۇرنىلىدىن ئېلىندى.)

## شىپالىق مېۋە ــ قارا ئۆرۈك

گۈلنار ئابدۇشۈكۈر

(تەرىپ بېرىش، تەسۋىرلەش، بايان قىلىش شەكلى قوللىنىلغان، ئالاھىدىلىك تەرتىپى بويىچە چۈشەندۈرۈلگەن، تونۇشتۇرۇش خاراكتېرىدىكى ماقالە)

قارا ئۆرۈك ــــ شىنجاڭنىڭ ھەممىلا يېرىدە ئۆسىدىغان، ئەلا سورتلۇق ئۇزۇقلۇق قىممىتى ۋە دورىلىق قىممىتى يۇقىرى مېۋىلەرنىڭ بىرى. قارا ئۆرۈك چاتقال ياكى كىچىك دەرەخ تىپىدە بولۇپ، كۆپ شاخلىنىدۇ، يوپۇرماقلىرى نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، يوپۇرماقلىرىدا ئاق تۈكچىلىرى بولىدۇ، شەكلى تەتۈر تۇخۇمسىمان ياكى سوقىچاق، گىر-ۋەكلىرى ھەرە چىشسىمان كېلىدۇ. گۈلى ئاق، ئۇچكىلىك، مېۋىسى كىچىك، رەڭگى قارامتۇل سۆسۈن، تەمى چۈچۈمەل، تەبىئىتى سوغۇققا مايىل بولىدۇ.

قارا ئۆرۈك شىنجاڭنىڭ ھاۋا كېلىماتىغا باب كېلىدىغان يەرلىك مېۋىلەرنىڭ بىرى. ئۇنى قانچە پەرۋىش قىلسا، شۇنچە ياخشى ئۆسىدۇ. تۈۋىدىن چىققان ياش نوتىلىرىنى قومۇرۇپ ئېلىپ تىكسە، ئاسان تۇ-تىدۇ. قارا ئۆرۈكنىڭ ئۇرۇقىنى تېرىسىمۇ بولىدۇ.

قارا ئۆرۈك تەركىبىدە ئاقسىل، ماي، قەنت، كالتسىي ۋىتامىن PP، ۋىتامىن C، تۆمۈر، كاروتىن قاتارلىق ماددىلار بولغان تەبىئىي

سوغۇق مېۋىلەرنىڭ بىرى.

ئۇنى مۇۋاپىق مىقداردا ئىستېمال قىلسا، باش ئاغرىش، سەپرا خاراكتېرلىك قىزىتما، ئۇسساش، زۇكام، كۆڭلى ئېلىشىش قاتارلىق كېسەللەرگە شىپا بولىدۇ. داۋاملىق ئىستېمال قىلسا قاننى تازىلاپ، قان ئايلىنىشنى ياخشىلايدۇ. دەملەپ سۈيىنى ئىچىپ بەرسە زۇكامنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا قارا ئۆرۈكنى مۇراببا قىلىپ يېسىمۇ ياكى قۇرۇتۇپ دورا ئورنىدا ئىشلەتسىمۇ بولىدۇ. بۇ جەھەتتە، تېبابەتچىلىك ئىلمىدە قارا ئۆرۈك قىممەتلىك دورا ماتېرىيالى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

قارا ئۆرۈكنىڭ ئۇزۇقلۇق ۋە دورىلىق قىممىتى يۇقىرى بولۇپ، ئەڭ ئېسىل، قىممەتلىك مېۋىلەرنىڭ بىرى. شۇڭا، ئۇنى كۆپلەپ تېرىپ ياخشى پەرۋىش قىلىشىمىز لازىم.

(«ئۈمىد چېچەكلىرى» ژۇرنىلىدىن ئېلىندى.)

## كالا

خان ھېلىم

(تەرىپ بېرىش، تەسۋىرلەش، بايان قىلىش شەكلى قوللىنىلغان ئالاھىدىلىك تەرتىپى بويىچە چۈشەندۈرۈلگەن تونۇشتۇرۇش خاراكتېرىدىكى ماقالە)

كالا — سۈت ئەمگۈچى ھايۋان بولۇپ، ئۆي ھايۋانلىرى قاتارىغا كىرىدۇ. ئۇنىڭ ئەركىكى ئۆكۈز، چىشىسى سىيىر دېيىلىدۇ. ئۇنىڭ رەڭگى تولىراق ئاق، قارا، پورەڭ، ئالتاغىل كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئۇزۇن قۇيرۇقلىرى بار، تۈكلىرى پارقىراپ تۇرىدۇ.

كالا ئائىلىدە بېقىلىدىغان ھايۋان بولۇپ، ئىنتايىن ياۋاش، مۇلايىم، يايلاقلاردىمۇ بېقىلىدۇ. كالا تۇغۇلۇش ئارقىلىق كۆپىيىدۇ. موزايلىرى بىر يىل ئەتراپىدا ئانىسىنى ئېمىدۇ. قوشۇمچە ئوت - سامان يەپ چوڭ بولىدۇ. كالىلار سامان بىلەن ئېتىلگەن ھەلەپنى ياخشى كۆرىدۇ. ئوت يېگەندىن كېيىن كۆشەپ، يېگەنلىرىنى ھەزىم قىلىدۇ.

كالا سۈتى ئىنتايىن تەملىك بولۇپ ، ئادەم بەدىنىگە كېرەكلىك بولغان ئاقسىللارنى ۋە ۋىتامىنلارنى تولۇقلايدۇ . شۇڭا ، كىشىلەر سۈت ۋە قېتىقنى ئىنتايىن ياخشى كۆرۈپ ئىستېمال قىلىدۇ ، قايمىقىدىن سېرىق ماي ، ئېرىمچىك قاتارلىقلارنى ، قېتىقىدىن قۇرت ، سۈتىدىن داڭلىق سۈت پاراشوكى ياسىغىلى بولىدۇ . گۆشىمۇ ئىنسانلار ئۈچۈن ئىنتايىن پايدىلىق . ئۇنىڭ ھەممە ئەزالىرىنى ئىشلەتكىلى بولىدۇ . تېرىسىدىن سا- نائەتتە داڭلىق خۇرۇم ئىشلەپ چىقىرىلىپ ھەر خىل خۇرۇم كىيىملەر تىكىلىدۇ . تۇرمۇشىمىزدا كالا خۇرۇمى ناھايىتى كۆپ تىكىلىدۇ ، كالا خۇرۇمىدىن تىككەن ئاياغلار پارقىراق ، چىدامىلىق ھەم چىرايلىق بولىدۇ . كالا يۇڭىدىن پوپايكا توقۇسا ، ھەم كۆركەم ، ھەم ئىسسىق بولىدۇ .

( « ئۈمىد چېچەكلىرى » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى )

## ئىلى ئالمىسى

ئاباس رەپقەت

( بايان قىلىش ، تەسۋىرلەش ، سان ـ سىپىرلارنى ئېلىش شەكلى قوللى- نىلغان ، ئالاھىدىلىك تەرتىپى بويىچە چۈشەندۈرۈلگەن ، تونۇشتۇرۇش خاراكتې- رىدىكى ماقالە )

رايونىمىز شىنجاڭ ئەزەلدىن مېۋە ـ چېۋە ماكانى دېگەن نام بى- لەن دۇنياغا مەشھۇر . ئىلى دۆلىتىمىزگە مەشھۇر ئالما ماكانى .

ئىلى ۋادىسى ئۆزىنىڭ ئاجايىپ مۇنبەت تۇپرىقى ، گۈزەل باغۇ بوستانلىرى ، تاغ قاپتاللىرىدىكى تەبىئىي مېۋىلىك باغلىرى بىلەن كى- شىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ . ئىلى دەرياسى ۋادىلىرىدىكى ، تەگرى تاغ ئېتەكلىرىدىكى باش ـ ئاخىرى يوق چەكسىز تەبىئىي كەتكەن ئالمىزار- لىق ، شاھمات تاختىسىدەك رەت ـ رەت تىكىلگەن ئالملار ، ئىلىلىقلارنىڭ

قورۇلىرىدىكى ئالمىلار يۇرتىمىزنىڭ ھەقىقەتەن « ئالما ماكانى » ئىكەن-لىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

ئىلى ئالمىسى ئەسلى يەرلىك تەبىئىي ئالمىلار بولۇپ، مېۋىسى كىچىك، ئاچچىق ـ چۈچۈك بولىدۇ. باغقا ھېرىسمەن، ئەمگەكچان ئىلى خەلقى ئەسىرلەر داۋامىدا مول باغۋەنچىلىك تەجرىبىلىرىنى يارىتىپ، ئا-جايىپ گۈزەل باغلارنى بەرپا قىلىپ، داڭلىق مېۋە سورتلىرىنى يېتىش-تۈرگەن.

ئالمىلاردىن « سارىم ئالما »، « شېكەر ئالما »، « سەنتەر ئالما »، « ئاق ئالما » قاتارلىقلار بار. يەنە 1900 ـ يىللىرىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە روسىيىدىن « مەنپەسى »، « ئاپىروت »، « لىمون »، « ستتو-لوۋۋى »، « تاغىل ئالما » قاتارلىق بىرقانچە ئون خىل يېڭى مېۋە سورتلىرى كىرگۈزۈلگەن، بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى سوغۇققا چىداملىق، ماسلىششچانلىقى كۈچلۈك، مول ـ ھوسۇللۇق سورتلار بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا رايونىمىزنىڭ باغۋەنچىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينىغان.

ئازادلىقتىن كېيىن ئىلى رايونىنىڭ باغۋەنچىلىكى تېز تەرەققىي قىلدى. 1956 ـ يىلىدىن باشلاپ، ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن بىرقانچە خىل يېڭى ئالما سورتلىرى كىرگۈزۈلدى، بۇنىڭ بىلەن ئالما سورتلىرى تې-خىمۇ كۆپ خىللاشتى ۋە سەر خىللاشتى.

ئىلى ئالمىسى ساقلاشقا چىدامىلىق، بۇ يىلقى ئالما كېلەر يىلقى ئالما چىققانغا قەدەر تۇرىدۇ، ئىلىلىقلارنىڭ ئۆيلىرىدە ئالما، بازارلىرىدا ئالما، بىر يىل تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىدە ئالما بار. بىپايان ئىلى ۋادىسى ھەر خىل مېۋە دەرەخلىرىنى ئۆستۈرۈشكە باب كېلىدۇ، پايانسىز ئېدىر ۋە تاغ ئېتەكلىرى خەلققە شېرىن ـ شەربەت مېۋە بېرىدىغان باغۇ ـ بوستانلارغا ئايلىنىۋاتىدۇ ۋە مەڭگۈ ئايلىنىدۇ.

( « ئۈمىد چېچەكلىرى » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى. )

# غاز

## ماھىرە مەھەممەت

( تەرتىپ بېرىش ، تەسۋىرلەش ، تۇرگە ئايرىش ، سېلىشتۇرۇش شەكلى قوللىنىلغان ، ئالاھىدىلىك تەرتىپى بويىچە چۈشەندۈرۈلگەن تونۇشتۇرۇش خاراكتېرىدىكى ماقالە )

غاز — كۆكتىمۇ پەرۋاز قىلالايدىغان ، قۇرۇقلۇقتىمۇ ، سۇدىمۇ ياشىيالايدىغان كۆركەم بىر قۇش ، غاز ئەركىنلىكنىڭ سىمۋولى ، ئۇ بىر يىلنىڭ تۆت پەسلىگە ماسلىشالايدۇ . غازنىڭ پۇتى خۇددى غەۋۋاسلار-نىڭ ئاياغ كىيىمىگە ئوخشايدۇ . شۇڭا ، ئۇلار « سۇ ئۈزۈش ماھىرى » دەپ ئاتىلىدۇ . غازنىڭ تېنىدىكى پەيلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ئاپئاق ، تۇمشۇقىنىڭ رەڭگى سېرىق بولۇپ ، تۇمشۇقى ياپىلاق ھەم ئۇزۇن بو-لىدۇ . بېشى ئىنتايىن كىچىك بولۇپ ، بويىنىنىڭ چوڭلۇقى بىلەن تەڭ دېگۈدەك . ئەڭ قىزىقارلىقى ، ئۇنىڭ بىر جۈپ كۆزى كىچىككىنە پۇر-چاقتىلا ئوخشايدۇ . كۆزىنىڭ چۆرىسى قارا بولغاچقا تولىمۇ نۇرلۇق كۆرۈنىدۇ . غازنىڭ قۇيرۇقىمۇ قارا بولۇپ ، تېنىدىكى ئاپئاق پەيلەر بى-لەن قوشۇلۇپ ناھايىتى گۈزەل كۆرۈنىدۇ ، غازنىڭ گۈزەللىكى ئۇنىڭ سىرتقى شەكلىدە بولۇپلا قالماستىن ، بەلكى ئۇنىڭ يول ماڭغاندىكى تۇرقىمۇ ناھايىتى چىرايلىق ، قاراڭ ، ئۇ ئۇزۇن پۇتلىرىنى ئەركىن تاشلاپ مەغرۇر ھالدا ئۇياق — بۇياققا ماڭماقتا ، بەزىدە بويىنىنى سوزۇپ ئەتراپقا نەزەر تاشلىماقتا . ئۇنىڭ ئاشۇ ھەرىكىتى كىشىنى بەكمۇ سۆ-يۈندۈرىدۇ .

غاز ئوت — چۆپ ، ئۆسۈملۈك قاتارلىقلارنى ئوزۇقلۇق قىلىدۇ . غازنىڭ تۈرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ ، ئاساسەن ئىككى چوڭ تۈرگە بۆ-لىنىدۇ . بىرى ئادەتتىكى غاز ، يەنە بىرى ياۋا غاز ، ياۋا غاز كەپتەرلەرگە

ئوخشاش كۆكتە پەرۋاز قىلىدىغان بىر خىل غاز ، ئۆيدە بېقىلىدىغان غاز بولسا ئادەتتىكى غاز بولۇپ ، ئاساسەن ئۇچالمايدۇ . ئۇچسىمۇ ، پەس ، قىسقا ئارىلىقتىلا ئۇچىدۇ . غاز بەك سەگەك قۇش بولۇپ ، دائىم ھوشيار تۇرىدۇ . كېچىلىرى كىچىككىنە شەپە بولسىلا غاقىلداپ ئىگىسىگە خەۋەر يەتكۈزىدۇ . ئاگاھلاندۇرىدۇ . غازنىڭ گۆشىنى ھەم تۇخۇمىنىمۇ يېگىلى بولىدۇ . غاز يەنە باغ ۋە زىرائەتلەر ئارىسىدىكى ياۋا ئوت چۆپلەرنى يەپ دېھقانغا ئوت ئوتىشىپ بېرىدۇ . شۇڭا ، خەلق ئۇنى قەدىرلەيدۇ ، بىزمۇ غاز ۋە ئۇچار قۇشلارغا زىيان زەخمەت يەتكۈزمەي ، ئۇلارنى قوغدىشىمىز ئاسرىشىمىز لازىم .

( « ئۈمىد چېچەكلىرى » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى )

## كۇچا ئۆرۈكى

مەمەتجان ئابدىلىم

( تەرىپ بېرىش ، بايان قىلىش سوئال – جاۋاب شەكلى قوللىنىلغان ، ئالاھىدىلىك تەرتىپى بويىچە چۈشەندۈرۈلگەن ، تونۇشتۇرۇش خاراكتېرىدىكى ماقالە )

ئەگەر سىز يازنىڭ سېخىي كۈنلىرىنىڭ بىرىدە كۇچا ناھىيىسىنىڭ چىمباغ يېزىسىغا بېرىپ ، قايسى بىر دېھقاننىڭ بېغىغا نەزەر سالسىڭىز ساپسېرىق مەي باغلاپ پىشقان بىر خىل مېۋىگە كۆزىڭىز چۈشىدۇ . مانا بۇ كۇچا ناھىيىسىنىڭ ئەلا سورتلۇق ، ئىقتىسادىي قىممىتى يۇقىرى بولغان مېۋىلىرىنىڭ بىرى – ئۆرۈك .

ئۇ قانچە پەرۋىش قىلىپ قۇۋۋەتنى قانچە ئاشۇرسا ، شۇنچە تاتلىق پىشىدۇ . تۈۋىدىن چىققان ياش نوتىلىرىنى قومۇرۇپ ئېلىپ تىكسە ، ئاسان كۆكلەيدۇ .

ئۆرۈكتىن ياسالغان ئۆرۈك شەربىتى ، خېلىلا كۆپ كېسەللەرگە

شىپا بولىدۇ . كىشىلەرنىڭ ئاشقازىنىنى ساپلاشتۇرۇپلا قالماي ، ئۆرۈك يېگەندە كۆڭلىنى ئېچىپ راھەتلەندۈرىدۇ .

نېمە ئۈچۈن چىمباغ ئۆرۈكىنىڭ قىممىتى يۇقىرى ، تەمى تاتلىق بولىدۇ ؟ چۈنكى ، بۇ يېزىنىڭ ھەممە يېرىگە كۈن نۇرى تولۇق چۈشۈپ تۇرغاچقا ، شۇنداقلا تېمپېراتۇرىسى باشقا جايلارغا قارىغاندا خېلىلا ياخشى بولغاچقا ، ئۆرۈك تاتلىق پىشىدۇ ھەم پارقىراپ تۇرىدۇ .

ئۆرۈك يەنە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بۈگۈر ، ئۇرۇمچى ، ئاقسۇ ، خوتەن قاتارلىق جايلىرىدىنمۇ چىقىدۇ . ئۆرۈكنىڭ ئوزۇقلۇق قىممىتى يۇقىرى بولۇپ ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئېسىل ۋە داڭلىق مېۋىلىرىنىڭ بىرى .

(« ئۈمىد چېچەكلىرى » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى . )

## زىيانداش ھاشارات ــ مۇزايىۋېشى

مۇھەممەتئىمىن توختى

( تەبىر بېرىش ، تەسۋىرلەش ، سان - سىپىرلارنى ئېلىش ، بايان قىلىش شەكلى قوللىنىلغان ، ئالاھىدىلىك تەرتىپى بويىچە يېزىلغان ، تونۇشتۇرۇش خاراكتېرىدىكى ماقالە )

مۇزايىۋېشى توغرا قاناتلىقلار ئەترىتى ، موزايىۋېشى ئائىلىسىگە كىرىدىغان ، كۆپ ئۇچرايدىغان بىر خىل يەر ئاستى زىياندىش ھاشارات بولۇپ ، كۆپ ھاللاردا كۆچەتكە زور زىيان يەتكۈزىدۇ .

### مورفولوگىيىلىك خۇسۇسىيىتى

موزايىۋېشى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەممە يېرىگە تارقالغان بولۇپ ، يېتىلگەن قۇرتىنىڭ تەن ئۇزۇنلۇقى قىرىق ـــ قىرىق بەش مىللىمېتىر ، قورسىقى سىلىندىر شەكىللىك كېلىدۇ . پۇت ۋە ئارقا تەرەپلىرىنىڭ ئىچكى گىرۋەكلىرىدە قىلتىرىقسىمان تىكىنى بولىدۇ . لېچىنكىسىنىڭ

قورسقى سارغۇچ قوڭۇر بولۇپ، سىلىندىر شەكىللىك كېلىدۇ. تۆت ـ بەش ياشلىقتىن ئاشقان لېچىنكىلىرى يېتىلگەن قۇرتقا ئوخشايدۇ.

**ياشاش شارائىتى**

موزايۋېشى 9 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدىن 2 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە قېلىن تۇپراق قاتلىمىغا كىرىۋېلىپ ئۇخلايدۇ. 3 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدىن 4 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە تۇپراقنىڭ ئۈستى قاتلىمىغا چىقىشقا باشلايدۇ، 4 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 5 ـ ئاينىڭ باشلىرىغىچە تۇپراق ئۈستىگە چىقىپ زىيان سېلىش ھەرىكىتىنى باشلايدۇ. 5 ـ ئاينىڭ باشلىرىدىن باشلاپ جۈپلىشىپ تۇخۇم سېلىشقا تەييارلىنىش ئۈچۈن، كۆپلەپ ئوزۇقلۇق ئىزدەيدۇ. بۇ مەزگىل ئۇنىڭ زىرائەت ۋە كۆچەتلەرگە ئېغىر زىيان سېلىش باسقۇچى ھېسابلىنىدۇ. 6 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىن 8 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ھاۋا تازا ئىسسىغان مەزگىللەردە ئوتتۇز ـــ قىرىق سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى تۇپراققا كىرىۋېلىپ تۇخۇم چىقىرىدۇ. 9 ـ ئاينىڭ باشلىرىدىن ئاخىرغىچە لېچىنكا ۋە يېڭىدىن يېتىلگەن قۇرتلار قىشلىق ئوزۇقلۇق ئىزدەپ كۆچەتلەرنىڭ يىلتىزىغا ئېغىر زىيان سالىدۇ.

**زىيان سېلىش ئەھۋالى**

موزايۋېشى يۇمران ئانار كۆچەتلىرىنىڭ يىلتىزىغا ئامراق بولۇپ، ئاساسەن كۆچەتخانىلاردا كۆپ ئۇچرايدۇ. كۈندۈزى يوشۇرۇنۇپ يېتىپ، يېرىم كېچىدە ھەرىكەتلىنىدۇ. كۆچەتخانىغا سۇ قۇيغاندا سۇنىڭ ئۈستىگە لەيلەپ چىقىدۇ. موزايۋېشى ئاساسەن بىر ـ ئىككى يىللىق ئانار كۆچەتلىرىنىڭ يىلتىزىنى قىرقىپ يەيدۇ، بولۇپمۇ بىر يىللىق يۇمران كۆچەتلەرنىڭ يىلتىزىغا سالىدىغان زىيىنى ئېغىر بولىدۇ. ئۇ بىر كېچىدە بىر ـ ئىككى تۈپ كۆچەتنى نابۇت قىلىپلا قالماستىن، يەر بېغىرلاپ يۈرۈپ ھەربىر قۇر بويىچە تۇتاش ھالدا ئون نەچچە تۈپ كۆچەتنىڭ يىلتىزىنى قىرقىپ قۇرۇتۇۋېتىدۇ.

**ئالدىنى ئېلىش ۋە يوقىتىش**

موزايۋېشى يورۇقلۇققا ئىنتىلىشچان بولۇپ، شامال سۈرئىتى ئاس-

تا ، ئايدىڭ بولمىغان كېچىلەردە چىراغ ئاستىغا كۆپلەپ توپلىشىدۇ . ئۇنىڭ پۇراش سېزىمى ئۆتكۈر بولۇپ ، ئات تىزىكى قاتارلىق چىرىگەن ئورگانىك قىغلارغا ئىنتىلىدۇ . ئۇ نەملىكنى ياخشى كۆرىدىغان بولغاچقا ، كۆپ ھاللاردا نەم تۇپراقتا ياشايدۇ . ئۇنىڭ بۇ خۇسۇسىيەتلىرىدىن پايدىلىنىپ مۇناسىپ تەدبىرلەرنى قوللىنىپ يوقىتىش لازىم .

1 ) كۆچەتخانىنى تاختىلاشقا بىرلەشتۈرۈپ ، بەش يۈز گرام بىر پىرسەنتلىك « 666 » پاراشوكى بىلەن يۈز جىڭ يۇمشاق توپىنى تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ ، تۇپراقنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىغا كۆمۈپ ئالدىنى ئېلىش لازىم . ھەربىر مو يەرگە بىر يېرىم كىلوگرام « 666 » پاراشوكى ئىشلىتىلسە بولىدۇ .

2 ) زەھەرلىك يەم بىلەن ئالداپ يوقىتىش . بۇنىڭ ئۈچۈن ، بەش يۈز گرام ئالتە پىرسەنتلىك نەملىنىشچان « 666 » ياكى ئىككى يۈز ئەللىك گرام يىگىرمە پىرسەنتلىك « 666 » گە بەش كىلوگرام چالا پىشۇرۇلغان يەم قوشۇپ زەھەرلىك يەم ياساپ ، كۆچەتخانىغا تەكشى چېچىپ يوقىتىش لازىم .

3 ) ئورا كولاپ يوقىتىش . كۆچەتخانىغا ھەر يىگىرمە مېتىر ئارىلىقتا بىردىن ئاغزىنى كىچىك ، ئىچىنى كەڭ قىلىپ ئورا كولاپ ، ئورىغا ئات تېزىكى ياكى ھۆل ئوت ـ چۆپلەرنى سېلىپ قويسا ، مۇزايۋېشى كېچىسى ئورىغا يىغىلىدۇ .

4 ) يورۇقلۇققا ئىنتىلىشچانلىقىدىن پايدىلىنىپ يوقىتىش . بۇنىڭدا كۆچەتخانا ئەتراپىغا كېچىسى چىراغ يېقىپ ، قۇرتلارنى يورۇقلۇققا جەلپ قىلىپ يوقىتىش لازىم .

5 ) نەملىكنى ياخشى كۆرۈشچانلىقىدىن پايدىلىنىپ يوقىتىش . كۆچەتخانىغا ھەرقېتىم سۇ قويغاندا يەر ئاستىدىكى موزايۋېشى سۇ ئۈستىگە لەيلەپ چىقىدۇ . شۇ مەزگىلدە تۇتۇپ يوقىتىش كېرەك .

( ئاپتورنىڭ « ئانار » ناملىق كىتابىدىن ئېلىندى . )

# پىكىر تەرتىپى بويىچە چۈشەندۈرۈلگەن ماقالىلەردىن ئۆرنەكلەر

## ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىقسىز ۋاقىت كالېندارى

ئابدۇكېرىم راخمان

( ئىزاھلاش ، بايان شەكلى قوللىنىلغان ، پىكىر تەرتىپى بويىچە چۈشەندۈرۈلگەن تونۇشتۇرۇش خاراكتېرىدىكى چۈشەندۈرۈش ماقالىسى )

ئەجدادلىرىمىز ناھايىتى قەدىمكى زامانلاردىن باشلاپلا ، كۈن بىلەن تۈننىڭ ، يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇقنىڭ ، كۈن ، ئاي ، پەسىللەرنىڭ دەۋرى ھالدا ئالمىشىپ ، ئايلىنىپ تۇرۇش سەۋەبلىرىنى ئاسمان جىسىملىرى ( قۇياش ، ئاي ، يۇلتۇز ، پلانېتلار ) دىكى ئۆزگىرىشلەرگە باغلاپ چۈشەندۈرۈشكە تىرىشتى . قۇياشنىڭ شەرقتىن كۆتۈرۈلۈپ غەربكە پېتىشى ، ئاينىڭ كۆتۈرۈلۈشى ، تولۇشى ، ئاخىرىدا يوقىلىپ قايتىدىن يېڭىلىنىشى ، پلانېتلار ۋە سانسىز يۇلتۇز تۈركۈملىرىنىڭ سىرلىق ھەرىكەتلىرى ، ئۆزگىرىشلىرى ، ئۇلارنىڭ كائىناتقا بولغان تەسىرى ... قاتارلىقلارنى ئۇزاق ئەسىرلەر مابەينىدە تەكرار كۆزەتتى . نەتىجىدە ، ئەڭ دەسلەپكى « يېزىقسىز ۋاقىت كالېندارى » ( يۇلتۇز كالېندارىمۇ دېيىلىدۇ ) پەيدا بولدى .

خەلقىمىز « يۇلتۇز كالېندارى » نى يارىتىش جەريانىدا ئاساسىي پلانېتلارنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئىپتىدائىي بىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى . شۇنىڭ بىلەن ، قۇياشنى مەركەز قىلغان پلانېتلارنىڭ سۈپەتلىرىنى پەرقلىق ھالدا تەرىپلىدى . ئۇلارنى ئۆزىگە خاس مىللىي ناملار بىلەن ئاتىدى . مەسىلەن ، ئۇكەر يۇلتۇزىدىن كىچىسى يول يۇرگەندە نىشان

بـەلگىلەپ بېرىدىغان « كومپاس » سۈپىتىدە پايدىلاندى . « يۇلتۇز كالېندارى » دىكى پەسىل ئۆزگىرىشلىرىنىمۇ ئەنە شۇ ئۆكەرگە قاراپ بەلگىلىدى . خەلقىمىز : « ئۆكەر يۇلتۇزىنىڭ كۆپىيىشى بىلەن ھاۋارايى ئۆزگىرىدۇ ، ئۆكەر ئايغا يېقىنلاشسا بوران ـ چاپقۇن ئاز بولىدۇ ، يەرگە يېقىنلاشسا باھارنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ ، ئەگەر سۇغا يېقىنلاشسا ھۆل ـ يېغىن كۆپ بولىدۇ ، تاغقا يېقىنلاشسا پىژ ـ پىژ ئىسسىق بولىدۇ » دەپ قارىدى .

ئۇيغۇرلار يەنە ئورنىدىن مىدىرلىماي قۇتۇپ يۇلتۇزىنى « تەمۈر قوزۇق » دەپ ئاتاپ ، دۇنيانىڭ تۆت تەرىپىنى ئۇنىڭغا قاراپ بەلگىلەدى . « تەمۈر قوزۇق » نىڭ يېنىدىكى ئىككى يۇلتۇز تۇركۇمىنى « بېلىق » ( بالىق ) يۇلتۇز ۋە « قوزى يۇلتۇز » دەپ ئاتاپ ، « بېلىق » ــ قىشنىڭ ئاخىرقى ئېيى ، « قوزى » ــ باھارنىڭ باشلانغۇچ ئېيى ( يىل بېشى ) دەپ چۈشەندۈردى . بىر تامچە قانغا ئوخشايدىغان قىزغۇچ مارس تۇركۇملىرىگە « يەتتىكەن » ( يەتتە قاراقچى ، قاراقۇش ) دەپ نام بېرىپ ، ئۇنى بالايىئاپەتكە سىمۋول قىلدى . خەلق ئارىسىدا « يەتتىكەن » يۇلتۇز تۇركۇمىنىڭ « چۆمۈچ يۇلتۇزى » ، « چوڭ ئېيىق يۇلتۇزى » دېگەن ناملىرىمۇ بار .

ھەممىدىن روشەن ۋە چىرايلىق ۋېنېرا يۇلتۇزىنى « چولپان » دەپ ئاتاپ ، خۇشاللىق ۋە بەخت سىمۋولى بىلەن گەۋدىلەندۈردى . ئەڭ ئۈستۈن تۇرىدىغان زۆھەل ( ساتۇرىن ) يۇلتۇز تۇركۇمىنى « ئاقار يۇلتۇز » ، « تارازا يۇلتۇز » دەپ ئاتىدى . « چىللە » ( ئىيۇل ) نىڭ ئاخىرى « تارازا يۇلتۇز » نىڭ كۆرۈنۈش مەزگىلى . ئۇ تومۇزنىڭ قايتىشىغا باشلىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ . ئاتارۇت ( مىركۇرى ) يۇلتۇز تۇركۇمىنى « سۇنبۇلە » ( بۇغداي بېشى ) دەپ ئاتاپ ، « سۇنبۇلە » تۇغقاندىن كېيىن ياز ئاياغلىشىدۇ ، دەپ قارىدى .

خەلقىمىز يەنە مۇشتېرى ( يۇپىتېر ) يۇلتۇز تۇركۇمىنى « ئوت يۇلتۇزى » ( م .قەشقەرى « تۈركىي تىللار دىۋانى » دا « ئەرەن تۇز » دەپ ئاتىغان ) دەپ ئاتاپ ، ئۇنى ياخشىلىق ۋە بەخت ـ سائادەتكە

سىمۋول قىلدى . مېرىخ يۇلتۇز تۇركۈمىنى « شامال يۇلتۇز » ( باقىر سـوقىم ) دەپ ئاتاپ ، پالاكەت ۋە مالامەتكە سىمۋول قىلدى . زۇھەل يۇلتۇز تۇركۈمىنى « تۇپراق يۇلتۇز » دەپ ئاتاپ ، نىسپىي ياخشىلىق ۋە نىسپىي خۇشاللىققا سىمۋول قىلدى ۋە باشقىلار .

ئۇيغۇرلار « ئاسمان گۈمبىزى » دە چىمىرلاپ تۇرغان ئەنە شۇنداق يۇلتۇز تۇركۈملىرىنىڭ ئىچىدىكى ئون ئىككى يۇلتۇز تۇركۈمىنى ئايرىم - ئايرىم مىللىي ناملار بىلەن ئاتاپ ، ئۇلارنى بىر يىل ئىچىدىكى ئون ئىككى ئاينىڭ نامى قىلىپ قوللانغان . خەلقىمىز ئەنئەنىۋى ئادىتى بويىچە « قوزى » نى يىل بېشى ( يېڭى يىل ) قىلغان ھالدا ، ئۇد ( ئۇي ) ، ئاراندېز ( جەۋزا ) ، قوچىق ( سەراتان ) ، ئارسلان ( ئەسەد ) ، سۇنبۇلە ( بۇغداي بېشى ) ، ئۇلكۇ ( تارازا ، مىزان ) ، چازان ( چايان ، ئەقرەپ ) ، ياي ( ئوقتا ، قەۋس ) ، ئوغلاق ( جەددى ) ، كۈنەك ( دەل- ۋە ، سوغا ) ، بالىق ( بېلىق ، ھۇت ) دەپ ئاتاپ ، ئون ئىككى ئاينى رەتـكە تۇرغۇزىدىغان ، ھەر ئۈچ ئاينى بىر توقسانغا ( بىر پەسىلگە ) بۆ- لۈپ ، نورۇز ( يېڭى ئاي ) ، ئوغلاق ئاي ، ئۇلۇغ ئوغلاق ئاي ، ئۇلۇغ ئاي دەپ تۆت پەسىلنى پەرقلەندۈرۈپ ئاتىغان . بىر ئاينى ئىككى مەۋسۇمگە ، بىر كېچە - كۈندۈزنى ئون ئىككى چاغ ، يىگىرمە تۆت ۋاقىت ( سا- ئەت ) كە ، ئون ئىككى يىلنى بىرمۆچەلگە ، بەش مۆچەلنى بىر دەۋرگە بۆلگەن .

خەلقىمىزنىڭ قەدىمكى « يېزىقسىز ۋاقىت كالېندارى » دا يەنە يەتتە كۈننى زۇھەل ( سەكەنتىر ياكى ساتۇرن ) ، مۇشتېرى ( ئوڭاي ياكى يۇپېتىر ) ، مىرىخ ( كورۇد ياكى مارس ) ، شەمس ( يەشىق ياكى قۇياش ) ، زۇھرە ( سەۋت ياكى چولپان ) ، ئاتارود ( ئارزۇ ياكى مىر- كۈرى ) ، قەمەر ( ئاي ياكى يالچىق ) قاتارلىق كۆكتىكى يەتتە سەييارە يۇلتۇزلارغا تەقلىد قىلىپ ئاتىغان . ھازىرقى « ھەپتە » ۋە كۈن ناملىرى ئۇيغۇرلار ئارىسىغا ئىسلامىيەتتىن كېيىن سىڭىپ كىرگەن .

« شەمسىيە كالېندارى » ( كۈن كالېندارى ) بويىچە ھەر قايسى ئايلارنـى ھـەمەل ( 1 ـ ئاي ) ، سەۋر ( 2 ـ ئاي ) ، جەۋزا ( 3 ـ ئاي ) ،

سەرەتان ( 4 ـ ئاي ) ، ئەسەد ( 5 ـ ئاي ) ، سۇنبۇلە ( 6 ـ ئاي ) ، مىزان ( 7 ـ ئاي ) ، ئەقرەپ ( 8 ـ ئاي ) ، قەۋس ( 9 ـ ئاي ) ، جەددى ( 10 ـ ئاي ) ، دەلۋە ( 11 ـ ئاي ) ، ھۇت ( 12 ـ ئاي ) شۇنداقلا ئەرەب ( قەمەرىيە كالېندارى ) بويىچە مۇھەررەم ، سەفەر ، رەبىئۇلئەۋۋەل ، رەبىئۇلئاخىر ، جىمادىلئەۋۋەل ، جىمادىلئاخىر ، رەجەپ ، شەئبان ، رامىزان ، شەۋۋال ، زۇلقەئىدە ، زۇلھەججە دەپ ئاتاشمۇ شىنجاڭغا ئىسلام دىنى كىرگەندىن كېيىنكى ئىشلاردۇر .

دېمەك ، ئەجدادلىرىمىزنىڭ قەدىمكى « يېزىقسىز ۋاقىت كالېندارى » دا « يەر مەركەز » لىك چۈشەنچىسى ئالغا سۈرۈلگەن بولۇپ ، ئاسماندىكى بارلىق پلانېتلار ئوخشىمىغان ئوربېتىلارنى بويلاپ يەر شارىنى ئايلىنىدىغانلىقىنى ، قۇياش يورۇقلۇق ۋە ئىسسىقلىقنىڭ مەنبەسى ئىكەنلىكى ، بۇ مەنبە بولمىسا ھاياتلىقمۇ بولمايدىغانلىقى ، ئاي قۇياشتىن يورۇقلۇق ئالغۇچى يەرنىڭ « ھەمرىيى »ئىكەنلىكى ئەكس ئەتكەن .

( « تارىم غۇنچىلىرى » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى . )

## ئوقۇتقۇچىلارنى بىزار قىلىدىغان ئوقۇغۇچىلار

( تۆرگە ئايرىش ، بايان قىلىش شەكلى قوللىنىلغان ، پىكىر تەرتىپى بويىچە يېزىلغان شەرھلەش خاراكتېرىدىكى ماقالە )

كەپسىز ئۆكتەملەر : بۇنداق ئوقۇغۇچىلار دائىم ئۆگىنىشتە ئەستايىدىل ئەمەس ، تاپشۇرۇقنى ياخشى ئىشلىمەيدىغانلار ، بۇنى ئاز دەپ دائىم جېدەل چىقىرىپلا تۇرىدىغانلار . بۇنداق ئوقۇغۇچىلاردىن ئوقۇتقۇچى تولىمۇ بىزار .

ئەستايىدىل ئۆگەنمەيدىغانلار : بۇنداقلار دەرسنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىمايدۇ ، پۇت ـ قولى جىم تۇرمايدۇ ، بۇنى ئاز دەپ ئالدى ۋە ئارقىدىكى ئوقۇغۇچىلار بىلەن دەرس ۋاقتىدا خالىغانچە پاراڭ سالىدۇ . تاپشۇرۇقنى ئۆزى ئىشلىمەي باشقىلاردىن كۆچۈرۈۋالىدۇ . بۇنداق ئوقۇغۇ-

چىلارمۇ ئوقۇتقۇچىنى بەك بىزار قىلىۋېتىدۇ .

ئوقۇتقۇچى بولغان كىشى ئوقۇغۇچىنىڭ دۆتلىكىدىن قورقمايدۇ ، بەلكى ئۆگىنىشتە ئەستايىدىل بولماسلىقىدىن قورقىدۇ .

يالغان گەپ قىلىشقا ئامراقلار : يالغان گەپ قىلىش بىر خىل نا- چار ئەخلاقىي قىلمىش . ئوقۇغۇچىلارنىڭ يالغان گەپ قىلىشتىكى مۇددى- ئاسى ئوخشاش بولمايدۇ . بەزىلىرى چوڭلارنىڭ جازالىشىدىن قورقۇپ يالغان گەپ قىلسا ، بەزىلىرى ئۆزى ئامراق نەرسىگە ئېرىشىش ئۈچۈن يالغان گەپ قىلىدۇ .

مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، يالغان گەپ قىلىشقا هەرگىز بولمايدۇ . يالغانچى ئوقۇغۇچىلاردىن ئوقۇتقۇچىلار ناھايىتى بىزار بولىدۇ .

پەزىلىتى ناچارلار : ئوقۇتقۇچى ئۆزى ئەجىر قىلىپ تەربىيىلىگەن ئوقۇغۇچىنىڭ پەزىلىتى ياخشى ، ئۆگىنىشى ئەلا بولۇشىنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىدۇ . ئاشۇنداق پەزىلىتى ناچار ئوقۇغۇچىلارنى ، يەنى كىچىككىنە ئىش ئۈچۈن باشقىلار بىلەن ئۇرۇشىدىغان ، تازىلىققا رىئايە قىلمايدى- غان ، دائىم يالغان سۆزلەيدىغان ، ئوقۇتقۇچىنى هۆرمەتلىمەيدىغان ، قىسقىسى ھەممە ئەسكىلىكنى قىلىپ باقىدىغان ئوقۇغۇچىلارنى ئوقۇت- قۇچى ياخشى كۆرمەيدۇ .

( « تارىم غۇنچىلىرى » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى . )

## چۈجە بېقىشنى بىلەمسىز ؟

( سوئال ـ جاۋاب ، تەسۋىرلەش ، سان ـ سىپىرلارنى ئېلىش ، بايان قى- لىش شەكلى قوللىنىلغان ، پىكىر تەرتىپى بويىچە چۈشەندۈرۈلگەن تونۇشتۇرۇش خاراكتېرىدىكى ماقالە )

ئەتىياز ، ياز پەسىللىرىدە يېزىدىكى ئۆسمۈر دوستلار ئائىلىسىدە چۈجە باقىدۇ . چۈجىنى قانداق قىلغاندا ياخشى باققىلى بولىدۇ ؟ تۆۋەندە

سىلەرگە چۈجە بېقىش ھەققىدە ئاز ـ تولا بىلىم تونۇشتۇرىمىز .

1 . چۈجە تاللاش : چۈجە تاللىغاندا ھەرىكىتى جانلىق ، تېتىك ، كۆزى نۇرلۇق ، تۈكى رەتلىك ، مەقئىتى ئەتراپىغا گەندە ـ سۈيدۈكلەر چاپلىشىپ قالمىغان چۈجىلەرنى تاللاش كېرەك . ئۇنىڭدىن باشقا چۈجىنىڭ ئىككى پۇتىدىن تۇتۇپ ، بېشىنى تۆۋەنگە قاراتقاندا يۇقىرىغا قاراپ تېپىرلىغان چۈجە ساغلام چۈجە ھېسابلىنىدۇ .

2 . چۈجىلەرنى ئىسسىق ساقلاشقا دىققەت قىلىش : تۇخۇمدىن يېڭى چىققان چۈجىنىڭ جۇغى كىچىك ، تۈكلىرى شالاڭ بولغاچقا سوغۇقتىن قورقىدۇ ، شۇڭا ئۇلارنى ئىسسىق ساقلاشقا دىققەت قىلىش كېرەك . چۈجە تۇخۇمدىن چىققان دەسلەپكى بىر نەچچە كۈندە ئۆينىڭ تېمپېراتۇرىسى ئوتتۇز گرادۇس ئەتراپىدا بولۇشى ، ئىككى ھەپتىدىن كېيىن تېمپېراتۇرىنى ھەر كۈنى بىر گرادۇستىن تۆۋەنلىتىپ تۇرۇش لازىم ، تېمپېراتۇرا بىردەم يۇقىرى بىردەم تۆۋەندە بولماسلىقى كېرەك .

3 . ئۆينىڭ ھاۋاسىنى ئالماشتۇرۇپ ، چۈجىلەرنى ئاپتاپقا سېلىش : چۈجە بېقىۋاتقان ئۆينىڭ ھاۋاسى ساپ بولۇشى ، ئەگەر دىماغقا سېسىق پۇراق ئۇرۇلىدىغان بولسا ، ئىشىك ـ دېرىزىلەرنى ئېچىۋېتىپ ، ھاۋا ئالماشتۇرۇش كېرەك . چۈجە تۇخۇمدىن چىقىپ بىر ھەپتە بولغاندا ئۇلارنى پات ـ پات ئاپتاپقا سېلىش كېرەك . بۇنداق بولغاندا چۈجىلەرنىڭ ساغلاملىقىنى ئاشۇرغىلى ۋە كېسەللىك مىكروبلىرىنى ئۆلتۈرگىلى بولىدۇ .

4 . چۈجىلەرنى ئوزۇقلاندۇرۇش : چۈجىلەرنى گۈرۈچ ئوۋىقى ، كۆممىقوناق ئۇنى ، تېرىق قاتارلىق ئوزۇقلۇق ماددىسى مول ، ئاسان ھەزىم بولىدىغان نەرسىلەر بىلەن ئوزۇقلاندۇرۇش كېرەك . ھەر قېتىمدا ئاز ـ ئازدىن پات ـ پات ئوزۇقلاندۇرۇش ، قورسىقىنىڭ توق تۇرۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ، بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئوزۇقلۇقىغا ئاز تولا كۆكتات قوشۇپ بېرىش كېرەك .

5 . چۈجىلەرنى سۇدىن قىسىپ قويماسلىق : چۈجىلەر سۇ ئىچىشكە ئامراق بولىدۇ . سۇنى قانغۇچە ئىچسە ، ئىشتىھاسى ياخشىلىنىپ ،

تېز يوغىنايدۇ . ئۇلارنىڭ ئالدىدىن پاكىز ، ئىلمان سۇ ئۇزۇلمەسلىك ، بولۇپمۇ ئەتىگەن ۋە كەچلىكى ئۇلارنىڭ قاچىسىدا چوقۇم سۇ بولۇشى كېرەك .

6 . تازىلىققا دىققەت قىلىش : چۈجە بېقىۋاتقان ئۆي قۇرغاق بولۇشى ، يەم قاچىلىرى پاكىز بولۇشى كېرەك . گەندە ـ سۈيدۈكلەر ھەر كۈنى تازىلىنىپ تۇرسا ، چۈجىلەر ياخشى ئەي بولىدۇ .

( « تارىم غۇنچىلىرى » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى . )

## ئادەم بەدىنىنىڭ بىرىنچى ئېھتىياجى ــ نەپەسلىنىش

( سېلىشتۇرۇش ، سوئال ـ جاۋاب ، مىسال ئېلىش ، تەبىر بېرىش شەكلى قوللىنىلغان ، پىكىر تەرتىپى بويىچە چۈشەندۈرۈلگەن شەرھلەش خاراكتېرىدىكى چۈشەندۈرۈش ماقالىسى )

1 . ئادەم بىر نەچچە كۈن تاماق يېمىسىمۇ ياشىيالايدۇ ، ئەمما نەپەسلىنىش بىر نەچچە مىنۇت ئۈزۈلۈپ قالسىلا ئادەم ئۆلۈپ قالىدۇ . دۇنيادىكى ئالاھىدە نەپەسلىنىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئادەملەرمۇ ئاران ئون نەچچە مىنۇت بەرداشلىق بېرەلىشى مۇمكىن .

2 . ئادەملەرنىڭ نەپەسلىنىشى نېمە ئۈچۈن بۇنچىۋالا مۇھىم ؟ چۈنكى ئىنسانلارنىڭ ھاياتى مەسىلەن ، خىزمەت ، ئۆگىنىش ، ھەرىكەت ۋە تەپپەككۇر قاتارلىقلار ئېنېرگىيىگە موھتاج . ئېنېرگىيە بەدەندىكى ئوزۇقلۇق ماددىلارنىڭ ئوكسىدلىنىشىدىن ھاسىل بولىدۇ . بۇ خۇددى ئوچاقتا ئوت ياققاندا ئوتنى ئۇلغايتىش ئۈچۈن كۆمۈر بولغاندىن باشقا ، يەنە ھاۋا كېرەك بولغانغا ئوخشاش ئىش .

3 . ئادەم بەدىنىدىكى ئوزۇقلۇق ماددىلار بىر خىل « يېقىلغۇ » ، ئۇ يېمەكلىكنىڭ ئۆزگىرىشىدىن ھاسىل بولىدۇ . ئەمما ، يېقىلغۇ ئېنېرگىيە ھاسىل قىلىش ئۈچۈن ئوكسىدلىنىش جەريانى بولۇش كېرەك . ھالبۇكى ، تېنىمىزدە يېتەرلىك ئوكسىگېن بولمايدۇ ، ئۇنى پەقەت نەپەس

ئارقىلىق ھاۋادىن ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ .

4 . ئۇنداقتا، ئادەم قانداق نەپەسلىنىدۇ ؟ ئادەم بەدىنىدىكى نەپەسلىنىشكە مەسئۇل ئەزالا ئومۇملاشتۇرۇلۇپ ، « نەپەسلىنىش سىستېمىسى » دەپ ئاتىلىدۇ . ئۇلار بۇرۇن ، كاناي ، كاناي شاخچىلىرى ۋە ئۆپكىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . ئۆپكە ھاۋا ئالمىشىدىغان مەيدان بولۇپ ، باشقىلىرى ھاۋا ئالماشتۇرۇش يولى ھېسابلىنىدۇ .

5 . بۇرۇن بىلەن نەپەسلىنىش ھاۋا ئالمىشىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى . ھاۋا ئالماشتۇرىدىغان ھەقىقىي ئىستانسا بەدىنىمىزدىكى ئۆپكە ۋە پۈتۈن بەدەنگە تارقالغان قىل قان تومۇر تورىدىن ئىبارەت .

6 . بۇرۇن ئارقىلىق ئېلىنغان يېڭى ھاۋانىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئۆپكىدىكى كاناي شاخچىلىرى ئارقىلىق ئۆپكە پۇۋەكچىلىرىگە يەتكۈزۈلۇپ ، بۇرۇن ئارقىلىق سىرتقا چىقىرىلىدۇ . شۇنداق قىلىپ بەدەندە بىرىنچى قېتىم ھاۋا ئالماشتۇرۇش بارلىققا كېلىدۇ ، بۇ جەريان سىرتقى نەپەسلىنىش دەپ ئاتىلىدۇ .

7 . ئوكسىگېن قانغا ئۆتكەندىن كېيىن خۇددى پوچتا يوللانمىسىدەك بەدەننىڭ ھەممە يېرىگە يەتكۈزۈلىدۇ ، ناۋادا مۇسكۇللار ئوكسىگېنغا كۆپرەك ئېھتىياجلىق بولسا ، قان ئۆزى بىلەن ئېلىپ يۈرۈۋاتقان ئوكسىگېننى مۇسكۇللارغا ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ . نەتىجىدە ، مۇسكۇللارغا كىرگەن قىل قان تومۇرلاردىكى قان بىلەن مۇسكۇل توقۇلمىلىرى ئارىسىدا يەنە بىر قېتىم ھاۋا ئالماشتۇرۇلۇش بولىدۇ ، ئۇ ئىچكى نەپەسلىنىش دەپ ئاتىلىدۇ .

8 . ئادەملەر مانا شۇنداق بىر قېتىم نەپەس ئېلىش ، بىر قېتىم نەپەس چىقىرىش ئارقىلىق ئۆز ھاياتىنى داۋاملاشتۇرىدۇ . ئەگەر ئادەملەر نەپەس ئېلىش ئارقىلىق يېتەرلىك ئوكسىگېننى قوبۇل قىلالمىسا ، بەدەندىكى كاربون IV ئوكسىدنى ئالماشتۇرالماي ، ئېنېرگىيە قويۇپ بېرىش توختاپ ، ھاياتلىقمۇ ئاخىرلىشىدۇ . بۇ خۇددى مەشنىڭ شالاسىنى ئېتىپ قويۇپ ، ئوتنى ئۆچۈرۈپ قويغانغا ئوخشاش .

9 . ئادەتتە ئادەم ئورگانىزمىدىكى ھۈجەيرىلەرنىڭ ئوكسىگېنغا تايىنىدىغانلىقىنى ئانچە ھېس قىلمايمىز . ئەمما ، بۇنى بىز يۇگۇرگەندىلا ئاندىن چوڭقۇر چۈشىنىمىز . جىددىي ھەرىكەت قىلغاندا ، مۇسكۇل ھۈجەيرىلىرى كۆپلەپ ئوكسىگېننى سەرپ قىلغاچقا ، ئادەم ئاغزىنى ئېچىپ ، چوڭ ـ چوڭ نەپەسلىنىپ ، بۇ خىل ئېھتىياجنى قاندۇرىدۇ .

10 . ئادەم ئوكسىگېندىن ئايرىلالمايدۇ . ئەگەر ھاۋا بۇلغىنىپ ، ھاۋادىكى ئوكسىگېن مىقدارى ئازايسا ، كىشىلەرنىڭ نەپەسلىنىشى تەسىرگە ئۇچراپ ، سالامەتلىككە تەسىر يېتىدۇ . بۇنىڭدىن مۇھىتنى ئاسراشنىڭ ئىنسانلار ئۈچۈن قانچىلىك مۇھىملىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ .

11 . ئادەمنىڭ نەپەسلىنىش سىستېمىسىنىڭ ساغلاملىقى ئىنتايىن مۇھىم . ئادەم دائىم تەنھەرىكەت بىلەن شۇغۇللانسا ، كۆكرەك قەپىسىنىڭ يېتىلىشى ياخشىلىنىپ ، نەپەس مۇسكۇللىرى تەرەققىي قىلىدۇ ، نەپەسلىنىش كۈچى ئاشىدۇ . شۇ چاغدا ئۆپكىنىڭ ئىقتىدارى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ ، ساغلاملىق ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ .

( « تارىم غۇنچىلىرى » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى . )

## مەن فامىلىنى قانداق قوللاندىم

زەينۇللا ئىدىقۇت

( مىسال كەلتۈرۈش ، ئىزاھلاش ، سان ـ سىپىرلارنى ئېلىش شەكلى قوللىنىلغان ، پىكىر تەرتىپى بويىچە چۈشەندۈرۈلگەن شەرھلەش خاراكتېرىدىكى ماقالە )

مەن « تارىم غۇنچىلىرى » ژۇرنىلىنىڭ 1997 ـ يىللىق 7 ـ سانىدىكى « دانىشمەن نەسرىدىن ئەپەندى » سەھىپىسىدە بېرىلگەن قەشقەرلىك كىچىك دوست ئامانىسا خېنىمنىڭ « ئۇيغۇرلارمۇ فامىلە قوللانسا

بولامدۇ ؟ فامىلە قوللانسا قانداق شەكىلدە قوللىنىشى كېرەك ؟ » دېگەن سوئالنى كۆرۈپ ، كىچىك دوستلارنىڭمۇ فامىلىگە قىزىقىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم .

بىز ئۇيغۇرلاردا فامىلە قوللىنىش ئومۇملاشمىغان ( ئايرىم كىشى- لەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا ) . ئەمما ، سىز جەدۋەل تولدۇرغاندا ياكى ئان- كېت تولدۇرغاندا ، « ئىسىم ـ فامىلىسى » دېگەن ئورۇنغا نېمە دەپ تولدۇرىسىز ؟ قارىماققا بۇ سوئال مۇجمەل سوئالدەك قىلىدۇ . ئەلۋەتتە ، سىز بۇ يەرگە ھېچ ئىككىلەنمەيلا ئۆزىڭىزنىڭ « ئىسىم ـ فامىلە » ڭىزنى تولدۇرىسىز ، ئۇنداقتا ، سىزنىڭ فامىلىڭىز نېمە ؟ دادىڭىزنىڭ ئىسمى سىزنىڭ فامىلىڭىز بولامدۇ ؟ ئەمەلىيەتتە دادىسىنىڭ ئىسمى فامىلە بول- مايدۇ . چۈنكى ، بىز ئۇيغۇرلاردا ئىككىنچى ئەۋلاد بىرىنچى ئەۋلادنىڭ ئىسمىنى « فامىلە » قىلىسمۇ ، لېكىن ئۈچىنچى ئەۋلاد كىشى ھەرگىزمۇ بىرىنچى ئەۋلادنىڭ ئىسمىنى « فامىلە » قىلمايدۇ . شۇنداق بولغاچقا ئا- رىمىزدىكى نۇرغۇن كىشىلەر ئۆزىنىڭ ئەجدادلىرىنى بىلمەيدۇ ، ھەتتا بەزىلەر بوۋىسىنىڭ ئىسمىنىمۇ بىلمەيدۇ . دەل مۇشۇنداق بولغاچقا بىز ئۆز ئەجدادلىرىمىزنىڭ نام ـ نەسەبىنى ئۈچىنچى ئەۋلادتىلا ئۇنتۇپ ، ئۇلار- نىڭ ئۇلۇغ روھىدىن ئۆزىمىزگە مەنىۋى كۈچ ئالالمايمىز .

ھازىرقى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە فامىلە قوللىنىش ۋەزىيىتىنىڭ تە- قەززاسى بولۇپ قالدى . ھازىر ئارىمىزدىن خېلى كۆپ كىشىلەر فامىلە قوللاندى ياكى قوللىنىۋاتىدۇ . يەنە بەزى كىشىلىرىمىز فامىلە قوللان- ماقچى . ئەمما ، ھەر كىمنىڭ فامىلىگە بولغان تونۇشى ۋە پوزىتسىيىسى ئوخشاش بولمىغاچقا ، قوللانغان فامىلە شەكلىمۇ ئوخشاش ئەمەس . مەن ئۆزۈمنىڭ فامىلىنى قانداق قوللانغانلىقىمنى ۋە فامىلە قوللىنىش شەكلىگە بولغان بىر قانچە تەشەببۇسىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمەن .

مېنىڭ فامىلەم ــ ئىدىقۇت . تولۇق ئىسمىم ـ فامىلەم ــ ھەققۇللا ئوغلى زەينۇللا ئىدىقۇت .

مېنىڭ فامىلە قوللىنىشقا بولغان تەشەببۇسۇم مۇنداق :

1 . ئىسىم ـ فامىلىنى ئادەتتىكى ئىسىم ـ فامىلە ۋە تولۇق ئىسىم ـ

فامىلە دەپ ئايرىش . ئادەتتىكى ئەھۋاللاردا ئادەتتىكى ئىسىم ـ فامىلە شەكلى بويىچە ئاتاش . مەسىلەن ، زەينۇللا ئىدىقۇت ، ئابلىز بۆرە يار ... قاتارلىقلار. بۇ خىل شەكىلدە پەقەت ئۆزىنىڭ ئىسمى بىلەن فامىلىسى بولىسلا بولىدۇ .

ئارخىپقا تۇرغۇزغاندا ، ھۆججەت يازغاندا ۋە باشقا تولۇق ئىسىم ـ فامىلىسىنى يېزىش تەلەپ قىلىنغان چاغلاردا تولۇق ئىسىم ـ فامىلىسىنى قوللىنىش . مەسىلەن ، ھەققۇللا ئوغلى زەينۇللا ئىدىقۇت ، ھەققۇللا قىزى خەلچىگۈل ئىدىقۇت ، مۇھەممەد ئوغلى ئەركىن قۇتلۇق ، ئەيسا قىزى ئارزىگۈل ئۆلمەس ۋاھاكازالار ... بۇ خىل شەكىلدە ئاۋۋال دادىسىنىڭ ئىسمى ، ئاندىن ئوغلى ( قىزى ) ، ئاندىن ئۆزىنىڭ ئىسمى ، ئاخىرىدا فا-مىلىسى كېلىدۇ .

2 . قوللانغان فامىلە چوقۇم ئۇيغۇرچە بولۇشى كېرەك . بۇ مې-نىڭلا ئەمەس ، بەلكى فامىلە قوللىنىشنى تەشەببۇس قىلىۋاتقان نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ تەشەببۇسى . چۈنكى ، بىزدە ھازىر ئەرەبچە ، پارسچە ئى-سىملار يېتىپ ئاشقۇدەك بار . بۇنىڭدا قەدىمكى ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنى فامىلە قىلىپ قوللىنىشقىمۇ بولىدۇ . مەسىلەن ، سۇتۇق بۇغراخان ، ئالپ ، تونيۇقۇق ، كۆلتېگىن ، ئايتىكىن ... قەدىمكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ نا-منى فامىلە قىلىپ قوللىنىشقىمۇ بولىدۇ . مەسىلەن ، قارلۇق ، قاڭقىل ، ئۇيغۇر ... يۇرت ـ جاي ناملىرى ۋە جانلىقلار نامىنى فامىلە قىلىپ قوللى-نىشقىمۇ بولىدۇ . مەسىلەن ، ئىدىقۇت ( تۇرپان ) ، كۇسەن ، قەشقەر ، شۇڭقار ، ئارسلان ... مەن باشقىلارنىمۇ ماڭا ئوخشاش فامىلە قوللىنىڭلار دېمەكچى ئەمەسمەن . بۇلار مېنىڭ تەشەببۇسۇملا ، خالاس . مەن فامىلە قوللانغان ۋە قوللانماقچى بولۇۋاتقان ، شۇنداقلا بۇ ھەقتە ئىزدىنىۋاتقان دوستلار بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇشنى بەكمۇ خالايمەن . فامىلە بىلەن يېڭى ئەسىرگە كىرىشنى خالىغۇچى دوستلار مەن بىلەن ئالاقىلىشى-شىڭلارنى سورايمەن .

( « تارىم غۇنچىلىرى » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى )

# چىش پاستىسىنىڭ كۆپ خىل رولى

( بايان شەكلى قوللىنىلغان ، پىكىر تەرتىپى بويىچە چۈشەندۈرۈلگەن تونۇشتۇرۇش خاراكتېرىدىكى ماقالە )

1 . چىنىلەردە چاي دېغى پەيدا بولۇپ قالغاندا ، قاچا يۇغۇچقا ئازراق چىش پاستىسى قوشۇپ يۇيسا ، داغ تېز چىقىپ كېتىدۇ .

2 . قول چىراغ ئەينىكى خىرەلىشىپ قالغاندا ، چىش پاستىسى بىلەن تازىلىسا ، ئەينەك يۈزى سۈزۈكلىشىدۇ .

3 . قول سائىتىنىڭ ئەينىكى جىجىلىپ سىزىقچە پەيدا بولغان بولسا ، نەمدەپ ئازراق چىش پاستىسى بىلەن سۈرتسە سىزىقچىلار يوقىلىدۇ .

4 . قەندەل ۋە مۇراببا قاچىلىرىنى ئۇزۇن ئىشلەتكەندە ، شىرنە تۇتۇپ كىرلىشىپ قالىدۇ . بۇنداق قاچىلارنى يۇيغاندا چىش پاستىسى قوشۇپ يۇيسا تېزلا پاكىزلىنىدۇ .

5 . يۈزى داتلاشقان دەزمالغا مۇۋاپىق مىقداردا چىش پاستىسىنى يېيىپ پاكىز لاتىدا يېنىك سۈرتۈپ بەرسە دات پۈتۈنلەي چىقىپ كېتىدۇ .

6 . ئاياغ مايلىغاندا ، مايغا ئازراق چىش پاستىسىدىن ئارىلاشتۇرۇپ مايلىسا ئاياغ تېخىمۇ پارقىرايدۇ .

كىيىمىڭىزگە ماي قەلەم سىزىلىپ كەتسە ، كىيىمنىڭ شۇ يېرىنىلا سۇغا بىردەم چىلاپ ئېلىپ ، ئۇنىڭغا چىش پاستىسىدىن ئازراق سۈرتۈڭ ئاندىن سۇيۇن بىلەن ئۇۋۇلاپ يۇيۇپ بولۇپ ، ئىسپىرت بىلەن پاكىز تازىلىۋەتسىڭىز ، قەلەم سىزىقلىرى يوقايدۇ .

8 . يۈزىڭىزدە دانىخورەك پەيدا بولۇپ قالسا ، پىرېدنىزون ( 强的松 ) تابلېتكىسىنى ئېزىپ ، ئۇنىڭغا چىش پاستىسىدىن ئازراق ئارىلاشتۇرۇپ مەلھەم ياساپ دانىخورەك چىققان جايغا كۈندە ئىككى - ئۈچ قېتىم سۈرتۈپ بەرسىڭىز ، دانىخورەكنى يوقىتىدۇ .

9 . پاشا ياكى بوغۇن چىقىۋالغان جايغا چىش پاستىسىدىن سۈرتۈپ قويسا ئىششىقنى ياندۇرۇپ ، قىچىششىنى ۋە ئاغرىقنى توختىتىدۇ .

10 . قولتۇقىڭىز پۇرايدىغان بولۇپ قالسا ، چىش پاستىسىدىن كۈندە ئۈچ قېتىم سۈرتۈپ بەرسىڭىز ، غەيرىي پۇراق يوقايدۇ .

11 . زۇكامنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈلگەندە ، ئىككى چېكىگە ۋە بۇرۇن بىلەن كالپۇكنىڭ ئوتتۇرىسىغا چىش پاستىسى سۈرتۈپ ، ئون مىنۇت تۇرغۇزغاندىن كېيىن يۇيۇۋەتسە زۇكامنىڭ ئالامەتلىرى يوقايدۇ .

( « تارىم غۇنچىلىرى » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى )

## هايۋانلارنىڭ پاراستى

( بايان قىلىش شەكلى قوللىنىلغان ، پىكىر تەرتىپى بويىچە چۈشەندۈرۈلگەن بەدىئىي تۈستىكى چۈشەندۈرۈش ماقالىسى )

## چۆپلۈكنىڭ هىيلە

قورسىقى ئېچىپ كەتكەن تۈلكە سۇدىكى ئۆردەكلەرنى كۆرۈپ شۆلگەيلىرى ئېقىپ كېتىپتۇ . ئۇ ئۆزىنىڭ سۇ ئۈزۈشتە ئۆردەككە يېتەلمەيدىغانلىقىنى بىلىدىكەن . شۇڭا ، ئۇ ئەپچىل بىر چارە ئويلاپ چىقىپتۇ . ئۇ ئالدى بىلەن قىرغاقتا يېقىنلىشىپتۇ ۋە سۇدىكى ئوت ـ چۆپ ئەچگە كىرىپ ئوت ـ چۆپنى چىشلىگىنىچە ئۆردەك توپىغا قاراپ ئاستا ـ ئاستا سىلجىپتۇ . ئۆردەكلەر بۇنىڭغا پەرۋا قىلماي سۇدا ئۈزۈپ يۈرۈۋېرىپتۇ . تۈلكە تۇيۇقسىزلا بىر ئۆردەكنى چىشلىۋاپتۇ . باشقا ئۆردەكلەر چۆچۈپ كېتىپ ، هەر تەرەپكە قېچىشىپتۇ . ئەسلىدە ، ئوت ـ چۆپلەر قىزىل تۈلكىنىڭ ئەپتىنى يېپىپ ، ئۇنىڭ ئۆردەكلەرنى ئېزىقتۇرۇشىغا ياردەم قىلغانىكەن .

## كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئىش

تۈلكىنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى ئوۋ ئىتى، بەزىدە ئوۋ ئىتىنىڭ ھۇجۇمىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، قېچىش جەريانىدا ئەتراپىنى كۆزىتىدىكەن. ئەگەر ئۇ ئەتراپتا نېپىز مۇز قاتقان كۆلچەكنى كۆرۈپ قالسا، كۆلچەكنى بويلاپ ناھايىتى تېز يۈگۈرۈپ چاققانلىق بىلەن ئەگىلىدىكەن، بۇ چاغدا كەينىدىن قوغلاپ كېلىۋاتقان ئوۋ ئىتى ئەگىلىشكە ئۈلگۈرمەيلا سوغۇق سۇغا چۈشۈپ كېتىدىكەن.

## كۈچ ئۇلاپ يۈگۈرۈش

بۆرە ياۋا توشقاندەك تېز يۈگۈرەلمەيدىكەن. شۇڭا، بۆرىلەر دائىم كۈچ ئۇلاپ توشقان ئوۋلايدىكەن. بىرىنچى بۆرە ياۋا توشقاننى ئىز بېسىپ قوغلايدىكەن. ئىككىنچى بۆرە پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، يېقىن يولدىن چىقىپ توشقاننىڭ ئالدىنى توسايدىكەن. بۆرىلەرنىڭ مۇشۇنداق نۆۋەتلىشىپ ھەمكارلىششى توشقاننى ھارغۇزۇۋېتىدىكەن. شۇنداق قىلىپ توشقان بۆرىلەرگە تۇتۇلۇپ قالىدىكەن.

## قۇتۇلۇشنىڭ ئەپچىل چارىسى

ياۋا توشقان تۈلكىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغاندا « Z » شەكلىدە يۈگۈرۈيدىكەن. بۇنداق يۈگۈرگەندە، دۈشمىنىنىڭ ئۆزىنى قوغلاۋاتقانلىقىنى كۆزىتەلەيدىكەن. ئەگەر دۈشمىنى يەنە قوغلاۋاتقان بولسا، ياۋا توشقان دەرھال دۆڭ يەرگە قاراپ يۈگۈرۈيدىكەن. بۇ ئۇنىڭ ئالدى پۇتىنىڭ قىسقا، كەينى پۇتىنىڭ ئۇزۇن بولۇش ئالاھىدىلىكىدىن پايدىلى-

نىپ تېز سۈرئەتتە يۈگۈرۈپ، دۈشمىنىدىن قۇتۇلۇشغا پايدىلىق.

## ئەگىلىپ ئۆتۈپ ھۇجۇم قىلىش

تيۇلىن دائىم كۆچمە مۇز ئۈستىدە يېتىۋالىدىكەن. ئەگەر بىرەر تىۋىش ئاڭلانسا، دەرھاللا سۇغا سەكرەپ چۈشىۋالىدىكەن. ناۋادا ئاق ئېيىق تيۇلىننى بايقاپ قالسا، بىۋاستە بىرىپ ئېتىلماستىن يىراقتىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ، سۇغا شۇڭغۇپ ئاشۇ كۆچمە مۇز بار تەرەپكە ئۈزۈپ بارىدىكەن ھەمدە سۇدىن تۇيۇقسىز ئېتىلىپ چىقىپ تيۇلىننى تۇتۇۋالىدىكەن.

## يىرتقۇچ كىتنىڭ ھىيلىسى

كىشىلەر تەرىپىدىن «دېڭىز ھۆكۈمرانى» دەپ ئاتالغان يىرتقۇچ كىت ياۋۇز دېڭىز ھايۋىنىدۇر. ئۇ ناھايىتى يوغان ھەم كۈچلۈك بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى ئالتە — ئون مېتىر، ئېغىرلىقى يەتتە — سەككىز توننا كېلىدىكەن. ئۈچ بۇرجەكلىك دۈمبە پالاقچىسى كۆتۈرۈش رولىنى ئويناپ، بەدەننى تەڭپۇڭلاشتۇرۇپ تۇرۇشقا ياردەم بېرىدىكەن. ئۇنىڭ ئاستىنقى ۋە ئۈستۈنكى ھەم يوغان ھەم كۈچلۈك ئون نەچچە تال چىشى ئۇنىڭ ھۇجۇم قىلىشتىكى مۇھىم قورالى ئىكەن.

يىرتقۇچ كىتلار دائىم بىرلىشىپ ئوۋ ئوۋلايدىكەن. ئۇلار ئوۋ ئوۋلىغاندا، دېڭىز يۈزىگە چىقىپ، قورسىقىنى ئاسمانغا قارىتىپ يالغاندىن ئۆلگەن قىياپەتكە كىرىۋالىدىكەن. سىياھ بېلىق، دېڭىز قۇشى، تيۇلىن قاتارلىق ھايۋانلار ئۇلارغا چېلىقسا ياكى يېقىنلاشسا، ئۇلار دەرھال ئۆرۈلۈپلا ئاغزىنى يوغان ئېچىپ بۇ ھايۋانلارنى يەۋېتىدىكەن.

## قورقۇنۇش

سېرىق قۇيرۇق كۆشەندىسىگە ئۇچراپ قالغاندا قېچىپ قۇتۇلۇشقا كۆزى يەتمىسە، دەرھال مۇرىسىنى چوقچايتىپ، قورقۇنچلۇق قىيا-پەتتە «چىر ـ چىر» قىلىپ ئاۋاز چىقىرىدىكەن. بەزىدە يەردە سوزۇ-لۇپ، پۇتلىرىنى كېرىپ چىرىلدىغانچە تېپچەكلەيدىكەن، بۇنداق تاك-تىكا كۆشەندىسىنى چېقىلالماس قىلىپ قويىدىكەن.

## بىلەمسىز

دېڭىزدا ياشايدىغان قاما دائىم تاش پارچىسى ئېلىپ يۈرۈيدۇ. ئۇ قۇلۇلە قېپىنى پۇت ـ قولى ۋە چىشى بىلەن ئاچالمىغاچقا ئاشۇ تاش پارچىسى بىلەن قۇلۇلە قېپىنى چېقىلىپ كەتكەنگە قەدەر جېنىنىڭ بارىچە ئۇرىدىكەن.

(«تارىم غۇنچىلىرى» ژۇرنىلىدىن ئېلىندى.)

## شىنجاڭدىكى بىر قىسىم دەريالارنىڭ ئۇزۇنلۇقى

(سان ـ سىپىرلارنى ئېلىش شەكلى قوللىنىلغان پىكىر تەرتىپى بويىچە جۈشەندۈرۈلگەن شەرھلەش خاراكتېرىدىكى ماقالە)

تارىم دەرياسى ــ ئىككى مىڭ بىر يۈز توقسان يەتتە كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا. ئىلى دەرياسى ــ بىر مىڭ بەش يۈز كىلومېتىر ئۇزۇنلۇق-تا. خوتەن دەرياسى ــ بىر مىڭ ئون كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا. بۇرچىن

دەرياسى ـــ مىڭ كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا . قاراقاش دەرياسى ـــ يەتتە يۈز سەكسەن بىر كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا .
( « تارىم غۇنچىلىرى » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى . )

## تۇرمۇشىڭىزنى ئۆزگەرتىشنىڭ سىرى

( پىكىر تەرتىپى بويىچە يېزىلغان شەرھلەش خاراكتېرىدىكى ماقالە )

1 . ھەرقانداق كىشىنىڭ سىزگە يېمەكلىكتە « كۆيۈنۈش » نىگە يول قويماڭ .

2 . بەدەن ئېغىرلىقىڭىزنى توغرا نىشانلاڭ ۋە ئۇنى يېزىپ ، كۈندە كۆرۈپ تۇرىدىغان يېرىڭىزگە چاپلاپ قويۇڭ .

3 . ھەر قېتىم نىشانىڭىزغا يېتەي دېگەندە ، يەنە بىر يېڭى نىشان تۇرغۇزۇڭ . بۇ نىشان ئىلگىرىلىشىڭىزگە تۈرتكە بولىدۇ .

4 . ھەر كۈنى سەككىز ئۇنسىيىلىك ( بىر ئۇنسىيە تەخمىنەن يىگىرمە سەككىز گرامغا ياكى 0.028 لىترغا تەڭ ) ئىستاكاندا سەككىز ئىستاكان سۇ ئىچىڭ ، چۈنكى سۇ بەدەن ئېھتىياجلىق مۇھىم ماددىسى ، سۇ ھەم ئەرزان ، ھەم ئىسسىقلىق كالورىيىسى يوق بولغان ئەڭ ياخشى ئىچىملىك .

5 . ھەر كۈنى ئەتىگەندە بەدەن ئېغىرلىقىڭىزنى ئۆلچەپ تۇرۇڭ .

6 . جىددىيلەشكەن چاغلىرىڭىزدا كۆپ نەرسە يېگۈڭىز كېلىشى مۇمكىن ، بۇنداق چاغدا بەدەن چېنىقتۇرۇش ، ئىسسىق سۇدا يۇيۇنۇشتەك ئۇسۇللار بىلەن جىددىيلىك كەيپىياتىڭىزنى پەسەيتىڭ .

7 . ماي مىقدارى كۆپ بولغان كالا ـ قوي گۆشلىرىنى ئازراق يەڭ ؛ بېلىق ، قۇش گۆشلىرىنى كۆپرەك يەڭ .

8 . بەدەن ئېغىرلىقىڭىزنىڭ ئېشىشىغا ۋاقىت كەتكىنىدەك ، بەدەن ئېغىرلىقىڭىزنىڭ كېمىيىشىگىمۇ ۋاقىت كېتىدۇ . شۇڭا ،

سەۋرچان بولۇڭ.
9. ھەر كۈنى بەلگىلىك ۋاقىتتا ياكى ئۆز ۋاقتىدا تاماق يەڭ، نۇرغۇن ئورۇقلىغۇچىلار كۈندۈزدە ئاچ يۈرۈپ، كەچتە ئاچلىققا چىدىماي جىق يەۋالىدۇ. بۇنداق ئورۇقلاش ئۇسۇلىنىڭ ھېچقانداق ئۈنۈمى بولمايدۇ.
10. مېھمانغا بېرىشنىڭ ئالدىدا ئۆزىڭىزنى ئەركىن تۇتۇڭ، ئازراق دەم ئېلىۋېلىڭ، قورساق ئېچىپ ئۆتۈپ كەتسە، ئۆزىڭىزنى كونترول قىلىش ئىقتىدارىڭىز ئاشىدۇ.
11. بىر ۋاقىلىق تاماق يېيىش ۋاقتىڭىز ھەرگىز يىگىرمە مىنۇتتىن كەم بولماسلىقى كېرەك.
12. تۇزنى ئازراق ئىستېمال قىلىڭ.
13. مېۋە ـ چېۋە، كۆكتاتلارنى كۆپرەك يەڭ.
14. تەركىبىدە سېرىق ماي، تۇز ۋە كراخمال كۆپرەك بولغان يېمەكلىكلەرنى كۆپ ئىستېمال قىلماڭ، بۇ خىل يېمەكلىك كالورىيە مىقدارىڭىزنى ئاشۇرۇۋېتىدۇ.
15. قورسىقىڭىز راسا ئاچقاندا ھەرگىز سىرتتىكى ئاشخانىلارغا كىرىپ تاماق يېمەڭ.
16. ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، ئۆگىنىۋاتقىنىڭىز غىزالىنىش ئۇسۇلىلا ئەمەس، بەلكى بىر خىل تۇرمۇش ئۇسۇلى.
(«تەرمىلەر» ژۇرنىلىدىن ئېلىندى.)

## شەيتان لۇغەت

(ئىزاھلاش يەنى تەرتىپ بېرىش شەكلى قوللىنىلغان، پىكىر تەرتىپى بويىچە چۈشەندۈرۈلگەن بەدىئىي تۈستىكى چۈشەندۈرۈش ماقالىسى)

ئاپەت ـــ بۇ نەرسە قىلچە خاتاسىز ھالدا بىزگە شۇنى ئاگاھلان-

دۇرۇپ تۇرىدۇكى : ھاياتىمىزدىكى ئىشلارنى ئۆزىمىز ئورۇنلاشتۇرغان ئەمەس . ئاپەت ئىككى خىل بولىدۇ : بىر خىلى ، ئۆزىمىزنىڭ شورى ؛ يەنە بىر خىلى باشقىلارغا ئامەت كەلگەنلىكى .

ئاجايىپ ئالاھىدە ، كارامەت — ئۆچمەنلىك ، ھەسەتخورلۇق ۋە غەيۋەت ئوقلىرىنىڭ نىشانى بولۇش .

ئاچ كۆز — داستىخاننى پاكپاكىز قۇرۇقداپ بولۇپ ، يالغان چىشىنى غاجايدىغان ئادەم .

ئاشپەز — قازاننىڭ خوجايىنى ، خېرىدارنىڭ چاكىرى .

ئاسمان — مەخسۇس ھازىرقى زاماننىڭ بۇلغانغان ھاۋاسىنى قوبۇل قىلىدىغان ئەخلەتخانا .

ئاغرىنىش — مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا باشقىلارنىڭ نۇقسانىنى تېپىۋېلىش .

## ئورۇنسىز ئاغرىنىش

ئىككىيلەننىڭ ئالدىدىكى تەخسىدە بىر چوڭ ، بىر كىچىك ئىككىلا بېلىق بار ئىدى . بىرى چوڭ بېلىقنى ئېلىپ يېگەندى ، يەنە بىرسىنىڭ ئاچچىقى كېلىپ كەتتى :

— قائىدە ئۇقمايدىغان نېمىكەنسەن !

— نېمە بولدى ؟

— چوڭ بېلىقنى سەن يەۋالدىڭغۇ ؟

— ئەگەر مېنىڭ ئورنۇمدا بولۇپ قالغان بولساڭ قانداق قىلاتتىڭ ؟

— ئەلۋەتتە كىچىكىنى يەيتتىم .

ئۇنداق بولسا نېمىگە ئاچچىقلىنىسەن ؟ كىچىك بېلىق تۇرامدۇ ئەنە !

ئايروپىلان — 1 . قىلچە بىخەتەرلىك تۇيغۇسى بولمىغان تە-

سەۋۋۇر كۇچى .

2 . جىمى ئىشنى كۆپۈككە ئايلاندۇرىدىغان پەلسەپە . قىمار خە-تىرى ۋە سۇرئەتنىڭ تىزلىك مەنىسى ئارىلاشتۇرۇپ قاچىلانغان ئۇزۇن ساندۇق .

## تاقەت قىلالماسلىق

ئايروپىلاندىكى بىر ئايال يولۇچىنىڭ ئىككى بالىسى بار ئىكەن . باللار ئايروپىلان بۆلىمدە ھېچكىم يوقتەك قىيغىتىپ ئويناپتۇ . بۇنىڭغا تاقەت قىلالمىغان بىر يولۇچى ئۇلارغا قاراپ سۆزلەپتۇ :

— باللار ، تالاغا چىقىپ ئويىنساڭلار قانداق ؟

( « شەيتان لۇغەت » ناملىق كىتابنىڭ ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە ئىزاھلانغان « ئا » بۆلىمدىن تاللاپ ئېلىندى . بەزى ئىزاھلارنىڭ ئاس-تىغا مىسال ئۈچۈن ئېلىنغان يۇمۇرلار ئەينەن بېرىلدى . )

## ئادەم بەدىنىدىكى قىزىقارلىق تاناسىپلار

( پىكىر تەرتىپى بويىچە چۈشەندۈرۈلگەن شەرھلەش خاراكتېرىدىكى ماقالە )

△ بويۇنىڭ ئىككى ئايلانما ئۇزۇنلۇقى بەلنىڭ بىر ئايلانمىسىغا تەڭ .

△ قول بېغىشىنىڭ ئىككى ئايلانما ئۇزۇنلۇقى بويۇنىڭ بىر ئايلانما ئۇزۇنلۇقىغا تەڭ .

△ باشمالتاق ئۇزۇقلۇقىنىڭ ئىككى يېرىمى قول بېغىشى بىلەن تەڭ .

△ ئىككى مۇرىنىڭ كەڭلىكى باش ئېگىزلىكىنىڭ ئىككى ھەس-

سىسىگە تەڭ .

△ بۇرۇن ئۇچىدىن قۇلاق تۈۋىگىچە بولغان ئارىلىق ، قاشتىن ئېڭەككىچە بولغان ئارىلىق بىلەن تەڭ .

△يۈرەكنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى ھەر كىمنىڭ ئۆز مۇشتۇمىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى بىلەن تەڭ .

( « تارىم غۇنچىلىرى » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى . )

## قىزىقارلىق سوئال ـ جاۋابلار

سوئال ـ جاۋاب شەكلى قوللىنىلغان ، پىكىر تەرتىپى بويىچە چۈشەندۈرۈلگەن شەرھلەش خاراكتېرىدىكى ماقالە )

سوئال : مۇئەللىم ، مەكتەپتە نېمە ئۈچۈن قائىدە ـ تۈزۈملەر كۆپ ؟

جاۋاب : دۇنيادا « مەكتەپ » دەپ ئاتالمىغان جايلاردىمۇ قائىدە ـ تۈزۈملەر بارغۇ .

سوئال : نېمە ئۈچۈن مەۋسۇملۇق ئىمتىھانلا ئوقۇغۇچىنىڭ ئۆگىنىشتە ياخشى ـ يامانلىقىنى بەلگىلەيدۇ ؟

جاۋاب : ئىمتىھان بىردىنبىر ئۆلچەم ئەمەس ، لېكىن ئەڭ ئىشەنچلىك ئۆلچەملەرنىڭ بىرى .

سوئال : نېمە ئۈچۈن بەزىدە ياخشى دوستلار قىزىرىشىپ قالىدۇ ؟

جاۋاب : « ئۇزاق يولدا ئات سىنىلار » دېگەن گەپ بار . مۇشۇنداق ۋاقىتتا ، سىز دوستىڭىزنىڭ قانداقلىقىنى بىلىۋالالايسىز .

سوئال : تۈنۈگۈن مەن پۇتبول ئويناۋېتىپ بىر سىنىپنىڭ دېرىزىسىنى چېقىۋەتتىم ـ دە ، قېچىپ كەتتىم . مەن بەك ئەسكى شۇنداقمۇ ؟

جاۋاب : سىز سەممىي ، « بەك ئەسكى » ھېسابلانمايسىز ، خاتالىقنى بوينىغا ئالغان بالا ـــ ياخشى بالا .

( « تارىم غۇنچىلىرى » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى . )

## ھايۋانلار ھەققىدە قىزىقارلىق پاراگلار

( سىلىشتۇرۇش ۋاستىسى قوللىنىلغان ، پىكىر تەرتىپى بويىچە چۈشەنـ دۈرۈلگەن بەدىئىي تۈستىكى ماقالە )

△ بـارلـىق يىرتقۇچ ھايۋانلار ئىچىدە شىرنىڭ يۈرىكى ئەڭ كىـ چىك .

△ ئۆمۈچۈكنىڭ قان بېسىمى ئادەمنىڭ قان بېسىمى بىلەن ئوخـ شاش .

△ يۇنۇس بېلىقىنىڭ توقسان ئالتە چىشى بار ، لېكىن ئۇزۇقنى چاينىماي پۈتۈن يۇتىدۇ .

△ يىلان قاسراق تاشلىغاندا كۆزىنىڭ بىر قەۋەت يۇمشاق پەر- دىسىمۇ چۈشىدۇ .

△ ئىپاركىيت سۇغا شۇڭغۇشتىن ئاۋۋال ئاتمىش — يەتمىش قېتىم چوڭقۇر نەپەس ئالىدۇ .

△ قومچاقنىڭ بەدىنىدە يود مىقدارى كەم بولسا پاقىغا ئايلىنالـ مايدۇ .

△ كۆپ قىسىم ھايۋانلارنىڭ يېغى سېرىق بولىدۇ ، پەقەت تىمـ ساقنىڭ يېغىلا يېشىل بولىدۇ .

△ قارلىغاچنىڭ جۇغى كىچىك بولسىمۇ ، بويۇن سۆڭىكىنىڭ سانى زىراپىنىڭكىدىن كۆپ بولىدۇ .

△ كېپىنەك كەينى پۇتى ئارقىلىق تەم سېزىدۇ .

△ مارجان بېلىقىنى ئۇزۇن مۇددەت قاراڭغۇ جايدا قويۇپ باقسا ، ئۇنىڭ رەڭگى ئۆزگىرىپ كېتىدۇ .

( « تارىم غۇنچىلىرى » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى . )

# ئۆلار ئەڭ كۆپ قوللىنىدىغان سۆزلەر

( نەقىل كەلتۈرۈش ، مونتاژ شەكلى قوللىنىلغان ، پىكىر تەرتىپى بويىچە يېزىلغان بەدىئىي تۈستىكى چۈشەندۈرۈش ماقالىسى )

ئوقۇتقۇچى : دىققەت قىلىڭلار !

ئوقۇغۇچى : مۇئەللىم كەلدى !

ناخشا چولپىنى : رەھمەت ! كۆپچىلىككە رەھمەت !

مۇخبىر : سىز ئەينى چاغدا قانداق ئويلىغانىدىڭىز ؟

رەسسام ، يازغۇچى : مېنىڭ ئەڭ قانائەتلىنىدىغان ئەسىرىم كېيىنكىسى . تېلېۋىزىيە رىياسەتچىسى : مۇشۇ يەرگىچە بولسۇن ، كۆپچىلىككە « خوش » دەيدىغان ۋاقتىمىز يەنە كېلىپ قالدى .

دوختۇر : قەيىرىڭىز ئاغرىيدۇ ؟

پىرىكازچىك : بۇ پىكرىڭىزنى دىرېكتورىمىزغا دەڭ .

بىلەت ساتقۇچى : پارچە پۇلىڭىز بارمۇ ؟

بىلەت تەكشۈرگۈچى : ئۆچىرەتتە تۇرۇڭلار ! قىستاشماڭلار !

زاۋۇت باشلىقى : دىرېكتور : × يەردە يەنە بىر يىغىنغا بارماقچىدىم .

كاتىپ : سىزنىڭچە مۇشۇنداق قىلساق بولامدۇ ؟

مەھسۇلات تونۇشتۇرغۇچى : بۇ مېنىڭ ئىسىم كارتوچكام ، كۆپرەك كۆڭۈل بۆلەرسىز !

شوپۇر : ھەي ! جېنىڭدىن تويدۇڭمۇ !

ھەربىيلەر : مېنىڭ خېتىم بارمۇ ؟

سۇرەت تارتقۇچى : كۈلۈڭ ، يەنە ئازراق كۈلۈڭ !

رېژىسسور : توختاڭلار ! توختاڭلار ! قايتىدىن ئورۇنداڭلار !

( « مىللەتلەر ئىتتىپاقى » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى . )

## ئەرز قىلىش ئۈچۈن قانچىلىك پۇل تاپشۇرۇش كېرەك

( شەرھلەش بىيان ـ سېپىرلارنى ئېلىش شەكلى قوللىنىلغان ، پىكىر تەر-
تىپى بويىچە چۈشەندۈرۈلگەن ، شەرھلەش خاراكتېرىدىكى ماقالە )

« خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ دەۋا ھەققى ئېلىش چارىسى »
دىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن ، پۇقرالار ، قانۇنىي ئىگىلەر ھەق تەلەپ ئىش-
لىرى ، ئىقتىسادىي ۋە مەمۇرىي جەھەتتىن دەۋا قىلغاندا ، خەلق سوت
مەھكىمىسىگە دېلو قوبۇل قىلىش ھەققى تاپشۇرۇشى كېرەك . بۇنى
مۇنداق ئۈچ تۈرگە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ .

بىرىنچى ، ئىقتىسادىي دېلولار ، ئىقتىسادىي دېلولاردا تاپشۇرۇل-
دىغان ھەق ئىككى تەرەپنىڭ تالاش ـ تارتىشىدىكى باھا ، پۇل سومما-
سىغا ئاساسەن ھېسابلىنىدۇ .

ئىككىنچى ، ۋەيران بولۇش دېلولىرى ، ۋەيران بولغان كارخانى-
نىڭ مال ـ مۈلۈك ئومۇمىي قىممىتىنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكى بويىچە ھېسابلى-
نىپ ئىقتىسادىي دېلولارنىڭ ھەق ئۆلچىمى بويىچە ھەق تاپشۇرۇلىدۇ .

ئۈچىنچى ، پاتېنت ھوقۇقى ، ئەسەر ھوقۇقى ، تاۋار ماركىسى
ھوقۇقىغا ئائىت دېلولار ، ھەربىر دېلو ئۈچۈن ئەللىك يۈەندىن يۈز يۈەن-
گىچە ھەق تاپشۇرۇلىدۇ .

تۆتىنچى ، ئەمگەك تالاش ـ تارتىشى دېلولىرى . ھەربىر دېلو
ئۈچۈن ئوتتۇز يۈەندىن ئەللىك يۈەنگىچە پۇل تاپشۇرۇلىدۇ .

بەشىنچى ، ھەق تەلەپ دېلولىرى . نىكاھتىن ئاجرىشىش دېلو-
سىدا بۆلۈشىدىغان مال ـ مۈلۈك ئون مىڭ يۈەن ئىچىدە بولسا ، ھەربىر
دېلو ئۈچۈن ئون يۈەندىن ئەللىك يۈەنگىچە تاپشۇرۇلىدۇ . مال ـ مۈلۈك
ئون مىڭ يۈەندىن يۇقىرى بولسا 1% بويىچە ھەق ئېلىنىدۇ ؛ ئىسىم ـ
فامىلە ھوقۇقى ، سۈرەت ھوقۇقى ، شەرەپ ھوقۇقى ، نام ھوقۇقى دېلولى-
رىدا ، ھەربىر دېلو ئۈچۈن ئەللىك يۈەندىن يۈز يۈەنگىچە ھەق تاپشۇ-
رۇلىدۇ .

ئالتىنچى، مەمۇرىي دېلولار. ئامانلىق ساقلاش مەمۇرىي دېلولىرىدا ھەربىر دېلو ئۈچۈن بەش يۈەندىن ئوتتۇز يۈەنگىچە؛ پاتېنت مەمۇرىي دېلولىرىنىڭ ھەربىرى ئۈچۈن ئەللىك يۈەندىن تۆت يۈز يۈەنگىچە ھەق تاپشۇرۇلىدۇ؛ باشقا مەمۇرىي ماجىرا دېلولىرىنىڭ ھەربىرى ئۈچۈن ئوتتۇز يۈەندىن يۈز يۈەنگىچە ھەق تاپشۇرۇلىدۇ.

يەتتىنچى، دېڭىز ئىشلىرى، دېڭىز سودىسى دېلولىرى، پاراخوتنى تۇتۇپ قېلىشنى ئىلتىماس قىلىش دېلوسىدا ھەربىر دېلو ئۈچۈن مىڭ يۈەندىن بەش مىڭ يۈەنگىچە، قەرز ھوقۇقىنى تىزىملاش، مال ۋە يېقىلغۇلارنى تۇتۇپ قېلىشنى ئىلتىماس قىلىش دېلولىرىنىڭ ھەربىرى ئۈچۈن بەش يۈز يۈەن تاپشۇرۇلىدۇ؛ پايچىكلارنىڭ مەسئۇلىيىتىنى چەكلەشنى ئىلتىماس قىلىش دېلوسىدا، ئىلتىماس قىلىنغان سوممىنىڭ 0.1 پىرسەنتى بويىچە ھەق تاپشۇرۇلىدۇ. لېكىن، بەش يۈز يۈەندىن ئاز بولماسلىقى كېرەك.

سەككىزىنچى، ئىجرا قىلىشنى ئىلتىماس قىلىش دېلولىرى. ئىلتىماس قىلىنغان پۇل سوممىسى ياكى باھا سوممىسى ئون مىڭ يۈەن ئىچىدە بولسا، ھەربىر دېلو ئۈچۈن ئەللىك يۈەن ھەق تاپشۇرۇلىدۇ؛ ئون مىڭ يۈەندىن بەش يۈز يۈەنگە قەدەر بولغانلىرىغا 0.5 %، بەش يۈز مىڭ يۈەندىن ئېشىپ كەتكەنلىرىگە 1% بويىچە ھەق تاپشۇرۇلىدۇ.

توققۇزىنچى، نارازىلىق ئەرزى بېرىلگەن دېلولار. نارازىلىق ئەرزىنى بەرگۈچى خەلق سوت مەھكىمىسىگە نارازىلىق ئەرزىنى سۇنغاندا ئالدىن ھەق تۆلەيدۇ، ھەر ئىككى تەرەپتىن ئەرز سۇنۇلغان بولسا، ھەر ئىككى تەرەپ ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئالدىن ھەق تاپشۇرىدۇ.

ئونىنچى، دەۋا قىلىنغان مال - مۈلۈكنى ساقلاپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلىش دېلوسى. ساقلاپ بېرىلىدىغان مال - مۈلۈكنىڭ سوممىسى ياكى باھا سوممىسى مىڭ يۈەن ئىچىدە بولسا، ھەربىرى ئۈچۈن ئوتتۇز يۈەن، مىڭ يۈەندىن يۈز مىڭ يۈەنگىچە بولغان قىسمىغا 1% بويىچە ھەق

تاپشۇرۇلىدۇ ؛ يۈز مىلىڭ يۈەندىن ئېشىپ كەتكەن قىسمىغا 0.5% بويىچە ھەق تاپشۇرۇلىدۇ .
( « شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى » دىن ئېلىندى . )

## ۋاقىت ھەققىدە

( ئىزاھلاش ۋە مونتاژ شەكلى ، ئوخشىتىش ۋاسىتىسى قوللىنىلغان ، پىكىر تەرتىپى بويىچە چۈشەندۈرۈلگەن بەدىئىي تۈستىكى ماقالە )

ئەدىبلەر ئېيتىدۇ ، ۋاقىت گوياكى ئالتۇن .
ھەربىيلەر ئېيتىدۇ ، ۋاقىت گوياكى غەلىبە .
دوختۇرلار ئېيتىدۇ ، ۋاقىت گوياكى ھايات .
تارىخچى ئېيتىدۇ ، ۋاقىت گوياكى سودىيە .
مۇئەللىملەر ئېيتىدۇ ، ۋاقىت گوياكى بىلىم .
پەيلاسوپ ئېيتىدۇ ، ۋاقىت ھەقنىڭ پەرزەنتى .
ئىقتىسادچى ئېيتىدۇ ، ۋاقىت گوياكى سۈرئەت .
سەنئەتچى ئېيتىدۇ ، ۋاقىت تۇرمۇشنىڭ ئۈمىدى .
ئىشچىلار ئېيتىدۇ ، ۋاقىت گوياكى بايلىق .
دېھقانلار ئېيتىدۇ ، ۋاقىت گوياكى ئاشلىق .

( « تۇرمۇش مەسلىھەتچىسى » ناملىق 5 ـ كىتابتىن )

## تەكلىماكان ــ ھايۋانات دۇنياسى

( شەرھلەش ، سان ـ سىپىرلارنى ئېلىش بايان شەكلى قوللىنىلغان ، پىكىر تەرتىپى بويىچە يېزىلغان بەدىئىي تۈستىكى چۈشەندۈرۈش ماقالىسى )

تەكلىماكان ــ ئىسمىنى تىلغا ئالسىلا ئادەمنى سۈر باسىدۇ-

غان « ھاياتلىق تەرك ئېتىلگەن ماكان » . ئۇ تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئوتتۇرا
قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ ، كۆلىمى ئەنگلىيە ، شۋېيتسارىيە ، گوللاندىيە
قاتارلىق ئۈچ دۆلەتنىڭ ئومۇمىي يەر مەيدانىغا باراۋەر كېلىدۇ .

كىشىنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدىغان يېرى شۇكى ، غەرب ئەللىرى
تەرىپىدىن « ھالاكەت دېڭىزى » دەپ ئاتالغان بۇ جاي ئەمەلىيەتتە نۇر-
غۇن ھايۋانلارنىڭ ئەركىن - ئازادە ، كۆڭۈللۈك ياشايدىغان جەننىتى .
قۇملۇقتا قارا تايغان بۇغا ، ئاق بوغۇز بۆكەن ، توشقانسىمان سۇلەيسۇن ،
چوڭ ئاق قۇ ، قارا قوتان قاتارلىق ھايۋانلار بار . تەكلىماكان يەنە دۇن-
ياۋى ئەتىۋارلىق ھايۋان ــــ قوش ئۆركەشلىك ياۋا تۆگىنىڭ ماكانى . بۇ
يەردىكى قوش تۆرىلا بىر يۈز سەكسەن خىلدىن ئاشىدۇ . دېمەك ، تەك-
لىماكان كىشىلەرنىڭ نەزىرى چۈشمىگەن قايناق ھايۋانات دۇنياسىدۇر .

## تەكلىماكان توڭگۇزى

ئۇنىڭ قارا تۈكلىرى يىڭنىدەك تىك ، كۆرۈنۈپ تۇرغان ئىككى
تال چىشى قىلىچتەك ئۆتكۈر كېلىدۇ . ئۇ قۇم بارخانلىرىدا قۇيۇندەك
چېپىپ يۈرۈيدۇ . چۆل توڭگۇزلىرى « بىر ئەر ـ خوتۇن » لۇق « نىكاھ
تۈزۈمى » گە ئەمەل قىلغان بولۇپ ، جۈپ توڭگۇزلار بىر ئۆمۈر بىر -
بىرىگە سادىق بولۇپ ئۆتىدۇ . مىكىجىن ( چىشى ) ئادەتتە بىر قېتىمدا
ئوندىن ـ يىگىرمىگىچە كۈچۈكلەيدۇ . شۇڭا ، بەزى بىر جۈپ توڭ-
گۇزلارنىڭ بىر ـ ئىككى يۈزدەك ئائىلە ئەزاسى بار . توڭگۇزلارنىڭ توپىدا
« ئانا » نىڭ ئورنى ئالاھىدە يۇقىرى بولۇپ ، كىم بولۇشىدىن قەتئىينە-
زەر ئوزۇقلۇق تاپسا ئالدى بىلەن ئۇنى رازى قىلىپ ، ئۇنىڭدىن ئاشقاندىلا
ئۆزى يەيدۇ . شۇنداقلا « ئېرىمۇ » بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس . چۈنكى ،
ئېرى پەقەت ئۇنىڭ « قۇلى » دىنلا ئىبارەت . سىرتتا ئوغرىلىقچە نەرسە
يەۋېلىپ تۈزۈمگە خىلاپلىق قىلغانلىرى ئېغىر جازاغا تارتىلىدۇ .

تەكلىماكاندا غوللىرىنى چايناشقا بولىدىغان ھەر خىل ئۆسۈم-

لىۈكلەر ، ھايۋانلاردىن ياۋا توشقان ، جەرەن ، ھەر خىل ئۈچار قاناتلار تـوڭگۈزلارنىڭ يېيىشى ۋە ئوۋلىنىشىغا يېتىپ ئاشىدۇ . شۇنداقتىمۇ ، ئۇلار ھەمىشە ئېچىرقاپ كەتكەندەك يۈرۈيدۇ . كۆن ئارىلاپ گۆش يېيەلمەي قالسا ، ھېلىلا ئۆلۈپ قالىدىغاندەك تېپىرلىشىپ كېتىدۇ .

## نەسلى قۇرۇمىغان ياۋا ئات

ياۋا ئات ياۋروپا ، ئافرىقا قاتارلىق جايلاردا ئاللىقاچان يوقىلىپ بولغان ، شۇڭلاشقا شىنجاڭنىڭ ياۋا ئاتلىرى تارىختىن بۇيان دۇنيانىڭ دىـققىتىنى تارتىپ كەلگەن . 1876 ــ يىلى روسىيىلىك پىرژېۋالىسكىينىڭ تەكشۈرۈش ئەترىتى لوپنۇردا تۇنجى قېتىم ياۋا ئاتلارنىڭ بارلىقىنى بايـقىغان . بىراق ، ئۇلار بىرەرنىمۇ ئەكېتىشكە ئامال قىلالمىغان . بۇ خەۋەر چاقماق تېزلىكىدە پۈتۈن دۇنيانى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن ھەم « پىرـ ژېۋالىسكىي ياۋا ئېتى » دېگەن نام قويۇلغان . كېيىن « تەكلىماكان ياۋا ئېـتى » دەپ ئاتالغان . تەكلىماكان ياۋا ئېتى ھازىرغىچە پۈتۈن يەر شاـ رىدا ساقلىنىپ قالغان بىردىنبىر بىباھا ياۋا ئات .

مەملىكىتىمىز ھازىر ئۇنى بىرىنچى دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋانلار قاتارىغا كىرگۈزدى .

بۇ خىل ئاتنىڭ ئېگىزلىكى بىر يۈز يىگىرمە سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولۇپ ، بېشى يوغان ، بۇرۇن تەرىپى ياپىلاق ، ئىككى ياڭىقى ، بويۇن تەرىپىدە ئۇزۇن يىرىك قىللىرى بار ، يايلىسى شالاڭ كېلىدۇ . قۇيرۇقى ئېشەكنىڭ قويرۇقىدەك يىرىك ۋە قىسقا يۇڭلۇق بولىدۇ . بوينى قىسقا ، بەستى يوغان ، كۆكرىكى كەڭ ، سارغۇچ قوڭۇر رەڭلىك ، دۈمبىسىدە قېنىق دۈمبە سىزىقى بولىدۇ . تەكلىماكان ياۋا ئېتىنىڭ ھاياتلىقى سىېـ زىلگەندىن ھازىرغا قەدەر توپتوغرا بىر ئەسىر ئۆتتى ، ئەمما تەبىئىي مۇـ ھىتنىڭ ئۆزگىرىشىدەك نۇرغۇن سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ، ياۋا ئات يوقىلىپ كېتىش گىردابىدا تۇرماقتا . بۇنىڭدىن كېيىنكى ۋاقىتتا ئۇ مۇشۇكئېيىقـ

تىنمۇ قىممەتلىك ھايۋان بولۇپ قالىدۇ .

## قىممەتلىك بېلىق تۈرلىرى

ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ، تەكلىماكان كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە بىر تېمىمۇ سۇ تاپقىلى بولمايدىغان « ھالاكەت دۇنياسى » دەپ قارالغان . ئەمەلىيەتتە ئەھۋال ئۇنداق ئەمەس . قۇملۇقتا كىرەلەيدىغان دەريالار يىگىرمە تۆتتىن ئارتۇق ، يەر قاتلىمىدىكى ئومۇمىي سۇ مىقدارى 392 مىليون كۇبادرات مېتىردىن ئاشىدۇ . شۇنىڭ بىلەن بىللە تەكلىماكاننىڭ سۇ ئاستى بايلىقىمۇ مول ، قۇملۇقنىڭ ئىچكىرىسىدىكى جايلارنى تۆت - بەش مېتىر كولىسىلا سۇ چىقىدۇ . ئۇ يەردە سەكسەن خىلدىن ئارتۇق ئۆسۈملۈك ۋە نۇرغۇن بېلىق تۈرلىرى بار .

قۇملۇقتىكى يوغان باش بېلىق مۇشۇ تۈرلەرنىڭ ئىچىدىكى بىر خىلىدۇر . بۇ خىل بېلىق ئادەتتە 7 - ئايلاردا كۆپىيىدۇ . قۇملۇقتا كەلكۈن كەلگەن چاغلاردا ، باشقا بېلىقلارنىڭ ھەممىسى سۇنىڭ ئېقىشىنى بويلاپ ئۈزسە ، يوغان باش بېلىق ئېقىمغا قارشى ئۈزىدۇ . يوغان باش بېلىقلارنىڭ چىشىسى سۇ چۆپلىرىنى تاپقاندىن كېيىن ئېغىزىدىن يېپەككە ئوخشاش سۇيۇقلۇق چىقىرىپ ، سۇ چۆپلىرى ئارىسىدا ئەتراپلىرى قورشالغان « كىچىك ئۆردا » سالىدۇ . ئۆزى ئىچىدە تۇرۇپ ، تۇخۇملىرىنى قاتار سىرتقا چىقىرىپ قويىدۇ . ئۆردا ئىچىگە پەقەت ئۇنىڭغا بىرىنچى بولۇپ يېتىشىپ كەلگەن ئەركەك بېلىقلا كىرەلەيدۇ . ئەركەك بېلىق ئۈزۈپ كىرىشى بىلەنلا چىشىسى كېتىپ قالىدۇ . باللارنى بېقىش ئىشلىرى « ئاتا » نىڭ زىممىسىگە يۈكلىنىدۇ . ئەركەك بېلىقنىڭ ئۇرۇقى بىلەن چىشى بېلىقنىڭ تۇخۇمى بىرلىشىپ بىر نەچچە سائەت ئىچىدىلا بېلىقچانلار دۇنياغا كېلىدۇ . بۇ ۋاقىتتا ، « ئاتا » بۇ شاكىچىكلەرنى ئەگەشتۈرۈپ ئېقىم بويىلاپ ئۈزىدۇ . ئەمما ، ئۇلارنىڭ يولدا پەخەس بولىدىغان « كۆشەندىسى » دەل ئۇلارنىڭ « ئاتا » سى بولىدۇ .

ئەگەر « ئانا » ئۇلارغا ئۇچراپ قالسىلا بۇ شاكىچكىلەرنىڭ تۇ-گەشكىنى شۇ. « ئانا » بىلىجانلارنى يېيىش بىلەن ھۇزۇرلىنىدۇ. دۇنيادا مۇشۇنداقمۇ ئانىلارنىڭ بولىدىغانلىقىغا ھەقىقەتەن ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ!

قۇملۇقتىكى يوغان باش بىلقىنىڭ چوڭلىرى ئادەتتە ئوتتۇز كى-لوگرامدىن ئارتۇق بولۇپ، گۆشى يۇمشاق، مەززىلىك، شورپىسى سۈتتەك ئاپئاق بولۇپ، ئوزۇقلۇق قىممىتى ناھايىتى يۇقىرى. قۇملۇق يوغان باش بىلىقى شىنجاڭنىڭ ئالاھىدە يەرلىك بىلىق تۈرى، شۇنداقلا دۇنيادا ئاز ئۇچرايدىغان قىممەتلىك بىلىق تۈرى. ئەڭ يېڭى ماتېرى-ياللاردا خاتىرلىنىشىچە، تەكلىماكان قۇملۇقى ۋە ئەتراپىدىكى رايونلاردا ئوتتۇز سەككىز خىلدىن ئارتۇق بىلىق تۈرلىرى بار ئىكەن.

(« تارىم غۇنچىلىرى » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى.)

## 6. چۈشەندۈرۈش خاراكتېرلىك ماقالىلەرنىڭ قائىدىلىرىگە زۆرۈر ئىزاھات

بىرىنچى ئىزاھات: ماكان تەرتىپى بويىچە چۈشەندۈرۈلگەن ماقا-لىلەردە شۇ ئورۇن ـ ماكانىنىڭ جايلىشىشىنىلا چۈشەندۈرۈش مەقسەت قىلىنىپ پەقەت بىر تەرەپتىنلا چۈشەندۈرۈلسە، يۇقىرىدا ئۆرنەك ئۈچۈن بېرىلگەن « مېنىڭ مەكتىپىم »، « كوئىنلۇن تېغى »، « قارا قۇرۇم تېغى » دېگەن ماقالىلەرگە ئوخشاش ماكان تەرتىپى بويىچە چۈ-شەندۈرۈلىدۇ. ( گەرچە بۇ ماقالىلەردە ماكان تەرتىپىنى چۈشەندۈ-رۈشتىن باشقا يەنە بۇ جايلارنىڭ ئالاھىدىلىكى مەلۇم دەرىجىدە چۈشەن-دۈرۈلگەن بولسىمۇ بۇلار قوشۇمچە قىلىنغان. ماكان تەرتىپى بويىچە چۈشەندۈرۈش ئاساس قىلىنىپ، بۇ قوشۇمچە قىلىنغان مەزمۇن شۇنىڭ ئىچىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان). ئەگەر مەلۇم ئورۇن ـ ماكانىنىڭ جايلىشىش ئەھۋالىلا ئەمەس، بەلكى كۆپ تەرەپتىن چۈشەندۈرۈلۈش ئېلىپ بېرى-

لىپ شۇ ماكانىنىڭ جايلىشىش ئەھۋالى ، كۆلىمى ، تەبىئىي شەرت ـ شارائىتى ، تارىخى ، يەر ئاستى بايلىقلىرى ، ھايۋانات ـ ئۇچار قۇشلىرى ، ئۆسۈملۈكلىرى ، دەل ـ دەرەخلىرى ، بۇ يەردە ياشىغان ئادەملەرنىڭ ئەھۋالى ، تەرەققىياتى ... قاتارلىقلار كۆزدە تۇتۇلۇپ ، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى چۈشەندۈرۈشكە تەڭ ئېتىۋار بېرىلىپ ، چۈشەندۈرۈش ئېلىپ بېرىلسا ، پىكىر تەرتىپى بويىچە ياكى ئالاھىدىلىك تەرتىپى بويىچە چۈشەندۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ . مەسىلەن ، يۇقىرىدا ئۆرنەك ئۈچۈن بېرىلگەن « تاشقۇرغان تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى » ناملىق ماقالە ، كۆپ تەرەپتىن چۈشەندۈرۈش مەقسىتىگە ئاساسەن ماكان تەرتىپى بويىچە ئەمەس ، بەلكى ئالاھىدىلىك تەرتىپى بويىچە چۈشەندۈرۈلگەن . تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ « ئەدەبىيات » دەرسلىك كىتابىغا كىرگۈزۈلگەن « تەكلىماكان چۆلى » ناملىق ماقالىمۇ كۆپ تەرەپتىن چۈشەندۈرۈش مەقسىتىگە ئاساسەن ئالاھىدىلىك تەرتىپى بويىچە چۈشەندۈرۈلگەن .

ئىككىنچى ئىزاھات : يۇقىرىدا بىز چۈشەندۈرۈش ماقالىلىرى ھەققىدىكى نەزەرىيىنى تەپسىلىي سۆزلەش ، ئۆرنەكلەرنى تەپسىلىي تۈرگە ئايرىش ئارقىلىق ، بۇ ھەقتىكى قائىدە ـ قانۇنىيەتلەر ھەققىدە ئەمەلىي چۈشەنچە ھاسىل قىلىش مەقسىتىدە ھەربىر پارچە ماقالىدە قوللىنىلغان چۈشەندۈرۈش شەكلى ، تەرتىپى ۋە چۈشەندۈرۈش ماقالىسىنىڭ كونكرېتنى خاراكتېرىنى تەپسىلىي ئىزاھلاپ « قۇشقاچ ئوپېراتسىيىسى » قىلدۇق . ئادەتتە بۇلارنىڭ ھەممىسىنى « چۈشەندۈرۈش ماقالىلىرى » دەپ ئومۇملاشتۇرۇپلا ئاتايمىز .

ئۈچىنچى ئىزاھات : بىز يۇقىرىدا ئۆرنەك ئۈچۈن ئالغان ماقالىلەرنىڭ ھەممىسى كىچىك ياكى ئوتتۇراھال ھەجىمدىكى ماقالىلەر بولۇپ ، چوڭ ھەجىمدىكى چۈشەندۈرۈش ماقالىلىرى ، شۇنىڭدەك چۈشەندۈرۈش خاراكتېرىدىكى كىتابلار ، كۆپلىگەن كىچىك ـ كىچىك ماقالىلەرنىڭ بىرىكىشىدىن تەركىب تاپقاچقا ، بۇنداق چوڭ ھەجىملىك ماقالىلەرنى ، كىتابلارنى ئومۇملاشتۇرۇپلا پالانى تەرتىپتە يېزىلغان ، پالانى خاراكتېرىدىكى چۈشەندۈرۈش ماقالىسى ياكى كىتابى دېگىلى بولمايدۇ . بۇلار-

نىڭ تەركىبىدىكى كىچىك ماقالىلەرنىڭ بەزىلىرى ماكان تەرتىپىدە ، بە-
زىلىرى ئالاھىدىلىك تەرتىپىدە يېزىلىشى ؛ بەزىلىرى بايانىي ئۇستىكى ۋە
بەزىلىرى تونۇشتۇرۇش ، شەرھلەش خاراكتېرىدىكى ماقالە بولۇشى مۇم-
كىن . بۇ خۇددى بىر چوڭ ماۋزۇ ( سەرلەۋھە ) ئاستىدىكى بىر گۇرۇپپا
شېئىر ياكى بىر شېئىرلار توپلىمىدىكى ھەربىر پارچە شېئىرنىڭ ھەر-
بىرى ئايرىم ۋەزىن ، شېئىرىي شەكىل ۋە قاپىيە شەكلىگە ئىگە بولغىنىغا
ئوخشاش .

تۆتىنچى ئىزاھات : يۇقىرىدا شەرھلەپ ئۆتۈلگىنىدەك ، ۋاقىت
تەرتىپى بويىچە چۈشەندۈرۈلگەن ماقالىلەر دائىرىسىگە كىرىدىغان تارى-
خىي تەرجىمىھال بىلەن ئەدەبىي تەرجىمىھال ( ياكى تارىخىي تەرجىمى-
ھال ) تۈرىدىكى بايان خاراكتېرلىك ماقالە ـ ئەسەرلەرنى پەرقلەندۈرۈشكە
دىققەت قىلىش كېرەك . مىسال ئۈچۈن تۆۋەندىكى ئۆرنەكلەرنى ۋە بۇ
ئۆرنەكلەر ھەققىدىكى شەرھلەرنى كۆرۈپ ئۆتەيلى

# ئۆرنەكلەر

## شېكىسپىر

1587 ـ يىلى ئۆپچۆرىسىدە يىگىرمە ئىككى ياشلىق بىر يىگىت ئۆزى يالغۇز لوندونغا كەلدى . ئۇ چاغدا ، ئەنگلىيىدە كاپىتالىستىك ئىقتىساد ئۇچقاندەك راۋاجلىنىپ ، لوندون كۈندىن ـ كۈنگە گۈللىنىۋاتقان بىر شەھەرگە ئايلانغانىدى . تېمزا دەرياسىنىڭ ساھىلىدە يېڭىدىن سېلىنغان قاتار ـ قاتار بىنالار قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى ؛ بېيىپ كەتكەن سودىگەرلەر غادايغىنىچە مېڭىپ يۈرۈشەتتى . يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان لوندون شەھىرى ، ھارام بايلىق توپلاشقان خۇشتار بۇرژۇئازلارغا يول ئېچىپ بېرىۋاتاتتى .

لېكىن ، لوندونغا تۇنجى قېتىم كەلگەن بۇ يىگىت ، سودىگەرچىلىك بىلەن بېيىشقا ئەمەس ، بەلكى سەھنە سەنئىتىگە ھەۋەس باغلىغانىدى . تىياتىرخانىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدىن ھەر قېتىم ئۆتكەندە ، ئۇ كۆڭلىدە : « ئەگەر مۇشۇ تىياتىرخانىدا بىرەر خىزمەتكە ئېرىشىپ قالسام نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى ـ ھە ! » دەپ ئويلايتتى . ئۇ تەرەپ ـ تەرەپكە قاتراپ ، ئۇنىڭ ـ بۇنىڭغا يالۋۇرۇپ ، ئاخىر بىر دوستىنىڭ ياردىمى بىلەن تىياتىرخانىغا ئىشقا ئورۇنلاشتى . ئېيتىشلارغا قارىغاندا ، ئۇنىڭ ئېرىشكەن خىزمىتى ئات باقارلىق بولۇپ ، تىياتىرخانىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا تۇرۇپ ئويۇن كۆرۈشكە كەلگەن مۆتىۋەرلەرنى كۈتۈۋېلىش ، ئۇلار ئولتۇرۇپ كەلگەن پەيتۇنلىرىنىڭ ئاتلىرىدىن خەۋەر ئېلىش ئىكەن . ئۇ پۇرسەت تاپسىلا ، سەھنىدە ئوينىلىۋاتقان ئويۇننى ئىشىكنىڭ يوچۇقى ياكى دېرىزىدىن كۆرۈپ ، ئۇنىڭ ۋەقەلىكى ھەم روللار ھەققىدە ئەستايىدىل ئويلىناتتى . كېچىسى ئەتراپ جىمجىتلىققا چۆككەن چاغدا ،

پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن كىتاب ئوقۇپ، سەھنىدە رول ئېلىش ماھارىتىنى مەشىق قىلاتتى. بۇ ياش يىگىت، ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرىدىكى ئەنگلىيىنىڭ مەشھۇر دراماتورگى ۋە شائىرى، دۇنيا ئەدەبىياتىنىڭ گىگانت ئۇستازى شېكسپىر ئىدى.

شېكسپىر 1564 ـ يىلى ئەنگلىيىنىڭ لوندون شەھىرى يېنىدىكى ستراتفورد دېگەن جايدا دۇنياغا كەلدى. ئۇنىڭ ئاتىسى يۇڭ ـ تېرە سودىگىرى بولۇپ، ھال ـ ئوقىتى يامان ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئاتىسى ئۆز ئوغلىنىڭ كەلگۈسىدە بىرەر پوپ، سودىگەر ياكى بىلىملىك مۆتىۋەر بولۇشىنى ئارزۇ قىلاتتى. شۇ سەۋەبتىن ئۇ ئۆز ئوغلىنى تېخى ئالتە ـ يەتتە ياشقا كىرە ـ كىرمەيلا، ئەينى ۋاقىتتىكى داڭلىق مەكتەپلەرنىڭ بىرى بولغان تىل مەكتىپىگە ئوقۇشقا بەردى. شېكسپىر بۇ مەكتەپتە ئېنگلىز، لاتىن تىللىرى بىلەن ئىستىلىستىكىنى ئۆگەندى. شۇنىڭ بىلەن بىللە قەدىمكى رىم شېئىرىيىتى ھەم دراماتورگىيىسى بىلەنمۇ مەلۇم دەرىجىدە تونۇشتى.

شېكسپىر ئون ئۈچ ياشقا كىرگەندە ئۇنىڭ ئاتىسى ئىقتىسادىي جەھەتتىن ۋەيرانچىلىققا ئۇچراپ، تۇرمۇشى بارغانسېرى قىيىنلاشتى. نەتىجىدە شېكسپىر ئوقۇشنى يېرىم يولدا توختىتىشقا مەجبۇر بولۇپ، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ تىجارەت ۋە ئۆي ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشىغا ياردەملەشتى. جاپالىق تۇرمۇش شېكسپىرنى رايىدىن قايتۇرالمىدى. ئۇ ناھايىتى خىيالچان بولغاچقا، ھەرقانداق ئىشقا ناھايىتى قاتتىق بېرىلەتتى. تەبىئەتنىڭ گۈزەل مەنزىرىلىرى ئۇنىڭ قەلبىنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلاتتى؛ ياشانغانلار ئېيتىپ بەرگەن تەسىرلىك ھېكايىلەر ئۇنىڭ خىيالىغا نۇرغۇن ئىشلارنى كەلتۈرەتتى.

ئۇنىڭ ئىسىدىن زادى چىقمايدىغىنى، تىياتىر ئۆمىكىدىكى ئارتىسلىك ھاياتى ئىدى. شېكسپىرنىڭ ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدە لوندون شەھىرىدىكى مەشھۇر «ئايال پادىشاھ تىياتىرى» ستراتفوردقا كېلىپ ئويۇن قويغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى بىرقانچە يىللار مابەينىدە، ھەر يىلى بىر نەچچە تىياتىر ئۆمىكى بۇ يەرگە كېلىپ سەييارە ئويۇن كۆرسىتىپ

تۇراتتى . بۇ ئويۇنلار شېكسپىردا تىياتىرغا نىسبەتەن قىزغىن ھەۋەس قوزغىدى . ئۇ بىر نەچچە ئارتىسنىڭ كىچىككىنە سەھنىدە بىردەم قە-دىمكى زامان تۇرمۇشىنى كۆرسەتسە ، بىر دەم رېئال تۇرمۇشنى تەسۋىر-لەپ ، كىشىلەرنى گويا شۇ ۋەقەگە ئۆزى بىۋاستە ئىشتىراك قىلغاندەك ھېسسىياتقا كەلتۈرىدىغانلىقىنى ھەيران بولغان ھالدا كۆردى . بۇ نېمە-دېگەن ئاجايىپ ، نېمىدېگەن قىزىق ـ ھە !

گۆدەك شېكسپىرنىڭ قەلبىنى تىياتىر مەپتۇن قىلىۋالدى . ئۇ ھەر دائىم ، بىر نەچچە كىچىك دوستلىرىنى چاقىرىپ كېلىپ ئۆزى كۆرگەن تىياتىرلارنى ئەستايىدىللىق بىلەن دوراپ ئوينايتتى . بەزى چاغلاردا بىرەر سەھنە ئەسىرىدىكى ۋەقەلىك ياكى مەلۇم رولنىڭ ھەرى-كىتىنى ۋە ھېسسىياتىنى تولۇق ئىپادىلەش ھەققىدە باش قاتۇرۇپ ، كەڭ دالىدا ئۇياق ـ بۇياققا مېڭىپ چوڭقۇر خىيال سۈرەتتى . ئۇ ئۆمۈربويى مۇشۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشقا قەتئىي بەل باغلىغانىدى . ئۇ بىر درا-ماتورگ بولۇش ئۈچۈن ، مول بىلىمگە ئىگە بولۇش كېرەكلىكىنى بى-لەتتى . شۇڭا ، ئۇ دەشتى ـ باياۋاندا چاكىقاپ كەتكەن كىشى سۇغا ئىن-تىلگەندەك پەلسەپە ، ئەدەبىيات ، تارىخ قاتارلىق كىتابلارغا شۇقەدەر ئىن-تىلىپ ، ئۇلارنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىپ ئوقۇپ چىقتى . ئۇ يەنە گرېك ۋە لاتىن تىللىرىنى ئۆزلۈكىدىن ئۆگەندى . ئۇ نەچچە يىل ئىچى-دىلا ، مەلۇماتى چوڭقۇر بىر كىشىگە ئايلاندى .

ئۇ چاغدا ئەنگلىيە دراما ساھەسىدە « ئالىي مەلۇماتلىقلار » دەپ ئاتىلىدىغان كەسپىي دراماتورگلار دەۋران سۈرەتتى ، ئۇلارنىڭ كۆپچى-لىكى ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا ئوقۇغانلار بولۇپ ، دراما ساھەسىدە مەلۇم نەتىجە ياراتقانلار ئىدى . ئەمما شېكسپىر ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى تۆ-ۋەن چاغلاپ ، ئۇلاردىن قورقۇپ كەتمىدى . ئۇ ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقىغا تايىنىپ قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە نۇرغۇن تىياتىر بىلىملىرىنى ئىگە-لىۋالدى . شېكسپىرنىڭ ئىقتىدارىغا مەسلىكى كەلگەن مەشھۇر بىر ئار-تىس ئۇنى ئۆزى ئىشلەۋاتقان تىياتىرغا كېلىپ قوشۇمچە روللارنى ئوي-ناشقا تەكلىپ قىلدى . ئارتىسلىق كەسپى ، ئۇنى ئەمەلىيەت جەريانىدا

ئۆسۈش ھەم سەنئەت ئىقتىدارىنى بېيىتىشنىڭ ياخشى پۇرسىتىگە ئىگە قىلدى. ئۇ رولنى ياخشى ئېلىش ئۈچۈن، داۋاملىق لوندونىدىكى تۆۋەن قاتلامدىكىلەرنىڭ ئارىسىغا بېرىپ سەرگەردانلارنى، ئەل كېزەر سەنئەتچىلەرنى ۋە قەلەندەرلەرنى كۆزەتتى. ئۆز ئەتراپىدىكى ھەر خىل كىشىلەر بىلەن سىردىشىپ، ئۇلارنىڭ ئوي - پىكىرلىرى ۋە ئىدىيىۋى ھېسسىياتلىرى بىلەن تونۇشۇپ، ئۇلارنىڭ گەپ - سۆزلىرىنى ئۆگەندى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ ئۇزاق ئۆتمەيلا يېتىشكەن بىر ئارتىس بولۇپ قالدى.

ئەينى ۋاقىتتىكى لوندون تىياتىرخانىلىرىدا مۇنداق بىر ئادەت بار ئىدى: ئەگەر بىرەر تىياتىر تاماشىبىنلار تەرىپىدىن ئالقىشلانمىسا، بىرلا قېتىم ئوينىلىپ توختىتىلاتتى - دە، باشقا يېڭى سەھنە ئەسىرى ئالماشتۇرۇلاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، تىياتىرخانىلار سەھنە ئەسىرىگە تولىمۇ موھتاج ئىدى. شېكىسپىر مۇشۇ خىل ئېھتىياجنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، سەھنە ئەسىرى يېزىشقا كىرىشتى. ئۇ 1590 - يىلدىن باشلاپ بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت سەرپ قىلىپ، ئۈچ قىسىملىق « ھېنرى VI » نى يېزىپ چىقتى. بۇ سەھنە ئەسىرى تىياتىر ساھەسىدىكىلەرنىڭ ئومۇميۈزلۈك دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىدى. ئۇ شۇنىڭدىن كېيىنكى بىر نەچچە يىل ئىچىدە، ئارقا - ئارقىدىن « رىچارد III »، « خاتالىق كومېدىيىسى » قاتارلىقلارنى يېزىپ ناھايىتى زور مۇۋەپپەقىيەت قازاندى.

شېكىسپىرنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ھېلىقى « ئالىي مەلۇماتلىقلار » نىڭ ئوغىسىنى قايىنىتىپ قويدى. ئۇلار ئالىي مەكتەپتە ئوقۇمىغان شېكىسپىرنى پەقەتلا كۆزگە ئىلمىدى. ئۇلار « سەھنە ئەسىرى يازغۇچى جەزمەن ئالىي مائارىپ تەربىيىسى كۆرگەن بولۇشى كېرەك. ئۇنداق بولمىسا، سالاھىيىتى توشمايدۇ » دەپ قارايتتى. بولۇپمۇ شېكىسپىرنىڭ سەھنە ئەسەرلىرى تاماشىبىنلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەندە ئۇلارنىڭ ھەسەتخورلىقى تېخىمۇ كۈچىيىپ، ئۇنى ھەددىدىن زىيادە كەمسىتىپ: « شېكىسپىر باشقىلارنىڭ ئەسىرىنى كۆچۈرۈۋالغان. ئۇ تۇزنىڭ قانىتىنى ئوغرىلاپ ئۆزىنى زىننەتلىۋالغان قاغىغا ئوخشايدۇ » دەپ ھاقارەتلىدى. بۇ تىل - ھاقارەت ۋە ھۇجۇملار شېكىسپىرنىڭ ئىرادىسىنى تەۋرىتەلمە-

دى . ئۇ ئۆز ئىشىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ ، بىر تەرەپتىن باشقىلارنىڭ سەھنە ئەسەرلىرىنى باش قاتۇرۇپ قايتا ئۆزگەرتتى يەنە بىر تەرەپتىن يېڭى ئەسەرلەرنى ياراتتى .

1592 ـ يىلى لوندوندا قورقۇنچلۇق چوما كېسىلى پەيدا بولۇپ ، نۇرغۇن كىشىلەر ئۆلدى . بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا ، تىياتىرخانىلار ئويۇن قويۇشنى توختاتتى ، نۇرغۇن تىياتىر ئۆمەكلىرى سىرت جايلارغا چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى . نۇرغۇن ئورۇنلار چوما كېسىلىنىڭ يۇقۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ تىياتىر ئۆمەكلىرىنىڭ كېلىپ ئويۇن قويۇشنى مەنئىي قىلدى . مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن ، ئاز بولمىغان تىياتىر ئۆمەكلىرى ۋەيران بولدى . ئارتىسلارنىڭ روھى چۈشۈپ ، بەزىلىرى باشقا بىر چىقىش يولى ئىزلەشكە كىرىشتى . مۇشۇنداق ئىنتايىن قىيىن پەيتتىمۇ شېكسپىر قىلچە ئىككىلەنمىدى . ئۇ چوما كېسىلى تارالغان كۈنلەردىمۇ يەنىلا لوندوندا قېلىپ ، ۋاقتىنى چىڭ تۇتۇپ كىتاب ئوقۇپ ئۆگىنىپ ، تارىخىي دراما ، كومېدىيە ، تراگېدىيە قاتارلىق تۈرلەردە سەھنە ئەسەرلىرىنى يازدى ھەمدە « ۋېناس بىلەن ئادۇس » ، « لۇكۇس » تىن ئىبارەت ئىككى ئېپىك داستاننى يېزىپ چىقتى . ئىككى يىل داۋاملاشقان چوما كېسىلى ئاخىرلاشقاندا ، شېكسپىرنىڭ يېزىقچىلىق ماھارىتى خېلى دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى . ئۇنىڭ سەھنە ئەسەرلىرى ، مەيلى سۇژېتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ، پېرسوناژ يارىتىش ، مەيلى ئىدىيىنى تاۋلاش ، تىل يارىتىش جەھەتلەردە بولسۇن ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىدى .

شېكسپىرنىڭ ئۆمۈرلۈك ئىجادىيىتى ئىنتايىن تىرىشچانلىق ئىچىدە داۋام قىلدى . ئۇ 1590 ـ يىلدىن 1612 ـ يىلىغىچە بولغان يىگىرمە نەچچە يىل ئىچىدە ، جەمئىي ئوتتۇز يەتتە دراما ، بىر يۈز ئەللىك تۆت پارچە سونىتتىن تەركىب تاپقان بىر شېئىرلار توپلىمى ۋە ئىككى ئېپىك داستان يازدى . ئۇ ياراتقان خاملېت ، ئوتېللو ، رومىئو ـ جۇلېتتا قاتارلىق ئۆلمەس پېرسوناژلار ، پۈتۈن دۇنيادىكى ھەرقايسى مەملىكەت خەلقلىرىگە تونۇش ، مەلۇم بىر كىشى : « يېزىق بارلىكى جايدا شېكسپىرمۇ بار »

دېگەن ،بۇ بىر جۈملە سۆز مۇبالىغە ئەمەس .

بۇ بۈيۈك گۇمانىست شائىر ھەم دراماتورگ 1613 ــ يىلى لونــدون دراما ساھەسىــدىن چېــكىنىپ چىقىپ ئۆز يۇرتىغا قايتقان . 1616 ــ يىلى 23 ــ ئاپرېلدا يەنى تۇغۇلغان كۈنىدە كېسەل سەۋەبى بىلەن ۋاپات بولـ ـغان .

( ياش ــ ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن تۈزۈلگەن « چەت ئەل ئەدىبلىرى ھەققىدە ھېكايىلەر » ناملىق كىتابتىن ئېلىندى . ئاخىرقى قىسمى قىسقارتىلدى . )

## شېكسپىر

ۋىــلىــيام شېكسپىر ياۋروپا ئەدەبىيات ــ سەنئىتىنىڭ قايتا گۈللىـ ـنىش دەۋرىدىكى ئەڭ يۇقىرى مۇۋەپپەقىيەت قازانغان گۇمانىست يازـ ـغۇچى ، شائىر ھەم دراماتورگ . ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە بۇرژۇئا ئىنسانپەرـ ـۋەرلىك ئىدىيىسى ئەڭ تولۇق ئىپادىلەنگەن بولۇپ ، ئۇنىڭ بەدىئىيلىكمۇ ئەڭ يۇقىرى ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى بۇرژۇئازىيىنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن ئەڭ كــۈچلۈك جامائەت تەييارلىقى بولدى . ئۇ ئىنسانپەرۋەرلىك نۇقتىئىنەزىـ ـرىنى ئاساس قىلىپ ، فېئودالىزم زاۋال تاپقان ، كاپىتالىزمنىڭ ئىپتىدائىي جــۇغلانما ھالىتىدىكى تارىخىي ئۆتكۈنچى دەۋرىدىكى ئەنگلىيە جەمئىيىـ ـتىنى كەڭ ھەم چوڭقۇر تەھلىل قىلدى ۋە تەسۋىرلىدى . قاتتىق تەنقىد قىلدى ، كەڭ خەلقنىڭ كەيپىياتى ۋە ئارزۇ ــ ئىستەكلىرىنى ۋاستىلىك ئىپادىلىدى . ياۋروپا ئەدەبىياتىدىكى بىرقاتار مەشھۇر ئوبرازلارنى ياراتـ ـتى . قىسقىسى ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى شۇ ۋاقىتتىكى ياۋروپا رېئالىزمىنىڭ ئەڭ يۇكسەك پەللىسىگە يېتىپ ، ئىنسانىيەت سەنئىتىنىڭ خەزىنىسىنى بېيىتىپ ، ئەدەبىيات تارىخىدا چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى .

ۋىــليام شېكسپىر ياشىغان دەۋردىكى ئەنگلىيە فېئودالىق جەمئىـ ـيىتىنىڭ ئاخىرى ، بۇرژۇئا ئىنقىلابىنىڭ ھارپىسىدىكى چوڭ بۇرۇلۇش ، چوڭ داۋالغۇش دەۋرىدە تۇراتتى . 1485 ــ يىلى نىيودۇر خاندانلىقى ئورـ

نىتلىپ ، ئۇزۇن مەزگىللىك ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقىغا خاتىمە بېرىلگەن ۋە مەملىكەت بىرلىككە كەلگەنىدى . يېڭىدىن بارلىققا كەلگەن بۇرژۇئازىيە سىنىپ سۈپىتىدە شەكىللەنگەنىدى . بىرقىسىم فېئودال ئاقسۆڭەكلەر بۇرژۇئازلىشىپ ، يېڭى ئاقسۆڭەكلەرگە ئايلانغانىدى . يېلىزا ۋېتا ھۆ- كۈمرانلىق قىلغان دەۋرگە كەلگەندە ( 1558 ــ 1603 ) سىياسىي ۋەزىيەت بىرقەدەر مۇقىملاشقان ، كاپىتالىستىك سودا - سانائەت دەسلەپكى قەدەمدە ئاۋاتلىشىشقا باشلىغانىدى . 1580 ـ يىلى ئەنگلىيە تاجاۋۇز قىلىپ كىر- گەن ئىسپانىيىنىڭ كۈچلۈك دېڭىز ئارمىيىسىنى مەغلۇپ قىلىپ ، دېڭىز ئۈستىدىكى زومىگەرلىك ھوقۇقىنى تارتىۋالغان ۋە بىر سەكرەپلا ياۋرو- پادىكى كۈچلۈك دۆلەت بولۇپ قالغانىدى . مانا بۇ « يېلىزا ۋېتانىڭ گۈل- لەنگەن دەۋرى » بولۇپ ، بۇ ئاتالمىش « گۈللەنگەن دەۋر » ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئازاب ـ ئوقۇبىتى ئۈستىگە قۇرۇلغانىدى . ئۇزۇنغا سوزۇلغان « يەر قاشالاش ھەرىكىتى » جەريانىدا « بايلار كەمبەغەللەرنى خۇددى ھايۋان ئوت - چۆپ يېگەندەك » يېگەنىدى . شۇنىڭ بىلەن دېھقانلار يەرلىرىدىن ئايرىلىپ سەرگەردان بولۇپ كەتكەچكە ، ئۇلارنىڭ قارشىلىق ھەرىكىتىمۇ كۈچىيىپ كەتكەنىدى . 1607 ـ يىلى ئەنگلىيىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا « نورمادىيىلىكلەر ھەرىكىتى » دېيىلىدىغان زور كۆلەمدىكى دېھ- قانلار قوزغىلىڭى پارتلىدى . 1617 ـ يىلى غەربتىكى شەھەرلەردە ئاھالىلەر قوزغىلىڭى يۈز بەردى . جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىۋاتقان ئاممىۋىي كۈرەش فېئودالىق تەرتىپنى تەۋرىتىۋەتتى . بۇ مەزگىلدە ياۋروپا بۇرژۇئازىيىسى- نىڭ فېئودالىزمغا قارشى ئىككىنچى قېتىملىق چوڭ ھەل قىلغۇچ جېڭى ــ X VII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى ئەنگلىيە بۇرژۇئا ئىنقىلابى- نىڭ بورىنى يېقىنلاپ قالغانىدى . مانا بۇ شېكسپىر ياشىغان دەۋر . ئۇ- نىڭ ئەسەرلىرىدە دەل مۇشۇ دەۋرنىڭ رېئاللىقى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن .

شېكسپىر 1564 ـ يىلى 23 ـ ئاپرېل كۈنى ئەنگلىيىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان ئېۋۇن دەرياسى بويىدىكى ستراتفورد شەھرىدە سو- دىگەر ئائىلىسىدە تۇغۇلغان . كىچىكىدە ئۇز يۇرتىدىكى تىل مەكتىپىدە ئاساسىي بىلىمدىن تەربىيە ئالغان . لاتىنچە ئەدەبىيات ۋە ئىستىلىستىكا

ئوقۇغان ھەمدە كىچىكىدىنلا دراما بىلەن ئۇچرىشىش پۇرسىتىگە ئىگە بولۇپ ، دىرامىغا ھەۋەس باغلىغان . ئۇن ئۈچ يېشىدا ئائىلە قىيىنچىلىقى تۈپەيلىدىن ئوقۇشتىن توختاپ قالغان . كېيىن يۇرتىدىن ئايرىلىپ لون-دونغا بېرىپ دەسلەپكى مەزگىللەردە تىياتىرخانىلارنىڭ سىرتىدا ئات يېتىلەپ ، ئۇيۇن كۆرگىلى كەلگەنلەرنىڭ خىزمىتىنى قىلغان . كېيىنچە دراما ئۆمىكىگە قاتنىشىپ ، قوشۇمچە روللارغا چىققان ۋە بارا ـ بارا سەھنە ئەسەرلىرىنى يېزىشقا كىرىشكەن .

شېكسپىر كېيىنكى يىگىرمە نەچچە يىللىق ئىجادىيەت ھاياتىدا ، مول تۇرمۇش ئەمەلىيىتى ئاساسىدا تولۇپ ـ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن ئوتتۇز يەتتە دراما ، ئىككى داستان ، بىر يۈز ئەللىك تۆت پارچە سونېت ( ئون تۆت مىسرالىق شېئىر ) يېزىپ چىققان ، 1613 ـ يىلى لوندون دراما ساھەسىدىن چېكىنىپ چىقىپ ئۆز يۇرتىغا قايتقان . 1616 ـ يىلى 23 ـ ئاپرېل كۈنى كېسەل سەۋەبى بىلەن ۋاپات بولغان .

( « تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 〈 تىل ـ ئەدەبىيات 〉 دەرسىدىن ئومۇمىي تەكرار » ناملىق كىتابتىن ئېلىندى . )

يۇقىرىقى ئىككى پارچە ماقالە شېكسپىر ياشىغان ئەينى دەۋردىكى ئەنگلىيىنىڭ ئومۇمىي دۆلەت ئەھۋالى ، شېكسپىرنىڭ ھاياتى ، ئىجادى-يىتى ھەققىدە يېزىلغان بولۇپ ، بىرىنچى ماقالە شېكسپىردىن ئىبارەت بۇ تارىخىي شەخسنىڭ ئوبرازىنى سۈرەتلەش ، خاراكتېرىنى يارىتىش ، ئا-ساسىي نۇقتا قىلىنغان ئەدەبىي تەرجىمىھالدۇر . ئىككىنچىسى بولسا شې-كىسپىرنىڭ ھاياتى ـــ پائالىيىتى ، ئىجادىيىتى ھەققىدە ئومۇمىيۈزلۈك مە-لۇمات بېرىش ، چۈشەنچە بېرىش مەقسەت قىلىنغان تارىخىي تەرجىمە-ھالدۇر . شۇڭا ، بىرىنچى ماقالە ھۆججەتلىك ئوچېرك تىپىدىكى بايان ما-قالىسى بولىدۇ . ئىككىنچىسى ۋاقىت تەرتىپى بويىچە چۈشەندۈرۈلگەن بايانىي تۈستىكى چۈشەندۈرۈش ماقالىسى بولىدۇ . بۇلارنىڭ تۈپكى پەرقى شۇكى ـــ تارىخىي تەرجىمە ھاللاردا شۇ شەخسكە ئائىت ئېنىق

تارىخىي پاكىتلارنى تونۇشتۇرۇش ئاساس قىلىنىدۇ . ئابستراكتنى تە-
پەككۇر ئۇسۇلى ئارقىلىق شۇ شەخسنىڭ ھاياتى - پائالىيىتى ھەققىدە
چۈشەنچە بېرىشلا مەقسەت قىلىنىدۇ . تارىخچانلىقى كۈچلۈك بولىدۇ .
ئوبرازلىق تەپەككۇر ، تەسەۋۋۇر قوللىنىلمايدۇ . ئەدەبىي تەرجىمىھالدا
بولسا ئوبرازلىق تەپەككۇر ئاساس قىلىنىدۇ . ئۇنىڭدا ھەر خىل بەدىئىي
ۋاستىلەردىن پايدىلانغاندىن باشقا يەنە چىنلىق ئاساسىدا تەسەۋۋۇر قى-
لىشقا ، مۇلاھىزە قىلىشقا ، پېرسوناژلارنىڭ كېلىپ چىقىشى ، سەرگۈ-
زەشتىسى ، قىياپىتى ، ھەرىكىتى ، تىلى ، پسىخىكىسى ، ئۇنىڭ بىلەن مۇ-
ناسىۋەتلەشكەن ئادەملەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى مۇھىت قاتارلىقلارنى
كەڭ - كۈشادە بايان قىلىشقا ، تەسۋىرلەشكە بولىدۇ . بۇ خىل تەرجىمى-
ھاللارنىڭ ئەدەبىيلىكى كۈچلۈك بولىدۇ .

ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ تارىخ ، ئەدەبىيات دەرسلىك
كىتابلىرىدىكى قىسقىچە تەرجىمىھاللار ۋە ئۆزىمىزنىڭ ئارخىپ ، جەدۋەل
توشقۇزۇش ئۈچۈن يازغان قىسقىچە تەرجىمىھاللارنىڭ ھەممىسى تارىخىي
تەرجىمىھال تۈرىگە كىرىدۇ . بۇلاردىن باشقا يەنە مەزكۇر كىتابنىڭ بۇ
بابىغا ئۆرنەك ئۈچۈن ئېلىنغان « ئالەم قاتىنىشىنىڭ ئاتىسى » ، « مېنىڭ
ئەجدادلىرىم » ، « سوقرات » ، « ئەپلاتون » قاتارلىق ماقالىلار چۈ-
شەندۈرۈش خاراكتېرىدىكى تارىخىي تەرجىمە ھاللاردۇر .

شۇڭلاشقا ، بىئوگرافىيە ئەدەبىياتىنىڭ بىر تۈرى بولغان تەرجى-
مىھاللار ئىچىدىكى ئابستراكتنى تەپەككۇر ئۇسۇلى بويىچە يېزىلغان تو-
نۇشتۇرۇش خاراكتېرىدىكى تارىخىي تەرجىمىھاللارنى چۈشەندۈرۈش ما-
قالىسىنىڭ بىر تۈرى دەپ ئايرىش ، ئەدەبىي تەرجىمىھاللارنى بولسا بايان
خاراكتېرلىك ماقالە - ئەسەرلەرنىڭ تۈرىگە تەۋە دەپ ئېنىق ھۆكۈم قى-
لىش كېرەك .

بۇلاردىن باشقا يەنە شەخسلەر ، مەلۇم كەشپىياتلار ھەققىدە ۋا-
قىت تەرتىپى بويىچە يېزىلغان بايانىي تۈستىكى چۈشەندۈرۈش ماقالىلى-
رىمۇ بار بولۇپ ، بۇ خىلدىكى ماقالىلەردىمۇ پېرسوناژلار خاراكتېرى ياكى
مۇھىتنى سۈرەتلەش ياكى ۋەقەلىكنى بايان قىلىش ھەمدە بايانىنىڭ ئالتە

ئامىلنى گەۋدىلەندۈرۈش مەقسەت قىلىنماي ، بەلكى بايانىي تۇستە « ھېكايە سۆزلەش » شەكلى بىلەن مۇرەككەپ چۈشەنچىلەرنى قىزىقارلىق قىلىپ چۈشەندۈرۈش مەقسەت قىلىنىدۇ . مەسىلەن ، تۆۋەندىكى ماقالىنى كۆرۈپ باقايلى .

## يەر شارىنى ئۆلچەيدىغان تارازا

ئەگەر بىرسى سىزگە : « يەر شارىنىڭ ئېغىرلىقى نۆلگە تەڭ » دېسە ، سىز چوقۇم ھەيران قالىسىز ، شۇنداقمۇ ؟ لېكىن ، بۇ مۇتلەق توغرا . چۈنكى ، ئېغىرلىق يەر شارىدىكى مەلۇم بىر نۇقتىدا تۇرغان ماددىنىڭ يەر شارىنىڭ تارتىش كۈچىگە ئۇچراش دەرىجىسىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىنى كۆرسىتىدۇ . ئالەم ئۇچقۇچىلىرىنىڭ ئالەم بوشلۇقىدا ئېغىرلىقى بولمىغىنىدەك ، يەر شارىنىڭمۇ كائىناتتا ئېغىرلىقى بولمايدۇ . ئەمما ، ماسسىسى بولىدۇ . چۈنكى ، ماددىلارنىڭ ھەممىسى مولېكۇلا ۋە ئاتوملاردىن تەركىب تاپقان . يەر شارىنىڭ ماسسىسى غايەت زور ( $10 \times 5.976$ كىلوگرام ) بولۇپ ، ئۇ دۇنيا نوپۇسىنىڭ ئومۇمىي ماسسىسىدىنمۇ ئون مىليارد ھەسسە چوڭ . ئۇنداق بولسا ، يەر شارىنىڭ ماسسىسىنى ئۆلچەش ئۈچۈن ئادەتتىن تاشقىرى چوڭ بىر تارازا ياساش كېرەكمۇ ؟ ياق ، ئۇنى تارازا بىلەن ئەمەس ، تەڭلىمە ئارقىلىقلا ئۆلچىگىلى بولىدۇ .

### يەر شارى « تارازىسى »

يەر شارىنىڭ ماسسىسىنى ئۆلچەشنى تۇنجى بولۇپ ئوتتۇرىغا قويغان كىشى داڭلىق ئالىم نيۇتون . ئۇ يەرشارىنىڭ ماسسىسىنى ئۆلچەش ئۈچۈن ياسىغان « ئادەتتىن تاشقىرى چوڭ تارازا » ئەمەلىيەتتە بىر كىچىك تەڭلىمىدىن ئىبارەت . نيۇتون بۇ تەڭلىمىگە ئالەمنىڭ تارتىشىش كۈچى ئارقىلىق ئېرىشكەن . ئۇ مۇشۇ تەڭلىمە ئارقىلىق يەر شارىنىڭ

ماسسىسىنى ھېسابلىماقچى بولغان. چۈنكى، ئالەمنىڭ تارتىشىش كۈچى ھەرقانداق ئىككى ماددا ئوتتۇرىسىدا مەۋجۇت بولىدىغان تارتىشىش كۈچىدىن ئىبارەت. 1687 ـ يىلى نيۇتون ئۆزىنىڭ داڭلىق ئەسىرى «تەبىئەت پەلسەپىسىدىكى ماتېماتىكىلىق قانۇنىيەت» تە مېخانىكىنىڭ ئۈچ چوڭ قانۇنى ۋە ئالەمنىڭ تارتىشىش كۈچى قانۇنىنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ ئىنسانلار تارىخىدىكى ئەڭ زور بايقاشلارنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ بۇ ئۇسۇل ئارقىلىق يەر شارىنىڭ ماسسىسىنى ئۆلچەشكە بولىدىغانلىقىنى چۈشىنەتتى.

## نيۇتوننىڭ بېشىنى قاتۇرغان ئىش

نيۇتون گەرچە يەر شارىنىڭ ماسسىسىنى ئۆلچەش ئۇسۇلىنى تاپقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەر شارىنىڭ ماسسىسىنى ھېسابلاپ چىقالمىغان. چۈنكى، ئۇ تەڭلىمىدىكى كىچىككىنە بىر تۇراقلىق سانىنى ئالماشتۇرۇپ قويغان. ئەسلىدە نيۇتون ئالەمنىڭ تارتىشىش كۈچى قانۇنى ئاساسىدا ئىجاد قىلغان تەڭلىمىدە تېگىگە يېتىش ناھايىتى قىيىن بولغان بىر تۇراقلىق سان ـ تارتىشىش كۈچى تۇراقلىق سانى G بار ئىدى، نيۇتون ئۇنى تولىمۇ كىچىك سان دەپ قاراپ، باشتىن ـ ئاخىر ئۇنىڭ قىممىتىنىڭ زادى قانچىلىك ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرمىگەن.

## كېيىنكىلەرنىڭ تىرىشچانلىقى

شۇنىڭدىن كېيىن نۇرغۇن ئالىملار بۇ سىرلىق تارتىشىش كۈچى تۇراقلىق سانىنى تېپىش ئۈستىدە ئىزدەنگەن. 1775 ـ يىلىغا كەلگەندە، يەنى نيۇتون ۋاپات بولۇپ قىرىق سەككىز يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئەنگلىيىلىك ئاسترونوم ماسكېلىن شوتلاندىيىدىكى شىخالىئېن تېغىدا تىك سىزىقنىڭ تاغنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى قىيسىق كېتىش دەرىجىسىنى كۆزىتىش تەجرىبىسىنى ئىشلەش ئارقىلىق تارتىشىش كۈچى تۇراقلىق سانىغا يېقىن قىممەتتىكى بۇ سانىنى تۇنجى قېتىم بايقىغان. شۇنىڭ بىلەن

ئۇ نيۇتون يېشەلمىگەن سىرنى يېشىپ، ئاخىر يەر شارىنىڭ ماسسىسىنى ئۆلچەپ چىققان.

كېيىن ئەنگلىيىلىك يەنە بىر ئالىم كاۋېندىش ئىنتايىن نازۇك بولغان بۇرما تارازا تەجرىبىسى ئارقىلىق تارتىشىش كۈچى قانۇنىنى يەنە بىر قېتىم دەلىللىگەن ھەمدە تارتىشىش كۈچى تۇراقلىق سانىنى تېخىمۇ توغرا ھېسابلاپ چىققان. بۇ تەجرىبىنى سىز ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققاندا فىزىكا دەرسىدە ئېھتىمال ئۆز قولىڭىز بىلەن ئىشلىشىڭىز مۇمكىن.

مانا، يەر شارىنىڭ ماسسىسىنى ۋە ئۇنى ئۆلچەشنىڭ تارىخىنى سىزمۇ بىلدىڭىز. دېمەك، تەگلىمە ئارقىلىق باشقا سەييارىلەرنىڭ، تۇرغۇن يۇلتۇزلارنىڭ ۋە ئالەم بوشلۇقىدىكى ھەرقانداق جىسمنىڭ ماسسىسىنى، ھەتتا پۈتكۈل سامانيولىنىڭ ماسسىسىنىمۇ ھېسابلاپ چىققىلى بولىدۇ.

دېمەك، ئىلىم - پەن ئەنە شۇنداق قۇدرەتلىك. شۇڭا، سىزمۇ ئوبدان تىرىشىپ ئوقۇپ، مۇشۇنداق مۆجىزە يارىتىشقا بەل باغلاڭ، بولامدۇ؟

(«تارىم غۇنچىلىرى» ژۇرنىلىدىن ئېلىندى.)

ئاخىرقى بىر ئىزاھات شۇكى — بىر چوڭ سەرلەۋھە ئاستىدىكى ھەرخىل تۇردىكى ماقالىلەر، بەدىئىي ئەسەرلەردىن تەركىب تاپقان بەزى ئەسەرلەر، كىتابلارمۇ بولۇپ، بۇلارنىڭ تەركىبىدىكى كىچىك ئەسەرلەرگە قارىماي تومتاق ھالدا ھەممىنى بايان ماقالىسى ياكى چۈشەندۈرۈش ماقالىسى ۋە ياكى مۇھاكىمە ماقالىسى دەپ ئايرىۋېتىشتىن ساقلىنىش، كونكرېتنى ئەھۋالغا قاراپ كونكرېتنى باھا بېرىشنى ھەم شۇنداق يېزىشنى ئۆگىنىۋېلىش كېرەك. مىسال ئۈچۈن تۆۋەندىكى ئەسەرنى كۆرۈپ باقايلى.

## نەۋائىي

ئۇيغۇر كلاسسك ئەدەبىياتىنىڭ نامايەندىسى ، ئۇلۇغ مۇتەپپەككۇر شائىر نىزامىددىن ئەلىشىر نەۋائىي 1441 - يىل 2 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ھىرات شەھىرىدە تۇغۇلۇپ ، 1501 - يىلى ئاتمىش يېشىدا ۋاپات بولغان .

ئەلىشىر كىچىكىدىنلا ئىلىم ئۆگىنىشكە بېرىلىپ ، ئۆزىنىڭ ئەقىللىقلىقى ۋە زېرەكلىكى بىلەن كۆزگە كۆرۈنىدۇ . بولۇپمۇ شېئىرىيەتكە بولغان زور ئىشتىياقى ۋە ئاجايىپ قابىلىيىتىنى نامايان قىلىپ ، ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۆز دەۋرىنىڭ ئەڭ بىلىملىك ئالىمى ۋە مەشھۇر شائىرىغا ئايلىنىدۇ .

« خەزائىنۇل مەئانى » ( مەنالار خەزىنىسى ) ، « خەمسە » ... قاتارلىق ئونلىغان ئۆلمەس ئەسەرلەرنى يارىتىپ ئەدەبىياتىمىزنى ئالەمشۇمۇل يۇكسەكلىككە كۆتۈرىدۇ .

نەۋائىي ئۆتكەن بەش ئەسىر مابەينىدە نەۋائىي ئەسەرلىرى قولدىن - قولغا ئۆتۈپ ، شېئىرلىرى « ئون ئىككى مۇقام » ئاھاڭلىرىغا سېلىنىپ ئوقۇلۇپ ، ئۇ ھەقتىكى قىزىقارلىق ھېكايە - رىۋايەتلەر ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ ئېيتىلىپ كەلمەكتە .

### ئەلىشىر بىلەن بۇلبۇل

ئەلىشىر كىچىكىدىنلا تەدبىرلىك ، زېرەك بولۇپ ئۆسۈپتۇ . ئۇ توققۇز ياشقا كىرگەندە شېئىر يېزىشقا باشلاپتۇ . لېكىن ، بالا يازغان شېئىرىنىڭ ئاخىرىغا ئۆز ئىسمىنى نېمە دەپ يېزىشنى بىلمەيدىكەن .

بىر كۈنى ئەلىشىر يېڭى شېئىرىنى يېزىپ تۈگىتىپتۇ - دە ، باغقا كىرىپ ئۇنلۇك ئاۋاز بىلەن ئوقۇشقا باشلاپتۇ . ئۇنىڭ قوڭغۇراقتەك جاراڭلىق ، تاڭ شامىلىدەك مەيىن ئاۋازى گۈل شېخىغا قونۇپ ئولتۇرغان

بۇلبۇلنى ئۆزىگە مەپتۇن قىپتۇ . بۇلبۇل دەرھال ئۇنىڭ يەلكىسىگە قو-
نۇپتۇ - دە :

— ئەي خۇش ئاۋاز شائىر بالا ، سەن ئوقۇغان شېئىرلار بۇلبۇل-
نىڭ تاڭ سەھەردىكى نەۋاسىدىنمۇ يېقىملىق ئىكەن . نامىڭنى بىلسەم
بولامدۇ ؟ — دەپتۇ .

— ئىسمىم ئەلىشىر ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ بالا .

— بىلدىم ، بىلدىم ، يېڭى چىققان ئەلىشىر ئىكەنسەن - دە ،
ئەمدى سەن ئۆزۈڭگە چىرايلىق بىر نام تاللاپ ، شېئىرلىرىڭنىڭ ئاخى-
رىغا شۇ نامىڭنى قوشۇپ كەتكىن ، — دەپتۇ بۇلبۇل .

ئەلىشىرگە بۇلبۇلنىڭ ھېلىقى « نەۋا » دېگەن سۆزى يېقىپ قاپ-
تۇ . شۇنىڭدىن كېيىن يازغان غەزەللىرىنىڭ ئاخىرىغا « نەۋائىي » دەپ
يېزىپ قويىدىغان بوپتۇ .

## « قۇشلار تىلى »

ئەلىشىر مەكتەپتە ئوقۇلىدىغان ھەر خىل دەرسلەرنى ئەستايىدىل-
لىق بىلەن تىرىشىپ ئۆگەنگەندىن باشقا ، ئەدەبىيات دەرسىگە تېخىمۇ
زور ئىشتىياق بىلەن بېرىلىدۇ . ئۇ سەككىز — توققۇز ياشلىرىدا سەئدى-
نىڭ « گۇلىستان » ۋە « بوستان » ناملىق ئەسەرلىرى بىلەن تونۇش-
دۇ . بولۇپمۇ فەرىددىن ئەتتارنىڭ « قۇشلار تىلى » ناملىق ئەسىرى بى-
لەن تاسادىپىي ئۇچرىشىش نەتىجىسىدە ئۇنىڭ كىتابخۇمارلىقى سەۋدايى-
لىق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلىدۇ . « قۇشلار تىلى » دىكى ھەرخىل قۇشلار-
نىڭ تىلىدىن بېرىلگەن قىزىقارلىق ھېكايىلەر كىچىككىنە ئەلىشىرنى تا-
مامەن ئۆزىگە مەپتۇن قىلىۋالدى . ئۇ كېچە - كۈندۈز بۇ كىتابنى يېنى-
دىن ئايرىماي ، ئۇنىڭدىكى شېئىرلارنى يادلاش ۋە ئۇلارنىڭ مەنىسى
ئۈستىدە ئويلاش بىلەن مەشغۇل بولىدۇ . نەتىجىدە ، ئەلىشىرنىڭ ئۇس-
تازى ئۇنى كىتاب ئوقۇشتىن توسىدۇ . ساۋاقداشلىرى بولسا كۈلۈپ
زاڭلىق قىلىشىدۇ . بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان ئەلىشىرنىڭ ئاتا - ئانىسى :
« بۇ كىتابنىڭ مەنىسى چوڭقۇر ، بالىنىڭ پىكىر - خىيالى تېخى خام ،

ئەھۋال مۇشۇنداق داۋاملىشىۋەرسە ، بالىمىز ساراڭ بولۇپ قالمىسۇن » دەپ ئەنسىرەپ « قۇشلار تىلى » نى يوشۇرۇپ قويىدۇ . ئەلىشىر خۇددى ئەڭ يېقىن ۋە ئارزۇلۇق بىر نېمىدىن ئايرىلىپ قالغاندەك ئاش ـ تاماققا ئىشتىھاسى تارتماي ، جۇدەپ ـ سارغىيىپ كېتىدۇ . ئارزۇلۇق ئوغلىنىڭ بۇ ھالغا چۈشۈپ قېلىشىغا چىداپ تۇرالمىغان ئاتا ـ ئانا ئاخىر « قۇشلار تىلى » نى ئەلىشىرگە قايتۇرۇپ بېرىشكە مەجبۇر بولىدۇ .

بالىلىقتا تۇتاشقان بۇ ئىشتىياق ئەلىشىر نەۋائىينىڭ كۆڭلىدىن ھەرگىز ئۆچمەيدۇ . ئۇزۇن يىللارغىچە ئۆزىمۇ ئەنە شۇنداق بىر كىتاب يېزىش ئارزۇسىدا ياشاپ ، ئۆمرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى يىللىرىدا « قۇشلار تىلى » ناملىق مەشھۇر ئەسەرنى يېزىپ قالدۇرىدۇ .

## بىر پارچە شېئىرنىڭ قىممىتى

ئەلىشىر نەۋائىي ياشلىق چاغلىرىدا ئۇلۇغ شائىر لۇتفى ( 1366 ــ 1465 ) نى ئۇستاز تۇتۇپ ئۆگىنەتتى . كۈنلەرنىڭ بىرىدە لۇتفى نەۋائىيدىن يېڭى يېزىلغان بىر پارچە شېئىر ئوقۇپ بېرىشنى ئۆتىنىدۇ . نەۋائىي ئۇنىڭغا :

ئارەزىن ياپقاچ كۆزۈمدىن ساچىلۇر ھەرلەھزە ياش ،
بۇيلە كىم پەيدا بولۇر يۇلتۇز ، نىھان بولغاچ قۇياش .

دېگەن مىسرالار بىلەن باشلىنىدىغان بىر غەزىلىنى ئوقۇپ بېرىدۇ . لۇتفى ناھايىتى ھاياجانلىنىپ : « ئەگەر ئىلاجى بولسا ، پۈتۈن ئۆمرۈمدە يازغان تۈركىي ۋە پارس تىلىدىكى بارلىق شېئىرلىرىمنى مۇشۇ بىر غەزەلگە تېگىشكەن بولاتتىم ! » دەيدۇ .

## ھەسەتخورنى مات قىلىش

بىر ھەسەتخور شائىر چوڭ سورۇندا نەۋائىيغا تىل تەگكۈزمەك بولۇپ ، كۆرەڭلىگەن ھالدا :

ئەي نەۋائىي خام قايماق ،

قايماق سىتىپ جانىڭنى باق ، ــــ دېگەن نەزمىنى ئوقۇغانىكەن ، ياش نەۋائىي قەددىنى رۇسلاپ تۇرۇپ :

مەن ئۆزۈم بىر ئەينەكمەن ،
سەن كۆرۈپ ئەپتىڭگە باق ، ــــ دەپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپتۇ .
هاجى ئەخمەت كۆلتېگىن تەييارلىغان .
( « تارىم غۇنچىلىرى » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى . )

نەۋائىي ــ ۱۵ ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ شۇنداقلا باشقا تۈركىي خەلقلەر ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ بۈيۈك نامايەندىلىرىدىن بىرسى . ئۇ-لۇغ مۇتەپەككۇر ، گۇمانىست شائىر ، جامائەت ئەربابى بولۇپ ، ئۇنىڭ هاياتى هەققىدە هازىرغا قەدەر كۆپلىگەن تارىخىي ئۇچېركلار ، هېكايە ، قىسسە ، رومانلار يېزىلدى . يۇقىرىدىكى ئەسەر مۇشۇلارنىڭ بىرى . بۇ ئەسەرنىڭ بېشىدا بېرىلگەن قىسقىچە تەرجىمھال بولسا ۋاقىت تەرتىپى بويىچە يېزىلغان بايانىي تۈستىكى چۈشەندۈرۈش ماقالىسى بولىدۇ . « ئەلىشىر بىلەن بۇلبۇل » دېگەن كىچىك ماۋزۇچاق ئاستىدىكى بولسا چۈشەندۈرۈش ماقالىسىمۇ ، بايان ماقالىسىمۇ ئەمەس ، بەلكى ئەل ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن رىۋايەتتۇر . « قۇشلار تىلى » ، «بىر پارچە شېئىرنىڭ قىممىتى » دېگەنلىرى بولسا پېرسوناژ ئوچېركى تىپىدىكى بايان ماقالىسى بولىدۇ . « هەسەتخورنى مات قىلىش » دېگەن ماۋزۇچاق ئاستىدىكىسى بولسا نەۋائىي هەققىدىكى بەزى تارىخىي مەنبەلەردە ۋە ئەل ئارىسىدا داۋام قىلىپ كەلگەن « هېكايەت » لەردۇر .

شۇڭا ، ساۋاقداشلار ماقالە يېزىشنى جۈملىدىن چۈشەندۈرۈش ماقالىسى يېزىشنى ئۆگىنىشتە بۇ هەقتىكى قائىدىلەرگە ئەمەل قىلغاندا شۇنداقلا قائىدىلەرگىلا ئېسىلىۋالماي ئەركىن قەلەم تەۋرەتكەندىلا ئاندىن بۇ هەقتە ماهارەت يېتىلدۈرەلەيدۇ .

## تۆتىنچى باب

# مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ماقالە يېزىقچىلىقى ھەققىدە

## 1 . مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ھەجىم دائىرىسى ۋە تەركىبلىرى

مۇھاكىمە يۈرگۈزۈش ۋە داۋلى سۆزلەشنى ئاساس قىلىپ ، ئۇ-قۇم ، ھۆكۈم ، ئەقلىي خۇلاسە ئارقىلىق رېئاللىق بىۋاسىتە ئەكس ئەتتۇ-رۇلگەن ، ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ خاراكتېرى ، ماھىيىتى ياكى قانۇنىيىتى مۇھاكىمە قىلىنغان ، ئاپتورنىڭ مۇئەييەن قاراش ۋە تەشەببۇسلىرى ئىسپاتلانغان ئەسەرلەر مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ئەسەرلەر دەپ ئاتىلىدۇ .

مۇھاكىمە ( مۇلاھىزە ) — ئاپتورنىڭ ئوبيېكتىپ شەيئى ياكى مەلۇم مەسىلە ئۈستىدە باھالاش ئېلىپ بېرىپ ، ئۆز كۆز قارىشى ۋە پو-زىتسىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتىن ئىبارەت . مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ئە-سەرلەردە ئاپتور ئۆزى ئوتتۇرىغا قويماقچى بولغان باش تېما ( مەركىزىي ئىدىيە ياكى مەركىزىي نۇقتىئىنەزەر ) نى ، ئىشەنچلىك ، ئەتراپلىق ، قا-يىل قىلارلىق دەلىللەر ( ئاساسلار ) ئارقىلىق ئىسپاتلاش ياكى خاتا كۆز قاراشلارنى رەت قىلىش يولى بىلەن لوگىكىلىق تەپەككۇر ئۇسۇلىنى قول-لىنىپ مۇھاكىمە ئېلىپ بارىدۇ . شۇڭلاشقا ، مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ئەسەرلەر ئادەتتە مەركىزىي نۇقتىئىنەزەر ( مەركىزىي ئىدىيە ياكى باش تېما ) ، دەلىل ( ئاساس ) ۋە ئىسپاتلاشتىن ئىبارەت ئۈچ ئامىلنى ئۆز ئە-چىگە ئالىدۇ .

مەركىزىي نۇقتىئىنەزەر — ئاپتورنىڭ ئۆزى يازغان مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ماقالە ـ ئەسىرىدە ئوتتۇرىغا قويغان تۈپكى كۆز قارىشى ۋە تەشەببۇسىدىن ئىبارەت.

مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ئەسەرلەرنىڭ سەھىپىسى ئۇزۇن بولسۇن ياكى قىسقا بولسۇن، شۇ سەھىپىگە لايىق ھالدا بىر نەچچە ئابزاس ياكى بىر نەچچە بۆلەك ۋە ياكى بىر نەچچە قىسىمدىن تەركىب تاپقان پىكىر قاتلىمى، پىكىر تەرتىپى بولىدۇ. مەركىزىي نۇقتىئىنەزەر مانا مۇشۇ پىكىر قاتلىمى (تارماق مەزمۇنلار يەنى تارماق نۇقتىئىنەزەرلەر) ۋە بۇ پىكىر قاتلىمى، پىكىر تەرتىپىدىكى دەلىللەر، ئىسپاتلار ئارقىلىق ئاندىن يورۇ-تۇپ بېرىلىدۇ.

دەلىل (ئاساس) — ئوتتۇرىغا قويماقچى بولغان تۈپكى كۆز قاراش ۋە تەشەببۇسنى (يەنى مەركىزىي نۇقتىئىنەزەرنى)، ھەرقايسى پىكىر قاتلاملىرى بويىچە ئەتراپلىق، ئىشەنچلىك، قايىل قىلارلىق پا-كىتلار، داۋىلار (قائىدىلەر)، مىساللار، نەقىللەر، شەرھلەر، چۈ-شەندۈرۈش ۋە بايانلار، سانلىق مەلۇماتلار ئارقىلىق يورۇتۇپ بېرىش جەريانىدۇر.

ئىسپاتلاش — بۇ مەركىزىي نۇقتىئىنەزەر بىلەن تارماق نۇقتىئى-نەزەر (پىكىر قاتلاملىرى)، تارماق نۇقتىئىنەزەرلەر بىلەن دەلىللەر، مەركىزىي نۇقتىئىنەزەر بىلەن دەلىللەر ئوتتۇرىسىدىكى مەنتىقىلىق باغلى-نىش ھەمدە بۇ ئارقىلىق مەركىزىي نۇقتىئىنەزەر قايىل قىلارلىق ئېچىپ بېرىلگەندىن كېيىنكى يەكۇندىن ئىبارەت.

مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ئەسەرلەردىكى مەركىزىي نۇقتىئىنەزەر بەزى مەسىلىلەرنىڭ بېشىدا ھەتتا ماۋزۇدىلا ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى، بەزى-لىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ياكى ئاخىرىدا ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى مۇمكىن. مەيلى قەيەردە ئوتتۇرىغا قويۇلۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇ مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ئەسەرلەرنىڭ قوماندانى، ھەرقايسى پىكىر قاتلاملىرى، پىكىر تەرتىپلە-رىدىكى دەلىللەر (ئاساسلار) بولسا مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ئەسەرلەر-نىڭ ماتېرىيالى، ئىسپات بولسا ئەنە شۇ ماتېرىيال بىلەن «قوماندان»

ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىش مەسىلىسىدۇر . ئەگەر بىز بىر ياكى بىر نەچچە ئېغىز ئۆي ۋە ياكى بىنا سالماقچى بولساق ، ئۇنى سېلىشتىكى مەقسەت يەنى نېمە مەقسەتتە ، نېمىگە ئىشلىتىش ئۈچۈن سالماقچى بولغانلىقىمىز مەركىزىي نۇقتىئىنەزەر بولىدۇ . مانا مۇشۇ مەقسەت بويىچە ، قۇرۇلۇشقا كېتەرلىك ماتېرىياللارنى ئۆز تەرتىپى ، قاتلىمى بويىچە جايىدا ، مۇۋاپىق ئىشلىتىشىمىز دەلىل بولىدۇ . بۇ ماتېرىيال بىلەن مەركىزىي نۇقتىئىنەزەر ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىش ۋە يەكۇن — ئىسپات بولىدۇ .

مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ئەسەرلەرنىڭ ( ئەسكەرتىش : ئادەتتە سەھىپىسى قىسقىراق مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ئەسەرلەرنى مۇھاكىمە ماقا- لىسى ، ئۇزۇنلىرىنى مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ئەسەر ، دەپ ئاتاپ قويىمىز . ( تۆۋەندە مۇشۇ قاراش بويىچە مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ماقالە - ئەسەر ، دېگەن ئاتالغۇ ئىشلىتىلىدۇ ) سەھىپىسىنىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىقى ، مەركىزىي نۇقتىئىنەزەرنى يورۇتۇپ بېرىش ئېھتىياجى ، شۇنىڭدەك شۇ ماقالە — ئەسەر ئاپتورىنىڭ تەپەككۇرىنىڭ چوڭقۇر ياكى تېيىزلىقى ، بىلىم جۇغلانمىسىنىڭ كەڭ - تارلىقى ۋە يېزىش ماھارىتىگە ئاساسەن بولىدۇ . ( بۇنداق دېگەنلىك ماقالە — ئەسەر ئاپتورىنىڭ تەپەككۇرى چوڭقۇر ، بىلىم جۇغلانمىسى مول ، يېزىش ماھارىتى يۇقىرى بولسا شۇ ماقالە — ئەسەرنىڭ سەھىپىسى ئۇزۇن بولىدۇ ياكى قىسقا بولىدۇ دېگەنلىك ئە- مەس ئەلۋەتتە ) . ئەنە شۇ مەقسەتتە ھەرقايسى پىكىر قاتلاملىرى ( تارماق نۇقتىئىنەزەرلەر ) دىكى دەلىللەرنىڭ كەڭ ياكى تارراق ، چوڭقۇر ياكى يۈزەكىرەك ، ئىخچام ياكى كېلەڭسىزرەك بولۇشىغا ئاساسەن بەزى مۇ- ھاكىمە خاراكتېرلىك ماقالە - ئەسەرلەرنىڭ سەھىپىسى بىر - ئىككى بەت ، بەزىلىرىنىڭ نەچچە ئون بەت ، نەچچە يۈز بەت بولۇشى مۇمكىن .

مىسال ئۈچۈن تۆۋەندىكى ماقالىنى كۆرۈپ باقايلى .

## بىز ئۆز تەقدىرىمىزنىڭ خوجايىنلىرىدۇرمىز

D. ناپالېئون خىلل ( ئامېرىكا )

نۇرغۇن كىشىلەر دۇنيانىڭ ئۆزىگە تەگىسىز مۇئامىلىدە بولغانلىقىدىن ئاغرىنىدۇ. ئۇلار ئۆزىنىڭ تەقدىرىنى تەگىرىدىن، پېشانىسىدىن ۋە ئەتراپىدىكى مۇھىتتىن كۆرىدۇ. ھەتتا تېخى ئىرسىيەتتىن ئىزدەيدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ تولىمۇ بىمەنىلىك.

بىز شۇنى ھەر ۋاقىت ئېسىمىزدىن چىقارماسلىقىمىز لازىم: بىزنىڭ نامرات ياكى كەمبەغەل بولۇشىمىزدا تەگىرى سەۋەبكار ئەمەس، بەلكى ئۆزىمىز سەۋەبكار. ئۆزىمىزنىڭ خاراكتېرى، ئۆزىمىزنىڭ تىرىشچانلىقى ۋە ئۆزىمىزنىڭ قىزغىنلىقى تەقدىرىمىزنى، كېلەچىكىمىزنى بەلگىلەيدۇ. ھەرقانداق ئىشقا ئوتتەك قىزغىنلىق بىلەن كىرىشسەكلا ئۇلۇغۋار مەقسەتكە يېتەلەيمىز ۋە بوپۇكلۇككە قاراپ يول ئالالايمىز، مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەلەيمىز.

مەن شۇنى دېمەكچىمەنكى، ھەر كىمنىڭ تەقدىرى شۇ كىشىنىڭ ئۆز قولىدا بولىدۇ: بىزنىڭ باي ياكى كەمبەغەل بولۇشىمىزنى تەگىرى بېكىتكەن ئەمەس، بەلكى ئۆزىمىز بېكىتكەن. بىز ئۆز تەقدىرىمىزنىڭ خوجايىنلىرىدۇرمىز.

(« شىنجاڭ ئىشچىلار ھەرىكىتى » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى)

سەھىپىسى كىچىككىنە بۇ مۇھاكىمە خاراكتېرىدىكى ماقالىدە، مەركىزىي نۇقتىئىنەزەر سەرلەۋھە ( ماۋزۇ ) دىلا ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، بۇ مەركىزىي نۇقتىئىنەزەر تۆۋەندىكى ئۈچ ئابزاستا ئۈچ پىكىر قاتلىمى، پىكىر تەرتىپى ( تارماق نۇقتىئىنەزەر ) بويىچە دەلىللەنگەن.

بىرىنچى پىكىر قاتلىمى ( بىرىنچى ئابزاس ) دا: ئادەم ئۆز تەق-

دىرىنىڭ ياخشى ـ يامانلىقىنى تاشقى ئامىلدىن ئىزدەش بىمەنىلىك ، دې-
گەن تارماق نۇقتىئىنەزەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان . ئىككىنچى پىكىر قاتلىمى
( ئىككىنچى ئابزاس ) دا : ھەر كىم ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەيدۇ ،
دېگەن تارماق نۇقتىئىنەزەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان . ئۈچىنچى پىكىر قاتلىمى
( ئۈچىنچى ئابزاس ) دا : ئالدىنقى ئىككى پىكىر قاتلىمىدىكى پىكىرلەرنى
يەنىمۇ بىرقەدەر ئىلگىرى سۈرۈپ ھەر كىمنىڭ تەقدىرى ئۆز قولىدا ،
ئۇنى ئۆزىمىز بېكىتكەن ، دېگەن تارماق نۇقتىئىنەزەر ئوتتۇرىغا قويۇل-
غان . ئەڭ ئاخىرقى بىر جۈملىدە پۈتۈن ماقالىدىن يەنى ئۈچ پىكىر تەر-
تىپى ، پىكىر قاتلىمىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان تارماق پىكىرلەردىن يەكۈن
چىقىرىلغان . شۇنىڭدەك بىر پۈتۈن ماقالىدە مەركىزىي نۇقتىئىنەزەر بى-
لەن تارماق نۇقتىئىنەزەرلەر مەنتىقىلىق باغلىنىش ( ئىسپات ) قا ئىگە قى-
لىنغان .

مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ماقالە ـ ئەسەرلەرنىڭ سەھىپىسى قىسقا
بولسۇن ياكى ئۇزۇن ( چوڭ ) بولسۇن ، بىر پارچە مۇھاكىمە خاراكتېر-
لىك ماقالە ـ ئەسەردە پەقەت بىرلا مەركىزىي نۇقتىئىنەزەر ( باش تېما )
بولىدۇ . ئەمما ، ھەرقانداق مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ماقالە ـ ئەسەردە ئاشۇ
مەركىزىي نۇقتىئىنەزەرنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن بىرنەچچە تارماق نۇق-
تىئىنەزەر بولىدۇ . بۇ تارماق نۇقتىئىنەزەرلەر مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ما-
قالە ـ ئەسەرلەرنىڭ ھەرقايسى پىكىر قاتلىمى ۋە بۇ پىكىر قاتلىمىنىڭ تە-
لىپى ئاساسىدىكى پىكىر تەرتىپلىرى ئىچىگە سىڭدۈرۈلگەن بولىدۇ . بۇ
يەردە ئېيتىلىۋاتقان پىكىر قاتلىمى ئادەتتە مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ماقالە ـ
ئەسەرلەردىكى تارماق نۇقتىئىنەزەرلەر ھەم بۇ تارماق نۇقتىئىنەزەرلەر ئا-
ساسىدىكى تارماق مەزمۇنلارنى كۆرسىتىدۇ . پىكىر تەرتىپى بولسا مۇھا-
كىمە خاراكتېرلىك ماقالە ـ ئەسەرلەرنىڭ پىكىر قۇرۇلمىسى يەنى بىر
پارچە مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ماقالە ـ ئەسەردە قايسى مەزمۇننى باشتا
يېزىش ، قايسىنى ئوتتۇرىدا ياكى ئاخىرىدا يېزىش يەنى ھەربىر
ئابزاستا ياكى ھەربىر بۆلەك ۋە ياكى قىسىمدا قايسى پىكىرنى ( تارماق
نۇقتىئىنەزەرنى ، مەزمۇننى ) ئوتتۇرىغا قويۇش ، بۆلارنى ئورگانىك باغ-

لىنىشقا ئىگە قىلىش ، بىرى ئارقىلىق يەنە بىرىنى ئىلگىرى سۈ-
رۈش ( يەنى ئىنىرتسىيىلىك باغلىنىشقا ئىگە قىلىش ) مەسىلىسىنى
كۆرسىتىدۇ .

بۇ پىكىر قاتلىمى ۋە پىكىر تەرتىپلىرىدىكى مەلۇم بىر تارماق
نۇقتىئىنەزەر ھەم بۇ تارماق نۇقتىئىنەزەر ئاساسىدىكى مەزمۇن ( ماتېرى-
يال ) ئادەتتە سەھىپىسى قىسقا مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ماقالىلەردە
ئابزاسلارغا تەقسىم قىلىنىدۇ . سەھىپىسى ئۇزۇنراق مۇھاكىمە خاراكتېر-
لىك ئەسەرلەردە بولسا بۆلەك ياكى قىسىملارغا تەقسىم قىلىنىدۇ . شۇ
سەۋەبتىن سەھىپىسى ئۇزۇنراق بەزى مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ماقالە ـ
ئەسەرلەرنىڭ بۆلەك ياكى قىسىملىرى ( يەنى پىكىر قاتلاملىرى ) سانلىق
رەقەملەر ياكى كىچىك ماۋزۇچاقلار ئارقىلىق ئايرىلىدۇ . سەھىپىسى قىس-
قىراق ماقالە ـ ئەسەرلەردىكى ئابزاس ياكى بۆلەكلەرگە تەقسىملەنگەن
پىكىر ( يەنى تارماق نۇقتىئىنەزەر ۋە مەزمۇن ) بۇنداق شەكىللەر ئارقى-
لىق ئايرىلمىسىمۇ شۇ ماقالە ـ ئەسەرنى ئوقۇپ كۆرسەكلا پىكىر قاتلام-
لىرىنى ئايرىغىلى بولىدۇ . مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ماقالە ـ ئەسەرلەر پى-
كىر قاتلىمىنى ئېنىق ، تەرتىپلىك ئورۇنلاشتۇرۇش مۇھىم ھەم قىيىن
ئۆتكەللەرنىڭ بىرىدۇر ( كېيىنكى سەھىپىلەر مۇشۇ مەسىلىنى چۆرىدى-
گەن ئاساستا سۆزلىنىدۇ . )

مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ماقالە ـ ئەسەرلەرنىڭ ھەجىم دائىرىسى
بىرقەدەر كەڭ بولۇپ ، سىياسىي ، ئىجتىمائىي ، نەزەرىيىۋى ، ئىلمىي
مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزىدىغان ماقالە ـ ئەسەرلەرنىڭ ھەم-
مىسى يەنى ئوبزور ( ئەدىبىۋى ئوبزور ، گېزىت ئوبزورلىرى ، ئەدەبىي
ئوبزور ) ، ئىلمىي ، نەزەرىيىۋى ماقالىلەر ( تەكشۈرۈش دوكلاتى ، ئىلمىي
دىسسېرتاتسىيىلەر ، ئوقۇش پۈتتۈرۈش دىسسېرتاتسىيىسى ) ۋە باشقا
تۈردىكى سىياسىي نەزەرىيىۋى ، ئىلمىي مەسىلىلەر مۇھاكىمە قىلىنغان
ئىلمىي تەتقىقات دوكلاتلىرى ، پەن ـ تېخنىكا ماقالىلىرى ۋە مۇھاكىمە
خاراكتېرىنى ئالغان نوتۇقلار قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى مۇھاكىمە خاراك-
تېرلىك ماقالە ـ ئەسەرلەر دائىرىسىگە كىرىدۇ . بۇ تۈرلەر ئىچىدىكى سە-

ھېپسى بىرقەدەر قىسقىراقلىرىنى ئادەتتە مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ماقالىلەر دەيمىز. سەھىپىسى چوڭراقلىرىنى مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ئەسەر دەيمىز.

ئادەتتە ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى يازغان مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ماقالىلەرنىڭ كۆپ قىسمى ئىدىيە ئوبزورى (ئىدىيىۋى تونۇش ئاساس قىلىنغان ماقالىلەر) دائىرىسىگە كىرىدىغان، سەھىپىسى بىرقەدەر قىسقىراق بولغان ماقالىلەردىن ئىبارەت. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ماقالە - ئەسەرلەرنىڭ يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن تۈرلىرى ھەققىدە ئايرىم - ئايرىم چۈشەنچە ۋە ئۈلگە بەرمەيمىز. پەقەت ئىدىيىۋى ئوبزور خاراكتېرىدىكى ماقالىلەرنى ئاساس قىلىپ ئۈلگە كۆرسىتىمىز.

## 2 . مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ماقالە ـ ئەسەرلەردىكى دەلىللەش ئۇسۇللىرى

دەلىل ( ئاساس ) ھەرقانداق مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ماقالە ـ ئەسەرنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى . بۇ ئاساسىي گەۋدە كۆڭۈلدىكىدەك يې- زىلغاندىلا ئاندىن مەركىزىي نۇقتىئىنەزەر قايىل قىلارلىق ئىسپاتلىنىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن دەلىللەشنىڭ ئۇسۇللىرى پۇختا ئىگىلەنسە ، مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ماقالە ـ ئەسەرلەرنىڭ ئومۇمىي قۇرۇلمىسى ( كومپوزىتسى- يىسى ) ، پىكىر قاتلاملىرىنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرغىلى ؛ ھەربىر پارچە مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ماقالە ـ ئەسەرگە مۇۋاپىق كەلگەن دەلىللەش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىپ ئوي ـ پىكىرنى سىستېمىلىق ، قايىل قىلارلىق ، جەلپ قىلارلىق ئوتتۇرىغا قويۇپ مەركىزىي ۋە تارماق نۇقتىئىنەزەرلەرنى ئىسپاتلىغىلى بولىدۇ . شۇنىڭدەك مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ماقالە ـ ئەسەر- لەرنى توغرا ئەتراپلىق تەھلىل قىلغىلى ، پىكىر قاتلاملىرىنى توغرا ئاي- رىغىلى ، يېزىلىش جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىقلارنى ئۆگەنگىلى بولىدۇ .

دەلىللەشنىڭ كۆپرەك قوللىنىلىدىغان تۆۋەندىكىدەك ئۇسۇللىرى بار .

**1 ) تىپىك مىساللار ئارقىلىق دەلىللەش ئۇسۇلى :**

بۇ خىل دەلىللەش ئۇسۇلىدا مەركىزىي نۇقتىئىنەزەر ۋە ھەرقايسى پىكىر قاتلاملىرىدىكى مەلۇم تارماق نۇقتىئىنەزەرنى يېتەرلىك ئاساسلار بىلەن يورۇتۇپ ( ئىسپاتلاپ ) بېرەلەيدىغان مىساللار كەلتۈرۈلىدۇ . بۇ مىساللار ئارقىلىق مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ماقالە ـ ئەسەرلەردە ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەركىزىي نۇقتىئىنەزەر ۋە تارماق نۇقتىئىنەزەرلەر قايىل قىلار- لىق ئىسپاتلىنىدۇ . مىسال ئۈچۈن تۆۋەندىكى ئۆرنەكلەرنى كۆرۈپ با- قايلى .

# پەن ـ مەدەنىيەت سەۋىيىمىزنى داۋاملىق ئۆستۈرۈشتىكى ئاچقۇچ ـــ ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىشتە

ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر قەشقەرى

ئىقتىدار ۋە قابىلىيەت بىلىم ئىگىلەش ئارقىلىق يېتىلىدۇ . ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىشمۇ ئىقتىدار ، قابىلىيەت يېتىلدۈرۈشنىڭ مۇھىم يوللىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ . ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش ئارقىلىق ئىختىساسلاشقان ، ئىنسانىيەتكە ئالاھىدە تۆھپە قوشقانلار ئاز ئەمەس . تارىختا ئۆتكەن نۇرغۇن ئىختىساس ئىگىلىرى ئالىي بىلىم ئوچاقلىرى تۈگۈل ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەردىمۇ تولۇق ئوقۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولالمىغان . بىراق ، ئۇلار ناچار شارائىتتا تۇرمۇش كەچۈرگەنلىكىگە قارىماي ، بارلىق قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ ، جاپاغا چىداپ ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنگەنلىكى ، تەتقىق قىلغانلىقى ئۈچۈن ئاجايىپ كەشپىياتلارنى يارىتالىغان .

كوپېرنىكنىڭ ئەسلى كەسپى دوختۇرلۇق ئىدى . ئۇ ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلىرىدا ئاسترونومىيە ئىلمىنى بېرىلىپ تەتقىق قىلغاچقا ، ئاخىر « قۇياش مەركەز نەزەرىيىسى » نى ئوتتۇرىغا قويغان . ئۇنىڭ ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ھەرىكىتى نەزەرىيىسى توغرىسىدىكى دەۋر بۆلگۈچ ئىلمىي ئەسىرى « تەبىئىي پەننىڭ مۇستەقىللىق خىتابنامىسى » دېگەن نامغا ئېرىشكەن . ئېلېكتر ئىلمىگە ئاساس سالغۇچى فرانكلىن ئون ئىككى يېشىدىن باشلاپ باسمىخانىدا شاگىرت بولۇپ ئىشلىگەن . كېيىن ئۇ بارلىق بوش ۋاقىتلىرىنى چىڭ تۇتۇپ ، بەش يىل ئىجتىھات بىلەن ئۆگەنگەن . قاتتىق ھەۋەس ، كۈچلۈك ئىنتىلىشچانلىق روھى ، بېرىلىپ ئۆگىنىش ئارقىلىق ئۇ ئاخىر ئامېرىكىنىڭ 18 ـ ئەسىردىكى ئاتاقلىق كەشپىياتچىسى بولۇپ قالغان . ئامېرىكىلىق مەشھۇر ئالىم ئېدىسون پۈتۈن ھاياتىدا ئاران ئۈچ ئاي مەكتەپتە ئوقۇيالىغان . ئۇ ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ ، ئۇزاق يىل تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىپ ، ئاخىر تېلېگراممىنى ئا-

پاراتى، كىنو ئاپپاراتى، ئېلېكتر لامپىسى، پاتېفون قاتارلىق نۇرغۇن كەشپىياتلارنى يارىتىپ، «كەشپىيات پادىشاھى» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشكەن. يىراقتىكىنى قويۇپ، يېنىمىزدىكى كىشىلەرنى مىسال ئېلىپ باقايلى: «قەشقەر گېزىتى» ئىدارىسىدىن پېنسىيىگە چىققان پېشقەدەم مۇھەررىر ۋە يازغۇچى ئابلا ئەخمىدى ئەسلىدە نابۇرچىلىك ئىدى. ئۇ ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش ئارقىلىق ئىقتىدارلىق مۇھەررىر، ئاتاقلىق يازغۇچىغا ئايلاندى. ئۇنىڭ بەزى ئەسەرلىرى ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ دەرسلىكىگە كىرگۈزۈلدى، بىر تۈركۈم ئەسەرلىرى خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىندى، بەزى ئەسەرلىرى چەت ئەلدە نەشر قىلىندى. ئۇ ئاپتونوم رايون ۋە مەملىكەت بويىچە «ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ ئىختىساسلاشقان خادىم» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشتى. پېنسىيىگە چىقىشتىن بۇرۇن ئۇ «قاپاق تېرەكلىك ھويلا» قاتارلىق پوۋېست، ئەللىك پارچىغا يېقىن ھېكايە، ئەدەبىي ئاخبارات ۋە بىر تۈركۈم شېئىر ئېلان قىلدۇرغانىدى. پېنسىيىگە چىققاندىن كېيىن قىسقىغىنا ئالتە يىل ئىچىدە «دېھقان بېشى» رومانىغا داۋاملىق ئىشلەش بىلەن بىللە، «ئۆلۈك ـ تىرىك ئارىلىقىدا» قاتارلىق بەش پوۋېست، ئون نەچچە ھېكايە، نەسىر ۋە بىر تۈركۈم شېئىر ئېلان قىلدۇردى. «تۇنجۇققان سۆيگۈ»، «ئادراسمان چېچەكلىگەندە» ناملىق ئىككى پوۋېستلار توپلىمىنى نەشر قىلدۇردى. «قەشقەر گېزىتى» ئىدارىسى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىنىڭ تەرجىمانى، مەرھۇم داۋۇت غازىمۇ ئاران باشلانغۇچ مەكتەپكىچىلا ئوقۇيالىغان. لېكىن، ئۇ جاپاغا چىداپ بېرىلىپ ئۆگىنىپ، ئوتتۇز پارچە رومان، پوۋېست، يۈز پارچە باشقا ژانىردىكى ئەدەبىي ئەسەر ۋە كىتاب تەرجىمە قىلىپ، داڭلىق ئەدەبىي تەرجىمانغا ئايلانغان.

ھەقىقىي ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنگۈچىلەر، ئىزدەنگۈچىلەر، شۇ يولدا بىلىمنى مەھكەم باغلاپ ماڭغۇچىلارغا ۋاقىت كەملىك، قىسقىلىق قىلمايدۇ. ئۇلار ئالدىراشلىق ئىچىدىمۇ ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىشكە، ئىزدىنىشكە يېتەرلىك ۋاقىت چىقىرالايدۇ. بۈگۈنكى بازار ئىگىلىكى دەۋرىدە ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنگۈچىلەرگە نىسبەتەن ئۆگىنىش يوللىرى تېخىمۇ كۆپەي-

دى ، شارائىتمۇ ياخشىلاندى . بىز ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش ، ئىزدىنىش ئادىتىنى ، روھىنى يېتىلدۈرسەكلا ، بۇ ئارقىلىق تەسەۋۋۇر قىلىپ باقمىغان نەتىجىلەرگە ئېرىشەلەيمىز . بازار ئىگىلىكى دەۋرىدە كىشىلەرنىڭ دەم ئېلىش ۋاقتىدىكى تۇرمۇشىنى بېيىتىش ئۇچۇن يولغا قويۇلغان كۆڭۈل ئېچىش ، ئويۇن تۈرلىرى ، سورۇنلىرى كۆپ خىللاشتى ، كۆپەيدى ، بۇ نورمال ئەھۋال . ئەمما ، ھاياتنىڭ ، تۇرمۇشنىڭ جىمىكى لەززىتى ئاشۇ جايلارغىلا مۇجەسسەملەنگەن ئەمەس .

بىزنىڭ بىر قىسىم كىشىلىرىمىز يانچۇقى ئازراقلا تومپايسا ئاشۇنداق جايلارغا قاتراشقا بەكرەك خۇشتار ، بىر قىسىم مەلۇماتلىق كىشىلىرىمىزدىن ، پالان مەسىلە ئۈستىدە ئىزدىنىپ باقاي دېيمەن ، پۈكۈن نەرسىنى ئۆگىنەي دېيمەن ، بىراق خىزمەتنىڭ ئالدىراشچىلىقىدا ھېچ ۋاقىت چىقىرالمايۋاتىمەن ، دېگەنلىرىنى ئاڭلاپ قالىمىز . بۇلارنىڭ ئاشۇ « ھېچ ۋاقىت چىقىرالمايۋاتىمەن » دېگەنلىرىگە ئادەمنىڭ ھېچ ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ . چۈنكى ، بىز خەلقنىڭ بىھۇدە ئويۇن ــ تاماشا بىھۇدە سورۇن ، بىھۇدە پاراڭ ، ئارتۇقچە رەسىم ــ قائىدىلەرگە قىممەتلىك ۋاقىتلىرىمىزنى كۆپرەك بېرىۋېتىدىغىنىمىز ئۆزىمىزگە بەش قولدەك ئايان .

ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش ، ئىزدىنىش ئادىتىنى يېتىلدۈرمىگەندە كالىلىنىڭ قاتماللىقىدىن ، تەپەككۇر ، بىلىم نامراتلىقىدىن قۇتۇلۇش قىيىن ، بىز پەقەت داۋاملىق ئۆزلۈكىمىزدىن ئۆگىنىش ، ئىزدىنىش ئارقىلىق پەن ــ مەدەنىيەت ساپايىمىزنى ئۆستۈرەلەيمىز ، تەپەككۇرىمىزنى قاناتلاندۇرالايمىز .

( « شىنجاڭ گېزىتى » دىن ئېلىندى . )

## ئۆزىڭىزنىڭ دۇنيادا بىردىنبىر ئىكەنلىكىڭىزگە ئىشىنىڭ

ئىجادىيەت ئۆلۈمنى يوقىتىش دېمەكتۇر . رومىن روللان شۇنداق دېگەن . ھايات دۇنياغا كۆز ئاچقان دەقىقىدىن باشلاپلا قەدەممۇ قەدەم

ئۆلۈم ھالىتىغا قاراپ سىيرىلىشقا باشلايدۇ ، ھەرقانچە قۇدرەتلىك قەلەمۇ بۇ جەرياننى توسۇپ قالالمايدۇ . شۇڭا ، بىز پەقەت ئىجادىيەتتىنلا ناللىشىمىز كېرەك . ئىجادىيەت بىزنىڭ چەكلىك ھاياتىمىزنىڭ چەكسىز ئۇزىرىشىغا ئىمكانىيەت بېرىدۇ .

قۇياش نۇرنى ئىجاد قىلدى ، شۇڭا پۈتكۈل كائىنات قۇياشقا سەجدە قىلىدۇ . ئانا بوۋاقنى ئىجاد قىلدى ، شۇڭا ئانا پۈتكۈل دۇنيادىكى ئىنسانلارنىڭ ھۆرمىتىگە نائىلدۇر . بېتخوۋېن ئالەمدىن ئۆتتى . ئۇنىڭ روھى « تەقدىر » ناملىق مۇزىكىسى بىلەن مەڭگۇ ھاياتتۇر . روتىن ئالەمدىن كەتتى ، ئۇنىڭ ئىدىيىسى « مۇتەپەككۇر » ناملىق ئەسىرىدە مەڭگۇ مەۋجۇتتۇر .

ئەقىل پاراستىڭىزنى ۋە بىر جۈپ قولىڭىزنى بىكار قويماڭ ، ئۆلۈمنىڭ ۋۇجۇدىڭىزنى يۇتۇۋېتىشىگە تەخىر قىلىپ تۇرىۋەرمەڭ ، تەڭرى سىزگە بىر قېتىملىق ھايات ئاتا قىلغانىكەن ، سىزنىڭ ئۇنى ئەڭ زور دەرىجىدە نۇر چاچقۇزۇش مەسئۇلىيىتىڭىز بار .

مول تەبىئىي خۇسۇسىيىتىڭىز بىلەن كىشىلەرنى چۈشىنىڭ ، شۇنداق قىلغاندىلا ، قۇرۇق ـ قاقشال بولۇپ قېلىشتىن يىراق تۇرالايسىز . ئۆزىڭىزنىڭ دۇنيادا بىردىنبىر ئىكەنلىكىڭىزگە ئىشىنىڭ ، ھېچكىم سىزنىڭ تەپەككۇرىڭىزنى ، سىزنىڭ ئىدىيىڭىزنى ، سىزنىڭ ھېس ـ تۇيغۇڭىزنى تەكرارلىيالمايدۇ . مۇشۇنداق ئۆزگىچىلىكىڭىزنى دۇنياغا تەقدىم قىلسىڭىز ، بۇ ئالەمدىكى ئەڭ گۈزەل مەنزىرىگە كىرىسىز .

ئېسىڭىزدە بولسۇن ، پەقەت ئىجادىيەتلا سىزنى قۇتقۇزالايدۇ .

( مىللەتلەر ئىتتىپاقى » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى )

# ئۆگىنىش مەزمۇنىنى ئالماشتۇرۇپ ئۆگەنگەندە ئۈنۈم يۇقىرى بولىدۇ

ئابابەكرى قاسىم

كىتاب كۆرۈپ ئۆگىنىش داۋامىدا ئۇزۇن ۋاقىت ئۇدا بىر مەزمۇندىكى نەرسىنى ئۆگىنىۋەرسە، كىشى ئاسانلا مەنىسىزلىك ھېس قىلىپ قالىدۇ، ئوڭايلا چارچايدۇ، زېرىكىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە چۈشىنىش ۋە ئەستە ساقلاش ئىقتىدارى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ. ۋاقىتتىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش ئۈچۈن، بۇنداق چاغدا كۈچىنىۋەرمەي، مەزمۇن پەرقى چوڭراق كىتابلارنى ئالماشتۇرۇپ ئوقۇش كېرەك.

مېڭىنىڭ فىزىئولوگىيىلىك پرىنسىپلىرىغا ئاساسلانغاندا، ئادەمنىڭ چوڭ مېڭە كىلېتكىلىرىدا ئىش تەقسىماتى بولىدۇ، ئوخشىمىغان مەزمۇندىكى پەنلەرنى ئۆگەنگەندە، ئۇ چوڭ مېڭىنىڭ ئوخشىمىغان ئورۇنلىرىدىكى كىلېتكىلاردا قوزغىتىش پەيدا قىلىدۇ. چوڭ مېڭە ئۇزۇنغىچە ئوخشاش بىر خىلدىكى ئۇچۇرنىڭ تەسىرىگە ئۇچراۋەرسە، مەلۇم بىر ئورۇندىكى كىلىتكىلار ئۇزۇنغىچە جانلىنىش ھالىتىدە تۇرۇۋېرىپ، ئاسانلا چارچاشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، ئۆگىنىش ئۈنۈمىمۇ تۆۋەنلەپ كېتىدۇ. ئەگەر ئۆز ۋاقتىدا ئۆگىنىش مەزمۇنى ئالماشتۇرۇلسا، چوڭ مېڭە پوستىلىقىدىكى «قوزغىلىش ئۇچىقى» مۇۋاپىق تەڭشىلىدۇ، چوڭ مېڭە پوستىلىقىدىكى مەلۇم بىر قوزغىلىش رايونىنىڭ ئۇزۇن مۇددەت ھەددىدىن زىيادە قوزغىلىشىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ.

تارىختا ئۆتكەن، ئۆگىنىشتە زور نەتىجە قازانغان نۇرغۇن مەشھۇر كىشىلەرنىڭ ھەممىسى مۇشۇ ئۇسۇلنى قوللانغان. ماركس ھەمىشە ئۈستىلىگە مەزمۇنى بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان بىرقانچە كىتابنى قويۇۋېلىپ، ئۇلارنى ئالماشتۇرۇپ ئوقۇيتتى، بەزىدە چارچاپ قالسا ماتېماتىكا كۆنۈكمىلىرىنى ھېسابلايتتى. كېيىن ئۇ سىڭلىسىغا خەت يې-

زىپ ، « ئۆگىنىش ۋاقتىنى توغرا تەقسىم قىلىپ ، ئۆگىنىش مەزمۇنىنى كۆپ خىللاشتۇرۇش » تىن ئىبارەت ياخشى تەجرىبىسىنى ئۇنىڭغا تو- نۇشتۇرغان . لۇشۇن يازغۇچىرىپ ھېرىپ كەتكەندە كىتاب ئىشكاپىدىن بىر قانچە يېڭى ژۇرنالنى ئېلىپ « ئىختىيارىچە ۋاراقلاپ » قوياتتى ، فرانسى- يىلىك مۇتەپەككۇر رۇسسو ساھەسى ئوخشاش بولمىغان ، قىيىن ـ ئا- سانلىقى ھەر خىل بولغان مەسىلىلەرنى نۆۋەتلەشتۇرۇپ تەتقىق قىلاتتى ، شۇڭا كۈن بويى تەتقىقات ئېلىپ بارسىمۇ ، چارچىمايتتى .

ئۆگىنىش مەزمۇنىنى نۆۋەتلەشتۇرۇپ ئۆگەنگەندە ۋاقىتنىڭ نىس- بىتى بىر پۈتۈنلۈككە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك . نۆۋەتلەشتۇرۇش قې- تىمى ھەددىدىن ئارتۇق تېز بولۇپ كەتمەسلىكى كېرەك . خۇددى بىر پارچە رەختنى كېسىۋېرىپ پۇرۇچقا ئايلاندۇرۇپ قويغاندەك بىر پۈتۈن ۋاقىتنى ھېچ ئۈنۈمى بولمىغان ئۇششاق ۋاقىتلارغا بۆلۈۋېتىشتىن قەتئىي ساقلىنىش كېرەك . ئۇنىڭدىن تاشقىرى ، ھەرقانداق ئادەم ھەمىشە ئۇزۇن مۇددەت جىددىي ئۆگىنىش ھالىتىدە تۇرۇۋېرەلمەيدۇ . ئۆگىنىش مەزمۇ- نىنى نۆۋەتلەشتۇرۇپ بىر مەزگىل ئۆگەنگەندىن كېيىن مۇۋاپىق ئارام ئېلىش ياكى مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىش كېرەك .

( « شىنجاڭ ياشلىرى » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى )

## ئۆز ـ ئۆزىدىن قانائەتلىنىش ــ ئۆگىنىشنىڭ دۈشمىنى

نىياز ئىمىن

ئۆز ـ ئۆزىدىن قانائەتلىنىش ــ ئۆگىنىشنىڭ دۈشمىنى . بۇ مەيلى كامالەتكە يەتكەن ئالىم بولسۇن ياكى ئەمدىلا بىلىم بوسۇغىسىغا قەدەم قويغان كىشىلەر بولسۇن ، ئېسىدە چىڭ تۇتۇشقا تېگىشلىك ھېك- مەتلىك سۆزدۇر . چۈنكى ، بىر ئادەمنىڭ ئۆگەنگىنى ھەرقانچە كۆپ بولسىمۇ لېكىن چەكسىزلىك بىلىم ئالىمىدە ئۇنىڭ ئۆگىنىپ بولالمىغان

نەرسىلىرى ناھايىتى كۆپ بولىدۇ. بولۇپمۇ نادانلىقنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتقان بىز، ئېلىم ـ پەنگە يۈرۈش قىلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە ئۆگىنىپ بولالمىغان نەرسىلىرىمىزنىڭ ناھايىتى كۆپلۈكىنى تونۇپ يېتىشىمىز لازىم. قانائەتلىنىش بىلەن تېخىمۇ كۆپ بىلىم ئېلىش ئارزۇسىغا يەتكىلى بولمايدۇ. ھالبۇكى ئاز بولمىغان كىشىلەر بۇ نۇقتىغا سەل قارايدۇ. جەمئىيەتتىكى نۇرغۇن كىشىلەر ياكى خىزمەتداشلار ئارىسىدا ئايرىم سورۇنلاردا بەزى مەنمەنچىلەرنى ئۇچرىتىپ قالىمىز. ئۇلار ئازراقلا بىر نەرسىنى بىلىپ قالسا ئۆزىنى قالتىس چاغلاپ، قويرۇقىنى، دىڭگايتىۋالىدۇ ـ دە، «پېقىرنىڭ بىلمەيدىغىنى يوق، يەنە ئۆگىنىپ نېمە قىلارمەن» دەپ ئويلايدۇ. بۇ خىل ئۆز ـ ئۆزىدىن قانائەتلىنىشتەك خاتا ئىدىيە بولىدىكەن، كىشى ئۆزىنى تاشلىۋېتىدۇ ـ دە، سەپتىن چۈشۈپ قالىدۇ.

ئاتاقلىق ئالىم پاۋلوۋ ياشلارغا يازغان خېتىدە «كەمتەر بولۇڭلار، ھەرقانداق ۋاقىتتىمۇ ئۆزۈڭلارنى ھەممىنى بىلىمەن دەپ ھېسابلىماڭلار، باشقىلار سىلەرنى قانچىلىك ئەتىۋارلىسىمۇ، ئۆزۈڭلارغا باتۇرلۇق بىلەن ‹بىلىمىم يوق› دەيدىغان بولۇڭلار» دېگەنىدى.

مەشھۇر پرولېتارىيات يازغۇچىسى گوركىي بالا ۋاقتىدا يوقسۇزلۇق سەۋەبىدىن باشلانغۇچ مەكتەپتە تولۇق ئوقۇش پۇرسىتىگىمۇ ئىگە بولالمىغان، لېكىن ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئىشتىياق بىلەن ئۆگەنگەن، بېرىلىپ كىتاب ئوقۇغان، ھەتتا داڭلىق ئەسەرلىرى بىلەن شۆھرەت قازانغان مەشھۇر يازغۇچىغا ئايلانغاندىمۇ كەمتەرلىك بىلەن كىتاب ئوقۇشنى، ئۆگىنىش ئىزچىللىقىنى بىر كۈنمۇ توختىتىپ قويمىغان. نوبىل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن تاگور ھاياتىدا ئەللىكتىن ئارتۇق شېئىرلار توپلىمى، يىگىرمە پارچە رومان، يۈز پارچىدىن ئارتۇق ھېكايە، يىگىرمە نەچچە پارچە دراما ۋە پەلسەپە، سىياسىي خاراكتېرلىك كۆپلىگەن ئەسەرلەرنى يېزىپ دۇنياۋى شۆھرەتكە ئېرىشكەن مەشھۇر شائىر، يازغۇچى، ئىجتىمائىي پائالىيەتچى بولسىمۇ ئۆزىنىڭ نەتىجىلىرى بىلەن قىلچە قانائەتلىنىپ قالمىغان.

شۇڭا، بىز ۋۇجۇدىمىزدىكى ئۆز ـ ئۆزىدىن قانائەتلىنىشتەك يامان سۇپەتلىك ئۆسمىنى ئوپېراتسىيە قىلىشقا جۈرئەت قىلىپ، كەمتەرلىكتىن ئىبارەت بۇ ئەڭگۈشتەردىن مەڭگۈ ئايرىلماي، تىرىشىپ بىلىم ئىگىلەپ، دەۋرىمىزنىڭ مۇنەۋۋەر ياشلىرىدىن بولۇشىمىز لازىم.

(«شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلىدىن ئېلىندى.)

## مېنىڭ غايەم

### گۈلسۈمئاي ۋاھىت

ھەر كىمنىڭ ئۆز ئالدىغا قويغان غايىسى ۋە ئارزۇسى بولىدۇ. بەزىلەر ئىنژېنېر، ئارتىس، ئالىم؛ بەزىلەر يازغۇچى، تەنتەربىيىچى، ئوقۇتقۇچى؛ بەزىلەر بولسا ھەربىي، دوختۇر بولۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ. مېنىڭمۇ شۇلارغا ئوخشاشلا ئۆز ئالدىمغا ئارزۇيۇم ۋە غايەم بار. ئۇ بولسىمۇ — ئوقۇتقۇچى بولۇش.

جاپاكەش ئوقۇتقۇچىلىرىمىنىڭ بىزگە ھەر كۈنى ھارماي ـ تالماي ھەر خىل بىلىملەرنى ئۆگىتىۋاتقانلىقىنى، كەينىدە قالغان ساۋاقداشلىرىمغا ئەستايىدىللىق بىلەن تەكرار دەرس قىلىپ بېرىۋاتقانلىقىنى كۆرگىنىمدە، ئىختىيارسىز ھالدا مەندە: «چوڭ بولسام مەنمۇ چوقۇم مۇشۇ ئۇستازلىرىمدەك ئوقۇتقۇچى بولىمەن!» دېگەن بىر گۈزەل ئارزۇ پەيدا بولىدۇ. مېنىڭ داداممۇ بىر ئوقۇتقۇچى. مەن دادامنىڭ ھەر كۈنى كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ تاپشۇرۇق تەكشۈرۈپ، دەرس تەييارلاۋاتقانلىقىنى كۆرگىنىمدە، ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتىنىڭ ئىنتايىن جاپالىق ئىكەنلىكىنى ئويلاپ قالىمەن ۋە يەنە دادام بىلەن كوچىغا چىققاندا، ئالدىغا ئۇچرىغان ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ دادامغا ناھايىتى ئەدەب بىلەن سالام بەرگەنلىكىنى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭ دادامغا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ قىزغىن ئەھۋاللاشقانلىقىنى ۋە يەنە دادام ئاغرىپ قالغاندا يوقلاپ كەلگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپلۈكىنى كۆرگىنىمدە، ئوقۇتقۇچىلىق

خىزمىتىنىڭ بەكمۇ ئۇلۇغ ھەم شەرەپلىك خىزمەت ئىكەنلىكىنى ھېس
قىلىمەن. بۇنداق چاغلاردا مېنىڭ ئوقۇتقۇچى بولۇش ئارزۇيۇم تېخىمۇ
كۈچىيىدۇ. بىر قېتىم دادام ماڭا: «ئوقۇتقۇچى گەرچە بەك جاپاكەش
بولسىمۇ دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغ ئىنسان. ئوقۇتقۇچىنىڭ ئىنسانىيەتكە
قوشقان تۆھپىسى مۆلچەرلىگۈسىز. شۇڭا، مەن مۇشۇ ئوقۇتقۇچىلىق
خىزمىتىدىن پەخىرلىنىمەن» دېدى. دادامنىڭ چىن كۆڭلىدىن ئېيتقان
بۇ مەنىلىك سۆزلىرى قەلبىمنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن ئورۇن ئالدى.

مەن ئويلايمەنكى، ھەربىر ئادەمدە گۈزەل ئارزۇ ۋە غايە بولۇش
ئىنتايىن ياخشى ئىش. لېكىن، ئارزۇ بولۇشلا كۇپايە قىلمايدۇ. بۇ گۈ-
زەل ئارزۇ ۋە غايىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ھەربىر كىشىدە جاپا-
مۇشەققەتتىن قورقمايدىغان، قىيىنچىلىققا باش ئەگمەيدىغان قەيسەر
روھ، قەتئىيلىك، جۈرئەت ۋە تىرىشچانلىق بىلەن ئىزدىنىش ئىرادىسى
بولۇشى كېرەك. شۇ چاغدىلا ئۇ ئۆز ئارزۇسىنى ۋە غايىسىنى چوقۇم
ئىشقا ئاشۇرالايدۇ.

مەن ئوقۇتقۇچى بولۇش ئارزۇيۇمنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن،
ھازىردىن باشلاپ پەن- مەدەنىيەت بىلىملىرىنى تىرىشىپ ياخشى ئۆ-
گەنگەندىن سىرت، چەت ئەل تىلى، كومپيۇتېر بىلىملىرى قاتارلىق
كېرەكلىك بىلىملەرنى ئىگىلەيمەن. تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىگە ئاكتىپ
قاتنىشىپ، تەن سالامەتلىكىمنى ئاشۇرىمەن. ئالدىمغا ئۇچرىغان ھەر-
قانداق جاپا- مۇشەققەت ۋە قىيىنچىلىقلارنى ئۆزۈمنىڭ قەيسەر ئىرادەم
ئارقىلىق يېڭىمەن. مەن ئۆز ئارزۇيۇمغا چوقۇم يېتىمەن.

(«ئۈمىد چېچەكلىرى» ژۇرنىلىدىن ئېلىندى.)

ئۆرنەك ئۈچۈن بېرىلگەن يۇقىرىقى ماقالىلەرنىڭ بىرىنچىسىدە
كوپېرنىك، فرانكلىن، ئېدىسون، ئابلا ئەخمىدى قاتارلىق ئىجادكارلار-
نىڭ ئۆزلىكىدىن ئۆگىنىش ئەھۋالى مىسال كەلتۈرۈلۈپ مەركىزىي نۇقتى-
ئىنەزەر ئەتراپلىق دەلىللەنگەن، ئىككىنچىسىدە ئانا، قۇياش، بېتخوۋىن،
روتىن قاتارلىقلار مىسال كەلتۈرۈلگەن. ئۈچىنچىسىدە ماركس، لۇشۇن،

رۇسىسۇ قاتارلىقلار مىسال كەلتۈرۈلگەن . تۆتىنچىسىدە گوركىي ، تاگور قاتارلىقلار مىسال كەلتۈرۈلگەن . بەشىنچىسىدە ئوقۇتقۇچىلار ھەمدە « مەن » نىڭ دادىسى مىسال ئېلىنغان .

خۇلاسە قىلغاندا بۇ ماقالىلەرنىڭ ھەممىسىدە دەلىللەشنىڭ ئۇسۇللىرىدىن بولغان مىسال كەلتۈرۈش ئۇسۇلى قوللىنىلىپ ، مەركىزىي ۋە تارماق نۇقتىئىنەزەرلەر قايىل قىلارلىق دەلىللەنگەن ۋە ئىسپاتلانغان .

## 2 ) پاكىت كۆرسىتىپ دەلىللەش ئۇسۇلى

بۇ خىل دەلىللەش ئۇسۇلىدا تىپىك ئەھمىيەتكە ، ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەمەلىي پاكىتلار ، سانلىق مەلۇماتلار ، تەتقىقات نەتىجىلىرى ئارقىلىق ئېرىشكەن يەكۈنلەر ئارقىلىق مەركىزىي نۇقتىئىنەزەر ۋە ھەرقايسى پىكىر قاتلاملىرىدىكى بىر ياكى بىر نەچچە تارماق نۇقتىئىنەزەر دەلىللىنىدۇ . مىسال ئۈچۈن تۆۋەندىكى ئۆرنەكلەرنى كۆرۈپ باقايلى .

## گۈللەنگەن ئىقتىساد ۋە يۈكسەك مەدەنىيەت — مائارىپنى مەنبە قىلىدۇ

تۇرسۇن قۇربان

گۈللەنگەن ئىقتىساد بىلەن يۈكسەك مەدەنىيەتنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكى بىر دۆلەت ، بىر رايون ۋە بىر مىللەتنىڭ ئۇنىۋېرسال كۈچىنىڭ ئاشقانلىقى ، ئۇنىڭ دۇنيا سەھنىسىدە كۈچلۈكلەر بىلەن رىقابەتلىشىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ . يۈكسەك ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتنى بەرپا قىلىش ئېلىمىزنىڭ 21 - ئەسىردىكى مىسلىسىز ئۇلۇغ ئىشى ۋە ۋەزىپىسى . يۇقىرى ساپاسىنىڭ ئۆسۈشى — شۇ يۈكسەك ئىقتىساد بىلەن مەدەنىيەتنى يارىتىشنىڭ ئاساسى . يۇقىرى ساپاسى ئۆسكەندە ، ئىختىساس ئىگىلىرى كۆپلەپ مەيدانغا كەلگەندىلا ، يۈكسەك ئىقتىساد

يۈكسەك مەدەنىيەت مۇھىتىنى ياراتقىلى بولىدۇ . يۇقرارلار ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ، قابىلىيەتلىك ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈشتە مەكتەپ بىلەن ئوقۇتقۇچى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ . چۈنكى ، ئوقۇتقۇچى ئەمگىكى ئادەم بايلىقىنى ئىشلەپ چىقىرىدۇ ، شۇڭا ماركس « مائارىپ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئىشلەپ چىقىرالايدۇ » دېگەنىدى . ئوقۇتقۇچى ئەمگىكى بارلىق ئەمگەكلەر ئىچىدە يارىتىش ، ئېچىش ، كامالەتكە يەتكۈزۈش خاراكتېرلىك ئىجادىي ئەمگەك . شۇڭا ، ھەرقاچان ھەر ماكاندا ئوقۇتقۇچىلارنى ھۆرمەتلەش ، مائارىپقا ئەھمىيەت بېرىش ، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش لازىم .

ئىنسانىيەتنىڭ يېڭى ئەۋلادلىرىنى — يېڭى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشتىن ئىبارەت مۇقەددەس ئىشتا مائارىپنىڭ ۋە مائارىپنىڭ ئاساسىي ۋاستىسى بولغان ئوقۇتقۇچىنىڭ ۋەزىپىسى ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ . بىرى تەلىم بېرىش ، يەنە بىرى تەربىيە بېرىش . بۇ يەردىكى تەلىم بېرىش ئوقۇتۇش ئارقىلىق ئەقلىي كامالەتنى يېتىشتۈرۈشكە ، تەربىيە بېرىش ئادەمنىڭ ئىنچىكە پىسخىكىلىق خاراكتېرىنى تەربىيىلەپ ئەخلاقىي پەزىلەتنى يېتىلدۈرۈشكە قارىتىلغان . بۇ مۇستەھكەم دىئالېكتىكىلىق بىرلىككە ئىگە مۇكەممەل گەۋدىنىڭ ئىككى تەرىپى بولۇپ ، ئۇلار بىر - بىرىنى شەرت قىلىپ ، بىر - بىرىنى تولدۇرۇپ تۇرىدۇ . فرانسىيە ئىلغار رومانتىزم ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسچىسى ۋە مەشھۇر پېداگوك ۋىكتور گيوگو بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەنىدى : « تەربىيە ۋىجدان ئىشى ، تەلىم بولسا پەننىڭ ۋەزىپىسى ، كېيىنچە ئىنسان ۋايىغا يەتكەندە ، بىلىمنىڭ بۇ ئىككى تۈرى بىر - بىرىنى تولدۇرىدۇ . »

دېمەك ، بىلىملىك بولۇش ( ئەقلىي كامالەتكە يېتىش ) بىلەن پەزىلەتلىك ( ۋىجدانلىق بولۇش . پەزىلەتتە ۋايىغا يېتىش ) ھەقىقىي تۈردە مەدەنىي بولۇشنىڭ ئىككى مۇھىم تەرىپى ، يۇقىرى ساپالىق ئادەم بولۇشنىڭ ئىككى مەزمۇنى ھەم ئاساسلىق ئۆلچىمىدىن ئىبارەت .

بۈگۈنكى دۇنيا ئۇچۇر دۇنياسى ، كەسكىن رىقابەتكە تولغان دۇنيا ، ئەنئەنىۋى ئىگىلىك قۇرۇلمىسى يىمىرىلىۋاتقان ، كەسكىن بازار

ئىگىلىكى كەلكۈندەك يامراۋاتقان دۇنيا. شۇڭا، ئەمدىلىكتە ئىنسانىيەت-
نىڭ يېڭى ئەۋلادلىرىنى ئۇچۇر ئېڭىغا، رىقابەت ئېڭىغا، بازار ئىگىلىكى
ئېڭىغا ئىگە قىلىپ تەربىيىلەشكە، ئۇلارنى زامانغا لايىق بىلىم، تېخنىكا،
ھۈنەر بىلەن قوراللاندۇرۇشقا، بۇ ئارقىلىق مىللەتنىڭ ساپاسىنى ئۆس-
تۈرۈپ، مىللەتنى مۇشۇ كەسكىن رىقابەتلىك دۇنيادا مەردانە پۇت تىرەپ
تۇرالايدىغان قۇدرەتكە ئىگە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. شۇنداق ئىكەن،
دۆلەتنىڭ ۋە مىللەتنىڭ ئەنئەنىۋى مائارىپ قۇرۇلمىسىنى ئۈزۈل - كې-
سىل ئىسلاھ قىلىپ يېڭىلاشقا، ئۇنى ھەقىقىي ھالدا زامانىۋىلاشتۇرۇشقا،
دۇنياغا، كەلگۈسىگە يۈزلەندۈرۈشكە، ھازىرقى ئادەملەرنىڭ بىلىم قۇ-
رۇلمىسىنى، تەپەككۇرىنى، تەسەۋۋۇرىنى، ئېڭىنى يېڭىلاشقا
توغرا كېلىدۇ.

لېكىن، ئۇزاق يىل داۋاملاشقان ئەنئەنە، جاھىل ئادەت كۈچ-
لىرى، شۇكۇر - قانائەت ئېڭى مىللىي مائارىپنىڭ ئىسلاھات ۋە تەرەققى-
ياتىدا بىرمۇنچە ئاۋارىچىلىكلەرنى پەيدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە مائارىپ
راسخوتى يېتىشمەسلىك، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بىلىمى كونىراپ قېلىش،
سەۋىيىسى بىر ئىزدا توختاپ قېلىشتەك مەسىلىلەرگە دۇچ كېلىدۇ.
ئەمما، بۇلار ۋاقىتلىق ھادىسە. ھازىرقى دۇنيادىكى ئامېرىكا، ياپونىيە،
فرانسىيە، گېرمانىيە، ئىسرائىلىيە، كورىيىگە ئوخشاش دۆلەتلەر مۇ-
شۇنداق مەسىلىلەرگە دۇچ كەلگەن، شۇنداقتىمۇ ئۇلار مائارىپنى ئىزچىل
ئەتىۋارلاپ، ئۇنى چىڭ تۇتۇپ راۋاجلاندۇرغان ۋە ئاخىر مائارىپ بىلەن
گۈللىنىپ قۇدرەت تاپقان. سانلىق مەلۇماتلارغا قارىغاندا، 1996 - يىلى
پۈتۈن دۇنيانىڭ ئومۇمىي كىرىمى يىگىرمە يەتتە تىرىليون ئالتە يۈز
سەكسەن يەتتە مىليارد ئامېرىكا دوللىرى بولغان. بۇنىڭ ئىچىدە ئامې-
رىكا، ياپونىيە، گېرمانىيە، فرانسىيە، ئەنگلىيە، ئىتالىيە، جۇڭگو، برا-
زىلىيە، كانادا، روسىيە، ھىندىستاندىن ئىبارەت ئون بىر دۆلەتنىڭ كى-
رىمى پۈتۈن دۇنيا كىرىمىنىڭ 73.70 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن. بۇنىڭ
ئىچىدە ئامېرىكىنىڭ كىرىمى دۇنيا ئىقتىسادىي كىرىمىنىڭ 25.6 پىرسەن-
تىنى، ياپونىيىنىڭ ئىقتىسادىي كىرىمى 17.9 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەنلى-

كىنى ئۇلارنىڭ مائارىپقا ئەھمىيەت بەرگەنلىكىدىن ، مائارىپ ، پەن ـ تېخنىكا ئارقىلىق دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش يولىدا ئىنتىشماي ماڭغانلىقىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ .

شۇڭا ، مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى ، يۇكسەك مائارىپ سەۋىيىسى ۋەزىيىتى شەكىللەنگەندىلا ، يۇكسەك ئىقتىساد ، مەدەنىيەت ۋەزىيىتى بارلىققا كېلىدۇ . شۇ سەۋەبتىن مائارىپنى ، جۈملىدىن مىللىي مائارىپنى يۇكسەلدۈرۈپ ، ئۇنى ھەقىقىي تۈردە ھازىرقى زامان ئىگىلىكى ۋە مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئىشلەپچىقىرىدىغان مەنبەگە كۈچكە ۋە بازىغا ئايلاندۇرۇش ئىنتايىن مۇھىم .

( « شىنجاڭ گېزىتى » دىن ئېلىندى . )

## بۇگۈنكىزنى قەدىرلەڭ

ھايات نوپۇس مۇھەممەت

خاراكتېرىمىزگە ھورۇنلۇق ، بوشاڭلىق ، مەسئۇلىيەتسىزلىك سىڭىپ كېتىدۇ . ئۆزىمىزگە بولغان مۇئامىلىرىمىزدىكى كىچىككىنە ئاددىي ئىشلاردىن تارتىپ خېلى چوڭ مەسىلىلەرگىچە ئەستايىدىل توغرا مۇئامىلە قىلمايدىغان ، ئۆزىمىز ئۈستىدە ئويلانمايدىغان ، ئۆزىمىزنى ئوپېراتسىيە قىلىپ داۋالاشتىن قورقىدىغان ، مەسىلىلەرنى سوغۇققانلىق بىلەن تەھلىل قىلمايدىغان بولۇپ كەتتۇق .

تەبىئىتىمىزدە بۇنداق روھىي كېسەللەر خېلى ئېغىر بولغاچقا ، كەيپىياتىمىزدا جانلىقلىق ، تېتىكلىك كەمچىل ، نېمىدۇر بىر نەرسىمىز كەمدەك خامۇش ، چۈشكۈن روھىي ھالەتتە يۈرىمىز . قىلىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن ئىشلارنى ئەتىگە قالدۇرىمىز . ئۆگىنىشكە تېگىشلىك ئىشلارنى « ئەتە چوقۇم ... » دەيمىز .

تەركىدۇنيا بولغان كىشىلەرنىڭ بارلىق ئارزۇ ـ ئۈمىدلىرىنى ئۇ دۇنياغا باغلاپ سەرسان ـ سەرگەردانلىق ئىچىدە ئەسەبىي ئېتىقادتا يا-

شىغىنىدەك بىزمۇ ئەنە كۈن غەربتىن چىقىدىغاندەك ، گويا بىزگە بىرسى ئەتىنى تەسەۋۋۇرىمىزدىكىدەكلا ، پۈككىدە تاشلاپ بېرىدىغاندەك بۈگۈنىمىزگە ئېتىبارسىز قاراپ ، ئايىغى تۇمانلىق تەسەۋۋۇرلاردا ئۆزىمىزنى ئالدايمىز . بۈگۈنىمىز ھۇرۇنلۇق ئىچىدە بىچارىلارچە ئۆتۈپ كېتىۋاتىدۇ .. سىز ئەتىنىڭ كونىراپ قالغىنىنى ئاڭلاپ باققانمۇ ؟ ئەتىنىڭ چېكى قاچان تۈگەيدۇ ؟ بۈگۈن بىر كۈن ئۆتۈپ كەتتى دېگەن سۆز ھايات سەپىرىڭنىڭ بىر كۈنى ئۆتۈپ كەتتى دېگەنلىك . ئەپسۇسلىنارلىقى ، ئۆمرىڭىز ئەتىگە ساقلاپ تۇرمايدۇ . بۈگۈننى قانداق ئۆتكۈزسىڭىز ئەتىڭىز شۇنىڭغا قاراپ بولىدۇ .

ئادەم ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراپ كۆڭلى بىئارام بولغاندا ئۆزىگە ، « بۈگۈنمۇ ، بۇ ئىشمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ ، ئەتە يېڭى سەھەر باشلىنىدۇ » دەپ تەسەللى بېرىدۇ . بۇ يۇقىرىدىكى بۈگۈن ۋە ئەتە قارىشىغا ئوخشىمايدۇ . مەيلى سىز بۈگۈنىڭىزدە قاتتىق زەربە يەپ ، چۈشكۈنلىشىپ كېتىڭ ياكى خۇشال - خۇرام ، مەنىلىك ئۆتۈڭ . مەيلى بۈگۈنىڭىزگە ئېتىبارسىز قاراپ ، ھەددىدىن زىيادە يۈكسەك نۇقتىدا تۇرۇپ ، ئەتىنىڭ رومانتىك خىياللىرىغا غەرق بولۇڭ ، ئالدى بىلەن « بۈگۈن » دە بۈگۈننى قانداق ئۆتكۈزۈش مەسىلىسىگە دۇچ كېلىسىز .

بىر ئادەمنىڭ ئەتىسىنىڭ قانداق بولۇشى ھەتتا كەيپىياتى ۋە خاراكتېرىنىڭ قانداق بولۇشىغىچە بولغان جەريانلارنىڭ ھەممىسى بۈگۈندىن تۇغۇلىدۇ . بۈگۈننى مەنبە قىلىپ شۇ ئاساستا بارلىققا كېلىدۇ ، ئەتىنىڭ مۇرەككەپ مۇناسىۋەت قاتلاملىرىغا بۈگۈن ئاساس سالىدۇ . يۇقىرى ئۆرلەش ئۈچۈن بۈگۈن شوتا تەييارلايسىز . بۈگۈنىڭىز ھارغىنلىق ، خاپىچىلىق ، چۈشكۈنلۈك ، ئەھمىيەتسىزلىك ئىچىدە ئۆتۈپ كەتسە ، ئەتىڭىز ئۈچۈن بۈگۈنكى ، قايسى كۆتۈرەڭگۈ روھىڭىز ، تەسەللى رىغبىتىڭىز ، غالىبىيىتىڭىز بىلەن كۈچ - قۇۋۋەتكە تولۇپ پائالىيەت ئېلىپ بارالايسىز ؟

ئەگەر بۈگۈن سىزنىڭ تەسەۋۋۇرىڭىزدىن تولىمۇ يىراقتىكى ئارىلىق ، ئەرزىمەسلىكلەر بىلەن توشۇپ كەتكەن بولسا ، شۇ تۈپەيلىدىن

بوگۈنگە ئىشەنچ قىلىش بىلەن بىرگە ، ئۇنىڭغا ئېتىبارسىز قاراپ ، ھەممىنى ئەتىگە باغلاپ ، كەلگۈسىگە تەلۋە-
لەرچە چوقۇنۇش ھېسسىياتىدا بولسىڭىز ماھىيەتتە بۇ ئۆزىڭىزنى قەدىر-
لىمىگەنلىك . سىز ئۆزىڭىزگە ئۆزىڭىز ھۆرمەت قىلمىسىڭىز ، ئۆزىڭىزنى
چۈشەنمىسىڭىز ، ئۆزىڭىزگە بوگۈنكى ئاددىيلىق ئىچىدىن گۈزەللىك ،
خۇشاللىق ۋە مەزمۇن ئىزدىمىسىڭىز ، باشقىلار سىزنى قەدىرلەمدۇ ،
چۈشىنەمدۇ ؟ ئەتىنىڭ مۇكەممەللىكى ئۈچۈن بوگۈنكى قايناملىرىڭىزنى
ئۇرۇپ چىقىش ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك ھەم خۇشاللىنارلىق ئىش .
سىزدە ھەرقانداق بىر ئىشقا نىسبەتەن يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق
ھېسسىياتى بولغاندا ھەم بوگۈننىڭ كەيپىياتىڭىز ۋە ئەتىڭىزدە تۇتقان
ئورنىنى توغرا مۆلچەرلىيەلىگىنىڭىزدىلا ئاندىن بوگۈنگە-يۈزلىنەلەيسىز .
بولۇپمۇ ھازىرقى دەۋردە مەردانە ئوبراز تىكلىيەلەيدىغان جاسارەت ۋە
قۇدرەت بولۇشى كېرەك . بوگۈن پارچە - پۇرات ئەرزىمەسلىكلەردىن
تۈزۈلگەن ، ئەمما ئۆزىمىز ئۈچۈن يەنىلا قەدىرلىك ، چۈنكى سىز شۇلار
ئىچىدە ياشىيالايسىز .
سىز ئادەتتە ناھايىتى چۈشكۈن ، ھارغىن ھالەتتە ئولتۇرغىنىڭىزدا
تۇيۇقسىز سىزنى خۇشال قىلىدىغان بىرەر خەۋەرنى ئاڭلاپ قالسىڭىز
ھاردۇقىڭىز چىقىپ ، خاپىچىلىقلاردىن ئەسەرمۇ قالمىغانلىقىنى ھېس قى-
لىسىز . مانا بۇ ئادەمنىڭ كەيپىياتىدىكى چارچاش ، ھېرىشلارنى پەقەت
كەيپىيات كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ .
بوگۈنىڭىزنىڭ خۇشال ، ئەھمىيەتلىك ئۆتۈشى ھەمدە ئەتىڭىز-
نىڭ ياخشى ئەمەلىي ئاساسقا ئىگە بولۇشى ئۈچۈن ھەر كۈنى ئەتىگەن
ئورنىڭىزدىن تۇرغاندا ، چەكسىز كائىناتقا سۆيۈنۈش ھېسسىياتى بىلەن
بېقىپ ، ئۆزىڭىزگە بولغان يۈكسەك ئىشەنچ تۇيغۇسىدا : « بوگۈن مەن
سېنى سۆيىمەن ... ! » دەڭ .
( « شىنجاڭ ئاياللىرى » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى . )

# مۇۋەپپەقىيەت ۋە نىشان

ماھىر

ئامېرىكىلىق پولات پادىشاھى كارنىكنىڭ مۇنداق بىر ھېكمەتلىك سۆزى بار : « ھەممە تۇخۇمىڭنى بىر سېۋەتكە سال ، ئاندىن سېۋىتىڭگە ئوبدان قارا ، بىرەر تۇخۇمىڭنىمۇ چۈشۈرۈپ قويما » . بۇ ھېكمەتنىڭ مەنىسى ، ئۆز خىزمىتىڭنىڭ سىرتىدىكى ئىشلار بىلەن زېھنىڭنى چاچما دېمەكتۇر . كارنىك يىراقنى كۆزلەيدىغان مەشھۇر ئىقتىسادشۇناس ، ئۇنىڭ قارىشىچە كۆپ ساندىكى ئادەملەر ئەگەر بىرەر ئىش بىلەن تۇتۇشسا ۋە پۈتۈن زېھنىنى مۇشۇ ئىشقا بېغىشلىيالىسا ، ئۇ چوقۇم بۇ ئىشنى ياخشى ئىشلەپ كېتەلەيدۇ .

مەن ئۆز كەسپىدە زور مۇۋەپپەقىيەتلەر قازانغان بىرەر يۈزگە يېقىن شەخسلەرنىڭ سودا پەلسەپىسى قارىشىنى تەپسىلىي تەھلىل قىلىپ چىققاندىن كېيىن مۇنداق بىر ئەمەلىيەتنى سەزدىم : ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە مەقسىتى ئېنىق بولۇش ۋە ئىشقا كەسكىن بولۇشتەك ئارتۇقچىلىق بار ئىكەن .

ئىسلاھات دولقۇنى كىشىلەرنى بازارغا يۈزلەندۈردى ، كىشىلەرنىڭ تاۋار ئېڭىنى كۈچەيتتى ، لېكىن نۇرغۇن كىشىلەر خۇددى ئاچا يول ئاغزىغا كېلىپ قالغاندەك ، گاڭگىراپ قەيەرگە مېڭىشنى ئۇقالماي قېلىۋاتىدۇ . ئەگەر سىزمۇ مۇشۇنداق ھالەتتە تۇرۇۋاتقان بولسىڭىز مېنىڭ مەسلىھىتىم ، سىزنىڭ قانداق كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشىڭىزدىن قەتئىينەزەر ، سىزدە بىر ئېنىق نىشان بولسۇن ، بۇ نىشاننىڭ سىزنىڭ تېزدىن قارار چىقىرىشىڭىزغا شۇنداقلا خىزمەتتە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىڭىزغا زور ياردىمى بار .

ئەڭ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان سودىگەرلەرنىڭ ھەممىسى تېز ھەم

كەسكىن قارار چىقىرالىغۇچىلاردۇر ، ئۇلار خىزمەتتە ھامان زور ھەم ئالاھىدە نىشاننى ئۆزىنىڭ ئاساسلىق نىشانى قىلىپ تۇرغۇزىدۇ . شۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى ، ئېنىق نىشان مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ ئاساسلىق ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى .

( « مىللەتلەر ئىتتىپاقى » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى . )

ئۆرنەك ئۈچۈن ئېلىنغان بۇ ماقالىلەرنىڭ بىرىنچىسىدە مائارىپىمىزدا ساقلىنىۋاتقان بىر قىسىم مەسىلىلەر ھەمدە بىر قىسىم دۆلەتلەرنىڭ مائارىپ تەرەققىيات ئەھۋالى ، كىرىمى ۋە بۇ ھەقتىكى سان - سىپىرلار پاكىت كەلتۈرۈلۈپ دەلىللەش ئېلىپ بېرىلغان . ئىككىنچىسىدە رېئالنى تۇرمۇشىمىزدا ساقلىنىۋاتقان بىر قىسىم مەسىلىلەر پاكىت كەلتۈرۈلۈپ دەلىللەش ئېلىپ بېرىلغان . ئۈچىنچىسىدە ئۆز كەسپىدە مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلارنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى پاكىت كۆرسىتىلىپ دەلىللەش ئېلىپ بېرىلغان .

### 3 ) نەقىل كەلتۈرۈپ دەلىللەش ئۇسۇلى :

بۇ خىل دەلىللەش ئۇسۇلىدا توغرا ، ئىشەنچلىك ئىلمىي قائىدە - قانۇنىيەتلەردىن ، ماقال - تەمسىللەردىن ، داھىيلار ، ئالىملار ، مەشھۇر شەخسلەر ... نىڭ ئەقلىيە سۆزلىرىدىن نەقىل كەلتۈرۈش ھەمدە ھەرخىل ژانىردىكى ئەدەبىي ، بەدىئىي ئەسەرلەردىن پارچىلارنى ئېلىش ئارقىلىق مەركىزىي نۇقتىئىنەزەرنى ۋە پىكىر قاتلاملىرىدىكى مەلۇم تارماق نۇقتىئىنەزەرنى دەلىللەش ئۇسۇلىدۇ .

مەسىلەن ، يۇقىرىدا ئۆرنەك ئۈچۈن بېرىلگەن ماقالىلەردىن « ئۆزىڭىزنىڭ دۇنيادا بىردىنبىر ئىكەنلىكىڭىزگە ئىشىنىڭ » ناملىق ماقالىدە رومىن روللاننىڭ « ئىجادىيەت ئۆلۈمنى يوقىتىش دېمەكتۇر » دېگەن ئەقلىيە سۆزى نەقىل كەلتۈرۈلگەن . « ئۆز - ئۆزىدىن قانائەتلىنىش — ئۆگىنىشنىڭ دۈشمىنى » ناملىق ماقالىدە پاۋلوۋنىڭ « كەمتەر بولۇڭلار ، ھەرقانداق ۋاقىتتىمۇ ئۆزۈڭلارنى ھەممىنى بىلىمەن دەپ ھې-

سابىتماڭلار ، باشقىلار سىلەرنى قانچىلىك ئەتىۋارلىسىمۇ ئۆزۈڭلارغا با-
تۇرلۇق بىلەن ( بىلىمىم يوق ) دەيدىغان بولۇڭلار » دېگەن نەسىھەت
خاراكتېرىدىكى سۆزى نەقىل كەلتۈرۈلگەن . « مېنىڭ غايەم » ناملىق
ماقالىدە « مەن » نىڭ دادىسىنىڭ « ئوقۇتقۇچى گەرچە بەك جاپاكەش
بولسىمۇ دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغ ئىنسان . ئوقۇتقۇچىنىڭ ئىنسانىيەتكە
قوشقان تۆھپىلىرى مۆلچەرلىگۈسىز ، شۇڭا مەن مۇشۇ ئوقۇتقۇچىلىق
خىزمىتىدىن پەخىرلىنىمەن » دېگەن سۆزى نەقىل كەلتۈرۈلگەن . «
گۈللەنگەن ئىقتىساد ۋە يۈكسەك مەدەنىيەت — مائارىپنى مەنبە قىلىدۇ »
ناملىق ماقالىدە ماركسىنىڭ « مائارىپ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئىشلەپ
چىقىرالايدۇ » دېگەن سۆزى ، ۋىكتور گيوگونىڭ « تەربىيە ۋىجدان
ئىشى ، تەلىم بولسا پەننىڭ ۋەزىپىسى ، كېيىنچە ئىنسان ۋايىغا يەتكەندە ،
بىلىمنىڭ بۇ ئىككى تۈرى بىر - بىرىنى تولدۇرىدۇ » دېگەن سۆزى نە-
قىل كەلتۈرۈلگەن . ئەمدى تۆۋەندىكى ئۆرنەكلەرنى كۆرۈپ باقايلى .

## ئۆگىنىشتىكى ھەل قىلغۇچ ئامىل — تىرىشچانلىقتۇر

مىجىت موللاخۇن

ياشلار ئىختىساسلىق كىشىلەرگە ھۆرمەت بىلەن قارايدۇ ھەمدە
ئۆزلىرىنىڭمۇ ۋەتەنگە ، خەلققە چوڭراق تۆھپە قوشالايدىغان ، ئىگىلىك
يارىتىشتا خىزمەت كۆرسىتەلەيدىغان ، ئەقىل - پاراسەتتە كۆزگە كۆ-
رۈنگەن كىشىلەردىن بولۇپ چىقىشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلىدۇ .

بىراق ، تالانت — كىشىنىڭ تەربىيە ۋە مۇھىتنىڭ تەسىرىدە ،
ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقى ، جۇملىدىن ئەمەلىيەت داۋامىدا خەلق ئاممىسىنىڭ
ئەقىل - پاراستى ۋە كۈچ - قۇدرىتىدىن ئۈزلۈكسىز بەھرىمەن بولۇش
ئارقىلىق تەدرىجىي شەكىللەنگەن ؛ يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان ؛
مۇئەييەن مۇشكۈل ، مۇرەككەپ ۋەزىپىنى كۆزگە كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە
ئادا قىلالايدىغان قابىلىيەتتۇر .

ئېلىمىزدە ، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئورنىتىلىشى ، بولۇپمۇ تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇپ جۇڭخۇانى گۈللەندۇرۇشنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجى ھەمدە پارتىيە ، دۆلەتنىڭ يولغا قويۇلۇۋاتقان بىر قاتار توغرا تەدبىرلە-رى ، ياش ئەۋلادلارنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى تولۇق يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن ئوبيېكتىپ ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى . بىرەر كىشىنىڭ تالانت ئىگىسىگە ئايلىنىش ياكى ئايلىنالماسلىقىدىكى مۇھىم ئامىل يەنىلا ئۆزىنىڭ تىرىش-چانلىقىدۇر . تارىختا ئۆتكەن ئاتاقلىق ئەربابلار بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن :

« مەن نەدىمۇ تۇغما تالانت ئىگىسى بولاي ، باشقىلارنىڭ كافېي ئىچىپ يۈرگەن ۋاقىتلىرىنى خىزمەتكە سەرپ قىلدىم خالاس » ( لۇ-شۈن ) .

« ئىنساننىڭ تۇغما تالانتى بەئەينى بىر ئۇچقۇنغا ئوخشايدۇ . ئۇ ئۆچۈپ قېلىشىمۇ ، يېنىشىمۇ مۇمكىن . ۋاھالەنكى ، ئۇنى يېلىنجىتىپ ياند-غىنغا ئايلاندۇرۇشنىڭ پەقەت بىرلا ئۇسۇلى بار . ئۇ بولسىمۇ ئەمگەك ، يەنىلا ئەمگەكتۇر » ( گوركىي ) .

« ھېس قىلىشىمچە ، تالانت دېگەن ئاشۇنداق نەرسىكى ، ئۆمۈر بويى ھاردىم - تالدىم دېمەي تىرىشچانلىققا تايىنىشتۇر » ( مىندېلىپ ) .

« تالانت بىر پىرسەنت سەزگۈرلۈككە ، توقسان توققۇز پىرسەنت قان - تەرنىڭ قوشۇلۇشى دېمەكتۇر » ( ئېدىسون ) .

« كىشىلەر تەبىئىي تالانت ۋە ئىلھام دېگەنلەرگە ئوخشاش نەر-سىلەر ئۈستىدە مەمەدانلىق قىلىپ يۈرۈشىدۇ ، مەن بولسام ئەكسىچە زەرگەر ئالتۇندا زىرە سوققاندەك تۇجۇپلەپ ئەمگەك قىلىپ كىچىك ھال-قىلارنى بىر - بىرىگە ئىنچىكىلىك بىلەن كىرىشتۈرىمەن » ( خېينى ) .

ئاتاقلىق ماتېماتىك كائۇس بالىلىق چېغىدىلا ناھايىتى تالانتلىق بولسىمۇ ، لېكىن ئۇ يەنىلا بەك تىرىشچان ئىدى . ئۇ ئۆزىنىڭ مۇۋەپپەقى-يەت قازىنىشىدىكى مۇھىم ئامىللار ئۈستىدە توختالغاندا : « ھەر قانداق بىر ئادەم ماڭا ئوخشاش تىرىشچانلىق كۆرسەتسە ، ئىزچىل ئىزلەنسە ئۇمۇ ماڭا ئوخشاشلا كەشپىيات يارىتالايدۇ » دېگەنىدى .

نۇرغۇنلىغان ئالىملار ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلار شۇنى

چۈشەندۈردۇكى ، ئۇلارنىڭ زېھنىي تەرەققىياتى پەرقلىق بولسىمۇ ( ھەتتا بەزىلىرى قىسمەن دەرسلەردە ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىگەن بولسىمۇ ) بىراق شۇنداق بىر ئورتاقلىق مەۋجۇتكى ئۇ بولسىمۇ تىرىشچانلىقتۇر .
( « شىنجاڭ ياشلىرى » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى )

## ۋاقىت — ھاياتتۇر

نىلۇپەر ئوبۇلقاسىم

ۋاقىت — ھايات ، ۋاقىت — ئالتۇندىنمۇ قىممەتلىك .

ئىنسانىيەت دۇنياسىدا بارلىق نەرسىلەر تېپىلىدۇ ، لېكىن ۋاقىتنى سېتىۋېلىش ياكى كەينىگە قايتۇرۇش ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس . ئۇ گويا چېقىلغان چاقماقتەك تېز ئۆتۈپ كېتىدۇ ، ئۇنى چىڭ تۇتۇش ئەقىللىق كىشىلەرنىڭ خىسلىتى .

دۇنياغا مەشھۇر ئالىم ئېدىسۇن ۋاقىت ھەققىدە : « سېنىڭ بىر مىنۇتلۇق ۋاقتىڭنىڭ بوش ئۆتكىنى — بىر مىنۇتلۇق ئۆمرىڭنىڭ قىسقىرىشىدۇر » دېگەنىدى . ۋەتەنپەرۋەر شائىر ل . مۇتەللىپ :

« ۋاقىت ئالدىراڭغۇ ساقلاپ تۇرمايدۇ ،
يىللار شۇ ۋاقىتنىڭ ئەڭ چوڭ يورغىسى .
ئاققان سۇلار ، ئاتقان تاڭلار قايتىلانمايدۇ ،
يورغا يىللار ئۆمۈرنىڭ يامان ئوغرىسى » .

دەپ يازغان .

ئەجدادلارنىڭ بىز ئەۋلادلارغا قالدۇرۇپ كەتكەن مول ئەمگەك مۆجىزىلىرى بىزنى ئۆگىنىشكە ، كۈرەش قىلىشقا ، ئىختىرا قىلىشقا ئۈندىمەكتە .

ئېھ ۋاقىت ! ئىنسان ئۇچۇن دۇنيادا سېنى چىڭ تۇتۇشتىن ئار-

تـوٗق بەخت ، سىنى قولدىن كەتكۈزۈپ قويۇشتىن ئارتۇق بەختسىزلىك بولمسا كېرەك !

( « شىنجاڭ گېزىتى » دىن ئېلىندى . )

## ئەخلاق ـــ هايات ئەڭگۈشتەرى

مۇكەررەم مۇسا

ئەقلىي ۋە ئەخلاقىي كامالەت تاپقان كىشىگە هايات تەبەسسۇم بىلەن نەزەر تاشلايدۇ .

ـــ چېخوپ

ئەخلاق ـــ ئىنسانىنىڭ بېزىكىلا ئەمەس ، بەلكى ئىنسان مەنىۋى ساپاسىنىڭ ھەقىقىي نامايەندىسى .

ئەخلاق ـــ ئىنسانىنىڭ ئىزگۇ گۈزەللىك توغرىسىدىكى چۈشەنچىلىرى ۋە نەسىھەتلىرىنىڭ ئىپادىلىنىشى ئەمەس ، بەلكى ئىنسانىنىڭ ئۆز پائالىيەتلىرىدە ئىزچىل گەۋدىلەنگەن ئىزگۇ گۈزەللىكىنىڭ راۋان ئېقىمى .

ئەخلاق ـــ جەمئىيەتنىڭ ھەقىقىي مەنىۋى قىياپىتى ۋە كامالەت دەرىجىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ تۇرىدىغان روشەن ئەينەك . بىر جەمئىيەتنىڭ قايسى دەرىجىدە راۋاجلانغانلىقىنى ، خۇددى ئامېرىكىنىڭ پەيلاسوپ شائىرى ئېمېرسون ئېيتقاندەك ، شۇ جەمئىيەت توپلىغان بايلىق ۋە شۇ جەمئىيەت تەربىيىلىگەن ئادەم سانى بىلەن ئەمەس ، بەلكى ئۇنىڭ باغرىدا تەربىيە ئالغان ئىنسانىنىڭ ھەقىقىي مەنىۋى قىياپىتى ئارقىلىقلا باھالاش مۇمكىن .

قەدىمكى يۇنان پەيلاسوپلىرىنىڭ ئەڭ دانىشمىنى ھېسابلانغان ئارستوتېل ئىجابىي ئەخلاقنىڭ ئىنسان ھاياتىي يۈنىلىشى ۋە جەمئىيەت

تەرەققىياتىغا بولغان غايەت زور ئەھمىيىتىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگە-
نىدى : « تەبىئەت ئىنسانغا ئەقلىي ۋە ئەخلاقىي ئىقتىدارنى بەخش
قىلدى . ئەمما ، بۇنى ئىنسان ئەكس تەرەپكە خىزمەت قىلدۇرۇشى ھەم
مۇمكىن » . قەدىمكى يۇنان تراگېدىيە يازغۇچىسى سوفوكىل : « ئىنسان
ئۈچۈن خىزمەت قىلىنمىغان تەپەككۇر تولىمۇ دەھشەتلىك ئاقىۋەتلەر بى-
لەن تۈتۈشۈپ كېتىدۇ » دېگەن . بۇ ئىزگۇ ئەخلاقنىڭ تەپەككۇر قىل-
غۇچى ئىنسانغا ، تەپەككۇر دۇنياسى بولغان جەمئىيەتكە نىسبەتەن نەقە-
دەر مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ . ئىنسان مەنىۋى
كامالەتكە ، ئەڭ ئالدى بىلەن ئەقلىي كامالەتكە ، مەدەنىيەت جەھەتتىكى
كامالەتكە پەقەت ئەخلاقىي پەزىلەت ئىلھامى ، ئەخلاقىي پەزىلەت نازارىتى
ئارقىلىقلا ئېرىشەلىشى مۇمكىن . ئىنسانىيەت جەمئىيىتىمۇ مەسىلەن ، بىرەر
مىللەت ياكى دۆلەت جەمئىيىتىمۇ ئۆزىدىكى ئۇلۇغۋار پەزىلەتلىك ئادەملەر
تۈركۈملىرىنىڭ بارغانسېرى كۆپىيىپ بېرىشى ئاساسىدىلا ئۇلۇغۋار مە-
نىۋى مەدەنىيەت مۇھىتى بەرپا قىلالىشى مۇمكىن . بۇ ئۇلۇغۋار مەنىۋى
مەدەنىيەت مۇھىتى — ئائىلە ، باللار باغچىلىرى ، مەكتەپ ، ئورگان —
مۇئەسسەسە - ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش تەشكىلاتلىرى - ئومۇمىي
جەمئىيەت ، تەشۋىقات ۋە ئومۇمىي تەلىم سىستېمىسى قاتارلىقلارنىڭ مە-
نىۋى قىياپىتى ئارقىلىق گەۋدىلىنىدۇ ۋە يېڭى ئەۋلادنىڭ ئەخلاقىي پە-
زىلەتتە ئۆسۈپ - يېتىلىش مۇھىتىنى ھاسىل قىلىدۇ .

تارىخ ئۆزىنىڭ ھەر قېتىملىق جىددىي بۇرۇلۇش دەۋرلىرىدە ئىن-
سانلارنىڭ ئاڭ - تۇيغۇلىرىدا ئۇنىڭغا مۇناسىپ لەرزە پەيدا قىلىدۇ . بۇنى
ماشىنىنىڭ جىددىي بۇرۇلۇش پەيتىدىكى ئادەملەرنىڭ سىلكىنىشىگە
ئوخشىتىش مۇمكىن . ئىنسانلارنىڭ ئاڭ - تۇيغۇلىرىدىكى سىلكىنىش ،
ئايەت مەزگىللىرىدىن كېيىنكى ئۆسۈپ بېرىۋاتقان قەيسەرلىك ، تەلەپ-
چانلىق ، مەنىۋى كاپالەتنى ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن مەدھىيىلەش ، بېيىش
ۋە مەسئۇلىيەتلىك مەزگىللەردىن كېيىن باش كۆتۈرىدىغان نوقۇل يۇ-
قىرى ئىستېمال خاھىشى ، مەنىۋى تەلەپنىڭ سۇسلىشىپ قېلىشى ،
ئەخلاقىي كامالەتكە بولغان ئېتىبار ، پۇل تېپىش يوللىرىغا قىلىنغان ئېتىد-

بارچىلىكمۇ كۆزگە تاشلانماسلىق دەل ئۇنىڭ تىپىك ئىپادىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . بۇ ھال بىزگە پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ مەنىۋى كاپالىتىنى بەرپا قىلغۇچىلارغا جىددىي ، ئەمەلىي يېڭى ۋەزىپە يۈكلەيدۇ . بۇ ئەخلاقنىڭ ھايات ئەڭگۈشتەرى ، ماددىي ــ ئىقتىسادىي بىناكارلىقنىڭ نۇرانە چىرىغى ، ئىنسانىيەت جەمئىيىتى كامالىتىنىڭ ھەقىقىي كاپالىتى ، بەختىيار ھاياتنىڭ ئىزگۈ ـ پەزىلەت ئاساسى ئىكەنلىكى توغرىسىدا جامائەت ئېتىبارىنى قوزغاشتىن ئىبارەت .

ئەخلاق ــ ئىنسانلار ئارىسىدىكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ قائىدە ۋە ئۆلچەملىرىنى تەرتىپكە سالغۇچى ئىجتىمائىي ئاڭ ، ئىجتىمائىي مەنىۋى پائالىيەت . ئۇ پەقەت جامائەت پىكرى ئاساسىدا جامائەتنىڭ ياخشىلىق ـ يامانلىق ، يۈكسەكلىك ـ پەسكەشلىك ، ۋىجدانلىق ـ ۋىجدانسىزلىق قاتارلىق ئەخلاقىي كاتېگورىيىلەر بويىچە ئېلىپ بارىدىغان ئەخلاقىي دەۋىتى ، نازارىتى ، باھاسى ، ئەيىبلىشى تەسىرىدە ئۆز ئورنىنى تاپىدۇ . ئۆز نوپۇزىنى تىكلەيدۇ . ئۆز رولىنى جارى قىلالايدۇ . بۇ خىل ئەخلاقىي قائىدە ۋە ئۆلچەملەر ، ئەنئەنىۋى قائىدە ـ يوسۇنلار ، زامانىۋى ئەخلاقىي ئىدىيىلەرنىڭ پرىنسىپلىرى بويىچە كەڭ جامائەت پىكرى تەرىپىدىن تىزگىنلىنىپ ، تەرتىپكە سېلىنىپ ، باشقۇرۇلىدۇ .

ئېيتىش كېرەككى ، ئىنسان بەختكە ئىنتىلىدۇ . روسىيە يازغۇچىسى كورولېنكو : « قۇش پەرۋاز ئۈچۈن ، ئىنسان بەخت ئۈچۈن يارالغان » دەپ توغرا ئېيتقان . ئەمما بەخت ــ ئىجتىمائىي بەخت . ئۇ جەمئىيەتنىڭ ، مىللەتنىڭ ، دۆلەتنىڭ بەختى ئاساسىدا يېلتىز تارتىشى مۇمكىن . شۇنىڭدەك ، بەخت پەقەت ئۇنى قولغا كەلتۈرۈش ، ئۇنى كامالەتكە يەتكۈزۈشكە قابىل ئەخلاقىي پەزىلەت ئاساسىدا مەيدانغا كېلىشى ، راۋاجلىنىشى مۇمكىن . بۇنىڭدىن يىگىرمە بەش ئەسىر ئىلگىرىلا ئەپلاتون : « باشقىلارنىڭ بەختىنى ئويلاپ يۈرۈپ ، ئۆز بەختىمىزنى تاپىمىز » دېگەنىدى . فرانسۇز يازغۇچىسى ستېندال ئېيتقاندەك كىشى بولۇش ئۈچۈن ئەمەس ، بەختلىك بولۇش ئۈچۈن ياشايدۇ . ۋاھالەنكى ، مەنىۋى كامالەت ، ئەخلاقىي پەزىلەت بەختنىڭ ئالدىنقى شەرتىدۇر .

بىز يۇقىرىقى بايان قىلغان سۆزلىرىمىزدىن ئەخلاقنىڭ مۇھىملىقىنى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ نۆۋەتتىكى «ئىچچۇۋىتىش، ئىسلاھ قىلىش» مۇھىتىدىكى پەۋقۇلئاددە زۆرۈرلۈكىنى تەكىتلىمەكچىمىز.

(«شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلىدىن ئېلىندى.)

## بىلىم، ئەقىل، پەزىلەت ئادەمنى كامالەتكە يەتكۈزىدۇ

بۇمەريەم شېرىپ

خەلقىمىز ئىلىم - ئىرپاننى ئۇلۇغلاپ كەلگەن خەلق. شۇڭا، ئەجدادلىرىمىز بىزگە: «ئوقۇغان ئوغۇل دادىسىدىن ئۇلۇغ» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزنى قالدۇرغان. بۇ ھەقتە ئاتاقلىق شائىرىمىز نىمشېھىت مۇنداق دەپ يازىدۇ:

جاھان رەناللىرى ئىچرە بىلىمدەك بىر گۈزەل يار يوق،
بىلىمدىن ئۆزگە تۇتقان يار، بولۇر ئۇ گاھىدا بار - يوق.
پاراغەت ئىستىسەڭ، ئەسلا بىلىمدىن ئۆزگە يار تۇتما،
سېنىڭ قەدرىڭنى ساقلاشقا بىلىمدەك ياخشى ھەمكار يوق...

تارىخ بېتىدە چاقناپ تۇرغان مەھمۇت قەشقەرى، يۇسۇپ خاس ھاجىپ، ئەلىشىر نەۋائىي قاتارلىق ئۇلۇغ ئالىملىرىمىز بىر مىنۇت، بىر سېكۇنت ۋاقىتنى قولدىن بەرمەي، بىلىمدىن ئىبارەت بۇ پۈتمەس بۇلاقنى ئۆزلىگە دوست تۇتۇپ، تىرىشىپ، جاپالىق ئىزدىنىپ ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇرغان. شۇڭا، ئۇلارنىڭ بۇ شانلىق تۆھپىلىرىنى بىزلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن دۇنيادىكى بارچە خەلق ئېتىراپ قىلىدۇ.

ئادەملەرنىڭ ھەممىسى بۈيۈك، ئۇلارنى بىر - بىرىدىن ئايرىپ تۇرىدىغان بىرلا پەرق بار. ئۇ بولسىمۇ ـــ بىلىم.

بىلىم - ئەقىلنىڭ ئاچقۇچى. ئەگەر بىز ئاشۇ ئاچقۇچقا ئىگە بول-

ساق ، ھەرقانداق تىلسىمنىڭ سىرىنى ئاچالايمىز . لېكىن ، بۇ ئاچقۇچنى قولغا كەلتۈرۈش بەكمۇ قىيىن . ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىجتىھات ، غەيرەت ۋە جاسارەت كېرەك .

« ئادەمدىكى بىلىم سۆڭەكنىڭ ئىچىدىكى يىلىككە ئوخشاش . ئادەمنىڭ زىننىتى ئەقىل ، سۆڭەكنىڭ زىننىتى يىلىك » ( ئەھمەت يۈكنەكى ) دېگەن ھېكمەتلىك سۆز بىكار ئېيتىلغان ئەمەس . بىلىملىك كىشى بىلەن بىلىمسىز كىشى قانداقمۇ تەڭ بولالىسۇن . بۇ خۇددى « ئادەم بىلىم بىلەن تونۇلىدۇ . بىلىمسىز ئادەم تىرىك تۇرسىمۇ ئۆلۈكتەك كۆزگە كۆرۈنمەيدۇ » دېگەن گەپ بىلەن ئوخشاش .

بىلىم يېنىپ تۇرغان مەشئەل . مەشئەل قاراڭغۇلۇقنى يورۇتسا ، بىلىم مەشئىلى دىل قاراڭغۇلۇقىنى يورۇتۇپ ، كىشىلەرگە سائادەت ۋە بەخت يولىنى ئاچىدۇ .

ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپ مۇنداق دەيدۇ : « كىشىگە ئەقىل پايدىسى كۆپ ئىرور ، بىلىم بىلسە ئىنسان ئەزىز ئەر بولۇر » . بۇ دېگەنلىك بىلىملىك كىشى ھەرگىزمۇ خارلانمايدۇ ، ئەكسىچە كۆنسېرى يۈكسىلىپ كامال تاپىدۇ .

گۈزەل پەزىلەت ، ئەخلاق — ئادەم زىننىتى . ئۇ ساغلام ، مۇكەممەل بولغان ئالىيجاناب كىشىلىك غورۇرنىڭ ئىپادىلىنىشى ، ئۇ بىر ئادەمنىڭ تەربىيىلىنىشى ۋە مەدەنىيەتلىك بولۇش دەرىجىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ .

« ئابرۇيىنى ئالتۇنغا ئال ، جاننى كېپەككە سات » دېگەن ماقال - تەمسىلدىن بىز شۇنى بىلىۋالالايمىزكى ، ھەرقانداق كىشى ئۆز ئابرۇيىنى ئۆزى تىكلەيدۇ . گۈزەل ئەدەپ - ئەخلاق ، پەزىلەت ، ئالىيجانابلىق ئابرۇيغا ئېرىشىشنىڭ يولى .

ئۇلۇغ ئالىمىمىز مەھمۇت قەشقەرى :

« ئوغلۇم ساڭا ئۈگۈت شۇ ،
پەزىلەتنى مىراس قىل .

بىلىملىككە يېقىنلاش ،
دائىم ئۇنى ئۇستاز قىل »
دەپ يېزىش ئارقىلىق ، كىشىلەرنى بىلىم ئېلىش بىلەن بىللە پەزىلەت-لىك ، ئەخلاقلىق بولۇشقا ئۈندىگەن .

ئەقىل ، پەزىلەت ، ئىلىم ، ئۇيات ( هايا ـ نومۇس ) تىن ئىبارەت تۆت نەرسە ئادەمدە بولۇشقا تېگىشلىك ئەقەللىي ساۋات . ئادەمنىڭ ئا-دەملىك قىممىتىنى ساقلاشتىكى ئالدىنقى شەرت . يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا ، بىلىم ، ئەقىل ، پەزىلەت ئادەمنى كامالەتكە يەتكۈزىدۇ .
( « ئىجادىيەت ۋە ئۇچۇر » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى . )

يۇقىرىدا ئۆرنەك ئۈچۈن بېرىلگەن تۆت پارچە ماقالىنىڭ بى-رىنچى ، ئىككىنچى ، تۆتىنچىسىدە ، ئەقلىيە سۆزلەر ، ئەدەبىي پارچىلار-دىن نەقىل كەلتۈرۈپ دەلىللەش ئېلىپ بېرىلغان . ئۈچىنچى ماقالىدە ، بۇ ئۈچ پارچە ماقالىدىكىدەك دەلىللەش ئۇسۇلىدىن باشقا يەنە ئەخلاق ھەق-قىدىكى قائىدە ـ قانۇنىيەتلەرنى شەرھلەش ئارقىلىق دەلىللەشمۇ ئېلىپ بېرىلغان .

**4 ) سەۋەب ـ نەتىجە مۇناسىۋىتى ئارقىلىق دەلىللەش ئۇسۇلى :**
بۇ خىل دەلىللەش ئۇسۇلىدا مەلۇم سەۋەب ئارقىلىق مەلۇم نەتىجە ئىسپاتلىنىدۇ ياكى مەلۇم نەتىجە ئارقىلىق شۇ نەتىجىنى بارلىققا كەلتۈر-گەن سەۋەب توغرىسىدا ياكى بۇ خىل نەتىجە ئارقىلىق باشقا بىر خىل نەتىجە توغرىسىدا خۇلاسە چىقىرىلىپ مەركىزىي نۇقتىئىنەزەر ياكى پىكىر قاتلاملىرىدىكى مەلۇم تارماق نۇقتىئىنەزەر دەلىللىنىدۇ ۋە ئىسپاتلىنىدۇ . مىسال ئۈچۈن تۆۋەندىكى ئۆرنەكلەرنى كۆرۈپ باقايلى .

# يېڭى بىر خىل ئىنسانىي تەبىئەتنى تاۋلاپ چىقايلى

د . خ . لاۋرېنس ( ئەنگلىيە )

ھاياتلىق ئۈچۈن بىرلىكتە ئىنتىلىپ ، ئىنسانلارنىڭ بارلىق بىلىش-لىرىنى بىرلەشتۈرۈشىمىز كېرەك : بۇنىڭ ئۈچۈن تىرىشىپ خىلمۇخىل بىلىملەرنى بىرلەشتۈرۈشكە ؛ خىلمۇ خىل تىللارنى ئورتاقلاشتۇرۇپ غا-يەت زور ۋە سۆزلۈك سىمفونىيىگە ئايلاندۇرۇشقا ؛ خىلمۇ خىل ئىنسانىي تەبىئەتتىن يېڭى بىر خىل ئىنسانىي تەبىئەتنى تاۋلاپ چىقىشقا موھتاج-مىز .

ئېسىڭىزدە بولسۇنكى ، بىزنىڭ ئېھتىياجىمىز ھېچقاچان خۇسۇ-سىي ئېھتىياج ـــ ئاردىمىزدىكى مەلۇم بىر شەخسنىڭ ئېھتىياجى ئەمەس . بىز شان - شەرەپكە ، ئۆز نەپسىمىزنى قاندۇرۇشقا ئېھتىياجلىق ئەمەس-مىز . بىز ھەممە بىر نىيەتتە بولغان قوزغاتقۇچ كۈچكە ئېھتىياجىمىز . ئۇ بولسىلا ، بىز ئۇلۇغ ئىنسانىيەتنى ، شەخسىي ئەركىنلىكنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھۆر مىللەتنى بارلىققا كەلتۈرەلەيمىز ... بىر ئادەم يېپيېڭى بىر مىل-لەتنى يېتىلدۈرەلمەيدۇ ، بۇنىڭ ئۈچۈن زور كۆپچىلىككە تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ . مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن ، مۈرىنى - مۈرىگە تىرەپ ، بىرلىكتە ئىنتىلىشىمىز كېرەك . مۇشۇنداق گۈزەل بىر نىشاننى كۆز ئالدىمىزغا كەل-تۈرگىنىمىزدە ، ئاجايىپ شادلىنىپ كېتىمەن ، شۇ مەقسەتكە يەتكەندە ، تېخىمۇ كۆپ كىشىلەر ئىككى قولى بىلەن ئاسارەتنى بۇزۇپ تاشلايدۇ ، بارلىق كىشەن - بويۇنتۇرۇقلارنى پاچاقلىۋېتىدۇ .

ئۇلۇغۋار بىر ئىشنا ، ھەممىمىز ئۆزىمىزنى پەرىشتە چاغلايمىز . ھالبۇكى ، بىزدە ئۇيۇشقاقلىق ، ئىنتىپاقلىق بولمىسا ، بىرەر ئىشنى يەككە - يېگانە ئۆزلۈم ۋۇجۇدقا چىقىرىمەن دېگەندە ، ئۇ چاغدا بىز پە-رىشتە بولماي ، يىرتقۇچ ھايۋانغا ئوخشاش بولۇپ قالىمىز .

( بۇ ماقالە« مىللەتلەر ئىنتىپاقى » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى . )

## قانداق قىلغاندا ئىرادىلىك كىشىلەردىن بولغىلى بولىدۇ ؟

ئىرادىلىك بولۇشنى ئارزۇ قىلىدىغان كىشىلەر ئالدى بىلەن ئىرادىنىڭ قايسى تەرەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى بىلىۋېلىشى كېرەك. ئاڭلىقلىق، كەسكىنلىك، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش قاتارلىق پەزىلەتلەر ئىرادىلىك بولۇشنىڭ ئاساسىدۇر. ئۆزىنى تۇتالماسلىق — زەئىپلىك، تەرسالىق قاتارلىق خاھىشلار ئىرادىلىك بولۇشقا زىت بولغان ئىللەتلەردۇر.

ھەرقانداق كىشى ئۆز پائالىيەتلىرى خەلققە پايدىلىقلا بولىدىكەن، ئۇنداق پائالىيەتنى ئىشەنچ بىلەن داۋاملاشتۇرۇشى كېرەك. ئۆز پائالىيەتنى ئېغىشماستىن داۋاملاشتۇرالىغان كىشىلا تۈرلۈك توسالغۇلارغا دۇچ كەلگەن تەقدىردىمۇ غەم ـ ئەندىشىگە چۆكۈپ كەتمەي، ئۆز پائالىيىتىنى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرۈپ، تەشكىل ۋە كەسپداشلىرىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشەلەيدۇ.

ئۇلۇغۋار ئىرادە تىكلىمەكچى بولغان كىشىلەر كىچىك پېئىللىق بىلەن باشقىلارنىڭ پىكرىنى ئاڭلىشى، ھەقىقەتنە چىڭ تۇرۇشى، يېتەرسىزلىك تەرەپلىرىنى تۈزىتىشى، كوللېكتىپنىڭ مەنپەئىتى بىلەن شەخس مەنپەئىتىنىڭ مۇناسىۋىتىنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىشى كېرەك. جاپا ـ مۇشەققەتتىن قاچماسلىقى، قىيىنچىلىق، ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغان تەقدىردىمۇ، ھەرگىز مەيۇسلەنمەستىن ئىشەنچىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرۇپ، كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، خەلق ئۈچۈن جان پىدالىق بىلەن خىزمەت قىلىشى كېرەك.

جىددىي پەيتتە ئۆز مۇددىئاسىنى تولۇق ئاشكارىلاپ، تېزلىكتە بىر قارارغا كېلىش — ئىرادىنىڭ قەتئىيلىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ھەرقانداق ئىشنىڭ ۋاقتى قەرەلى بولىدۇ. شۇ ۋاقىت ـ قەرەلى يېتىپ كەلمەي تۇرۇپ، شۇ ئىشنى بىر تەرەپ قىلىشقا ئۇرۇنۇش قۇرۇق ئاۋارىچىلىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس، ئەڭ ياخشىسى، پەيتنى سەۋرچانلىق بىلەن تاللاش كېرەك. شۇ سەۋرچانلىق ئىچىدە پائالىيەت ئېلىپ بارغاندىلا كۆزلىگەن مەقسەتكە يەتكىلى بولىدۇ. جىددىيلىشىپ كەتكەندە ئاسان

خاتالىق يۈز بېرىشى مۇمكىن .

ئىرادە پائالىيەتلىرى جەريانىدا ئۆز ھېسسىياتىنى كونترول قىلىش ، ئۆزىنىڭ سۆزىنى چەكلەش ، ئۆز پائالىيەتلىرىگە چەك قويۇش قاتارلىقلار ئىقتىدارنىڭ كۈچەيگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ .

( « شىنجاڭ ياشلىرى » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى . )

## ئۈمىد ، ھەسرەت ۋە مۇۋەپپەقىيەت

بەزى ياشلار ئۆتتەك قىزغىنلىق بىلەن ئۆزىنى جەمئىيەتكە بېغىشلىغان بولسىمۇ ، ئەمما تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلى ، كىشلەرنىڭ سوغ مۇئامىلىسىگە ئۇچراپ ئۆزلىرىنىڭ كۆمۈلۈپ قېلىۋاتقانلىقىدىن ، ئۆز ئىقتىدارىنى كۆرسىتىدىغانغا مەيدان بولمىغانلىقىدىن ھەسرەتلىنىپ پاسسىپلىشىپ قالىدۇ . شۇنى بىلىش كېرەككى ، ھايات دولقۇنلىرىدا كۆۋۈكچەلەرمۇ بولىدۇ . ئەمما ، ئادەم دولقۇننى تېزگىنلىگۈچى . ئادەم بەربىر ئۆلۈپ كېتىدۇ . بىراق ، مەدەنىيەت يارىتىشىنىڭ يالقۇنى ئەبەدىي ئۆچمەيدۇ . شۇڭا ، كىشلەر بۈيۈك سەددىچىننى ياراتقان ، ئايغىمۇ قەدەم باسقان .

ھەممە ئىش ئۇچۇن بىر جەريان كېتىدۇ . ھەممە ئىشنىڭ بىر پەيتى بولىدۇ . ھاياتىمۇ بىھۇدە ئەندىشلەر بىلەن ۋاقىتنى بىكار ئۆتكۈزۇشنىڭ نېمە ھاجىتى ؟! پىشۇۋالاردىن ، ئەگرى ـ توقايلىقلاردىن ، پىتنە ـ پاساتلاردىن ، كېسەللىك ۋە ئەزرائىلدىن قورقۇشنىڭ نېمە ھاجىتى ؟!

مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ياكى كۆمۈلۈپ قېلىشنىڭ ئاچقۇچى ئەقىل ـ پاراسەتنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكىدە ئەمەس ، بەلكى ئىختىساس ئىگىسى بولغۇچىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش يولىدا ئاقىۋزغان ساپ قان ـ تەرىدە .

سىز ھاياتنى قەدىرلىسىڭىز مەيلى كېيىن ياكى بالدۇر بولسۇن

خەلققە تۆھپە قوشۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولالايسىز، ئۆزىڭىزگە ئىشەنچ باغلاپ تىرىشىپ ئىزلەنسىڭىز ھاياتىڭىز بىھۇدە ئۆتۈپ كەتمەيدۇ، ئەلۋەتتە.

(«شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلىدىن ئېلىندى)

## ھېمىڭۋاينىڭ نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتى مۇراسىمىدىكى نۇتقى

مەن سۆز ئۈينىتىشقا ماھىر ئەمەس، نۇتۇق قابىلىيىتىممۇ چاغلىق. بۇ يەردە مەن پەقەت نوبېل مۇكاپاتىنى باھالاش ھەيئىتىدىكىلەرنىڭ ماڭا بۇ مۇكاپاتنى بېرىشنى قارار قىلغانلىقىغا رەھمەتلا ئېيتالايمەن، خالاس.

ھەرقانداق بىر يازغۇچى ئۆزىنىڭ ئۆزىدىن ئىلگىرى نۇرغۇن ئۇلۇغ يازغۇچىلار ئېرىشىپ باقمىغان بۇ مۇكاپاتقا نائىل بولغانلىقىنى بىلگەن چېغىدا بىئارام بولماي، خىجىللىق ھېس قىلماي تۇرالمايدۇ. بۇ يەردە ئاشۇنداق ئۇلۇغ يازغۇچىلارنى بىر - بىرىدىن ساناپ ئۆتۈش مۇمكىن. سورۇنىمىزدا ئولتۇرغان ھەربىر كىشىمۇ ئۆزىنىڭ بىلىمى ۋە ۋىجدانىغا مۇناسىپ ھالدا كۆڭلىدىكى تىزىملىكنى ئوتتۇرىغا قويالايدۇ.

مۇكاپات تاپشۇرۇۋېلىش نۇتقۇمنى دۆلىتىمىزنىڭ باش ئەلچىسىنىڭ ئوقۇپ بېرىشىگە ھاۋالە قىلدىم. لېكىن، بىر يازغۇچىنىڭ ھېس قىلغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى بىرەر نۇتۇق بىلەنلا ئىزھارلاپ بولۇش مۇمكىن ئەمەس، بىر يازغۇچىنىڭ ئەسىرىدىكى مەلۇم نەرسىلەرنى كىشىلەر دەماللىققا چۈشىنىپ كەتمەسلىكى مۇمكىن. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، يازغۇچى پات - پاتلا بەختسىز ھالغا چۈشۈپ قالىدۇ. لېكىن، ئۇ چۈشىنىكسىز نەرسىلەر تەدرىجىي روشەنلىشىدۇ، ھامان ئايدىڭلىشىدۇ. مۇشۇنداق نەتىجە ۋە يازغۇچىنىڭ ئۆزىگە خاس تالانتىنىڭ دەرىجىسىگە ئاساسەن يازغۇچىنىڭ نامى تارىخ بېتىگە پۈتۈلىدۇ ياكى كىشىلەر قەلبىدە

مەڭگۈ يادلىنىدۇ .

ئەڭ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان يېزىقچىلىق ــ بىر خىل غېرىبانە تۇرمۇشتۇر . يازغۇچىلارنىڭ مەلۇم بىر شەكىلدە تەشكىللىنىشى ئۇلارنى مۇقەررەر ھالدا تەنھالىقتىن مۇستەسنا ئېتەلىسىمۇ ، لېكىن مەن ئۇنداق نەرسىلەرنىڭ يازغۇچىنىڭ ئىجادىيىتىنى ئىلگىرى سۈرەلەيدىغانلىقىدىن گۇمانلىنىمەن . ئاۋام ئارىسىدا ئۆسۈپ ـ يېتىلگەن يازغۇچى تەبىئىي ھالدا غېرىبلىق ئازابىغا دۇچار بولماسلىقى مۇمكىن ، لېكىن ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ھەمىشە نام ـ نىشانسىز ئادەتتىكى نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ . تەنھا مۇ- ھىتتا مۇستەقىل ئىجادىيەت ئېلىپ بارغان يازغۇچى ( ھەقىقەتەن كارامەت ئىگىسى بولسىلا ) كۆندە دېگۈدەك مەڭگۈلۈك نەرسىلەرگە يۈزلىنىپ تۇ- رۇشى ياكى مەڭگۈلۈك خاراكتېر كەمچىل بولغان ھادىسىلەرنى كۆزىتىپ تۇرۇشى كېرەك .

ھەقىقىي بىر يازغۇچى ئۈچۈن ئېيتقاندا ، ھەربىر پارچە كىتاب ئۇنىڭ ئۆزى تېخى يېتىپ بولالمىغان ساھەلەر ئۈستىدە داۋاملىق ئىزدە- نىشنىڭ يېڭى باشلىنىش نۇقتىسى بولۇشى كېرەك . يازغۇچى چوقۇم كىشىلەر ئىلگىرى قىلىپ باقمىغان ياكى قىلىپ باشقا ئېلىپ چىقالمىغان ئىشلارنى سىناپ بېقىشقا ئۆزىنى ئەبەدىي بېغىشلىشى لازىم . شۇندىلا ئۇ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش شەرىپىگە ئېرىشەلەيدۇ .

مۇبادا ، ئىلگىرى يېزىلىپ بولغان ئەسەرنى يەنە باشقىچە بىر ئۇسۇل بىلەن يېڭىۋاشتىن يازىدىغان ئىش بولسا ، ئۇنداقتا ئەدەبىي ئىجا- دىيەت ئۇيۇنچۇقتا ئوخشاپ قالىدۇ . ئىلگىرىكى پېشىۋالىرىمىز بىزگە ئۇ- لۇغۋار نەتىجىلەرنى قالدۇرۇپ كەتتى . دەل ئاشۇ نەتىجىلەر بىر ئاددىي يازغۇچىنى ئۆزى يېتىپ بېرىش ئېھتىمالى بولغان يىراق جايغا باشلاپ بارىدۇ ؛ غېرىب ۋە تايانچىسىز مۇھىتتا ئەسىر قىلىدۇ .

بىر يازغۇچى بولۇش سۈپىتىم بىلەن جىق سۆزلەپ سالدىم . يازغۇچى ئۆزى دېمەكچى بولغان گەپلەرنى ئاغزاكىلا بايان قىلماستىن ، بەلكى يېزىپ قالدۇرۇشى كېرەك .

ئىزاھات : ھېمىڭۋاي ئەينى ۋاقىتتا مۇكاپات تاپشۇرۇۋېلىش مۇراسىمىغا

قاتنىشالمىغان، ئۇنىڭ بۇ نۇتقىنى ئەينى ۋاقىتتىكى ئامېرىكىنىڭ باش ئەلچىسى جون · C · كابوت ۋاكالىتەن ئوقۇغان.

(«ئاسىيا كىندىكى» گېزىتىدىن ئېلىندى.)

## ۋاز كېچىشنىمۇ ئۆگىنىۋېلىڭ

يېڭى ئېچىلغان تاغ گۈلىگە ئېرىشىش ئۈچۈن راھەتبەخش شەھەردىن ۋاز كېچىشىڭىزگە، تاغقا ياماشقۇچى ئەزىمەت بولۇش ئۈچۈن يۇمران، ئاپئاق تېرىڭىزدىن ۋاز كېچىشىڭىزگە، قۇملۇقلارنى كېسىپ ئۆتۈش ئۈچۈن ئۇسسۇزلۇقلاردىن ۋاز كېچىشىڭىزگە، مەڭگۈلۈك ئالقىشقا ئېرىشىش ئۈچۈن ئابرۇيپەرەسلىكتىن ۋاز كېچىشىڭىزگە توغرا كېلىدۇ.

تۇرمۇش گاھىدا سىزنى ھوقۇقىڭىزنى ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە، پۇرسەتنى قولدىن بېرىشكە، ھەتتا مۇھەببەتتىنمۇ ۋاز كېچىشكە مەجبۇرلايدۇ. ئېرىشمەن دېگەن نەرسىڭىزگىلا ئېرىشەلىشىڭىز ناتايىن، شۇڭا تۇرمۇشتا ۋاز كېچىشنىمۇ ئۆگىنىپ قويۇشىڭىز كېرەك.

كەچكى شەپەق پاتمىسۇن دېيىش ساراڭلىق، كەچكىچە ياشلىق باھاردىن ئاھ ئۇرۇپ يۈرۈش ئەخمەقلىق. ھەممە نەرسىگە ئېسىلىۋالىدىغان ئادەم ھەمىشە تېخىمۇ قىممەتلىك نەرسىسىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ. ئائىلىنىڭ ئىللىقلىقىدىن قىيالمىسىڭىز، باشلىماقچى بولغان سەپىرىڭىزنى كىشەنلەپ قويىسىز، قولىڭىزدىكى يېڭىلا ئېچىلغان گۈلگە ھېرىسمەن بولۇپ كەتسىڭىز، گۈزەل ياشلىق باھارىڭىزغا دەخلى يەتكۈزۈپ قويىسىز!

بۈگۈنكى ۋاز كېچىش ئەتىكى ئېرىشىش ئۈچۈندۇر. چوڭ ئىشلارنى قىلىدىغانلار ۋاقىتلىق ئېرىشىش ۋە يوقىتىپ قويۇشلارغا پىسەنت قىلىپ كەتمەيدۇ. نېمىدىن ۋاز كېچىشنى بىلىدۇ. ۋاز كەچسىڭىز ئالغا باسىسىز، نۇرغۇن باش ئاغرىقلىرىدىن قۇتۇلۇپ قالىسىز.

ۋاز كېچىش سىزنى كەڭ قورساق ۋە خۇشخۇي كۆرسىتىدۇ. ۋاز كەچسىڭىز كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىسىز، تەشەب-

بۇسكار بولىسىز، ۋاز كەچسىڭىز تېخىمۇ زېرەك، تېخىمۇ قابىل، تېخىمۇ بەردەم بولىسىز.

دوستۇم، ۋاز كېچىشنىمۇ ئۆگىنىپ قويۇڭ، مۇھەببەتتىكى مەغلۇبىيىتىڭىزدىن قايغۇرۇشتىن، ھاقارەتلىنىشتىن شەكىللەنگەن ئاداۋەتتىن، ئېيتقىلى بولمىغان كۆڭۈل ئاغرىقلىرىدىن ۋاز كېچىڭ؛ روھىڭىزنى خورىتىدىغان تۈگىمەس ماجىرالاردىن ۋاز كېچىڭ؛ ھوقۇق ئۈچۈن ئېلىشىشتىن، پۇلپەرەسلىكتىن، قۇرۇق نام ئۈچۈن بولىدىغان تالاش-تارتىشلاردىن ۋاز كېچىڭ؛ ئەرزىمەس، ئەھمىيەتسىز، ئارتۇقچە نەرسىلەردىن ۋاز كېچىشكە تېگىشلىك نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىدىن ۋاز كېچىڭ!

(«مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىدىن ئېلىندى.)

يۇقىرىدا ئۆرنەك ئۈچۈن بېرىلگەن ماقالىلەرنىڭ ھەربىرىدە چوڭقۇر پەلسەپىۋى پىكىرلەر ئارقىلىق قانداق سەۋەبلەر ئارقىلىق قانداق نەتىجىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىدىغانلىقى تولىمۇ ماھىرلىق بىلەن دەلىللەنگەن.

### 5) سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق دەلىللەش ئۇسۇلى

بۇ خىل دەلىللەش ئۇسۇلى كۆپ قوللىنىلىدىغان ئۇسۇللارنىڭ بىرى بولۇپ، مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ماقالە-ئەسەرلەرنىڭ مەلۇم پىكىر قاتلىمىدىكى تارماق نۇقتىئىنەزەرنى دەلىللەش ۋە ئىسپاتلاش ئارقىلىق مەركىزىي نۇقتىئىنەزەرنى قايىل قىلارلىق دەلىللەش ۋە ئىسپاتلاش ئۈچۈن بىر-بىرىگە قارىمۇ قارشى ياكى ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل ئىدىيە، ئىككى خىل قاراش، ئىككى خىل ئەخلاق، ئىككى خىل پەزىلەت، ئىككى خىل ھالەت، ئىككى خىل شەيئى... قاتارلىقلارنى سېلىشتۇرۇپ بۇلارنىڭ پەرقى، ماھىيىتى، نەتىجىسى... قاتارلىقلار تەھلىل قىلىنىدۇ. مىسال ئۈچۈن تۆۋەندىكى ئۆرنەكلەرنى كۆرۈپ ئۆتەيلى:

# ياشلىق

ۋولمان ( ئامېرىكا )

ياشلىق ــ ھايات مۇساپىگىزدىكى بىر مەزگىل ئەمەس ، بەدىنىڭىزنىڭ قىرانلىقى ۋە مەڭزىڭىزنىڭ قىزىللىقىمۇ ئەمەس ، بۇ قەلبىڭىزدىكى بىر خىل ھالەت ، كاللىڭىزدىكى بىر ئۇقۇم ، ئەقلىي تەپەككۇرىڭىزدىكى ئىجادىيىتىڭىزنىڭ يوشۇرۇن كۈچى ، ھېسسىي پائالىيىتىڭىزدىكى بىر خىل جۇشقۇنلۇق ، ھايات باھارىڭىزنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىكى بىر خۇش ھىدلىق ھاۋا .

ياشلىق شېرىن رومانىنىڭ مۇھەببەتتىن ئۆز رازىلىقى بىلەن ۋاز كېچىش ، تۇرمۇش قايناملىرىدا ئۇزۇشتىن دېرەك بېرىدۇ . قورۇنۇش ، قورقۇش ۋە نەپسىڭىز ئۇستىدىن غالىب كېلىدىغان يۈرەك ۋە پەزىلەتتىن دېرەك بېرىدۇ . ھالبۇكى ئاتمىش ياشلىق ئەرلەردە بۇنداق يۈرەك ۋە پەزىلەت يىگىرمە ياشلىق يىگىتلەردىن كۆپرەك بولىدۇ . ھېچكىم ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قېرىپ كەتمەيدۇ ، بەلكى غايىنىڭ يوقىلىشى بىلەن ئىنسانلاردا قېرىلار مەيدانغا كەلگەندۇر .

يىللار تېرىڭىزدە قورۇقلار قالدۇرالايدۇكى ، قەلبىڭىزدە تاتۇق قالدۇرالمايدۇ . غەم ، قورقۇش ، ئۆزىڭىزگە بولغان ئىشەنچىنىڭ كەملىكىلا سىزنى ۋاقىتنىڭ چاڭ ــ توزانلىرى ئارىسىدا مۇكچەيتىدۇ .

مەيلى ئاتمىش ياشلىق ياكى ئون ئالتە ياش بولسۇن ، ھەممە كىشى كەلگۈسىگە ئىنتىلىدۇ ، ھەممە كىشىلىك تۇرمۇش رىقابىتىدىكى خۇشاللىققا بالىلارچە قەلب بىلەن چەكسىز تەشنادۇر . سىزنىڭمۇ ۋە مېنىڭمۇ قەلبىمىزنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا ئوخشاشلا بىر رادىئو ئاپپاراتى بار . ئۇ كىشىلەر ئارىسىدىن ، بىپايان زاماندىن ۋە ماكاندىن گۈزەللىك ، ئۈمىد ، خۇشاللىق ، جەسۇرلۇق ۋە كۈچ ـ قۇۋۋەت ئۇچۇرلىرىنى توختىماي قوبۇل قىلىپلا تۇرسا ، سىز بىلەن مەن مەڭگۈ ياش تۇرىۋېرىمىز .

ناۋادا بۇ رادىئو ئاپپاراتى كاردىن چىقسا ، سىزنىڭ قەلبىڭىزنى ھېچ ئىشقا خۇشياقماسلىق ۋە ئۈمىدسىزلىكنىڭ مۇزى قاپلاپ كەتسە ، سىز تېخى ئەمدىلا يىگىرمە ياشقا كىرگەن بولسىڭىزمۇ قېرىپ كېتىسىز ؛ ئەگەر بۇ رادىئو ئاپپاراتى باشتىن ـ ئاخىر قەلبىڭىزدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرسا ، ئۈمىدۋارلىق بىلەن ئىنتىلىپ تۇرىدىغان ھەر بىر رادىئو دولقۇنىنى قوبۇل قىلىپ تۇرسا ، ياش پېتى تۇرغان سەكسەن يېشىڭىزدا ئالەمدىن ئۆتىشىڭىزدىن ئۈمىد بار .

ئەسكەرتىش : « ياشلىق » ناملىق بۇ قىسقا ئەسەرنى ئامېرىكىلىق ۋولمان بۇنىڭدىن يەتمىش نەچچە يىل ئىلگىرى ئېلان قىلغان . ئامېرىكا گېنېرالى مېكئاسى ئۇنى چىرايلىق سۈرەت رامكىسىغا ئېلىپ ، پۈتكۈل تىنچ ئوكيان ئۇرۇشى جەريانىدا خىزمەت ئۈستىلىگە تىزىپ قويغان ، كىشىلەر بىلەن قىلغان سۆھبەتلىرىدە ھەمىشە « ياشلىق » تىن نەقىل كەلتۈرگەن . كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى شۇكى ، بۇ ئەسەر كېيىنچە تۇرغۇنلىغان ياپونىيىلىكلەرنىڭ كىشىلىك تۇرمۇش پەلسەپىسىنىڭ ئاساسى بولۇپ قالدى ، ئۇلار ھەتتا بۇ ئەسەرنى يېنىدىن ئاجراتمايدىغان پورتمالغا سېلىپ ساقلاشتى . سۇكشىيا شىركىتىنى قۇرغۇچى سۇڭ شىياشىنژجۇ : كۆپ يىللاردىن بۇيان ، « ياشلىق » ھەمىشە مېنىڭ دەستۇرۇم بولۇپ كەلدى ، دېگەنىدى .

« مىللەتلەر ئىتتىپاقى » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى . )

## پۇل بىلەن ئەخلاقنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا

سىدىق يۈسۈپ

دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىۋاتقان تارىخىي دەۋردە ، پۇل بىلەن ئەخلاق بارغانسېرى كىشىلەر تۇرمۇشىدىكى قىزىق نۇقتىغا ئايلىنىپ قالدى . پۇل ھەقىقەتەن ياخشى نەرسە ، يەر شارىدا ياشاۋاتقان ھەربىر ئىنسان ئۇنىڭدىن ئايرىلالمايدۇ . تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا ، بىزنىڭ تىرىشىپ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم

قۇرۇشىمىزمۇ ، خەلقنى باي ، دۆلەتنى كۈچلۈك قىلىشىمىزمۇ ئەلۋەتتە
پۇلدىن ئايرىلالمايدۇ .

لېكىن ، رېئال تۇرمۇشىمىزدا ، كىشىلەرنىڭ پۇلغا بولغان ئىنتى-
لىشى ۋە ئۇنى ئىشلىتىش جەريانىدا باشتىن - ئاخىر ئىككى خىل ئوخ-
شىمىغان كىشىلىك قىممەت قارىشى مەۋجۇت بولۇپ كەلدى ھەم ئۇنىڭغا
« ئەخلاق » نىڭ تامغىسى بېسىلدى . بىزگە مەلۇم ، ئەخلاق - ئېتىكا
ئىلمىنىڭ تەتقىقات كاتېگورىيىسىگە تەۋە بولۇپ ، ئوخشىمىغان ئىجتىما-
ئىي ئىدېئولوگىيە ھۆكۈم سۈرگەن تارىخىي مەزگىللەردە ئۇنىڭ ئۆز ئى-
چىگە ئالغان مەنىسىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ . ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيىنىڭ
بىرى بولغان ئەخلاق بىر خىل ئىجتىمائىي ئەدەب - قائىدە بولۇش سۈ-
پىتى بىلەن كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تەڭشەپ ، جەمئىيەت-
نىڭ نورمال تەرتىپىگە كاپالەتلىك قىلىدۇ . ئۇنىڭ قانۇنىي ۋاسىتىلەرگە
ئوخشاش مەجبۇرلاش رولى بولمىسىمۇ ، لېكىن ئەخلاقنىڭ چەكلەش
رولى جامائەت پىكرى ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتىنى ئەخلاق قائى-
دىسى ئىچىدە چەكلەپ تۇرىدۇ .

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تېز تەرەققىي قىلىۋاتقان بۈگۈنكى
كۈندە ، كىشىلەرنىڭ پۇل ئېڭى ئۈزلۈكسىز كۈچىيىپ بارماقتا . شۇڭا ،
ھەر ساھە ، ھەرقايسى كەسىپلەردىكى ئوخشىمىغان كىشىلەرنىڭ مەنپە-
ئەت ، پۇل ھەققىدە سۆزلىمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس . ئىقتىسادشۇناسلار ،
جەمئىيەتشۇناسلارنىڭ نەزەرىيىۋى ماقالىلىرىدىمۇ بۇ مەسىلە ئۈزلۈكسىز
بايان قىلىنىپ كەلدى . بايلىقتا ، پۇلغا ئېرىشىشنىڭ جەريانى بىر خىل
ئەخلاق بولسا ، بايلىقنى جايىدا ئىشلىتىش، پۇلنىڭ قىممىتى ۋە ئۇنىڭ
رولىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ئۆزى يەنە بىر خىل ئەخلاق بولۇپ ، بۇ
يەردىكى مەسىلە چىنلىق ، ياخشىلىق ، گۈزەللىك بىلەن ساختىلىق ، يا-
مانلىق ، رەزىللىك ئايرىمىسىدىن ئىبارەت . پۇلنى ئۈمىد قۇرۇلۇشى ،
ئىلىم - مەرىپەت ئىشلىرى قاتارلىق ئەھمىيەتلىك ئىشلارغا ئىشلەتسە ،
پۇلمۇ شۇ ھامان ئۆز ئىگىسىگە شان - شەرەپ كەلتۈرۈپ ، ئۇنىڭ شۆھ-
رىتىنى ئاشۇرىدۇ . بۇنداق ئەخلاق ۋە پەزىلەتنى ئەلۋەتتە تىللاردا داس-

تان قىلىشقا ئەرزىيدۇ . لېكىن ، بەزى كىشىلەر بولسا ئەيش ـ ئىشرەت ، كەيپ ـ ساپاغا بېرىلىپ ، پۇلنى بۇزۇپ ـ چېچىشقا رازىكى ، بىر ئەھمەيەتلىك ئىشقا ئازراق پۇل چىقىرىشقا كۆڭلى قىيمايدۇ . بۇ خىل پۇل قارىشى ئىنتايىن پەسكەشلىك بولۇپ ، ئادەم بولۇشنىڭ ئەقەللىي ئەخلاق ئۆلچىمىگىمۇ ئۇيغۇن كەلمەيدۇ . شۇڭا ، ئەخلاق بىر خىل ئىچكى باغلىنىشلىققا ئىگە مەنىۋى ئۆلچەم . ئەگەر پۇل بىلەن شەخسىي ھەۋەس ، ئاچ كۆزلۈك بىرلىشىپ كېتىدىغان بولسا ، ئۇ ھالدا ئەخلاقنىڭ تارازىسىدا ئىنتايىن زور ئېغىش يۈز بېرىدۇ . بۇ چاغدا پۇل جىنايەتنىڭ مەركىزىگە ئايلىنىپ قالىدۇ . قەدىمكىلەر : « پۇل بولسا جاڭگالدا شورپا » ، « پۇل بولسا شەيتاننىمۇ ئۇسسۇلغا سالغىلى بولىدۇ » دەيدۇ . ئەنگلىيىلىك مەشھۇر دراماتورگ شېكسپىر ئۆزىنىڭ ئەسىرىدە : « پۇل ۋە ئالتۇن بولسىلا چىرايلىرى ھېلىلىدەك قورۇلۇپ كەتكەن تۇل خوتۇنلار قايتىدىن قىز بولالايدۇ ، پۇل ۋە ئالتۇن بولسىلا ئادەمنىڭ ياشلىق باھار مەزگىلىدىكى كېلىشكەن ھۆسن ـ جامالىنى ۋە پىگورىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولىدۇ » دەپ يازىدۇ . بۇ بىر نەچچە ئېغىز گەپ پۇلنىڭ ماھىيىتىنى تازا چوڭقۇر ئېچىپ بەرگەن .

ئىسلاھات ، ئېچىۋېتىش سالمىقىنىڭ يەنىمۇ زورىيىشى ، دۆلەت دەۋرازىسىنىڭ يەنىمۇ كەڭ ئېچىۋېتىلىشىغا ئەگىشىپ ، رېئال تۇرمۇشتا بەزى كىشىلەر پۇل ۋە بايلىققا ئېرىشىشتە قولىدىن كېلىدىغانلىكى ۋاسىتىلەرنى قوللىنىپ ، باشقىلارنى زىيانغا ئۇچرىتىش ، ئالداش قاتارلىق ھىيلە ـ نەيرەڭلەر ئارقىلىق شەخسىي ئارزۇسىغا يېتىش ئۈچۈن ۋىجدانىنى ساتتى ، كىشىلىك قەدىر ـ قىممىتىنى يوقاتتى ، بۇ جاھاندا ئار ـ نومۇس دېگەننىڭ بارلىقىنى بىلمىدى ، مال ـ دۇنيانى كۆزلەپ قاتىللىق قىلىپ ئادەم ئۆلتۈردى . يەنە بەزىلەر مۇھىم ئورۇنلاردا ئىشلەپ قولىدا چوڭ ھوقۇقنى تۇتۇپ تۇرغان بولسىمۇ ، خىيانەتچىلىك ، پارىخورلۇق قىلماقتا ، پۇل بىلەن ھوقۇق سودىسى قىلماقتا ، پۇل بىلەن شەھۋانىيلىق سودىسى قىلماقتا . قانۇننى بىلىپ تۇرۇپ قانۇنغا خىلاپلىق قىلماقتا . ئۇلاردىكى توغرا ئەخلاق قارىشى نەگە كەتتى ؟ ئۇلارنىڭ بۇ خىل قىلى-

مىشلىرىغا قارىتا يەنە قانداقمۇ ئەخلاقتىن سۆز ئاچقىلى بولسۇن ؟ پۇلغا بولغان ھەۋەس ئۇلارنىڭ ئىنسانىي تەبىئىتىنى سۇسلاشتۇرۇۋەتتى ، بەزىلەر ھەتتا جىنايەت ئۆتكۈزۈش يولىغا ماڭدى .

قىسقىسى ، بەزىلەر پۇل ئۈچۈن ۋىجدانىنى يوقاتسا ، بەزىلەر پۇل ئارقىلىق جەمئىيەتكە ، مىللەتكە ، ئىنسانلارغا پايدىلىق ئىشلارنى قىلىپ ۋەبەخت يارىتىپ ، پۇل ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئۇلۇغ ، ئالىيجاناب خىسلەتىنى نامايان قىلماقتا . ئالايلۇق ، پىچان ناھىيىسىدە ئالدىن بېيىغان دېھقان ، شىنجاڭ بويىچە « ئۈزۈم پادىشاھى » دەپ نام ئالغان مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى ئىسمائىل قۇربان يېقىنقى بىرقانچە يىلدىن بۇيان مائارىپقا ئىككى يۈز سەكسەن مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پۇل ئىئانە قىلىپ پىچان ناھىيىسىنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن زور تۆھپە قوشتى . پۇل پەقەت مۇشۇنداق كىشىلەرنىڭ قولىدىلا كۆزنى چاقنىتىدىغان شانلىق مۆجىزىلەرنى يارىتالايدۇ .

پۇل پەيدا بولغان كۈندىن باشلاپلا ئەخلاقنى ئۆزىگە ئايرىلماس ھەمراھ قىلىۋالغان . پۇل بىر پارچە سۈزۈك ئەينەك بولۇپ ، ئوخشىمىغان كىشىلىك پەزىلەت ، ئوخشىمىغان قىممەت قارىشى ئۇنىڭ ئالدىدا روشەن ئايان بولىدۇ . ئۇ يەنە چىنلىق ، ياخشىلىق ، گۈزەللىك بىلەن ساختىلىق ، يامانلىق ، رەزىللىكنى پەرق ئېتىدىغان ئۆلچەم . ئۇ چېرىك ئىدىيە بىلەن ئۇچراشقان ھامان ئادەمنى جىنايەت يولىغا باشلايدۇ . ئۇ يەنە ئۇلۇغ ئالىيجاناب پاك ئىدىيە بىلەن بىرلەشكەندە خۇددى نۇرلۇق يۇلتۇزغا ئوخشاش مەڭگۈ چاقناپ تۇرىدۇ .

( « شىنجاڭ ياشلىرى » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى . )

# ياشلار تۇرمۇشقا توغرا مۇئامىلە قىلىش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈشى لازىم

زەيتۇنە مامۇت

ھازىر بىر قىسىم ياشلاردا ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنىڭ كەمچىل بولۇشى ، ئۆزىنىڭ كەلگۈسىگە توغرا باھا بېرەلمەسلىكى تۈپەيلىدىن ھەمىشە بىئاراملىق ھېس قىلىدىغان ، ئۆزىنى تۆۋەن كۆرىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلمەكتە . كىشىلىك تۇرمۇشتا خۇشاللىق بىلەن قايغۇ ، مۇۋەپپەقىيەت بىلەن مەغلۇبىيەت بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ . ياشلار تۇرمۇشقا توغرا مۇئامىلە قىلىپ ، ئۆزىگە قەتئىي ئىشىنىدىغانلا بولسا ، تۇرمۇشتا ، خىزمەتتە غالىبلار قاتارىغا ئۆتۈپ ، مۇۋەپپەقىيەت ئىشىكىنى دادىل ئاچالايدۇ .

قارىماققا بىر ئادەم مەغلۇبىيەتكە دۇچ كەلگەندە ، جەمئىيەتتە قەدىر - قىممىتى قالمىغاندەك ھېس قىلىدۇ . ئەمەلىيەتتە بىر ئادەمنىڭ بىرەر قېتىم ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىشى ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ جەمئىيەتتە ھېچقانداق قىممىتى قالمىغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ . ياشلار مەغلۇبىيەتكە دۇچ كەلگەندە باشقىلاردىن ئاغرىنماي ، ئۈمىدسىزلەنمەي ئۆزىنىڭ قەدىر - قىممىتىنى قايتا نامايان قىلىش ئۈچۈن تىرىشسىلا ، ئۆزىنىڭ قىممىتىنى قايتا تاپالايدۇ .

مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلارنىڭ ھەممىسى مەغلۇبىيەتنى بېشىدىن كەچۈرمىگەنلەر ئەمەس ، بەلكى ئۇلار مەغلۇبىيەتتىن ساۋاق ئېلىپ ئىجتىھات بىلەن تىرىشقانلاردۇر . « مەغلۇبىيەت غەلىبىنىڭ ئانىسى » دېگەن گەپ بار . ياشلارنىڭ تۇرمۇشتىكى بىرەر قېتىملىق ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىشى ياكى بىرەر ئىشتا كۆزلىگەن مەقسىتىگە يېتەلمەي مەغلۇپ بولۇپ قېلىشى كۆپ ھاللاردا دەل ئۇلارنىڭ ئۇيقۇسىنى ئېچىپ ، يول ئېچىپ ئالغا

ئىلگىرىلىشىنىڭ مۇۋاپىق پۇرسىتى بولۇپ قالىدۇ . شۇڭا ، ياشلار بۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇشى لازىم .

ئۆزىنى كەمسىتىش ، ئۆزىنى ئۆزى ئالداش ، تەقدىرگە تەن بېرىش ، ئۆزىگە ئىشەنمەسلىك ، چۈشكۈنلىشىشتەك روھىي ھالەتلەر ياشلارنى مۇقەررەر ھالدا مەغلۇبىيەتكە ئېلىپ بارىدۇ . ئەگەر ئادەمدە « مەن باشقىلارغا مەڭگۈ يېتەلمەيمەن » دېگەن گۇمانىي قاراش پەيدا بولۇپ ، بوشىشىپ كەتسە ، ھېچ ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالمايدۇ . شۇڭا ، ياشلار يۇقىرىقىدەك روھىي ھالەتنى تۈگىتىپ ، كۈچلۈك رىقابەت ئېڭىنى يېتىلدۈرۈشى لازىم .

مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلارنىڭ ئادەتتىكى كىشىلەرگە ئوخشىمايدىغان يېرى — دەل ئۇلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت بىلەن مەغلۇبىيەتكە توغرا مۇئامىلە قىلالىغانلىقى ھەمدە مۇۋەپپەقىيەت بىلەن مەغلۇبىيەتنىڭ سەۋەبلىرىنى توغرا تەھلىل قىلىپ ، تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ ، ئۆزىگە قەتئىي ئىشەنگەن ھالدا يول ئېچىپ ئىلگىرىلىيەلىگەنلىكىدە .

ئىسلاھات ، دولقۇنلىرىدا ئۈزۈپ كېتىۋاتقان ياشلىرىمىز دۇچ كېلىۋاتقان ۋاقىتلىق قىيىنچىلىقتىن قورقۇپ ، ئىشەنچىنى يوقىتىپ قويىدىغان ناچار روھىي ھالەتنى قەتئىي يېڭىپ ، كەسىپ قارىشىنى ۋە ئىشقا ئورۇنلىشىش قارىشىنى يېڭىلاپ ، ئۆز ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرالايدىغان كەسىپلەرنى تاللاپ ، ئۆزلىرىنىڭ كىشىلىك قەدىر ـ قىممىتىنى نامايان قىلىش ئۈچۈن تىرىشىشى لازىم .

( « شىنجاڭ گېزىتى » دىن ئېلىندى » )

## تۇرمۇش

كىشىلىك ھاياتتا ئىنسان تۇرغۇن ئىسسىق ـ سوغۇقنى بېشىدىن كەچۈرىدۇ . مانا بۇ ھەقىقىي تۇرمۇش . تۇرمۇشنىڭ مۇشۇ ئىسسىق ـ سوغۇقلىرىغا بەرداشلىق بېرىپ ، ئۆز غايىلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرغانلار

تۇرمۇشنىڭ غالىبلىرى ھېسابلىنىدۇ.

ياشايمەن دەيدىكەنمىز، تۇرمۇش كەچۈرۈشىمىز كېرەك. ئۆمىدۋار، ئەركىن ـ ئازادە، ئالغا ئىنتىلىش روھى بىلەن ياشاش، بۇ بىر خىل تۇرمۇش، ئۈمىدسىز، غەمكىن، بىمەنە ياشاش بۇمۇ بىر خىل تۇرمۇش. ياشايمەن دەيدىكەنمىز تۇرمۇشتىن باش تارتىپ بولالمايمىز. شۇنداق تۇرۇقلۇق نېمە ئۈچۈن ياخشىراق يولنى تاللىمايمىز!

مەشھۇر زاتلارنىڭ تۇرمۇشقا تۇتقان يوللىرىنىڭ ھەممىسى دانا بولۇشى ناتايىن. بۇ جەھەتتە مەن نامرات ئائىلىدە دۇنياغا كېلىپ، كېيىن كارخانىچى بولۇپ يېتىشىپ چىققان ئامېرىكىلىق پولات پادىشاھى كارنېگىنىڭ ھاياتىغا ھەۋەس قىلىمەن. ئۇنىڭ بالىلىق ۋاقتى تىرىشچان، ياشلىق ۋاقتى سۇباتلىق، ياشانغان دەۋرى خاتىرجەم ئۆتكەن.

بەزىلەر ياشاشنىڭ لەززىتى قالمىدى دېيىشىدۇ. لېكىن، ھەممە ئادەمگە لەززەتلىك تۇرمۇش نەدە تۇرۇپتۇ؟ دەل تۇرمۇشنىڭ جەبىر ـ جاپالىقلىقىدىن، كىشىلەر ئۈمىدلىك ۋە ئۈمىدسىز، زېرەك ۋە نادان، ئۇلۇغ ۋە ئاددىي دەپ ئايرىلغان. تۇرمۇش ھەممىلا جايدا ئادىل ھەم ئورۇنلۇق بولىۋەرمەيدۇ. ھەممىلا جايدا ئادىل ھەم ئورۇنلۇق بولغىنى تۇرمۇش ئەمەس، چۈش.

تۇرمۇش ئەنە شۇنداق، تولا نالە قىلىشنىڭ نېمە ھاجىتى، ئوي ـ دوگغۇل يولدا يىقىلىپ چۈشسەك ئورنىمىزدىن تۇرۇپ، يولىمىزنى ماڭىۋەرسەك بولىدىغۇ. يىقىلغان يېرىمىزگە مىڭ مەرتىۋە ۋايساپ، غەزەپ بىلەن نەچچىنى دەسسەپ قويۇشنىڭ نېمە ھاجىتى.

تۇرمۇش ئەمەلىيەتتىن چەتنىگەن نۇرغۇن خام خىياللارنى بىتچىت قىلىۋېتىدۇ. لېكىن، بىزنىڭ بۇنداق خىياللارنى كەم قىلىدىغان چاغلىرىمىز دەل بىزنىڭ نۇرغۇنلىغان سەبىي ساپلىقىمىزنى يوقاتقان، ئەمما تېخىمۇ پىشىپ يېتىلىشكە قاراپ ماڭغان ۋاقتىمىزدۇر.

ھەممە ئادەم ياخشى كۈن كەچۈرۈشنى ئارزۇ قىلىدۇ. بۇنىڭ خاتا يېرى يوق. بىراق، ئادەم بەك نەپسانىيەتچى بولۇپ كېتىدىكەن، ئۇ چوقۇم ياخشى كۈن كۆرەلمەيدۇ.

داۋىنچكە ئائىت مۇنداق بىر ۋەقە بار : 1911 ـ يىلى ئۇنىڭ داڭلىق رەسىمى « مونالىزا » پارىژنىڭ لىلوۋر سارىيىدا يوقاپ كېتىدۇ . رەسىم ئېسىلغان جاي ئاق قالىدۇ . كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى شۇكى ، ئىككى يىلدىن كېيىن بۇ ئاق قالغان جايىنى كۆرگىلى كېلىدىغانلار بۇرۇن رەسىمنى كۆرگىلى كېلىدىغانلاردىن نەچچە ھەسسە ئېشىپ كېتىدۇ . مانا بۇ تۇرمۇشنىڭ ھەزىللىكى .

تۇرمۇشنى مەن مۇنداق تەسەۋۋۇر قىلىمەن : كۆز يېشىغا چىلىنىپ چىققان كۆلكە شېرىن بولىدۇ ، غەم ـ قايغۇدىن كېيىن ئېيتىلغان ناخشا مۇڭلۇق بولىدۇ ، تىگىرقاشتىن يۇلۇنۇپ چىققان روھ سەگەك بولىدۇ ، يالغۇزلۇقتىن قۇتۇلغان قەلب كۆتۈرەڭگۈ بولىدۇ .

( « مىللەتلەر ئىتتىپاقى » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى . )

يۇقىرىدا ئۆرنەك ئۈچۈن بېرىلگەن ماقالىلەرنىڭ بىرىنچىسىدە ئادەمنىڭ ئىككى خىل ياش پەرقى بىلەن ياشلىق خىسلىتى سېلىشتۇرۇلۇش ئارقىلىق دەلىللەش ئېلىپ بېرىلغان . كېيىنكىلىرىدە تۇرمۇشقا ، پۇلغا بولغان ئىككى خىل مۇئامىلە ، ئىككى خىل ياشاش ئۇسۇلى سېلىشتۇرۇلۇش ئارقىلىق دەلىللەش ئېلىپ بېرىلغان . ئۆز نۆۋىتىدە شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى ، بۇ يەردە تىلغا ئېلىنىۋاتقان سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلى پەقەت مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ئوي ـ پىكىر جەريانىدىكى نورمال لوگىكىلىق مۇناسىۋەتتىكى سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلىغا قارىتىلغان . يۇقىرىقى ماقالىلەردىكى بۇ خىل پەلسەپىۋىلىككە ئىگە سېلىشتۇرۇشنى ئوقۇپ كۆرسەكلا ئۇنىڭ بەدىئىي ۋاسىتىلەرنىڭ بىر تۈرى بولغان سېلىشتۇرۇشتىن ئىبارەت . بەدىئىي ۋاسىتە بىلەن ھەم ئوخشاشلىقتا ، ھەم پەرقتە ئىگە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالايمىز .

### 6 ) « تەمسىل كەلتۈرۈپ » دەلىللەش ئۇسۇلى

بۇ خىل دەلىللەش ئۇسۇلىدا مەركىزىي نۇقتىئىنەزەرنى ياكى مە-

لۇم پىكىر قاتلىمىدىكى ئارماق نۇقتىئىنەزەرنى دەلىللەش ۋە ئىسپاتلاش زۆرۈرىيىتى تۇپەيلىدىن خەلق ئىبىز ئەدەبىياتىدىكى مەشھۇر چۆچەك ، مەسەل ، ئەپسانە ـ رىۋايەت ، پەلسەپىۋىلىككە ئىگە لەتىپە ، يۇمۇر ... قا- تارلىقلارنى « تەمسىل » قىلىپ ( ئۇلارنى ئارىيەت ئېلىپ تۇرۇپ ) دە- لىللەش ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ . مانا مۇشۇنداق ئەھۋالدا بۇ خىل دەلىللەش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ . مىسال ئۈچۈن تۆۋەندە ئۆرنەك ئۈچۈن بېرىلگەن ماقالىلەرنى كۆرۈپ باقايلى .

## دوستلۇق ۋە سىناق

« ئىزوپ مەسەللىرى » دىكى « يولۇچى بىلەن ئېيىق » دېگەن بىر ھېكايىدە مۇنداق دېيىلگەن ، ئىككى دوست سەپەر ئۈستىدە بىر ئې- يىق بىلەن ئۇچرىشىپ قاپتۇ . بىرسى ئالمان ـ تالمان بىر دەرەخكە يامى- شىپ چىقىۋېلىپ پاناھلىنىپتۇ ، يەنە بىرسى قېچىشقا ئىمكان تاپالماي ، يەردە يېتىۋاپتۇ ـ دە ، تىن چىقارماي ئۆلگەن ئادەم قىياپىتىگە كىرىۋاپتۇ . چۈنكى ، ئېيىق جەسەت يېمەيدىكەن . ئېيىق ئۇنى بىردەم پۇراپ بېقىپ كېتىپ قاپتۇ . دەرەخكە چىقىۋالغان ئادەم پەسكە چۈشۈپ ، دوستىدىن : « ئېيىق سېنىڭ قۇلىقىڭغا نېمە دەپ پىچىرلىدى ؟ » دەپ سوراپتۇ . ئۇ : « ئېيىق ماڭا : خەتەر ئالدىدا دوستىنى تاشلاپ كەتكەن ئادەم بىلەن ھەرگىز سەپەرداش بولۇشقا بولمايدۇ دەپ ئاگاھلاندۇردى » دەپ جاۋاب بېرىپتۇ .

دوستلار ئۆزئارا ھەمدەم بولۇشى ، بىر ـ بىرىگە ياردەم بېرىدىغان بولۇشى لازىم . قىيىنچىلىق ۋە خەۋپ ـ خەتەرگە دۇچ كەلگەندە تېخىمۇ شۇنداق بولۇشى لازىم . دوستلۇق ئەنە شۇنداق پەيتلەردە سىنىلىدۇ . كىشىلىك تۇرمۇشتا تۇرمۇش قىيىنچىلىقى ، ئاغرىق ـ سىلاق ، ئاپەت ، ئوڭۇشسىزلىق ، ئۈۋالچىلىق ، كۆڭۈلسىزلىكلەر بولۇپ تۇرىدۇ . بۇنداق پەيتتە ، قۇدۇقا چۈشكەن تاشتەك غايىب بولۇش كېرەكمۇ ياكى ياردەم

قولىنى سۇنۇش كېرەكمۇ ؟ بۇ ، دوستلۇق ئورناتقان ھەربىر كىشىنىڭ جاۋاب بېرىشىگە توغرا كېلىدىغان مۇھىم مەسىلە .

دوستلۇقنى ئۆزئارا كۆيۈنۈشنىڭ بىر مۇھىم ھېكمىتىگە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن ، دوست تاللاشقا ماھىر بولۇش لازىم . تۇرمۇش تەجرىبىسى مول ، نەزەر دائىرىسى كەڭ كىشىلەر دوست تاللاشتا ، پايدا ـ زىيانىنى ئەمەس ، بەلكى ئىدىيە ، ئۆگىنىش ، خىزمەتتىكى ئورتاقلىقنى ، قارشى تەرەپنىڭ ئەخلاقىي پەزىلىتىنى ئۆلچەم قىلىدۇ .

بوتۇلكا چۆرىسىدىكى ئۇلپەتداشلىق ، ئۆزىگەكېلىدىغان پايدا ئۆلچەم قىلىنىش ئاساسىغا بەرپا بولغان دوستلۇقنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولمايدۇ ، ئۇزۇن بولغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ كىشىلىك ھاياتقا بولغان قىممىتى تايىنلىق بولىدۇ .

( « شىنجاڭ ياشلىرى » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى . )

## چۆچەكلەردىكى ئۈچ ئاچا يول

ئابلىكىم ناسىر

سىلەر « بۇلبۇلگويا » دېگەن چۆچەكنى ئوقۇغانمۇ ؟ ئۈچ ئوغۇل شاھ ئاتىسىغا ئاغزىدىن گۈل ـ تۆكۈلىدىغان خاسىيەتلىك قۇش ـــ بۇلبۇلگويانى تېپىپ ئەكېلىش ئۈچۈن يولغا چىقىپتۇ . ئۇلار يول يۈرۈپتۇ . يول يۈرگەندىمۇ مول يۈرۈپتۇ . ئاخىر ئۈچ ئاچا يولغا كەپتۇ . بىرىنچى يولغا « بارسا كېلەر » دېگەن خەت ، ئارا يولغا « بارسا يا كېلەر ، يا كەلمەس » ، ئۈچىنچى يولغا « بارسا كەلمەس » دېگەن خەت يېزىلغانىكەن . پەقەت كەنجى ئوغۇل « بارسا كەلمەس » دېگەن يولنى تاللاپتۇ . ئۇ بۇ يولدا جىن ـ دېۋىلەر بىلەن ئېلىشىپ ، ئاخىر بۇلبۇلگويانى قولغا چۈشۈرۈپ غەلىبە بىلەن قايتىپتۇ . ئاسانلا نەتىجىگە ئېرىشىشنى ئويلىغان ئاكىلىرى سەتچىلىككە قاپتۇ . سىلەر بەلكىم ، « بۇ دېگەن خىيالىي نەرسە ، نەدىمۇ ئۇنداق يوللار بولسۇن » دەپ ئويلايدىغانسىلەر ؟

بۇ يوللار ھازىرمۇ بار . ئۇ بىزنىڭ ئۆگىنىش ، تۇرمۇشىمىزدىكى بىز تاللىۋالغان يوللار . جاپالىق ئۆگىنىشنى تەس كۆرۈش ، ئىشنىڭ يەڭگىلىنى تاللاش ، ئەپلەپ ـ سەپلەپ كۈن ئۆتكۈزۈش دەل « بارسا كېلەر » ، « بارسا يا كېلەر ، يا كەلمەس » دېگەن يوللارنى تاللىغانلىق ئەمەسمۇ . جاپادىن قورقمايدىغان ، ئۇزۇن مۇددەتلىك قىيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بېرىشنى خالايدىغان ساۋاقداشلار « بارسا كەلمەس » يولنى تاللىغان ساۋاقداشلاردۇر . ئۇلار تىرىشچان ، ئىرادىلىك ، تەۋەككۈلچىلىك روھى كۈچلۈك ساۋاقداشلاردۇر . « بارسا كەلمەس يول » ، ئاڭلىماققا تاللاشقا بولمايدىغان يولدەك تۇيۇلىدۇ . ئەمەلىيەتتە ، بۇ يول بېلى بوشلار ئۈچۈن شۇنداق ، ئىرادىسى مۇستەھكەملەر ئۈچۈن « جاپالىق ، ئەمما ئۇتۇقلۇق يول » دېگەن مەنىدە .

« جاپا تارتماي ھالاۋەت يوق » . ھەقىقىي بەخت يولى جاپالىق ئىزدەنگۈچىلەرگە ، تىرىشچانلارغا مەنسۇپ . قېنى ، سىلەر قايسى يولنى تاللىماقچى ؟

( « تارىم غۇنچىلىرى » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى )

## ئىككى سۆزلۈك نەسىھەت

ئوتتۇز يىل ئىلگىرى بىر ياش يۇرتىدىن ئايرىلىپ ئۆز ئىستىقبالىنى ياراتماقچى بولۇپتۇ . ئائىلىسىدىن كىچىك ئايرىلىدىغان بولغاچقا ، نۇرغۇن غەم ـ ئەندىشىلەردىن خالىي بولالماپتۇ . ئۇ يولغا چىقىشتىن ئاۋۋال يۇرت ئاقساقىلىنى يوقلاپ بېرىپ ، ئۇنىڭدىن مەسلىھەت سوراپتۇ .

ئاقساقال ئۆز تائىپىسىدىكىلەردىن بىرىنىڭ ھاياتلىق سەپىرىگە قەدەم قويماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى ئۇقۇپ ، قولىغا قەلەم ئېلىپ « قورقما » دېگەن سۆزنى يېزىپتۇ ، ئاندىن مەسلىھەت سوراپ كەلگەن يىگىتكە : « بالام كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ سىرىنى ئىككىلا سۆزگە يىغىنچاقلىغىلى بولىدۇ ، بۈگۈن ساڭا بىر سۆزنى ئېيتىپ بەرسەم ، سەن ئۇنىڭدىن يېرىم

ئۆمۈر پايدىلىنىسەن » دەپتۇ .
ئوتتۇز يىلدىن كېيىن ھېلىقى ياش يىگىت قىرانىغا يەتكەن ئوت-تۇرا ياشلىق كىشىگە ئايلىنىپتۇ ، ئۇ بىر مۇنچە نەتىجىلەرگە ئېرىشىپتۇ، شۇنداقلا ئۆزىگە بىرمۇنچە ئۆكۈنۈشلەرنىمۇ تېپىۋاپتۇ . ئۇ ئۆز يۇرتىغا قايتىش سەپىرىدە ھېلىقى ئاقساقالنى يەنە بىر قېتىم يوقلىماقچى بولۇپتۇ .
ئۇ ئاقساقالنىڭ ئۆيىگە كەلگەندە ، ئۆيىدىكىلەردىن ئاقساقالنىڭ بىر نەچچە يىل ئىلگىرى ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى ئۇقۇپتۇ . ئۆيىدىكىلەر بىر كونۋېرتنى چىقىرىپ : « بۇ ، مۆھتەرەم ئەپەندىم ھايات ۋاقتىدا سىزگە قالدۇرغان ئامانەت ئىدى ، ئۇ سىزنى كۆنلەرنىڭ بىرىدە چوقۇم كېلىدۇ دېگەن » دەپتۇ . ھېلىقى كىشى شۇندىلا ئۆزىنىڭ ئوتتۇز يىلنىڭ ئالدىدا مۇشۇ يەردە ھاياتلىقنىڭ يېرىم سىرىنى ئاڭلىغانلىقىنى ئېسىگە ئاپتۇ . كونۋېرتنى ئېچىپ قارىسا ، « ئۆكۈنمە » دېگەن بىر سۆزنى كۆرۈپتۇ .
توغرا ، ئادەم دۇنيادا ياشىغانىكەن ، ئوتتۇرا ياش مەزگىلىگە يې-تىشتىن بۇرۇن قورقماسلىقى ، ئوتتۇرا ياش مەزگىلىگە بارغاندىن كېيىن ئۆكۈنمەسلىكى لازىم . بۇ ــ تەجرىبىلەرنىڭ جەۋھىرى ، ئەقىل - پارا-سەتنىڭ مۇجەسسەمى . بۇ ئىككى سۆزلۈك سىرنى بىر رومان ئارقىلىق چۈشەندۈرۈش مۇمكىن . ئەمما ، شۇنىڭغا ئىشىنىش كېرەككى ، ئەقىللىق كىشىلەرگە مۇشۇ ئىككى سۆزمۇ كۇپايە قىلىدۇ .
( « مىللەتلەر ئىتتىپاقى » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى . )

## يېڭى ئەسىر ھارپىسىدىكى ئويلار

خاسىيەت يۈسۈپ

بىر ئادەم قۇملۇقتا كېتىۋاتسا ، تۇيۇقسىز غايىبتىن ئۇنىڭغا : « شېغىللاردىن يانچۇقىڭغا سېلىۋال . بۇنىڭ ئۈچۈن ئەتە ھەم خۇشال بولىسەن ھەم پۇشايمان يەيسەن » دېگەن ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ .
ھېلىقى ئادەم ھەيران بولۇپ ، بىر چاڭگال شېغىل تېرىپ ، يان-

چۇقىغا سېلىۋاپتۇ . ئەتىسى قولىنى يانچۇقىغا شۇنداق سالغانىكەن ، يان-
چۇقىدىن بىبۇھا ياقۇتلار چىقىپتۇ . ھېلىقى ئادەم شېغىلنى ئالغىنىغا خۇش
بولۇپتۇ ، كۆپرەك ئېلىۋالمىغىنىغا پۇشايمان يەپتۇ .

ئەقىللىق ساۋاقداشلار ، بىلىم ئىگىلەشمۇ يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆت-
كەن تەمسىلگە ئوخشايدۇ . جاپادىن قېچىپ ، ھالاۋەت قوغلىشىپ ئۆگەن-
مىسەك ، كېيىن تولدۇرۇۋالغۇسىز پۇشايمانغا قالىمىز. بىز « ياشلىقتا ئۆ-
گەنگىنىڭ تاشقا مۆھۈر باسقاندەك » دېگەن ئاتىلار سۆزىنى ھەرگىز
ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز كېرەك .

21 ـ ئەسىر بىز ياش ـ ئۆسمۈرلەرنى يېڭى بىر دۇنياغا چاقىر-
ماقتا . دۇنيانىڭ سەھىرى بىزنى چاقىرغانىكەن . بىز دۇنيانىڭ سەھىرىگە
تولۇق تەييارلىق بىلەن كىرىشىمىز كېرەك . شۇندىلا ئۆزىمىزنىڭ پارلاق
نىشانىغا قەدەممۇ قەدەم يېقىنلىشالايمىز ۋە قۇياش باغرىغا ئۇۋا ياسى-
يالايمىز .

ياپونىيە 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن خانىۋەيرانلىق ئىچىدىن
باش كۆتۈرۈپ چىقىپ ، بۈگۈنكى رىقابەتلىك دۇنيادىكى ئەڭ باي ، ئەڭ
تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى . ئۇلار قانداق قىلىپ
شۇنچە تېز تەرەققىي قىلالىدى ؟

ياپونىيە سابىق باش ۋەزىرى دۇگجىن شىنەيلاڭ : « ئەگەر باش-
قىلار مەندىن ‹ سەن نېمىدىن پەخىرلىنىسەن › دەپ سورىسا ، مەن
ئۇلارغا ئىپتىخار بىلەن ‹ ياپونىيىدە تىرىشىپ ئۆگىنىدىغان يېڭى بىر
ئەۋلاد غۇنچىلار بىلەن يۇقىرى پەن ـ تېخنىكا بىلەن قوراللانغان ئىختى-
ساسلىق ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى بولغانلىقىدىن › دەپ جاۋاب بېرىمەن »
دېگەن . « بىلىمى چوڭ مېڭىنى يېڭەر ، بىلىكى چوڭ بىرنى » ، بىز
ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ 21 ـ ئەسىردە ھەقىقىي قىممىتىمىز بىلەن ياشىشى-
مىز ۋە گۈللىنىشىمىزنىڭ بىردىنبىر پاسپورتى ـــ بىلىم .

يۇقىرىدا ئۆرنەك ئۈچۈن بېرىلگەن ماقالىلەردە « تەمسىل كەلتۈ-
رۈپ » دەلىللەش ئارقىلىق مەركىزىي نۇقتىئىنەزەر جانلىق ، قايىل قىلار-
لىق يورۇتۇپ بېرىلگەن . بۇ خىل دەلىللەش ئۇسۇلى چوڭ ھەجىملىك

مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ئەسەرلەرنىڭ بېشىدا ئوتتۇرىدا ، ئاخىرىدا يەنى زۆرۈرىيىتى بولغان خالىغان يېرىدە قوللىنىلىدۇ .

(«تارىم غۇنچىلىرى» ژۇرنىلىدىن ئېلىندى.)

**7) بۆلەكلەرگە بۆلۈپ دەلىللەش ئۇسۇلى :**

بۇ خىل دەلىللەش ئۇسۇلى مۇھاكىمىدە باسقۇچلۇق ئىلگىرىلەش ئۇسۇلى بولۇپ ، بۇنىڭدا مەركىزىي نۇقتىئىنەزەر ياكى تارماق نۇقتىئىنەزەرلەر پىكىر قاتلاملىرى بويىچە تېپىزلىقتىن چوڭقۇرلۇققا ، ئاددىي مەسىلىلەردىن مۇرەككەپ مەسىلىلەرگە قاراپ قاتلاممۇ قاتلام ئىلگىرىلەپ تەھلىل يۈرگۈزۈپ ، ئاخىرىدا يەكۈن چىقىرىش ئېلىپ بېرىلىدۇ . مىسال ئۈچۈن تۆۋەندىكى ئۆرنەكلەرنى كۆرۈپ باقايلى .

## مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلار قىلالايدىغان ئىشلار

خې يۆلۈڭ

ئىلگىرى ئامېرىكا كالفورنىيە شتاتىدا كارنېگىيې كۇرسىغا قاتناشقانىدىم .

ھېلىمۇ ئېسىمدە ، بىر قېتىملىق دەرستە لېكتور ئالپورت گرىننىڭ نۇتقىنى نەقىل كەلتۈرۈپ ، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ مۇھىم ئاملى توغرۇلۇق سۆزلىدى . گرى سوغۇرتا كەسپىدە داڭلىق خادىم ئىدى . ئۇ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنى ئويلىغان كىشى چوقۇم مول بىلىم ھازىرلىشى ، تىرىشىپ خىزمەت قىلىشى كېرەك ، دەپ قارايتتى . بىراق ، ئۇزۇن يىللار كۆزىتىش ئارقىلىق ، مول بىلىمگە ئىگە ، باش چۆكۈرۈپ ئىشلەيدىغان كىشىلەرنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىغانلىقىنى بايقىدى . شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىلىملىك بولۇش ۋە تىرىشىش بىلەنلا مۇۋەپپەقىيەت قازانغىلى بولمايدىغانلىقى ھەم بۇلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ زۆرۈر شەرتى ئەمەس-

لىكىنى ھېس قىلىشقا باشلىدى .
ئۇ « مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئانىسى » ناملىق مەشھۇر نۇتقىدا ، مۇۋەپ- پەقىيەت قازانغۇچىلار دائىم مەغلۇپ بولغۇچىلار قىلىشنى خالىمىغان ئىشلارنى قىلىدىغانلىقىنى ، بۇ خىل ئادەتنىڭ دەل مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئا- نىسى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدى .
مەغلۇپ بولغۇچىلار قىلىشنى خالىمىغان ئىشلارنى مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلارنىڭ « خۇشاللىق » بىلەن قىلىپ كېتىشى ناتايىن . ئۇلار پەقەت شۇنداق قىلىشنى « بىلىدۇ » ھەمدە شۇنداق قىلىشقا ئادەتلەنگەن . شۇ ئاساستا مۇۋەپپەقىيەت قازانغان .
مۇۋەپپەقىيەت بىلەن مەغلۇبىيەتنى پەقەت بىر سىزىق ئايرىپ تۇ- رىدۇ . بىز ياشاۋاتقان دۇنيا ھەقىقەتەن ئادىل ئەمەس . مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلار دائىم مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغۇچىلار قىلىشنى خالىمىغان ئىشلارنى قىلغانلىقى ئۈچۈنلا ، بارغانسېرى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىدىكەن .
گرى قايسى ئىشلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلار قىلىشنى خا- لىمايدىغان ئىشلار ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويمىغان . ئەمما ، مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلاردائىم قىلىۋاتقان ئىشلارغا دىققەت قىلساق ، بۇنى بايقىۋېلىش تەس ئەمەس ؛
مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلار دائىم قىزغىن ، كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تول- غان بولىدۇ ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن نۇرغۇن مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالالايدۇ . نۇرغۇن شەيئىلەرگە ھېرىسمەن كېلىدۇ .
مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلار دائىم باشقىلار بىلەن ئەپ ئۆتىدۇ ؛ ئۆز پىكرىنى ئۆز لايىقىدا ، ئۇنۇملۇك ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ ؛ باشقىلارنىڭ پىكرىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلايدۇ ؛ ھەممە نەرسىدىن باشقىلار بىلەن تەڭ بەھرىمەن بولۇشنى ئويلايدۇ ؛ ھەتتا كىشىلەر بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇش- نىمۇ خالايدۇ . بىز مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ بۇنداق قىلىدىغانلى- رىنى كەمدىن كەم ئۇچرىتىمىز .
مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلار داۋاملىق ئالغا باسىدۇ ، ئۆسۈپ يېتى- لىدۇ . بۈگۈنكى كۈندە بۇ دۇنيا ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلىپ ، بىز بە-

لىدىغان، چۈشىنىدىغان ئىشلار، جۈملىدىن رەھبەرلىك قىلىش ۋە باشقۇرۇش ئۇسۇللىرىنىڭ ھەممىسى ناھايىتى تېز شاللىنىپ قالدى. مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغۇچىلار مەكتەپتىن ئايرىلغاندىن كېيىن تۈرلۈك لېكسىيە ۋە كۇرسلارغا قاتناشمايدۇ (ئۇلار بەلكىم خىزمىتىم ئالدىراش ياكى خىزمىتىم مۇھىم دەپ قارىسا كېرەك).

مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلار دائىم باشقىلارنى، جۈملىدىن ئۆزلىرى ياقتۇرمايدىغان، چىقىشالمايدىغان، پىكرى بىر يەردىن چىقمايدىغان كىشىلەرنى ھۆرمەتلەيدۇ. مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغۇچىلار پەقەت مەلۇم ساندىكى كىشىلەرنىلا ھۆرمەتلەيدۇ.

مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلاردا مىننەتدارلىق تۇيغۇسى بولىدۇ، باشقىلارنى سەممىيلىك بىلەن مەدھىيىلەيدۇ. مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغۇچىلاردا بۇ خىل ھالەت كەمدىن كەم ئۇچرايدۇ.

بىز ھەر كۈنى دېگۈدەك ئالدىراش خىزمەتكە بېرىش بىلەن كۈن ئۆتكۈزىمىز. بىراق، بەزى ھاللاردا «مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئانىسى» نىمۇ ئويلاپ قويمىساق بولماس، سىزنىڭچىچۇ؟

## تىلدىكى بۇلغىنىشلارنى تازىلىشىمىز كېرەك

تىلدىكى بۇلغىنىش دېگىنىمىز — ئادەم تىللايدىغان سۆزلەر ۋە پەس ئارزۇ - ھەۋەسلەر ئىپادىلىنىدىغان مەينەت سۆزلەر، ياۋايىلىق، چاكىنىلىق چىقىپ تۇرىدىغان قوپال سۆزلەر، قورقۇنچ، ئەخلاقسىزلىق ۋە تەھدىت چىقىپ تۇرىدىغان توك سۆزلەر، باشقىلارغا نەشتەر سانجىيدىغان تىكەنلىك سۆزلەر ۋە قائىدىگە ئۇيغۇن بولمىغان سۆزلەر ... قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. تىلدىكى بۇلغىنىش نورمال ئالاقە ئىقتىدارىغا ناھايىتى زور تەسىر كۆرسىتىدۇ.

بىرىنچى، تىلدىكى بۇلغىنىش ماجىرا چىقىرىدۇ، زىددىيەتنى كەسكىنلەشتۈرىدۇ، ئۇ ئىجتىمائىي ئامانلىققا زىيانلىق.

رېئال تۇرمۇشتا، كىشىلەر تۈرلۈك كىشىلەر بىلەن ئوخشاش بولمىغان ۋاقىت، ئورۇنلاردا ئالاقىلىشىدۇ، سۆھبەتلىشىدۇ. ئەگەر بۇل-

غانغان تىل ئىشلىتىلسە تولا ھاللاردا قىلغان گەپ ياخشى ئۈنۈم بەرمەي-
دۇ ، قارشى تەرەپنى رەنجىتىپ قويۇپ ، ئىككى تەرەپ كۆڭلى غەشلىك
بىلەن ئۆز يولىغا ماڭىدىغان ئەھۋال كېلىپ چىقىدۇ . تېخىمۇ ئېغىرى
شۇكى ، بەزى كىشىلەر تولا ھاللاردا قارشى تەرەپنىڭ بۇلغانغان تىل
ئىشلىتىلگەن سۆزىگە يامان گەپلەر بىلەن جاۋاب قايتۇرىدۇ ، نەتىجىدە
زىددىيەت كەسكىنلىشىدۇ ، ھەتتا ئېغىر ئاقىۋەت كېلىپ چىقىپ ، ئىجتى-
مائىي تەرتىپنىڭ تىنچلىقىغا خەۋپ يەتكۈزىدۇ .

ئىككىنچى ، تىلدىكى بۇلغىنىش كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ھېسسى-
يات ۋە نورمال مۇناسىۋەتنى بۇزىدۇ .

ھەممە ئادەمدە غۇرۇر بولىدۇ ، ۋاھالەنكى ھەر قانداق ئادەمنىڭ
ئاغزىدىن چىققان مەينەت ، قوپال ، توك سۆزلەرنىڭ ھەممىسى قارشى
تەرەپنىڭ غۇرۇرىغا تېگىدۇ . يۈرىكىنى زىدە قىلىدۇ . ئۇنىڭ نەتىجىسى-
دە ، مېھرىبان ئاتا ـ ئانا ۋە پەرزەنتلەر ئارىسىدا ھېسسىيات يىراقلىشىدۇ .
خىزمەتداشلار ئارىسىدا ئويلىمىغان كۆڭۈلسىزلىكلەرنى كەلتۈرۈپ چىقى-
رىدۇ . ئادەمنى ئېچىندۇرىدىغان بۇنداق ئاقىۋەتلەر رېئال تۇرمۇشتا دائىم
ئۇچراپ تۇرىدۇ .

ئۈچىنچى ، تىلدىكى بۇلغىنىش ياش ئەۋلادلارنىڭ روھىي دۇنيا-
سىنى چىرىتىدۇ ، ئۇلارنىڭ ساغلام يېتىلىشىگە پايدىسىز .

ياشلار ، ئۆسمۈرلەر ساددا ، دورامچى كېلىدۇ . ئەگەر ئۇزاق ۋا-
قىت بۇلغانغان تىل مۇھىتىدا ياشىسا ، بۇلغىنىشنى بىلەر بىلمەي يۇقتۇ-
رۇۋالىدۇ ـ دە ، ئۇلارنىڭ تىلىمۇ بۇلغىنىدۇ ، بۇ ھال ئۇلارنىڭ جىسمانىي
ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ساغلام بولۇشىغا بىۋاسىتە تەسىر قىلىدۇ .

تىلدىكى بۇلغىنىشنىڭ زىيىنى تېخى بۇلارلا ئەمەس ، ئەمما مۇ-
شۇنىڭ ئۆزىلا شۇنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى ، بۇلغىنىشنى تا-
زىلاشقا ، ئوڭشاشقا ئەھمىيەت بېرىشىمىز لازىم .

تىلدىكى بۇلغىنىشنى تازىلاش دېگىنىمىز ، تىلىمىزدىكى بۇلغانغان
قىسمىنى چىقىرىۋېتىش ، تىل بۇلغىنىشنىڭ يوللىرىنى ئۈزۈپ تاشلاش
ئارقىلىق تىلنى پاكلاشتۇرۇپ ، كىشىلەرنى مەدەنىي ، چىرايلىق گەپ

قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشتىن ئىبارەت . تىلدىكى بۇلغىنىشنى تا-
زىلاپ ، تىلنىڭ تۇرلۇك ئىجتىمائىي رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلـ-
دۇرۇش بىردەمدىلا ئورۇندىغىلى بولىدىغان ئىش ئەمەس ، ئىشنى تۆ-
ۋەندىكى بىرقانچە تەرەپتىن قول سېلىپ ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ .
ئىدىيە ، ئەخلاق جەھەتتە تەربىيىلىنىشنى كۈچەيتىش ، سوتسىـ-
يالىستىك ئىدىيىۋى ئاڭنى ئۆستۈرۈش كېرەك .
كىشىنىڭ ئىدىيىسى پاك ، ئەخلاق پەزىلىتى توغرا بولغاندىلا ،
تىلدىكى بۇلغىنىشنى ئاڭلىق تونۇپ ۋە چەكلەپ ، تىلنى پاكلاشتۇرۇش
ئۈچۈن ياخشى ئىدىيىۋى ئاساس ئورنىتالايدۇ . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا
مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە تىرىشىش كېرەك . ئاغزىدىن
ئەسكى گەپ چىقىدىغانلار ئادەتتە بىلىمسىز كىشىلەر . ئۇنىڭ ئەكسىچە ،
قانچىكى كۆپ داۋلى بىلىدىغان ، بىلىمى مول بولغان كىشىلەر تىلدىكى
بۇلغىنىشنى ئاسان چەكلىيەلەيدۇ .
مەدەنىي ، ئەدەپلىك تىللارنى ئىشلىتىشنى زور كۈچ بىلەن تە-
شەببۇس قىلىش كېرەك .
ئائىلىلەردە ، مەكتەپلەردە ۋە جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە
مەدەنىي ، ئەدەپلىك تىل ئىشلىتىشنى كېڭەيتىش ، تىلنى قېلىپلاشتۇرۇش
تەلىپىگە ئاساسەن ، ساپ گۈزەل تىل ئىشلىتىش « ھەممە ئادەم ئەدەپلىك
بولۇش ، ھەممە ئادەم مەدەنىي ، ئەدەپلىك سۆزنى قوللىنىش » نى كەيـ-
پىياتقا ئايلاندۇرۇش لازىم . ياشلار ، ئۆسمۈرلەر ۋە بالىلارنىڭ خۇسۇسىـ-
يىتىگە ئاساسەن مەدەنىي ، ئەدەپلىك تىل تەربىيىسىنى كۈچەيتىشنى
چىڭ تۇتۇپ ، ئۇلارنى كىچىكىدىنلا مەدەنىي ، ئەدەپلىك بولۇشقا ئەھمە-
يەت بېرىشكە ، تىلداشلىق بولۇشقا ئەھمىيەت بېرىشكە ئادەتلەندۈرۈش ،
تىلدىكى بۇلغىنىشنى چەكلەش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش كېرەك .
ئۆزىمىزدىكى سەت گەپ قىلىش ، ئادەم تىللاش ئادىتىنى تۈگە-
تىشكە دىققەت قىلىشىمىز كېرەك .
بۇنى ئورۇنداشتا ، ھەر ۋاقىت ئۆزىمىزنى ئىدارە قىلىشقا ئەھمىيەت
بېرىشتىن تاشقىرى ، ئۆزىمىز بىلەن دائىم بىللە يۈرۈيدىغان كىشىلەردىن

ئۆزىمىزنى نازارەت قىلىش ، ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرۇشنى ئۆتۈنۈشىمىز كېرەك . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ، ئۆز كەيپىياتىمىزنىڭ تۇسالغۇسىنى يېڭىشىمىز ، خۇشال چاغلىرىمىزدا مەدەنىي گەپ قىلىدىغان ، كەيپىياتىمىز تۆۋەن بولغان چاغدا سەت گەپ قىلىدىغان بولماسلىقىمىز لازىم . ئائىلىدىمۇ ، سىرتتىمۇ ئوخشاش بولۇش ، ئۆزى يالغۇز چاغدىمۇ ، ئاممىۋى سورۇنلاردىمۇ ئوخشاش بولۇش كېرەك . ئىدارىدە باشقىلارغا سىلىق - سىپايە گەپ قىلىش ، ئۆيگە قايتىپ كەلگەن ھامان ئاغزىدىن چىققاننى بىلمەيدىغان بولۇپ قېلىشقا ؛ ئاما ئارىسىدا مەدەنىي ، ئەدەپلىك گەپ قىلىش ، دوستلار بىلەن ئولتۇرۇپ قالغاندا سەت ، قوپال گەپ قىلىشقا بولمايدۇ . مۇشۇلارنى ئۇزاق ۋاقىت ئورۇندىيالىغاندا ، تىل بۇلغىنىشىنى توسىغىلى بولىدۇ .

( « شىنجاڭ ياشلىرى » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى . )

## ئادەم زادى قانداق ياشىشى كېرەك

هاللود كىشنار ( ئامېرىكا )

ئۇ كۈتۈپخانامدا ئولتۇرۇپ ناھايىتى تەشۋىشلەنگەن ھالدا مۇنداق دېدى : « ئىككى ھەپتە ئىلگىرى بىر خىزمەتدىشىم ئۆلۈپ كەتتى . ئۇنىڭ قىلىدىغان ئىشىنى ھازىر باشقىلار قىلىۋاتىدۇ ، خۇددى ئۇ بۇرۇن ياشىمىغاندەك ، مەن ھەمىشە ھامان بىركۈنى بىزمۇ مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قالىمىز ، خۇددى بىز ئەزەلدىن بۇ دۇنيادا ياشىمىغاندەك ، كېيىنكىلەر بىزنى ئۇنتۇپ كېتىدۇ ، دەپ ئويلايمەن » .

ماڭا يۇقىرىقى گەپلەرنى قىلغان كىشىنىڭ قورقۇۋاتقىنى ئۆلۈم بولماستىن ، قورقۇۋاتقىنى باشقىلار ئەسلىگۈدەك ھېچ ئىش قىلماي تۇرۇپ كىشىلىك دۇنيا بىلەن خەيرلىشىش ئىدى .

ئۇنداقتا ، بىز كىشىلىك ھاياتتا قانداق مۇئامىلىدە بولۇشىمىز لازىم ؟ ئۆزۈمنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ تۇرمۇش تەجرىبىلىرى ئۈستىدە مۇلا-

هىزە ئېلىپ بارغاندىن كېيىن مەن تۇرمۇشنى بىرقەدەر مەنىلىك ئۆتكۈ-
زۈشكە بولىدىغان تۆت تۈرلۈك قانۇنىيەتنى ئېنىقلاپ چىقتىم .
①مۇسابىقە چاقىرىقنامىسىنى قوبۇل قىلىش ۋە ئازاب ـ ئوقۇبەتى-
لەرگە بەرداشلىق بېرىش .
بىز تەقدىرنىڭ بىزگە ئېلىپ كەلگەن بەختسىزلىكلىرىگە بەرداش-
لىق بېرىشكە هەر ۋاقىت تەييار تۇرۇشىمىز زۆرۈر . بولمىسا بىز ئۈمىد ،
سۆيۈش توغرىسىدا مەڭگۈ ئېغىز ئاچالمايمىز . مۇبادا ئازاب ـ ئوقۇبەتلىك
زەربىنى ( بۇ خىل زەربە هېسسىيات جەهەتتىكى زەربىنىمۇ ئۆز ئىچىگە
ئالىدۇ ) قوبۇل قىلىشقا تەييارلىقىمىز بولمىسا ، هەقىقىي شادلىقنىڭ نېمە
ئىكەنلىكىنى مەڭگۈ هېس قىلالمايمىز . بىز هەرقانداق بىر خىل ئازاب ـ
ئوقۇبەتنى مەلۇم بىر ئۇسۇل بىلەن توسقىلى بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىشىمىز
لازىم . كىشىلىك تەلىپى رەت قىلىشقا ئۇچرىغاندا ، بەدىنىنى كېسەل چىر-
مىۋالغاندا ، شېرىن خىيال ئەمەلگە ئاشمىغاندا ... كىشى مانا مۇشۇنداق بىر
قاتار ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئۇچرىغاندا ، زادى قانداق قىلىشى كېرەك ؟
مېنىڭچە ، ئالدى بىلەن روھىي يۈكىڭىز بەك ئېغىر بولۇپ
كەتمەسلىكى ، ئۈمىدسىزلىك ۋە ئاپەت ئىچىدىن خالاس بولۇپ چىقى-
شىڭىز ، يەنى قەلبىڭىزنىڭ چوڭقۇر يېرىدىكى مەلۇم قىسمىنى ئۆزۈل -
كېسىل پاكلىۋېتىشىڭىز كېرەك . رېئاللىقنى ئېتىراپ قىلىشقا جۈرئەت قى-
لىش . بەختسىزلىك تۇرمۇشنىڭ بىر قىسمى ، ئەمما ئۇ مەڭگۈلۈك ئە-
مەس . بەختسىزلىككە يەنىلا چىداشلىق بەرگىلى بولىدۇ .
②كەڭ دائىرىدە دوست تۇتۇش
هەر قانداق ئادەم هايات مۇساپىسىدە بىر نەچچە سىرداش دوستى-
نىڭ هەمراهلىقىغا موهتاج .
ياز ئايلىرىنىڭ بىر كۈنى ئىدى . مەن بىر كىچىك ئوغۇل بالا بى-
لەن بىرقىزچاقنىڭ دېڭىز ياقىسىدا كۆڭۈل قويۇپ قۇمدىن قورغان يا-
ساۋاتقانلىقىنى تاماشا قىلىۋاتاتتىم . ئۇلار قورغاننى پۈتكۈزۈپ بولايلا دەپ
قالغان ۋاقىتتا ، بىر شىددەتلىك دولقۇن « قورغان » غا ئۇرۇلۇپ ، ئۇنى
نەم قۇم هالىتىگە ئەكىلىپ قويدى . ئەينى ۋاقىتتا مەن بۇ ئىككى بالا

چوقۇم ھۆكۈرەپ يىغلاپ تاشلايدۇ، دەپ ئويلىغانىدىم. پەرىزىمنىڭ ئەكسىچە، ئۇ ئىككىسى قول تۇتۇشۇپ خۇشال ـ خۇرام ھالدا قىرغاق تەرەپكە يۈگۈرۈپ كېتىشتى. ئاندىن كېيىن ئىشنى يېڭىۋاشتىن باشلىدى.

ئادەم ئۆمرىدە نۇرغۇن ۋاقىتنى ۋە زېھنىنى سەرپ قىلىپ ياسىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى قۇم ئۈستىگە قۇرۇلغان بولىدۇ. شىددەتلىك دولقۇن ھەر ۋاقىت ئۇنى ئۆرۈۋېتەلەيدۇ. دەل مۇشۇنداق ۋاقىتتا، ئەگەر بىرسى سىزنىڭ قولىڭىزنى چىڭ سىقسا سىز بەك ئازابلىنىپ كەتمەيسىز. سىزدە يېڭىدىن باشلاش ئىشەنچىسى تۇغۇلىدۇ.

③باشقىلاردا تەسىر پەيدا قىلىدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىڭ.

كىشىلىك دۇنيادا ھەممىلا ئادەمنىڭ باي بولۇشى مۇمكىن. ھەممىلا ئادەم تۇغما قابىلىيەتلىك بولىۋەرمەيدۇ. ئەمما، بىز ئۆزىمىزنىڭ ئەجابىي كۈچىمىزدىن پايدىلىنىپ، ئەۋلادلارغا پايدىلىق ئىشلارنى قىلىشىمىز لازىم. بىر تەجرىبىلىك تېز خاتىرىلىگۈچى خادىم ياكى بىر پېشقەدەم ئىشچى يېڭى خادىملارغا ياكى يېڭى ئىشچىلارغا خىزمەت تەجرىبىسىنى ئۆگىتىدۇ؛ ئوقۇتقۇچىلار دەرس ئۆتۈش ئارقىلىق باشقىلاردا تەسىر پەيدا قىلالايدۇ. بىز بىلىدىغان، ئەڭ ئۇزۇنغا داۋام قىلىدىغان بىر خىل قانائەتلىنىشنىڭ ئۆزى بىر قىسىم كىچىك، ئەمما مۇھىم بولغان تەرەپلەردە باشقىلارغا تەسىر كۆرسىتىشتۇر.

④ياشىغان ئىكەنسىز، مەنىلىك ياشاڭ.

پەيلاسوپ ھوراس كلۇن مۇنداق دېگەنىدى: «بەزى كىشىلەر ھامان بىر كۈنى ئۆلۈپ كېتىمەنغۇ، دەپ ئويلىغاچقا، دەماللىققا ئۇلار ئەيش ـ ئىشرەتلىك تۇرمۇش يولىنى تاللىۋالىدۇ، بەزى بىر قىسىم كىشىلەر بولسا، تۇرمۇشقا تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن قارايدۇ، شۇڭلاشقا ئۇلار ناھايىتى مەنىلىك تۇرمۇش كەچۈرىدۇ. ئالدىنقى تۈردىكى كىشىلەر گەرچە ھايات بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ روھى ئاللىقاچان ئۆلگەن. كېيىنكى تۈردىكى كىشىلەر گەرچە ئۆلگەن بولسىمۇ، ئۇلار مەڭگۈ ھايات. مەيلى مەن قاچان، قايسى ۋاقىتتا ئۆلەي، مەن كېيىنكى تۈردىكى كىشىلەردىن

بولۇشقا بەل باغلايمەن » .

« تۇرمۇش زادى نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ ؟ » . تۇرمۇش ھەر-گىزمۇ بىرەر توم ئۇلۇغ ئەسەر يېزىش ئەمەس ، بايلىق ۋە ھوقۇق كۆچ توپلاشمۇ ئەمەس ، ئەكسىچە تۇرمۇش سۆيۈش ۋە سۆيۈلۈش دېمەكتۇر . بىز تۇرمۇشنىڭ بايلىق ۋە تەجرىبىنىڭ توپلىنىش جەريانى ئىكەنلىكىگە چوقۇم ئىشىنىشىمىز لازىم . ھەر قېتىم بىر يېڭى دوست تۇتقاندا ، يېڭى بىر ھەقىقەتنى تونۇپ يەتكەندە ، ھەر بىر يېڭى كەچۈرمىش بىزنى تې-خىمۇ مۇكەممەل قىلىدۇ .

تۇرمۇش خۇددى بىر پارچە ياخشى كىتابقا ئوخشايدۇ ، سىزنىڭ ئۇنىڭغا بولغان تەسىراتىڭىز قانچە چوڭقۇر بولسا ، كىتابتىكى مەزمۇن تېخىمۇ روشەن ئىپادىلىنىدۇ ، كىتابتىكى ئوبراز تېخىمۇ جانلىق گەۋدە-لىنىدۇ ، ئاخىرىدا سىز ئۇنىڭدىن بىر خىل ئەڭ مۇكەممەل بەھرىمەنلىككە ئېرىشەلەيسىز .

( « شىنجاڭ ئىشچىلار ھەرىكىتى » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى )

## ئۆمۈر مۇساپىسىدىكى سەككىز يول بەلگىسى

بېرۋېيىل ( ئامېرىكا )

ئۆمۈر مۇساپىسىدىكى بىرىنچى يول بەلگىسىگە يېزىلغىنى : — چىداملىق . بەزىلەر مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ شەرتى يەنىلا CBA نە-زەرىيىسى — ئەقىل ـ پاراسەت ، غەيرەت ـ شىجائەت ۋە جۈرئەتنىڭ بە-رىكىمىسى ، دەپ قارايدۇ . ئەمما ، مۇۋەپپەقىيەت قازانماقچى ئىكەنسىز ، بۇ ئۈچ شەرتنى ھازىرلاش كۇپايە قىلمايدۇ . يەنە غايەت زور تۇرمۇش مۇ-ساپىسىدا دۇچ كەلگەن تۈرلۈك ئوڭۇشسىزلىق ۋە توسالغۇغا زور چىدام-لىق بىلەن تاقابىل تۇرۇشىڭىزغا توغرا كېلىدۇ . ب . ك . ت ۋاشىنگتون شۇنداق دېگەن : « مېنىڭچە ، بىر ئادەمنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ياكى قازانمىغانلىقىنى ئۆلچەشتە ، ئۇنىڭ تۇرمۇشتا ئېرىشكەن مەرتىۋىسىنىلا

ئۆلچەم قىلىشقا بولمايدۇ . بەلكى ، ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىش يولىدا تىرىشىپ ، قانچىلىك توسالغۇلاردىن ئۆتكەنلىكىنى ئۆلچەم قىلىش كېرەك » .

ھەممىمىز باش ئاغرىتىدىغان تۇرلۇك كۆڭۈلسىز ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ . بىز مەرتىۋە مەسىلىسىنى ۋاقتىنچە تىلغا ئالمىغىنىمىزدا ، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئۈچۈن چوقۇم چىداملىق بولۇشىمىز كېرەك . بىر ئاتاقلىق بوكسچى ئۆزىنىڭ « يەنە بىر رەت ئېلىشىمەن ! » دېگەن شوئارىدا ئۆزىنىڭ قەتئىي چىداملىقىنى ئىپادىلىگەن . ئۇ مۇنداق دەپ يازغان : « يەنە بىر رەت ئېلىشىمەن ! ئىككى پۇت يەرنى مەزمۇت دەسسەپ تۇرالمىغان ، يىقىلىپ چۈشۈشكە ئاز قالغان ۋاقتىڭدا ، يەنە بىر رەت ئېلىشقىن ! ھېچقانداق كۈچ ـ ماغدۇرۇڭ قالمىغاندا ، ئىككى بىلىكىڭنى كۆتۈرۈپ رەقىبىڭنىڭ ھۇجۇمىدىن قوغدىنىشقىمۇ ئامالسىز قالغان ۋاقتىڭدا يەنە بىر رەت ئېلىشقىن ! بەزىدە يۈز ـ كۆزۈڭ مۇشتنىڭ زەربىسىدىن ئىششىپ كېتىدۇ . قايتا ئېلىششقا ماغدۇرۇڭ قالمايدۇ . ھەتتا رەقىبىڭنىڭ سېنى بىر مۇشت بىلەنلا ھوشۇڭدىن كەتكۈزۈۋېتىشىنى ئۈمىد قىلىپ كېتىسەن ، دەل مۇشۇ مىنۇت ـ سېكۇنتتا — يەنە بىر رەت ئېلىشقىن ! ئېسىڭدە تۇتقىنكى ، دائىم يەنە بىر رەت ئېلىشالايدىغان كىشىلەرلا يېڭىلمەستۇر » .

ئۆمۈر مۇساپىسىنىڭ ئىككىنچى يول بەلگىسىگە يېزىلغىنى : — كەمتەرلىك . بانجىمىن . فرانكلىن مۇنداق دېگەنىدى : « بىلىمنىڭ ئىشىكى ھەرقانداق ئادەمگە ئوچۇق بولىدۇ . سېنىڭ ئىگىلىگىنىڭ پەقەت مەكتەپتە ئۆگەنگىنىڭ بىلەنلا چەكلىنىپ قالسا ، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئون بەش يىلدا ، كەسىپ تاللىغان ۋاقتىڭدا ، سېنىڭ قابىلىيىتىڭ ۋە قىممىتىڭ ئەڭ تۆۋەن دەرىجىگە چۈشۈپ قالىدۇ . خانكى . فوت كەسكىن ھالدا مۇنداق دېگەن : « بىر ئادەم مەيلى سەكسەن ياشتىن ئاشقان ياكى ئەمدىلا ئوتتۇرا ياشقا كەلگەن بولسۇن ، ئەگەر ئۆگىنىشنى توختىتىپ قويىدىغان بولسا ، ئۇ قېرىغان ھېسابلىنىدۇ . ئۈزلۈكسىز تىرىشىپ ئۆگىنىدىغان كىشى ئۆزىنىڭ ياشلىق ھاياتىي كۈچىنى ساقلاپلا قالماستىن ،

ئۆزىنىڭ قىممىتىنى تېخىمۇ يارىتالايدۇ ... »

ئۈچىنچى يول بەلگىسىگە يېزىلغىنى : — باشقىلارنى چۈشىنىش. مارك تۋېن ئۆزىنىڭ بىر ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ : « ئاق كۆڭۈللۈك دۇنيادا ئورتاق قوللىنىلىدىغان تىلدۇر . ئۇنى ھەتتا ئەمالارمۇ سېزەلەيدۇ . گاسلارمۇ ئاڭلىيالايدۇ » . باشقىلارنى چۈشىنىش ، باشقىلارنىڭ دەردىگە يېتىش بىر خىل گۈزەل ئەخلاق شۇنداقلا ، ناھايىتى ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم ئىش . باشقىلارغا غەمخورلۇق قىلىش ، كەڭ قورساق بولۇشتەك گۈزەل ئەخلاق بىباھا گۆھەردۇر .

تۆتىنچى يول بەلگىسىگە يېزىلغىنى : — كۆيۈمچانلىق ، كۆيۈنۈش دېگەن بۇ سۆزنى « ھېسداشلىق » ياكى « سەممىي نىيەت » دېگەن سۆزلەر بىلەن ئىپادىلەش مۇمكىن . پۇل خەجلىگۈك ، ۋاقتىڭنى سەرپ قىلغۇڭ كەلسە ، غەمخورلۇق قىلىشىڭغا ، ياردەم قىلىشىڭغا ئەرزىيدىغان كىشىلىرىڭنى ئاسرا ، ئۇلارغا ياردەم قولۇڭنى ئۇزات . مۇشۇنداق پەزىلەت بولغاندىلا ، سەممىي ، قىزغىن ئادەم بولالايسەن ، خىزمەتنى پۇختا ئىشلىيەلەيسەن ، ھۇرۇنلۇق ، نەيرەڭۋازلىقتىن ساقلىنالايسەن . ئېسىڭدە بولسۇنكى ، ئوقۇتقۇچۇڭ ، ساۋاقدىشىڭ ، دوستۇڭ ، ئۆيدىكىلىرىڭ ۋە ياردەم بېرىشىڭگە تېگىشلىك كىشىلەرگە قولۇڭدىن كېلىشىچە ياردەم قىلغىن .

بەشىنچى يول بەلگىسى : — ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكىنى ساقلاش . كۈندىلىك تۇرمۇشتا بۇ ئىشنى ئورۇنلىماق ئەڭ تەسكە توختايدۇ . باشقىلاردىن ، ھەممە نەرسىدىن ئاغرىنىپلا يۈرۈشتەك يامان ئادەتلىرىمىز بىزنىڭ خاسلىق يارىتىشىمىزنى دائىم نابۇت قىلىۋېتىدۇ . ھازىرقى ھالەتكە قانائەتلەنمەسلىك يېڭى دۇنيا قۇرۇشنىڭ زۆرۈر شەرتلىرىدىن بىرى . ئەمما ، شۇنىمۇ ئۇنتۇپ قالماسلىق كېرەككى ، ھازىرقى ھالەتكە قانائەتلەنمەسلىك جەمئىيەتنىڭ چاكارلىرىنى يېتىشتۈرۈپلا قالماستىن ، ھازىرقى ھالەتكە قانائەتلەنمەيدىغان ، ئەمما ئۇنى ئۆزگەرتىشكە جۈرئەت قىلالمايدىغان كىشىلەرگىمۇ مۇۋاپىق كېلىدىغان تۇپراقنى بارلىققا كەلتۈرگەن . مۇنداقچە ئېيتقاندا ، بەزى كىشىلەر تۇرمۇش يولىدا

ئىزدىنىپ جاۋاب تاپتى ، ئەمما بۇ جاۋابقا قانائەتلەنمىدى . شۇنىڭ بىلەن دۇنيادا خەلق چاكارلىرى ، يېڭى دۇنيانى قۇرغۇچىلار ۋە يېڭى ئۇسۇلنىڭ ئىجادچىلىرى بارلىققا كەلدى . يەنە بىر خىل كىشىلەر جاۋاب تاپالماي ، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا نىسبەتەن ئاغرىنىش ، ھەتتا دۈشمەنلىك پوزىتسىيىدە بولدى . ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكىنى يا- رىتىشقا يۈكسەك دەرىجىدە چىدامسىز ، سەۋر - تاقەت ۋە توختىماي تى- رىشىشقا ، غايىنى كۆچكە ئايلاندۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ .

ئالتىنچى يول بەلگىسى : — قىزغىنلىق . قىزغىنلىق مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ ئەپچىل چارىسى . مەيلى مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلار ياكى مەغلۇپ بولغۇچىلار بولسۇن ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئەقىل - ئىدراك ، قابىلىيەت ، پەم - پاراسەت جەھەتلەردىكى پەرق ناھايىتى ئاز بولىدۇ ، ئەگەر ئىككى ئادەمنىڭ خىزمەتتىكى سەۋىيىسى ئوخشاش بولۇپ ، قىز- غىنلىقى قايسىنىڭ يۇقىرى بولسا ، ئامەت شۇ تەرەپكە ئاغىدۇ . ئەقلىي جەھەتتە ئاجىزراق ، ئەمما قىزغىن ئادەملەر كۆپ ھاللاردا قابىلىيەتلىك ، ئەمما قىزغىنلىقى كەمچىل ئادەملەردىن ئېشىپ كېتىدۇ .

يەتتىنچى يول بەلگىسى : — ئۆزىنى تونۇش . ئۆزىنىڭ زېھنىنى ھەممە جەھەتكە چېچىۋېتىدىغان كىشىلەرنىڭ ئىجادچانلىقى بولمايدۇ . شۇڭا ، ئۆزىنى تونۇشنى ئۆگىنىۋېلىش لازىم . ناپولېئون مۇنداق دېگەن : « بىزنىڭ بىردىنبىر تىزگىنلىيەلەيدىغىنىمىز ئۆزىمىزنىڭ كالللىسىدۇر . ئەگەر بىز ئۇنىمۇ تىزگىنلىيەلمىسەك ، باشقا كۆچىلەر ئۇنى تىزگىن- لەيدۇ ... » . ئۆزىمىزنىڭ كاللىسىنى تىزگىنلىيەلمىسەك ، ئۇنىڭغا دائىم تۈرلۈك ئىدىيىلەر كاشىلا بولۇپ تۇرسا ، بۇنداق كاللىنىڭ قىممىتى بول- مايدۇ .

ئۆمۈر مۇساپىسىنىڭ سەككىزىنچى يول بەلگىسىگە يېزىلغىنى : — ئاق كۆكۈلۈك . بۇ ئەنئەنىۋى گۈزەل ئەخلاق . بەزىلەر ئۇنىڭ ۋاقتى ئاللىقاچان ئۆتۈپ كەتتى ، دەپ تونۇشى مۇمكىن . مېنىڭچە ، بۇ ئەنئە- نىۋى گۈزەل ئەخلاقنىڭ بۈگۈنگىچە داۋاملىشىپ كېلەلىشى ، ۋاقىتنىڭ سىنىقى ئۇنىڭ ھەقىقەتەن كۆچلۈك ھاياتىي كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىنى

ئىسپاتلىغانلىقىدا ، ئاق كۆكۈللۈك بىلەن ساپ دىيانەتلىك بىر ـ بىرىگە چەمبەرچاس باغلانغان ، ئاق كۆكۈل بۇ گۈزەل ئىسىم ، باشتىن ـ ئاخىر ھەققانىيەتتە چىڭ تۇرۇش ، ئېتىقادقا چوقۇنۇش بىلەن زىچ باغلانغان . ئۇ تۇرمۇش بىناسىنى قۇرۇشنىڭ مۇستەھكەم ئۇلى.
« شىنجاڭ ئىشچىلار ھەرىكىتى » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى . )

يۇقىرىدا بۆلەكلەرگە بۆلۈپ دەلىللەش ئېلىپ بېرىلغان تۆت پارچە ماقالىنى كۆرۈپ ئۆتتۇق . بىرىنچى ماقالە پىكىر قۇرۇلمىسىغا ئاساسەن ئىككى بۆلەككە بۆلۈنگەن . بىرىنچى بۆلەك ماقالىنىڭ بېشىدىن باشلاپ : « مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلار دائىم قىلىۋاتقان ئىشلارغا دىققەت قىلساق ، بۇنى بايقىۋېلىش تەس ئەمەس » دېگەن يەرگىچە بولۇپ ، بۇ بۆلەكتە پەقەت مول بىلىمگە ئىگە بولۇش ، باش چۆكۈرۈپ ئىشلەش بىلەنلا مۇۋەپپەقىيەت قازانغىلى بولمايدىغانلىقى ، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئەڭ مۇھىمى مەغلۇپ بولغۇچىلار يەنى ئۆز ھاياتىدا ھېچ ئىشتا بىرەر نەتىجە ياراتمىغۇچىلار قىلىشنى خالىمايدىغان ئىشلارنى قىلغاندىلا مۇۋەپپەقىيەت قازانغىلى بولىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان . ئىككىنچى بۆلەكتە مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلارنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ، يەنى ئۇلار قىلىشنى خالايدىغان ئىشلارنى بەش نۇقتىغا بۆلۈپ ئوتتۇرىغا قويغان ۋە ئايرىم ـ ئايرىم دەلىللەش ئېلىپ بارغان .

ئىككىنچى ماقالە چوڭ جەھەتتىن ئىككى بۆلەككە بۆلۈنگەن . بىرىنچى بۆلەكتە تىلدىكى بۇلغىنىشنىڭ زىيانلىرى ئۈچ نۇقتا يەنى تارماق نۇقتىئىنەزەر بويىچە دەلىللەنگەن . ئىككىنچى بۆلەكتە تىلدىكى بۇلغىنىشنى تازىلاش مەسىلىسى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ بۇ ئۈچ نۇقتا بويىچە دەلىللەش ئېلىپ بېرىلغان . ھەربىر نۇقتىغا كىچىك ماۋزۇچاقلار قويۇلغان .

ئۈچىنچى ماقالە تۆت بۆلەككە بۆلۈنگەن . ھەربىر بۆلەكتە بىر تارماق نۇقتىئىنەزەر ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ ، ئاشۇ تارماق نۇقتىئىنەزەرلەر ئاساسىدا دەلىللەش ئېلىپ بېرىلغان .

تۆتىنچى ماقالە سەككىز بۆلەككە بۆلۈنگەن . ھەربىر بۆلەكتە بىر

تـارماق نۇقتىئىنەزەر ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ ھەربىرىنى ئايرىم ـ ئايرىم دەلىل.
لەش ئېلىپ بېرىلغان.

بۇ خىل دەلىللەش ئۇسۇلى يۇقىرىدىكى دەلىللەش ئۇسۇللىرىغا ئوخشاشلا سەھىپىسى قىسقا مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ماقالىلەردىمۇ، سە.
ھىپىسى چوڭ مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ئەسەرلەردىمۇ قوللىنىدۇ. سەھى.
پىسى چوڭ مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ئەسەرلەردە بۇ خىل دەلىللەش ئۇ.
سۇلى قوللىنىلغاندا ئۆرنەكتە بېرىلگەن يۇقىرىقىدەك شەكىللەردىن باشقا يەنە بەزى ئەسەرلەردە بۆلەكلەر بىلەن بۆلەكلەر ئوتتۇرىسىغا «1، 2، 3 ...» دېگەنگە ئوخشاش رەقەملەرنى قويۇپ دەلىللەش ئېلىپ بېرىلىدۇ.

## 8) بايان قىلىش، تەسۋىرلەش، چۈشەندۈرۈش ئارقىلىق دەلىللەش ئۇسۇلى

بۇ خىل دەلىللەش ئۇسۇلىدا مەركىزىي نۇقتىئىنەزەرنى ياكى ھەرقايسى پىكىر (مۇلاھىزە) قاتلاملىرىدىكى مەلۇم تارماق نۇقتىئىنە.
زەرنى دەلىللەش زۆرۈرىيىتى تۇپەيلىدىن رېئال تۇرمۇشتىكى مەلۇم شەيئى جۈملىدىن مەلۇم ئادەم ۋە ئادەمگە مۇناسىۋەتلىك مەلۇم ئىشلارنى تەسۋىرلەش، بايان قىلىش، چۈشەندۈرۈش ئارقىلىق ئاشۇ مەركىزىي نۇقتىئىنەزەر ياكى ئاشۇ مەركىزىي نۇقتىئىنەزەرنى يورۇتۇپ بېرىدىغان مەلۇم تارماق نۇقتىئىنەزەر قايىل قىلارلىق دەلىللىنىدۇ ۋە ئىسپاتلىنىدۇ.
مىسال ئۈچۈن تۆۋەندىكى ماقالىلارنى كۆرۈپ باقايلى.

### باللار سىلەرگە بىر گېپىم بار

پەرھات جىلان

باللىرىم، سىلەر دىققەت قىلدىڭلارمۇ؟ جەمئىيەتتىكى ئادەملەر ناھايىتى خىلمۇ خىل بولۇپ، بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدۇ. بىزنىڭ ئارد.

مىزدا ئالىملار ، تېخنىك ئىشچىلار ، سەنئەتچىلەر ، دېھقانلار ، چارۋىچىلار ، ئوقۇتقۇچىلار ، يازغۇچىلار ، سودىگەرلەر ... ۋە يەنە تۈرلۈك - تۈرلۈك كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشىلەر بار . شۇنداقلا ، بىز ياشاۋاتقان بۇ دۇنيادا ھەتتا جىنايەتچىلەر ۋە ھەر خىل بولمىغۇر ئادەملەرمۇ بار . ئۇبدان كۆزىتىدىغان بولساق ، بىر قىسىم كىشىلەر ناھايىتى تىرىشچان ۋە يارامىلىق بولۇپ ، تۈرلۈك ئىشلارنى ياخشى ئىشلەپ ، تۇرمۇشنى مەنىلىك ئۆتكۈزىدۇ ، ئەكسىچە ، يەنە بىر قىسىم كىشىلەر بەك ھۇرۇن ، بولۇمسىز . ئۇلار ھېچقانداق ئىشنى بىر باشقا ئېلىپ چىقالمايدۇ . يەنە بەزىلەر تېخى ھالال ئەمگەك قىلىشنى خالىماي دۆلەتكە ۋە پۇقرالارغا زىيان سالىدىغان جىنايى ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىدۇ . بۇنداق يامان كىشىلەر ئاخىر قانۇننىڭ تورىغا چۈشۈپ ، جازاغا تارتىلىدۇ . ئۇلارنى ھېچقانداق ئادەممۇ ياخشى كۆرمەيدۇ . ئەكسىچە، ھالال ئەمگەك قىلىپ ، تىرىشىپ ئىشلەيدىغان ئادەملەرنى كىشىلەر ھۆرمەتلەيدۇ .

بالىلىرىم ، سىلەر ئويلاپ باقتىڭلارمۇ ؟ نېمە ئۈچۈن ئادەملەر ئاشۇنداق خىلمۇ خىل بولىدۇ ؟

ھەممە ئادەملەرنىڭ سىلەرگە ئوخشاش بالىلىق دەۋرلىرى بولغان . بالىلىق چاغلىرىدا ئۇلار بىللە ئويناپ ، مەكتەپلەردە بىللە ئوقۇپ ، ھەممىسى ئوخشاش ھايات كەچۈرگەن . لېكىن ، چوڭ بولغاندىن كېيىن ئۇلار بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان ھەرخىل ئادەم بولۇپ چىقتى . نېمە ئۈچۈن بالىلار چوڭ بولغاندا ھەممىسى يارامىلىق ، ياخشى ئادەم بولۇپ چىقالمايدۇ ؟

كىمنىڭ قانداق ئادەم بولۇشى شۇ كىشىنىڭ ئۆزىگە باغلىق . ھەر ئادەم ئۆزىنىڭ ئىستىقبالىنى ئۆزى يارىتىدۇ . ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا ، يارامىلىق ئادەم بولۇش ئۈچۈن داۋاملىق تىرىشىپ ئۆگىنىش كېرەك . مەكتەپتىكى دەرسلەرنى ياخشى ئۆگىنىشتىن سىرت يەنە بوش ۋاقىتلاردا ھەر خىل كىتابلارنى ئوقۇش ، ھەر خىل ئىشلارنى ئىشلەشنى ئۆگىنىپ مېڭىش كېرەك .

ئەنە شۇنداق قىلالىغان بالىلار چوڭ بولغاندا قولىدىن ئىش كې-

لىدىغان يارامىلىق ئادەم بولۇپ چىقالايدۇ . كىچىكىدە ياخشى ئۆگەنگەن
بالا چوڭ بولغاندا ھەرقانداق ئىشنى قاملاشتۇرۇپ ئىشلىيەلەيدۇ .

ئادەملەرنىڭ ھەۋەسلىرى ھەر خىل بولىدۇ . كىم بالىلىق چاغلى-
رىدىن تارتىپ ياخشى ئوقۇپ ، چوڭ بولغاندىن كېيىنمۇ ئۆزى قىزىقىدى-
غان كەسىپنى داۋاملىق ئۆگەنسە چوقۇم ئارزۇلىرىنى ئەمەلگە ئا-
شۇرالايدۇ .

دېمەك ، ئۆسمۈرلەردە غايە بولۇش كېرەك . « مەن چوڭ بولغاندا
نېمە ئىش قىلىمەن ؟ » دېگەن مەسىلىنى ھازىردىن باشلاپ ئويلاش كې-
رەك . سىز نېمە ئىشقا ، قانداق كەسىپكە قىزىقىسىز ؟ ئۆزىڭىز قىزىقىدى-
غان ئىشنى ھازىردىنلا ئۆگىنىشنى باشلاڭ . مەسىلەن ، سىز رەسىم سى-
زىشقا قىزىقسىڭىز ، مەكتەپتىكى دەرسلەرنى ياخشى ئوقۇش بىلەن بىللە
بوش ۋاقىتلىرىڭىزدا داۋاملىق رەسىم سىزىشنى ئۆگىنىڭ . ئەگەر سىز
ھەر خىل بۇيۇملارنى ياساشقا قىزىقسىڭىز داۋاملىق ھەر خىل مودېل ،
ئويۇنچۇقلارنى ياساشنى ياكى بۇزۇلۇپ قالغان نەرسىلەرنى رېمونت قى-
لىشنى مەشىق قىلىڭ . شۇنداق قىلسىڭىز ئاخىر قولىدىن ئىش كېلىدىغان
ئادەم بولالايسىز .

بالىلىرىم ، سىلەرگە ئۆزۈمنىڭ ئۆتمۈشۈم توغرىسىدا ئازراق
سۆزلەپ بېرەيمۇ ؟ مەن باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىمدىن
باشلاپلا ئەدەبىياتقا قىزىقاتتىم . ھەر خىل بالىلار كىتابلىرىنى ئوقۇشنى
ياخشى كۆرەتتىم . كېيىنچە ، « ئۆزۈممۇ ھېكايە ، چۆچەكلەرنى يېزىپ
يازغۇچى بولسام » دېگەن ھەۋەس پەيدا بولدى . بۇ مېنىڭ غايەم ئىدى .
مەن مۇشۇ غايەمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كىتاب ئوقۇش بىلەن
بىرگە يەنە ئۆزۈممۇ بالىلار چۆچەكلىرى ، شېئىر ، قوشاق ۋە قىسقا ماقا-
لىلەرنى ئىشتىياق بىلەن يېزىشنى مەشىق قىلىدىغان بولدۇم . ئۇ يازغان-
لىرىمنىڭ بىرەرسىمۇ گېزىت – ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنمىدى ، چۈنكى ئۇ
چاغلاردا « شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى » ، « تارىم غۇنچىلىرى » دەك مەخ-
سۇس بالىلار ئۈچۈن چىقىرىلىدىغان گېزىت – ژۇرناللار يوق ئىدى .
شۇنداق بولسىمۇ ، زېرىكمەستىن ، روھىمنى چۈشۈرمەستىن ئۆزلۈكۈمدىن

يېزىشنى داۋاملاشتۇرۇۋەردىم .

مەن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن يىلى « مەدەنىيەت ئىنقىلابى » باشلاندى . مەكتەپلەردە ئوقۇش توختىتىلدى . ئاتا ـ ئانام ناھەق زەربىگە ئۇچراپ تۇتۇپ كېتىلدى . مەن قويچىلىق ، تاشچىلىق ، ھەرىكەشلىككە ئوخشاش تۈرلۈك ياللانما ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىپ جان بېقىشقا مەجبۇر بولدۇم . ئەنە شۇنداق بەختسىز كۈنلەردىمۇ مېنىڭ ئەدەبىياتقا بولغان ھەۋىسىم قىلچە سۇسلاشمىدى . ئەكسىچە ، ئەدەبىياتتىن باشقا يەنە تارىخ ، پەلسەپە ، پسىخولوگىيە قاتارلىق پەنلەرگىمۇ قىزىقىدىغان بولۇپ كەتتىم . ئېغىر جىسمانىي ئەمگەكتىن ھېرىپ ـ ئېچىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بىر پارچە زاغرا ناننى قايناق سۇغا چىلاپ يەۋېلىپلا كىتاب ئوقۇشقا كىرىشىپ كېتەتتىم . كېيىن يەنە خەنزۇ ، رۇس تىلىدىكى ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىشنى ئۆگىنىشكە تۇتۇش قىلدىم .

ھازىر ئويلىسام ، ئەگەر ئۆسمۈرلۈك ھەم ياشلىق چاغلىرىمدا ئاشۇنداق ئۆزلۈكۈمدىن تىرىشىپ ئۆگەنمىگەن بولسام بۈگۈنكىدەك تەتقىقات ۋە ئىجادىيەت ئىشلىرىمنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىغان بولاتتىم .

بالىلىرىم ، سىلەر قانداق ئويلاۋاتىسىلەر ؟ مەن دېگەن مەسىلەلەرنى سىلەر بۇرۇن ئويلاپ باققانمۇ ؟ بۇنىڭدىن كېيىن قانداق قىلماقچى بولۇۋاتىسىلەر ؟

مەن ھەر قېتىم سومكىلىرىنى ئېسىپ مەكتەپكە كېتىۋاتقان ياكى خۇددى ھەقىقىي تەنھەرىكەت ماھىرلىرىدەك چەبدەسلىك بىلەن توپ ئويناۋاتقان ۋە ياكى بېرىلىپ دەرس ئوقۇۋاتقان ئوغۇل ـ قىز ئۆسمۈرلەرنى كۆرگىنىمدە ئامراقلىقىم كېلىپ سۆيۈنۈپ كېتىمەن . ئاشۇ ئوماق ، مەسۇم بالىلارنىڭ كەلگۈسىدە جەمئىيەتكە كېرەكلىك ، يارامىلىق ، ياخشى ئادەملەردىن بولۇپ چىقىشىنى چىن قەلبىمدىن ئارزۇ قىلىمەن .

بالىلىرىم ، ئوغۇللىرىم ، قىزلىرىم ، ئەگەر ماڭا دېيدىغان يۈرەك سۆزلىرىڭلار بولسا ماڭا خەت يازساڭلار ياكى مېنى ئىزدەپ كېلىپ سۆھبەتلەشسەڭلار بەك خۇش بولىمەن .

( « تارىم غۇنچىلىرى » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى . )

## غۇرۇر بىباھادۇر

مۇنداق بىر ھېكايە بار : نيۇ ـ يوركتىكى بىر سودىگەر ئۇستۇپ-
شىغا جۇل ـ جۇل كىيىم كىيىۋالغان بىرقېرىنداش قەلەم ساتقۇچىنى
ئۇچرىتىپ قىلىپ ، ئۇنىڭغا بەك ئىچ ئاغرىتىپتۇ ۋە بىر دوللار پۇلنى ئۇ-
نىڭ قۇچىقىغا تاشلاپتۇ ـ دە ، كېتىپ قاپتۇ . ئەمما بىردەمدىن كېيىنلا ،
ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ قىلىقىنىڭ توغرا بولمىغانلىقىنى ھېس قىلىپ ، دەرھال
قايتىپ كەپتۇ ـ دە ، قەلەم ساتقۇچىنىڭ قولىدىن بىر نەچچە تال قې-
رىنداش قەلەمنى ئاپتۇ ۋە ئۆزىنىڭ قەلەم ئېلىشنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىنى
خىجالەتچىلىك بىلەن چۈشەندۈرۈپ ، قەلەم ساتقۇچىدىن بۇنى ئېغىر
ئالماسلىقنى ئۆمىد قىپتۇ . سودىگەر ئاخىرىدا :
— ھەر ئىككىمىز سودىگەر ئىكەنمىز . سىزنىڭ ساتىدىغان نەر-
سىڭىز بار ئىكەن ، يەنە كېلىپ ئۇنىڭ ئۇستىگە باھاسى ئېنىق يېزىد-
لىپتۇ ، — دەپتۇ .
بىر قانچە ئايدىن كېيىن بىر ئىجتىمائىي ئالاقە سورۇنىدا ، رەتلىك
كېيىنگەن بىر سودىگەر ھېلىقى نيۇ ـ يوركلىق سودىگەرنىڭ ئالدىغا كې-
لىپ ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ :
— سىز ، بەلكىم مېنى ئۇنتۇپ قالغانسىز، مەنمۇ سىزنىڭ نام ـ
شەرىپىڭىزنى بىلمەيمەن ، بىراق مەن سىزنى مەڭگۈ ئېسىمدىن چىقىرال-
مايمەن . سىز ماڭا يېڭىۋاشتىن غۇرۇر ئاتا قىلغان كىشى ، سىز ئالدىمغا
كېلىپ مېنى بىر سودىگەر ئىكەنلىكىمنى ماڭا ئېيتقانغا قەدەر ، مەن ئۆ-
زۈمنى قېرىنداش قەلەم ساتىدىغان بىر قەلەندەر ھېسابلاپ يۈرگە-
نىدىم ، — دەپتۇ .
نيۇ ـ يوركلىق سودىگەرنىڭ ئاددىيغىنا بىر ئېغىز سۆزى موھ-
تاجلىقتىكى بىر ئادەمنىڭ ئۆزىگە قايتىدىن ئىشەنچ تۇرغۇزۇشىغا ۋە ئۆز
تىرىشچانلىقى بىلەن خۇشاللىنارلىق نەتىجە قازىنىشىغا سەۋەب بولغان .

بۇنداق بولۇشى كىمنىڭمۇ خىيالىغا كەلسۇن ؟
قىيىن ئەھۋالدا قالغان كىشىلەرگە ھېسداشلىق قىلىش ، ئۇلارغا قىزغىن قول سۇنۇپ ، خالىس ياردەم بېرىش ھەقىقەتەن مۇھىم ئىش. ئەمما ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ غۇرۇرىنى ۋە قەدىر - قىممىتىنى تونۇتۇش تېخىمۇ مۇھىم ، ئۇلار ئۆزلىرىگە تولۇق ئىشەنگەندىن كېيىنلا ئاندىن قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلۇشىغا بەل باغلاپ ، ئۆزلىرىنىڭ ھەرگىزمۇ ئاجىزلاردىن ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلىيالايدۇ .
( « مىللەتلەر ئىتتىپاقى » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى . )

## گوگۇلنىڭ ئەسىرىنى كۆيدۈرۈشىدىن ئويلىغانلىرىم

سىدىق يۇنۇس

روسىيىلىك ئاتاقلىق يازغۇچى گوگول ئۆز ئەسەرلىرىگە تولىمۇ قاتتىق تەلەپ قوياتتى ، ئۇ بىرەر ئەسەرنى يېزىپ بولۇپ ، باشقىلاردىن قايتا - قايتا پىكىر ئېلىپ ، ئىنچىكە مۇلاھىزە يۈرگۈزەتتى ۋە ئەستايىدىل تۈزىتەتتى .
بىر قېتىم ئۇ بىر سەھنە ئەسىرىنى يېزىپ بولۇپ ، شائىر ژۇكوپنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلىدۇ . چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن گوگول ئۆزىنىڭ يېڭى ئەسىرىنى ناھايىتى زوقلانغان ھالدا ئۈنلۈك ئوقۇشقا باشلايدۇ . ئەسلىدە ژۇكوپنىڭ چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن ئۇخلايدىغان ئادىتى بولغاچقا، ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ ئۇيقۇغا كېتىدۇ . ئۇ ئويغانغاندا گوگول قاتتىق ئۆكۈنگەن ھالدا : قەدىرلىك دوستۇم ، ئەسلىدە مەن سىزنى پىكىر بېرەرمىكىن دېگەن خىيال بىلەن چاقىرىپ كەلگەنىدىم . لېكىن ، سىز ئەسىرىمنى ئوقۇسام ئۇخلاپ قالدىڭىز ، بۇ ماڭا بەرگەن ئەڭ ياخشى تەنقىد بولدى ، دەيدۇ ـ دە ، قولىدىكى ئوقۇۋاتقان ئەسىرىنى لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئوتقا تاشلىۋېتىدۇ .

ياش دوستلار ، بىزنىڭ بىرەر ئەسەر يېزىشتىن مەقسىتىمىز ، باشقىلارنىڭ ئوقۇشى ئۈچۈندۇر . كىتابخانلارنىڭ ئالغا ئىنتىلىشىگە ئىلھام بېرىش ، ئۇلارنى گۈزەللىكتىن بەھرىمەن قىلىش ، مەنىۋى جەھەتتە تەربىيىلىنىش ئۈچۈندۇر . بىز يازغان ۋە يازماقچى بولغان ھەربىر ئەسەر ، مىڭلىغان كىتابخانلارغا بېغىشلانغان بولىدۇ . شۇڭا ئەتراپىمىزدىكى يولداشلارنىڭ ۋە بىلىملىك ئۇستازلارنىڭ پىكىرلىرىگە ئەستايىدىل قۇلاق سېلىشىمىز ، ئەمەلىيەتتىن ئايرىلغان ھالدا قارسىغىلا ئىشلەۋەرمەسلىكىمىز لازىم . گۆھەر قاراڭغۇ كېچىدىمۇ نۇر چېچىۋېرىدۇ . بىرەر ئەسەرنىڭ ھاياتىي كۈچى ئۇنىڭ گېزىت ـ ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغىنى ياكى كىتاب قىلىپ نەشر قىلىنغانلىقىدا ئەمەس ، بەلكى ئەڭ مۇھىمى ئۇنىڭ خەلق ئارىسىدا چوڭقۇر يىلتىز تارتقانلىقىدا كۆرۈلىدۇ .

بەزى ياش ئاپتورلار ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغاندا كەمتەر بولمايدۇ . ئۇلاردا ئەستايىدىللىق پوزىتسىيىسى كەم ، ھامان ئۆزىگە ھەددىدىن ئارتۇق ئىشىنىپ كېتىدۇ . باشقىلارنىڭ پىكرىگە قۇلاق سېلىشنى ياقتۇرمايدۇ . ئۆزى يازغان ئەسەر ئۇستىدە قايتا ـ قايتا مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ ، ئەستايىدىل تۈزىتىشنى خالىمايدۇ . كۆپ ھاللاردا ئۆز ـ ئۆزىگە تەمەننا قويۇپ ، قولىنىڭ ئۇچىدىلا ئىش قىلىدۇ .

بىرەر ئەسەرنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يېزىپ چىقىش ئۈچۈن يېتەرلىك تۇرمۇش ئاساسىغا ئىگە بولۇش ، شەيئىلەرنى ئېنىق ، توغرا كۆزىتەلەيدىغان ئۆتكۈر كۆز بولۇش ، باي ئەدەبىيات بىلىمى ئاساسىغا ۋە تەسەۋۋۇر كۈچىگە ئىگە بولۇش ، مۇكەممەل يېزىقچىلىق قابىلىيىتىنى ئىگىلەش لازىم . ھەربىر ئەدەبىيات ھەۋەسكارىنىڭ ئالدىدىكى يول ھەرگىزمۇ تۈپتۈز بولمايدۇ ، شۇڭا ھەرقانداق جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى يېڭىشقا توغرا كېلىدۇ .

( « شىنجاڭ ياشلىرى » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى . )

## مايمۇننىڭ ھېكايىسى

لياڭ شۇمىڭ

ئەقىل ـ پاراسەت ئىنسانلاردىكى بىردىنبىر ئارتۇقچىلىق. لېكىن، نېمىنى ئەقىل ـ پاراسەت دېيىش مۇمكىن؟ مېنىڭچە، بۇ سوئالغا تەمكىن-لىك بىلەن جاۋاب بېرىش تولىمۇ مۈشكۈل. ئالايلۇق، سان ھېسابلاۋات-قان ياكى پىكىر يۈگۈرۈۋاتقان چاغلىرىمىزدا، كۆڭلىمىز ئارامىدا بولمىسا ياكى بەك ھاياجانلىنىپ تۇرساق ۋە ياكى بەك چۈشكۈن بولساق خاتالىق سادىر قىلىشىمىز، ھېچ بولمىغاندا ئىشىمىزدا ئىلگىرىلەش بولماسلىقى تۇرغان گەپ، بۇ ھەممىگە ئايان. لېكىن، بىر قىسىم كىشىلەر مەسىلە-لەرنى بىر تەرەپ قىلغاندا، كۆپىنچە بۇ تەرەپكە سەل قارايدۇ. ھەمىشە ھېسسىياتنىڭ كەينىگە كىرىپ كېتىدۇ، كۆڭۈل توختىتىۋېلىپ مەسىلە-لەرنى ھەل قىلىشنىڭ ئۇسۇلى ئۈستىدە ئىزدەنمەيدۇ. مەن مايمۇن توغ-رىسىدىكى مۇنداق بىر ھېكايىنى سۆزلەپ بېرەي: تۇمسون پەن ـ تەتقى-قات پروگراممىسىدا بىر ئالىمنىڭ ھايۋانلارنىڭ پسىخىكىسىنى تەتقىق قى-لىش ئۈچۈن، بىرقانچە ئورانگوتان ۋە مايمۇن ئۈستىدە تەجرىبە ئېلىپ بارغانلىقىنى بايان قىلغان، ئۇ ئالىم بىر ئېگىز ئەينەك شېشىگە شاكىلى ئاقلىۋېتىلگەن خاسىڭ مېغىزى سېلىپ مايمۇنغا بەرگەن. مايمۇن شېشە ئىچىدىكى خۇاسىڭ مېغىزىنى كۆرۈش بىلەن قالايمىقان سىلكىشكە باش-لىغان تاكى خاسىڭ مېغىزى چېچىلىپ چىققاندىلا تېرىشتۇرۇپ (تې-رىپ) يېگەن، ئالىم شېشىگە قايتا خاسىڭ مېغىزى سېلىپ، مايمۇنغا، شېشىنى دۈم كۆمتۈرسىلا خاسىڭ مېغىزىنىڭ چىقىدىغانلىقىنى ئىشارەت ئارقىلىق ئۆگەتكەن. لېكىن، مايمۇن ئالىمنىڭ ئۆگەتكىنى بويىچە قىل-ماستىن، ئەكسىچە شېشىنى ئۆزى بىلگىنىچە قالايمىقان سىلكىپ، بىر-مۇنچە ئاۋارە بولغان. مايمۇن نېمە ئۈچۈن ئالىمنىڭ ئۆگەتكىنى بويىچە

ئىش قىلمايدۇ؟ چۈنكى، ئۇنىڭ پۈتۈن ئەس - خىيالى شىشىدىكى خاسىڭنى يېيىشتە بولغاچقا، كۆزلىرىنى ئۇنىڭدىن ئۈزەلمىگەن. بۇنداق ئەھۋالدا ئۇنىڭ ئۆگىنىشكە قانداقمۇ چولىسى تەگسۇن. ئۇ ئۆگىنىمەن دەيدىكەن، نەزىرىنى مېغىزغا ئەمەس، ئۆگەتكۈچىنىڭ قول ئىشارىسىگە ۋە شېشىنىڭ دۈم كۆمتۈرۈلگەنلىكىگە قارىتىشى كېرەك. نەزىرىنى يۆتكەش ئۈچۈن ئالدى بىلەن كۆڭۈل توختىتىش، نەپسى ئىشتاھاسىنىڭ قىزىقتۇرۇشىدىن ئۆزىنى تارتىشى كېرەك. ھالبۇكى، مايمۇن بۇنداق قىلالمىدى. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ ئەقلى - قابىلىيىتىنىڭ نەقەدەر تۆۋەن ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىن.

كىشىلەرنىڭ مەسىلىلەرنى ھېس قىلالماسلىقى بىخۇدلۇق قىلغانلىقىدىندۇر؛ شۇڭا مەسىلىلەرگە يولۇققاندا چوقۇم تەمكىن، سالماق بولۇشى كېرەك، تەۋرەپ قېلىشقا، بەل قويۇۋېتىشكە بولمايدۇ. مەسىلىلەرنى چوقۇم پىكرىمىزنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىغا قويۇپ تۇرۇپ، ئەتراپلىق مۇلاھىزە قىلغىنىمىزدىلا، ئۇنىڭ قانۇنىيىتىنى ئىگىلىۋالالايمىز. جاھاندىكى ئىشلارنى ئالدى بىلەن چۈشىنىۋېلىش لازىم، شۇندىلا ئىدارە قىلغىلى بولىدۇ. خۇدىمىزنى يوقىتىپ ئاسان ھاياجانلانساق، ھېلىقى مايمۇندىن پەرقىمىز قالمايدۇ.

يەنە مۇنۇلارغىمۇ دىققەت قىلىش زۆرۈر: ئادەمنىڭ كاللىسى تەپەككۇرقىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ، مەسىلىلەرنى كۆزەتكەندە چوقۇم مۇشۇ بىر لىنىيىنى چىقىش قىلىش كېرەك. شۇ چاغدىلا ئۇسۇل - چارە تېپىلىدۇ، مەسىلىمۇ ئايدىڭلىشىدۇ. ئومۇمەن، ئەقىل - پاراسەتنىڭ جارى بولۇش - بولماسلىقى ئاخىرقى ھېسابتا يەنىلا ئادەم ئۆزىنىڭ تەمكىن بولغان - بولمىغانلىقىغا باغلىق.

# روۋېندەك بولايلى

ئې . خوئوپېت ( ئامېرىكا )

كۇباغا ئائىت ئىشلارنى ئەسلىسەملا ، بىر كىشى شۇئان يادىمغا كېلىدۇ .

ئامېرىكا ـ ئىسپانىيە ئۇرۇشى پارتلىغان مەزگىللەردە ، ئامېرىكا دائىرىلىرى ئىسپانىيە قارشىلىق كۆرسىتىش قىسمىنىڭ باشلىقى گارسىيە بىلەن ئالاقە قىلىپ ، ئۇنىڭ بىلەن ھەمكارلاشماقچى بولىدۇ . گارسىيە كۇبادىكى تاغ ئورمانلىقى ئىچىدە تۇراتتى . بىراق ، ئۇنىڭ تۇرۇۋاتقان ئېنىق جايىنى ھېچكىم بىلمىگەچكە ، ئالاقە قىلىش تەسكە چۈشىدۇ .

قانداق قىلىش كېرەك ؟ بىرسى زۇڭتۇڭغا: « روۋېن ئىسىملىك بىر كىشى بار . پەقەت شۇلا گارسىيىنى تېپىشنىڭ ئامالىنى قىلالايدۇ » دەيدۇ .

ئۇلار روۋېننى تېپىپ كېلىپ ، ئۇنىڭغا گارسىيىگە يېزىلغان بىر پارچە خەتنى بېرىدۇ . روۋېن خەتنى ئالغاندىن كېيىن « ئۇنى نەدىن تاپىمەن ؟ » دەپ سوراپمۇ قويماستىن يولغا چىقىدۇ ۋە ۋەزىپىنى ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇندايدۇ .

بىز روۋېندەك كىشىلەرنىڭ ئۆلمەس ھەيكىلىنى قاتۇرۇپ ، ھەربىر مەكتەپتە تۇرغۇزساقمۇ ئەرزىيدۇ . ياشلار كىتابىي بىلىملەرنى ئۆگىنىش ، باشقىلارنىڭ تۈرلۈك تەلىملىرىنى ئاڭلاش بىلەنلا قالماي ، بەلكى كەسپىنى سۆيۈش روھىنى كۈچەيتىپ ، يۇقىرىنىڭ تاپشۇرۇقىغا قارىتا دەرھال تەدبىرقوللىنىپ ، ۋەزىپىنى جان ـ دىل بىلەن ئورۇندىشى كېرەك . بىراق ھازىر ، بەزى ياشلار خىزمەت ۋەزىپىسىنى كۆڭۈل قويۇپ ئورۇنداشنى خالىمايدۇ ، ئورۇندىغان تەقدىردىمۇ كۆڭۈل قويمايدۇ ، قولىنىڭ ئۇچىدىلا ئىش قىلىدۇ .

ئىشەنمىسىڭىز ، ئىشخانىدا ئولتۇرۇپ ، خىزمەتچىڭىزگە : « قا-مۇستىن گوركىينىڭ تەرجىمىھالىنى قىسقىچە يېزىپ بېرىڭ » دېسىڭىز ، كېيىپ ئېيتالايمەنكى ، ھېلىقى خىزمەتچىڭىز ، ياۋاشلىق بىلەن : « بو-لىدۇ ، ئەپەندى » دېمەستىن ئەكسىچە، ھېچنېمە بىلمەيدىغاندەك : « ئۇ كىم ، قايسى قامۇستىن تاپىمەن ؟ قامۇس قەيەردە ؟ كۆپەيتىپ بېسىش ھەققىنى ئاتچوت قىلىپ بېرەمسىز ؟ سىز ئۇنى ئىزدەپ نېمە قىلىسىز ؟ دەرھال لازىممىتى؟ بۇ مېنىڭ خىزمەت دائىرەمدىكى ئىشمۇ ؟ مەن بۇ ئىشنى قىلسام ، باشقا ئىشلارنى باشقىلار قىلامدۇ ؟ » دېگەندەك بىر تالاي سوئاللارنى ياغدۇرۇۋېتىدۇ .

سىز ئۇنىڭ سوئالىغا بىر ـ بىرلەپ جاۋاب بېرىپ بولغاندىن كې-يىن ئۇ : « بۇ ئىشنى بىرىگە تاپشۇرۇڭ » دەپ پېشىنى قېقىپ كېتىدۇ . باشقا بىرىنى بۇ ئىشقا بۇيرۇسىڭىز ، ئۇمۇ ، بۇ مېنىڭ ۋەزىپەم ئەمەس ، دەپ پىسەنتىگە ئالمايدۇ . ئەگەر سىز ئىككى كۈن ئىچىدە تېپىپ بېرىڭ دېسىڭىز ، ئۇ بەلكىم بۇ ۋەزىپىنى شۇ ۋاقىت ئىچىدە ئورۇندىشى مۇمكىن ياكى ئىشتىن قايتىشىدا بىرەر قاۋاقخانىغا كىرىپ كېتىپ ، ئۇ ئىشلارنى پاكپاكىزە ئۇنتۇپ قېلىشىمۇ مۇمكىن .

بۇنداق كىشىلەرنى گارسىيىگە خەت ئاپىرىپ بېرىشكە ئەۋەتىشكە بولامدۇ ؟

قايسى زاماندا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، ھەرقانداق بىر ساھەدە ، پەقەت ئەڭ قابىل كىشىلەرلا داۋاملىق خىزمەت ئورنىدا تۇرالايدۇ . ھەر-بىر خوجايىن ئۆز مەنپەئىتىنى نەزەردە تۇتۇپ ، ئەڭ ئىلغار خادىملارنى داۋاملىق ئىشلىتىدۇ .

مەن ئىنتايىن ئەقىللىق بىر كىشىنى تونۇيمەن ، بىراق ئۇنىڭ كەسپتە يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارى يوق ، باشقىلارمۇ ئۇنى قىممىتى بار دەپ قارىمايدۇ . چۈنكى ، ئۇ دائىم ، خوجايىنىم مېنى ئېزىدۇ ، ئېكسپىلا-تاتسىيە قىلىدۇ ، دەپ ۋايسايتتى . ئۇ ھەم باشقىلارغا بۇيرۇق چۈشۈ-رۈشكە ئامالسىز ، ھەم باشقىلارنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايتتى . ئەگەر ئۇنىڭغا گارسىيىگە خەت ئاپىرىپ بېرىشنى بۇيرۇ-

سىڭىز ، ئۇنىڭ تۇرلۇك سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ ئارقىغا سۇرۇشى تۇرغان گەپ .

مەن خوجايىن ئىشخانىدا بولۇش ـ بولماسلىقىدىن قەتئىينەزەر تىرىشىپ خىزمەت قىلىدىغان كىشىلەرنى ياقتۇرىمەن . يوقىلاڭ سوئاللارنى سورىماي خەتنى گارسىيىگە ۋاقتىدا تاپشۇرۇپ بېرەلەيدىغان روۋېندەك كىشىلەرنى ھۆرمەتلەيمەن .ئۇنىڭ « جىمغۇرلۇقى » ھەرگىزمۇ قارىغۇلارچە ئىش قىلىدىغان ، كۆز قارىشى يوق كىشى ئىكەنلىكىدىن دېرەك بەرمەيدۇ . ئەكسىچە ، خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان ، ئۆزى ئامال تېپىپ ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ۋەزىپىنى ئورۇندايدىغان كىشى ئىكەنلىكىنى دەلىللەپ بېرەلەيدۇ . بۇ خىل كىشىلەر مەڭگۈ ئىشتىن بوشىتىلمايدۇ ھەم ھەرگىزمۇ مائاشىنى ئۆستۈرۈشنى تەلەپ قىلىپ ، ئىش تاشلىمايدۇ . مەدەنىيەت دەل ئۇنىڭغا ئوخشاش كىشىلەرنى كۆكۈل قويۇپ ئىزدەيدىغان ئۇزۇن جەريان . بۇنداق كىشىلەر ھەربىر شەھەر ، يېزا ـ كەنت ، يېزا ـ بازار ، ھەربىر ئىشخانا ، شىركەت ، ماگىزىن ، زاۋۇت ھەتتا ئۇرۇش مەيدانلىرىدىمۇ ئالقىشلىنىدۇ . دۇنيا خەتنى گارسىيىگە ئاپىرىپ بەرگەن روۋېندەك تالانت ئىگىلىرىگە جىددىي ئېھتىياجلىق .

( « تەرمىلەر » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى . )

## خۇشال ياشاڭ

ئاززۇگۇل مەھمۇدجان

بىر كۈنى ئىشخانىدا تاپشۇرۇق تەكشۈرۈۋاتسام ، بىر قىز ئوقۇغۇچى كۆزلىرى ياش ھالدا كىرىپ : « مۇئەللىم ، ئەخمەت مېنى پۈتۈن سىنىپتىكى ساۋاقداشلىرىم ئالدىدا ‹ كاۋا › دېدى » دەپ شىكايەت قىلدى . چۈنكى بۇ قىز سېمىز ئىدى .

مەن كۈلۈپ كەتتىم ۋە بۇ قىزغا :

— قىزىم ، خاپا بولماڭ ، ئەپسۇسلانماڭ . مەن سىزدەك چاغدا

نۇرغۇن لەقەملىرىم بار ئىدى . بەزىلەر مېنى « دىۋە » دەيتتى ، چۈنكى مەن سېمىز ئىدىم ؛ بەزىلەر بولسا « قارا ھىندى » دەيتتى ، چۈنكى چىرايىم قارا ئىدى ؛ بەزىلەر « ئوي كۆز » دەيتتى ، چۈنكى كۆزۈم يوغان ئىدى ؛ بەزىلەر : « قازان باش » دەيتتى ، چۈنكى بېشىم يوغان ئىدى ؛ بەزىلەر « تۈلۈم چاشقان » دەيتتى ، چۈنكى بويۇم پاكار ئىدى ... شۇ چاغدا مەنمۇ ئازابلانغانىدىم . ھازىر ئويلىسام بىكاردىن ـ بىكار ئازابلە-نىپ ، تولىمۇ كۆلكىلىك ئىش قىلغانىكەنمەن . ھەممىمىزدە جىسمانىي جەھەتتە بىرەر ئەيىب ـ نۇقسان بولىدۇ . بىراق ، توغرا قارىساق ، ئۇلار بىزنىڭ ياخشى ئوقۇشىمىز ، گۈزەل ئەخلاق ، ئېسىل خىسلەت يېتىلدۈ-رۈشىمىز ، ياخشى خىزمەت قىلىپ ، ئوبدان نەتىجە يارىتىشىمىزغا تەسىر يەتكۈزەلمەيدۇ . مەسىلەن ، بەزىلەر سېمىز ، لېكىن ناخشىنى ياخشى ئېيى-تىدۇ ، ھەر قېتىملىق ناخشىسى گۈلدۈراس ئالقىشقا كۆمۈلىدۇ ؛ بەزىلەر چوقۇر ، تاقىرباش ، ئەمما يارامىلىق شائىر ؛ بەزىلەر پاكار ، ئەمما يېتۈك سازچى ؛ بەزىلەرنىڭ چىرايى قارا ، ئەمما ئالقىشقا سازاۋەر مۇئەللىم ...

كىچىك دوستلار ، رېئال ھاياتتا ئەيىب ـ نۇقسانى يوق كىم بار . ئەتراپىڭىزدىكىلەرگە قاراپ باقسىڭىز شۇنى كۆرىسىزكى ، بىرسىنىڭ ئاغزى يوغان ، بىرسىنىڭ بۇرنى پاناقراق ، بىرسىنىڭ كۆزى كىچىك ، بىرسىنىڭ يۈزى سوزۇنچاقراق ، بىرسىنىڭ تۈزۈك قېشى يوق ، بىرسى-نىڭ قۇلىقى سالپاڭ ...

مەن ھېس قىلىمەنكى ، ئادەم ئون ياشلار ئەتراپىغا يەتكەندە ئۆ-زىنىڭ بەدەن قۇرۇلۇشىغا دىققەت قىلىدىغان ، ھامان بىر نەرسىسى كەم-دەك ، ئۆزى باشقىلارغا يەتمەيدىغاندەك ھېس قىلىپ ، باشقىلارنىڭ مەسخىرە قىلىشىدىن ئەنسىرەيدىغان ، ئۆزىنى تۆۋەن چاغلايدىغان بولۇپ قالىدۇ . بۇ تولىمۇ خەتەرلىك . بۇ ھال سىزدىن خۇشال كۈلكىنى ، ئى-شەنچ ، غەيرەتنى ، مەردانىلىكنى ئېلىپ قاچىدۇ . ئەمەلىيەتتە ، بىز ئۆ-چۈن ئەڭ لازىمى مۇشۇلار ئەمەسمۇ ؟

ئىشىنىمەن . سىزنىڭ ئانىڭىز جەزمەن مودېللاردەك چىرايلىق ئەمەس . ئۇنىڭ يۈزلىرىدە قورۇق بار ، قوللىرى يىرىك . ئەمما ، سىز

ئۇنى سۆيىسىز. چۈنكى، ئۇنىڭ ئانىلىق مېھرىگە تولغان قەلبى، ياخشى ئەخلاق ـ پەزىلىتى، ئىشچان، مېھرىبانلىقى بار. سىزنىڭ ئاتىڭىز دېھقان. ئۇ جەزمەن ناخشىچىدەك چىرايلىق ئەمەس. ئۇنىڭ بەللىرى مۈكچەيگەن، يۈزلىرى قاردىداپ، يېرىلغان. لېكىن، سىز ئۇنى ياخشى كۆرىسىز. چۈنكى، ئۇنىڭ قەلبى ياخشىلىق، مېھرىبانلىق بىلەن، تەمەنناسىزلىق، ئۇلۇغۋارلىق بىلەن تولغان.

ئادەملەرنىڭ زوقلىنىدىغىنى ۋە سۆيىدىغىنى قەلب پاكلىقى ۋە قەلب گۈزەللىكى، شۇنداق ئىكەن، ئورۇقراق ياكى سېمىزرەك، ئېگىزرەك ياكى پاكارراق بولغانىنىڭ نېمە كارايىتى ؟! ئۇلار سىزنىڭ قەلبىڭىزنىڭ گۈزەل بولۇشىغا قىلچە تەسىر يەتكۈزمەيدىغۇ ؟!

بىز كىشىلەرنىڭ زوقلىنىشى ئۈچۈن يارىتىلغان بىر تال گۈل ياكى رەڭدار كېپىنەك ئەمەس. چىرايلىق تاشقى كۆرۈنۈش بىزنىڭ ياشاشتىكى مەقسىتىمىزمۇ ئەمەس. شۇڭا، ئاز ـ تولا جىسمانىي ئەيىب دېگەن ئەرزىمەسلا نەرسە. ئۇلار ئۈچۈن قايغۇرۇش، ياش تۆكۈش، ئازابلىنىش راستىنلا بىر كۈلكىلىك ئىش. شۇڭا، ھەرگىز ئەپسۇسلانماي، خۇشال ياشاش كېرەك. تۇرمۇش ـــ ھايات تولىمۇ گۈزەل، بىز پاك قەلب ۋە نەتىجىلەر ئارقىلىق ئۇنىڭغا تېخىمۇ زور گۈزەللىك ئاتا قىلالايمىز.

(«تارىم غۇنچىلىرى» ژۇرنىلىدىن ئېلىندى.)

## مەقسىتىگە يەتمىگۈچە بولدى قىلماسلىق

ياپونىيە ماسىشتا ئېلېكتر سايمانلىرى شىركىتىنىڭ قۇرغۇچىسى ماسىشتا سىننوسكى ياش چېغىدا ئائىلىسى نامرات بولۇپ، بىر ئائىلە كىشىلىرى ئۇنىڭغا قاراشلىق ئىدى. بىر قېتىم، پاكار، ۋىجىك كەلگەن ماسىشتا مەلۇم بىر ئېلېكتر سايمانلىرى زاۋۇتىغا خىزمەت ئىزدەپ بارىدۇ، مەزكۇر زاۋۇتنىڭ كادىرلار بۆلۈمىگە كىرىپ مەسئۇل خادىمغا ئۆزىنىڭ

كېلىش مۇددىئاسىنى ، ئەڭ تۆۋەن دەرىجىلىك خىزمەت بولسىمۇ ئىشلەي-
دىغانلىقىنى ئېيتىدۇ . ھېلىقى خادىم ماسىشتانىڭ ئاۋاق ، پاكار ، كىيىم -
كېچەكلىرىنىڭ مەينەتلىكىنى كۆرۈپ ياراتمايدۇ ، بىراق گەپنى ئۇدۇللا
ئېيتىشنى ئەپ كۆرمەي : « بىزدە ھازىرچە ئادەم تولۇق ، بىر ئايدىن كې-
يىن كېلىپ بېقىڭ » دەپ يولغا سالىدۇ . ئەسلىدە بۇ مۇنداقلا دېيىلگەن
گەپ ئىدى . ئەمما ، بىر ئايدىن كېيىن ماسىشتا يەنە بارىدۇ ، ھېلىقى
مەسئۇل خادىم ئالدىراشلىقنى باھانە قىلىپ بىر قانچە كۈندىن كېيىن
كېلىشنى ئېيتىدۇ . ئۇ ئۈچىنچى قېتىم كەلگەندە مەسئۇل خادىم گەپنى
ئەگىتمەيلا : « مۇشۇنداق كىيىملەر بىلەن يۇرسەڭ زاۋۇتىمىزغا كىرىشىڭ
قىيىن » دەيدۇ . شۇنىڭ بىلەن ماسىشتا باشقىلاردىن بىر ئاز پۇل ئارىيەت
ئېلىپ كىيىم - كېچەك سېتىۋېلىپ ، شىركەتكە رەتلىك كىيىنىپ بارى-
دۇ . بۇ كىشى ئۇنىڭ يەنە كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ ئامالسىز : « ئېلېكتر
سايمانلىرى ھەققىدىكى بىلىمىڭ بەك ئاز ئىكەن ، سېنى قوبۇل قىلالماي-
مىز » دەيدۇ . ئىككى ئايدىن كېيىن ماسىشتا يەنە كېلىپ : « مەن ئې-
لېكتر سايمانلىرى ھەققىدە خېلى كۆپ نەرسە ئۆگەندىم ، سىزنىڭچە
قايسى جەھەتتە يېتەرسىزلىك بولسا ئاستا - ئاستا تولۇقلايمەن » دەيدۇ .
كادىرلار ئىشقا مەسئۇل خادىم ئۇنىڭغا بىر ھازا تىكىلىپ تۇرغان-
دىن كېيىن : « مەن بۇ ساھەدە ئىشلىگىلى ئون يىلدىن ئاشتى ، ساڭا
ئوخشاش خىزمەت ئىزدىگۈچىنى تۇنجى قېتىم ئۇچرىتىشىم ، سېنىڭ
سەۋر - تاقىتىڭ ۋە غەيرىتىڭگە قايىلمەن » دەيدۇ ھەمدە ئۇنىڭ زاۋۇتقا
كىرىپ ئىشلىشىگە قوشۇلىدۇ . كېيىن ماسىشتا تەدرىجىي ھالدا داڭلىق
شەخسكە ئايلىنىدۇ .

مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلارنىڭ نەزەرىدە مەغلۇبىيەت ۋاقىتلىق
ئوڭۇشسىزلىق ، شۇنداقلا بىر قېتىملىق پۇرسەت ، ئۇ سىزدە بىر قىسىم
كەمتۈكلۈك ۋە يېتەرسىزلىك بارلىقىنى ، مۇشۇ يېتەرسىزلىكنى تولۇقلى-
سىڭىز تەجرىبە ، قابىلىيەت ۋە پاراسەت جەھەتتە تېخىمۇ ئۆسۈپ ، مۇ-
ۋەپپەقىيەتكە تېخىمۇ يېقىنلىشالايدىغانلىقىڭىزنى چۈشەندۈرىدۇ . مەغلۇپ
بولۇشتىكى ئەڭ مۇھىم سەۋەب غەيرەت ۋە جۈرئەتنىڭ كەمچىل بولۇشى ،

بىر ئاز ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغاندىلا بەل قويۇۋېتىشتۇر . كىشىلىك تۇر-
مۇش مۇساپىسىدىكى ھەقىقىي دۈشمەن مەغلۇبىيەت ئەمەس ، ئەكسىچە
ئۆزىڭىز ، دۇنيادىكى ھەقىقىي مەغلۇبىيەت بىر خىللا ، ئۇ بولسىمۇ ئوڭايلا
بەل قويۇۋېتىش .

( « تەرمىلەر » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى . )

يۇقىرىدا بايان قىلىش ، تەسۋىرلەش ئارقىلىق دەلىللەش ئېلىپ
بېرىلغان يەتتە پارچە ماقالىنى كۆرۈپ ئۆتتۇق . بۇ ماقالىلەردىكى دەلىل-
لەردە بايان ھەمدە تەسۋىر ( ھەرىكەت تەسۋىرى ، تاشقى قىياپەت تە-
سۋىرى ، دىئالوگ تەسۋىرى ، تەپسىلات تەسۋىرى ) ناھايىتى زىچ گىرە-
لىشىپ كەتكەن . ئۇنىڭدىن باشقا بۇ ماقالىلەردە يەنە مەلۇم دەرىجىدە
چۈشەندۈرۈشمۇ قوللىنىلغان . بولۇپمۇ ئالدىنقى مەزمۇنلاردا مىسال ئېلىن-
غان ماقالىلەردىن « ئەخلاق ـ ھايات ئەڭگۈشتەرى » ناملىق ماقالىدە نە-
قىل كەلتۈرۈش دەلىللەش ئۇسۇلىدىن باشقا ، يەنە چۈشەندۈرۈش ئارقى-
لىق ، دەلىللەش ئۇسۇلىمۇ بىر قەدەر كۆپ قوللىنىلغان بولۇپ ، بۇ ماقا-
لىدە « ئەخلاق » دېگەن ئۇقۇمغا تەبىر بېرىش ، تەرىپ بېرىش ، بۇ ئۇ-
قۇمنى شەرھلەش قاتارلىق چۈشەندۈرۈش شەكىللىرى قوللىنىلغان .
« ياشلىق » ناملىق ماقالىنىڭ بېشىدىمۇ « ياشلىق » دېگەننىڭ نېمە ئى-
كەنلىكى مۇلاھىزە بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن ھالدا شەرھلەنگەن .

ئادەتتە رەسىمگە قاراپ مۇھاكىمە ماقالىسى يېزىش كۆپىنچە
ھاللاردا مۇشۇ خىل شەكىلدە ئېلىپ بېرىلىدۇ ( يېزىلىدۇ ) . ئالدى بى-
لەن رەسىمدىكى ئىش ـ ۋەقەنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە قىسقا ۋە ئىخچام
قىلىپ، بايان قىلىمىز ياكى تەسۋىرلەيمىز ۋە ياكى چۈشەندۈرىمىز . ئان-
دىن ئۇنى چۆرىدىگەن ھالدا مۇلاھىزە قىلىمىز . ئېلىپ بارغان مۇلاھىزى-
مىز « مايمۇننىڭ ھېكايىسى » ، « رووۋېندەك بولايلى » دېگەن ماقالىلەر-
دىكىگە ئوخشاش چۇقۇم ئاشۇ ئىش ۋە ئۇنى چۆرىدىگەن ئاساستا قانات
يايدۇرۇلىدۇ . ئەگەر ماھارىتىمىز يېتىشسە بۇنىڭغا قوشۇپ يۇقىرىدا تىلغا
ئېلىنغان دەلىللەش ئۇسۇللىرىدىنمۇ مۇۋاپىق پايدىلىنىپ ماقالىمىزنى يې-

زىپ چىقساق بولىدۇ . مۇشۇنداق قىلغاندىلا بىرىلگەن ھەر قانداق شەكىلدىكى رەسىمنىڭ مەزمۇنىنى ماقالىمىزنىڭ دەلىلى قىلىپ ، قالغان قىسمىنى بىز « تولۇقلاپ » يازغان بولىمىز .

ئۆز نۆۋىتىدە شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى ، بايان قىلىش ، تەسۋىرلەش ، چۈشەندۈرۈش ئارقىلىق دەلىللەش ئېلىپ بارغاندا بۇ دەلىللەر ئىمكان بار ئىخچام بولۇشى ، ئۇنى چوقۇم مۇھاكىمە ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشنى مەقسەت قىلىش كېرەك . ئۇنداق بولمىغاندا ئۇ مۇھاكىمە ماقالىسى بولماي قالىدۇ .

## 9 ) كۆچمە ( تەتۈر ) دەلىللەش ئۇسۇلى

بۇ خىل دەلىللەش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ ماقالە ـ ئەسەر يازغاندا ، رېئال تۇرمۇشتىكى بىر قىسىم ئادەملەرنىڭ قارىشىدا ساقلىنىۋاتقان خاتا ياكى بىر تەرەپلىمە قاراشلارنى ياكى باشقىلارنىڭ ماقالە ـ ئەسەرلىرىدىكى خاتا ياكى بىر تەرەپلىمە مەركىزىي نۇقتىئىنەزەر ۋە ياكى تارماق نوقتىئىنەزەرنى توغرا دەپ تۇرۇپ ئۇنىڭدىن خاتا ياكى بىر تەرەپلىمە يەكۈن چىقىرىش ئارقىلىق دەلىللەش ئېلىپ بېرىلىدۇ . مەسىلەن ، « تۆت كىشىلىك گۇرۇھ » چەت ئەلنىڭ نەرسىلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئەكسىيەتچىل دەپ قارىدى . ئۇلارنىڭ ھەممىنى ئىنكار قىلدى ، توكنى ئېدىسون كەشپ قىلغان ، ئۇ چەت ئەللىك . شۇڭا ، ئۇلار توك بىلەن يورۇتىلىدىغان جايلاردا قەتئىي تۇرماسلىقى كېرەك .توك بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان ھەر قانداق نەرسىنى ئىشلەتمەسلىكى كېرەك . تېلېفوننى بېل كەشپ قىلغان . ئۇ چەت ئەللىك . شۇڭا ، ئۇلار تېلېفون ئىشلەتمەسلىكى كېرەك . . . دېگەنگە ئوخشاش تەتۈر دەلىللەش ئېلىپ بېرىپ ، ئۇلارنىڭ خاتا نوقتىئىنەزىرىگە رەددىيە بېرىمىز .

بۇ خىل دەلىللەش ئۇسۇلى ۋىرىسىيە تىكلەش خاراكتېرىدىكى ماقالە ـ ئەسەرلەردە زۆرۈرىيىتى بولغان قىسمەن ئەھۋاللاردا قوللىنىدۇ . رەددىيە بېرىش خاراكتېرىدىكى ماقالە ـ ئەسەرلەردە كۆپرەك قوللىنىدۇ .

خۇلاسە قىلغاندا : بىر پارچە مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ماقالە ـ

ئەسەردە يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان توققۇز خىل دەلىللەش ئۇسۇلىنىڭ مە-
لۇم بىرىنى ياكى بىر نەچچىسىنى تاللاپ قوللىنىش ، قانچىلىك دەرىجىدە
قوللىنىش ئىشىنى ئاشۇ ماقالە ـ ئەسەرنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى ، سەھىپى-
سى ، ئاپتورنىڭ ماھارىتى بەلگىلەيدۇ . مانا مۇشۇ سەۋەبلەرگە ئاساسەن
بىر پارچە مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ماقالە ـ ئەسەردە يۇقىرىقى توققۇز
خىل دەلىللەش ئۇسۇلىنىڭ ھەممىسى قوللىنىلىشىمۇ مۇمكىن . پەقەت بى-
رىلا قوللىنىلىشىمۇ مۇمكىن ياكى مەلۇم بىر خىل دەلىللەش ئۇسۇلى ئا-
ساس قىلىنىپ ، باشقىلىرى قوشۇمچە قىلىنغان ئاساستا قوللىنىلىشىمۇ
مۇمكىن . يۇقىرىدا ئۆرنەك ئۈچۈن بېرىلگەن ماقالىلەرنىڭ كۆپىنچىسىدە
بىرخىل دەلىللەش ئۇسۇلى قوللىنىلغان ياكى مەلۇم بىر خىل دەلىللەش
ئۇسۇلى ئاساس قىلىنىپ باشقىلىرى قوشۇمچە قىلىنغان . مەسىلەن ، «
ئادەم قانداق ياشىشى كېرەك » ناملىق ماقالىدە بۆلەكلەرگە بۆلۈپ دەلىل-
لەشتىن ئىبارەت بىر خىل دەلىللەش ئۇسۇلى ئاساس قىلىنغاندىن باشقا
يەنە بۇ ماقالىنىڭ باش قىسمىدا ۋە 4 ـ بۆلىكىدە نەقىل كەلتۈرۈپ دەلىل-
لەش ئۇسۇلى ، 2 ـ بۆلىكىدە بايان قىلىش ، تەسۋىرلەش ئارقىلىق دە-
لىللەش ئۇسۇلى ، 1 ـ ۋە 3 ـ بۆلىكىنىڭ ئاخىرىدا پاكىت كۆرسىتىپ
دەلىللەش ئۇسۇلى قاتارلىقلار قوشۇمچە قىلىنغان .

ئۆرنەك ئۈچۈن بېرىلگەن باشقا ماقالىلەرنىمۇ بۇ ماقالىنى « ئو-
پېراتسىيە » قىلىپ كۆرگەندەك تەپسىلىي تەكشۈرسەك مۇشۇنداق قو-
شۇمچە قىلىنغان دەلىللەش ئۇسۇللىرىنى تېپىپ چىقالايمىز ھەم مۇھاكىمە
خاراكتېرلىك ماقالە ئەسەر يازغاندا بۇ خىل ماھارەتتىنمۇ مۇۋاپىق پايدى-
لىنالايمىز .

دەلىللەش ئۇسۇللىرى ھەققىدىكى بۇ مەزمۇندا ئەڭ ئاخىرىدا
ئەسكەرتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك بىر مەسىلە شۇكى ، بەزى مۇھاكىمە
خاراكتېرلىك ماقالە ـ ئەسەرلەردە بىر نەچچە خىل دەلىللەش ئۇسۇلى تەڭ
دەرىجىدە قوللىنىلىدۇ . بۇنداق ماقالە ـ ئەسەرلەرنى مەلۇم بىر خىل دە-
لىللەش ئۇسۇلى ئاساس قىلىنغان ، باشقىلىرى قوشۇمچە قىلىنغان دىگىلى
بولمايدۇ . بۇ چۈشەنچىگە مىسال ئۈچۈن تۆۋەندىكى ماقالىنى كۆرسىتىپ

ئۆتىمىز .

## ياشلاردا ئۆزىنى مەجبۇرلاش ئىگى بولۇش كېرەك

ئەنۋەر ساۋۇت

رېئال تۇرمۇشىمىزدا كۆپ ساندىكى ياشلارقىلغان ئىشىدىن غەلىبە
قىلىدۇ . بىر قىسىم ياشلار مەغلۇپ بولىدۇ . غەلىبە قىلغانلار تۇرلۇك قى-
يىنچىلىقلارنى يېڭىشقا جۇرئەت قىلىپ كۆزلىگەن نىشانىغا يېتىدۇ . مەغ-
لۇپ بولغان بەزى ياشلار قىيىنچىلىقنى يېڭىشقا جۇرئەت قىلالماي ھەس-
رەت چېكىپ ئۈمىدسىزلىنىدۇ . ئۇگۇشىسىزلىقا ئۇچراش بىلەن ئەمدى
تۇگـەشتىم دەپ قاراپ ئۆزىنىڭ پۇت ـ قولىنى چۈشەپ قويىدۇ . بۇلار-
نىڭ ھەممىسىنى ئادەتتىكى چاغلاردا ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويمىغانلىق-
تىن ، قىيىنچىلىقنى يېڭىپ جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەشتەك ئۆزىنى
مـەجبۇرلاش ئىگىنىڭ كەمچىل بولغانلىقىدىن دېيىشكە بولىدۇ . ( بۇ
ئابزاستا سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق دەلىللەش ئېلىپ بېرىلغان . يەنى ئىككى
خىل ياشلار ۋە ئۇلارنىڭ ئىككى خىل نەتىجىسى ، بۇ نەتىجىنى بارلىققا
كەلتۈرۈشتىكى ئىككى خىل سەۋەب سېلىشتۇرۇلغان )

ئۆزىنى مەجبۇرلاش ـــ ئۆزىگە مەجبۇرىي ھالدا ۋەزىپە يۈكلەش ،
ئۆزىـنى كونترول قىلىش دېگەنلىكتۇر . ( تەرىپ بېرىش يەنى چۈشەن-
دۈرۈش ئارقىلىق دەلىللەش ئېلىپ بېرىلغان ) . تۇرمۇشتا ئادەم ھەقىقە-
تـەن نۇرغۇن جەھەتلەردە ئۆزىنى مەجبۇرلاشقا توغرا كېلىدۇ . چۈنكى ،
كىشىلىك تۇرمۇش يولى ئەگرى ـ توقاي ، جاپالىق بولىدۇ . بىز ئۆزد-
مىزنى ئىختىيارىمىزغا قويۇپ بېرىدىغان بولساق ھېچ بىر ئىشنى باشقا ئې-
لىپ چىقالمايمىز . ( پاكىت كۆرسىتىپ دەلىللەش ئېلىپ بېرىلغان ) .
ئۆزىمىزنى مەجبۇرلاش مەلۇم بىر نىشانغا يېتىش ئۈچۈن ، مەلۇم بىر
ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئۈچۈن تىرىشىشنى كۆرسىتىدۇ . ( تەرىپ
بـېرىش يەنى چۈشەندۈرۈش ئارقىلىق دەلىللەش ئېلىپ بېرىلغان ) . قە-

دىمدىن هازىرغىچە كەسپتە ئۇتۇق قازانغانلار ئۆزىنىڭ كۈچلۈك مەج-
بۇرلاش ئېڭىغا تايىنىپ غەلىبە مېۋىسىگە ئېرىشكەن . مىنىدىلېۋ : «
تالانت دېگەن شۇنداق نەرسىكى ، ئۇ ئۆمۈر بويى تىرىشقاندا ئاندىن يې-
تىلىدۇ » دېگەن . ( نەقىل كەلتۈرۈپ دەلىللەش ئېلىپ بېرىلغان ) بەزى-
لىرىمىز كىچىككىنە ئوڭۇشسىزلىق ياكى قىيىنچىلىققا ئۇچرىساقلا بەل
قويۇۋېتىپ بوشىشىپ كېتىمىزدە ، ئۆزىمىزنى ئوڭشىۋېلىشقا ئۇرۇنۇپ
كۆرمەيمىز . كيۇرى خانىم كۈندۈزنى كېچىگە ئۇلاپ جاپالىق ئىشلەپ ،
قەھرىتان سوغۇق ، ئىسسىقلاردىن قورقماي ، ئۆزىدىكى ئۆپكە تۇبىر كۇل-
يوز كېسەللىكىنىڭ ئازابىنى يېڭىپ ، ئاخىر نەچچە مىڭ توننا ئوران رو-
دىسىدىن ئۈچ يىل توققۇز ئاي ئىچىدە بىر گىرام رادىي ئايرىپ چىققا-
نىدى ، بۇنداق مىساللار بىزگە ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ . ( مىسال كەل-
تۈرۈپ دەلىللەش ئېلىپ بېرىلغان ) .

ھەر قانداق ئىشتا چوڭ ـ كىچىك قىيىنچىلىقلار بولىدۇ . بۇنداق
قىيىنچىلىققا ئۇچرىغاندا ئۆزىمىزنى مەجبۇرلاش ئېڭى ، قىيىنچىلىقنى يې-
ڭىش ئېڭى بولىدىكەن ، كۆزلىگەن ئۇنۇمگە ئېرىشەلەيمىز . ھايات قىم-
مەتلىك . ئۇ بىزگە بىرلا قېتىم نېسىپ بولىدۇ . ئۆزىمىزنى مەجبۇرلاش
ئېڭى بولمايدىكەن ، جاپاغا چىداپ ئالغان ئىلگىرىلەش روھى كەمچىل
بولىدۇ . ئۆزىنى مەجبۇرلاش ئېڭى ئۆگىنىش ، تۇرمۇشىمىزدا تۈرتكىلىك
رول ئويناپ ئىنتىلىش ، تەشەببۇسكارلىق ، ئاكتىپلىققا ئېلىپ بارىدۇ ـ
دە ، ياشلىق باھارىمىزنى تېخىمۇ نۇرلاندۇرىدۇ . ( يەكۈن ) .

( « شىنجاڭ گېزىتى » دىن ئېلىندى )

دېمەك ، يۇقىرىدا بىز كۆرۈپ ئۆتكەن بۇ كىچىككىنە ماقالىدە
سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق دەلىللەش ، چۈشەندۈرۈش ئارقىلىق دەلىللەش ،
پاكىت كۆرسىتىپ دەلىللەش ، نەقىل كەلتۈرۈپ دەلىللەش ، مىسال كەل-
تۈرۈپ دەلىللەش قاتارلىق ئالتە خىل دەلىللەش ئۇسۇلى قوللىنىلغان .
ئەڭ ئاخىرقى ئابزاستا بۇ دەلىللەر ئاساسىدا بىر پۈتۈن ماقالىدىن يەكۈن
چىقارغان .

بۇ خىل ماھارەت ياخشى ئىگىلىۋېلىنسا ھەمدە بۇ خىل ماھارەتنى تەرتىپسىز ، كەلسە ـ كەلمەس ئىشلەتمەي ، ئوي ـ پىكرنى تەرتىپلىك ، قاتلاملار ئاساسىدا ئىشلىتىش قانۇنىيىتىگە ئەمەل قىلىنسا ، كىتابخانلار قايىل بولغۇدەك ، ئىنسان قەلبىگە تەسىر قىلالىغۇدەك مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ماقالە ـ ئەسەر يېزىپ چىققىلى بولىدۇ .

## 3 . مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ماقالە ـ ئەسەرلەرنىڭ پىكىر تەرتىپلىرى

شېئىرلار ، ئېپىك ئەسەرلەر ، سەھنە ئەسەرلىرى ، تېلېۋىزىيە كىنو سىنارىيىلىرى ، تار مەنىدىكى نەسىر قاتارلىق بەدىئىي ئەسەرلەردە شۇنىڭدەك بايان خاراكتېرلىك ماقالە ـ ئەسەرلەردە باش تېما ( يەنى مەركىزىي نۇقتىئىنەزەر ) ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلمايدۇ . مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ماقالە ـ ئەسەرلەردە بولسا بۇنىڭ ئەكسىچە مەركىزىي نۇقتىئىنەزەر ۋە بۇ مەركىزىي نۇقتىئىنەزەر ئاساسىدىكى تارماق نۇقتىئىنەزەرلەر كىتابخانلارغا ئېنىق تاپشۇرۇلۇشى شەرت . شۇنداق بولغاندىلا ئاندىن مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ماقالە ـ ئەسەرلەردىكى باشقا بارلىق تەركىبلەرنى ، دەلىل ۋە مۇلاھىزىلەرنى ئەنە شۇ مەركىزىي نۇقتا ئاستىغا ئۇيۇشتۇرۇپ ئۇي ـ پىكىرنى قانات يايدۇرغىلى بولىدۇ .

ئالدىنقى سەھىپىمىزدە ئۆرنەك ئۈچۈن بېرىلگەن ماقالىلەرنى نۇقتا قىلىپ تۇرۇپ بۇ ھەقتىكى چۈشەنچىلەرنى شەرھلەپ ئۆتىمەن .

1 ) ئاۋۋال مەركىزىي نۇقتىئىنەزەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئاندىن دەلىللەش ( ئومۇملۇقتىن ئالاھىدىلىككە ئۆتۈش )

بۇ خىل پىكىر قىلىش ( مۇھاكىمە ) قۇرۇلمىسى بويىچە يېزىلغان ماقالە ـ ئەسەرلەردە بىر پۈتۈن ماقالە ـ ئەسەرنىڭ بېشىدىلا مەركىزىي نۇقتىئىنەزەر ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ ، ئاندىن بۇ مەركىزىي نۇقتىئىنەزەر ھەر تەرەپلىمە ئاساسلار ( دەلىللەر ) ۋە تارماق نۇقتىئىنەزەرلەر ئارقىلىق يۇرۇتۇپ بېرىلىدۇ . بۇ خىل پىكىر تەرتىپىدە يېزىلغان مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ماقالە ـ ئەسەرلەردە ئومۇملۇقتىن ئالاھىدىلىككە ، ئابستراكتلىقتىن كونكرېتلىققا ئۆتۈشتىن ئىبارەت پىكىر شەكلى يەنى يەشمە خۇلاسە

شەكلى كۆپ قوللىنىلىدۇ . بۇ خىل مۇھاكىمە قۇرۇلمىسىدا يېزىلغان ما-
قالە ـ ئەسەرلەرنىڭ ماۋزۇسى ياكى باشتىكى ئابزاس ، بۆلەكلىرىگە قاراپلا
ئاپتورنىڭ تۈپكى ئىدىيىسىنى بىلگىلى بولىدۇ . مەسىلەن ، يۇقىرىدا ئۆر-
نەك ئۈچۈن بېرىلگەن « بىز ئۆز تەقدىرىمىزنىڭ خوجايىنلىرىدۇرمىز » ،
« پەن ـ مەدەنىيەت سەۋىيىمىزنى داۋاملىق ئۆستۈرۈشتىكى ئاچقۇچ —
ئۆزلىكىدىن ئۆگىنىشتە » ، « ئۆگىنىش مەزمۇنىنى ئالماشتۇرۇپ ئۆگەن-
گەندە ئۈنۈم يۇقىرى بولىدۇ » ، « ئۆز ـ ئۆزىدىن قانائەتلىنىش — ئۆ-
گىنىشنىڭ دۈشمىنى » ... قاتارلىق ماقالىلەردە مەركىزىي نۇقتىئىنەزەر
ماۋزۇدىلا ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ ئاندىن بۇ مەركىزىي نۇقتىئىنەزەرنى دەلىل-
لەش ۋە ئىسپاتلاش ئېلىپ بېرىلغان . « مېنىڭ غايەم » ، « مۇۋەپپەقىيەت
ۋە نىشان » ، « يېگى بىر خىل ئىنسانىي تەبىئەتنى تاۋلاپ چىقايلى » ،
« ياشلىق » ، « ياشلار تۇرمۇشقا توغرا مۇئامىلە قىلىش ئادىتىنى يېتىل-
دۈرۈش لازىم » ، « تۇرمۇش » ... قاتارلىق ماقالىلەردە مەركىزىي مەسىلە
( مەركىزىي نۇقتىئىنەزەر ) بىرىنچى ئابزاستا ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ ئاندىن
كېيىنكى ئابزاسلاردا بۇ مەركىزىي نۇقتىئىنەزەرنى دەلىللەش ۋە ئىس-
پاتلاش ئېلىپ بېرىلغان .

2 ) ئاۋۋال دەلىللەش ئاندىن مەركىزىي نۇقتىئىنەزەرنى ئوتتۇرىغا
قويۇش ( ئالاھىدىلىكتىن ئومۇملۇققا ئۆتۈش )

بۇ خىل پىكىر قىلىش ( مۇھاكىمە ) قۇرۇلمىسىدا يېزىلغان مۇ-
ھاكىمە خاراكتېرلىك ماقالە ـ ئەسەرلەردە ، ئەسەرنىڭ ماۋزۇسىغا ياكى
باشتىكى پىكىر قاتلىمىغا ( ئابزاس ، بۆلەكلىرىگە ) قاراپلا ئاپتور ئوتتۇ-
رىغا قويماقچى بولغان تۈپكى ئىدىيىنى ھېس قىلغىلى بولمايدۇ . ( يەنى
ئوتتۇرىغا قويۇلمايدۇ ) . بۇ خىلدىكى مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ماقالە ـ
ئەسەرلەرنىڭ ئالدىنقى پىكىر قاتلاملىرىدا ھەر تەرەپلىمە دەلىللەر ( ئا-
ساسلار ) ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ ، ئاخىرىدا ( قىسمەنلىرىدە ئوتتۇرا قىسمىدا )
ئاندىن مەركىزىي نۇقتىئىنەزەر ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ . بۇ خىل پىكىر تەر-
تىپىدە يېزىلغان مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ماقالە ـ ئەسەرلەرنىڭ كۆپىنچە-

سىدە ئالاھىدىلىكتىن ئومۇملۇققا ، كونكرېتلىقتىن ئابستراكتلىققا ئۆتۈشتىن ئىبارەت پىكىر شەكلى يەنى يىغما خۇلاسە شەكلى قوللىنىلىدۇ . مەسىلەن ، يۇقىرىدا ئۆرنەك ئۈچۈن بېرىلگەن « بۇگۈنكىگىزنى قەدىرلەڭ » ، « ئۈمىد ، ھەسرەت ۋە مۇۋەپپەقىيەت » ، « دوستلۇق ۋە سىناق » ، « چۆچەكلەردىكى ئۈچ ئاچا يول » ، « مەقسەتكە يەتمىگۈچە بولدى قىلماسلىق » ، « ئىككى سۆزلۈك نەسىھەت » ... قاتارلىق ماقالىلەردە ئالدىنقى پىكىر قاتلاملىرىدا دەلىللەش ئۇنىڭدىن كېيىن مەركىزىي نۇقتىئىنەزەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئېلىپ بېرىلغان .

3 ) تارماق نۇقتىئىنەزەرلەر ئاساسىدا دەلىللەش ( يەنى بۆلەكلەرگە بۆلۈپ دەلىللەش )

بۇ خىل پىكىر قىلىش قۇرۇلمىسى بويىچە يېزىلغان ماقالە - ئەسەرلەرنىڭ بەزىلىرىدە تارماق نۇقتىئىنەزەرلەر ئايرىم - ئايرىم دەلىللىنىپ ئاندىن ئاشۇ ئاساستا مەركىزىي نۇقتىئىنەزەر ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ . يەنە بەزىلىرىدە بارلىق تارماق نۇقتىئىنەزەرلەرنى قوشقاندا ئاندىن مەركىزىي نۇقتىئىنەزەر ۋۇجۇدقا چىقىدۇ . مەسىلەن ، « ئۆزىڭىزنىڭ دۇنيادا بىردىنبىر ئىكەنلىكىڭىزگە ئىشىنىڭ » ، « ھېمىڭۋاينىڭ نوبىل ئەدەبىيات مۇكاپاتى مۇراسىمىدىكى نۇتقى » ، « مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلار قىلالايدىغان ئىشلار » ، « تىلدىكى بۇلغىنىشلارنى تازىلىشىمىز كېرەك » ، « ئادەم قانداق ياشىشى كېرەك » ، « ئۆمۈر مۇساپىسىدىكى سەككىز يول بەلگىسى » ... قاتارلىق ماقالىلەر مۇشۇ خىل مۇلاھىزە قۇرۇلمىسىدا يېزىلغان .

ئۆز نۆۋىتىدە شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى ، سەھىپىسى چوڭ بەزى مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ئەسەرلەرنىڭ پىكىر دائىرىسىمۇ كەڭ بولغاچقا ، بۇنداق ئەسەرلەر كۆپلىگەن بۆلەك ياكى قىسىملاردىن تەركىب تاپىدۇ . بۇنداق چوڭ مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ئەسەرلەرنىڭ ھەر بىر قىسمىنى ئايرىپ ئالغاندىمۇ مۇستەقىل بىر پىكىرنى ئىلگىرى سۈرگەن مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ماقالە بولالىغاچقا ، بەزى قىسىملاردا يۇقىرىدا

شەرھلەپ ئۆتكەن بىرىنچى خىل پىكىر قۇرۇلمىسى يەنە بەزىلىرىدە ئىك-كىنچى ياكى ئۈچىنچى خىل پىكىر قۇرۇلمىسى ھەمدە ئىككى خىل خۇلاسە شەكلى قوللىنىلىشى مۇمكىن. شۇڭا، بۇنداق ئەسەرلەرنىڭ پى-كىر قۇرۇلمىسىنى ئايرىغاندا بىر پۈتۈن گەۋدىگە قاراپ ۋە ئايرىم قىسىم-لىرىغا قاراپ يۇقىرىدىكى پىكىر قۇرۇلمىسىنىڭ چوڭ جەھەتتىن قايسى-لىرى، كىچىك جەھەتتىن قايسىلىرى قوللىنىلغانلىقىنى ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇ.

## 4. مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ماقالە - ئەسەرلەردىكى ئىسپاتلاش ئۇسۇللىرى

بەزى مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ماقالە - ئەسەرلەردە ئاپتور ئۆزىنىڭ مەلۇم كۆز قارىشى، ئىدىيىسىنى (مەركىزىي نۇقتىئىنەزىرىنى) دەلىل-لەش، ئىسپاتلاشنى مەقسەت قىلىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە يازىدۇ. يەنە بەزى مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ماقالە - ئەسەرلەردە ئاپتورنىڭ باشقىلارنىڭ كۆز قارىشى (ئىدىيىسى) ياكى باشقىلارنىڭ ماقالە - ئەسىرىدىكى ئۆزى خاتا دەپ قارىغان مەركىزىي نۇقتىئىنەزەرگە رەددىيە بېرىشنى، شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ كۆز قارىشىنى ئىسپاتلاشنى مەقسەت قىلىدۇ. مۇھاكىمە خاراك-تېرلىك ماقالە - ئەسەرلەر مانا مۇشۇ مەقسەتتىكى دەلىللەش ۋە ئىسپاتلاش ئۇسۇلىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن ۋىرسىيە (كۆز قاراش) تىكلەش خاراكتېرىدىكى ماقالە - ئەسەرلەر ۋە رەددىيە بېرىش (ئىنكار قىلىش) خاراكتېرىدىكى ماقالە - ئەسەرلەر دەپ ئىككى خىلغا بۆلىنىدۇ.

رەددىيە بېرىش ئاساس قىلىنغان مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ماقالە - ئەسەرلەردىكى رەددىيە بېرىشنىڭ تۆۋەندىكىدەك ئۈچ خىل ئۇسۇلى بار:

1) قارشى تەرەپنىڭ نۇقتىئىنەزىرىگە بىۋاستە رەددىيە بېرىش. بۇنىڭدا قارشى تەرەپنىڭ ماقالە - ئەسىرىدە ئىلگىرى سۈرگەن مەركىزىي نۇقتىئىنەزەر نۇقتا قىلىنىپ، ھەر تەرەپلىمە دەلىللەر ئارقىلىق بۇ نۇقتى-

ئىنەزەرگە بىۋاستە رەددىيە بېرىلىپ ، ئۇنىڭغا قارشى بولغان يەنە بىر
خىل نۇقتىئىنەزەر ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ ۋە ئىسپاتلىنىدۇ .

2 ) قارشى تەرەپنىڭ ماقالە ـ ئەسىرىنىڭ ھەرقايسى پىكىر
قاتلاملىرىدىكى تارماق نۇقتىئىنەزەرلەر ۋە دەلىل ( ئاساس ) لىرىگە رەد-
دىيە بېرىش ئارقىلىق قارشى تەرەپنىڭ مەركىزىي نۇقتىئىنەزىرىنى ئاغ-
دۇرۇپ تاشلاش ( ئىنكار قىلىش ) . يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك دە-
لىل ، نۇقتىئىنەزەرنىڭ ھۇلى . مەركىزىي نۇقتىئىنەزەر ۋە تارماق نۇقتىئى-
نەزەرلەر پەقەت دەلىل ئارقىلىق « ئۆرە تۇرىدۇ » ۋە ئىسپاتلىنىدۇ . شۇ-
ڭا ، دەلىللەر ئاغدۇرۇپ تاشلانسا نۇقتىئىنەزەرمۇ « پۇت تىرەپ تۇرال-
مايدۇ » .

3 ) قارشى تەرەپنىڭ ماقالە ـ ئەسىرىدىكى ۋە ياكى پىكىر قاراش-
لىرىنى ئاساسلىغان ۋاقىتلىرىدىكى ئاساسلىرىغا ( دەلىللىرىگە ) رەددىيە
بېرىش ئارقىلىق قارشى تەرەپنىڭ دەلىللىرىنى رەت قىلىش . بۇنىڭدا
قارشى تەرەپنىڭ دەلىللىرى بىلەن مەركىزىي نۇقتىئىنەزەر ، تارماق نۇق-
تىئىنەزەرلەر ئوتتۇرىسىدا مەنتىقلىق باغلىنىش يوقلۇقى يەنى دەلىللەر
تارماق نۇقتىئىنەزەرلەرنى ياكى مەركىزىي نۇقتىئىنەزەرنى ئىسپاتلاپ بې-
رەلمەيدىغانلىقى ، شۇ دەلىللەردىن شۇ نۇقتىئىنەزەرنى ، شۇ مەركىزىي
نۇقتىئىنەزەرنى ئىسپاتلاپ چىققىلى بولمايدىغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ
رەددىيە بېرىش ئېلىپ بېرىلىدۇ .

تۆۋەندە مىسال ۋە ئۆرنەك ئۈچۈن « يازالايدىغانلار يازسۇن » ،
« يازالايدىغانلارمۇ ئەسلىدە يازالمايدىغانلاردىن ئىدى » . [ « ھۆكۈمەت-
نىڭ » ـــ زادى كىمنىڭ ] قاتارلىق ئۈچ پارچە ماقالىنى كۆرۈپ ئۆتەي-
لى .

# يازالايدىغانلار يازسۇن

مۇھەممەتتۇرسۇن ھەسەن

ئىشىك ئېچىۋېتىلدى . يازغۇچى ، شائىرلارغىمۇ شۇنداق . نۇرغۇن ئادەم ئەدەبىياتتىن ئىبارەت بۇ دەرۋازىسىز كەڭ كوچىدا قىستىلىشىپ كې-تىۋاتىمىز ، كىملەرنىڭ ئۈزۈپ چىقالايدىغانلىقىنى ، كىملەرنىڭ يېرىم يولدا چۈشۈپ قالىدىغانلىقىنى ھازىرچە بىر نېمە دېگىلى بولمايدۇ . سان-لىق مەلۇماتلاردىن قارىغاندا بىزدە ئىككى مىڭدىن ئارتۇق قەلەمكەش بار ئىكەن . يېزىۋاتىمىز ، ھەر كۈنكى چىقىۋاتقان گېزىت - ژۇرناللاردا ھەر خىل ژانىردىكى كۆپلىگەن ئەسەرلەر ئېلان قىلىنىۋاتىدۇ . مۇشۇنداق ئېلان قىلىنىۋاتقىنىغا يېرىم ئەسىرگە يېقىن ۋاقىت بولدى . مۇشۇ يېرىم ئەسىردىن بۇيانقى ۋاقىت ئىچىدە ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەردىن خەلقىنىڭ كۆڭلىگە ياققان ، خەلق سۆيۈپ ئوقۇغان ، قەدىرلىگەن ئەسەرلەرنىڭمۇ سانىنى ئېلىشقا بولىدۇ . يېرىم ئەسىردىن بۇيانقى ئېلان قىلىنىۋاتقان ئە-سەرلەر ئىچىدىكى ئەڭ ياخشى ئەسەرلەر بىلەن ھازىرقى ئومۇمىي قەلەم ئىگىلىرىنىڭ سانىنى نىسبەتلەشتۈرسەك ، بەلكى يەنىلا شائىر ، يازغۇچى كۆپ ؛ ناۋادا خەلق ياقتۇرۇپ ئوقۇيدىغان ئەسەرلەردىن ئىككى مىڭ پارچە ئەسەر ئېلان قىلىنغان بولسا ئىدى ، ئەدەبىياتىمىزدا كاتتا گۈللى-نىش بولغان بولار ئىدى . ئەپسۇسكى ، ھازىر بۇنىڭ ئەكسىچە ياخشى ئەسەرلەر ئاز .

ئاڭلىسام ، مەلۇم بىر ئورۇندا بىر ھەۋەسكار بىر يىلدا مەلۇم بىر تەھرىر بۆلۈمىگە بەش يۈز پارچىدىن ئارتۇقراق ئەسەر ئەۋەتىپتۇ . ھەتتا ئىككى كۇپلېت شېئىر سېلىنغان بىر پارچە كونۋېرتقا بەش يۈەنلىك ماركا چاپلاپ ئەۋەتكەن ۋاقىتلىرىمۇ بار ئىكەن . ئېھتىمال مۇشۇنداق قى-لىش ئارقىلىق تەھرىرلەرنى تەسىرلەندۈرمەكچى بولغان بولسا كېرەك .

شېئىرىيەتكە شۇنچە قىزغىن ئىشتىياق باغلىغان بۇ كىشى نېمە ئۈچۈن
مەتبۇئات تەلىپىگە ئۇيغۇن بىرەر پارچە شېئىر يازالمايدۇ ؟ گەپ نېمىنى
يېزىشنى ، قانداق يېزىشنى بىلمىگەن . مەن بۇ كىشىنىڭ ھالىغا ئېچىنىپ
قالدىم . ئۇ بۇ ئىشنى قاملاشتۇرالمىغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ كەسپىنى
قىلسا بولمامدىغاندۇ ؟ بىزدە بۇنىڭغا ئوخشىغان كىشىلەردىن يەنە بار ،
ئەگەر تەھرىرلەر ئۇلارغا ئىچ ئاغرىتىپ بىرەر پارچە ئەسىرىنى ئېلان قى-
لىپ قويسا ئۇلار ئۆزىنى مەڭگۈ ئاشۇ ئىشلارغا بەند قىلىپ يۈرۈۋېرىدۇ .
يەنە 60 ـ يىللارنىڭ ئالدى كەينىدە قولىغا قەلەم ئالغان ، لېكىن ھازىرقى
دەۋرگە كەلگەندە دەۋرنىڭ تەرەققىياتىغا ، ھازىرقى دەۋر كىشىلىرىنىڭ
ئېستېتىك ئېھتىياجىغا ماسلىشالمىغان بىر قىسىم قەلەمكەشلەر بار . ئۇلار
يازاي دېسە ھازىرقى كىتابخانلارنىڭ ئېستېتىك ئېڭىنى قاندۇرالىغۇدەك
بىر نەرسە يازالمايدۇ ، يازماي دېسە كۆڭلى ئۇنىمايدۇ . سەپتىن چۈشۈپ
قالدى دېگەن ئاتاققا قېلىشتىن ئەنسىرەيدۇ . مېنىڭچە بۇنداق ئەنسىرەش-
نىڭ ھاجىتى يوق . ئەدەبىي ئىجادىيەت زورىقىپ ئېلىپ بارىدىغان نەرسە
ئەمەس ، بەلكى ئىچ ـ ئىچىدىن قايناپ چىققان ھېسسىيات ۋە تالانتنىڭ
مەھسۇلى . ئېنىق ئېيتىش كېرەككى ، ئەدەبىي ئەسەر سەنئەت قانۇنىيىتى
ئاساسىدا يارىتىلسا كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە ياقىدۇ . بىراق ، ھازىر يېزىۋات-
قانلارنىڭ بەزىسى سەنئەت قانۇنىيىتى دېگەن نېمە ؟ ئەدەبىي ئەسەر يې-
زىشتا نېمىنى ئۆلچەم قىلىش كېرەك ؟ بۇنى بىلمەيدۇ . ئۇلار پەقەت ئۆ-
زىنىڭ سۆزلىرىنى ئاندا ـ ساندا قاپىيىگە تىزىش ئىقتىدارىغا ياكى باش-
قىلارنىڭ ئەسەر ئېلان قىلىۋاتقانلىقىغا قاراپ بۇ ئىشقا قىزىقىپ قالغان .
ئەگەر ئۇلار سەنئەت قانۇنىيىتى بولغان ئېستېتىكا نەزەرىيىسىنى بىلگەن
بولسا ئۇ ھالدا بۇنداق قىلىپ يۈرمەس ئىدى .

ئەدەبىياتىمىزدا مەزمۇن جەھەتتىنلا ئەمەس ، شەكىل جەھەتتىمۇ
ئېغىش كۆپ . ئالايلى ، 80 ـ يىللاردا ھەممىمىز غەزەل يېزىپ كەتتۇق .
ھەتتا مەپائىلون بىلەن مۇستەپئىلوننى پەرقلەندۈرەلمەيدىغان بىر قىسىم
ھەۋەسكارلىرىمىزمۇ مەتبۇئات ئورۇنلىرىنى غەزەل بىلەن كۆمۈۋەتتى . ئا-
رىدىن بىر مەزگىل ئۆتۈپ ھەممىمىز غەزەلنى تاشلاپ بارماق ۋەزنىلىك

شېئىر يېزىشقا كىرىشىپ كەتتۇق . بەدىئىيلىك جەھەتتە بىر ئاز ئىلگىرىلەش بولغاندەك قىلدى . ئازراق ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ھەۋەسكارلىرىمىز بىر دومىلاپلا يېڭى شېئىرلارنى يېزىشقا باشلىدۇق . ئەسلىدە خېلى ساغلام مەيدانغا چىققان يېڭى شېئىرىيەت بىردىن قالايمىقانلىشىپ كەتتى . نەتىجىدە ھېچكىم ھېچنېمىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايدىغان ئىككى ـ ئۈچ سۆزدىن تۈزۈلگەن شېئىرلار مەيدانغا چىقتى . ئاخىر ئەدەبىيات ساھەسىدە « ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلغۇچىلار » بىلەن « يېڭىلىق ياراتقۇچىلار » ئوتتۇرىسىدا تۈگىمەس تالاش ـ تارتىش باشلاندى . يەنە گېزىت ـ ژۇرناللاردا دائىم دېگۈدەك كۆچۈرمىكەشلىك ئىللەتلىرى تەنقىدلەنگەن ماقالىلەر ئېلان قىلىنىپ تۇرىدۇ . بۇنىڭ ئەسلى ئاساسىمۇ ئىقتىدارسىزلىق ، قابىلىيەت بولمىسا دورايمەن دەپمۇ دورىغىلى بولمايدۇ .

قەلەمكەشنىڭ ئۇلۇغلۇقى شۇ يەردىكى ، ئىنسان روھىنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى دۇنياۋى يۈكسەكلىككە كۆتۈرەلەيدۇ . ھېسسىياتنىڭ تاشقى ئىپادىسى بولغان كۈلكە ۋە يىغىنى خەلقنىڭ كۈلكە ۋە يىغىسى بىلەن بىرلەشتۈرەلەيدۇ . تۇرمۇشنى سۆيىدۇ . تۇرمۇشتىن ئالتۇندەك پارلاپ تۇرغان جەۋھەرلەرنى بايقىيالايدۇ . بۇنىڭغا ئىنچىكە كۆزىتىش ، چوڭقۇر بايقاش ، يۈكسەك دەرىجىدىكى ئىپادىلەش ماھارىتى بولۇشى كېرەك . بۇ ئىشنى تالانتلىقلار قىلالايدۇ . ئىقتىدارسىزلار بۇنى قىلىشقا زورۇقمىسىمۇ بولىدۇ .

( « شىنجاڭ ياشلىرى » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى )

## يازالايدىغانلارمۇ ئەسلىدە يازالمايدىغانلاردىن ئىدى

مەتسېلىم مەتقاسىم

ئەدەبىياتىمىزنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالىغا كۆڭۈل بۆلۈش ئەدەبىياتنى سۆيىدىغان كىشىلەرنىڭ شەرەپلىك بۇرچى . بولۇپمۇ نەچچە خىل ئەدەبىي ئېقىم بەس ـ بەستە بەيگىگە چۈشكەن بۈگۈنكى دۇنيادا ، ئەدە-

بىياتىمىزنى دۇنياغا ۋە كەلگۈسىگە يۈزلەندۈرۈش يولىدا ئىزلىنىش باشقا خىل ئىزلىنىشلەرگە ئوخشاشلا ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك پائالىيەتتۇر . جۇمە-لىدىن يولداش مۇھەممەتتۇرسۇن ھەسەننىڭ « شىنجاڭ ياشلىرى » ژۇر-نىلىنىڭ 1994 ـ يىللىق 9 ـ سانىغا بېسىلغان « يازالايدىغانلار يازسۇن » سەرلەۋھىلىك ماقالىسى ئەنە شۇ خىل زۆرۈرىيەتنى چىقىش نۇقتا قىلىشقا تىرىشىپ كۆرگەنلىكى ئۈچۈن كەڭ كىتابخانلار ، يازغۇچى ، شائىر ، ھەۋەسكارلار ئارىسىدا كۈچلۈك مۇنازىرە قوزغاشقا سەۋەبچى بولدى . تۆ-ۋەندە مەن ئەدەبىياتنى سۆيگۈچىلەرنىڭ بىرسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن مەزكۇر ماقالە ئۈستىدىكى قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمەن .

خوش ، يەتتە يېرىم مىليوندىن ئوشۇق ئاۋام خەلق ئارىسىدا ئىككى مىڭدىن ئارتۇق قەلەمكەشنىڭ قىستا ـ قىستاڭچىلىق ھالىتىنى شەكىللەندۈرۈشى ئەقىلغا سىغىدۇ دەپ تۇرايلى ، بىراق ئۇيغۇر ئەدەبى-ياتى ئىككى مىڭ قەلەمكەشنىڭ ئەدەبىياتى ئەمەس ، ئاشۇ ئاۋام خەلقنىڭ ئەدەبىياتى . مۇشۇ نىسبەت بويىچە ھېسابلىساق ئۈچيۈز يەتمىش مىڭ بەش يۈز نەپەر ئادەمنىڭ پەقەت بىرسىلا « يازالايدىغان تالانت بىلەن يېزىۋاتقانلار » ياكى « يازالماي تۇرۇپ يېزىۋاتقانلار » بولىدۇ . ئۇنداقتا بىر مەنىۋى ئاچارچىلىق تەھدىتىدە تۇرغان بىر مىللەتنى مەنىۋى ئوزۇق بىلەن تويۇندۇرۇش ئۈچۈن يەنىمۇ كۆپ تالانتلىق يازىدىغانلارغا موھ-تاج . دەرۋەقە « تالانتسىزلار » بىلەن « تالانتلىقلار » نى ئايرىشنىڭ ئۆلچىمى ئەسەر يازغان ئادەمنىڭ سانىدا ئەمەس ، كىتابخاننىڭ قەلبىدە . مىللىتىمىزنىڭ يېرىم ئەسىرلىك ئەدەبىيات تارىخىغا رەنجىشتىن ئىلگىرى ، خەلقىمىزنىڭ ئۆتمۈشتە ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن قىسمەتلىرىگە ، كۈل-پەتلىرىگە ئېچىنغىنىمىز ئاقىلانىلىق بولار ، مۇبادا بۇنى ئارتۇقچە دەپ قا-رىساق ، يېرىم ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا بىزدە ئىككى مىڭ نەپەر قە-لەمكەش ئەمەس ، پەقەت بىر نەچچىلا ئادەم بار ئىدى . شۇڭا ، بۇ ئىن-چىكە ھېساباتنى ھازىر ئەدەبىيات سورۇنىمىزنى قىستا ـ قىستاڭ ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويغان « تالانتسىزلار » غا ئارتىپ قويۇشقا ھەققىمىز يوق . دېمەك ، ماقالە بۇ نۇقتىدا قوللانغان ئۇقۇم ئۆز ھەجمىنى تولۇق ئەكس

ئەتــتۇرەلمىگەن ، شۇڭا كىتابخانىنى « قەلەمكەشلەر كۆپ بولسا ياخشى
ئەسـەر يېزىلمايدۇ » دېگەن بىر تەرەپلىك قاراشنى قوبۇل قىلىشقا مەج-
بۇرلايدۇ .

مـەلۇم بىر ئاپتورنىڭ تەھرىر بۆلۈمىگە بەش يۈز پارچە ئەسەر
ئەۋەتىپ تەھرىرلەرنى تەسىرلەندۈرمەكچى بولغان « ئەخمەق » لىقىغا
كەلسەك ، ئاپتور هامان ئەسەرنى باشقىلارنى تەسىرلەندۈرۈش مەقسىتىدە
يـازىدۇ . تەھرىرلەرمۇ ئۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس . « ئىككى كۇپلېتلىق شې-
ئىرنـى بەش يۈەنلىك ماركا چاپلاپ » تەھرىرگە سۇنۇشى ئاشۇ ئاپتور-
نىڭ ئۆزىنىڭ خاھىشى ، چۈنكى ئىككى كۇپلېت شېـئىر بىـلەن بەش
يۈەننىڭ قىممىتىنى شېئىر يازىدىغان ئادەم ئاسانلا سېلىشتۇرالايدۇ . مۇبادا
بۇ هەۋەسكار « سۇپەتتە ئەمەس ، ساندا تەسىرلەندۈرۈشكە ئۇرۇنغان »
دەپ ئەيىبلەنسە هەم تەھرىرلەرنى شۇنــداق قامـلاشـمىغان ئەسەرلەرنىمۇ
« باغرى يۇمشاقلىق » قىلىپ ئېلان قىلىدۇ دەپ قارىساق ، ئەدەبىياتىمىز
ئالـلىقاچان پالەچ هالغا چۈشۈپ قالغان ، شۇنداقلا خەلقىمىز ياخشى كۆ-
رۈپ كېلىۋاتقان ئەختەم ئۆمەرگە ئوخشاش ياش يازغۇچىلارمۇ تەدرىجي
يېتىشىپ چىقمىغان بولاتتى . بۇ يەردە شۇنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش لا-
زىمكى ، ئەدەبىي ژۇرناللارنىڭ ۋە تەھرىرلەرنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ
تەرەققىياتى ئۈچۈن سورۇن هازىرلاشتىن باشقا ، ئەدەبىياتىمىزنىڭ كەل-
گۈسى زاپاس كۈچلىرىنىمۇ تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشتىن ئىبارەت شەرەپ-
لىك ۋەزىپىسى بار . بۇ مۇھىم نۇقتىنى نەزىرىمىزدىن ساقىت قىلساق ،
ئەدەبىياتىمىزنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتىدىن ئۈمىد كۈتكىلى بولامدۇ ؟
هازىرقى باسقۇچتا ئەدەبىيات سورۇنىمىزنى ساناقلىقلا بولغان « يازالايدى-
غان » لارغا تاپشۇرۇپ بېرىپ ، ئەدەبىي تالانتى دېگۈدەك يېشمىغان بىر
تۈركۈم قەلەم ئىگىلىرىنى بىراقلا سۈپۈرۈۋەتسەك بىمەنىلىك قىلغان بول-
مـايمىزمۇ ؟ چۈنكى هازىر « يازالماي تۇرۇپ يېزىۋاتقانلار » نىڭ كۆپىن-
چىسى كەلگۈسىدىكى يارامىلىق يازىدىغانلار ئەلۋەتتە . شۇنىمۇ سەگەكلىك
بـىلەن ئېتىراپ قىلىشقا ھەقلىقمىزكى ، روھىي قاتلىمى تەكشىسىز ، مە-
نىۋى ئاچارچىلىق هالىتىدە تۇرغان بىر مىللەت ئىچىدىكى ئازلا بىر قى-

سىملارنىڭ ئەمدىلا ھۇرۇنلۇق، جۈرئەتسىزلىك كېسەللىرىگە شىپا ئىز-
دەپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەدەبىي تالانتى بىلەن ھېسابلاشمايلا ئەدەبىيات سو-
رۇنىنى قىستا-قىستاڭ ھالەتكە كەلتۈرۈشى، ئاتالمىش «ئۆزىنى چاغلى-
ماي شىلتىنىڭ ئاتقانلىق» ئەمەس، بەلكى قىزغىن سۆيۈشنىڭ ئىشقى يال-
قۇنىدا تۇرۇپ ئۆز سۆيگىنىنىڭ ئۆزىدىن نېمىلەرنى تەلەپ قىلىدىغانلى-
قىنى ئاڭقىرالمىغانلىقى خالاس. «يېرىم ئەسىردىن بېرى ھېچقانداق
يۈكسىلىش» ھاسىل قىلالمىغان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ بۈگۈنىگە ۋە
كەلگۈسىگە كۆڭۈل بۆلگەن كىشى، پوچىلىق، نادانلىقنىڭ ئاسارىتىدە
ئەقىلدىن ئازمىسىلا تەمتىرەش ئىچىدە يول ئىزلەپ يۈرگەن ھەۋەس-
كارلارنى «تالانتى» دېگۈدەك يېتىلمەي تۇرۇپ يېزىۋاتقانلارنى سۈپۈ-
رۈۋېتىش مەقسىتىدە ئەدەبىيات سورۇنىمىزدا چوڭ تازىلاش ئېلىپ بېرىش
سالاھىيىتى يوق. شۇنداق قىلىشنى ياكى شۇنداق بولۇشنى كۈتكۈچى
ئالدى بىلەن ئۆزىنى ئۆزىدىن ئىزدەپ كۆرۈپ تونۇشى ھەمدە تالانتىنىڭ
غايىبتىن ئەمەس، جاپالىق ئەمگەكتىن كېلىدىغانلىقى ھەققىدىكى ئەقىل-
لىي ساۋاقتىن خەۋەر تېپىشى كېرەك.

ئىسلاھات ئۆز مەنىسى بويىچە يېڭى-يېڭى تۈزۈملەرنى بەرپا قى-
لىشلا ئەمەس. جۈرئەتكە، سەممىيەتكە، ھەقىقەتكە، ماھارەتكە سو-
رۇن ھازىرلاش دېگەنلىكتۇر. ئەدەبىيات سورۇنى يازىدىغانلارنىڭلا ئە-
مەس، ئەدەبىياتنى سۆيگۈچىلەرنىڭمۇ ئەركىن پىكىر قاتناشتۇرىدىغان،
بەدىئىي ھۇزۇر ئالىدىغان سورۇنى. ھازىرغا قەدەر دۆلىتىمىزدە ۋە باشقا
ئەللەردە ئۆز نامى بىلەن ياشاۋاتقان مىللەتلەرنىڭ ئۆز ئەدەبىياتى دائىرى-
سىدە «تالانتسىز» دەپ نام بېرىلگەنلەرنى ئەدەبىيات سورۇنىدىن تازى-
لىۋەتكىنى يوق. جۇملىدىن دۆلىتىمىزنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت فاڭجېنى
يەنىلا «ھەممە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس-بەستە
سايراش» يۆنىلىشىدە ئىلگىرىلەۋاتىدۇ. دەۋر ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىپ با-
رىدۇ. دەۋر ئەينىكى بولغان ئەدەبىياتمۇ ئۆزگىرىشتىن مۇستەسنا ئە-
مەس، شۇڭا «يېڭىلىق» بەرپا قىلىش قىزغىنلىقىدا كىتابخاننىڭ ھەق-
قىي باھالىغۇچىلىق رولىنى چەتكە قېقىپ ئەدەبىيات سورۇنىدا «چەك»

بەرپا قىلىش ئالدىراڭغۇلۇق جۇملىسىگە مەنسۇپتۇر.
ئەمدى «60 ـ يىللارنىڭ ئالدى ـ كەينىدە قولىغا قەلەم ئېلىپ يېزىشقا باشلىغان، لېكىن ھازىرقى دەۋرنىڭ تەرەققىياتىغا، ھازىرقى دەۋر كىشىلىرىنىڭ ئېستېتىك ئېھتىياجىغا ماسلىشالمىغان» بىر قىسىم قەلەمكەشلەرنىڭ «نام ـ ئاتىقىنى» ساقلاپ قېلىش مەقسىتىدە «تۆۋەن سەۋىيىلىك» ئەسەر يېزىۋاتقانلىقىغا كېلەيلى.
يازغۇچى. شائىر دەۋرنىڭ گۇۋاھچىسى ھەم دەۋر ۋىجدانىنىڭ جاكارچىسى. ئۇ ئۆز پائالىيىتىدە دەۋرنىڭ، ماكانىنىڭ چەكلىمىسى دائىرىسىدە پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان، تاشقى ئالەم ھادىسىلىرىنى ئاساس قىلىپ، روھىيەت ئالىمى يۈكسەكلىكىدە ئىجاد قىلىدىغان جانلىق ئادەم، بۇ خىل جانلىق ئادەمنىڭ ھازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ ئېستېتىك ئېھتىياجىغا ماسلىشالماسلىقى ئاددىي ھالدا ئىقتىدار مەسىلىسىگىلا ئەمەس، بەلكى نازۇك ئىچكى ئامىللارغىمۇ مەنسۇپ، قانداق يېزىشنى ئاپتورنىڭ تاللانتى ئەمەس، ئېڭى بەلگىلەيدۇ.
دەرۋەقە، پېشقەدەملەرنىڭ كۆپ قىسمى ئۆتكەن بىر باسقۇچتىكى ئوك ۋە سولچىللىق تەلۋىلىشىشنىڭ ئاسارىتىدە داتلىشىپ قالغان قەلەمنى قايتا سۈرتۈپ، ئەدەبىيات بېغىمىزدا ئۆزىنىڭ پەرۋىشكار باغۋەنلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇۋاتقان بولسا، 80 ـ يىللارنىڭ جەڭگىۋار قوشۇنى سۈپىتىدە ئىز قوغلاپ كېلىۋاتقان بىر تۈركۈم ئۈمىدلىك ياشلىرىمىز «ئەنئەنىۋى ئىجادىيەت ئۇسۇلى» نىڭ پۇچەك تەرەپلىرىنى دادىل رەت قىلىپ، ئىلغار تەرەپلىرىنى «يېڭىچە ئىجادىيەت ئۇسۇلى» نىڭ ئىلغار تەرەپلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈش يولىدا ئىزلىنىۋاتىدۇ. دېمەك، بۇ يەردە تاللانت مەسىلىسى ئەمەس، كونا بىلەن يېڭىنىڭ ئورۇن ئالمىشىش مەسىلىسى مەۋجۇت. بۇ يەردىكى تەبىئىي زىددىيەت ئاقىلانە ئادەملەر ئۈچۈن ئېغىر بېسىقلىق بىلەن ماھىيەتنى ھادىسە ئىچىدىن پەرقلەندۈرەلەيدىغان ئىقتىدارنى تەلەپ قىلىدۇ.
ماقالىنىڭ بىر پۈتۈن مەزمۇنىدىن قارىغاندا مۇئەللىپنىڭ شېئىرىي ئەسەرلەردىن رەنجىگىنى ئېنىق، بۇ چۈشىنىشلىك، ئەمەلىيەتتىمۇ كىتاب-

خانلارنىڭ شېئىرغا بولغان قىزىقىشى تۆۋەنلەپ كەتتى . بۇ مەسىلىنى ھازىرقى باسقۇچقا ، ھەۋەسكارلارغا ، « ئىقتىدارسىزلارغا » يۈكلەپ قويـ-ماي ئىلمىي مۇھاكىمىگە قويغىنىمىز تۈزۈك . مەدەنىيەت بازىرىنىڭ جانـ-لىنىشى كىتابخانلارنى شېئىردىن بەزدۈرگەن بولسا ، شېئىرلارمۇ ئۇلارنى ئۆزىگە قارىتىدىغان ياخشى ئۇسۇلنى تاپالايدۇ . « ئەنئەنىنى قوغدىغۇ-چىلار » بىلەن « يېڭىلىق ياراتقۇچىلار » ئوتتۇرىسىدىكى تالاش ـ تار-تىشنىڭ بولۇشى تەبىئىي ئەھۋال . تالاش ـ تارتىش ھامان بىر ئىلمىي ھەقىقەتنى ئىزلەش يولىدا بولىدىغان ھادىسە ، ئىلمىي ھەقىقەتنى ئىزلەش ھادىسىسى قانداقمۇ ئىقتىدارسىزلىقنىڭ بېشارىتى بولسۇن ؟

دېمەك ، ماقالە ئۆزىنىڭ كۆزلىگەن نىشانىغا يېتەلمەيلا قالماستىن ، جەمئىيەتتە كۈچلۈك ئەكس سادا پەيدا قىلىشقا تۈرتكە بولدى . لېكىن ، مۇئەللىپ شۇنى بىلىشى كېرەككى ، يېڭىنىڭ كونا ئاساسىدا مەيدانغا كېلىشى ، تالانتنىڭ جاپالىق ئەمگەك ئارقىلىق يارىتىلىشى ھەققىدىكى قا-نۇنىيەتنى ھازىرغىچە بىرەر ئادەمنىڭ ئاغدۇرۇۋەتكىنى يوق . خەلقنىڭ ئومۇمىي باھاسىنىڭ ھامان ئىلمىي باھا بولۇپ چىقىشىغا ئىشەنسەكلا ئە-دەبىياتىمىزنىڭ كەلگۈسىگە ئۈمىد بىلەن قارىيالايمىز .

ھەۋەسكارلار « يازالماي تۇرۇپ يېزىۋاتقانلار » نىڭمۇ ساناقلىقلا بولغان تالانتلىقلاردەك سايرىيالمىسىمۇ قاغىلاردەك قاقىلداپ قويۇشقا ھەققى بار . قاغىلارنىڭ يېقىمسىز ئاۋازى بار يەردە بۇلبۇلنىڭ ئاۋازى تې-خىمۇ سۆيۈملۈك تۈسكە كىرىدۇ . جۈملىدىن خەلقىمىزنىڭ ھەممىسىنىڭ يازغۇچى ، شائىر بولۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرىمىسەكمۇ بولىدۇ . چۈنكى ، شۇ ھالدىمۇ يەنىلا يازغۇچىنىڭ يازغۇچىسى ، شائىرنىڭ شائىرى بولىدۇ . ئۆزىنى چاغلىماي ئەدەبىيات سورۇنىمىزنى قىستا ـ قىستاڭ ھالەتكە كەل-تۈرگەنلەر ئالدى بىلەن « يازغۇچى ـ شائىر بولۇپ چىقىشنى ئەمەس ، ئەدەبىياتنى سۆيۈشنى ئۆگەنگەن » ، قەدىرلەشكە تېگىشلىكى مانا مۇشۇ ، تەھرىرلىرىمىزنىڭ بىزگە « چەك » بېكىتىپ بېرىش دەرىجىسىدە كالۋا-لىشىپ كەتمىگەنلىكىگە ئىشىنەيلى .

( « شىنجاڭ ياشلىرى » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى )

# « ھۆكۈمەتنىڭ » ــ زادى كىمنىڭ

مۇختەر ئابدۇرىشت

كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا مۇنداق غەلىتە ئىشلار ئۇچراپلا تۇر-
دۇ . بەزى نەرسىلەر ئەگەر ھۆكۈمەتنىڭ « دۆلەتنىڭ » لا بولىدىكەن
ناھايىتى ئاسانلا ئۇپرايدۇ ، بۇزۇلىدۇ ياكى يىتىپ كېتىدۇ . ھۆكۈمەتنىڭ
جوزا ــ ئورۇندۇقلىرى ئاسان سۇنىدۇ ھەم يوقىلىپ كېتىدۇ ؛ ھۆكۈمەت-
نىڭ ئىشىك ــ دېرىزە ئەينەكلىرى ئاسان چېقىلىدۇ ؛ ھۆكۈمەتنىڭ دەل ــ
دەرەخ ، گۈل ــ گىياھلىرى ئاسان سۇنىدۇ ، قۇرۇيدۇ ، چەيلىنىدۇ . ھەتتا
ھۆكۈمەتنىڭ يوللىرى ، ئىشخانىلىرى ، سىنىپلىرى ئاسان مەينەتلىشىپ
كېتىدۇ . چۈنكى ، بۇلارنىڭ ھەممىسى « بىزنىڭ » ئەمەس . يۇقىرى-
قىلارنىڭ ئەكسىچە « بىزنىڭ » نامىدىكى جوزا ــ ئورۇندۇقلار نەچچە
ئون يىللارنى بېشىدىن ئۆتكۈزسىمۇ سۇنماي ــ بۇزۇلماي پارقىراپ تۇرى-
ۋېرىدۇ . « بىزنىڭ » نامىدىكى ئىشىك ــ دېرىزە ئەينەكلىرىنى ، چىراغ
ۋە ۋىكلىيۇچاتېللىرىنى يىلدا نەچچە قېتىم يېڭىلىسىمۇ ئورناتقان پېتىچە
خېلى ئۇزۇن يىللار ساق تۇرىدۇ . « بىزنىڭ » نامىدىكى دەل ــ دەرەخ
ۋە گۈل ــ چېچەكلەر « مۇنداق قىلساڭ مۇنچە پۇل جەرىمانە » دېگەندەك
تاختايلار ئېسىلمىسىمۇ دەرەخ دەرەخلەرچە ، مېۋە ــ مېۋىلەرچە ، گۈل
گۈللەرچە ياشىرىپ ــ ياشناپ گۈللەپ ــ مېۋىلەپ تۇرىۋېرىدۇ . ھويلا ــ
ئارامىلىرىمىز ، خانىلىرىمىز دائىم يالىغاندەك سۈپۈرۈلۈك ــ سۈرتۈكلۈك .
بۇنداق غەلىتە ئىشلارغا سەپسالامسىز ؟ ئەگەر سەپسالغان بولسىڭىز بۇنىڭ
سەۋەبىنى بىلەمسىز ؟ ئەلۋەتتە بۇنىڭ سەۋەبلىرى كۆپ . لېكىن ، مۇھىم
بىر سەۋەب ناھايىتى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى ، نۇرغۇن كىشىلەر
نەرسىلەرنى « ھۆكۈمەتنىڭ » ۋە « بىزنىڭ » دەپ ئىككى قۇتۇپقا ئاي-
رىيدۇ ، « ھۆكۈمەتنىڭ » خار ، « بىزنىڭ » ئەزىز . چۈنكى ، « ھۆكۈ-
مەتنىڭ » بۇزۇلسا ، يىتسە ھۆكۈمەت پۇل خەجلەيدۇ ؛ شۇڭا « ھۆكۈ-

مەتىنىڭ » بۇزۇلسا ، يىتىسە كۆرۈپ تۇرۇپمۇ « ئېشەك باينىڭ ، تاغار باي-
نىڭ ، يىقىلسا يۆلىمەيمەن ، ئۆلسە تۆلىمەيمەن » دېگەن پوزىتسىيىدە
پەرۋايى - پەلەك يۈرىۋېرىمىز .

هالبۇكى ، نۇرغۇنلىغان « بىزنىڭ » چىلار مۇنداق ئاددىي بىر
ھەقىقەتكە سەل قارايدۇ : « ھۆكۈمەتنىڭ » ئەمەلىيەتتە بىزنىڭ نەرسە-
مىز . ھۆكۈمەتنىڭ بايلىقى ئالدى بىلەن بىزنىڭ بايلىقىمىز . چۈنكى ،
جەمئىيەتنىڭ ھەربىر ئەزاسى ئىجتىمائىي بايلىقنى ياراتقۇچىلاردۇر . ھەر-
بىر دۆلەت پۇقراسىنىڭ شۇ دۆلەتنى قۇرۇش ، گۈللەندۈرۈش ۋە شۇ
دۆلەتنىڭ بايلىقىنى توپلاشتا بەلگىلىك ئۆزىگە تۇشلۇق تۆھپىسى بولغان
بولىدۇ . دېمەك ، « ھۆكۈمەت » نىڭ نەرسىسىنى بۇزۇپ - چاچقانلىق
ئۆزىمىزنىڭكىنى بۇزۇپ - چاچقانلىق . « ھۆكۈمەتنىڭ » زىيىنى بىزنىڭ
زىيىنىمىز . ئالايلى ، ناۋادا سىنىپ ياكى ئىشخانىدا بىر چىراغنىڭ لامپىسى
كۆيۈپ كەتسە بىزدىن پۇل ئالمايلا ھۆكۈمەت يېڭى لامپا سېلىپ قويىدۇ .
لېكىن ، ھۆكۈمەتكە بولغان بۇ زىيانغا ھۆكۈمەت مەخسۇس بىر نەچچە
كويچەنلىك پۇلنى بېسىپ چىقىرىپلا تەڭشۈېتەلمەيدۇ ، بۇ پۇل ھۆكۈ-
مەتنىڭ مالىيىسىدىن چىقىم قىلىنىدۇ . ئەمما ، بۇ خىل چىقىمدىن بولغان
دۆلەت مالىيىسىدىكى بوشلۇقنى كەڭ ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئەمگىكى يارات-
قان قىممەت ئارقىلىقلا تولۇقلىغىلى بولىدۇ . ھەتتا بەزى مۇھىم بولغان
ئىقتىسادىي بوشـلۇقـلارنى زۆرۈر بولـغان ئىقتىسادىي مەمۇرىيەت شەكلى
( مـەسىلەن ، باج يىغىش ، زايوم تارقىتىش ، ئىئانە توپلاش ) ئارقىلىق
تولۇقلىشى مۇمكىن ، بۇنداق ۋاستىلىك ياكى بىۋاستە ئادا بولغان ئىق-
تىسادىي مەجبۇرىيەتنى « بىزنىڭ » دېمەي تۇرالمايمىز ئەلۋەتتە . شۇڭا ،
خۇلاسە شۇكى ، ھۆكۈمەتنىڭ ، دۆلەتنىڭ زىيىنى ھەر بىرىمىزنىڭ زى-
يىنى ، ھۆكۈمەتنىڭ ، دۆلەتنىڭ پايدىسى ھەر بىرىمىزنىڭ پايدىسى .
ئەمگەكنى ھۆرمەتلەش ، ئەمگەك ياراتقان بۇيۇملارنى ئاسراش يۈكسەك
مەدەنىيەت ۋە ئەخلاق جۈملىسىگە كىرىدۇ . ئاڭ - سېزىم ئەقىل - ئىدراك
يۈكسەك تەرەققىي قىلىۋاتقان بۈگۈنكىدەك مەدەنىيەت دۇنياسىدا ياشاۋات-
قان ھەربىر ئەقىل ئىگىسى ئۈچۈن ئىسراپچىلىق ۋە بۇزۇپ - چېچىشقا

بىپەرۋا پوزىتسىيە تۇتۇش ئەڭ چوڭ بىلىمسىزلىك ۋە ئەخلاقسىزلىق .

ئۇنداق ئىكەن ، دانا دوستلىرىمىز ، ھۆكۈمەتنىڭ دېيىلىپ قېلىپ بۇزۇلۇپ كېتىۋاتقان يول ۋە ھاجەتخانا چىراغلىرى ، مەجلىسخانىدىكى ، كىنوخانىدىكى ، باغلاردىكى ئورۇندۇقلار ، تۈگمەننىڭ نورىدەك شار-قىراپ ئېقىۋاتقان تۇرۇبا سۈيى ، كېچە - كۈندۈز ئۆچۈرۈلمەيدىغان چىراغلار ، ھەتتا تۈۋىگە ئەخلەت دۆۋىلەپ ئوت قويىۋېتىدىغان قارىغايلار ۋە ئارچىلار ، جايىنى تاپالماي دۇملاپ يۈرۈيدىغان ئەخلەت تۈگىلىرىغىچە ھەممىسى بىزنىڭ . بۇلارغا ئوڭ كۆزىمىز بىلەن قاراپ قويايلىكى ، تۆت تامنىڭ ئىچىدىكىنىلا ئۆزىمىزنىڭ دەپ قاراپ ، ئۇنى كۆز قارىچۇقىمىزنى ئاسرىغاندەك ئاسراپ ، باشقىلىرىنى « ھۆكۈمەتنىڭ » دەپ ئۆگەيلىسەك ، ئۆگەيلىگەننى توسمىساق ، بۇ تولىمۇ نادانلىق ئىش .

ئېسىمىزدە بولسۇنكى « ھۆكۈمەتنىڭ » — ئۆزىمىزنىڭ !

( « شىنجاڭ ياشلىرى » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى )

يۇقىرىقى ئۈچ پارچە ماقالە ئىچىدە « يازالايدىغانلار يازسۇن » ناملىق ماقالە ۋىرسىيە ( كۆز قاراش ) تىكلەش خاراكتېرىدىكى مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ماقالە تۈرىگە كىرىدۇ . « يازالايدىغانلارمۇ ئەسلىدە يازال-مايدىغانلاردىن ئىدى » ، [ « ھۆكۈمەتنىڭ » — زادى كىمنىڭ ] ناملىق ماقالىلەر رەددىيە بېرىش خاراكتېرىدىكى مۇھاكىمە ماقالىلىرى تۈرىگە كىرىدۇ . ئەگەر « يازالايدىغانلارمۇ ئەسلىدە يازالمايدىغانلاردىن ئىدى » ناملىق ماقالىدە ئىلگىرى سۈرۈلگەن پىكىرلەرنى ئىنكار قىلىپ « يەنە يازالايدىغانلار يازسۇن » دېگەنگە ئوخشاش سەرلەۋھە ئاستىدا ئۈچىنچى بىر پارچە ماقالىنى بۇ سەھىپىمىزگە ئۆرنەك ئۈچۈن كىرگۈزسەك بۇمۇ رەددىيە بېرىش خاراكتېرىدىكى ( يەنى رەددىيىگە قارشى رەددىيە بېرىل-گەن ياكى ئىنكارنى ، ئىنكار قىلغان ) مۇھاكىمە ماقالىسى بولىدۇ .

ئادەتتە ۋىرسىيە ( كۆز قاراش ) تىكلەش خاراكتېرىدىكى مۇھا-كىمە خاراكتېرلىك ماقالە - ئەسەرلەر كۆپرەك يېزىلىدۇ . ( دەلىللەشنىڭ ئۇسۇللىرى سەھىپىسىدە بېرىلگەن ماقالىلەرنىڭ ھەممىسى ۋىرسىيە تىك-

لەش خاراكتېرىدىكى ماقالىلەردۇر ) . مەتبۇئاتلاردىمۇ بۇ خىل ماقالىلەر كۆپ ئۇچراپ تۇرىدۇ . رەددىيە بېرىش خاراكتېرىدىكى مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ماقالە ـ ئەسەرلەر بولسا تالاش ـ تارتىش زۆرۈرىيىتى بولغان مەسىلىلەردە ، بىر ـ بىرىگە قارىمۇ قارشى ياكى ئوخشاش بولمىغان كۆز قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلغان ئەھۋال ئاستىدا ئاندىن يېزىلىدۇ .

ئۆز نۆۋىتىدە شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى ، مەلۇم بىر مەسىلە ھەققىدە بىر ـ بىرىگە ئوخشاش بولمىغان كۆز قاراشلار مۇھاكىمە قىلىنغان ئىككى پارچە ماقالىنىڭ بىرىدىكى پىكىر يەنە بىرىدە ئىنكار قىلىنسىلا ياكى قارشى پىكىر ئوتتۇرىغا قويۇلسىلا ئۇلارنىڭ بىرىنى ۋىرسىيە ( كۆز قاراش ) تىكلەش يەنى بىرىنى رەددىيە بېرىش خاراكتېرىدىكى ماقالە دەۋەرگىلى بولمايدۇ .

مىسال ئۈچۈن « سەنمۇ دەپباق ، مەنمۇ دەپباقاي » سەھىپىسى ئاستىدا مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلغان « ئائىلىدىكى ئېشىنچا پۇلنى ئامانەت قويۇش كېرەكمۇ ياكى ئۇنىڭغا پاي چېكى سېتىۋېلىش كېرەكمۇ ؟ » دېگەن مەسىلە ئۈستىدىكى ئىككى پارچە ماقالىنى كۆرۈپ باقايلى .

## يەنىلا ئامانەت قويغان ياخشى

سۇڭ گوچاڭ

پاي چېكىنىڭ خېيىمخەتىرى چوڭ ، ھايانكەشلىك خاراكتېرى ئېغىر ، پايدىسى كاپالەتكە ئىگە ئەمەس ، يۇقىرى ماھارەت ۋە يۇقىرى بەرداشلىق بېرىش ئىقتىدارى بولمىغاندا ئوينىماق تەس . شۇڭا ، ئېشىنچا پۇلنى يەنىلا ئامانەتكە قويغان ياخشى . ئامانەتنىڭ پايدىسى مۇقىم ، پۇل مۇئامىلە بازىرىدا ھەرقانداق تەشكىلات ۋە ھەرقانداق ئادەم ئامانەتنىڭ پايدىسىغا تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ . مال باھاسىنىڭ ئۆرلەش ھەجمى ئۆسۈم نىسبىتىدىن تۆۋەن بولغاندا ، پۇلنى ئامانەت قويسا دىرىغا كاپالەت-

لىك قىلغىلى بولغاندىن سىرت ، پۇلنىڭ قىممىتىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ . زىيان تارتىش ئەھۋالى كۆرۈلمەيدۇ . ئامانەتنىڭ ئۆسۈمى ناھايىتى تۆۋەن بولسىمۇ ، يەنىلا كىشىلەرگە مەنپەئەت ئېلىپ كېلىدۇ .

ئامانەت قويۇش مۇقىم ۋە بىخەتەر بولىدۇ . ئامانەت قويۇشقا ماھارەت كەتمەيدۇ ، ئامانەت قويغاندا رەسمىيەت ھەققى ، ماركا بېجى ، ئۆسۈم ئۇچۇن باج تۆلەش ھاجەتسىز . ھەرقانداق بىر كىشى پۇلنى بانكىغا قويسىلا مۇقىم پايدىغا ئېرىشەلەيدۇ . پۇل ئامانەت قويۇش ئاددىي ۋە بىخەتەر بولىدۇ .

ئامانەتنىڭ قەرەلسىز ئامانەت ، قەرەللىك ئامانەت ، قەرەللىك — قەرەلسىز بىرلەشتۈرۈلگەن ئامانەت قاتارلىق شەكىللىرى بولۇپ ، ئائىلىلەر ئىقتىسادىي ئەھۋالى ۋە تۇرمۇش ئېھتىياجىغا ئاساسەن قايسى تۈردىكى ئامانەتكە قويۇشنى ئۆزى بەلگىلەيدۇ . پۇلنى قايسى شەكىلدىكى ئامانەتكە قويسا ئوخشاشلا ئۆسۈم چىقىرىدۇ . شۇڭا ، مەن ئائىلىدە ئېشىنچا پۇل بولسا يەنىلا ئامانەت قويغان ياخشى ، دەپ قارايمەن .

## پاي چېكى سېتىۋالغان ياخشى

چېن زىخې

ئائىلىدە ئېشىنچا پۇل بولسا ، مېنىڭچە بولغاندا ، ئەڭ ياخشىسى پاي چېكى سېتىۋالغان ياخشى . ئەلۋەتتە شەرت ئېشىنچا پۇل بولۇش .

ئىقتىسادىي مەنپەئەت نۇقتىسىدىن قارىغاندىمۇ ، پاي چېكى سېتىۋېلىش ياخشى تاللاش بولۇپ ، بۇنىڭدىكى قائىدە ناھايىتى ئاددىي ، يەنى پاي چېكىنىڭ پايدىسى پۇل ئامانەت قويغاندىكىدىن كۆپ يۇقىرى . مەيلى بانكىدا پۇل قويايلى ، زايوم سېتىۋالايلى ياكى پاي چېكى سېتىۋالايلى ھەممىسى مەلۇم پايدا ئېلىشنى مەقسەت قىلىدۇ . پايدا نىسبىتى جەھەتتىن قارىغاندىمۇ ، بۇ ئۈچىنىڭ ئارىسىدا پاي چېكىنىڭ پايدا نىسبىتى ئەڭ يۇقىرى ، شۇڭا ئېشىنچا پۇل بولىدىكەن ، پاي چېكى سېتىۋالغان تۈزۈك .

پاي چېكىنىڭ خېيىمخەتىرىنى توغرا تونۇش كېرەك . ھەرقانداق ئىقتىسادىي پائالىيەتنىڭ خېيىمخەتىرى بولىدۇ . پايدىسى كۆپنىڭ ئەل۔ ۋەتتە خېيىمخەتىرىمۇ چوڭ بولىدۇ . ئامانەت ، زايوم پاي چېكىدىن پاي۔ دىسى ئەڭ ئاز بولىدىغىنى ئامانەت بولۇپ ، خېيىمخەتىرىمۇ كىچىك بو۔ لىدۇ . پاي چېكىنىڭ پايدىسى ئەڭ كۆپ بولۇپ ، خېيىمخەتىرىمۇ چوڭ بولىدۇ . شۇڭا ، پاي چېكى سېتىۋېلىشنىڭ خېيىمخەتىرى چوڭ بولغان۔ لىقى ئۈچۈنلا پاي چېكى سېتىۋېلىش توغرا ئەمەس دېيىشكە بولمايدۇ . پاي چېكى سېتىۋېلىشنىڭ خېيىمخەتىرى بولغاچقا ، ئېشىنچا پۇلغىلا سې۔ تىۋېلىشقا بولىدۇ . باشقا ئىشلارغا ئىشلىتىدىغان پۇلغا سېتىۋېلىشقا بول۔ مايدۇ . پاي چېكى سېتىۋالماقچى بولغانلار مۇشۇ نۇقتىنى ئېسىدە چىڭ تۇتۇشى كېرەك .

( بۇ ئىككى پارچە ماقالە « شىنجاڭ گېزىتى » دىن ئېلىندى ) .

بۇ ئىككى پارچە ماقالىنىڭ ھەر ئىككىلىسى ۋىرسىيە تىكلەش خاراكتېرىدىكى ماقالىلەر بولىدۇ . چۈنكى ، بۇ ماقالىلەرنىڭ ھېچقايسىسىدا قارشى تەرەپنىڭ پىكرىگە رەددىيە بېرىشنىڭ شەرتلىرى ئورۇنلانمىغان . ئىككىنچى تەرەپتىن ئالغاندا بۇ ئىككى پارچە ماقالىدەھەر ئىككىلا تەرەپ ئۆزلىرىنىڭ نۇقتىئىنەزىرىنى دەلىللەشنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ مۇلاھىزە ئېلىپ بارغان .

ساپا مائارىپى يولغا قويۇلۇۋاتقان ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەقىل بۇلد۔ قىنى ئېچىش تەكىتلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە ساۋاقداشلارنىڭ مەلۇم بىرەر مەسىلە ئۈستىدىكى ئوخشاش بولمىغان قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قو۔ يۇپ ، مۇلاھىزە ، مۇنازىرە ئېلىپ بېرىشقا تەشكىللەنسە ، ئۇلارنىڭ ئى۔ جادچانلىقى ، تەپەككۇرىنى قوزغاتقىلى بولىدۇ . ھازىر « تارىم غۇنچى۔ لىرى » ژۇرنىلى « ئەگەر مەن شەھەر باشلىقى بولسام » ، « ئەگەر مەن يېزا باشلىقى بولسام » ، « ئەگەر مەن ھاكىم بولسام » ، « قايسىسىنىڭ پايدىسى كۆپ » ( يەنى تېلېۋىزور كۆرگەن ياخشىمۇ ياكى كىتاب ئوقۇ۔ غان ياخشىمۇ ؟ دېگەن مەزمۇندا ئېلىپ بېرىلغان مۇھاكىمە ) ، « ئۇس۔

تازى زالىم بولسا ، شاگىرتى ئالىم بولۇر » دېگەن ماقالىغا قانداق قارايسىز ؟ ئەگەر مېنىڭ يۈز مىڭ يۈەن پۇلۇم بولسا ... دېگەنگە ئوخشاش مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ .

ئادەتتىكى يېزىقچىلىق مەشىقلىرىدە مۇھاكىمە ماقالىسى يازدۇرغاندا يۇقىرىدىكى تېمىلاردىن پايدىلىنىپ ، ئوخشاش بولمىغان قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلسا ھەمدە « ئەگەر مەن سىنىپ ھەيئىتى بولسام » ، « ئەگەر مەن ئوقۇتقۇچى بولسام » ، « پۇلغا قانداق قاراش كېرەك ؟ » ... دېگەنگە ئوخشاش تېمىلارنى تاللاپ ۋە باشقا ئەمەلىي ، ئىجادىي تېمىلارنى ئويلاپ تېپىپ ماقالە يېزىشقا تەشكىللىسە بولىدۇ . تۆۋەندە ئۆرنەك ئۈچۈن مۇشۇ خىلدىكى ماقالىلەردىن بىر نەچچە پارچە بېرىلدى .

## قايسىسىنىڭ پايدىسى كۆپ

ھازىر بىزنىڭ باللىرىمىز يۇقىرى ، يېڭى تېخنىكا ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان دەۋردە ياشاۋاتىدۇ . ئۇلارنىڭ ئەتراپىنى تېلېۋىزور ، ئېلېكتىرونلۇق مېڭە ، ئېلېكترونلۇق ئويۇنچۇق ، كومپيۇتېر ... قاتارلىقلار ئورىغان . مۇشۇنداق ئەھۋالدا بالىلارنىڭ ئۇلارغا كۆڭۈل بۆلمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس . ھەتتا ئايرىم بالىلار « تېلېۋىزور مەستانىسى » ، « ئېلېكترونلۇق ئويۇنچۇق مەستانىسى » ، « ئېلېكترونلۇق مېڭە مەستانىسى » غا ئايلىنىپ قالدى . ئەمما ، بىز بالىلارنىڭ زادى تېلېۋىزور كۆرگەن ، ئېلېكترونلۇق ئويۇنچۇق ئوينىغان ياخشىمۇ ياكى كىتاب ئوقۇغان ياخشىمۇ ؟ دېگەن مەسىلىدە بەس ـ مۇنازىرە قىلغانلىقىنىمۇ ئاڭلاپ قالىمىز . مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن مەلۇم باشلانغۇچ مەكتەپتە مۇشۇ مەسىلە ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلدۇق ، ئوقۇغۇچىلار قىزغىنلىق بىلەن ئۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى . تۆۋەندە بىز بۇنىڭ بىر قىسمىنى ئېلان قىلدۇق . كىچىك دوستلار ، سىلەرمۇ سېلىشتۇرۇپ كۆرۈڭلار ، زادى قايسىسىنىڭ پايدىسى كۆپ ؟

تېلېۋىزوردا ئاۋاز، رەڭ، سۈرەت بار، ئۇنى كۆرگىلى، ئاڭلى-غىلى بولىدۇ. يېقىندا مەن «باتۇر مۈشۈك» دېگەن كارتون فىلىمنى كۆردۈم. ئۇ قارىماققا ئاددىي مۈشۈكتەك كۆرۈنگىنى بىلەن، ھېسسىياتى ئادەمنىڭكىدىنمۇ مول ھەم كۈچلۈك ئىكەن. ئۇ ھەر قېتىم ئەقىل ـ پەم بىلەن ساقچىنى ئالداپ ئۆتۈپ ئۆز رەقىبىنى يەڭگەندە، مەن خۇشال بو-لۇپ كۈلۈپ كەتتىم.

كىتابتا جانلىق، قىزىقارلىق ھېكايىلەر بار. مەن كىتابقا ئامراق، كىتابتا مول، چىرايلىق سۆزلەر بىلەن ۋەقەلەر تەسۋىرلەنگەن. مەن كى-تابتىكى سۆزلەرگە قاراپ پېرسوناژنىڭ ئوبرازىنى تەسەۋۋۇر قىلالايمەن. مەن «گىرىم چۆچەكلىرى» نى ياقتۇرۇپ ئوقۇيمەن. گىرىم ئاق قار مەلىكىنى تولىمۇ چىرايلىق تەسۋىرلىگەن.

مەن تېلېۋىزورغا ئامراق، كىتابقا تېخىمۇ ئامراق. تېلېۋىزوردىن سۈرەت كۆرىمىز، كىتابتىن بولسا نۇرغۇن سۆزنى مېڭىمىزگە قوبۇل قى-لىمىز.

ئايىمگۈل مەھمۇد

مېنىڭچە، تېلېۋىزور جانلىق، قىزىقارلىق، ئوقۇش يېشىدىكى باللار كارتون فىلىمنى كۆرۈشكە ئامراق. تېلېۋىزوردىكى ھېكايىلەر بە-زىدە ئادەمنى كۈلدۈرىدۇ. بەزىدە قورقىتىدۇ. تېلېۋىزوردىكى بەزى مە-سىلىلەرنى يېزىق بىلەن ئىپادىلىگىلى بولمايدۇ.

ئەھمەدجان ئىبراھىم

مەن كىتاب ئوقۇشقا ئامراق. چۈنكى، كىتاب ئوقۇغاندا بىر خىل جىمجىتلىق ھالىتىنى ساقلاپ قالغىلى. جىم ئولتۇرۇش ئادىتىنى يېتىل-دۈرگىلى بولىدۇ. مەسىلەن، دەرستىن سىرتقى چاغلاردا يۇمۇرلۇق ۋە رەسىملىك ژۇرناللارنى كۆرسەم، ئۆگىنىش بىلەن ئۆتكەن بىر كۈنلۈك جىددىيچىلىك ھالىتىم پەس كويغا چۈشىدۇ، كاللىدا جىددىي ئۆزگى-رىش پەيدا قىلىشقا پايدىلىق كىتابلارنى كۆرسەم مېڭەم جانلىنىدۇ،

ئۆتكۈرلىشىدۇ ، دەرستىن سىرتقى پايدىلىنىش ماتېرىياللىرىنى كۆرسەم ، ئۆگىنىشىمگە ياردىمى تېگىدۇ . كىتاب مېنىڭ مەدەنىيەت ساپايىمنى بارا ـ بارا يۇقىرى كۆتۈردى .

قاسىم مەھەممەت

كىتاب ئوقۇش ۋە تېلېۋىزور كۆرۈش ئوخشاشلا كۆزگە زىيان-لىق . ئەمما ، ماڭا كىتاب ئوقۇش قىزىقارلىق ھەم مەنىلىك تۇيۇلىدۇ . تېلېۋىزور كۆرگەندە ، ئادەم قىزىقارلىق كۆرۈنۈشلەرنى كۆرۈپ بىرەر ـ ئىككى قېتىم كۈلىدۇ ، خالاس . ئەمما ، ئادەمگە چوڭقۇر ، ئۇنتۇلماس تەسىرات بېرەلمەيدۇ .

تېلېۋىزور نومۇرلىرىنىڭ ۋاقتىنى تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بېكى-تىدۇ ، تاپشۇرۇقنى ئىشلىمەي تۇرۇپ تېلېۋىزور كۆرگىلى بولامدۇ ؟ كى-تاب ئوقۇش ۋاقتىنى ئۆزىمىز ئورۇنلاشتۇرالايمىز ، چۈشەنمىگەن يەرلەرنى ئويلانساق ، باشقىلاردىن سورىساقمۇ بولىدۇ . بەزى كىتابلارنى نەچچە رەت ئوقىسىڭىز زېرىكمەيسىز . ھەتتا بەزى ئابزاسلارنى خاتىرىگە كۆچۈ-رۈۋالالايسىز . مەلۇم مەزگىلدىن كېيىن كىتابنىڭ مەزمۇنى ئېسىڭىزدىن ئاز ـ تولا كۆتۈرۈلۈپ كەتسە ، كىتابنى قايتا ئوقۇسىڭىز بولىدۇ . ئەمما ، خالىغان چاغدا خالىغان تېلېۋىزىيە فىلىمىنى كۆرىمەن دەپ كۆرەلمەي-سىز .

ئاسىمگۈل ياسىن

مېنىڭچە ، كىتاب ئوقۇش تېلېۋىزور كۆرۈشتىن ياخشى . ئا-لىملارنىڭ تەكشۈرۈش نەتىجىلىرىگە ئاساسلانغاندا ، تېلېۋىزورنى ئاچقاندا ئۇ بىر خىل بىنەپشە نۇر تارقىتىدۇ ، بۇ ئادەم بەدىنىگە زىيانلىق . سىز كىتابنى ماشىنىدا ، قاراڭغۇدا ، كۈن نۇرى بىۋاسىتە چۈشۈپ تۇرغان يەردە ياكى كارىۋاتتا يېتىپ ئوقۇسىڭىزمۇ بولىدۇ . ئىشقىلىپ ، كىتاب بىلەن كۆزىڭىزنىڭ ئارىلىقى مۇۋاپىق بولسىلا ، بىرەر سائەت ئوقۇپ ئازراق ئارام ئېلىپ يىراقلارغا قارىسىڭىز ، كۆزىڭىزگە ھېچقانداق زىيىنى

بولمايدۇ . شۇنداقلا كىتاب بىلىمگىزنى كۆپەيتىدۇ . تېلېۋىزوردىكى بىلىم كىتابتىكىدىن ئاز . كىتاب ئوقۇغاندا چۈشەنمىگەن سۆزلەرنى لۇغەتتىن ئىزدەپ چۈشىنىۋالساق ئېسىمىزدىن كۆتۈرۈلمەيدۇ .

مەرەمنىسا تۇراق

## ئەگەر مەن شەھەر باشلىقى بولسام

مەن تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتۇمنى بەك ياخشى كۆرىمەن . لې-كىن ، شەھىرىمىزدىكى بەزى ئىشلار مېنى ئەندىشىگە سېلىپ قويىدى . ھەممىمىزگە مەلۇم ، ياش ـ ئۆسمۈرلەر كەلگۈسىنىڭ خوجايىنى . ئۇلارنى تەربىيىلەش ۋە پەرۋىش قىلىش پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ ۋەزىپىسى . لېكىن ، ھازىر بالىلارنى تەربىيىلەش يالغۇز مەكتەپكىلا يۈكلىنىپ قاپتۇ . ھەتتا تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرىمۇ بالىلار ئۈچۈن ئانچە كۆڭۈل بۆلمەيدىكەن . تېلېۋىزوردا تۈزۈكرەك بالىلار فىلىملىرىمۇ يوق .

ئەگەر مەن شەھەر باشلىقى بولسام ، شەھەر ، ناھىيە ۋە يېزىلار-دىكى ئاممىنى سەپەرۋەر قىلىپ ، بالىلارنى تەربىيىلەشنى ، بالىلارنى ئاسراشنى كەڭ تۈردە تەشەببۇس قىلغان بولاتتىم . يەنە تېخى مەخسۇس بالىلار ئۈچۈن تېلېۋىزىيە نومۇرلىرى ئىشلەيدىغان تېلېۋىزىيە ئىستان-سىسى ، مەخسۇس بالىلار كىتابخانىسى قاتارلىقلارنى قۇرغان بولاتتىم . ئەگەر مەن شەھەر باشلىقى بولسام ، ھەر يىلى باھار پەسلىدە كۆچەت تىكىپ شەھىرىمىزنى ئاپتونوم رايون بويىچە « ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى يۇقىرى شەھەر » دېگەن نامغا ئېرىشتۈرگەن بولاتتىم .

21 ـ ئەسىر خەلقئارالىق تىل ـ ئىنگلىز تىلىنى پۇختا بىلىدىغان ، بىلىمدە كامالەتكە يەتكەن كىشىلەرگە موھتاج . لېكىن ، ھازىر شەھىرى-مىزدىكى مەكتەپلەردە ئىنگلىز تىلى كۇرسى قۇرۇلغان بىلەن ، ناھىيە ۋە يېزىلاردىكى مەكتەپلەردە بۇنداق كۇرسلار تېخى قۇرۇلغىنى يوق .

ئەگەر مەن شەھەر باشلىقى بولسام ، ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەك-

تەپلەردە ئىنگلىز تىلى دەرسى ئۆتۈشنى تەسىس قىلغان بولاتتىم . ھازىر ناھىيە ۋە يېزىلاردىكى بىر قىسىم مەكتەپلەردە تېخى قىرائەتخانىمۇ يوق ئىكەن . قىرائەتخانىسى بار مەكتەپلەرنىڭمۇ كىتاب سانى ناھايىتى چەك-لىك ئىكەن .

ئەگەر مەن شەھەر باشلىقى بولسام ، شەھىرىمىزگە قارايدىغان يېزىلاردىكى بارلىق مەكتەپلەردە قىرائەتخانا قۇرۇپ ، ئۆسمۈرلەرگە ياخشى مۇھىت ھازىرلاپ بەرگەن بولاتتىم .

ئوبۇلقاسىم سادىر

## ئەگەر مەن شەھەر باشلىقى بولسام

نىلۇپەر لوقمان

بىر شەھەر باشلىقى بولۇش ئۈچۈن ئىيتقاندا باشقۇرۇشنى زامانى-ۋىلاشتۇرۇش ، تەبئىي پەن ۋە ئىجتىمائىي پەن نەتىجىلىرىنى ئومۇملاش-تۇرۇپ ، ئۆزىنىڭ باشقۇرۇش خىزمىتى ئىچىگە ئېلىپ كىرىش ، باشقۇ-رۇش تەشكىلاتلىرىنىڭ ئۈنۈمدارلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ، باشقۇرۇش ئۇسۇلى ئىلمىي بولۇش ، باشقۇرۇش تېخنىكىسىنى ئېلېكترلەشتۈرۈش ، باشقۇرۇش شەكلى دېموكراتىيىلىك بولۇش قاتارلىقلار شەھەر باشلىقى-نىڭ خىزمەت ئىقتىدارىنى ئۆلچەشنىڭ ئالدىنقى شەرتىدۇر . شۇڭا ، مې-نىڭچە شەھەرگە بولغان باشقۇرۇش ئۇقۇمى ۋە باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى بىر قەدەر ئۈزلۈكسىز ئىسلاھ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ ، دەپ قارايمەن . شۇڭا ئەگەر مەن شەھەر باشلىقى بولسام تۆۋەندىكى بەش تۈرلۈك ئىشنى قى-لىمەن .

1 . ئەمەلىي ھوقۇقنى تۆۋەنگە چۈشۈرۈپ ، شۇ ئارقىلىق ئىقتى-سادنى راۋاجلاندۇرىمەن . ھەرقانداق بىر شەھەرنى ئادەملەر بەرپا قىل-غان ، ھەرقانداق بىر شەھەرنى ئادەملەر باشقۇرىدۇ ، ھەرقانداق بىر شە-

ھەر ئادەملەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. شۇڭا، ئەگەر مەن شەھەر باش-
لىقى بولسام، خىزمىتىمنىڭ نۇقتىسىنى ئادەمدىن ئىبارەت ئىچكى ھەر-
كەتلەندۈرگۈچ كۈچتىن باشلايمەن. يەنى ئالدى بىلەن چىرىكلىك، پا-
رىخورلۇق قىلغان رەھبەرلەرنى رەھبەرلىك ئورنىدىن تازىلاپ چىقىرىپ،
شەخسىيەتسىز، ئەمەلىي نەتىجىسى گەۋدىلىك، پاك - دىيانەتلىك، ئا-
دىل، قانۇن - تۈزۈملەرنى قوغدايدىغان ۋە ئۇنى ئاڭلىق ئىجرا قىلىدى-
غان، بولۇپمۇ ئاممىنىڭ جانىجان مەنپەئەتىگە مۇناسىۋەتلىك ھەق - نا-
ھەق مەسىلىلەردە شەخسىي پايدا - مەنپەئەتنى ئويلىماي، ئۆز ئىپادى-
سىنى كۆرسىتەلەيدىغان، ھۆكۈمەت سالغان مەبلەغنى بۇزۇپ چاچمايدى-
غان، قابىلىيەتلىك، ياش كادىرلارنى ۋە ئايال كادىرلارنى تاللاپ، ھەر-
قايسى قاتلام مەمۇرىي ۋە كارخانا ئورۇنلىرىنىڭ رەھبەرلىك ئورنىغا قو-
يىمەن، شۇنداقلا كادىرلارنى مەسئۇلىيەت، ھوقۇق، پايدا بىرلەشكەن
ھەقىقىي ئەمەلىي ھوقۇققا ئىگە قىلىمەن، شەھەردىكى زاۋۇت - كارخا-
نىلارنىڭ ھاياتىي كۈچىنى بوغۇپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق
قىلىۋاتقان ھۆكۈمەت مەمۇرىي ھوقۇقىنىڭ چەكسىز كېڭىيىپ بېرىشى،
شەھەردىكى زاۋۇت - كارخانىلارنىڭ ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ھوقۇقى
ھەقىقىي كاپالەتكە ئىگە بولماي، بۇيرۇق بويىچە ئىشلەيدىغان، كارخا-
نىلار ھۆكۈمەتكە يۆلىنىۋالىدىغان، ھۆكۈمەت كارخانىلار ئۈچۈن چەك-
سىز مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالىدىغان، زاۋۇت - كارخانىلار مەمۇرىي
ئورگانلارنىڭ بېقىندىسىغا ئايلىنىپ قالىدىغان ئەھۋاللارغا خاتىمە بېرى-
مەن. شۇ ئارقىلىق زاۋۇت - كارخانا ئورۇنلىرىغا يېڭى ھاياتىي كۈچ ئاتا
قىلىمەن.

2. شەھەردە يېڭىدىن كۆپىيىش ئالدىدا تۇرغان
نامراتلىقنى تىزگىنلەش ئۈچۈن يېڭى تەدبىرلەرنى تۈزۈپ چىقىپ،
شەھەردىكى ئىشسىزلىقنىڭ كېڭىيىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئا-
لىمەن. نامراتلىققا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى ئىقتىسادىي
ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقنىڭ چوڭ نىشانىدىن ئايرى-
لىپ كېتەلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن نامراتلىقنى يوقىتىشنى مەق-

سەت قىلغان يېڭى سىياسەت ـ بەلگىلىمىلەرنى ۋە ئىش ئورنى-
دىن قالغانلارنىڭ قايتا خىزمەتكە ئورۇنلىشىش قۇرۇلۇشىغا دائىر
كونكرېت پىلانلارنى تۈزۈپ چىقىمەن. شۇنداق قىلغاندا، يېڭى
نامراتلارنىڭ كۆپىيىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالالايمەن.

3. ئىجتىمائىي تەرەققىيات جەريانىدا زور قىممەت يارىتىشتىكى
ئەڭ مۇھىم شەرت بولغان مائارىپنى خىزمىتىمنىڭ ئىستراتېگىيىلىك ئور-
نىغا قويىمەن.

سوتسىيالىزم قۇرۇش ماھارىتىگە ئىگە لاياقەتلىك ئىز باسارلارنى
تەربىيىلەش دۆلەتنىڭ ئۇزاق مەزگىل تىنچ بولۇشىغا مۇناسىۋەتلىك چوڭ
ئىش ھەمدە ئاھالىلەرنىڭ پەن ـ مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈشتىكى
كۆۋرۈك. شۇڭا، مەن مەكتەپلەرنىڭ ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي،
گۈزەللىك جەھەتلەردىن ئەتراپلىق يېتىلدۈرۈش فاڭجېنىنى تىرىشىپ
ئىزچىللاشتۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، پەن ـ مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئۆ-
گىنىشنى ئىجتىمائىي ئەخلاق تەربىيىسى، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى
بىلەن بىرلەشتۈرۈش ئۈچۈن شەھەردىكى تولۇقسىز ۋە تولۇق ئوتتۇرا
مەكتەپلەرنىڭ ھەممىسىدە مەخسۇس ئەخلاق كافېدراسى تەسىس قىلى-
مەن. ئۇنىڭدىن باشقا مائارىپ مىنىستىرلىقىغا نۆۋەتتە ئوقۇتقۇچى ۋە
ئوقۇغۇچىلارنى قىيناۋاتقان مۇرەككەپ، ئۆلۈك ۋە قاتمال مەركەزلەشتۈ-
رۈلگەن ئوقۇتۇش تۈزۈلمىسىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىسلاھ قىلىپ، ئوقۇغۇ-
چىلارنىڭ ئۆگىنىش يۈكىنى يېنىكلىتىشنى ھەمدە مەكتەپ باشقۇرۇش ۋە
ئوقۇتۇش سۈپىتىنى باھالايدىغان بىر قاتار كۆرسەتكۈچلەرنى تۈزۈپ چى-
قىشنى تەلەپ قىلىمەن. مائارىپنى ئىسلاھ قىلىش ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلار-
نىڭ ئۆزىنىڭ يوشۇرۇن ئەمەلىي ئىقتىدارىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ،
ئاساسىي بىلىملەرگىلا ئېسىلىۋالماي، ئەمەلىي قوللىنىدىغان تېخنىكا ۋە
زامانىۋى باشقۇرۇش بىلىملىرى كومپيۇتېر تېخنىكىسى ۋە ئۇچۇر نەزە-
رىيىسى ھەمدە كەسىپ ھالقىغان بىلىملەرنى ئىگىلەشكە قارىتىپ، ھەر-
كىم ئىستىقبالى ئۈچۈن جېنى ئالىقانغا ئېلىپ كۈرەش قىلىدىغان 21 ـ
ئەسىر جەڭگاھىدا ئۇلارنىڭ خىزمەت ۋە كەسىپتە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش-

نىڭ ئۇلنى سېلىش ئۈچۈن بىر كىشىلىك ھەسسەمنى قوشىمەن. شۇ-
نىڭ بىلەن بىللە، مائارىپ راسخوتىنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك ئىشلىتىلىشىگە،
بولۇپمۇ ئارقىدا قېلىۋاتقان مىللىي مائارىپقا ئىشلىتىلىشىگە كاپالەتلىك قى-
لىش ئۈچۈن مائارىپ راسخوتى سېلىشتىكى مۇھىم نۇقتىلارنى ئوتتۇرىغا
قويىمەن.

4. ئاياللارنىڭ پەن - مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرىمەن. نۆ-
ۋەتتىكى ئىسلاھات دولقۇنىدا ئايالللار ۋاپادار ئايال، مېھرىبان ئانا بولۇش-
تەك ئەنئەنىۋى ئايالالار ئوبرازىغا جەڭ ئېلان قىلىپ، ئەرلەرگە ئوخشاشلا
ئىگىلىك تىكلەش يولىغا قاراپ مېڭىپ، ئۆزلىرىنىڭ چەكسىز ھاياتى
كۈچىنى نامايان قىلىۋاتقان بولسىمۇ، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان مىللىتىمىز
ئۈچۈن ئەۋج ئېلىۋاتقان توي - مەرىكىلەردىكى ھەشەمەتچىلىك، سۆ-
لەتۋازلىق ۋە ئىسراپچىلىقتىن ئىبارەت ناچار ئىجتىمائىي كەيپىيات ئۆزلى-
رىگە تولۇق ئىشىنىدىغان جاسارەتلىك، ئوچۇق - يورۇق ئايال ئەزىمەت-
لەرنىمۇ بۇ قايىنامغا سۆرەپ كىرىپ، ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي، ۋاقتى ۋە زې-
ھىن كۈچىنى تېزلىك بىلەن خورىتىۋاتىدۇ. شۇنداقلا ئۇلارنىڭ پەرزەنت-
لىرى بىلەن پىكىر ئالماشتۇرىدىغان ۋە ئۇلارنى تەربىيىلەيدىغان قىممەت-
لىك ۋاقتىنى زايە قىلىۋاتىدۇ. باللار ئانا - ئانىنىڭ مېھرىگە قانماي ۋاتى-
دۇ. شۇڭا، مەن ئالدى بىلەن ئايالالارنى بۇ كىشەندىن قۇتۇلدۇرۇپ،
ئۇلارنىڭ ئاساسىي زېھنىنى مەنىۋى، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ جەڭ
مەيدانىغا يۆتكەپ ئايالالارنىڭ توغرا دۇنيا قاراش ۋە مەدەنىيەتلىك ساغلام
تۇرمۇش شەكلىنى تىكلىشىنى تەشەببۇس قىلىپ، ھەشەمەتچىلىكتىن
ئىبارەت بۇ پارازىتنى يوقىتىدىغان كونكرېت ۋە ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى
تۈزۈپ چىقىمەن.

5. زەھەرلىك چېكىملىككە قارشى ئومۇمىيۈزلۈك خەلق ئۇرۇشى
قوزغايمەن ھەمدە شەھىرىمىزدە يۇقىرى گىرادۇسلۇق ھاراق ئىشلەشنى ۋە
ئەكىرىپ سېتىشنى مەنئى قىلىمەن. ئىقتىساد ئۇچقاندەك راۋاجلىنىپ،
ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۇنۇۋېرسال ساپاسى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈ-
رۈلۈۋاتقان ھالقىلىق پەيتتە، بىزنىڭ پاك، مۇقەددەس تۇپرىقىمىزغا ۋە

ئۇلۇغ مىللەتچىلىكنىڭ رولى ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش ئۈچۈن قىلغان ئىش ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلىۋالدىم.

ئۇلۇغ مىللەتچىلىككە خىروئىنىدىن ئىبارەت « ئاق ئالۋاستى » ئىبلىس چاڭگىلىنى سوزۇپ بىرقىسىم ساددا ، ئىرادىسى ئاجىز نادان ياشلارنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىۋالدى ھەمدە ئۇلارنى جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن زەئىپلەشتۈرۈپ ، ئەڭ ئەقەللىي ئادەملىك خىسلىتىدىن ئايرىپلا قالماستىن ، ئاتا ـ ئانا ، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىمۇ پۈتمەس ـ تۈگىمەس دەرد ـ ئەلەمگە گىرىپتار قىلماقتا . شۇڭا ، مەن شەھەر باشلىقى بولسام شەھىرىمىزگە زەھەرلىك چېكىملىك كىرگۈزگەنلەر ۋە ئۇنى ساتقانلارنى پاش قىلىش ھەرىكىتىنى كەڭ كۆلەمدە قانات يايدۇرۇپ ، زەھەرلىك چېكىملىككە قارشى ئومۇميۈزلۈك خەلق ئۇرۇشى قوزغايمەن . زەھەرلىك چېكىملىك ئەتكەسچىلىرىگە قارىتا قاتتىق قانۇن ـ بەلگىلىمىلەرنى تۈزۈپ ئۇلارنى شەھەردىن تازىلاپ چىقىرىمەن . ھاراق ئىچىپ جەمئىيەت تەرتىپىنى بۇزغان ۋە ئاياللارنى ئۇرغانلارغا قارىتا قاتتىق جازالاش بەلگىلىمىلىرىنى چىقىرىمەن .

ساۋاقداشلار ، شەھەر باشلىقى بولسام يۇقىرىقىدەك خىزمەتلەرنى قىلىشنى كۆڭلۈمگە پۈكتۈم . بۈگۈن مەن بۇ تېمىدا ساۋاقداشلار بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولغانلىقىم ئۈچۈن ئىنتايىن خۇشالمەن . مەن تېخىمۇ كۆپ ساۋاقداشلارنىڭ بۇ ھەقتىكى پىكىرلىرىنى ئاڭلاشنى خالايمەن . ئۆزۈمنىڭمۇ ھەقىقىي بىر ئايال شەھەر باشلىقى بولغۇم بار .

## شەھەر باشلىقى بولىدىغانلارغا مەسلىھەت

مەتتىمىن

ئادەتتىكى ئادەملەر شەھەر باشلىقى بولۇش ، شەھەر باشلىقى بولسا نېمە ئىشلارنى قىلىش كېرەكلىكى ھەققىدە ئىنتايىن ئاز ئويلىشىدۇ . « تارىم غۇنچىلىرى » ژۇرنىلىدا « ئەگەر مەن شەھەر باشلىقى بولسام » دېگەن تېمىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى بىلەن ساۋاقداشلارنىڭ بۇ ھەقتىكى

كۆز قاراشلىرى ، ئارزۇ ۋە قىياسلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن ئوتتۇرىغا چىقتى . ئۇلارنىڭ غايىلىرى ھەقىقەتەن ياخشى . ئۇلار گەرچە ئوتتۇرا ، باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى بولسىمۇ ، ئۆز شەھىرى ۋە ئۆز مىللىتى ھەققىدە چوڭ ئادەملەرمۇ ئويلىمىغان ئىشلار ئۈستىدە باش قاتۇرغان . ئۇلارنىڭ بۇ روھى ھەقىقەتەنمۇ قەدىرلەشكە تېگىشلىك . لېكىن ، مەن شەھەرباشلىقى بولۇش بىلەنلا بۇ ئىشلارنىڭ ھەل بولۇپ كېتىشى ناتايىن دەپ قارايمەن . ئالايلۇق ، ھەقسىز ساناتورىيە قۇرۇش ، چىم پۇتبول مەيدانى ۋە زامانىۋى ئاشخانىلار ... نى قۇرۇش ، شەھەر قۇرۇلۇشنى قايتىدىن تەرتىپكە سېلىش ئۈچۈن نېمە كېرەك ؟

ئاددىيلا قىلىپ ئېيتساق ، بۇنىڭغا نۇرغۇن ـ نۇرغۇن پۇل كېرەك . شەھەرنىڭ قىياپىتىنى يېڭىلايدىغان ئەمەلىي ئىقتىسادىي كۈچنىڭ بولۇشى ئۈچۈن ، چوقۇم شۇ شەھەرنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىي قىلغان بولۇشى ، يارامىلىق ، قۇدرەتلىك ئىقتىسادىي « قوشۇن » ى بولۇشى كېرەك .بۇ « قوشۇن » قانچە قۇدرەتلىك بولسا ، شەھەرنىڭ تەرەققىياتى شۇنچە تېز بولىدۇ .

بۇنداق ئىقتىسادىي « قوشۇن » نى پەيدا قىلىش ئۈچۈن چوقۇم يارامىلىق ئىختىساسلىق خادىملار ، ئىختىساسشۇناسلار ، يىراقنى كۆرەر سىياسىئونلار ، مائارىپ سېپىدە ئەڭ يېڭى پەن ـ تېخنىكا بىلىملىرى بىلەن ئۆزىنى قوراللاندۇرغان ئىقتىدارلىق كىشىلەر بولۇشى كېرەك . ھازىر مىللىتىمىز ئىچىدە مۇشۇنداق كىشىلەرنىڭ سانى بەك ئاز . ئەگەر بىز شەھىرىمىزنى ، مىللىتىمىزنى ئويلىساق ، مۇشۇنداق ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىقىشقا ئەھمىيەت بېرەيلى .

زامانىۋىلىشىشنىڭ ئاساسى مائارىپ . ئەنە شۇنداق ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىقىشنىڭ ئاساسىمۇ مائارىپ . مائارىپتا تەرەققىي قىلمىغان مىللەت مەڭگۈ باش كۆتۈرۈپ چىقالمايدۇ ، شۇڭا بارلىق كۈچ بىلەن مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش زۆرۈر . شەھەر باشلىقى بولغان ئادەم چوقۇم بىرىنچى بولۇپ مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئويلىشايلى . يىراق ، كەلگۈسىنى ئويلىغاندا مائارىپنىڭ تەرقىياتىنى بىرىنچى ئورۇنغا

قويۇش لازىم.

شۇڭا، بارلىق چوڭ ـ كىچىك شەھەر باشلىقلىرى ساپا مائارىپى ئۈچۈن، ساپالىق كىشىلەردىن بولۇش ئۈچۈن تىرىشايلى!

(يۇقىرىدىكى ماقالىلەر «تارىم غۇنچىلىرى» ژۇرنىلىدىن ئېلىندى)

## 5 . مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ماقالە ـ ئەسەرلەردە كۆپ قوللىنىدىغان ئىپادىلەش ۋاستىلىرى

مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ماقالە ـ ئەسەرلەرنىڭ مۇلاھىزە ، نۇتۇق خاراكتېرى كۈچلۈك بولغاچقا ئوي ـ پىكرنى جانلىق ، ئوبرازلىق ، ئىخچام ئىپادىلەش تولىمۇ زۆرۈر . شۇنداق قىلغاندىلا مۇرەككەپ مۇلاھىزە ، داۋلىلارنى جانلىق ، چۈشىنىشلىك قىلىپ ئىپادىلەپ بەرگىلى ، كىتابخانلارنى جەلپ قىلغىلى ، مۇلاھىزە ئىچىگە يېتەكلەپ كىرگىلى بولىدۇ . دۇنيادىكى مەشھۇر ناتىقلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ كۆرسەكلا بۇ نۇقتىنى تېخىمۇ ئېنىق ھېس قىلالايمىز . مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ماقالە ـ ئەسەرلەردە رىتورىك سوئال ، سېلىشتۇرۇش ، ئوخشىتىش ، ئېپىگراپ ئېلىش ، ماقال ـ تەمسىل . ئەقلىيە سۆزلەر ... قاتارلىق ئىپادىلەش ۋاسىتىلىرى كۆپ قوللىنىلىدۇ .

### 1 . رىتورىك سوئال

مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ماقالە ئەسەرلەردە جۈملىدىن نۇتۇقتا سوئال قويۇش يولى بىلەن مۇھاكىمە قىلىنىۋاتقان مەسىلىلەرگە نىسبەتەن كىتابخانلارنىڭ ، ئاڭلىغۇچىلارنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىش مەقسىتىدە رىتورىك سوئال قويۇش قوللىنىدۇ .

رىتورىك سوئال قويۇش ئۆز ـ ئۆزىگە سوئال قويۇش ۋە قارشى سوئال قويۇشتىن ئىبارەت ئىككى تۈرگە بۆلىنىدۇ .

1 ) ئۆز ـ ئۆزىگە سوئال قويۇش : ئوي ـ پىكرنى ئىپادىلەش ، خۇلاسىنى ئوتتۇرىغا قويۇش جەريانىدا مەلۇم كۆز قاراشنى ئالاھىدە تەكىتلەش ، ئاڭلىغۇچىلارنىڭ ، كىتابخانلارنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىش ، تەپەككۇرنى قوزغاش يۈزىسىدىن سوئال قويۇپ ئاندىن بۇ سوئالغا ئاپتور

ئۆزى جاۋاب بېرىدۇ . مانا بۇ ئۆز ئۆزىگە سوئال قويۇش دەپ ئاتىلىدۇ .
مەسىلەن :

« قانداق قىلغاندا ئىرادىلىك كىشىلەردىن بولغىلى بولىدۇ ؟ ئىرا-دىلىك بولۇشنى ئارزۇ قىلىدىغان كىشىلەر ئالدى بىلەن ئىرادىنىڭ قايسى تەرەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى بىلىۋېلىشى كېرەك . ئاڭلىقلىق ، كەسكىنلىك ، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش قاتارلىق پەزىلەتلەر ئىرادىلىك بولۇش-نىڭ ئاساسىدۇر » .

( « قانداق قىلغاندا ئىرادىلىك كىشىلەردىن
بولغىلى بولىدۇ ؟ » ناملىق ماقالىدىن )

« سىلەر بەلكىم ، ‹ بۇ دېگەن خىيالىي نەرسە ، نەدىمۇ ئۇنداق يوللار بولسۇن › دەپ ئويلايدىغانسىلەر ؟ بۇ يوللار ھازىرمۇ بار . ئۇ بىز-نىڭ ئۆگىنىش ، تۇرمۇشىمىزدىكى بىز تاللىۋالغان يوللار ... »
( « چۆچەكلەردىكى ئۈچ ئاچا يول » ناملىق ماقالىدىن )

« بىز كىشىلىك ھاياتتا قانداق مۇئامىلىدە بولۇشىمىز لازىم ؟ ئۆ-زۈمنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ تەجرىبىلىرى ئۈستىدە مۇلاھىزە ئېلىپ بارغان-دىن كېيىن مەن تۇرمۇشنى بىرقەدەر مەنىلىك ئۆتكۈزۈشكە بولىدىغان تۆت تۇرلۇك قانۇنىيەتنى ئېنىقلاپ چىقتىم ... »
( « ئادەم زادى قانداق ياشىشى كېرەك » ناملىق ماقالىدىن )

« بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلەمسىز ؟ ئەلۋەتتە بۇنىڭ سەۋەبلىرى كۆپ . لېكىن ، مۇھىم بىر سەۋەب ناھايىتى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى ، نۇرغۇن كىشىلەر نەرسىلەرنى ‹ ھۆكۈمەتنىڭ › ۋە ‹ بىزنىڭ › دەپ ئىككى قۇتۇپقا ئايرىيدۇ ... »
[« ‹ ھۆكۈمەتنىڭ › — زادى كىمنىڭ » ناملىق ماقالىدىن]

2 ) قارشى سوئال قويۇش : بۇ ئۆز - ئۆزىگە سوئال قويۇشقا ئوخشاش بىر ياكى بىر نەچچە سوئالنى قويىدىغان ، لېكىن ئاپتور ياكى نۇتۇق سۆزلىگۈچى بۇ سوئالغا جاۋاب بەرمەيدىغان بەدىئىي ۋاسىتىدۇر .
مەسىلەن :

« بەزى ھاللاردا ‹ مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئانىسى › نىمۇ ئويلاپ قويماساق بولماس ، سىزنىڭچىچۇ ؟ »
( « مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلار قىلالايدىغان ئىشلار » ناملىق ماقالىدىن )

« قايسى كۆتۈرەڭگۈ روھىڭىز ، تەسەللى ، رىغبىتىڭىز ، غالىبىيىتىڭىز بىلەن كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تولۇپ پائالىيەت ئېلىپ بارالايسىز ؟ »
« بۈگۈنىڭىزنى قەدىرلەڭ » ناملىق ماقالىدىن )

رىتورىك سوئالدىن ئىبارەت بۇ بەدىئىي ۋاستە مۇۋاپىق قوللىنىلسا ، ماقالە ، نۇتۇقلارنىڭ بەس ـ مۇنازىرە كۈچىنى ، قايىل قىلىش ۋە ئىلھام بېرىش كۈچىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ . كىتابخانلار ۋە ئاڭلىغۇچىلارنىڭ دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرگىلى بولىدۇ . شۇنىڭدەك بەزى ۋاقىتلاردا خاتا كۆز قاراشلارغا رەددىيە بېرىپ ، توغرا نۇقتىئىنەزەرنى ئوتتۇرىغا قويغىلى بولىدۇ .

2 ) سېلىشتۇرۇش

بىر ـ بىرىگە قارىمۇ قارشى ئىككى خىل شەيئى ياكى چۈشەنچىنى ياكى بىر شەيئىنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئىككى تەرىپىنى بىر ـ بىرىگە سېلىشتۇرۇپ ، ئوي ـ پىكىرنى ئېنىق ، گەۋدىلىك ئىپادىلەشتە قوللىنىدىغان بەدىئىي ۋاستە سېلىشتۇرۇش دەپ ئاتىلىدۇ .

سېلىشتۇرۇش ھەرقانداق ئەسەردە قوللىنىدۇ . ئۇ تۈزۈلۈشىگە ئاساسەن ئاددىي ۋە مۇرەككەپ سېلىشتۇرۇش ، مەزمۇنىنىڭ ئوخشاشماسلىقىغا ئاساسەن ئىجابىينى ئىجابىيغا سېلىشتۇرۇش ، ئىجابىينى سەلبىيگە سېلىشتۇرۇش دەپ ئىككى تۈرگە بۆلىنىدۇ .

ئاددىي سېلىشتۇرۇشتا ئۆز ئارا مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىككى شەيئى ، ئىككى خىل پىكىر ياكى بىر شەيئىنىڭ ئىككى تەرىپىنى سېلىشتۇرۇپ بىرى ئارقىلىق يەنە بىرى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىلىدۇ . مۇرەككەپ سېلىشتۇرۇش ( بىرىككەن سېلىشتۇرۇش ) تا كەم دېگەندە ئۈچتىن ئارتۇق شەيئى ياكى بىر نەچچە خىل ئوي ـ پىكىر بىر يەرگە قويۇپ سېلىشتۇرۇلۇپ ، ئىككىدىن ئارتۇق پىكىر قاتلىمى شەكىللەندۈرۈشنى

كۆرسىتىدۇ . ئىجابىينى ئىجابىيغا سېلىشتۇرۇشتا ئىككى خىل ئىجابىي شەيئى، ئىجابىي پېكىرنى سېلىشتۇرۇپ مەلۇم بىر ئىجابىي شەيئىنىڭ، ئىجابىي پېكىرنىڭ ئىجابىيلىقى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرۈلىدۇ . ئىجابىينى سەلبىيگە سېلىشتۇرۇشتا ئىجابىي شەيئىنى سەلبىي شەيئىگە ، ئىجابىي پىكىر ئېقىمنى سەلبىي پىكىر ئېقىمغا سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئاپتۇر ئۆزى مەدھىيىلەۋاتقان ئىجابىي شەيئى ياكى ئۆزى ئوتتۇرىغا قويۇۋاتقان ئىجابىي پىكىرنى گەۋدىلەندۈرىدۇ .

بەدىئىي ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەردە جۈملىدىن ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ بىر تۈرى بولغان مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ماقالە ـ ئەسەرلەردە مۇرەككەپ سېلىشتۇرۇش، ئىجابىينى ئىجابىيغا سېلىشتۇرۇش ئازراق ؛ ئاددىي سېلىشتۇرۇش، ئىجابىينى سەلبىيگە سېلىشتۇرۇش كۆپرەك قوللىنىلىدۇ . تۆۋەندە كۆپرەك قوللىنىلىدىغان سېلىشتۇرۇشتىن مىسال كەلتۈرۈلىدۇ .

« ئۈمىدۋار ، ئەركىن ـ ئازادە ، ئالغا بېسىش روھى بىلەن ياشاش ، بۇ بىر خىل تۇرمۇش . ئۈمىدسىز ، غەمكىن ، بىمەنە ياشاش بۇمۇ بىر خىل تۇرمۇش . »

( « تۇرمۇش » ناملىق ماقالىدىن )

« ياشلىق شېرىن رومانتىك مۇھەببەتتىن ئۆز رازىلىقى بىلەن ۋاز كېچىپ ، تۇرمۇش قايىناملىرىدا ئۇزۇشتىن دېرەك بېرىدۇ . قورۇنۇش ، قورقۇش ۋە نەپسىگىز ئۈستىدىن غالىب كېلىدىغان يۈرەك ۋە پەزىلەتتىن دېرەك بېرىدۇ . ھالبۇكى ئاتمىش ياشلىق ئەرلەردە بۇنداق يۈرەك ۋە پەزىلەت ، يىگىرمە ياشلىق يىگىتلەردىن كۆپرەك بولىدۇ . ھېچكىم ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قېرىپ كەتمەيدۇ ، بەلكى غايىنىڭ يوقلىشى بىلەن ئىنسانلاردا قېرىلار مەيدانغا كەلگەندۇر . »

( « ياشلىق » ناملىق ماقالىدىن )

**3 ) ئوخشىتىش**

بىر ـ بىرىگە ئوخشاشمايدىغان ، ئەمما مەلۇم جەھەتتىن مەلۇم دەرىجىدە ئوخشاشلىقى بولغان ئىككى نەرسىنىڭ بىرى ئارقىلىق يەنە بىـ

رىنى تېخىمۇ جانلىق، ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرگىلى بولىدىغان بەدىئىي
ۋاسىتە — ئوخشىتىش دەپ ئاتىلىدۇ.

ئوخشىتىش تۈزۈلۈش جەھەتتىن: ئوخشالغۇچى، ئوخشىغۇچى
ھەم ئوخشىتىش قوشۇمچىلىرىدىن ئىبارەت ئۈچ ئامىلدىن تەركىب تاپ-
دۇ. ياسىلىشى ۋە رولىغا قاراپ ئېنىق، يوشۇرۇن، ۋەكىللىك ئوخشى-
تىش دەپ ئۈچكە بۆلىنىدۇ. ئوخشالغۇچى. ئوخشىغۇچى، ئوخشىتىش
قوشۇمچىلىرى ئېنىق، تولۇق بولغان ئوخشىتىش ئېنىق ئوخشىتىش بو-
لىدۇ. ئوخشالغۇچى شەيئى ئابستراكتنى (يەنى مەۋھۇم، مەلۇم شە-
كىلگە، كۆرۈنۈشكە ئىگە ئەمەس)، ئوخشىغۇچى شەيئى كونكرېتنى
بولغان ئوخشىتىش يوشۇرۇن ئوخشىتىش بولىدۇ. ئوخشالغۇچى شەيئى
كۆرۈنمەيدىغان، ئوخشىغۇچى شەيئى ئوخشالغۇچى شەيئى ئورنىدا كې-
لىدىغان ئوخشىتىش ۋەكىللىك ئوخشىتىش بولىدۇ.

مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ماقالە ـ ئەسەرلەردە ئابستراكتنى چۈ-
شەنچىلەرنى كونكرېتنى شەيئى، ئىش ـ ھەرىكەتكە ئوخشىتىش ئارقىلىق
ئوي ـ پىكىرنى جانلىق، ئوبرازلىق ئىپادىلەش زۆرۈرىيىتى تۈپەيلىدىن
يوشۇرۇن ئوخشىتىش ئەڭ كۆپ قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

« ھەرقانداق ئىشقا ئوتتەك قىزغىنلىق بىلەن كىرىشەكلا ئۇلۇغۋار
مەقسەتكە يېتەلەيمىز »

(« بىز ئۆز تەقدىرىمىزنىڭ خوجايىنلىرىدۇرمىز » ناملىق ماقالىدىن)

« خۇددى بىر پارچە رەختنى كېسۋېرىپ پۇرۇچقا ئايلاندۇرۇپ
قويغاندەك بىر پۈتۈن ۋاقىتنى ھېچ ئۈنۈمى بولمىغان ئۇششاق ۋاقىتلارغا
بۆلۈۋېتىشتىن قەتئىي ساقلىنىش كېرەك. »

(« ئۆگىنىش مەزمۇنىنى ئالماشتۇرۇپ ئۆگەنگەندە ئۈنۈم يۇقىرى بولىدۇ » ناملىق
ماقالىدىن)

« ئىسلاھ دولقۇنى كىشىلەرنى بازارغا يۈزلەندۇردى، كىشىلەرنىڭ
تاۋار ئېڭىنى كۈچەيتتى، لېكىن نۇرغۇن كىشىلەر خۇددى ئاچايول ئاغ-

زىغا كېلىپ قالغاندەك ، گاڭگىراپ قەيەرگە مېڭىشنى ئۇقالماي قېلىۋاتىدۇ »

( « مۇۋەپپەقىيەت ۋە نىشان » ناملىق ماقالىدىن )

« ۋاقىت گويا چېقىلغان چاقماقتەك تېز ئۆتۈپ كېتىدۇ . »

( « ۋاقىت ــ هاياتتۇر » ناملىق ماقالىدىن . )

**4 ) ئېپىگراپ ئېلىش**

ئېپىگراپ ــ ئاپتور ئۆز ئەسىرىنى باشلاشتىن بۇرۇن ، ئەسەرنىڭ بېشىغا ئەقلىيە سۆزلەر ، ماقال ـ تەمسىللەر ... قاتارلىقلارنى ئېلىپ ، ئوتتۇرىغا قويماقچى بولغان پىكىرنى تېخىمۇ نۇرلاندۇرىدىغان مەركىزىي مەزمۇندۇر . بۇ بەدىئىي ۋاستىنى هەرقانداق ئەدەبىي ، بەدىئىي ئەسەردە قوللىنىشقا بولىدۇ . مۇهاكىمە خاراكتېرلىك ماقالە ـ ئەسەرلەردە بۇ بەدىئىي ۋاستە جايىدا قوللىنىلسا ماقالە ـ ئەسەرنىڭ قايىل قىلىش كۈچى تېخىمۇ ئاشىدۇ . مىسال ئۈچۈن يۇقىرىدا ئۆرنەك ئۈچۈن بېرىلگەن « ئەخلاق ــ هايات ئەڭگۈشتەرى » ناملىق ماقالىنىڭ باش تەرىپىگە ئېلىنغان ، ئۇلۇغ يازغۇچى چىخوپنىڭ « ئەقلىي ۋە ئەخلاقىي كامالەت تاپقان كىشىگە هايات تەبەسسۇم بىلەن نەزەر تاشلايدۇ . » دېگەن ئەقلىيە سۆزىنىڭ ئېپىگراپ قىلىپ ئېلىنغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش مۇمكىن .

**5 ) ماقال ـ تەمسىل ، ئەقلىيە سۆزلەردىن پايدىلىنىش**

ئەدەبىي ، بەدىئىي ئەسەرلەردە ئەقلىيە سۆزلەر ، ماقال ـ تەمسىللەردىن پايدىلىنىش كۆپ ئۇچرايدۇ . ماقالىنىڭ تۈرلىرىدىن مۇهاكىمە خاراكتېرلىك ماقالە ـ ئەسەرلەردە بۇ خىل بەدىئىي ۋاستە ئەڭ كۆپ قوللىنىدۇ . بۇ ئارقىلىق مۇرەككەپ ئوي ـ پىكىر جانلىق ، ئىخچام ئىپادىلەپ بېرىلىدۇ .

يۇقىرىدا ئۆرنەك ئۈچۈن بېرىلگەن ماقالە ـ ئەسەرلەرنىڭ هەممىسىدە دېگۈدەك ئازدۇر ـ كۆپتۇر قوللىنىلغان . شۇڭلاشقا ، ئوقۇغۇچىلار مۇهاكىمە خاراكتېرلىك ماقالە ـ ئەسەرلەرنى ياخشى يېزىش ئۇ-

چۈن « ئىنسان » ، « ھايات » ، « ۋاقىت » ، « تىرىشچانلىق » ، « دوستلۇق » ، « ئۇستاز » ، « ئاتا ـ ئانا » ... دېگەنگە ئوخشاش مەزمۇنلاردىكى ئەقلىيە سۆزلەر ، ماقال ـ تەمسىللەرنى توپلاشقا ھەمدە ماقالە ـ ئەسەر يازغاندا ئۇلاردىن جاي ـ جايىدا پايدىلىنىشقا ئەھمىيەت بېرىشى زۆرۈر .

مەسئۇل مۇھەررىرى : ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر

ماقالە ، نەسىر يېزىقچىلىقى ۋە ئۆرنەكلەر ( 1 )

# ماقالە يېزىقچىلىقى ۋە ئۆرنەكلەر

مەھمۇت سىدىق

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
( ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 №)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى كومپيۇتېر بۆلۈمىدە تىزىلدى
شىنجاڭ تۆمۈريول 4 - ئوتتۇرا مەكتەپ باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى : 850×1168 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى : 13.75 قىستۇرما ۋارىقى : 2
2000 - يىل 9 - ئاي 1 - نەشرى
2000 - يىل 9 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى : 1 — 3,700
ISBN7—228—06025—3/I • 2205
ئومۇمىي باھاسى : 30.00 يۈەن
يەككە باھاسى : 15.00 يۈەن

ISBN 7-228-06025-3

9 787228 060252 >

ISBN 7-228-06025-3/I.2205
(民文)总价:30.00元 单价:15.00元